Kumdiki Bovak

# Casus Kim?

Karatağ Neşriyati - Kumul

قومدىكى بوۋاق

# جاسۇس كىم؟

قاراتاغ نەشرىياتى ـ قومۇل

## مۇندەرىجە


1. "ئۇيغۇر ئايغا چىقتى"
2. تۇرمىدە
3. يېڭى ھەرىكەت پىلانى
4. ھەربىي ھالەتتىكى شەھەردە
5. بىر خىتاي چوڭجاڭنىڭ 'پاجىئەسى' نى پىلانلاش
6. قايتا تۈزۈلگەن پىلان
7. كامېرىدىكى سۆھبەتلەر
8. دېموكراتچى خىتاينىڭ ئەسلى غەرىزى
9. "يېڭى كېلىن"
10. "يېڭى ئاي قوشۇنى" دا
11. گۈلباھار
12. خاسىيەت
13. "يانچۇقچى"
14. ئەلۋىدا
15. ئۆزگىرىش
16. يېڭى ئىشلار
17. ئىمىن ھەرىكەتتە
18. مەخپىي ئارخىپ
19. ئاخىرقى سۆز ئورنىدا

رومانىدىن پارچىلار

20. چوڭچىڭدىكى مەخپىي پىلان
21. 7995- مىللىي قىسىمدا
22. ئابلىز مەخسۇم ئۆز ئالدىغا ھەرىكەتتە
23. مىللىي قوشۇنىمىزنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى
24. ئابدۇرېھىمغا سۆزلەش نۆۋىتى كەلگەندە

# 1. "ئۇيغۇر ئايغا چىقتى"

"تۇگە كۆرۈنىدىمۇ؟ - ياق، كۆرمىدىم!"

_ دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ سۆھبىتىدىن

... ...

ئالەم كېمىسىنىڭ دېرىزىسىدىن پايانسىز كەتكەن تەكتىماكان چۆللىگىنىڭ قۇم بارخانلىرى گويا ئىنسان ئايىغى تەگمىگەندەك ئىلان باغرى سوزۇلۇپ ياتماقتا ئىدى.

ئۇ، ئالەم كېمىسى ئىچىدە سەل تەۋرىنىپ قويۇپ، شاردەك ئەينەك قالپىقى ئىچىدىن ئۇدۇلىدىكى قاتار- قاتار تىزىلغان ئىمىر- چىمىر بولۇپ يېنىپ تۇرغان ھەرخىل رەڭلەردىكى كونۇپكا- سىگنال چىراقلىرىنى بىر قۇر كۆزۈتۈپ چىقتى. ھەرخىل خرۇستال ئېكرانلاردىكى تىنىماي ئۆزگىرىپ تۇرغان كوئوردىنات سىزىقلىرى، راكېتانىڭ ئۇچۇشقا تەييار ھالغا كەلگەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى.

ئۇ، ئىنتايىن ھاياجانلىق بىلەن ئاخىرقى ئۇچۇش مىنۇتلىرىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى يېنىدىكى ھەمراھلىرىنىڭكىدىن ئەندىشىلىك كۆرۈنگەندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرى ھاياجان، خوشاللىق، مەغرۇرلىنىش، ئەنسىرەش، ... قاتاردىكى قالايىماقان ھېسسىيات ئالامەتلىرى بىلەن تولغانىدى. ئۇ، ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تۇنجى ئالەم كېمىسى ئىچىدە كائىنات بوشلۇقىغا ئۇچۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتلىرىنى خوشاللىق ۋە ئەندىشىلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. "مانا قارا، بىزنىڭمۇ سۈنئىي ھەمرايىمىز، ھەتتا ئالەم كېمىمىز بولىدىغان كۈنلەر كېلىدىكەن-ھە!" – ئۇ، ھاياجانلانغان ھالدا ئۆزىچە مىيىغىدا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرى بارغانسىرى تېزلىشىپ، جىددىيلەشكەنلىكى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى. يۈز- كۆزلىرىمۇ بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ ئۇنى ئەنسىرىتىشكە باشلىدى. "قېرىغانلىغىمنىڭ ئالامىتىمۇ- قانداق؟ _ ئويلىنىپ قالدى ئۇ ئۆزىدىن ئەنسىرەپ، تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۇنىڭ بۇ ئالەم ساياھىتى ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ چىقارغانلىغىنى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن، تۇنجى ئۇچۇشقا ئۇنى مەسئۇل قىلىپ بېكىتىشكەنىدى. – بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمەنمۇ؟ _ ئۇ، ئەنسىزلىك بىلەن جايىدا

قىمىرلاپ قويدى. — خۇدايىم ماڭا مەدەت بەرگەيسەن!" — دەپ ئۆزىنى ئۆزى رىغبەتلەندۈرۈشكە تىرىشىشتى.

"ئۆچۈش تەييارلىقى تاماملاندى! ... ئون، ... توققۇز، ..." _ كەينىگە ساناش باشلانغانىدى.

ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ قاتتىق دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. "خۇدايىم، كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغايسەن- ئامىن!" — دەپ دۇئامۇ قىلىۋالغان بولدى. ئۇنىڭ ھاياجىنى چەكسىز خۇشاللىق بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئىنتايىن لەززەتلىك دۇنياغا كىرىپ كېلىۋاتقاندەك، ئۆزىنى دۇنيادىكى بىردىن- بىر بەختلىك ئىنساندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

"... تۆت، ... ئۈچ، ..."

ئەندى ئۇ، خۇشاللىقىدىن ھاياجانلىنىپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قېلىۋاتقاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

"... ئىككى، ... بىر، ..."

بىردىنلا كۆز ئالدى يورۇپ ئىللىق، ھۇزۇرلۇق بىر مۇھىتقا كىرىپ قالغاندەك، چەكسىز خۇشاللىقتىن يۈرەك سوقۇشلىرىمۇ توختاپ قېلىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۆچۈن گويا ۋاقىت توختاپ قالغاندەك، ئەنە شۇ بەختلىك ھالىتىدا مەڭگۈلۈك قالىدىغاندەك ھېسسىياتلارغا كىرىپ قالماقتا ئىدى: "نېمە دېگەن لەززەتلىك مىنۇتلار بۇ! — پىچىرلاپ قويدى ئۇ ئۆزىچە، _ جەننەتكە كىرىپ قالغاندەكلا بەختلىك ھېس قىلىمەنغۇ! ياكى راستىنلا جەننەتكە كىرىۋاتامدىم- قانداق؟ _ چەكسىز بەختلىك ھېسسىيات ئىچىدە كەلىمە شاھادەت يېتىلىۋىلىشقا ئالدىرىدى، _ **لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ، مۇھەممەدىن روسۇلىللاھ!"**

"گۇلدۈۈۈر!"

ئۇ، قاتتىق بىر سىلكىنىشنى ھېس قىلغاندەك قىلدى. ...

كارىۋاتتا ياتقان كېسەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقان يېزىلىق ئىككى بوۋاي، ياتقان كېسەلنىڭ بوغۇق خىرىلاشلىرىدىن كېيىن چىقارغان ئاۋازىغا دىققەت قىلىشقا تىرىشاتتى:

**"... لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ، مۇھەممەدىن روسۇلىللاھ!"**

"جىم، بىچارە كەلىمە شاھادەت كەلتۈرىۋاتىدۇ!" — دېدى بوۋايلاردىن بىرسى قولىقىنى كېسەلنىڭ ئاغزىغا دىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا دەرھال ئورۇنلىرىدىن

تۇرۇشۇپ كېسەلنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت بىلەن قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتى. ياتقان كېسەل كۈچلۈك بىر سىلكىنىپ قويۇپ جىمىپ قالدى.

بۇ ئىككى بوۋاي سەل كۈتۈپ تۇردى. ئۆرە تۇرغان بوۋايلاردىن بىرسى ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ تۇرۇپ ياتقان كېسەلنىڭ ئاقىرىشقا باشلىغان ئورۇق بىلىكىدىن تۇتۇپ تومۇرىنى تىڭشىغان بولدى:

"ئۇ كەتتى. ئۇنى ئاللاھ رەھمەتلىك قىلسۇن!" — دېدى. ئىككىلا بوۋاي مېيىتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇزۇندىن- ئۇزۇنغا پىچىرلىشىپ دۇئالار ئوقۇشتى. ئاندىن مېيىتنىڭ ئېڭىكىنى قوشتۇرۇپ بولۇپ، ئۈستىنى ئاق خەسە كىرلىك بىلەن يېپىپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىشتى.

يولدا كېتىۋېتىپ بوۋايلاردىن بىرى يېنىدىكىسىگە سۆزلىدى:

"بۇ بىچارە شۇنچە يىراق يەرلەردىن كېلىپ ياپ- يالغۇز تىرىكچىلىك قىلىشى، ئاخىرى مۇشۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇنچە يەرلەرگىچە كەلگەن بولغىيدى؟"

"كەلگەن يېرىنى نېمە دىگەنتى؟ _ سورىدى يېنىدىكى بوۋاي، _ تۈركىستانمۇ- تۈركمەنىستانمۇ؟ ئۇ يەرلەرنى بەكلا يىراقتا دىيىشىدۇ، شۇنداقمۇ؟"

"بىچارە تېخى ئالدىنقى كۈنكىچىلا ئىشلەپ يۈرەتتى. _ دېدى يەنە بىر بوۋاي يېنىدىكىسىنىڭ گېپى قۇلىقىغا كىرمىگەن ھالدا. _ بۈگۈن پېشىنگە چاقىرغىلى كىرمىسەم ئۇنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى نەدىنمۇ بىلەتتۇق، ھەي بىچارە مۇساپىر!"

"راست دېگەندەك، كەلىمە شاھادەت كەلتۈرگىنىدىن كېيىن نېمىشكە شۇنچە قاتتىق سىلكىنىپ كېتىدۇ؟" — دەپ سورىدى بوۋايدىن بىرسى يېنىدىكىسىدىن.

"جان چىقىۋاتقىنىدا شۇنداق بولىدۇ دېيىشىدىكەن. — دېدى بوۋايلاردىن بىرسى گەپ سورىغانغا جاۋابەن، _ بىچارە ھالال ئىشلىگىنى ئۈچۈن ئىمانى بىلەن كەتتى." — دەپ، ھەر ئىككىسىلا تەڭ تەكبىر كەلتۈرۈشۈپ دوخمۇشتىكى يېزا مەسچىتىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى. ...

قايسى بىر يۇرتدېشىمىز شۇنچە تاتلىق تامالىرى بىلەن قايسى بىر ئەلنىڭ چەت بىر يېزىسىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئەنە شۇ شەكىلدە ئۇ ئالەمگە كەتتى. يەنە قانچىلىغان يۇرتدېشىمىز ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇلۇغۋار غايىلىرى بىلەن يەنە نەلەردە ئۇ ئالەمگە كېتىۋاتىدىكىن؟!

ھەي، بىچارە ئۇيغۇرلار!

## 2. تۇرمىدە

"ھەپىلەشمىگىن ئەرباپ بىلەن،
ئېلەپ سالار ھەر باپ بىلەن."
_ ئۇيغۇر ماقالىسى

قاسىم، تۈرمە كامېرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا داق سىمونت يەردە خۇددى بىلمىگەن ھالدا ئوڭدىسىغا ياتاتتى.

ئۇ، خېلى ۋاقىتلارغىچە ھوشىغا كىلەلمەي قىمىر قىلماي جىم يېتىپ كەتتى. بىر ۋاقىتلاردا ئاران ھوشىغا كېلىپ سەللا مىدىراپ كەتكەندەك قىلىۋىدى، مىڭلىغان يىڭنە پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىرلا ۋاقىتتا تەڭ سانچىلىۋاتقاندەك قىلىپ بەدەنلىرى ئوت بولۇپ يېنىپ كەتتى: "ۋايجان" — دەپ بوش ئىڭراپ قويدى. ئۇ، تىتىۋشتىلگەندەك ئاغرىپ كېتىۋاتقان بەدىنىنى ھەرىكەت قىلدۇرماي جىم يېتىشى كېرەكلىكىنى سەزگەندەك قىلدى. ... ئۇ قايتىدىن ھوشىدىن كەتكەندى. ...

تۇيۇقسىز ھوشىغا كېلىپ قالغان قاسىم، قاچانلاردىن بېرى بۇنداق ھوشسىز ياتقانلىقىنى زادىلا ئەسلىيەلمىدى. ئۇشتۇمتۇت باشلىنىپ كەتكەن ئاغرىق، ئۇنتۇر بېرىپ مىڭىسىگىلا تاقالغانىدى: "ھوشسىز يېتىۋەرگەن بولسامىغۇ- كاشكى!" _ دەپ ئۆزىگە ئۆزى دوق قىلىپ غودۇڭشۇپ قويدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر- بىرسىگە ئوخشىمايدىغان ھەرخىل ھەرپاڭزا ئاغرىقلار ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ دىققەت بىلەن تىڭشىغانىدى، بەدىنىدىكى ئەڭ قاتتىق ئاغرىغان يېرىنىڭ مىق قېقىلغان ھوشىغىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى پەملەپ قالدى: "قېنى ئاغرىغىنە، ئاغرىقنىڭ ئەڭ نوچىسى سەن ئوخشىمامسەن؟! ئاغرى، تېخىمۇ قاتتىق ئاغرى، قولۇڭدىن كەلسە ئاغرىۋېرىپ مېنى قايتىدىن ھوشۇمدىن كەتكۈزىۋەتمەمسەن! _ ئۇ، نەرىنىڭ بەكرەك ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلسا، شۇ يېرىگە خىتاپ قىلاتتى. _ سەن بالا تەككەن بەدەن، ماڭا ئاغرىپ بېرىشتىن باشقا نېمە قىلالايسەنكىن قېنى! سەن ئاغرىشنىلا بىلسەن، ئاغرىغىنە قېنى، يەنە قانچىلىك ئاغرىيالايسەنكىن!" ...

قاسىم قانداقلار قىلىپ ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇپ ئەسلىمىلەر دۇنياسىغا غەرق بولۇپ

كەتكەنلىگىنى سەزمەيلا قالغانىدى. ئۇنىڭ خىيالى ئىمىنشقىدۇ تۈنجى ھەرىكەت باشلىنىشىغا باھانە بولۇپ بەرگەن بىر قىيتىملىق ئىچى سىرۇش ۋەقەسىنى ئەسلەشكە كەتكەنىدى. ئۇ كۈنكى ۋەقە ھەرقانچە كۆلكىلىك تۇيۇلسىمۇ، شۇ قېتىمقى ئىچى سىرۇش ۋەقەسىگە مىڭ قېتىم رەخمەت ئېيتاتتى. شۇ قېتىملىق كېلىشمەسلىك ۋەقەسى، ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق پىشقەدەم مەخپى ئازاتلىق ھەرىكىتى جەڭچىسىگە ئايلىنىشىغا تۈنجى سەۋەب بولۇپ قالغانىدى. ...

قاسىم، بىر كۈنىسى باشلىرى تاشتەك چىڭقىلىپ ئاغرىغان ھالدا ئويغانغانىدى. "ئاخشام ئولتۇرۇشتىن سائەت قانچىلاردا تارقالغان بولغىيدۇق؟! ئۆيۈمگە قاچان ۋە قانداقلارچە كەلگەن بولغىيدىم؟! _ ئۇ، شۇنچە باش قاتۇرۇپ تىرىشىپ ئەسلەشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ھېچنېمىنى ئېسىگە ئالالمىدى. _ بىرەر كېلىشمەسلىك بولمىغاندۇ ھەر ھالدا، بۇ يېقىنلاردا مەستلىگىمدە دائىم رەسۋا بولۇپ كېتىدىغانلا بولۇپ قېلىۋاتىمەن، ھەي شۇ ھاراق دېگەن مەرەزنى!" _ ئۇ، ئۆزىگە ئۆزى غودۇڭشۇپ قويۇپ بېشىنى يوتقىنىغا تېخىمۇ چىڭ پۈركىدى.

بېشىنىڭ ئاغرىشى بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ كۆزىگە زادىلا ئۇيقا كەلمىدى. ئۇ ئاخشامقى ئولتۇرۇش مەنزىرىسىنى قايتا ئەسلەشكە تىرىشتى. شۇنچە تىرىشىپمۇ ئۇ ئولتۇرۇشتا قانچىلىك ئىچىۋەتكەنلىگىنىمۇ ئەسلىيەلمىدى. ئادەم بېشىغا بىرەر پوتولكىدىن داچۇي بار ئىدى دەپ ئويلىدى قاسىم، ئۇلارنىڭ تۇگەپ- تۇگىمىگەنلىگىنىمۇ ئەسلىيەلمىدى. "ئاۋال شۇ ھاراقنىڭ چىشىنى چېقىشنىڭ ئامالىنى قىلمىسام بولمىدى، بۇ قېتىم ھاراق خېلى بەك چىشلىگەندەك قىلىدۇ مېنى." _ دەپ ئورنىدىن مەجبۇرى تۇرۇپ، سوغۇق سۇدا يۈز- كۆزىنى غىل- پاللا بىر نەملەشتۇرىۋېلىپ، ئۆيىدىن چىقىپ تونۇش تۇڭگاننىڭ لەڭپۇڭخانىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ...

كوچىدا خېلىدىن بېرى ئايلىنىپ، ئادەتلەنگىنىدەك ھېلى لەڭپۇڭ، ھېلى سېرىقاش، ھېلى سۇيۇقاش- پىنتاڭلارنى ئىچىپ باققان بولسىمۇ ئوڭشىلىپ كېتەلمىگەن قاسىم، بىر ۋاقىتلىرىغا كېلىپ قورسىغى چىڭقىلىپ قىستاپ كەتكىنىدە ئۇياق- بۇياقتىن ھاجەتخانا ئاختۇرۇپ تەرەپ- تەرەپكە چېپىشقا باشلىدى. مىڭ تەستە بىر كوچا ھاجەتخانىسىنى تېپىپ ئالدىراشچىلىقىدا پۇل تۆلەشكىمۇ ئۇلگۇرەلمەي، پۇل يىغىدىغان لوخەننىڭ ھاي دېيىشىگىمۇ قارىماي ئوچقاندەك كىرىپ ئارانلا ئۇلگۇرەلىدى. خېلى ئارام تېپىپ قالغىنىدىن كېيىن، ئودۇلىدا ئىشكتىكى مىقتا ئېسىغلىق تۇرغان قارا يالتىراق خالتىغا كۆزى چۈشتى. ئىختىيارسىزلا قولىنى ئۇزارتىپ خالتىنى

ئاپتور ئىسمى ئورنىدا "ئىزچى مەن" يېزىقلىق تۇراتتى. قاسىم ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇ خىل تەخەللۇستىكى بىرەر ئاپتورنى ئېسىگە ئالالمىدى. "ئىزچىمەن، ياكى شۇ «ئىز» رومانىنىڭ بىرەر پارچىسىمۇ قانداق؟! بىر يىللىرى خىتايلار ئۇ رومانلارنىمۇ كۆيدۈرىمىز دەپ تويلىتىپ يۈرگەندەك قىلىشىۋاتقانىدى. _ ئۇ قولىدىكى كىتاپلارنىڭ ئۇ يەر- بۇ يەرلىرىنى ئوقۇپ باقتى، _ ياق، بۇ باشقا بىر كىتاپتەك قىلىدىغۇ!" _ دەپ، قارا تاشلىق كىتاپنى بېشىدىن باشلاپ ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ سەل ئاۋالقى مۈگىدەك باسقان چىرايىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ پۈتۈنلەي دېگىدەك سەگەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تېنچلىققا كۆنۈپ كەتكەن يۈرىكى قورقۇشتىن بارغانسىرى قاتتىق دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى.

"نېمە دېگەن قورقۇنۇشلۇق گەپلەر بۇ!" _ قاسىم بۇنچە ھاياجانلاندۇرالىغىدەك بىرەر ئۇيغۇرچە كىتاپ ئوقۇپ باقمىغانلىقىغا خېلى ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتكەچكە، بۇ كىتاپلارنى رەسمىيلا ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئوقۇپ بىر يەرلىرىگە كەلگىنىدە قايىل بولۇش ئىپادىسى بىلەن باش لىڭشىتىپ قويسا، يەنە بەزى يەرلىرىنى قايتىلاپ ئوقۇپ كېتەتتى. ھەتتا بەزىدە ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇۋېپمۇ كېتەتتى: "توغرا دەيدۇ بۇ ئىزچى دېگىنى!" _ دەپ ئۆزىچە غودۇڭشۇپمۇ قوياتتى. يەنە بىر يەرلىرىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر ئويغا پېتىپمۇ قالاتتى.

ئۇ، ئاخىرى بۇ ئىككى كىتاپنى ئوقۇپ پۈتتۈرىۋەتتى. ئەڭ ئاخىرقى بىر تال تاماكىسىنى چېقىرىپ چەككەش، ئۈن- تۈنسىز بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن بۇ كىتاپلارنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ ئالدى- كەينىلىرىنى ئۆرۈپ- چۆرۈپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئىچىدىكى ساددا قىلىپ سىزىلغان خەرىتە- رەسىملەرگىچە، مۇقاۋىلىرىغىچە دىققەت بىلەن كۆرۈتۈپ چىقتى. بۇ ئىككى كىتاپ، ئۇنى خېلى ئوبدانلا جەلىپ قىلىۋالغانىدى. قاسىم خېلى يىللاردىن بېرى بۇنچە بېرىلىپ ئۇيغۇرچە كىتاپ ئوقۇپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ كىتاپلارنى زادىلا قولىدىن چۈشەرگىسى كەلمەيتتى.

"ئۇف ف ف!" _ قىلىپ بىر ئۇلۇغ- كىچىك تېنىۋېلىپ ئورنىدىن تۇردى. تۇيۇقسىزلا بېشىنىڭ پىر قىلىپ قېيىشىدىن قورسىقىنىڭ ئاللىمۇقاچان ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. سائېتىگە شۇنداقلا بىر قارىۋىدى، ئۆزىچىلا چۆچۈپ كەتتى: "ۋاي- ۋۇۋۇي، تاڭ ئېتىپىلا قاپتۇغۇ! توختا، ئاۋال ئاز- پاز بىرنېمىلەر قىلىپ يەۋالاي." _ دەپ، كىتاپلارنى ئاۋايلاپ بىر چەتكە قويۇپ ئاشخانا ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. بۇ ئارىدا سەل ئەنسىرەپ تاشقاقى ئىشىگىنىڭ تاقالغان- تاقالمىغانلىقىنى بىر تەكشۈرۈپ قويۇپ بېرىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. "ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇشلۇق كىتاپلار." _ دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكەزدى تۇخۇم قورىۋاتقىنىدا.

سىرتىدىن تۇتۇپ كۆرۈۋىدى، قولىغا كىتاپ- دەپتەردەك بىرنىمىلەر ئۇرۇلغاندەك بىلىندى. خالتىنى قولىغا ئېلىپ ئىچىدىن نېپىز قارا تاشلىق ۋە قېلىنراق زەڭگەر تاشلىق ئىككى كىتاپ چىقاردى:

«مۇستەقىللىقىمىزدىن ئۈمىد بارمۇ؟!»

«يا مۇستەقىللىق _ يا ئۆلۈم!»

"نېمە دېمەكچىسەن يەنە! _ دەپ غودۇڭشۇپ قويدى ئۇ كىتاپلارنىڭ مۇقاۋىسىغا پەرۋاسىزلارچە قاراپ قويۇپ، _ شۇنچە ۋەيرانە هالەتكە چۈشۈپ قالغىنىمىزنى كۆرمەي يەنە ئۈمىدىم بار دېمەكچىمۇسەن؟!"

قاسىم، ئويغۇرچە كىتاپ ئوقۇمىغىنىغا خېلى يىللار بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ كىتاپلارنىمۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن خالتىسىغا سېلىپ، ئىشىنى پۈتتۈرۈپ كوچىغا چىقتى. سېسىق تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ چەككەش بىر هازا كوچا ئايلاندى. بۈگۈن شەنبىلىك دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، كوچىلار مىغىلداپ خىتاي بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكتىن، قىستا- قىستاڭچىلىقتا ئارانلا ماڭغىلى بولاتتى. "يىگىرمە يىل بۇرۇن بۇ كوچىلار نېمە دېگەن ئازادە ئىدى- هە!" _ دەپ غودۇڭشۇپ قويۇپ، يېڭىدىن ئاغزىغا قىستۇرىۋالغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر قولىدا چاخماق چېقىپ كېلىشتۈرەلمەي، قولىدىكى هېلىقى قارا خالتىنى بېلىكىگە ئۆتكۈزىۋېتىپ تۇرۇپ ئېسىگە كەلدى: "بۇ خالتىنى نېمىشكە ئېلىۋالغان بولغىيدىم؟!" _ ئەتراپىغا قاراپ ئەخلەت تاشلىغىدەك بىرەر يەر تاپالماي ئىلاجىسىز ئۇ خالتىنى كۆتۈرۈپ يولىنى داۋام قىلدى. بىر ۋاقىتلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەيلا قالغانىدى.

ئۆيىگە كىرىپ ئۇزۇنى كارىۋىتىغا تاشلاپ كۆزلىرىنى يۇمدى. بۇ ئارىدا، بىر قولىدا هېلىقى قارا خالتىنى تۇتۇپ ياتقانلىقى ئېسىگە كېلىپ، ئاستا بىر پارچە كىتاپنى چىقىرىپ ئېرىنچەكلىك بىلەن پەرۋاسىزلارچە ۋاراغداپ قويدى. بەزى بەتلىرىگە شۇنداقلا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپ، گويا ئويغۇرچە ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالغان- قالمىغانلىقىنى سىناپ قويغاندەك بىر- ئىككى قۇر ئوقۇپ قويدى. ئاندىن بۇ كىتاپلارنى ياندىكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ قايتىدىن كۆزىنى يۇمدى.

ئۇ، تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى!

"... ئۇچۇي- باغىرلىرىنى چۇۋۇۋەتمىلى! ..."

كىتاپتىكى بۇ قۇرلار ئۇنىڭغا ئەندىلا تەسىر قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ دەرهال هېلىقى كىتاپلارنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ قاراشقا كىرىشتى. هەر ئىككىلا كىتاپنىڭ

ئۇلتۇرۇش- سۆھبەت سورۇنلىرىدا ئالاھىدە ھەۋەسلىنىپ ئۆگۈنۈپ باققانىدى. بۇ جەھەتتە مىللىتىم، ۋەتىنىم ئۈچۈن دەپ بەزى ئىلمىي ماقالىلارنى، تېخنىكىغا مۇناسىۋەتلىك كىتاپلارنى تەرجىمە- تۈزۈش ئىشلىرىغىمۇ خېلى كۆپ قاتنىشىپ باققانىدى. بۇ جەريانلاردا مۇۋاپىق سورۇنلارغا كىرىپ قالغانلىرىدا مىللىتىم، ۋەتىنىم دەپ جوزا مۇشلاپ سەكرەپ كېتىدىغان جۇشقۇنلۇق يىللارنىمۇ ياشىغانىدى. بۇ خىل سوھبەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئالاھىدە ئۇمىدۋارلىنىپ، ۋەتىنى ئەتىلا مۇستەقىل بولۇپ كېتىدىغاندەك ھاياجانلىق كۈنلەرنى ياشىسا، يەنە بەزىدە گويا بۇ ۋەتەن، بۇ مىللەتتە قىلچىمۇ ئۈمىد قالمىغاندەك ھىسلارغىمۇ كىرىپ قالاتتى. قىسقىسى، قاسىم بۇ جۇشقۇنلۇق يىللىرىدا مىللىتىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن جەمىيەتتە قىلچىلىكمۇ بىر ئىلگىرلەش ئېھتىماللىنى ھىس قىلالماي كەلگەنىدى. ئەمما ئەمىلىيەتتە بولسا ۋەتىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن كۈندىن- كۈنگە ئېغىر دەپسەندە قىلىنىپ، بۈرۈن ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ قان بەدىلىگە كەلگەن نۇرغۇنلىغان ھەق- ھوقۇقلىرىنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن بىرمۇ- بىر بىكار قىلىۋېتىشلىرى، ئەڭ ۋەھىمىلىكى — خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەسسىلەپ ئارتىپ كېتىۋاتقانلىغى ئۇنى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنداق ئېغىر مىللىي بوھرانلارنىڭ كۆرىلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، جەمىيەتتە ئۆزلىرىنى ئالاھىدە ۋەتەنسۆيەر، مىللەتپەرۋەر قىلىپ كۆرسىتىپ يۈرۈشكەن كىشىلىرىمىزنىڭ بۆلۈك- پۇچقاقلاردا سۆرۈشۈپ يۈرۈشكەن "بىردىن- بىر ھەل قىلىش چارىلىرى" نىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك نۆۋەتتىكى مىللىي بوھران تەرەققىياتىنى ئۆزگەرتىشكە قىلچىلىكمۇ رولى بولمايدىغان قۇرۇق داۋراڭلار ئىكەنلىگىنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىگى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاتتى. ھەتتا بىر تۈرۈپ قارىغاندا، خىتايلار ۋەزىيەت جىددىيلىشىش ئېھتىمالى كۆرۈلىدىغانلىغىنى مۆلچەرلەشكەن ھامان، بۇ تۈردىكى 'مىللەتچى، بۆلگۈنچى، ... پانچى، ..." لارنى قايتىدىن قەپەزدىن چىقىرىشىپ، مىللىي داۋالغۇشلارنىڭ ھەل قىلغۇچ يولغا قاراپ كېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا پايدىلىنىپ يۈرۈشكىنىدەكلا بىلىنەتتى. بۇلارنى ئويلىغانلىرىدا، ئۇنىڭدىكى ئازغىنە ئۈمىدۋارلىقلارمۇ بىردىنلا تۈزۈپ كېتىۋاتقىنىدەك بولۇپ تۇيۇلاتتى. ۋەتەن ئىچىدىكى 'داھى' لاردىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن قاسىم، چەتئەللەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن كونا- يېڭى 'داھى' لىرىنىڭ پىكىر- ھەرىكەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى مىڭ- بىر باللاردا تېپىپ ئىگەللەپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھەيرانلىغى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققانىدى: گويا ۋەتىنىدىكى شۇنچە ئېغىر مىللىي بوھرانلارنىڭ بىردىن- بىر كېلىش مەنبەسى شۇ چەتئەللەردىكى 'داھىچاقلار'

"... ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ياتقان بارلىق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىزنىڭ ئەڭ ئەشەددىي مىللىي دۈشمىنىمىز! ... شۇنداق ئىكەن، بۇ تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرنى ئەڭ ئېغىر ۋەھىمىلىك مەخپىي ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىپ قورقۇتۇپ قوغلاش پائالىيىتى – بىزنىڭ بۈگۈنكى قولىمىزدىن كېلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى چارىمىز، ... باش تارتىپ بولمايدىغان بىردىن- بىر ۋەزىپىمىز! ..."

قاسىم چاي ئىچكەش ئولتۇرۇپ، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مەنىسىز ھاياتىنى ئەسلەشكە باشلىدى.

گەرچە ئۇ، بالىلىق دەۋرلىرىدە مەكتىپىدىكى ئوقۇشىدىن باش كۆتۈرەلمەي بەخىۋاشلىق قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالماي قالغان بولسىمۇ، يېگى ئۆيلەنگەن يىللىرىدىن باشلاپ تۇرمۇشىنىڭ لەززىتى؛ ئىچىگە پېتىشقا باشلاپ، ئۆز خەلقىنىڭ تەغدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشنى بارغانسىرى ئۇنۇتقانىدى. كېيىنكى يىللاردا يەنە نېمىشقىدۇ بۇنىڭدىنمۇ زېرىكىپ، كەيپى- ساپالىق ھايات ئىچىگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ، بىر بالىسىنى يېتىم قالدۇرۇشقىمۇ چىداشلىق بېرىپ، ئائىلە ھاياتىدىن كەيپى- ساپانى ئۈستۈن كۆرۈپ ئايالىدىن ئاجرىشىپ كەتكەنىدى. بويتاق قالغىنىغا خېلى يىللار بولغىنىغا قارىماي، قايتىدىن رەسمىي ئۆي- ئوچاقلىق بولۇش ئىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمىغانىدى. "ئۆي تۇتۇشنىڭ نېمىسىگە ھەۋەسلىنىمەن؟! _ دەيتتى ئۇ ئۆز- ئۆزىگە، _ ئەتىگەن تۇر- ئىشىڭغا ماڭ، ئاخشىمى كەل- يوتقانغا كىر، بەك بولۇپ كەتسە ھايۋانى قىياپەتتە بىر- بىرىڭنى يالاش، ... زېرىكىپ قالساڭ مەنىسىز جېدەل چىقار، 'ئىشەككە كۆچۈڭ يەتمىسە ئۆز توقۇمىنى' دېگەندەك، جەمىيەتتىكى ناھەقچىلىكلەر، سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي زۇلۇملار، ھەتتا ئۆز ئىشلىرىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلار دەردىدە كىرىپ يا ئايالىڭ بىلەن جېدەللەش ياكى بولمىسا بالاڭنى ئازارلا! ..." _ قاسىم بۇنداق تۇرمۇشتىن ئېغىر مەست بولۇۋېلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ۋاقىتلىق بولسىمۇ خالىي بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا نېمىدۇ- بىرنېمىسىنىڭ كاملىغىنى ھېس قىلىپلا يۈرگەنىدى.

ئەسلىدە قاسىم بۇنچىلىك بەخىۋاش بىرسىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ، ياشلىق دەۋرلىرىدە دەرسلىرىنىڭ ئېغىر يۈكىدىن ھەرقانچە باش كۆتۈرەلمىگىدەك قىلسىمۇ، يەنىلا ۋاقىت چىقىرىپ ئۆز مىللىتى، ئۆز ۋەتىنى، ئۆز دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە ۋە جەمىيەتشۇناسلىققا دائىر يېگىچە قاراشلىرىنى شارائىت بولغىنىدا مەكتىپىدە، ۋەزىيەت يول قويمىغىنىدا كىتاپ- ژۇرناللاردىن ئۆگۈنەتتى. ھەتتا دىنىغا، مىللىتىگە ۋە يۇرتىغا دائىر تارىخىي ياكى سىياسىي مەلۇماتلارنى ھەرخىل غەيرى- رەسمىي يىغىلىشلاردا،

بۇنداق ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ نامزاتلىرى مۇتلەق تۈردە ئىنسانىيەتنىڭ تۈپكى ئېھتىياج پائالىيەت ساھەلىرى بويىچە يېتەرلىك ساندا ساقلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ئۇتتۇرىغا چىقىرىش پۇرسىتىنى يارىتالىغان مىللەت شەكسىز تۈردە ئاپەتلىرىدىن، مىللىي دۈشمەنلىرىدىن، توسالغۇلىرىدىن غالىپ كېلىپ ئالغا ئىلگىرلەش يولىنى تاپالايدىغانلىقىنى، ئەمما بىر مىللەتكە ھاكىم بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈۋالغۇچى ياكى ۋاكالىتەن كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنىدىغانلار خالىغان بىر ساھە بويىچە شۇ ساھەگە خاس ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگەللىۋېلىشقىلا ئۇرۇنىشىدىكەن، بۇ مىللەت مۇقەررەر تۈردە قۇتقۇزۇلۇشتىن، ئىلگىرلەشتىن ياكى قۇدرەت تېپىشتىن مەھرۇم بولۇپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. قاسىم ئويلايدىكى، مىللىي مۇستەقىللىقنى ئۆزلىرىگە تۈپكى غايە قىلىشقان بىزنىڭ ھەرقانداق بىر قوشۇنىمىز، تەشكىلاتىمىز، پارتىيىمىز ياكى جەمىيەتلىرىمىز ئىقتىدار ئىگىلىرىنى بايقاش، ئۇلارغا شارائىت يارىتىپ بېرىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تۈپكى تەشكىلى يېتەكچى پرىنسىپلىرىدىن بىرى قىلمىغانلا بولىشىدىكەن، بۇنداق بىر تەشكىل ھېچقانداق بىر ئىشنى غەلىبىگە يېتەكلىيەلمەيدۇ. ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى مەڭگۈ ئاددىي پائالىيەتلەر دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالىدۇكى، ئۇنداقلار ھەرگىزمۇ مۇرەككەپ ۋە چىگىش مەسىلىلەر ئىچىدىن چىقىش يولى تېپىشالمايدۇ!

قاسىم يەنە ئىجتىمائىي قانۇن بولۇپ بىلىنگەن شۇ قاراشلارنىمۇ پات- پات كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى: ھەرقانداق بىر ئىشتىكى ئىقتىدار كۈچى ھەرگىزمۇ يادلىۋېلىش بىلەن، دورامچىلىق قىلىش بىلەن، پۇل- مېلىغا تايىنىشى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. ئىقتىدار كۈچى – بەلگىلىك كىشىلەرگە تەبىئەتنىڭ، تەڭرىنىڭ بىۋاستە ئاپىرىدىسىدىنلا مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنداق بىر تەبىئىي ئىقتىدار كۈچىنىڭ ھەممىمىزدە بىرخىل ياكى بىر تەكشى بولماسلىقىدىن مەيۈسلىنىشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق. كىم بىلىدۇ، بىزدىمۇ ئۇ ئىشلارنىڭ داھىلىرىدا تېپىلمايدىغان باشقا بىرەر ئىقتىدار ئامىللىرى ساقلانغانمۇ تېخى!

ھېچ بولمىغاندا بۇگۈنكى مىللىي ۋە ۋەتەن ئېھتىياجىمىزغا ماس كېلىدىغان ئىقتىدار ئىگىلىرىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىش، ھەتتا ئۇنداق ئىقتىدار ئىگىلىرىنى تونۇۋېلىش، ئۇنداقلارغا ئەگىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسەكمۇ ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېساپلىشىمىزغا يېتىپ ئاشىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئىقتىدار ئىگىسى مۇتلەق تۈردە بىزدەكلەرگە تايىنىش ئارقىلىقلا ئۆز ئىقتىدارلىرىنى نامايەن قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىزنىڭ ھەرقانداق بىر تەشكىلاتىمىزدا ئىقتىدارنى ئېتىراپ قىلالايدىغان، ئىقتىدار ئىگىلىرىنى بايقىيالايدىغان، ئۇلارغا پائالىيەت سورۇنى

بولىۋاتقاندەكلا تونۇشقا كېلىپ قالغانىدى. بەك بولۇپ كەتسە، بۇلار ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق — خۇددى بىر ئۆيدىكى ئىككى ئوغۇلنىڭ بىرسى ئەكىلەپ يۈرۈپ ئاتا- ئانىسىغا ئىشنى ھەل قىلغۇزۇش يولىنى تۇتقان بولسا، يەنە بىرسى يىغلاپ يۈرۈپ ئىشنى ھەل قىلغۇزۇش يولىنى تاللىۋالغاندەكلا بىر پەرق ئىدى. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئىشىمىز بىر ئائىلىنىڭ ئىچكى جېدىلى بولماستىن، پۈتۈنلەي دوست- دۈشمەن دېرىجىسىدىكى بىر مەسىلە ئىدى.

قاسىم بۇ خىلدىكى ئويلىنىشلىرىدىن كېيىن، مىللەت- ۋەتەن دېگەن مەسىلىلەردە پۈتۈنلەي دېگىدەك ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بىر قىياپەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ دىنىي ئەقىدىلەر توغرىسىدىكى ئاجايىپ- غارايىپ گەپ- سۆزلەرمۇ ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇراتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئۇيغۇر جەمئىيىتى يېپ- يېڭى بىر قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشقا مەجبۇركى، ئۇ ئەندى كەسكىن بىر بۇرۇلۇش ياساپ يا دۈشمىنىدىن قۇتۇلۇش يولىنى تېپىشى، يا بولمىسا پۈتۈنلەي گۇمران بولۇشىلا قالغانىدى. جوغراپىيىلىك ئەۋزەل بىر مۇھىتتا تۇرىۋاتقان ھەرقانداق بىر مىللەت، بۇ ئىككى يولدىن بىرىنى تاللىۋېلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەمما بۇنداق كەسكىن بۇرۇلۇش يولىنى شۇ مىللەتنىڭ يۇمشاقباش كىشىلىرىنىڭ قولىغا تاشلاپ قويۇش بىلەن ھەرگىزمۇ ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولمايتتى! بىر مىللەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ھەرگىزمۇ شۇ مىللەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ ئورتاق ئاۋانگارتلىق كۆرسىتىشىنى تاما قىلىش بىلەنلا مەيدانغا كېلىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. بۇنداق بىر ئىمكانىيەتمۇ ھەرقانداق بىر مىللەتتە مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان ۋە بىزدىمۇ بولمايدۇ. ئورتاق ئىرىشچانلىق روھى پەقەت شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنىلا كاپالەتكە ئىگە قىلالىشى مۇمكىن بولاتتى. بىر مىللەتنىڭ قۇتقۇزۇلىشى، گۈللەندۈرۈلىشى ياكى قۇدرەت تېپىشى مۇتلەق تۈردە ئەڭ يېڭىلىقچى، ئەڭ جەڭگىۋار، ئەڭ ئىقتىدارلىق، ئەڭ پىداكار، ئەڭ تەۋەككۇلچى ۋە ئەڭ ئەمەلىيەتچى ئادىمىنىڭ ئۆزىنى پىدا قىلىشى، خەلقىنى يېتەكلىشى ۋە باشقىلارنى مەجبۇرى بولسىمۇ ھەرىكەتكە ئاتلاندۇرۇشى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشۇرۇلىشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتى. بۇنداق بىر داھى تەربىيىلىنىشتىن ياكى سايلىنىشتىن بارلىققا كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ قاسىم ياخشى بىلگەنىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، ھەرقانداق بىر ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ مەركەزىيەتچىلىكىدىنمۇ ئوتتۇرىغا چىقمايدىغانلىقىنى، يەنە شۇنىڭدەك بۇنداق بىر يېتەكچى ئىقتىدار ئىگىسى ئەمەلىي ھەرىكەتكە جەلىپ قىلىنماي تۇرۇپمۇ ھەرگىز ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالماسلىقىنىمۇ بىلەتتى.

قاسىم، ئۆگەنگەن ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن، بىر مىللەت تەركىۋىدە

تۇغقانلىرى قامىلىپ، ئۆلتۈرۈلۈپ، سۈرگۈن- بوھتانلار بىلەن خانىۋەيران قىلىنىۋېتىلىسىمۇ 'غىنىڭ' قىلىشماي يۈرگىنىدە، مەن نېمانچىۋالا باش قاتۇرۇپ ئويلىنىپ كېتىۋىدىكەنمەن!" _ دەپ، ۋىجدانىنىڭ سادالىرىغا پەسەنت قىلماي بېشىنى چۆكۈرۈپ جىم يۈرۈشكە تىرىشقانىدى. زادىلا تاقىتى قالمىغىنىدا، ھېلىقى 'دوستى' نى _ ھاراقنى تېپىۋېلىپ جورىسىغا تىكىلىپ قويۇپ ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئارام تاپقاندەك بولىۋالاتتى.

قاسىم، يەكشەنبە كۈنىسىنىمۇ ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن كەچ قىلىۋەتتى. قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى بىر داۋالغۇش، بىر ۋىجدانىي چاقىرىق ساداسى ياڭراپ ئۇنى ئارامىغا قويمايتتى. ئۇ ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي بۇ كىتاپلاردا كۆرسىتىلگەن ھەرىكەت ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈۋىدى، ئۇنى بىر تۈرلۈك قورقۇش، تىترەك ئورىۋالدى: ھە- دىگەندىلا قولىغا پارقىراپ تۇرغان مۇزدەك كويزا سېلىنغان، تۈرمىلەردە ۋەھشىلەرچە قېيىن- قىستاقلارغا ئېلىنىۋاتقان پاجىئەلىك قىياپىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ بەدەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى: "ياق، بۇنداق ئىشلار مەن قىلالايدىغان ئىشلاردىن ئەمەس!" _ قاسىم خۇددى چوغقا ئولتۇرۇپ قالغىنىدەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. "نەدىنمۇ يولۇقتى شۇ كىتاپلار!" _ دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە، ئۆزىگە ھاي بېرەلمەي ھېلىقى كىتاپلارنى ياستۇغىنىڭ ئاستىدىن چىقىرىپ دېرىزىسىدىن سىرتقا چۆرىۋەتمەكچى بولۇپ ماڭدى- يۇ، يەنە توختاپ قالدى: "توختا، تۈۋەندە بىرەرسى كۆرۈپ قالسا قانداق بولىدۇ؟! بۇ بىنادا مەندىن باشقا بىرمۇ ئۇيغۇر بولمىغانلىغىنى بۇ خىتايلار تازا ياخشى بىلىدۇ! _ دەپ ئەنسىرەپ قالدى ئۇ، _ ئەڭ ياخشىسى كۆيدۈرىۋەتەي!" _ دېگەن خىيالغا كېلىپ ئاشخانا ئۆيگە كىردى.

ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ گاز ئوچاقنى ئاچتى. ئاۋال قارا تاشلىق كىتاپنى يىرتىپ كۆيدۈرمەكچى بولۇپ ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئىختىيارسىز ۋاراغداشقا كىرىشتى. ئەمما نېمە ئۈچۈندۇ ئۇنى يىرتىشقا كۆزى قىيمىدى. "قورقۇنچاق، توخو يۈرەك!" _ ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر سادا ئۇنىڭغا ۋارقىراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ قوللىرى تىترەپ كىتاپنى يىرتىشقا قولى بارمىدى. كىتاپنى قايتا ئاۋايلاپ ۋاراغداشقا، ئۇدۇل كەلگەن قۇرلارنى قايتىدىن ئوقۇشقا كىرىشتى:

"... خالىسىڭىز تەپسىلى ئوقۇپ چىقىڭ، ... خالىمىسىڭىز باشقا بىرسىگە مەخپىي شەكىلدە بېرىۋېتىڭ، ... بۇنداق قورقۇنچاق كىشىلىرىمىزنى ... خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى يېتىشتۈرۈپ چىققان كىشىلەردۇر، ..."

قاسىم شۇ يەردىلا زوڭ ئولتۇرۇپ كىتاپلارنى قايتىلاپ ۋاراغداشقا، ئارىلاپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ، بۇ كىتاپلاردىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقانلىغىنى ھىس

يارىتىپ بىرەلەيدىغان ۋە ئۇلارغا بويى سۇنىدىغان يېتەكچى روھ بولمىسا كېرەك، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن قاسىم، بۇ ھەقتە نېمە قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە تولا باش قاتۇرۇپ زادىلا بىرەر چىقىش يولى تاپالماي، بۇ ئىشلار ئۈستىدە بىھۇدە باش قاتۇرۇشنى تاشلاپ، ھاراقنى تايىنىپ ئۆزىنى مەست- خوشلۇق دېڭىزىگە غەرق قىلىش يولىنى تاللىۋالغانىدى.

مانا ئەندى ئۇنىڭ قولىدا بۇ قېيىن سوئاللارنىڭ جاۋابى تۇراتتى.

"بۇ كىتاپلار ئىنتايىن ئاددىي سۆزلەر بىلەن بۇ مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھاياتىمىزنىڭ تۈپكى سەۋەبلىرىنى ۋە چىقىش يوللىرىنىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. ھەتتا بۇ غايىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىغا ئاتلىنىشنىڭ قەدەملىرىنى شۇنچىلىك تەپسىلىي ۋە ئاددى كۆرسىتىپ بەرگەنكى، بىزنىڭ "ئۇلۇغ" لىرىمىز، "داھى- يېتەكچى" لىرىمىز تەرغىب قىلىپ يۈرۈشكىنىدەك ئۇنداق ھە- دېسىلا ب د ت نىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ يېتىۋېلىش، ئا ق ش نىڭ پارلامېنت بىناسىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرىۋېلىش، قايسى بىر خوشنا ئەل، قايسى بىر كۈچلۈك دۆلەت، قايسى بىر ئاق كۆڭۈل دۆلەتنىڭ پارتىيىلىرى، قوراللىق ئارمىيىسى، ... دېگەندەكلەرنى تەسىرلەندۈرمىگىچە بۇ ئىشلىرىمىزنى باشقا چىقارغىلى بولمايدۇ دېيىشكەنلىرىدەك قىلغىلى بولمايدىغان چىگىش ۋە نازۇك ئىشلاردىنمۇ ئەمەسلىكىنى، ئىشنى ئاۋال ئۆزىمىز باشلىۋېلىشىمىزنىڭ بۇنچە كۆپ شارائىتلىرىغا ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى ئويلىسا ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدىكەن!" _ قاسىم ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھىس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ، باشقىلاتىن ئۈمىد، غايىلارغا ئېرىشمەكتە ئىدى. ئۇ ئىككى كىتاپتا دېيىلگەنلەر بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىدە، ھەقىقەتەنمۇ ئۆتكەن ھاياتىنىڭ يالغۇز ئاخماقانىلىقلار بىلەنلا تولغان بولۇپ قالماي، ھەتتا ۋەتىنىگە، مىللىتىگە، دىنىغا خائىنلىق قىلغانىغا تەڭ دېگىدەك بىر مۇنچە ئىش- ھەرىكەتلەرنىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيىتىم دەپ قىلىپ يۈرگەنلىكلىرىدىن ئۆزىدىن يىرگىنىپمۇ كەتتى.

ئۇ، ئۆزىنى كارىۋىتىغا تاشلاپ چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ كەتتى. ...

ئۆتكەن يىللاردا خىزمەت باھانىسىدا ۋەتىنىنىڭ جەنۇپ- شىمالىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقىپ، خىتايلار بىلەن ئۇيغۇر- قازاقلار ئارىسىدا ئاسمان- زېمىن پەرق قىلىدىغان ھەرخىل تەڭسىزلىكلەرنى، مىللىي زۇلۇم ۋە كەمسىتىلىشلەرنى، چېكىدىن ئاشقان نامرات ۋە نادانلاشتۇرۇلۇشلارنى كۆرۈپ، ئىچى تىت- تىت بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ناھەقچىلىكلەردىن قۇتۇلۇش چارىلىرى ئۈستىدە قىلچىمۇ چىقىش يولى تاپالمىغانىدى. ۋىجدانى بەكىرەك قوزغىشىپ كەتكىنىدە، "ماڭا نېمىدى، شۇنچە كىشىنىڭ ئۇرۇغ-

ئۇنىڭ ئىچى بەكلا تىتىلداشقا باشلىدى: ئۇ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر قارارنى بېرىش ئۈستىدە قىينىلىپ يۈرەتتى. ئادىتى بويىچە دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئاللانېمىلەرنى خاتىرلەش نامىدا ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان ھاراقكەشلىك ئولتۇرۇشلىرىغا بېرىشنىمۇ زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر- خىيالى بىرلا ئىشقا مەركەزلىشىۋالغانىدى. دوستلىرىمۇ بۇ كۈنلەردە نۆۋەتنى ئۆتۈپ كېتىۋاتسىمۇ، ئولتۇرۇش تۈزەپ ئۇنى چاقىرىشنى ئۇيلاپمۇ قويۇشمىسا كېرەك؟! دوستلىرىدىن سادا چىقمايتتى. شۇنىڭغا قارىماي، بۇ قېتىم قاسىمنىڭ خىيالى ھاراققا قارىغاندا ھېلىقى كىتاپلاردىلا قالغانىدى: "قانداق قىلىشىم كېرەك؟!" ...

ئېتىكاپنىڭ ئىشىگىنى شاراقشىتىپ ئېچىپ كامېرغا كىرىپ كەلگەن ئىككى خىتاي گۇندىپاي قاسىمنىڭ ئەسلىمىلىرىنى يېرىمىدا ئۈزۈۋەتتى. ئۇنى دارقىرىتىپ سۆرىشىپ سوراقخانىغا – توغرىسى جازاخانىغا ئېلىپ چىقىشتى. يەنە بۇرۇنقىدەك سوراقلار، يەنە ئۇرۇپ قىيناشلار، ...

قاسىم يەنە كامېرنىڭ مۇزدەك سىمونت يېرىدە ھۇشىغا كەلدى: ئۇ، كامېرنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈم ياتاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن سۆڭەكلىرىنى سۇغۇرۇپ تارتىۋەتكىنىدەك قىمىرمۇ قىلالماي ياتاتتى. ئەمما ئاغرىق جېنىنى ئالىدىغاندەك پۈتۈن بەدىنىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. ... بىر ھازا ھۇشىنى يوقۇتۇپ قايتا ئېسىگە كەلگىنىدىن كېيىن، ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇتۇشنىڭ ھېلىقىدەك چارىسىنى قىلىشقا شۇنچە تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، قىلچە پايدىسى بولمىدى. بەدىنىدىكى ئاغرىقلار بارغانسىرى كۈچىيىپ ئاغرىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ۋايساشقىمۇ قۇرۇبى يەتمەيتتى. ئوت بولۇپ يېنىپ ئاغرىۋاتقان بەدىنىنىڭ نەلىرى بەكرەك ئاغرىۋاتقانلىغىنىمۇ پەرق قىلالماي، جىم يېتىپ چىداشلىق بېرىشتىن باشقا چارە تاپالمىدى. ...

ئۇ، پات- پاتلا ھۇشىدىن كېتىپ ۋە قايتىدىن ھۇشىغا كېلىپ دېگەندەك خېلى ۋاقىتقىچە ئۆزىنى بىلەلمەي ياتتى.

بىر ۋاقىتلاردا ئۇ ئاغرىغىنى قايتىدىن رەسمى ھېس قىلىشقا باشلىدى. "بايتىدىن نەدە قالغانتىڭ سەن ئاغرىق؟!" دەپ كۆزىنى ئېچىپ قاراڭغۇلۇقتا ئەتراپقا قاراشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. كامېرنىڭ ئىچى شۇنچىلىك گۇرۇستان قاراڭغۇلۇق بولۇپ تۇيۇلدىكى، ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ- ئاچمىغانلىغىنىمۇ پەرق قىلالماي خېلىغىچە يېتىپ باقتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىڭقىلىپ يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى ئىششىپ گويا بىر تۇلۇمغا كىرىپ قالغاندەكلا بىلىنەتتى.

قىلماقتا ئىدى. "ياق، بۇ كىتاپلارنى ھەرگىزمۇ تاشلىمايمەن، ھەرگىزمۇ قولدىن چىقىرىپ قويماسلىقىم كېرەك!"

ئەندى ئۇ، بۇ كىتاپلارنى يوشۇرىدىغانغا يەر ئاختۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ يەر- بۇ يەرلەرگە تىقىپ باقتى- يۇ، يەنە خاتىرجەم بولالماي ئۇ يەردىن ئېلىۋالاتتى. بىر ۋاقىتلىرىغا كېلىپ ئۇ قولىدىكى بۇ كىتاپلارنى تىققىدەك يەر ئاختۇرۇپ ئەپلىك ۋە بىخەتەر بىرەر يوچۇق تاپالماي، قولىدا كىتاپلار، بىر ھازا جىم بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بىرەر ئىش قىلىپ بېقىشنى ئويلايتتى- يۇ، يەنە بىر يەرلىرىدىن قورقاتتى. ئەمما ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدىن "بىر ئىش قىل! بۇ يېشىڭغىچە جىم ياتقىنىڭمۇ يېتەر، نېمىدىن قورقىسەن! تېخى تونۇگۈنلا بولۇپ ئۆتكەن بارىن، غۇلجا ۋەقەلىرىنى ياراتقان باتۇرلىرىمىزدىن سېنىڭ نېمەڭ كام؟! قارا، ئارىلاپ پەيدا بولۇپ تۇرغان مەخپىي ۋەھىمە ياراتقۇچىلارنىڭ بىرسىمۇ دېگىدەك قولغا چۈشۈپ باقمىدى. سەن نېمىدىن قورقاتتىڭ؟!"
_ دىگەندەك خىتاپلار قۇلىغىنىڭ تۈۋىدىلا ياڭرىغاندەك قىلاتتى. يەنە بىر يېرىدىن "ئەگەر تۇتۇلۇپ قالساڭ جازا ئاۋازىغا چىدىماي قالارسەنمىكىن؟!" _ دېگەن ئېگىراشلارمۇ بىرلىكتە تۇيۇلۇپ، بەدەنلىرىنى شۈركۈندۈرىۋەتتى: ئۇرۇپ قىيناشلار، تاختايغا مىخلىنىشلار، تىتىلغان بەدەنلىرىنى تۇز- لازا سۈيىگە پاتۇرۇشلار، ... قورقۇپ تىترەپ كەتتى. دەرھال كىتاپلارنى كارىۋىتىنىڭ ئۈستىگە تاشلىۋىتىپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.
ئارقا كوچىدىكى بىر تونۇگان ئاشخانىسىغا كىرىپ تەرلەپ ئولتۇرۇپ بىر غېدىر 'نيۇ رو مەن' دېيىدىغان بەتتام سۈيقاشتىن ئىچتى. ئامال قانچە، بۇنداق ئىدارە ئاھالىلىرى زىچ يەرلەردە ئۇيغۇر ئاشپەزلىرىگە يەر چىقمىغاچقا، ئەنە شۇنداق نەرسىلەرنى ئىچمەكتىن باشقا نېمە چارە؟! مەنتاڭخانىدىن چىقىپ يول بويىدىكى ھاراق بوتكىلىرىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. "ياق، شۇنچە ئىچكىنىم بۇ ھەپتىگە يېتەر!" _ دەپ ئۆزىگە ئاران ھاي بېرىپ كەينىگە بۇرۇلدى. ...

قاسىم، بۇ ھەپتىنى ئىشقا بېرىپ كەلگەندەك ئۆتكۈزىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مېڭىسى پۈتۈنلەي ھېلىقى كىتاپلاردىكى چاقىرىقلارنى ئويلاش بىلەنلا بەنت بولغانىدى.
"لاۋكا يەنە جىق ئىچىۋالغان ئوخشىمامدۇ، بېشىنى كۆتۈرەلمەيلا قاپتۇغۇ؟!" _ دېيىشەتتى ئۇدۇلىدىكى خىتاي خىزمەتداشلىرى بىر- بىرسىگە پىچىرلىشىپ. "جىم، بۈگۈن ئۇنىڭدىن يىراق تۇرىشىمىز كېرەك. ھاراقتا پۇلى تۈگەپ بىزدىن قەرز سورايدىغانغا شۇنداق بولىۋالدۇ، ھىجىيىپلا قويدۇڭمۇ- بولدى، بالادا قالغىنىڭ شۇ. دەرھال سەندىن قەرز سورايدۇ!" _ قاسىم ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئۆز ئىشى بىلەن بولىۋالدى.

تەلەپ قىلىدىكەنمەنغۇ؟! بۇ تەلەپ مېنىڭ ئاددىي بىر ئىنسانلىق تەلىۋىم، ئەقەللىي كىشىلىك ھەققىم ئەمەسمىدى؟! يا بولمىسا مەن بۇ جەمىيەتتىن، توغرىسى بۇ خىتايلاردىن ھەممىگە قابىل خاسىيەتلىك ئادەم بولۇشنى، ياكى مىلىيارتلارچە دوللارنى بېسىپ ياتىدىغان روكېفېللىر بولۇشنى، ۋەياكى دۇنيانى ئاستىن- ئۈستۈن قىلىۋېتەلىگىدەك بىلىم كەشىپ قىلالايدىغان ئۇيغۇر 'ئەينىشتېيىن' ى بولۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقانمىدىم- يا؟! بۇنداق تەلەپ قىلىشقىمۇ ھەققىم بار ئەمەسمىدى؟! بۇنداق تەلەپلەر ئىنسانلىق جەمىيىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەققانىي تەلەپلەر ئەمەسمىدى؟!" — ئۇنىڭ پىكىر دۇنياسى تىنىماي پىكىر قىلماقتا ئىدى. ...

توغرا، قاسىم تېخى ئۆتكەن يىلىلا بېرىپ كۆرۈپ كەلگەن ئۇيغۇر قاتارىدىكى ئون مىليونلىغان قېرىنداشلىرىدىن ئالاھىدە ئۈستۈن سەۋىيىلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولىۋاتقانلىقىنى تولۇق ھىس قىلغانىدى. بۇنداق تەلەيلىك بىر ئۇيغۇر بولغانلىقىدىن ھەقىقەتەنمۇ پەخىرلىنىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، شۇندىن ئېتىۋارەن قاسىم ئۆزىنىڭ بۇنچە تەلەيلىك بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىش تۇرماق، بۇنىڭ دەل ئەكسىچە ئەڭ ئېغىر نومۇس، ئەڭ چوڭ گۇناھكار ھىس قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرمەكتە ئىدى. "مەن شۇ خار- زارلىقتا قالغان مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تېنىۋالغىلىمۇ بولمايدىغان بىر ئەزاسىمەن. ئەگەر مەن بىر خىتاي بولغىنىمدا ئىدى، بەلكىم مېنى ئېنجىنېرلىقتا ئەمەس، بەلكى كامىناغا ئەزا قىلىپ ئىشلىتىشكىمۇ شەرتىم توشمايدىغان بىرسى بولىشىم مۇمكىن ئىدى! مەن ئەنە شۇ مىليونلىغان قېرىنداشىمنى تېنجىتىش ئۈچۈنلا بۇ ئورۇنغا تاللانغان بولىشىم كېرەك! ئەگەر شۇ ئۇيغۇرلار بولمىسا ئىدى، مەن بۇ ئالەمگە تۆرۈلۈشۈمنىمۇ قىياس قىلالماس بولاتتىم. مەن ئۇلار بولغىنى ئۈچۈنلا مەۋجۇتمەن. ئۇلار مېنىڭ ھاياتىم، مېنىڭ قېنىم! ئۇنداقتا مەن قانداقمۇ ئۇلارنىڭ شىللىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ بۇ ھاياتىمنى ياشىيالايمەن؟! ياق! مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالالمايمەن، بۇنداق قىلىشقا مېنىڭ قىلچىلىكمۇ ھەققىم يوق! مەن ئۇلارنىڭ ئاستىدا تۇرۇشۇم، ئۇلارنى يۆلىشىم ۋە ئۇلارنى ئۆشنەمگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ مېڭىشىم كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن ئېزىلىپ كەتسەممۇ ئۆزەمنى شەرەپلىك ئىنسان دەپ پەخىرلىنىشىم كېرەك!"

قاسىم، چوڭقۇر غەپلەت ئۇيقىسىدىن ئەندىلا ئويغىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇ، ھاياجانلانغىنىدىن ئۆيدە جىم تۇرالماي ئالدى- كەينىگە مېڭىشقا باشلىدى. ئەندى ئۇ كەسكىن قارارغا كەلگەنىدى: "مىللىتىم، ۋەتىنىمنىڭ ھۆرلىگى ئۈچۈن چوقۇم بىرەر ئىش قىلىشىم، مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنى قوزغاشقا پايدىسى بولىدىغان بىرەر ئىش قىلىشىم كېرەك!"

باشقا كامېرلاردىن ئارىلاپ جۈيلۈپ ۋايساشلار ۋە كىمدۇ بىرسىلىرىنىڭ توڭگۈزدەك خورەك تارتىشلىرىدىن باشقا، تۈرمە ئىچى جىم- جىت بولۇپ كەتكەنىدى. گۈندىپاي خىتايلارنىڭ ئاياق تىۋىشلىرىمۇ بېسىققانىدى. "يېرىم كېچىدىن ئاشسا كېرەك؟!" _ دەپ ئويلىدى قاسىم، ئاستا- ئاستا ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇپ قايتىدىن ئەسلىمىلەر دېڭىزىغا غەرق بولماقتا ئىدى. ...

قاسىم، ھېلىقى ئىككى كىتاپنى ئوقىغىنىدىن كېيىنكى كۈنلەردە ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى ئەندىلا تونۇۋاتقاندەك ھىس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ غورۇرى قەلبىنى قايتىدىن مۇجىماقتا ئىدى: "ھاياتىڭنىڭ قىممىتىنى بىل! مەنىسىز ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىڭگە ئەندى بەس!" _ ئۇنىڭ ۋىجدانى قانداقتۇ بىر ئىشلارغا چاقىرىپ ئارامىغا قويمايۋاتاتتى.
سىرلىق بۇ ھايات، قاسىمنى گاڭگىرىتىپلا قويىۋاتاتتى. ئۇ، بۇ كۈنلەردە زادىلا ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىگە ئىگە بولالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پىكىر- خىيالىنى قەلبىنىڭ سىرلىق ھەرىكىتى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغاندەكلا قىلاتتى. "قەلب، ئاھ سەن قەلب! سەن نەدە، سەن نېمە؟! سەن كىمنىڭ؟!" _ قاسىم بۇ سوئاللارغىمۇ جاۋاپ تاپالمىدى. قاسىم ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئىچىدە ئىككىلىنگىدىن گۇمان قىلغىلى بولمايدىغان، ئەمما ئۆزىگە يات بولغان قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدىن چىقىرىۋاتقان نالىلىرىگە زادىلا قۇلاق سالماي كېلىۋاتقانىدى. مانا ئەندى ئۇ سىرلىق يەردىكى سادالارنىڭ ئىگىسى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە ئاتلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغىلا تەۋە بولغان، ئەمما ئۇنىڭغا زادىلا بوي سۇنماي كېلىۋاتقان چوڭقۇر قەلبى ئۇنىڭغا ئەڭ مۇكەممەل بىر ئىنسان بولۇش سۈرىتىنى سىزىپ ئۇنىڭغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى نامەلۇم يەردىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بۇ ئىنسانلىق سۈرىتى قاسىمدىن ئارتۇق بىرنىمە تەلەپ قىلىۋاتقاندەكمۇ قىلمايتتى: "ئەقەللىي بىر ئادەم بولۇشىڭنىلا تەلەپ قىلىمەن!" _ مانا بۇ، ئۇنىڭ قەلبىدىن چىقىۋاتقان سادانىڭ بىردىن- بىر تەلىۋى ئىدى. ئەپسۇسكى، قاسىم ياشاۋاتقان بۇ جەمىيەتتە بۇنچىلىك ئەقەللىي تەلەپنى قاندۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىگىمۇ يول قويۇلمايتتى. ئۇ، ئۆز ئىچىدىكى بۇ ئەقەللىي تەلەپنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قىلچىلىكمۇ تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي كېلىۋاتقانلىقىدىن قەلبىنىڭ سوتلىشىغا ئۇچۇرىماقتا ئىدى. بۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان قاسىم قەلبىنىڭ سادالىرىنى پەرق قىلالايدىغان ھالغا كەلمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇ ئويلىنىپ قالدى: "راست ئىمەسمۇ، مەن ئەڭ ئەقەللىي بىر ئادەم بولۇپ ياشاشنىلا

تەخسلىرىگە ھۇجۇم قىلىشىۋاتقان خىتايلارنىڭ يىرگىنىشلىك، ۋەھشى قىياپىتىنى ئەندىلا كۆرۈۋاتقىنىدەك يىرگىنىپ كەتكەن قاسىم، دەرھال بۇ مىغ- مىغ خىتاي قايناپ كەتكەن بازاردىن چىقىپ ئۆزىنى قاراڭغۇ بىر تار كوچىغا ئاتتى.

قاسىم يولدا كېتىۋېتىپ مانا مۇشۇ خىتايلار تەرىپىدىن قىيناپ ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن تۆمۈر خەلىپىنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى، مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنى، غوجا نىياز ھاجىمنى، سابىت دامولىنى، لوتپۇللا مۇتەللىپنى، ئەخمەتجان قاسىمنى، ... ئىمىنوپ ھامۇتنى، ئاخۇنوپنى، مىجىت سىلىڭنى، ... زەينىدىن يۈسۈپنى، بارىن، پەيزىۋات، غۇلجا شېھىتلىرىنى، ... شۇنىڭدەك يەنە ئەتىراپىدىكى تونۇش- بىلىشلىرىنىڭ ئائىلە- تاۋابەتلىرىنى بىر- بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە ئىدى. شەرقىي تۈركىستان ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىدە ئۇيسىپىر بولغان دەپ تۈرمىدە قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن ساۋاغدىشى مەمەتتىنىڭ دادىسى، چوڭ داداڭ بىر ناھىيىدە قازى بولغانىكەن دېگەن باھانا بىلەن پۈتۈن يەر- زېمىن ۋە مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىشىپ چەت يېزىلارغا سۈرگۈن قىلىنىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن ئوسماننىڭ ئائىلىسى، مىللەتچىلىكنى تەشۋىق قىلدىڭ دەپ نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپ ئۇرۇپ قىيناپ بىر ئۆمۈر ناكا قىلىۋېتىلگەن سەمەت مۇئەللىمنىڭ خانىۋەيران ئائىلىسى، ... ھەتتا ئەڭ يېقىن بالىلىق دوستى بولغان ئىمىننىڭ دادىسىنى ھەرگىزمۇ ئېسىدىن چىقىرالماي كەلگەنىدى: مەھەللىسىنىڭ ئەڭ مويسىپىت شەيقەتچىسى دەپ تونۇلىدىغان بولغىنى ئۈچۈنلا، ماڭلۇر بولۇپ كېلىپ ئاچ قېلىپ كوچا دوخمۇشىدا خۇدىنى بىلمەي يېتىپ قالغان يېرىدىن قول ھارۋىسىغا سېلىپ سۆرەپ ئىدارىسىغا ئاپىرىپ خىتاي شۇجىسىغا يالۋۇرۇپ مىڭ تەستە ئىشقا ئالدۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈنلا، قوتۇلدۇرۇلۇپ قېلىنغان چولاق ماڭلۇر خىتاي ئۇنى ئۇرۇپ بىر ئۆمۈرلۈك ناكار قىلىۋەتكەنىدى! بىر قېتىم قاسىم دوستى ئىمىن بىلەن بىرگە ئۇنىڭ دادىسىنى كۆرەش قىلىپ قاماپ قويغان يېرىگە تاماق ئاپىرىپ بېرىشكە بىرگە بارغىنىدا، بىر ئىشخانىنىڭ پەنجىرىسىدىن ھېلىقى چولاق خىتاينىڭ ئىمىننىڭ دادىسىنى ھە- دەپ ئۇرۇپ مۇشلاۋاتقانلىقىنى، دۇنيادىكى ئەڭ مېھرىبان ئادەم دەپ تونۇيدىغان ئىمىننىڭ دادىسى تاياق زەربىسىدىن يۈز- كۆزلىرى قانغا بويۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئىككى ئاغىنە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھۆڭگىرىشىپ يىغلاپ كېتىشكەنىدى. ...

مانا بۈگۈن، ئەنە شۇنداق ئاچچىق دەرتلىرىنى تارتقان، ھەتتا ئاتا- ئانىسى، ئاكا- ھەدىلىرى، يېقىن ئۇرۇغ- تۇغقانلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ- قامىلىۋاتقان ئائىلىلەرنىڭ بالا- چاقىلىرىمۇ بىرخىيالدا يوق خىتايلارنىڭ قويرۇغىدا پايپاسلىشىپ كوجاڭ- چۇجاڭلىقىنىڭ، ھەتتا بىرەر ئەبگا ئىشچىلىقىنىڭ غېمىدە خۇدىنى بىلىشمەي چېپىشىپ

ئۇ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تېپىرلاپلا قالغانىدى. بۇ ئىش ھەققىدە يا بىرسىلىرىگە مەسلىھەت قىلىشقىمۇ پېتىنالماي بىر- ئىككى ھەپتىنى گاراڭدەك ئۆتكۈزىۋەتتى. ئارىلاپ ھېلىقى كىتاپلارنى تىقىپ قويغان يېرىدىن چىقىرىپ ئوقۇيمۇ قوياتتى. ئەندى ئۇ، بۇ كىتاپلارنى ياد بىلىدىغان ھالغا كەلگىدەك بولسىمۇ ئەمما بۇ كىتاپلاردىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەس ھالغا كېلىپ بولغاندەك قىلاتتى. قاسىم ئۆز كەسپى ساھەسى بويىچە كىتاپتا كۆرسىتىلگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى بولسىمۇ قىلىپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەن بولۇپ، دەرھال كىتاپ تەكچىسىدىن بۇ ئىشلارغا يارىغىدەك بىرەر يىپ ئۇچى بېرەلىگىدەك كىتاپلىرىم بارمىكىن دەپ، جىددى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى. بىر نەچچە سائەت كىتاپ ئاختۇرۇشتىن قىلچە نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، ئۈمىدسىزلىك بىلەن قالايماقان چېچىلىپ ياتقان كىتاپلار دۆۋىسى ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالدى. "ئەجەبا، ئۆگەنگەن بىلىملىرىمنىڭ ھەممىسىلا خىتايلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈنلا لايىھىلەنگەن بولىشى مۇمكىنمۇ- يا؟! ... ياق، ئۇنداق بولىشى مۇمكىن ئەمەس!"

ئۇ، بىر ئۆمۈر خىتاي مەنپەئەتى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىشنىڭ تەلىمىنى ئېلىپ كەلگەچكە، مىللىي تەغدىرىنى بوھراندىن قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆگەنگەن بىلىملىرىدىن پايدىلىنىش يولىغا تېخى كىرىشەلمىگەنىدى. قاسىم ئون نەچچە يىللىق بىلىم جوغلانمىلىرىدىن ھەر قانچە قىلىپمۇ مەخپى ۋەھىمە يارىتىشقا ئەسقاتىدىغان تۈزىگىرەك بىرەر لايىھە چىقىرالمىدى.

يەنە شۇندلق شەنبە كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى ئىدى. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كۆچىدىكى كەچلىك خىتاي بازىرىغا كىرىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەيلا قالدى. گويا ئادەمنى بىر ھاپ بىلەنلا يۇتىۋېتىدىغاندەك ھىڭگايغان چىشلىق خىتايلار بىر قولىدا ساپلىق، يەنە بىر قولىدا يالپاڭ قازان، ئادەم "ھۆۋ" قىلغىدەك سېسىق پۇراقلار چىقىرىشىپ ھايۋانمۇ يىمەيدىغان ئاللىقانداقتۇ بىر نېمىلەرنى قورۇشۇپ، كىكىرتەكلىرى يىرتىلغىچە ۋارقىرىشىپ خېرىدار چاقىرىشماقتا ئىدى. ئۇلاردىن بىرسى ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قاسىمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى پەرق قىلدى ئەتىمالىم، پۇرلىشىپ كەتكەن كاۋىنىڭ ئۈستىگە ئەھمىيەتسىزلا تىلىپ ياساپ قويغاندەك پەگەز كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، باشقا خېرىدار چاقىرىش بىلەن بولۇپ كەتتى. قاسىم بۇ خىتاينىڭ چىرايىدىن "سەن خەق ئىشلىتىشنى بىلمىگەن بۇ زېمىننى مانا بىز ئىشلىتىمىز، ئەقلى يوق ھايۋانلار!" _ دەپ مەسخىرە قىلىۋاتقان قىياپىتىنى كۆرگەندەك قىلدى ۋە غىزىۋىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. كەنتىر- ئورۇندۇقلاردا يېرىم يالىڭاچلىنىپ جاھاننى 'ھاپ' قىلىپ يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازلىرى بىلەن قومۇش چوكىلىرىنى تۇتۇشۇپ

ۋاقتىدىكى دوستى ئىمىنىنىڭ دادىسىغا خۇددى مىڭ يىللىق ئۆچى باردەك كېينگە داجىپ تۇرۇپ ئۆچقاندەك ئېتىلىپ كېلىپ كۆچەپ مۇش ئېتىۋاتقان قىياپىتى قايتىدىن گەۋدىلىنىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى غەزەپتىن كەلگەن نامەلۇم بىر قارا كۈچ ئورىۋالغانىدى. ...

"تارس!"

قاسىم ئېسىگە كېلىپ، ئالدىدىكى قورقۇنۇشلۇق مەنزىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى!

يىراقتىن كەلگەن غۇۋا يورۇقتا لوخەنىنىڭ تاقىر بېشى ئۇ قولىغىدىن بۇ قولىغىچە ئىككى ئېلىك پاتقىدەك ئېچىلىپ، قان ئارىلاش مىڭە قېتىغى بىر قولىغى تەرەپكە قويۇق ئېقىپ چىقىۋاتقان، بىر چېكە تومۇرىدىن ئىنچىكە چىرىلداپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قان خۇددى كىچىك بالىنىڭ سۈيدۈگىدەك بىنانىڭ ئۆگۈپ كەتكەن قىزغۇچ خىشلىرىنى قايتىدىن قېپ- قىزىل قانغا بوياماقتا ئىدى. لوخەنىنىڭ پەگەز كۆزلىرى پەۋقۇلئادە پارقىراپ كۆز چانىغىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك پولتىيىپ بىر يانغا تىكىلىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قايناقسۇ شىشىسىنى تۇتقان قولى دىر- دىر تىترەپ ئاستا قوچىقىغا چۈشۈپ، شىشىدىكى قايناقسۇمۇ تۆكۈلۈپ ئېغىنى ھۆل قىلىشقا باشلىدى. ئورۇندۇغىدا بىر ھازا تۈپ- تۈز كىرىشىپ تۇرغان قېرى لوخەن، بىر يانغا قىڭغىيىپ سىمونت يەرگە "گۇپ!" قىلىپ يېقىلىپ چۈشتى. ئېچىلىپ قالغان مىڭىسىدىن قان ئارىلاش ئېقىپ چىقىۋاتقان مىڭە قېتىغى سىمونت يەرگە يېيىلىشقا باشلىدى. جان تالىشىۋاتقان لوخەنىنىڭ بىر قولى بىلەن بىر پۇتى خۇددى يېڭى بوغۇزلانغان قويىنىڭكىدەك تىپچەكلەپ سىلكىلىنىپ ئارقىچىلاپ تېپىپ قوياتتى. ھەر تىپچەكلىگىنىدە يېرىلغان چېكە قان تومۇرىدىن جىرىلداپ ئېقىۋاتقان قانمۇ بىر كۆچۈيۈپ، بىر پەسىيىپ ئاقاتتى. ئاخىرى ئۆلىۋاتقان لوخەن دىرىلداپ تىترەشكە كىرىشتى. تىپچەكلەشلىرى بارغانسىرى ئازىيىپ، ئاخىرى بېرىپ دىرىلداپ تىترەپلا ياتاتتى. ...

بۇ پاجىئەلىك مەنزىرىنى كۆرگەن قاسىم، قورققىنىدىن غالىلداپ تىترىشتە ئۆلىۋاتقان لوخەندىنمۇ قېلىشمىغىدەك ھالغا كېلىۋاتاتتى. بولۇپمۇ مىڭە قېتىغىنى كۆرۈپ مەيدىسى تەتۈر ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئاغزىغا قاپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، ئۆزىنى ئارانلا تۇتقان ھالدا تام تۈۋىگە چۈشكەن ھېلىقى نېپىز تاشنى ھاپىلا- شاپىلا ئېلىپ نېرىدا تۇرغان بىر قارا يالتىراق خالتىغا سېلىپ، ئالدى- كەينىگە قارىماي باشقا بىر قاراڭغۇ كوچىغا كىرىپ كەتتى. ...

يۈرگەنلەرگە ئۇنىڭ زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى. قاسىم بۇ خىل غەيرى ھادىسىلەرنىڭ، يىرگىنچىلىكلىرىنىڭ سەۋەبىنى ئەندىلا تونۇغاندەك قىلىۋاتاتتى. "ئىزچى مەن ھەقىقەتنىمۇ توغرا دېگەن ئىكەن، خەلقىمىز ئارىسىدا مۇستەملىكە- قۇللۇق روھى ئىللەتلىرى ھەقىقەتنىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنىكەن!" — قاسىم ئەنە شۇنداق چىگىش خىياللار ئىچىدە زىچ بىنالار بىلەن قورشالغان ئارقا كوچىلارنىڭ بىرىدە كېتىۋاتاتتى.

ئۇ، بىر بىنانىڭ دوخمۇشىدا ئىختىيارسىزلا توختاپ قالدى.

قاسىم، ياندىكى بىنانىڭ دوخمۇشىدا سالقىنداپ ئولتۇرغان قېرى لوخەننى يىراقتىكى كوچا چىرىغىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا تونۇغاندەك قىلدى. قاتلىما ئورۇندۇقتا چىغ يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرغان بۇ قېرى لوخەن، بىر بارمىقى يوق چولاق قولىدا تۇتقان ئېنەك كونسېرۋا قۇتىسىدىكى قايناق سۇيىنى قېرى ھىندى خورىزىنىڭ پۈكۈنىدەك ساڭگىلاپ كەتكەن گېلىغا تۆكۈپ غورتۇلدىتىپ يۇتۇپ بىر خىيالدا يوق ئولتۇراتتى. بۇ لوخەن ھەرقانچە قېرىپ، چىرايى- بېشى چىپەرقۇتتەك قورۇق بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، قاسىم ئۇنىڭ چولاق قولىدىن باشقا يۈزسىز ۋە رەزىل چىرايىنى بىر قاراپلا تونۇغانىدى. بۇ قېرى خىتاي جاللاتنىڭ باشلىرى تاقىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاسما مايكىسى ئۈستىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكرىكى پۈرلىشىپ قېرى كالىنىڭ بويۇن تېرىسىدەكلا ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. "بۇ خىتاي، ئىنىمنىڭ دادىسىنى مۇشلىغان ھېلىقى چولاق خىتاينىڭ دەل ئۆزى شۇ!" — قاسىم كەينىگە بىر قەدەم يېنىپ بۇ قېرى لوخەنگە سىنچىلاپ يەنە بىر قاراۋالدى. بۇ خىتاي جاللاتنىڭ بىر پۇتى ئاللىمۇقاچان گۆرگە ساڭگىلاپ قالغانىكەن. قاسىمنىڭ كۆز ئالدىغا ئىنىمنىڭ دادىسى يۈز- كۆزى قېپ- قىزىل قانغا بويالغان ھالدا قايتا نامايەن بولغاندەك قىلدى. "ياق، بۇ جاللات خىتاينىڭ ئارامخۇدا ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈۋېلىشىغا ھەرگىزمۇ يول قويماسلىقىم كېرەك!" — ئۇ ئەتراپىغا ئىتتىك بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. سەل نېرىدا تۇرغان شەپكىچىلىك بىر نېپىز تاشقا كۆزى چۈشكەن قاسىم، ئىتتىك بېرىپ ئۇنى قولىغا ئېلىپ خۇددى دېسكا ئاتىدىغان يېنىك ئاتلېتكا تەنھەرىكەتچىلىرىدەك تەييارلىقتا تۇردى. قېرى لوخەن يۇمۇق كۆزلىرىنى زورىقىپ ئېچىپ قاسىمغا يىرگىنگەن قىياپەتتە مەڭسىتمىگەندەك شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ قايناق سۇيىنى ھىڭگاڭ چىشلىرى ئارىسىغا تۆكۈشنى داۋام قىلماقتا ئىدى. قاسىم ئاغىنىسى ئۈچۈن قىساس ئوتى ئىچىدە ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى. ئۇ، يەڭگىل قەدەملەر بىلەن بۇ قېرى جاللاتنىڭ كەينىگە يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۇ لوخەننىڭ يىگىرمە نەچچە يىل ئاۋال بالىلىق

يۈز ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يۈزى ئىكەن! لوڭگىدە يۈزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ سول يېڭىغا بىر پارچە قان ئارىلاش مىڭە قېتىغى دېغىنىنىڭ قېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈشى بىلەن تەڭ، قايتىدىن ئاشقازىنى تەتۈر ئۆرۈلۈپ ئاغزىغا كەپلىشىپ كەلمەكتە ئىدى ...

سەل ئوڭشالغىنىدىن كېيىن قايتا ئاغزى- بۇرنىنى چايقاپ، ھاجەتخانىسىدىن چىقىپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كارىۋىتىغا ئۆزىنى ئېتىپ بېشىنى كىرلىشىپ كەتكەن يوتقىنىغا پۈركىدى. ئۆزۈندىن بۇيان يۇيۇلۇقسىز قالغان كىر يوتقىنىنىڭ ئايلاپ كەتكەن ئاچچىق پۇرىغى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى بولغاي ئەتىمالىم، كۆڭلىنىڭ ئايلىنىشى سەل بېسىلغاندەك قىلىپ، ھىس- تۇيغۇلىرى ئىشلەشكە باشلىغاندەك قىلاتتى. قولىغا بىر نېمە ئۆرۈلگاندەك قىلىۋىدى، سىلاشتۇرۇپ ئۇ نەرسىنى تۇتۇپ باقتى. قولىغا ئۆرۈلگان نەرسىنىڭ ھېلىقى كىتاپلار ئىكەنلىكىنى سەزگىنىدىن كېيىن، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ كىتاپلارنى پىرقىرىتىپ ئىشىگى تەرەپكە ئاتتى:

"سەن كىتاپلار مېنى مۇشۇ ھالغا قويۇشقان!" _ قايتىدىن گويلا قىلىپ يوتقانغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنىڭ تىتىرەشلىرى تېخىچە توختىمىغانىدى. بەدىنىنىڭ تىتىرىشىدىن كارىۋىتىمۇ بىلىنىگىدەك غىچىرلاپ تۇراتتى.

"ياق، ياق! مەن بۇ ئىشلارنىڭ ئەھلى ئەمەسمەن! مەن دېگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كام تېپىلىدىغان بىر ئېنجىنېرمەن، بۇنداق ئىشلارغا ئۆزەمنى خوراتسام خەلقىمگە بىر كەسىپ ئەھلىنى زىيانغا ئۇچۇراتقان بولۇپ قالىمەن! بۇنداق ئىشنى كىم قىلسا قىلىۋالسۇن! ئۇنىڭ ئۈستىگە قېيىن- قىستاقتا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ناكا قىلىپ تاشلىۋېتىلگەن، خانىۋەيران قىلىۋېتىلگەنلەر مېنىڭ ئائىلەم ياكى مېنىڭ ئۇرۇغ- تۇغقانلىرىمدىنمىدى؟! خەققە نېمە قەرزىم بار مېنىڭ؟! ۋەتىنىم، مىللىتىممىش! خالىسا ھېلىقى ئىزچى دېگىنىڭ چىقىپ ئۆزەڭ قىلىۋال بۇ ئىشلىرىڭنى! قايسى بىر دۆلەتتىكى مۇھاجىرىمىز خويمۇ ياخشى ئىش قىلغانىكەن: 'بۇ ئىزچىمەن دېگەننىڭ كىتاپلىرىدا پالانى يېرىمنى سۈرتۈپ تاشلايمەن! ... نوچى بولسا ئۆزى قىلىپ باقمىسۇنمۇ بۇ دېگەنلىرىنى! ... ئىزچىمەن دېگەننىڭ كىتاپلىرىنى بىرىنىمۇ قويماي ئۇچۇرىغان يەردە كۆيدۈرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك! – دېگەن بويرۇقلارنى چىقىرىشىپ نەچچە مىڭ پارچىسىنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈپ بەكلا ياخشى قىلغانىكەن، ئەقلى بار نېمىلەركەن شۇ مۇھاجىر دېگەنلەرنىڭ!"

قاسىم ۋارقىراپ چالۋاقاشقا، ھوڭگىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. غالىلداپ تىترەيتتى، قورقۇپ ئەتراپىغا قارايتتى، يەنە كۆڭلى ئايىناتتى، ئۆلگىدەك پۇشايمان قىلاتتى. "ۋەتەن، مىللەت، غۇرۇر، ۋىجدان دېگەنلەرنى ئۆمۈر بويى ئېغىزىمغا ئېلىپ قويمايمەن!" _

ئۇ نەلەرنى ئايلىنىپ ۋە قاچانلاردا ئۆيىگە كېلىۋالغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى. ئۇ، ھېلىقى تاش سېلىنغان يالتىراق قارا خالتىنى تۇتقان پېتى مېھمانخانا ئۆيىدە نەپەسى نەپەسىگە ئۇلاشماي ھەسرەتكىنىچە ئولتۇراتتى. قورقىنىدىن غالىلداپ تىترەپ چىشلىرى رەسمى كاسىلدىماقتا ئىدى. بىردىنلا ھېلىقى لوخەننىڭ قان ئارىلاش قويۇق ئېقىپ چىقىۋاتقان مېڭە قېتىغىنىڭ سىمونت يەرگە بىر كېلىشى كوز ئالدىغا كېلىۋېلىپ پۈتۈن ئۇچەي- باغرى ئاغزىغا قاپلىشىپ كەلگىلى تۇردى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ ھاجەتخانىسىغا ئارانلا ئۈلگۈرەلىدى. ... ھېلىمۇ ياخشى ھاراقكەشلىكتە قۇسۇش ماھارىتىنى خېلىلا يېتىلدۈرۈۋالغانىكەن، بولمىسا بۇ قۇسۇشقا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولاركەنتۇق. ئەمما قورقۇشتىن كەلگەن تىترەك بارغانسېرى كۈچىيىپ رەسمى بەزگەكتەكلا غالىلداپ تىترەيتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ تىزلىرى ۋۇجۇدىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئەۋرەزنىڭ ئالدىدىلا موككىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئەتىگەندىن بېرى تۇزۇكىرەك بىر نېمە يېمىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، تولغىنىپ- تولغىنىپ قۇرۇق قەي قىلاتتى. گويا بىر ئۆمۈرلۈك دەرت- ئەلەم، قان- يىغىلىرىنى بىراقلا قۇسۇپ تازىلىۋېتىدىغاندەك، قەي قىلغانسېرى ئارامىغا كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. بىر ھازا قۇرۇق قەي قىلغىنىدىن كېيىن، ياشقا تولغان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرىشتى. ئەمما بىر قولىدا ھېلىقى قانلىق تاش پارچىسىنى ھېلىغىچە چىڭ قولتۇغلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنى خالتىسىدىن چىقىرىپ تازىلاشقا كىرىشتى- يۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قانلىق مېڭە قېتىقلارنى كۆرۈشى بىلەن تەڭ يەنە باشقىلاتتىنلا بۇغۇلۇپ- بۇغۇلۇپ قۇرۇق قەي قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

...

بىر ھازادىن كېيىن سەل ئوڭشالغاندەك ھېس قىلىپ ئۇ تاشنى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ سۇغا تۇتۇپ چوتكىلاپ يۇدى. ئاندىن يۈز- كۆزىنى ئۇزۇندىن- ئۇزۇنغا سوپۇنداپ يۇدى. ئاغزىغا سۇ ئېلىپ ئۇدا بىر قانچە قېتىم غار- غار قىلدى. ئازىراق سۇ ئىچىپ ئۆزىگە كېلىۋالغاندەك ھېس قىلدى. تىرمىشىپ يۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانخانا ئۆيىدىكى تامئىشكاپ ئەينىكىنىڭ ئالدىغا كەلدى: قاسىم ئەينەكتە ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى شۇنچە قارايمۇ تاپالمىدى! ئەينەكتىكى ئۇ چىراي، ئۇنىڭغا تونۇش بولغان ئۆزىنىڭ چىرايىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئەينەكتىكى شەكىلنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ قان تامچىپ تۇراتتى. رەڭگى- روھى تاتىرىپ ئۆلۈكنىڭكىدىنمۇ بەتتەر ساغىرىپ كەتكەن، يۈزىنىڭ تېرىلىرى گويا كۆكۈيۈن قورۇۋاتقان كالىنىڭ كاسسا تېرىلىرىدەك لىپىلداپ تىترەيتتى. بۇ چىرايغا ئاۋايلاپ قولىنى ئۇزاتقاندەك قىلىۋىدى، بىر نېمىلەرنى سەزگەندەك قىلدى — دېمەك بۇ

كەتكەنلىكىدىن قولىدىكى چويلا- پويلىسى بىلەن تەڭلا چۆپى يەرگە تۆكۈلۈپ يېيىلىپ كەتتى!

"ئۆلدۈڭمۇ! چاققانراق ئاچمامسەن ئىشىكىڭنى!"

ئۇنىڭ يۈرىكى سەل جايىغا چۈشكەندەك قىلدى: بۇ كەلگەنلەر ھېلىقى دائىملىق ھاراقكەشلىك ئولتۇرۇشىنىڭ كونا ئۆلپەتلىرىدىن ئىدى. خاتىرجەم بولۇشىراق بېرىپ تاشقاقى ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.

"نەگە يوقالدىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى؟! _ دېيىشىپ ۋاراڭ- چۇرۇڭ بىلەن ئىشىكتىن كىرىپ كېلىشتى ئۈچ ئاغىنە، _ بىزنى تاشلىۋېتىش نىيىتىگە كەلمىگەنسەن ھەر ھالدا! _ ئۇلار قاسىمنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا تەكەللۇپسىزلىك بىلەن ئۇدۇل مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار جوزىغا تىزىلغان ھاراق پوتولكىلىرى ۋە تەخسىلەردىكى ھەرخىل زاكوسكىلارنى كۆرۈشۈپ بوسوغىدىلا تۇرۇپ قېلىشتى. _ مانا دېمىدىممۇ، دوستىمىز بىزدىن يوشۇرۇنچە بىرسىلىرى بىلەن ئولتۇرۇش ئويناپ يۈرگەنىكەن ئەمەسمۇ!" _ ئۇلار قايتىدىن قىييا- چىييا ۋارقىرىشىپ كېتىشتى.

قاسىم دۇدۇقلاپ بىر نېمىلەرنى دەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ كېلىشتۇرەلمىدى: جوزىغا تىكلەككىلىك تۇرغان ئۈچ بوتولكا ھاراق ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىغا قىلچىلىكمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرمىغانىدى.

"قېنى ئولتۇرايلى ئاغىنىلەر، ھەرقانچە ئىسىل مېھمانلىرىڭ بولسىمۇ بۇ ھاراقلىرىڭدىن ئۈمىدىڭنى كەس. ئورنىغا ئېلىپ بېرىمىز! _ دېدى بوينى بىلەن بېشىنىڭ پەرقى قالمىغان خامسېمىز ئاغىنىسى، _ بۈگۈن بىز ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىشنى تەبرىكلەپ ئىچىشىمىز!"

ئاغىنىلەر ۋاراڭ- چۇرۇڭ قىلىشىپ دەستىخاننى قايتىدىن رەتلەشكە كىرىشىپ كەتتى. بىرسى ئاشخانا ئۆيدىن قاچا- قۇچىلارنى ئېلىشقا كىرىپ كېتىپ چۇچۇپ ۋارقىرىۋەتتى: "ۋاي بۇ نېمە ۋەقە! يەرلىرىڭنىڭ ھەممىسىلا چۆپكە توشۇپ كېتىپتۇغۇ؟! قارىغاندا مېھمانلىرىڭ بىلەن جىدەللىشىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ ئەمما، قوۋۇرمىلىرىڭ بەكلا مىزلىك پۇراۋاتىدۇ. قارىغاندا تازىمۇ ئوخشاپكەتكەندەك قىلامدۇ- قانداق؟!"

"قېنى، مېھمانلىرىڭنى چاقىرىپ كىرمەمسەن، بىرگە ئولتۇرۇشتىن قىزغىنامسەن- يا؟! _ دېگىنىچە بىر دوستى ياتاق ئۆيىگە ماراپ باقماقچى بولۇۋىدى، قاسىم قولىدىكى قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ ھاپىلا- شاپىلا ئۇ ئاغىنىسىدىن بۇرۇن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. _ ھوي ئاغىنە، نېمە ئانچىۋالا ھۆلۈقىسەن، قىز- پىز بولۇپ

ەپ ھېلىدىن- ھېلىغا ئۆزىگە ئۆزى قەسەملەر قىلاتتى.
قاسىم تۇگەشمەكتە ئىدى. ...

"قورقۇنچاق ئاخماق!" _ دەپ ئۆزىنى ئۆزى شاڭخو قىلىۋالدى ئەسلىمىلەر قاينىمىدىن چىققان قاسىم، كامېر ئوتتۇرىسىدا ئوڭدىسىغا يېتىپ تۇرۇپ. ئۇ، ئۆزىنىڭ شۇ تۈنجى ھەرىكەت قىلغان ۋاقتىدىكى قىياپىتىنى پات- پاتلا ئېسىگە كەلتۈرۈپ ئۆزىچە كۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ، بەدىنىدىكى ئاغرىقلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتقاندەك قىلاتتى. ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا، قولىدىن كېلىدىغان بىردىن- بىر ئىشى، تاتلىق ئەسلىمىلىرىنى قايتىدىن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشلىش بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەچكە، بۇ پۇرسەتنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋېتىشنى زادىلا خالىمايتتى.
ئۇ، كامېردا يېتىپ كونا ئىشلىرىنى ئەسلەشنى داۋام قىلماقتا. ...

قاسىم، شۇ تۈنجى قورقۇنۇشلۇق ۋەقەدىن كېيىن ئەتىدىن كەچكىچىلا قورقۇشتىن چۈچىپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. "مانا ساقچىلار كېلىدۇ، ئەنە تۇتۇپ كېتىدۇ، ..." _ دىن باشقا ھېچ نېمە خىيالىغا كەلمەيتتى. ھەرھالدا غالىبلداپ تىتىرەشلىرى بىلەن كۆڭلى ئايىنىشلاردىن قۇتۇلغاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ يۈز يىللىق يوتقان تۇتۇپ يېتىپ قالغان كونا كېسەل كۆرپىسىدەك تاتىرىپ، كۆزلىرى چوڭقۇرلىشىپ ئورىدەكلا بولۇپ قالغانىدى. بەدىنىمۇ ئورۇغلاپ بارغانسىرى قۇرۇق كۆتەككە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ئىدارىسىدىكى خىتايلارمۇ "ھاراقنى ئۆلگىدەك ئىچىدىغان بولۇپ كەتتى، قارىغاندا ئاخشام يەنە ئۆلگىدەك ئىچىۋالغان بولسا كېرەك؟! ..." _ دىگەندىن باشقا ئۇنىڭدىن قىلچە بىر ئىشتىن گۇمان قىلىشمىغانىدى. شۇنىڭدەك، ئىدارىسىدىكى خىتايلاردىن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن ھېلىقى خىتاي لوخىنى توغرىسىدىمۇ بىرەر گەپ تۇيمىدى. شۇنىڭغا قارىماي "لاۋكا ساڭا تېلېپون! ... كاسىمۇ، سېنى بىرسى چاقىرىدۇ! ..." _ دېيىشلىرىدىن خۇددۇك ئېلىپ تىك تۇرۇپ كېتەتتى.
شۇنداق قىلىپ، قاسىم مىڭ بىر باللاردا بۇ بىرىنەچچە ھەپتىنى تۈگەتكەن بولدى. بىر جۈما كۈنى ئاخشىمى بۇ ئەنسىزچىلىكلەردىن ئۈزۈل- كېسىل قۇتۇلۇپ كېتىش، بۇ ھەقتە ئۇمۇر بويى قايتا ئويلىماسلىق ئۈچۈن ئۆلگىدەك ئىچىپ مەست بولىۋېلىشنى پىلانلاپ، كوچىلىك داچۇي ھاراقلىرىدىن ئۈچ پوتولكا ۋە بىر مۇنچە زاكوسكىلارنى ئېلىپ ئۆيىگە كىردى. راسا ئوخشىتىپ گۆشلۈك قورىما قورۇپ تەييار چۆپ سالدى. چۆپنى ئەندىلا سۈزىۋاتقىنىدا تۇيۇقسىزلا ئىشىكى گۈلدۈرلەپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. قاتتىق چۆچۈپ

ئاڭقىرالماي، ئەنسىرەش ئىچىدە ئاغىنىلىرىگە قوشۇلۇپ بەردى. ئۇ، ھارىغىنى ئادىتى بويىچە سوزۇپ تۇرۇپ ئاغزىغا توشقۇزىۋېلىپ بىراقلا بوغۇزىغا يوللىدى.

ئۇ، ھارىغىنى يۇتار- يۇتمايلا ئاغزىنى ئىككى قوللاپ ئەتكىنىچە ھاجەتخانىسىغا قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كىرىپ كەتتى. ...

بىر ھازادىن كېيىن قاسىم ئۇھ- سولى يوق كۆزلىرى ياشقا تولغان، ئاپپاق تاتارغىنىچە چىقىپ كەلدى. ھەممە تەڭلا قاسىمغا قارىشىپ ھەيران بولماقتا ئىدى. ھەتتا قاسىمنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران بولۇپ ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئەتراپىغا ھاڭۋېقىپ قارايتتى. قارىغاندا ئۇ، ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن ئۇزۇن يىللىق بۇ ھەمراسىدىن — ھاراقنىڭ 'لەززىتى' دىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەلپازى ئاغىنىلىرىنى بەكلا چۆچۈتىۋەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇشلۇق تۈسكە كىرىپ قالغان بولۇپ، تاتىرىپ ئۆلۈكتەك ئاقىرىپ كەتكەن، ئورۇغلاپ كۆزلىرى ئۆڭكۈردەك چوڭقۇرلاپ كەتكەنىدى.

"قاسىم، سەن بۇ بىر ئايدىن بېرى ئاغرىپ- تارتىپ قالمىغانسەن- ھە؟ _ سورىدى دوستلىرىدىن بىرسى، _ بايا ئۆيگە كىرىپلا مىجەزىڭنىڭ يوقلىغىنى پەرق قىلغانىدىم. ئەمما يالغۇز بېشىڭغا شۇنچە كۆپ ھاراقنى تىكلەپ قويغىنىڭغا قاراپ سەل خاتىرجەم بولغانىدىم. دېگىنە، نېمە بولدى ساڭا بۇ كۈنلەردە؟" _ قاسىم كۆزلىرىنى سۈرتكەن بولىۋېلىپ گەپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشتى.

"ئۇنى تولا بەك قىستىمايلى، ھېلىمۇ بويتاق بىر ئەر كىشىنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بويان ساغلام تۇرالىشىمۇ بىر كارامەت. _ ساقى گەپكە ئارىلاشتى. _ مەيلى، ساڭا بۈگۈنلۈك كېچىرىم قىلدۇق. ئەمما كېيىنكى قېتىمغىچە ئوڭشۇلۇپ نۆۋىتىڭنى چوقۇم تولىۋېتىسەن، ئۇنۇتما!" _ دېگىنىچە باشقىلارغا ھاراق قويۇشنى داۋام قىلدۇردى.

"ھە، گېپىمىزگە كېلەيلى، بۇ ئەلپازىڭدىن قارىغاندا بۇ بىر ئايدىن بۇيانقى ۋەقەلەردىن دېگەندەك خەۋىرىڭ بولمىسا كېرەك؟ _ دەپ گەپ باشلىدى ئاغىنىلىرىدىن بىرى، _ بۇ ئاي- بۇ كۈنلەردە شەھەر ئىچى ئوڭدى- دۈمدى بولۇپ كەتكەندەك قورقۇنۇشلۇق ۋەقەلەر بىلەن توشۇپ كەتتى. ئەممازە ھېچ كىمگە دېمەيدىغانغا ھەممىڭلار قەسەم قىلىپ بەرسەڭلار، سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان ئاجايىپ بىر تەشۋىق ۋارىقىم بار. _ ئۇ، ئالدىرىماي قويۇن يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى چىقاردى. _ قېنى، قەسەم قىلىپ بېرەمسىلەر ئەمىسە؟"

"سەنمۇ ئەندى ھەددىڭدىن ئاشقىلى تۇردۇڭ. _ دېدى ساقى رومكىلارنى يىغىلاپ تۇرۇپ، _ ئەندى كېلىپ ساڭا بىزمۇ ئىشەنچسىز بولۇپ قالدۇقمۇ؟ قاسىمنىڭ ئۆيىگە

قالمىسۇن يەنە؟!" ـ دېگىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ياتاق ئۆيگە بېشىنى تىقىپ ئۈلگۈردى. ئەمما قاسىم ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن يەردە چېچىلىپ ياتقان ھېلىقى ئىككى كىتاپنى ئېلىپ كېيىم ئىشكاپىنىڭ ئۈستىگە ئېتىپ ئۈلگۈردى ۋە: "ئاغىنىلەر، ئۆيدە ھېچ كىم يوق. بەكلا رەتسىز ئىدى، شۇ. ..." ـ دېگەندەك بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىغان بولدى. "ئۆرىچىلا بىزدىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ كېتىپسەنغۇ ئاغىنە، ماياقتا تۇرغىنە مەن بىر كىرىپ قاراپ باقاي." ـ كىرگەن ئاغىنىسىمۇ ئۇنىڭ بۇنچە ھولۇققىنىغا قاراپ تېخىمۇ گۇمان قىلىشقا باشلىدى. ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، يەنىلا ئىشەنگۈسى كەلمەي، ئىشكاپنىڭ ئىچلىرىگە، ھەتتا كارىۋاتنىڭ ئاستىلىرىغىچە قاراپ چىقتى:

"ساقى، بۇ ئۆيدە بىرسى يوق، قىز- پىز يۇرىغىمۇ كەلمەيدۇ؟!"

"ھا،ھا،ھا! ئاغىنىمىزنىڭ ئۆيدە قىز جىنىسى تۇرماق، چىشى چىۋىننىڭ كىرمەس بولغىنىغىمۇ بىر ئەسىردىن ئاشتى!" ـ دەپ ۋالاقشىپ كۈلدى مېھمانخانىدىكى يوغان بويۇن.

ياتاق ئۆينى ئاختۇرۇپ يۈرگىنى يەنىلا قايىل بولالماي ھاجەتخانا تەرەپكە قارىۋىدى، قاسىم يەنە ئىتتىك بېرىپ ھاجەتخانىغا كىرىپ ھېلىقى تاشنى يېرىدىن ئېلىپ سۇ چۆشۈرگە ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ ئۈلگۈردى. ھەممىگە قىزىقىدىغان بۇ ئاغىنىسىمۇ ياتاق ئۆيدىن چىقىپ قاسىمنىڭ كەينىدىنلا ھاجەتخانىغا بېشىنى تىقىپ بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى: "بۈگۈن بەكلا غەلىتە قىلىقلارنى قىلىسەنغۇ دوستۇم." دەپ قاسىمنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلدى دوستى. ئەمما ھېچ نېمىنى ئاڭقىرالماي ھەيران بولغان ھالدا مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇردى.

زىياپەت رەسمىي باشلىنىپ كەتتى. قاسىممۇ ئاغزىغىچە چۆپىنى توكۇۋالغان ئاش سۈيىگە نان توغراپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئۆزىنى ھاراققا تەييار قىلىپ ئۈلگۈردى. چوڭ ئىككى تەخسە چىققان گۆشلۈك قورىما دەرھال چوكىلارنىڭ بىردەك بولاڭ- تالىڭىدا قالدى. قائىدە بويىچە پىشقەدەم ساقىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان يوغان بويۇن، بۈگۈنمۇ ساھىپخانلىقنى قولدىن بەرمىگەنىدى. پىشقەدەم ساقى تۆت رومكا ئالغۇزۇپ ھاراقنى پەم بىلەن تەڭشەپ قويۇپ ئاغىنىلىرىگە بىردىن تارقىتىپ چىقتى.

"قېنى ئاغىنىلەر، ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، بۈگۈن بىز ھېلىقى 'ئىپالتا قوشۇنى' نىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!"

ھەممىنىڭ ئاغزىدىن "ئىپالتا قوشۇنى ئۈچۈن!" دېگەن سادا ياڭرىدى. تۆت رومكا بىر- بىرسى بىلەن نازۇك جىرىڭلىغان ئاۋاز چىقىرىپ ئۇرۇشتۇرۇلدى. قاسىم ھېچنېمىنى

ھەيران بولغان دوستلىرى تىڭىرقاش ئىچىدە بىر- بىرسىگە قارىشىۋېلىپ بىرھازا جىمىپ قېلىشتى. ئاندىن ساقى سۆزگە كىرىشىپ بۇ جىمجىتلىقنى بۇزدى:

"قاسىم ساڭا نېمە بولدى؟! بۇنداق ئىشلارنى ئاڭلىساڭ خوش بولىدىغان ئادەم ئارىمىزدا سەنلا ئىدىڭغۇ؟! ھەر قېتىملىق ئولتۇرۇشىمىزدا مىللەت، ۋەتەن دەپ بېشىمىزنى ئاغرىتىدىغان كىشى سەن ئەمەسمىدىڭ؟!" _ ساقى قاسىمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى باشقىلارمۇ باش لىڭشىتىپ ماقۇللىشىپ بېرىشتى.

قاسىم، ھودۇققىنىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى: "ياق، بۇلار راستىنلا سەممىي سۆزلەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ." دەپ كۈڭلىدىن ئۆتكۈزدى. خەۋەرچى دوستىدىن بايىقى تەشۋىقات ۋارىقىنى سوراپ قولىغا ئېلىپ بىرقۇر ئوقۇپ چىقتى. ئۇ قايتىدىن دوستلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئاغىنىلىرىنىڭ يۈزلىرىدىكى سەممىيلىككە ئىشەندى. ئۇنىڭدىكى قورقۇنۇشلار، ئەنسىرەشلەر بارغانسىرى تارقىلىپ، خېلىلا روھلىنىپ قالماقتا ئىدى.

"قاسىم بۇ كۈنلەردە راستىنلا كېسەل بولۇپ سىرتتىكى ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئىكەن، ئۇنى بەك زورلىمايلى. _ دەپ گەپكە ئارىلاشتى باياتىدىن گەپ قىلماي ھە دىسىلا گېزىت قەغىزىدە موخوركا يۆگەش بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرغان دوستى. ئۇ يېنىدىن كۆپ- كۆك موخوركىدىن بىر چىمدىم ئېلىپ قەغىزىگە قويغاش گېپىنى داۋام قىلدى _ قېنى ساقى، ۋەرىپەڭنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟!"

تەشۋىقاتچى قاسىمنىڭ قولىدىكى ۋاراقنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئاۋايلاپ قاتلاپ ئىچكى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، قاسىمغا قاراپ دېدى:

"ئىشەنگىم كەلمەيدۇ ساڭا قاسىم ئاداش، بۇ ئىشلاردىن سېنىڭ خەۋەرسىز قېلىشىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس بولىشى كېرەك ئىدى. يا سەن بىزگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىڭ، يا بولمىسا ..."

"خاپا بولماڭلار ئاغىنىلەر، بۇ يېقىنلاردا مەن راستىنلا ئاغرىپ قالغانىدىم. كوچىلاردا بولىۋاتقان ئىشلاردىن راستىنلا خەۋىرىم بولماي قاپتۇ. سىلەرنىڭ پۈشقاقتىن چىققاندەكلا تۇيۇقسىز بۇنداق قورقۇنۇشلۇق گەپلەرنى قىلىشىڭلارغا ھەيران قالغانىدىم _ ئۇ سەل جايىغا چۈشۈپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. _ دېگىنىڭلار راستمۇ؟! يەنىلا چاقچاق قىلىۋاتقىنىڭلاردەكلا ھىس قىلىۋاتىمەن، زادىلا ئىشەنگىم كەلمەيدۇ بۇ دېگەنلىرىڭلارغا."

"قاراپ تۇرۇپلا بۇنچە چوڭ ئىشلار توغرۇلۇق ساڭا قانداقمۇ يالغان سۆزلەيتتۇق؟!

بىز بۈگۈن مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا كەلمىدۇقمۇ، ئاز گەپنى قىلىپ ئوقى ئوقۇيدىغىنىڭنى!"

قاسىمنى بۇ چۈشۈنۈكسىز گەپلەر تېخىمۇ ھولۇقتۇرماقتا ئىدى. ئۇ دوستلىرىنىڭ نېمە دېيىشقانلىقىنى پەرەز قىلالماي ئەتراپىدىكىلەرگە قارايتتى. ھولۇققۇشتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھېلى چوكىنى، ھېلى چىنىسىنى تۇتۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ تىزلىرى باشقىلاتىن تىترىشكە باشلىدى.

"قاسىم ئاداش، سەنمۇ ئاڭلىغانسەن، بۇ بىر ئايدىن بېرى تويۇقسىزلا ئاجايىپ قورقۇنۇشلۇق ۋەقەلەرنى ئاڭلاۋاتىمىز، ئۇ يەردە بىر باشنىڭ قېتىغى چىقىرىۋېتىلگەن، ...

_ قاسىم چۆچىگىنىدىن ئەندىلا ئاغزىغا ئالغان چېيىنى پۈركىۋەتتى! خەۋەرچى دوستى ئوقۇشتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاسىمغا ھەيرانلىق بىلەن قاراۋالدى. _ دېمىدىممۇ، ئۇ خېلىدىن بېرى ئاغرىق دەپ. ... شۇ، شۇنداق، نېمە دەۋاتقانتىم؟ ھە، ئۇ يەردە بىر خىتاينىڭ بېشى، بۇ يەردە بىر خىتاي بالىسى بوغۇزلاپ تاشلىۋېتىلگەن، ئۆتكۈنى قارىساڭ بىر لوخەننىڭ قارنى بوسۇۋېتىلگەن! ساقچىلارمۇ ئاخماق، ئۇلار ھە دېگەندىلا بىر مۇنچە ئۇيغۇر قاسساپلىرىدىن گۇمانلىنىپ سولاپ قويۇشقىنىنى دېمەمدىغان! ئەسلىدە بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقانلار مانا مۇنۇلار ئىكەن ئەمەسمۇ!" _ دېگىنىچە ئۇ قولىدىكى ۋاراقنى ئوقۇشقا تەمشەلدى. قاسىممۇ ئاغزى بۇرنىنى سۈرتىۋېتىپ ئۇ قەغەزدە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلىپ بېقىشقا تاقىتى تاق بولۇپلا تۇرغانىدى.

"باياناتا! قەدىرلىك يۇرتداشلار! خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سالغان زۇلۇمى چېكىگە يەتتى! بىز ئەندى ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا دەرھال ئاتلانمىساق، ئۇلار بىزنى ئومۇمىي يۈزلۈك تازىلاشقا ئاتلاندى! بىزنىڭ مەخپىي قوشۇن ئىزالىرىمىز مەلۇم بىر شىركەتتىكى پىنسىيىگە چىقىۋالغان قاتىل لوخەننى پالتا بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈپ تۇنجى ھەرىكىتىمىزنى باشلىغىنىمىزدىن بۇيان، بۈگۈنگىچە جەمئىي ئون بىر قېتىم خىتاي قوغلاش ۋەقەسى پەيدا قىلدۇق. بىز كۈنسايىن تەجرىبىسى ئېشىپ كۈچىيىۋاتقان مەخپىي ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچى قوشۇن ئىزالىرىمىزغا تايىنىپ ۋەتىنىمىزدە بىرمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىسى قالمىغىچە بۇ مۇقەددەس ھەرىكىتىمىزنى قەتئىي جان تىكىپ داۋاملاشتۇرىمىز! – ئايپالتا قوشۇنى"

ھەممە بىردەك چاۋاك چېلىپ بۇ "باياناتا" نى تەبرىكلەشتى. ئاڭسىز ھالدا دوستلىرىغا قوشۇلۇپ چاۋاق چېلىشىپ بەرگەن قاسىم دەرھال ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ چاۋاك چالغان قولىغا ھەيران بولۇپ قارىدى ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىلەرنى تاقاشقا كىرىشتى:

"ئاغىنىلەر، نېمە قىلاي دېيسىلەر ماڭا! مېنى بالاغا تىقاي دەمسىلەر- يا!"

"بۇنى ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ بىلمەيدىكەن دېيىشىدۇ. بىر- بىرىنى تونىمايدىغان ئاجايىپ بىر مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ چىقىپتىمەك. ..."

قاسىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ رەسمىي ھاياجانلىنىپ، يۈزلىرىگە قان يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزىگە بېرىپ يۈرگەن قىسمەتلىرىنى ئۇنۇتۇپ قېلىۋاتاتتى. ھەتتا ئۆزىگە ھاي بەرمىسە، ھاياجانلانغىنىدىن نېرىقى ئۆيدىن ھېلىقى كىتاپلارنى ئېلىپ چىقىپ دوستلىرىغا كۆرسىتىۋېتىشتىنمۇ يانمىغىدەك ھالغا كەلگەنىدى. "ھاي- ھاي، ئۆزەڭنى تۇتىۋال، ئۇلار تېخى بۇ كىتاپلار توغرىسىدا بىر نېمە دېيىشكىنى يوق!" _ دەپ ئۆزىنى ئارانلا بېسىپ ئولتۇراتتى.

ئولتۇرۇش يەنىلا بۇرۇنقى كونا پاسونى بويىچە داۋام قىلماقتا ئىدى. پوتولكىدىكى ھاراقنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ ئاغىنىلىرىنىڭ ئاغزى ئېچىلىشقا باشلاپ، يېڭى- يېڭى پوتولكىلارنىڭ جوزىغا تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ھاياجىنى ئارتىپ، ئاخىرى بىر- بىرىگە گەپ بېرىشمەي ھەممىسى تەڭ سۆزلەيدىغان ھالغا كېلىشتى. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا كونا ئادىتى بويىچە ساقى بولغىنى غىپلا قىلىپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتنى قولدىن بەرمەي بوغۇزلىنىۋېتىلگەن قويدەك خارقىراپ خورەككە چۈشۈپ كەتتى. يەنە بىرسى قۇرۇق ھاراق شىشىنى مەيدىسىگە بېسىپ ئۆزىچە بىر نېمىلەر دەپ نالە قىلغىنىچە مۆلدۈرلەپ يىغىغا چۈشۈپ كەتتى. ئاخىرىدىكىسىمۇ يېرىم كۆلۈمسىرىگىنىچە سافاغا قىڭغىيىپ تاتلىق ئۇيقىسىغا پېتىپ قالغان بولۇپ، سافانىڭ قولتۇقىغا بوشىتىلغان قويۇق قوسۇق ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزۇشقا يەتمىگەندەك قىلاتتى. بىر ھازادىن كېيىن يىغلاۋاتقىنىمۇ جوزىدىكى تەخسىنىڭ ئىچىگە يۈزىنى چىلاپ پۈكۈلگەن خورىگىنى ئىنچىكە تارتقىنىچە ئاچچىق ئۇيقىسىغا غەرق بولدى. ...

قاسىم، ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ مەنزىرىگە قاراپ قىلچە نارازىلىق ئىپادىسىدە بولماي، بىر چەتتە خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىرىنچى رومكىسىنى ياندۇرىۋەتكىنىدىن كېيىن قايتىدىن ھاراققا قول ئۇزارتمىغان بولسىمۇ، ئاغىنىلىرىنىڭ نوتۇقلىرىنى ھاياجان بىلەن بېرىلىپ باشتىن- ئاخىرغىچە زېرىكمەي ئاڭلاپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ روھى ئالاھىدە كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ھەتتا بىر يەرلىرىگە كېلىپ 'ئايپالتا قوشۇنى' دىكىلەرنىڭ ھېلىقى چولاق لوخەن ۋەقەسىنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋالغانلىقىدىن قىزغىنىپ ئۆزىچە غودۇڭشۇيمۇ ئۈلگۈردى. دېمەك، قاسىم خاتا ئىش قىلمىغان ئىكەن. ئۇ، ئورۇندۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ گىدەيگىنىچە مەغرۇر قىياپىتى بىلەن تاماكىسىنى شوراپ بىر ھازاغىچە دوستلىرىنىڭ ئۇخلاشلىرىنى تاماشا قىلدى. ئۇ ئۆزىچە بۇ بىر ئايىقى ۋەقەلەرگە سەۋەپچى بولغان كىشىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى

مەن تېخى بايىلا بۇ يەرگە كەلگىچە بىرسىدىن ئاڭلىغىنىمنى نېمە دەيسىلەر؟ تۈنۈگۈن كېچىدە ساقچى ئائىلىلىكلەر قوراسىدا بولغان ۋەقەنى دېمەمسىلەر، قارىغاندا بۇ قېتىمقىسى خىتايلارنى بەكلا چۆچۈتۈۋەتكەندەك قىلىدۇ. ئۇ قورادىكى بىر خىتاي ساقچى سوجاڭنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويۇشقانىكەن. بەدىنىنى قورانىڭ ئوتتۇرىسىغا قارىنىنى تۆكىۋېتىپ ئۈچەي- باغرىنى چۇۋۇپ يېيىۋېتىپتۇدەك! نېمە دېگەن ۋەھشىلىك، قورقۇنۇشلۇق!" _ دېدى خەۋەرچى دوستى.

"ھەقىقەتەن قورقۇنۇشلۇق ئىكەن! _ دېگىنىچە موخوركىسىنى تۇتاشتۇردى كۆك تاماكىچى. _ شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئىداردىكى خىتايلار بىز ئۇيغۇرلاردىن يىراق قېچىپ تۇرىدىغان، بىز خەققە تىكىلىپ قارىيالمايدىغان بولۇپ يۈرگىنىكەن- دە، ئىپلاسلار!"

ساقىمۇ "راستىنلا قورقۇنۇشلۇق ئىشلار، ..." _ دەپ غودۇڭشىغىنىچە رومكىلارغا هاراق قويۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

"ھەممىدىن قىزىق يېرى، _ دەپ قوشۇمچە قىلدى تەشۋىقاتچى، _ بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىگىلا ھېلىقى 'ئايپالتا قوشۇنى' دېگەن ئىمزانى تاشلاپ قويىشىدىكەن. بىزنىڭ ئىداردىكى خىتاي باشلىقلار كۆرۈنۈشتە يوغان گەپ قىلىشقىنى بىلەن يوشۇرۇنچە قېرى ئانىسى بىلەن بىر نەۋرىسىنى ئىچكىرىسىگە قاچۇرىۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان باشقا سوكا باشلىق خىتايلارمۇ بانكىدىكى ئامانەتلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشىپ، بالا- چاقىلىرىنى خىتايغا يولغا سېلىۋېتىش كويىدا يۈرگىدەك."

"مۇنداق دېگىنە، مەھەللىدىكى دوللارچىلار نېمىشكە پويىز ئىستانسىسىغا يوغلايدىغان بولۇپ قېلىشتىكىن دەپ ھەيران قالغانىدىم. ئۇلار خىتايلارغا بىلەت سېتىشنىڭ پېيىغا چۈشكەنىكەن- دە!"

"ئاڭلىسام پويىز ئىستانسى قېچىۋاتقان خىتايلار بىلەن لىق توشۇپ كېتىپتۇ دېيىشىدۇ."

"ئۇ نېمە دېگىنىڭ، قايسى كۈنىسى دادام پويىز ئىستانسىغا بىر ئىش بىلەن بېرىۋىكەندۇق، پويىزغا چىقىدىغان خىتايلارنىڭ ئۆچىرىتى ئۇزىراپ قويرىغىنى كۆرگىلى بولمايدۇ دېگەنتى."

"يەنە ھېلىقى ۋىتنام ئۇرۇشىدىكىدەك خىتاي قېچىش باشلىنىپتۇ- دەڭلا."

"يەنە نەدىكى گەپنى قىلىسەن، ئۇ يىلدىكى خىتاي قېچىشى بۇگۈنكىسىنىڭ ئالدىدا قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمەيدۇ!"

"ھە، مۇتداق دېگىن، ئاپىرىن بۇ 'ئايپالتا قوشۇنى' دىكىلەرگە. بۇ قوشۇندىكىلەر قانچە كىشى بولغىيدى؟!"

# 3. يېڭى ھەرىكەت پىلانلىرى

_ جاھان بەكلا ئىگىز- پەس. بىزنىڭ ئوغۇلنى كەلسە- كەلمەس ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالمىسۇن دەپ بەكلا ئەنسىرەيمەن.

_ راست دەيسەن، قايسى كۈنىسى كېچىدە تۇردى ئۇستامنىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ كېتىپتۇدەك. ...

___ پاڭچىلارنىڭ سۆھبىتىدىن.

قاسىمنىڭ بەدىنىدىكى يارىلار كۈندىن- كۈنگە يېڭىلىنىپ تۇراتتى. ھەر قېتىم سوراقتا تارتىلىشىدا يېڭىدىن يارىلار قوشۇلۇپلا قالماي، كونىلىرىمۇ قايتىدىن ئېچىلىپ تۇراتتى. ۋەھشى خىتاي جاللاتلىرى ھېلى مىق قېقىش، ھېلى تۇزغا مېلاش، ھېلى تاسمىلاش، ھېلى توك ئۆتكۈزۈش، جىنسى ئورگانلىرىغا قىل تىقىپ كولاش، ... قىسقىسى بۇ خىتايلارنىڭ ئادەم قېلىپىدىن چىققان ئەڭ ياۋايى ۋەھشى تاجاۋۇزچىلار ئىكەنلىكىنى تۈرمە ئىچىدە ئاپ- ئاشكارە كۆرسىتىلىشقا بولاتتى – باشقىلارنىڭ ۋەتىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋېلىشتا ھەقىقەتەنمۇ ئادەمىي قىياپەت تېپىلمايتتى! قاسىم بۇلارنى كۆرۈپ، نۇرغۇنلىغان 'ۋەتەنپەرۋەر داھى' لىرىمىزنىڭ مانا مۇشۇ خىتايلاردىن خالىغان بىر شەكىلدىكى تېنچلىق ئۇسۇلىغا تايىنىپ ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل قىلىشقا بولىدۇ، دېيىشىپ خەلقىمىزنى شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تېنچ پائالىيەتلەرگە ئىشەندۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىغا زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى. ھەتتا بەزىدە ئەنە شۇ خىتايلاردىن، ھەرقانداق بىر تېنچلىق يولى بىلەن مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ دەپ شۇنچە نۇرغۇن كىشىنى كەينىگە سېلىپ يۈرگىنىگە قاراپ، "بۇ داھىلىرىمىز خەلقىمىزنى قايمۇقتۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىتاي جاسۇسلىرىمۇدۇ- يا؟" _ دېگەن گۇمانلارغىمۇ كېلىپ قالاتتى.

خىتاي گۇندىپايلىرى بەزىدە قاسىمنى ھەپتىلەرگىچە كارى بولماي تاشلىۋېتىشەتتى. ئەسلىدە بۇنداق ۋاقىتلاردا سىرتتا يېڭى ۋەقەلەر كۆپىيىپ كېتىپ، گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنغانلاردىن قولى بوشىماي قالغان ۋاقىتلىرى ئىدى. ئۇلار

خىيال قىلىپ "يارايسەن!" دەپ كۆڭلىدە ئۆزىنى ئۆزى ماختىۋالغانمۇ بولدى. ئەندى ئۇنىڭ كاللىسىدا كىلەر قېتىملىق قىلىشقا تېگىشلىك ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ھەرخىل پىلانلىرى تىزىۋلمەكتە، كەينىدىنلا ئۇ پىلانىغا قايىل بولماي يەنە رەت قىلىپ يېڭىسىنى پىلانلىماقتا ئىدى.

ئۇ، تۈنجى ھەرىكىتىدە ھەقىقەتەنمۇ بەكلا بىخەستەلىك قىلغانىكەن. ئىز قالدۇرۇپ قېلىشى ياكى بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى قەتئىي خىيالىغا كەلتۈرمەي ھەرىكەت قىلغانىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ھەيرانىدى: "راست دېگەندەك شۇنچە پىلانسىز ۋە شۇنچە بىخەستەلىك بىلەن قىلىنغان ۋەھىمىلىك ھەرىكىتىنى نېمە ئۈچۈن ھېلىغىچە پاش قىلىشالمىدى؟! دېمەك، بۇنداق ئىشلارنى قىلغاندا بىخەتەرلىكىنى تولۇمۇ بەك مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەندە. ئەسلىدە بۇنداق ئىشلارنىڭ خەتىرىنى بەك مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىشتىكى مەقسەت – بۇنداق ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ بىر باھانىسى ئوخشىمامدۇ؟!" _ دەپ ئويلاپ قالدى. دوستلىرىنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، خىتاي رازۋېتچىكلىرى ئاللىمۇ قاچان تۈنجى ۋەقەنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇتقان بولۇپ، ھازىر ئۇلار تېخىمۇ پاجىئەلىك پەيدا قىلىنغان كېيىنكى ۋەقەلەر ئىچىگە چۆكۈپ قالغاندەك قىلاتتى. قاسىم بۇلارنى ئويلاپ پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى.

"ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئىز» شېئىرىدا توغرا دېيىلگەن: 'تاپىدۇ بۇ ئىزلارنى بىر كۈنىسى نەۋرىمىز ياكى ئەۋرىمىز!' نېمە دېگەن داھىيانە ئالدىن كۆرەرلىك- ھە!" _ قاسىم خېلىلا روھلىنىپ قالغانىدى. ئۇنى بۇ كېچىدە پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىپ بولدى دېيىشكىمۇ بولاتتى. ...

قاسىمنىڭ ئەسلىمىلىرى باشقا كامېرلاردا كۆتۈرۈلگەن سەھەرلىك ئېڭىراش-ۋايساشلاردىن بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇ، بۇ ئەسلىمىلىرىنى قاچانلاردىن باشلاپ ئەسلەپ ياتقانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئەمما ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇپ خېلىلا ئارام تېپىپ قالغانىدى. تۈرمە ئىچىدە يېڭىدىن ئېڭىراشلار، ۋايساشلار، خىتاي گۇندىپايلىرىنىڭ ئاياق تىۋىشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىغانىدى. تاڭ ئاتقان بولسا كېرەك؟! قاسىمنى شىرىن بىر ئۇيقا تۇتقاندەك قىلاتتى. ...

قاسىمنىڭ تېرىك ساقلىنىپ تۇتۇپ تۇرۇلىشىمۇ خىتاي فاشىستلىرىنىڭ بىرلا مەخسىدىگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئىدى: يېڭى قولغا چۈشكەنلەرنى ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق قورقۇتۇپ ئىخرا قىلدۇرۇش ياكى پاش قىلدۇرۇشقا ۋاستە قىلىش ئىدى. بۇنىڭ ئۇنۇمىنىمۇ خىتاي جاللاتلىرى كۆرمىدى ئەمەس، بەزى تەجرىبىسى يوق ھاياجىنىغىلا تايىنىپ ھەرىكەتكە قاتنىشىپ قويۇپ قولغا چۈشۈپ قالغانلار ياكى شەخسى ئابروي قوغلىشىپ بۇ ئىشلارغا چېتىلىپ قالغانلار قاسىمنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى كۆرگەن ھامان پۇشمىنىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي ئىخرا بولىشىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىخراسى ياكى پاش قىلىشى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئېغىر جازالىنىشىغا سەۋەپ بولۇپ، ئاخىرى تۈگىمەس قېيىن- قىستاقلار نەتىجىسىدە بەكلا ئېچىنىشلىق تۈردە ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەپ بولۇپ قالاتتى. ...

قاسىم شۇنچە ئېغىر ئازاپلىنىشلار ئارىسىدا يەنىلا ئۆزىگە ئەسلىمە ئۈچۈن زېھىن چىقىرالايتتى. بۈگۈنمۇ خۇددى بۇرۇنقىدەك، مىسىر پىرامىدىلىرىدىن چىقىرىلغان مومىيالاردەك تېڭىۋېتىلگىنىگە قارىماي، ئۇنىڭ قېلىن داكىغا ئورالغان مېڭىسى يەنىلا شىرىن ئەسلىمىلىرىنى ئەسلەشتىن توختىمىغانىدى. ...

قاسىمنىڭ ئەسلىمىلىرى يەنە ھېلىقى تۇنجى ۋەقە پەيدا قىلغاندىن كېيىنكى ئاغىنىلىرى بىلەن بىرگە بولغان كۈنلىرىگە كېتىپ قالغانىدى. ...

شۇ قېتىمقى ئۇلتۇرۇشتا خېلى ئارام تېپىپ قالغان قاسىم، ئۆزىدىن ئۆزى غورۇرلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى: "ياق، ئەسلىدە بىرەر ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلماي كېلىۋاتقانىكەنمىز. مانا قارا، مەنمۇ ۋەتىنىمگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلالايدىكەنمەن!"

قاسىم، ھەقىقەتەنمۇ بۇ بىر ئاي ئىچىدە سىرتتا ئاجايىپ- غارايىپ ۋەقەلەرنىڭ پەيدا قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىماقتا ئىدى. ھەتتا بەزى ۋەقەلەر شۇنچىلىك مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ رىۋايەت قىلىنماقتىكى، گويا بۇ ھەرىكەتلەرنى ئامېرىكىنىڭ مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى _ س ئى ئا تەرىپىدىن پەيدا قىلىنىۋاتقانلىقى، قايسى بىر پلانىتتىن كەلگەن بىر خاسىيەتلىك ئادەمنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇلارنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ قويۇش نىيىتىگە كېلىپ بۇ ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى خېلى بىلىملىك دەپ قاراشقا بولىدىغان كىشىلىرىمىزنىڭمۇ ئاغزىدىن ئاڭلاش مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردە بۇ ھەرىكەتلەرنى گويا تىلسىماتتىن كەلگەن كۆرۈنمەس بىر سۇلايمان قالپاقلىق خىزىر تەرىپىدىن قىلىنىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىپ يۈرگەنلەرگە ھەيران قالغۇچىلىقى يوق ئىدى.

يېڭىلاردىن بىر نېمە چىقىپ قالارمۇ دېگەن تامادا قاسىمغا چولىسى تەگمەي قالغان بولاتتى. بىر- ئىككى ھەپتە ئۆتمەيلا، قايتىدىن ئۇنى ئۆلگىدەك قىيناپ ئازاپلىشاتتى. قاسىممۇ تۈرمىگە تۇنجى قېتىم چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماستىن، روھىي جەھەتتىن قىلچىمۇ سۇنغاندەك قىلمايتتى. "قىينا كاپىرلار، قىينا! بۇ قىيناشلىرىڭ مەن سىلەرگە بۇ بىر قانچە يىلدىن بېرى قىلغان نەچچە ئون قېتىملىق خىتاي قوغلاش مەخپىي پاجىئە پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرىم ئالدىدا قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمەيدۇ! ـ ئۇ، بەكلا خاتىرجەم بولۇپ، ئەنسىرەش، قورقۇش، پۇشايمان قىلىش دېگەنلەردىن قىلچىمۇ ئەسىر يوق ئىدى. ـ يالغۇز بېشىمغا يۈزگە يېقىن خىتاي تاجاۋۇزچىسىنى يوقۇتۇپ، نەچچە ئون مىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىسىنىڭ دۆلىتىگە قېچىشىغا بىۋاستە سەۋەپ بولالىدىم؛ نۇرغۇنلىرىنىڭ بىزدىن بۇلاڭ- تالاڭ قىلىپ توپلىغان مال- مۈلۈكلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتىم؛ ئەڭ مۇھىمى ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سۇنئىي كۆپىيىشىنى توساش ھەرىكىتىنىڭ رەسمىي بىر دولقۇن ھالىغا كېلىشىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى باشلامچىلىرىدىن بىرى بولالىدىم. تېخى يەنە مېنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستەم بىلەن نۇرغۇنلىغان خىتاي قوغلاش مەخپىي قوشۇنلىرى تەشكىللىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى ئاخىرقى باسقۇچىغا يېقىنلاشتۇرۇشتا تارىخقا يېزىلمايدىغان تۆھپىلىرىمنى دېمەيلا قوياي. بۇلارنى ئويلىغىنىمدا، ئەگەر خىتايلار مېنى بىلىپ قالسا تىرىك تۇرغۇزۇپ يەۋەتمەن دېسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ!"

قاسىم ھەقىقەتەنمۇ خاتىرجەم ئىدى. ئۇ، ھەربىر سوراققا ئېلىپ چىقىپ قىيناشقانلىرىدا خۇددى ناركوز قويۇپ ئاپېراتسىيە قىلىنىۋاتقىنىدەكلا خاتىرجەم مۇئامىلە قىلاتتى. ئېھتىمال مۇۋەپپەقىيەت ئادەمنى ئەنە شۇنداق سۇنماس ھالغا كەلتۈرەلىسە كېرەك؟! بەزى كىتاپلاردا كوپېرنىكنى ئۆلۈم ئالدىدا قىلچە پىسەنت قىلماي تۇرۇپ بېرەلىگەن دېيىشىدۇ؛ بىزدىن چىققان ئابدىخالىق ئۇيغۇرمۇ خىتاي ۋەھشىلىرى تەرىپىدىن پارچىمۇ- پارچە توغرىلىنىشىنى خەلقىي- ئالەم ئالدىدا تىك تۇرۇپ كۈتۈۋالىغانىكەن! ... قاسىممۇ ئەنە شۇنداقلارنىڭ ئېرىشكەن جاسارىتىنى ئۆزىدە نامايەن قىلماقتا ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭغا جازا بېرىۋاتقان بىر ياش خىتاي جاللىتى بۇنچە ئېغىر ئادەم قېلىپىدىن چىققان قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرىۋاتقان قاسىمغا قاراپ رەسمىي ئېلىشىپ ساراڭ بولۇپ قالغان! بۇ خىل قىيناشلاردا تەرجىمان بولۇپ قاتناشقان بىر ئۇيغۇر مۇناپىقىمۇ بۇنچە دەھشەتلىك مەنزىرىگە چىدىماي، ئاخىرى تاپانچىسى بىلەن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىۋالغانىكەن!

ئۈستىدە نەچچە كىچە ھەپىلەشتى. ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن ئاپتوماتنىڭ چاقماق، مىكرو لامپوچكىلار، مىكرو ئاۋاز چىقىرىش قۇرۇلمىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ كۆردى. تۈگمە باتارېيىلەر تىزمىسى بىلەن توك بېسىمى ۋە توك ئېقىمىنى كۈچەيتىش، سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىش، ھەر خىل قىل ۋولفرام سىستېمىلىرىنىڭ يورۇغلۇق كۈچىنى سىناق قىلىش، سەرەڭگە بېشى، ھەر خىل پوجاڭزا دورىسى، پىستان دورىسى، پىلىك دورىسى قاتارلىقلارنىڭ قايسى خىل سائەت قۇرۇلمىلىرىغا، قايسى خىل سىگنال سىستېمىلىرىدا، قانچىلىك توك بېسىمى ئاستىدا، قايسى خىل باتارىيە تىزمىلىرىدا، قانچىلىك ۋە قايسى خىل دورىلاردا قايسى دەرىجىدە يېنىشنى پەيدا قىلالايدىغانلىقى قاتارلىقلار ئۈستىدە بىرمۇ- بىر زېرىكمەي سىناق قىلىپ چىقتى. بۇ جەرياندا ئۇرنىڭ ئوقىغان ئېلېكتىرستاتىستىكا ۋە يېرىم ئۆتكەزگۈچ ئەسۋاپلىرى توغرىسىدىكى بىلىملىرىنىڭ كارغا كەلگەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئەمما خىمىيە ساۋادىنىڭ بەكلا يېتەرسىز ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلدى. ئۇ بۇ جەھەتلەردە قايتىدىن تىرىشىشى لازىملىقىنى قارار قىلىپ بۇ ھەقتىكى كىتاپلارنى سېتىۋېلىشقا ۋە ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ...

قاسىم بۇ جەرياندا ھېلىقى ئۇلپەتلىرى بىلەن ئۆتكۈزىلىدىغان ئولتۇرۇشلارنىمۇ قولدىن بەرمىدى. ھەر ھالدا ھاراق ئىچىشنى يەنە بىر قانچە قېتىم سىناق قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، راستىنلا ئىچەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالغاندى. دوستلىرىمۇ بۇنداق ئەرزان ئۇلپىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزلىرى قىيماي، سورۇندىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئاجرىتىشنى ھەرگىزمۇ ئۇنۇتمىدى. دەرۋەقە، قاسىممۇ نۆۋەتتى كەلگەندە مائاشىنى يۇيۇش، قايسى بىرلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى، توي قىلغان كۈنىنى، ھەتتا بەزىدە ئامال بولمىغىنىدا ئايالىدىن ئاجراشقان كۈنىنى خاتىرىلەش، ... دېگەندەك باھانىلار بىلەن بولسىمۇ سېخىيلىق بىلەن ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرۇش تۈزەشكە تىرىشاتتى. بۇنداق ئولتۇرۇشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا ھاراق ئىچىشنىلا مەقسەت قىلغىنىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئارىلاپ ئۇزۇن قۇلاق ئاغىنىلىرىدىن يېڭى خەۋەرلەر، يېڭى مەلۇماتلار، يېڭى تېخنىكىلار، يېڭى ۋەزىيەتلەر ھەققىدە مەلۇماتلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. بۇ تۈردىكى ئولتۇرۇشلارنى بىر ھېساپتا قاسىمنىڭ جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەردىن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرى جەھەتتە خەۋەردار بولۇشىنىڭ بىردىن- بىر مەنبەسى دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئاغىنىلىرىنىڭ سۆھبەتلىرى كۆپىيىنچە دەسلەپكى بىر پوتولكىنىڭ تۈگىشىگىچىلا قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرىگە ھاراقنىڭ كۈچى ئارىلىشىپ كەتكەچكە، دېگەندەك قىممىتى قالمايتتى. شۇنداقتىمۇ بۇنچىلىك

... ئەسلىدە بۇ خىلدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە، ئۆز كۈچىگە ۋە ئۆز ئىرادىسىگە ئىشەنمەي كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. ... قىسقىسى، خەلق ئارىسىدا بىر خىل ئۈمىدۋارلىق قىمىرداشلىرىنىڭ شەپىسىنى مەخپىي بولسىمۇ ھېس قىلغىلى بولىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى. دېگەندەك، بىر قىسىم كالتا پەملىكلەر ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالماي تەۋەككۇل قىلىپ نەق مەيداندا بىكاردىن- بىكارغىلا تۇتۇلۇپ قالىدىغان، ياكى بەزى ھارامزادىلەر ئۆزىنى قەھرىمان كۆرسىتىۋېلىشكە ئالدىراپ كېتىپ قۇرۇقتىن- قۇرۇق پو ئېتىپ سۆزلەپ قويۇپ، بىھۇدە ئۆزىنى بالاغا تۇتۇپ بېرىدىغان غەلىتىلىكلەرمۇ كۆرۈلمەكتە ئىدى.

قاسىم بۇ تۈردىكى زامانىۋىي تۈسلەرگە كەلتۈرۈلگەن چۆچەكلەرنى مۇنداقلا ئاڭلاپ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلسىمۇ، بۇ خىل ئىجابىي ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچ- ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كېتەتتى.

ئۇيغۇر قىمىرلاشقا باشلىغانىدى!

قاسىم بۇلاردىن قايتا جاسارەت ئېلىپ، باشلىغان ئىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىسىگە كەلدى. ئەندى ئۇ، قىلىدىغان مەخپىي زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى ئەستايىدىل پىلانلاش ئويىغا كەلدى. بۇ قېتىم بۇرۇنقىدەك ئۇنداق ئۇدۇل بېرىپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ پاجىئەسىنى پەيدا قىلىش ئورنىغا، ئۇن نەچچە يىل بۇرۇنقى بارىن مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان مەخپىي پارتىلىتىش ئۇسۇلىدىن ئىلھام ئېلىپ، مۇددەتلىك پارتىلايدىغان بومبا قويۇش ئۇستىدە باش قاتۇرۇش قارارىغا كەلگەندى.

ئۇ ئاۋۋال بىر قاتار ئاپتوماتىك سىگنال بېرەلەيدىغان ئېلېكترونلۇق ئەسۋاپ- ئۈسكۈنىلەر ھەققىدە ماتېرىيال ئىزدىنىشكە كىرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن يان تېلېفونى، تېلېۋىزور- ئۈنئالغۇلارنىڭ يىراقتىن تىزگىنلەش تۇتقۇچلىرى، ئېلېكترونلۇق چاقماقلار، ھەر خىل ئېلېكترونلۇق قول سائەتلىرى، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلار، ... بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆپ تېپىلىدىغان، ئەڭ ئەرزان ۋە ئېلىپ يۈرۈشكىمۇ ئەپلىك دەپ قارىغان ئېلېكترونلۇق قول سائەتلىرىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ كۆرۈشنى تاللىۋالدى.

ئۇ دەرھال بېرىپ خىتاي تۇپ تارقاتقۇچىلىرى بازىرىدىن بىرمۇنچە سودىلىشىپ يۈرۈپ بىراقلا ئۇن نەچچە دانە ھەر خىل ئېلېكترونلۇق قول سائىتىنى سېتىۋالدى. ئۇلاردىن بىر قانچە خىلىنى چۇۋۇپ كۆردى. بۇ سائەتلەرنىڭ توك يوللىرى، سىگنال سىستېمىلىرى، توك كۈچى، سىرتتىن سىگنالنى كۈچەيتىش چارىلىرى قاتارلىقلار

بىلەن سوغدىشىپ كېلىشتىن بىراقلا ۋاز كېچىشكەنىدى. ھەقىقەتەنمۇ بۇ تۆت كىشىنىڭ ئۇلتۇرۇشىدا يات خوتۇن خەق قاتنىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەر قانداق بىر جىنسى چاقچاقلارمۇ بەكلا كام بولۇپ قالاتتى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق 'ئەخلاقلىق' ھاراقكەشلەردىن ئىدى. بۇلارنىڭ ئۇلتۇرۇشلىرىغا ھەۋەسلەنگەنلەردىن بىر قانچە كىشى كېلىپ قاتنىشىپ باققان بولسىمۇ، بۇ يېڭى ئۇلپەتلەر قېلىپلىشىپ كەتكەن بۇ 'تۆت كىشلىك گۇرۇھ' ئىچىگە سىڭىشىپ بولالماي، پاتلا يوقاپ كېتىشكەچكە، ئۇلتۇرۇش ئەھلى پىشقەدەم تۆت كىشلىك ئۇلپەتلەر ھالىتىنى بۇزماي داۋام قىلىشۋەردى.

خەيرىيەت، قاسىم ئىنتايىن خاتىرجەم ھالدا يالغۇز بېشىغا پىلان تۈزۈپ ئۈز ئالدىغا كېتىشۋېرىشنى توغرا كۆرگەنىدى.

ئۇ، ئاۋۋال ئېلېكترونلۇق سائەتلەردىن ئەڭ مۇۋاپىق دەپ بىلگەن بىر خىلىنى تاللاپ ئالغىنىدىن كېيىن، ئىنتايىن بىخەتەر ۋە ئىشەنچىلىك پىستان تاللاش ئىشى بىلەن بىر مەزگىل ھەپىلەشتى. ئەمما ئۇ يەنىلا ئىشەنچىلىك بىر شەكىلدە ئوت ئالدۇرالايدىغان ۋاقىت تېزگىنلىك ئېلېكترونلۇق قول سائەت پىستانى تەييارلىيالمىدى. قانداقلا قىلسا پىستان يانغىلى ئۇنىماي، ياكى بولمىسا كۆچلۈك يانغىلى ئۇنىماي تۇرىۋالاتتى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ تۇرغىنىدا، خەۋەرچى دوستى بىر قېتىملىق ئۇلتۇرۇشتا "ئالمۇتىدىن كەلگەن يېڭى پىستان تېخنىكىسى" دېگەن بىر تەشۋىقات ۋارىقىنى ئوقۇپ بەرگىنى قاسىمغا بەكلا چوڭ ياردىمى تەگكەن بولدى. ئۇنىڭدا، ئېلېكترونلۇق قول سائېتىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىلىرى بەكلا سەزگۈر بولغاچقا، ۋاقىت توشقاندا پىستان تەرەپكە ئۇلىنىدىغان توك يولىغا كۆچلۈك توك ئېقىمى مېڭىش ئاربىلىغىدا، كۆچلۈك توك بېسىمى سائەت تەرەپكىمۇ كېتىپ قېلىپ، سائەتنىڭ مېڭىسىنى كاردىن چىقىرىپ قويۇپ، ۋاقىت تېزگىنلەش رولىنى ئۈزۈپ قويىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا، سائەتنىڭ ئاۋاز ياكى چىراغ سىگنالى ئۇلىنىدىغان پىلوس قۇتۇبى تەرەپكە بىر كىلولۇق بىر قارشىلىق، ئاندىن 1401 تىپلىق ئىككى قۇتۇپلۇق كرىستال لامپىدىن بىرى ئارقىمۇ- ئارقا ئۇلىنىشى لازىملىقى، ئاندىن كېيىن بۇنىڭدىن چىققان بىر ئۇچىغا يۈز مىكرو فارادلىق بىر كوندېنساتورنىڭ پىلوس قۇتۇپى ئۇلۇنىشى لازىملىقى، بۇ ئاردا ئىككى قۇتۇپلۇق كىرىستال لامپىنىڭ باتارېيىگە ئۇلىنىدىغان ئۇچىغا ئۈچ قۇتۇپلۇق ن پ ن شەكىللىك Q1815 كرىستال لامپىنىڭ بېشى ئۇلىنىپ، ئۇنىڭ پىلوس قۇتۇپىغا 12 ۋولتلىق باتارېيىنىڭ پىلوس قۇتۇبى، يەنە بىر ئۇچىغا پىستانىنىڭ پىلوس سىمى ئۇلىنىشى لازىملىقىنى، پىستانىنىڭ يەنە بىر

مەلۇماتلارمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىباھا ئۇچۇرلار ھېساپلىناتتى.

ئۇ بەزىدە تۈزگەن پىلانلىرىدىن دېگەندەك قايىل بولمىغان كۈنلىرىدە، ئېغىر يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ، ئاغىنىلىرىنىمۇ بۇ ئىشقا جەلپ قىلىش ئۈستىدە ئويلىنىپ باقاتتى. قاسىم بۇنداق ئىككىلىنىپ قالغان كۈنلىرىدە ھېلىقى ئىككى كىتاۋنى تىقىپ قويغان يېرىدىن ئاستا چىقىرىپ يالغۇز ئولتۇرۇپ قايتىلاپ ئوقۇپ باقاتتى- دە، ئاخىرى ئاغىنىلىرىنى بىردىن- بىردىن تەھلىل قىلىپ، بۇ پىكرىدىن يېنىۋالاتتى. ئەمما ئۇ قىلىۋاتقان بۇ مەخپىي ھەرىكەتنى بىرسىلىرىگە دېگىسى كېلىپ قورسىقى پارتىلاپ كېتىدىغاندەك قىينىلىپمۇ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ خەتەرلىك سىرلىرىنى گۆرىگىچە بىرگە ئېلىپ كېتىش توغرىسىدىكى 'ئىزچى مەن' تەلىماتلىرىغا بويسۇنۇشقا ئۆزىنى مەجبۇرلايتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سىرىنى ھەر قانچە ئىچى پۇشۇپ كەتسىمۇ دوستلىرىدىن يوشۇرۇشقا غەيرەت قىلدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئاغىنىلىرىنىڭ ھېچ قايسىسىدا 'غىت قىسىپ سىڭگەن نېنىڭنى يە!' دېگەندىن باشقىچە بىرەر ئالامەت سېزىلمىگەنىدى. قاسىممۇ بۇ ئولتۇرۇشلاردىن بىخەتەر مەلۇمات ئېلىشتىن نېرىغا ئۆتمەي كېتىۋەردى. دەرۋەقە، بۇ خىل ئولتۇرۇشلار كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا دوستلىرىنى بىر يەرگە چاقىرىدىغانغا باغاق كەلمىگەن كۈنلىرىدە تەييارلىنىدىغان بولغاچقا، شەنبە- يەكشەنبە كۈنلىرىدە ئولتۇرۇش قىلىشنىڭ ئېنىق بىر بەلگىسىمۇ يوق ئىدى. ئەمما شەنبە- يەكشەنبە كۈنلىرى ئولتۇرۇش بولماي قالغىنىدا، قاسىم بويتاق بولغاچقا، ئولتۇرۇش ھەپتە ئىچىدىكى خالىغان بىر كۈنىسىدە ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. رەسمىي بولمىغان بۇنداق ئولتۇرۇشلار ئۇنىڭ بويتاقلىقى سەۋەبىدىن ئاساسەن يىگانە ئەرلەر ئولتۇرۇشى شەكلىدىلا ئۆتكۈزۈلەتتى. لېكىن كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە، موخوركىچى دوستىنىڭ بويتاق قېلىشى بىلەن، سورۇن تۈزەش ئىشى ئاساسەن بۇ ئىككى بويتاقنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، بۇ ۋەزىپىلىرىدىن ئىككى بويتاقنىڭ ھەر ئىككىسىدىنلا نارازىلىق ئىپادىسى كۆرۈلۈپ باقمىدى. ھەتتا بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، سورۇن تەييارلاش ئىشى ئىككى بويتاق ئارىسىدا يوشۇرۇن رىقابەتنى پەيدا قىلىپ، بىر- بىرسى بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇش تۈزەش ھالىتى شەكىللەنگەنىدى. قالغان ئىككىسىنىڭ ئاياللىرى دەسلىۋىدە بۇ خىل ئەرلەر ئولتۇرۇشىدىن خاتىرجەم بولالماي، بىر نەچچە قېتىم بىرگە كېلىشىپ باققان بولسىمۇ، ئەرلىرىنىڭ شۇنچە تۇتامى يوق گەپلىرى بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ ئىچىشلىرىدىن زېرىكىشتى. ئەڭ مۇھىمى، ئەرلىرىدىن كۈنلىشىدىغان بۇ ئاياللار، ئولتۇرۇشتا بىرەر ئايال گېپىنىڭ بولسىمۇ تىلغا ئېلىنمايدىغانلىقى ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ، ئاخىرى بۇنداق ئولتۇرۇشلارغا ئەرلىرى

بولاتتى. ئەندىكى ئىش، بۇلارنى ئەڭ مۇۋاپىق شەكىلدە قۇراشتۇرۇپ چىقىشتىلا قالغانىدى.

ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ يۈرۈپ ياسايدىغان بومبىسىنى كونسېرۋا ياكى مېۋە قۇتىسى شەكلىگە كەلتۈرۈپ ياساش نىيىتىگە كەلدى، دۇكانلارنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ بىر نەچچە چىرايلىق كاردون مېۋە سۈيى قۇتىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە دورا- پىستانلارنى پەم بىلەن جايلاشتۇردى. قۇتىنى خۇددى تېخى ئېچىلمىغان شەكىلگە كەلتۈرۈپ پىچەتلەپ، ئاپتوماتىك ۋاقىت تېزگىنىنى توپ-توغرا ئىككى سائەتتە پارتلايدىغانغا تەڭشەپ قويغانىدى. 'مېۋە سۈيى قۇتىسى' نى ئېھتىيات بىلەن سومكىسىغا سېلىپ دەرھال كوچىغا چىقتى. يولدا ئۇدۇل كەلگەن بىر ئاپتوۋۇزغا چىقىپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ يەنە بىر ئاپتوۋۇزغا ئالمىشىپ، ئالدىن كۆرۈپ قويغان بىر نەچچە نۇقتىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئاندىن شەھەرنىڭ راسا مىغىلداپ تۇرىدىغان خىتاي بايىۋەتچىلىرىنىڭ يىغىلىدىغان بىر يەردىكى كافىخانىدىن بىرنى مۆلچەرلەپ ئاپتوۋۇز ئالماشتى. قېرىشقاندەك، ئۇدۇلىدىكى يول دوخمۇشىدا ئىككى پىكاپ يول ئوتتۇرىسىدا بىر- بىرى بىلەن سوقۇلۇپ يولنى توسۇۋالغانىدى. ئۇ ھېلىدىن- ھېلىغا سائىتىگە قارايتتى. سومكىسىدىكى ئاپەتكە قاراپ مۈرىدەك تەرلەشكە باشلىدى: ھەر قانچە ئىشەنچىلىك دېگىنى بىلەنمۇ دەرھاللا پارتلاپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئەتراپىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئاپتوۋۇز ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدەك كۆرۈنگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغىنىدىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ، سومكىسىنى ئولتۇرغان ئورۇندۇقىغا قويۇپ سىرتقا قارىغان بولۇۋېلىپ بىر بېسىپ- ئىككى بېسىپ ئىشىك تەرەپكە سۈرۈلۈشكە باشلىدى. ھەممىنىڭ كۆزى سىرتتىكى قاتناش ۋەقەسى بولغان تەرەپكە تىكىلگەنلىكى ئۈچۈن، قاسىمنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ھېچكىممۇ دىققەت قىلىپ كەتمىگەندەك قىلاتتى.

"ئاكا، سومكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ!" _ دېگەن بىر ياش ئۇيغۇر قىزنىڭ نازۇك ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى! بۇ قىزنىڭ ياسىنىشى نەقلا خىتاينىڭ ئۆزى ئىدى. قىزنى ئىچىدە مىڭنى قاغىغان قاسىم، يالغان ھېجايغىنىچە كەينىگە يېنىپ قىزغا رەخمەت ئېيتقان بولۇپ قولىدىن سومكىسىنى ئېلىپلا دەرھال ئاپتوۋۇزدىن چۈشىۋالدى. ئۇ ئالاق- جالاق بولۇپ ئەتراپىغا قاراشقا باشلىدى. سومكىسىدىكى جانىۋارنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ قوياتتى. ئۇ، سومكىسىنى تاشلىۋەتكىدەك بىرەر بولۇڭ ئاختۇراتتى. بۇ ئارىدا ئۇدۇلىدىكى بىنالارنىڭ ئاستىدىكى ھەشەمەتلىك بىر جيۇبانى كۆرۈپ قالدى. قاسىم ئۆتكەن يىلىسى بىر ئاشنىسىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كىرگەنلىكىنى ئەسلەپ ئۇدۇل شۇ بىناغا قاراپ ماڭدى.

سىمىنى، باتارىيىنىڭ مىنۇس سىمىنى، كوندېنساتورنىڭ مىنۇس قۇتۇبىنى ۋە سائەتنىڭ سىگنال سىملىرىدىن مىنۇس ئۇچىنى يەر سىمىگە ئۇلاش كېرەكلىكىنى ئۇگۈنىۋالغان بولدى. قاسىم بۇ قۇرۇلمىنى تەييارلاپ بولغىنىدىن كېيىن، پىستان ئورنىغا ھەرخىل ۋاتلىق لامپۇچكىلارنى قويۇپ سىنىغاندا، قول سائەت تەڭشىگى بۇزۇلماي، توغرىلانغان ۋاقىتلاردا لامپۇچكىنى تولۇق ياندۇرۇشقا بۇيرۇق بېرەلەيدىغان بولدى. بۇنداق پىستان ئۈچۈن قىلغان سىناقلىرىدا رەسمىي كاسىيو سائەتلىرىنىڭ بەكلا ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە ھەيران قالاتتى. بۇ يەردىكى مەسىلە، باتارىيە سەرپىياتىنى ئازايتىش ئۈچۈن تېخىمۇ سەزگۈر ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك پىستان دورىسى قوللىنىشتىلا قالغانىدى. قاسىمنىڭ تەييارلىغان بۇ ۋاقىت تېزگىنلىگۈچلۈك پىستىنى 10مىنۇت بىلەن 24 سائەت ئارىلىغىدا، تېخىمۇ بىخەتەر دېگەندە 12 سائەت بىلەن 10 مىنۇت ئارىلىغىدىكى خالىغان ۋاقىتلارغا توغۇرلاش ئىمكانىغا ئىگە ئىدى. قاسىم بۇ يەرگە كەلگىنىدە، ھەپتىلىك ياكى نەچچە ئون كۈنلۈك ۋاقىت تېزگىنلەش ئۈچۈن بۇ سائەتنىڭ دېگەندەك ئىشەنچلىك بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن سائەت ئورنىغا مەخسۇس تۈپلانما توك يولى سېتىۋېلىشى لازىملىقىنى ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ قاسىم ئۈچۈن بۇمۇ يېتەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرچە بىر نەچچە سائەتتىن ئۇزۇن ۋاقىتقا توغرىلىنىدىغان پىستاننىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى. قاسىم بۇ ئىشتىن بەكلا مەمنۇن قالدى. ئەندىكى ئىشى رەسمىي بومبا پروخى تەييارلاشقا مەركەزلەشتۈرۈلدى. قاسىم، بۇ ئىشتىمۇ بىرمۇنچە ئەگرى يوللاردىن مېڭىپ، تۈزۈك بىر نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. شۇنچە جاپالار بىلەن بىر قوتا- بىر قوتىدىن سەرەڭگە، بىر بولاق- بىر بولاقتىن پوجاڭزا يىغىپ دورىلىرىنى چىقىرىپ سىناق قىلىشلىرىدىن بىرەر نەتىجە چىقمايتتى. بىر كۈنلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىشى بىلەن كېتىۋاتقىنىدا بىر خىتاينىڭ تاشلىۋەتكەن تاغ پارتىلىتىش ماتېرىياللىرىنى ساقلايدىغان كونا ئىسكىلاتىغا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇيەردىن ئوغۇرلۇقچە كىرىپ بىر سومكا رەسمىي ت ن ت دورىسىدىن تېپىۋالدى. يەنە بىر كۈنلىرى بىر يەردىن بىر قانچە لېتىر ددۋ زەھىرىدىن ۋاستىلىق يوللار بىلەن سېتىۋالدى. ئەندى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق بىر پىستانلا كام قالغان ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ مەسىلىمۇ ھەل قىلىنغان بولدى: ئىدارىسىنىڭ خىزمىتى بىلەن بىر ئىدارىغا بارغىنىدا، ئۇ يەرگە كانچىلىق ماتېرىياللىرىنى ساتقىلى كەلگەن بىر سىچۇەنلىك خىتاي ئۇچراپ قالدى. ئۇنىڭ سومكىسىدا بىرمۇنچە رەسمىي توكلۇق پىستانلار تۇراتتى. قاسىم باشقا نەرسىلەرگە قارىغان بولۇپ تۇرۇپ، ھېلىقى پىستانلاردىن بىر قانچىنى يېڭىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ ئېلىۋالدى. مانا ئەندى، ئۇنىڭ بارلىق ماتېرىياللىرى تەل بولغان دېيىشكە

تاملارلا چوخچۇيۇپ تۇراتتى! پۈتۈن ئەتراپ كۆمۈرلىشىپ كەتكەن ياغاچ- تاش پارچىلىرى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ.

ئەتراپنى ساقچى- ھەربىلەر قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ھېچكىمنى بىنانىڭ يېنىغا يېقىن يولاتمايتتى. بۇنى كۆرگەن قاسىمنىڭ يۈرىكى يېرىلغۇدەك دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. قورقىنىدىن ئاپتوۋۇزدىن چۈشمەي ئايلىنىپ ئاپتوۋۇز ئالماشتۇرۇپ يۈردى. مىڭ تەستە ئۆيىگە كېلىۋېلىپ، ئۇ يەرگە نېمىشكە بارغاندىمەن دەپ ئۆزىنى كايىپ كەتتى. يۈرىكىنىڭ سوقۇشى ھېلىغىچە جايىغا چۈشمىگەن بولۇپ، ئولتۇرۇپ بىر قانچە تال تاماكا چېكىپ سەل جايىغا چۈشكەندەك قىلدى. ھەرھالدا، بۇ قېتىم ئۇ، تۈنجى قېتىمقىسىدەك ئۈنچىلىك پەرىشان بولۇپ كەتمىدى. بۇ قېتىمقىسىدا ئۇنىڭ ئەنسىزلىكىنى بېسىشقا بىرقانچە تال تاماكا يەتكەندەك قىلاتتى.

بۈگۈنمۇ يەنە ئۆتكەندىكىسىگە ئوخشاش تۈيۈقسىزلا ئىشىكى گۈلدۈرلەپ ئۇرۇلدى. دېمەك يەنە ھېلىقى ئاغىنىلىرى كەلگەن بولىشى كېرەك ئىدى. بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، چىرايلىرىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان ئاغىنىلىرى بىر- بىرلەپ كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ئىشىكتىن كىرەر- كىرمەيلا ئالىلىكىملەرنى قارغىشىپ تىللىشىپ يانلىرىدىن بىرەردىن داچۇي چىقىرىشىپ جوزىغا يىغىلىشتى.

"قاسىم ئاداش، بۈگۈن بىز ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن ئىچىمىز! _ ساقى جوزىغا تىكلەنگەن پوتولكىنىڭ ئاغزىنى چىشلەپلا ئاچتى. بىر قانچە رومكا ئالغۇزۇپ ھاراق قۇيدى. _ بۈگۈن سەن ئاۋارە بولما، مۇسىبەت ئۈچۈن ھاراقنى ئاچچىق ئىچىمىز! شۇڭا قورۇق چاي دەملىسەڭلا يېتىدۇ. سەي- پەي قورۇيمەن دەپ ۋاقتىنى زايا قىلماي كېلىپ ئولتۇر، گېپىمىزنى ئاڭلا، تايىنلىق بۇ قېتىممۇ ئوخشاشلا ھېچنېمە بىلمەس بولىۋالارسەن!"

قاسىم ئاغىنىلىرىنىڭ پەيلىگە قاراپ نېمىگە بۇنچىلىك خاپا بولۇشقانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرىدى. ساقى گەپ باشلىغاچ، ئالدىدىكى رومكىلارنى ئاغىنىلىرىگە تارقاتتى: "بۇ قېتىم ئۇلار بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ھەر قانچە قىلىشىمۇ ئەتراپىدا ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بار- يوقلىقىغا قاراۋىراق ئىش قىلىشمامدۇ! ۋاپات بولغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك داڭلىق كىشىلىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرى دەڭلا! بىچارە نازىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئېغىر مۇسىبەتنى دېمەمدىغان! ئۇ نازىر باشقا چوڭ كادىرلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ غورۇرلىقى ئىدى. مانا ئەندى مىللەت غېمىنى قىلىشىپ بېرەلەيدىغانىغىمۇ ئەمەلدار تېپىلمايدىغان بولدى! ۋاي دەپ قويساق بۇ 'ئايپالتا' چىلارمۇ چېكىدىن ئاشقىلى تۇردى!" _ ساقى غەزەپتىن پۇرلىشىپ كەتكەن چىرايىنى 'غۇرت'

ئۇ چاغدا، قاسىم ئاشنىسى بىلەن ئىككىسى بىلمەستىنلا ئىچكەن ئىككى قوشۇق كەلمەيدىغان سېسىق ئىككى رومكا ۋىسكى دېگىنى ئۇچۇن ئالەمنىڭ پۇلىنى ئېلىپ كېتىشكەنىدى. قاسىم ئۇدۇل كىرىپلا رەڭگارەڭ هاراقلار تىزىلغان پوكەينىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر ئىستاكان پىۋا بۇيرۇتۇپ، ئىگىز بىر كۇلدان – ئەخلەت چېلەكنىڭ يېنىدىكى سافاغا كېلىپ ئولتۇردى. كۈتكۈچى خىتاي قىزى كەينىگە ئۆرۈلۈشى بىلەن تەڭلا سومكىسىدىكى هېلىقى 'مىۋە سۈيى قۇتىسى' نى چىقىرىپ ياندىكى شۇ ئەخلەت چېلەكنىڭ مەش ئاغزىدەك ئېچىلىپ تۇرغان يان ئېغىزىدىن ئىچىگە سېلىۋەتتى. ئەتراپىغا قارىغانىدى، نېرىسىدىكى چىرايلىق بېزەلگەن ئايرىم هۇجرا بۆلۈملىرىنىڭ بىرىدىن بىرنەچچە ئۇيغۇر قىزنىڭ ۋىلىقلىغان كۈلكىسى بىلەن بىرنېمىلەر دېيىشكەنلىگىنى تۇيۇپ هولۇقۇپ كەتتى. "ئاپلا، ئەندى قانداق قىلىشىم كېرەك'؟!"

بۇ ئارىدا ئۇ بۆلۈمنىڭ ئىشىگى ئېچىلىپ راست دېگەندەك چىرايلىق ياسىنىۋالغان بىر ئۇيغۇر قىزى لەلەڭشىگىنىچە يەنە بىر سەت خىتايغا يۆلىنىپ قولتۇقلاشقىنىچە كەينى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشتى. ئۇ قىز هېلىقى خامسېمىز خىتايغا خۇددى دادىسىغا ئېسىلغاندەك چاپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دەل بۇ ئارىدا سىرتتىن بىرمۇنچە قىز- ئوغۇل خىتاي بايۋەتچىلىرى كىرىشىپ بۇ جىۋىبانى لىقلا توشقۇزۇۋېتىشتى. قاسىمغا پىۋا ئېلىپ كېلىدىغان كۈتكۈچى خىتاي قىزمۇ ئۇنى ئۇنتۇتتى بولغاي ئەتىمالىم، دەرهال يېڭى كىرگەن خىتايلىرى بىلەن بولۇپ كەتكىنىدىن پايدىلىنىپ قاسىم غىپلا قىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئۇ دەرهال سائېتىگە قارىدى. ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت قالمىغان بولىشى كېرەك ئىدى. كوچىدا قاتناشمۇ جايىغا چۈشۈپ قالغانىكەن. ئۇ، دەرهال بىر ئاپتوۋۇزغا ئېسىلىپ يۈرۈپ چىقىۋېلىپ بۇ يەردىن يىراقلىشىۋالدى. ئۇ، ئۆيىگە بارغىچە خەستەڭگە بىرقانچە يولنىڭ ئاپتوۋۇزىغا ئالمىشىپ ئۆزىچە ئىزىنى يوقاتقان بولىۋېلىپ، مىناسىنىڭ سائىتى توققۇزلانغان ۋاقىتتا دەل ئۈلگۈرۈپ ئۆيىگە كىرىۋالدى- دە، دەرهال كىيىملىرىنى سېلىپ يوتقانغا كىرىپ يېتىپلاۋالدى. ...

ئەتىسى ئۇ، كىتاپ ئوقۇپ، تاماق ئېتىپ يەپ دېگەندەك ئىشلار بىلەن كۈننى مىڭ تەستە چۈشتىن كېيىنگە يەتكۈزەلىدى. ئاخىرى ئىچى پۇشۇپ چىدىيالماي، كىيىملىرىنى يۆتكەپ قېتىۋالغان قىياپىتى بىلەن سىرتقا چىقتى. يىراقتىن ئاپتوۋۇز ئالماشتۇرۇپ يۈرۈپ هېلىقى جىۋىبانىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغان بىر ئاپتوۋۇز بىلەن نىشانغا قاراپ يولغا چىقتى. چىرايلىق بېزەلگەن هېلىقى جىۋىبا بار ئالتى قەۋەتلىك بىنادىن ئەسىرمۇ قالمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن بىر خارابىلىق

ھەقتە يەنە نېمە يېڭى خەۋەرلەر چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ھەممە سىرتقا چىقىپ خەۋەر ئوقۇشقا كېلىشتى. ...

بۇ بىر- ئىككى كۈن ئىچىدە جەمىيەتتە ھەر خىل غەلىتە سۆزلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان مىللىيلارلا ئەمەس، ھەتتا تىجارەتچى- باققاللارمۇ بۇ ئىشتىن قاتتىق نارازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەشمەكتە ئىدى. بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ھۆكۈمەت ئىگىلىگىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان كىشىلەر ئارىسىدىن ، ھۆكۈمەتكە قاتىلنى تۇتۇپ بېرىشلىرى توغرىسىدا مۇراجەتنامە يېزىپ ئىمزا قويدۇرۇپ يۈرگەنلىكى، مېچىتلەردىمۇ بۇ خىل قارامىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى 'دوزىخى' دەپ پەتۋا بېرىشلەر، ھەتتا بۇ ئۈچ قىزنىڭ جەسەت كۆلى بولغانلىقىمۇ نامەلۇم بىر خالتا كۆلنى بىر تاۋۇتقا سېلىپ ئالدىغا بۇ قىزلارنىڭ چوڭايتىلغان شوخ رەسىملىرىنى ئېسىشىپ چوڭ مېچىتتە مېيت نامىزى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، قەۋرىستانلىققا بارماي كوچىلاردا بىر مۇنچە ۋاقىت نامايىش قىلىشىپ قاتىللارغا لەنەتلەر ياغدۇرۇشتى. بىر قىسىم سودىگەرلىرىمىز مېيىتنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ تۇتام- تۇتاملاپ پۇل 'ئىنئانە' قىلىشىپمۇ كېلىشمەكتە ئىدى. ...

بۇ كۈنلەردە 'ئايپالتا قوشۇنى' مۇ مەخپىي تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىشىپ بۇ ۋەقەنى پەيدا قىلغانلارنى 'ئادەم قېلىپىدىن چىققانلىق، جاللاتلىق، دۈشمەنگە ياردەم قىلغان خائىنلىق، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزگە زىيانكەشلىك قىلغانلىق، ...' دېگەندەك مەزمۇنلاردا باياناتلار ئېلان قىلىشقا باشلىدى.

يەنە بەزى ئىچكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ۋەقەنى خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى ئالاھىدە لېنىتىغا ئالغۇزۇپ نۇرغۇنلىغان خەلقارالىق تەشكىلات ۋە ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرىغا تارقىتىپ بەرگەنمىش. «ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا ئاۋازى» قاتارىدىكى رادىولارمۇ كەينى- كەينىدىن مەخسۇس ئاڭلىتىشلار بېرىپ بۇ ۋەقە توغرىسىدا 'مەلۇمات' بەرگۈچىلەرنى، دېموگراتىك خىتاي ۋەكىللىرىنى، ھەتتا چەتئەللەردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىمۇ سۆھبەتلىشىش پروگراممىلىرىغا تەكلىپ قىلىپ پىكىر ئالغان نەق مەيدان ئاڭلىتىشلىرىنى بەرگەن. روشەنكى، خىتاي دېموگراتچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئۇيغۇر ئەركىنلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يولىنى ئۆزگەرتىشىپ تېررورلۇققا قاراپ يۈزلىنىپ بولغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىدىغانلىقلىرىنى بايان قىلىشقان؛ ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ سەرگەردان رەھبەرلىرىمۇ شەرقىي تۈركىستان مىللىي داۋاسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقى ئاستىدا كىشىلىك ھوقۇق پىرىنسىپلىرىغا قەتئىي بوي سۇنغان ھالدا

قىلىپ يۈتۈشتەكەن ئاچچىق هاراق بىلەن تېخىمۇ پاجىئەلىك بىر هالغا كەلتۈردى. قاسىممۇ گەپىنىڭ نېمىدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندەك بولدى: "خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا يوقىرى دەرىجىلىك كادىر بولۇپ ئىشلەپ بېرىۋاتقان كادىرلىرىمىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ جېنى ئادەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭكىدىن قىممەتلىك ئوخشىمامدۇ بۇلارنىڭ دېيىشىچە؟!" دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

"قالغانلارنىڭ ئائىلىسىنى دېمەمسىلەر، ــ دېدىدى تەشۋىقاتچى، ــ كۆيۈپ ۋاپات بولغانلارنىڭ بىرسى داڭلىق بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ بالىسى، يەنە بىرسىمۇ خېلى موپسپەت خەلپەم مىجەزلىك بىر ئائىلىنىڭ بالىلىرى دېيىشىدۇ. بىچارىلار!"

"ئۇ دېگىنىڭ مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى پەلسەپە مۇئەللىمىمنىڭ قىزى ئىدى. ــ دەپ ماتەم قىياپىتى بىلەن گەپ قىستۇردى موخوركىچى يانچۇقىدىن گېزىت پارچىسىنى چىقىرىپ تۈزلىگەچ، ــ ئۇ مۇئەللىم دەرسنى بەكلا ياخشى سۆزلەيتتى."

"ئۇچىغىراق سۆزلىسەڭلارچۇ. يەنە نېمە ۋەقەنى تېپىپ كېرىشتىڭلار؟!" ــ دېدى قاسىم ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىۋېلىشقا ئالدىراپ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يۇغان قورساق خىتاي بايىۋەتچىسى بىلەن چىرمىشىپ كېتىۋاتقان هېلىقى سەتەڭ قىز قايتا نامايەن بولغاندەك قىلدى. شۇلار بىزنىڭ داڭلىق ئەرباپلىرىمىزنىڭ بالىلىرىمىدۇ؟! دەپ هەيران بولاتتى.

"هوي، سەن بۇ ئاي- بۇ كۈنلەردە قايسى قۇدۇقنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتىسەن؟! ــ دېدى تەشۋىقاتچى ئەجەبلىنىپ، ــ پۈتۈن شەهەرگە پۇر كەتكەن تۈنىگۈنكى پارتىلاشتىن خەۋىرىڭ يوقمۇ سېنىڭ؟! تۈنىگۈن شەهەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئالىي رېستورانىدا مىنا پارتىلىغانىكەن. نەق مەيداندا يىگىرمىگە يېقىن ئادەم كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇختۇڭمۇ ئەندى؟! شۇلارنىڭ ئىچىدە بايا ساقىمىز گېپىنى قىلىۋاتقان ئۈچ ئۇيغۇر قىزىمۇ كۆيۈپ كۆمۈرلىشىپ كەتكەن گەپ!"

"هېلىمۇ ياخشى شەنبە كۈنى بولغاچقا، ئۇستۇن قەۋەتتىكى شىركەتلەر دەم ئېلىش قىلغانىكەن. بولمىسا يەنە قانچىلىغان ئادەم ئۆلەر بولغىيدىكەن!"

"ئەتە ئۇ قىزلارنىڭ مېيىتلىرىنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىشىدىكەن خەلق."

"كىمگە قارشى؟!"

"... ...؟!"

بۇ قېتىم ئاغىنىلەر هاراقنى جىق ئىچىشەلمىدى. هەممىسىلا بۇ نامەلۇم مەخپى هەرىكەتچىلەرنى قارىلاشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئولتۇرۇش هەقىقەتەنمۇ 'مۇسىبەتلىك' قايغۇلۇق تۈسكە كىرىپ قالغانىدى. ئۇزۇنغا قالماي ئولتۇرۇش يىغىشتۇرۇلۇپ، كوچىدا بۇ

يەرلىك كىشىلەرنى كوچىدىلا توختىتىۋېلىپ يانلىرىنى، سومكىلىرىنى، ھەتتا كۇسار- پايپاقلىرىنىمۇ سالدۇرغۇزۇپ ئاختۇرۇشلار ئەۋجەپ كەتتى! ئاپتوۋۇزلار، تاكسىلار، بولكىۋايلار باھانە كۆرسىتىشىپ بولسىمۇ ئۇيغۇر يولۇۋچىلىرىنى ئالماسلىققا تىرىشاتتى. ھەتتا بىر قىسىم دۇكان- بازارلارغا يەرلىك مىللەت كىشىلىرىنىڭ كىرىشى ئاشكارە ھالدا قاتتىق چەكلىنەتتى ياكى ئەخلاقسىزلارچە يالىڭاچلاپ ئاختۇرۇشقا قىستىلاتتى. بىر ھەپتىدەك مىللىي باشلانغۇچ- ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئوقۇشتىن توختىتىلدى. ئالىي مەكتەپلەر ۋە تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرتقا چىقىشى قەتئىي مەنئىي قىلىندى. ... ھەر قايسى جايلاردىن بىرەر يۈز مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز ۋە تۇڭگان قاتارىدىكى يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان كىشىلەر رەسمىي گۇمانلىق ئۇنسۇر دەپ قولغا ئېلىنىپ سوراققا تارتىلدى. شەھەرلەردە، يېزا- قىشلاقلاردا قالايمىقان ئۆي ئاختۇرۇشلار، سەۋەبسىز مۇسادىرىلەر، كېچىلەردە تۇيۇقسىز نوپۇس تەكشۈرۈشلەر، مەخپىي تۇتقۇنلار ئەۋجەپ كەتتى. ھەتتا نۇرغۇنلىغان ئىدارە، جەمئىيەت، شىركەت، زاۋۇت، كان، كارخانا ۋە خىتاي ئىگىلىكلىرىدىكى يېڭى قوبۇل قىلىنغان يەرلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى ئىشتىن توختىتۇپ تۇرۇش، ئىشتىن قوغلاشلارغىچە بېرىپ يەتتى. پەۋقۇلئاددە ئەھۋال دېگەن باھانا بىلەن شۇ يىلقى ئالىي مەكتەپ- تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنىدىغان مىللىي ئوقۇغۇچىلار پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ئاشكارە ئېلان قىلىشتى، ... قاسىم، بىر قانچە مۇھىم شەھەر مىللىيلار ئۈچۈن جىددىي ھەربىي ھالەت ئاستىغا ئېلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىر مەزگىل توختىتىلىپ، ئىدىيىنى توغرىلاش، مەسىلە پاش قىلىش ياكى مەيدانىنى ئوتتۇرىغا قويۇش دېگەندەك ۋاقىتلىق پاش قىلىش ئۆگىنىش كۇرۇسلىرىغا قاماپ قويۇلغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدى.

ئىككىنچى ھەپتىدىن باشلاپ بىر قىسىم چەكلىمىلەر ئاستا- ئاستا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندەك قىلىسىمۇ، بۇنىڭدىن يەرلىك مىللەتلەرگە نىسبەتەن يوق دېگىدەك ئىدى. جەمئىيەتتە غۇل- غۇلا ھەممىلا يەرنى قاپلىغان بولۇپ، بەزى چەكلىمىلەردىن يەرلىك كادىرلارلا ئەمەس بەلكى خىتاي كادىرلىرىنىڭمۇ نارازى بولۇشقا باشلىغانلىقى سېزىلمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ بىر ئايغىچە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىنى ئالمىغان نۇرغۇنلىغان ئورۇنلاردا مىللىيلار خىزمىتى تاشلاتقۇزۇپ جىددىي سىياسىي ئۆگىنىش كۇرۇسلىرىغا يىغىۋېلىنغانىدى. ... نۇرغۇن يەرلىك مىللەت كىشىلىرى گويا بۇ تۇردىكى ۋەقەلەرنى بىر ئۈچۈم يامان نىيەتتىكىلەر ئەمەس، بەلكى بارلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا بارلىق يەرلىك مىللىي خادىملار جىنايەتچىلەرنى پاش قىلىپ تېپىپ بېرىش مەسئۇلىيىتى بولىدىغانلىق مەجبۇرىيىتى خىتايلار تەرىپىدىن

تەشكىللىك ۋە تېنچلىقچى بىر يولدا غەلىبىلىك كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەمما بۇ خىلدىكى
ئادەم قېلىپىدىن چىقىدىغان ھېرىكەتلەرنى پەيدا قىلغۇچى ئادەملەرنىڭ ھەرىكەتلىرى
پۈتۈنلەي شەخسى دۈشمەنلىشىش ياكى شەخسى غەرەزلىرىنى مەقسەت قىلىشقان
لۈكچەكلەرنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى مىللىي مۇستەقىللىق
ھەرىكىتىمىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى دۇنيا جامائېتىگە ئالاھىدە
تەكىتلەشكە تىرىشقان. ئەگەر خىتاي دائىرىلىرى ئۇلارغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولسا
ئىدى، ۋەتەن ئىچىدە بۇ خىل خۇلىگرلەرگە ھەرگىزمۇ پۇرسەت قالدۇرماسلىقىغا
كاپالەتلىك قىلالايدىغانلىقىنى ئالاھىدە قەيت قىلىشقان. بۇنىڭغا قوشۇلۇپلا خىتاي
مۇھاجىرلىرى ئىمزا يىغىشىپ ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى، سابىق سوۋېتلەر
ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى، ئىسرائىل موسساتى قاتارىدىكى داڭلىق
جاسۇسلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇ ھېلونى پاش قىلىشتا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك
مىنىستىرلىكى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ رازىۋېتكا قىلىشىپ بېرىشىنى تەلەپ
قىلىش مۇراجىتى ئېلان قىلىشقان. ...

قاسىمنىڭ قارىشىچە ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ جىددى تۈسكە كىرمەكتە ئىدى. ئۇ يەنە
باشقىلاتىن ئۈمىدسىزلىنىش، ئەنسىزلىنىش پاتقىقىغا پېتىشقا باشلىدى. بۇ قېتىم
ئۇنىڭدىكى ئەنسىزچىلىك پسىخولوگىيىلىك مەنبەدىن كەلگەن بولماي، 'ئىزچى مەن'
پىكىرلىرىنىڭ رەت قىلىنىشىنى مەنبە قىلماقتا ئىدى. ئۇ، ئۆيىدە يالغۇز قېلىپ بىر ھازا
ئويلانغىنىدىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىدە بار بولغان مەخپى ۋەسىمە ھەرىكىتىگە
ئالاقىدار بارلىق نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ بىر كونا تاشلاندۇق قۇدۇققا تاشلىۋەتتى.
ھېلىقى ئىككى كىتاپنىمۇ بىرگە تاشلىۋەتمەكچى بولدى- يۇ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلارنى
ھازىرچە ئىدارىسىگە ئاپىرىپ ئۆزىلا بىلىدىغان بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇش قارارىغا كەلدى.
شۇنداق قىلىپ، بۇ كىتاپلار قاسىمنىڭ ھاياتىدا ئەڭ يامان كۆرۈپ قەتئىي
تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك ۋە يەنە ئۆز ۋاقتىدا ئەڭ ئەتىۋارلىنىپ جاندىن ئېزىزلىنىدىغان
تۈپتىن قارمۇ- قارشى قارارلارنى چىقىرىشقا سەۋەپ بولغان بىردىن- بىر كىتاپلار بولۇپ
قالدى. "ھېلىقى مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ بىر يىللىرى بۇ كىتاپلارنى كۆيدۈرىۋېتىش قارارىنى
ئېلىشىپ نەچچە مىڭ نۇسخىسىنى بىراقلا مەشكە سېلىپ كۆيدۈرۈپ تۈگەتكەنلىكىنىڭ
سەۋەبى مۇشۇلار بولسا كېرەك'؟" دەپ ئويلاپ مېيىغىدا كۈلۈپ قويدى. قىسقىسى، قاسىم
ئۆيىدە قىلغان ئىشلىرىغا دائىر قىلچىلىكمۇ يىپ ئۇچى قالدۇرمىغانىدى.

بۇ كۈنلەردە، شەھەر ئىچىمۇ پەۋقۇلئاددا جىددى تۈسكە كىرگەنىدى. كوچىلاردا
دوخمۇش- دوخمۇشتا ساقچى- ھەربىلەر قۇراللىق مىغىلداپ يۈرۈشەتتى. ئۇچۇرىغانلا

بولدى. شۇڭا، ھەر قايسى پويىز ئىستانسىلىرىدا تىنچ بولۇپ كېتىش بىلەنلا قالماي، يەنە يول بويىدىكى بارلىق بېكەتلەرمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دائىملىق قونالغۇ ماكانلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. خىتاي يولۇۋچىلار پويىزىغا بىلەت ئالالمىغانلىرىدا ياكى پويىزغا چىقالمىغانلىرىدا يۈك پويىز ۋاگونلىرىغا بولسىمۇ ئېسىلىپ قېچىشقا كىرىشكەنىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، تېخى يېڭىلا مەبلەغ سېلىپ ئىش باشلىنىشۋاتقان خىتاي بايىۋەتچىلىرىدىن تارتىپ خېلى كونىراپ قالغانلىرىغىچە مال-مۈلكىنى زىيىنىغا سېتىپ، ھەتتا تاشلاپ قاچىدىغانلارمۇ كۆپەيمەكتە ئىدى. ...

قاسىم، بۇ كۈنلەردە ئالاھىدە تەكشۈرۈشلەرگە دۇچ كەلمىگەندەك قىلسىمۇ، يەنىلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن يۈرەتتى. ئۇ، دەسلىۋىدە كۆچىدىكى نارازىلىق شامالىرىغا قاراپ قىلغان ئىشىنىڭ سەل ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى مۆلچەرلەشكە باشلىغان بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يوقۇرىقىدەك ھادىسىلەرنى كۆزىتكەنسىرى، قايتىدىن جاسارەتلىنىشكە باشلىدى. ھەتتا بەزىدە تاشلىۋەتكەن قورالىرى ئۈچۈن پۇشىمانمۇ قىلىپ قوياتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ھېلىقى ئىككى كىتاۋنى ئىدارىسىغا ئاپىرىپ پەقەت ئۆزىلا بىلىدىغان مەخپى بىر يەرگە تىقىۋەتكەنىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆزىچە خوشال بولۇپ قالدى. ئۇ، شۇ بىر قېتىملىق پارتىلىتىش ۋەقەسىنىڭ بۇنچە زور پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا شۇنچە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرۈپ بېرىشكە سەۋەپ بولالايدىغانلىغىنى زادىلا خىيال قىلمىغانىدى. مانا ئەندى، بۇ سەۋەپتىن پاش قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلسىمۇ قەتئىي پۇشمان قىلماس ئىرادىسىگە كېلىپ بولغانىدى.

جەمىيەتتىكى پاسسىپ غۇل- غۇللارمۇ تەدرىجى شەكىلدە نارازىلىق تۈسىگە ئۆزگىرەپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان نەپرەتلىنىشلەر كۈنسايىن ئارتىپ بارماقتا ئىدى. ھەتتا شۇ رېستۇران پارتىلىتىشنى قاتتىق تەنقىت قىلىپ مەخپى تەشۋىقات ۋارىغى تارقىتىشقان 'ئايپالتا قوشۇنى' دىكىلەرمۇ ئۆتكەندىكى تەنقىتلىرىدىن قىلچە ئېغىز ئېچىشماي، خەلقىنى جاسارەتلەندۈرىدىغان تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى مەخپى تارقىتىشقا جىددى كىرىشمەكتە ئىدى. ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالمىغانىدى: يەنە قانداقتۇ 'قوزغۇنلار قوشۇنى'، 'نەۋرىلەر تاپىدۇ بۇ ئىزنى قوشۇنى'، ... دېگەندەك ناملاردىكى يېڭىچە مەخپى قوشۇنلارمۇ ۋەھىمىلىك ھەرىكەتلەرنى رىغبەتلەندۈرىدىغان تەشۋىقاتلارنى ئۇيغۇرچە ياكى خىتايچە قىلىپ تارقىتىشقا كىرىشكەنىدى. يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن شۇ قېتىملىق رېستۇران پارتىلىتىش ۋەقەسىنى مەدھىلىشىدىغان، ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىشىدىغان مەخپى ۋاراقلارمۇ تارقىلىپ

ئۇچۇق دېگىدەك ئوتتۇرىغا قويۇلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. يەنى، خىتايلارغا تەھدىت بولىدىغان ھەرقانداق ئىشنىڭ مەنبەسى يەرلىك مىللەت دېيىدىغان ئۇمۇمىي ئۇقۇم رەسمىي ئاشكارىلىنىپ، يەرلىكلەرنىڭ خىتايغا يات كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسى ھەممە يەرلىكنىڭ ئويلىنىشىغا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، ھەتتا باشقا خىتاي بولمىغان بارلىق يەرلىك مىللەت كىشىلىرىگىچە ئۆزلىرىنىڭ خار ۋە قۇل مىللەت ئىكەنلىكىنى تونۇشقا باشلىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلمەكتە ئىدى. كۈنىنىڭ ئۆزۈرىشىغا ئەگىشىپ رىستوران ۋەقەسىنىڭ پاجىئەلىرى تەدرىجى ئۇنۇتۇلۇپ، خەلق ئارىسىدا ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىق ئۇندۇرمىلىرى بارغانسىرى كۈچىيىپ ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. بۇ ئاي- بۇ كۈنلەردە خىتايغا قاچىدىغانلارنىڭ ھەر قايسى پويىز بېكەتلىرىدىكى تىقما- تىقمىلىقى ھەيران قالغىلى بولمايدىغان ئادەتتىكىچە ئەھۋالغا ئايلىنىپ، قىلچىلىك پۇرسىتى بولغانلىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ تەھدىت سېلىشلىرىغا پەرۋا قىلىشماي خوتۇن- باللىرىنى، قېرى- چۆرىلىرىنى ۋەتىنىگە يولغا سېلىۋېتىشنى داۋام قىلدۇرماقتا ئىدى. ھەر قايسى شەھەرلەردە مىغىلداپ كەتكەن خىتاي مالچىلىرى، يايمىچىلىرى، باققاللىرى، كۆكتاتچىلىرى، ياماقچىلىرى، مەدىكارلىرى، ... خۇددى يەر يېرىلىپ كىرىپ كەتكەندەكلا غايىپ بولۇشقانىدى. بۇ ۋەقەنىڭ ئىككىنچى ئېيىغا كىرەر- كىرمەيلا بىر قىسىم ئاساسلىق يېمەكلىكلەر نوپۇس دەپتىرىگە قاراپ ئۆلچەملىك تارقىتىلىشلارمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. شەھەرلەردە ئېلېكتر، سۇ ۋە گاز قاتارلىقلارنىڭ كېسىلىپ تۇرۇشلىرىمۇ پەۋقۇلئاددە ئارتىپ كېتىۋاتاتتى. بەزى مۆلچەرلىگۈچىلەرنىڭ پەرەزلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئەڭ كامىدا بىرەر مىليونغا يېقىن خىتاي تاجاۋۇزچىسى دۆلىتىگە قېچىپ كەتكەنمىش! خىتايدىن كېلىدىغان ۋاگونلارمۇ ئاساسەن بوشاپلا كەتكەنمىش.

ئۆتكەن بىر قانچە ئايدىن بۇيان ئارىلاپ كۆرۈلۈپ تۇرغان قاراڭغۇ ئارقىلىقلاردىكى ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى بۇنچە ئېغىر ئالاقىزادە قىلالمىغان بولسا، بۇ قېتىمقى رىستوران پارتىلىتىش ۋەقەسى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق جىددىيلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئۇلار بۇ ۋەقەنىڭ جىنايەتچىسىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن ھەددىدىن ئارتۇق داۋراڭ پەيدا قىلىۋەتكەنلىكىدىنمىكىن، ئۆتكەنكى ئۇششاق- چۈششەك ۋەھىملىك ۋەقەلەردىن تولا بەك تەسىرلەنمىگەن بىرمۇنچە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىمۇ ئېغىر پاراكەندە قىلىۋەتكەن

# 4. ھەربىي ھالەتتىكى شەھەردە

_ دادا، دادا، بۇگۇن پالانى كوچىدا يەنە بىر خىتاينىڭ بېشىنى ...
_ ئاغزىڭنى يۇم، بالا تەككۇر!
___ بىر ئاتا- بالا سۆھبىتىدىن

كامېردىكى قاسىم، سوئال- سوراقسىز ياتقىنىغىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. بەدىنىدىكى جاراھەتلىرىمۇ ئاستا- ئاستا قېتىشىپ، بېلىنىڭ ئۈستىدىكى داكىلارمۇ سۆكۈۋېتىلگەن بولۇپ، پەقەت بېشىغا تېڭىلغان داكىسى بىلەن پۇتىغا ئېلىنغان گىپسىلا قالغانىدى. شۇڭا قاسىم كامېر ئىچىدە سۆرۈلۈپ ماڭالىغىدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، بۇ كۈنلەردە ئۆلۈمنى كۈتۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەسلىمىلىرىنى بىر قۇر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈنلا ياشىماقتا ئىدى. قاسىمغا ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىۋېلىش نېمىشكە شۇنچە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟! بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئىش قىلىپ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىۋېلىش، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ لەززەتلىك بىر پائالىيەت بولۇپ بىلىنمەكتە ئىدى، خالاس.

"تۇۋۋا خۇدايىم، ئەسلىمىلەرنىڭمۇ ئادەمگە شۇنچە لەززەت بېرىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىكەنمەن." دەپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى ئۇ. شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بۇ يېقىنلاردىكى ئەسلەش پائالىيەتلىرى ھەقىقەتەنمۇ بەرىكەتلىك ئۆتمەكتە ئىدى.

ئۇنىڭ ئەسلىمىلەر لېنتىسىدىن تېز- تېز كۆرۈنۈپ ئۆتۈۋاتقان مەخپىي ۋەھىمە پەيدا قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ھەقىقەتەنمۇ ھەسرەت بىلەن ئەسلەشكە مەجبۇر ئىدى: ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن بىر- بىرسىنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن سۆزلىشىپ چۈشىنىشەلمەيدىغاندۇ؟! يەنە نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە دەخىل- تەئەررۇز قىلىشتىن نومۇس قىلىشمايدىغاندۇ؟! ئۆز ۋاقتىدا خىتايلار ياپونلارنىڭ بېسىپ كىرىشىگە قانداق غەزەپلەنگەنلىكىنى، ئۇلارنى ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن قانچىلىك جاپالارنى تارتقانلىقلىرىنى نېمە ئۈچۈن ئۇنۇتۇپ قېلىشىدىغاندۇ؟! ھېچ بولمىغاندا بىز

يۈرىدىغان بولدى. ئاخىرى بىر كۈنلىرىگە كېلىپ، شۇ قېتىملىق ۋەقەنى 'بىز پەيدا قىلدۇق' دەپلا ئۆزىنىڭ قىلمىۋالىدىغان باياناتلارنى ئېلان قىلغان 'ئالىجاڭدى بومبا قوشۇنى' دېگەندەك غەلىتى ئىسىملارنى قويىۋالغان قوشۇنلارنىڭ مەخپىي ۋاراقلىرىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى! بۇلارغا قوشۇلۇپ يەنە ئارىلاپ- ئارىلاپ ئارقا كوچىلاردا، خىتاي ئۆيلىرىدە، ئىشخانىلىرىدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى بوغۇزلىۋېتىدىغان ۋەقەلەرمۇ كۆرۈلمەكتە ئىدى.

ۋەزىيەت قايتىدىن جانلانماقتا ئىدى. ...

تۇرمە كامېرىدا مومىيالانغاندەك تېڭىۋېتىلگەن قاسىم، بىر- ئىككى ھەپتىدىن بۇيان سوئال- سوراقسىز تاشلىۋېتىلدى. ئارىلاپ بىر خىتاي سېستىرا كىرىپ قانغا بويالغان قېتىپ كەتكەن داكىلارنى دەرمىخىنىڭ قوۋزىغىنى سويغاندەك تاراخشىتىپ سويۇۋېتىپ، قايتىدىن قىپ- قىزىل قانغا بويالغان بەدىنىنى مومىيالىۋېتىپ چىقىپ كېتەتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ قېلىن تېڭىۋېتىلگەن بېشىدا مېڭىسى كونا ئەسلىمىلىرى ئۈچۈن داڭلىق رومېر سائىتىدەك ئىشلەشنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ...

كۆچمەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە ئېغىر پاراكەندىچىلىك ئىچىدە خانىۋەيران بولۇپ قېچىشىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلار ئائىلىسىنىڭ تارتىۋاتقان بەھۇدە جاپالىرىغا قاراپ ئۇلارغا ئىنسانى ئىچ ئاغرىتىپ قوياتتى. ھەر نېمە دېگەن بىلەن، ئۇمۇ ئىنسانلىق ئەۋلادىنى قوتۇلدۇرىمەن دەپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىرسى- دە!

ئامال قانچە؟! بۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىزنىڭ ئارزۇلىرىمىزنى پۈتۈنلەي رەت قىلىپ، خەلقىمىزنى ۋەتىنىدىن مەھرۇم قىلىۋېتىشكە شۇنچە ۋەھشىلىك بىلەن تىركىشىپ تۇرغان يەردە، ئۇنىڭ بۇ خىل مەخپى ۋەسىمە پەيدا قىلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ، ۋەتىنىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قايتۇرىۋېلىشنىڭ شارائىتىنى يارىتىشقا ھۇل ھازىرلاش ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشتىن باشقا چارىسى قالمىغانىدى. "ئامال يوق _ دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى، _ بۇ ئىشىمنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇرمەن. مەن ھېچ بولمىغاندا بۇ ۋەتىنىنىڭ مېنىڭ ۋەتىنىم ئىكەنلىكىنى دۇنياغا ئۇختۇرالىسامىمۇ ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرىنىڭ بۇگۈنكىدەك ۋەسىمىگە قېلىش ھالىنى مەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈيلىنىۋالسۇن!"

قولغا چۈشۈپ قالغان ۋاقىتلىرىدىكى قاسىم، ھەقىقەتەنمۇ نەچچە يىل بۇرۇن تۇنجى ھەرىكەت باشلىغان ۋاقىتلىرىدىكى قاسىم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ خاراكتېرى تۈپتىن ئۆزگەرگەنىدى. ئۇ ھەر قېتىملىق پاجىئەلىك خىتاي قورقۇتۇش ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، ئەتىراپىدىكى خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگىندىلىرىنىڭ پاراكەندە بولۇپ قېچىشىغا سەۋەب بولىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنسىرى، بۇ ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشتۇرۇش يولىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى شۇنچە ئارتىپ بارماقتا ئىدى. قاسىم بىر قانچە قېتىملىق مەخپى ۋەسىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىنىدىن كېيىن ئۇنىڭدىكى قورقۇش، يىرگىنىش، ئەنسىزلىنىش ئالامەتلىرى بارغانسىرى ئازىيىپلا قالماستىن، ھەتتا كېيىنكى يىللارغا كەلگىنىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۆچەي- باغرىنى بۆسۈۋېتىپ، يوللارغا سۆرىۋەتكەن، ئارىلاپ بەزىلىرىنىڭ قول- پۇتلىرىنى، باش- قۇلاقلىرىنى كېسىۋېلىپ ئادەم كۆپ يەرلەرگە تاشلاپ قويۇشلاردىمۇ خۇددى ئۆز كەسپىگە پۇختا ئادەتتىكى بىر قاسساپنىڭ قوينى سويۇپ پارچىلاپ شۇلىۋاتقىنىدەك نورمال ھەرىكەت قىلالايدىغان ھالەتنى يېتىشتۇرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىتاي تاجاۋۇزچىسىنىڭ بېشى ھەرگىزمۇ بىر ئادەم بېشىلا بولۇپ قالماستىن، گويا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قولىدىكى زامانىۋى ئادەم ئۆلتۈرۈش قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ خەلقىمىزنى قورقۇتۇشتا نورمال قورال سۈپىتىدە

خىتاي دۆلىتىنى تارىختىكى موڭغۇل ياكى مانجۇلاردەك بېسىۋالغان دەپ خاتا ئويلاپ قالغانمىدۇ- يا؟! بۇنداق ناھەقچىلىكنى نېمە ئۈچۈن بۈگۈن بىزگە راۋا كۆرۈشىدىغاندۇ؟! باشقىلارنىڭ يۇرتىنى بېسىۋېلىشنىڭ قانچىلىك ناھەق بىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىشماي، بىزنى بۇ ئىشلارغا نېمە ئۈچۈن مەجبور قىلىشىدىغاندۇ؟! ياكى ئۆزلىرى ئىشلىتىشنى بىلمىگەن مىللەتلەرنىڭ يېرىنى ئىشلىتەلەيدىغانلارنىڭ ئىگەللىۋېلىشى كېرەك دەيدىغان بىر دۇنيا قانۇنى بارمىدۇ- يا؟! ... قاسىم ئىلاجىسىز قىلىۋاتقان ۋەھىمىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرگىنىدە ھېچ قاچان قىلغان ئىشىدىن رازى بولۇپ باققان ئەمەس. ئەگەر خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىزدىن دەرھال شەرتسىز چېقىپ كېتىشنى قوبۇل قىلىشسا ئىدى، قاسىم بۇ خىل رەھىمسىز تەدبىر قوللىنىشنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ چۈشىگىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىغان بولار ئىدى! ئۇنىڭ بۇ ھەسرىتى ھەرگىزمۇ بۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبور قېلىشىنى ھىس قىلغان كۆنلىرىدىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ قالماي، بۇنداق ئىشلارنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ۋاقىتلىرىدىلا شۇنداق ئويلاپ كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ خىل خىياللاردا بولۇپ قېلىشىنىمۇ ئېغىر ئىنسانلىق ئەيىۋى دەپ تونىغاچقا، باشقا تېنچلىق چارىلىرىنى ئاختۇرۇشقا ياكى خىتايلارنىڭ ئەقلىنى تېپىۋالىدىغان كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە بېغىشلاپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەنىدى. مانا ئەندى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قاسىمنىڭ ۋەتىنىنى بىزنىڭ يېرىمىز، ئۇيغۇرلار كېيىن كېلىپ قالغان دېيىش بىلەنلا قالماي، ئون مىليونلاپ خىتاي كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئەسلى بۇ ۋەتەننىڭ ئىگىلىرىگە قىلچىلىكمۇ ھاياتلىق ئىمكانلىرىنى قويماسلىقى ئۇنىڭ تاقىتىنى چېكىگە يەتكۈزگەنىدى. ئەندى بۇنداق ئۇتوپىيىلىك، ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىياللارغا ئىشىنىپ كېتىۋەرگىلى بولمايتتى. بۈگۈن بۇنداق كېتىۋېرىشكە بولىدىغان ئىمكانلارمۇ ئاللا بۇرۇنلا تۈگىتىۋېتىلگەنىدى. شۇڭا ئۇ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن پۇشمان قىلىشقا ھەققى يوق ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەقلى يەتمەيۋاتقىنى، ۋەتىنىدىكى خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ بولمىغان بۇ يات ۋەتەن تۇپراقلىرىدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە جاھىللىق بىلەن تىركىشىپ تۇرىۋالغانلىقى ئىدى: "بۇ خىتايلار نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بولمىغان بىر ئەلگە شۇنچە جاھىللىق بىلەن مىخلىنىپ تۇرىۋالىدىغاندۇ؟! ئەگەر ئۇيغۇرلارمۇ خۇددى بۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ئوخشاش خىتاي شەھەرلىرىنى تولۇق ئىگەللىۋېلىپ، بارلىق سىياسىي، ئىختىسادىي، ھەربىي كۈچ ئامىللىرىنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر مەنپەئەتلىرى ئۈچۈنلا ئىشلەتكىنىدە، بۇ خىتايلار بىزگە قانداق قارىغان بولار ئىدى؟! ..." ئۇ، بۇ سوئاللارنى پات- پاتلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ، ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەن

يىگىتكە بەتلەپ تۇتۇپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە دېسكىسىدىكى پۈتۈن ئوقىنى سىرىۋەتتى! بىچارە يىگىتنىڭ دۈمبىسىدىن كىرگەن ئوق ئىزمىسى ئۇنىڭ كۆكرىكىنى سۆكۈپ چۇشۇرۇپ، قىپ- قىزىل يۈرىكى پولتىيىپلا ساڭگىلاپ چۈشتى! يىگىتنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان يۈرىكى تېخىچىلا لوپۇلداپ سوقۇپ تۇراتتى. بۇ ياش يىگىت، ئالدىغا ئۇزاتقان قولىنى ئايالىغا سۇنۇپ تۇرۇپ، "جېنىم ..." دېگىنىچە گۈپلا قىلىپ ياش ئايالىنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ چۈشتى. بىچارە ئايال دەرھال ئېرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يىگىتنىڭ غەزەپتىن يېنىپ تىكىلىپ قالغان كۆزلىرىگە سۆيۈپ يىغلىغىنىچە، يولدىشىنىڭ قان كۆلى ئىچىگە چۆكۈپ قالدى! ...

ئاپتوۋۇزنىڭ پەنجىرە تەرىپىدە ئولتۇرغان قاسىم، يەردە يىگىتنىڭ قان كۆلى ئىچىگە چىلىشىپ ئولتۇرغان چىرايلىق ياسانغان ئۇيغۇر قىزنىڭ بۇلاقتەك ياش تۆكىۋاتقان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. يەردىكى قىزنىڭ ئىستىخىيىلىك بىر شەكىلدە يىگىتنىڭ كۆكرىكىدىن سىرتقا چىقىپ لوپۇلداپ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىنى بىر قولى بىلەن قايتا قېپىغا سېلىشقا تىرىشىۋاتقان ھالدا قۇچىقىدا تۇرۇپ جېنى چىقىۋاتقان يىگىتنى باغرىغا باسقىنىچە ئولتۇرۇپ كىملەرگىدۇ نالە قىلغاندەك كۆككە قارىغان ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى كۆرگەن قاسىم، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاڭۋاقىنىچە تۇرۇپ قالدى.

بىر دەمدىلا كۆكتىن چۈشكەندەك بىر مۇنچە خىتاي قوراللىق ساقچىلىرى پەيدا بولۇپ بۇ ئۇيغۇر قىزنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىشتى. ساقچىلارنىڭ ئاپتوۋۇز شوپۇرىغا قاراپ بىر نېمىلەر دەپ ۋارقىرىشى بىلەن ئاپتوۋۇز دەرھال قوزغىلىپ يۈرۈپ كەتتى. بىچارە ئايالنىڭ ئاپپاق بىلەكلىرى يولدىشىنىڭ قىپ- قىزىل قېنىغا بويىلىپ كەتكەن كۆرۈنىشى ماشىرەڭ كېيىملىكلەر ئارىسىدىن غىل- پال كۆرۈنۈپ ئۇزاقلاشماقتا ئىدى. قاسىمنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى ناتونۇش ئۇيغۇر قىزنىڭ قۇچىقىدا ياتقان يىگىتنىڭ قانلىق يۈرىكى كۆرۈنۈپ نېرى كەتمەيتتى.

"بۇ بالىنىڭ قىساسىنى چوقۇم ئېلىپ بېرىمەن!" _ كۆزلىرى ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان قاسىم، ئۆزىگە ئۆزى قايتا- قايتا پىچىرلاپ قەسەم قىلاتتى. ...

بۇ يىگىتنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئىشى كۆپ ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى: شۇ كۈنى كېچىدە شەھەرنىڭ خىتاي كەلگىندىلىرى زىچ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلىكلەر بىنا مەھەللىرىنىڭ بىرىدە ئىنتايىن كۈچلۈك بىر پارتىلاش ئاڭلاندى. بۇ خىتاي مەھەللىسىنىڭ گۈللۈگىدە كېچىلىك ئىسسىقتىن قېچىپ سالقىنداپ ئولتۇرۇشقان بىرمۇنچە خىتايلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر موتوتسىكلىت ئۇچقاندەك كىرگىنىچە شىددەت

پايدىلىنىپ كېلىۋاتقىنىغا ئوخشاش، ۋەتىنىدىكى قالغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قورقۇتۇپ قوغلاش ئۈچۈن تاپالىغان ئەڭ ئاخىرقى ئۆزگىچە بىر خىل قۇرالىم دەپلا ھېساپلايتتى. ئۇ، شۇنچە يىللىق ئېچىنىشلىق قان تۆكۈلۈش ھەرىكىتىنىڭ تېزىراق ئاخىرلىشىپ، تېنچ بىر شەكىلدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىنى بوشىتىپ شەرتسىز چىقىپ كېتىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى- ھە! "بۇنداق ئۇيالايدىغان ئەقىللىق خىتاي بۇ دۇنيادا تۇغۇلغان بولسا كېرەك؟!" _ دەپ ئېغىر بىر تىنىپ قويدى.

ئۇنىڭ مېڭىسى يەنە شۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ خاتىرىلىرىنى ئەسلەش قاينىمىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ...

رېستوران پارتىلىتىش ۋەقەسىدىن كېيىنكى ئايلاردىن بىرى ئىدى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن تېخىمۇ ۋەھشىلەشكەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، ھەر بىر ماگىزىنىنىڭ ئىشىگىگە، ھەر بىر ئاپتوۋۇز بېكىتىگە، ھەتتا ھەر بىر كوچا ھاجەتخانىسىنىڭ ئالدىغىمۇ قۇراللىق پوس قويۇپ يەرلىكلەرنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتى. كوچا- كوچىدا، دوخمۇشتا خىتاي فاشىست ھەربىلىرى، ساقچىلىرى، زوراۋانلىرى قوللىرىدا ئاپتومات- ناگانلىرى، توك كالتەكلىرى، كوزا- كىشەنلىرى بىلەن خەلقىمىزگە ھەيۋە قىلىشىپ، خالىغانچە توختۇتۇپ يانلىرىنى، سومكىلىرىنى ئاختۇرىشاتتى. سەل- پەللا ئالىيىپ نارازىلىق بىلەن قارىغانلارنى بېسىۋىلىپ ئۇر- توخماقلىشاتتى. بۇ خىل كوچا تەكشۈرۈشلىرى ھەددىدىن ئېشىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ پۇل تاپىدىغان، قىزلىرىمىزنىڭ كۆكسى- چاتىراقلىرىنى سىلاپ- سىپاشلارغىچە بېرىپ يەتكەنىدى!

بىر كۈنىسى، قاسىم ئاپتوۋۇزدا ئىشىغا كېتىۋاتقىنىدا، ئىككى خىتاي زوراۋىنى بىر جۈپ ياش ئۇيغۇر ئەر- خوتۇننى ئاپتوۋۇز بېكىتىدە ئاپتوۋۇزغا چىقىشىدىن توسىۋىلىپ يانلىرىنى ئاختۇرىمىز دەپ تۇرىۋىلىشتى. بۇ خىتاي خۇلىگەرلىرىنىڭ بىرسى تاپانچىسى بىلەن ئۇيغۇر يىگىتىنى تامغا تىرەپ تۇتۇپ بەردى. يەنە بىر خىتاي قارا توخمىغىنى قولتىقىغا قىستۇرىۋىلىپ ياش قىزنىڭ كۆكسىگە قولىنى تىقىپ سىلاپ- سىپاشقا باشلىدى. قىز غەزەپلىنىپ يىغلىغىنىچە ۋارقىراپ يىگىتىگە تەلمۈرەتتى. بۇنىڭغا چىدىمىغان يىگىتى، ئۆزىگە تاپانچىسىنى تىرەپ تۇرغان خىتاينى كاللىسى بىلەن كېلىشتۇرۇپ بىرنى قويۇپ ئاغزى- بۇرنىنى قان قىلىۋەتتى. كەينىدىنلا ئېتىلىپ بېرىپ ئايالىنى سىلاشتۇرىۋاتقان خىتاينىڭ ئېڭىكىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سەكرەپ بېرىپ بىر پەشۋا ئاتتى. ئېڭىكىگە پەشۋا يىگەن بۇ خىتاي ئىككى مېتىر نېرىسىغا تىك- موللاق چۈشتى. بۇ ئارىدا كەينىدە تۇرغان ئاغزى- بۇرنى قانغا بويالغان خىتاي تاپانچىسىنى

ئارلاشتۇرۇپ، سۇدا تولۇق ئارىلاشقىچە قايىنىتىمىز. ئەگەر تولۇق ئارىلىشىشقا ئۈلگۈرمەيلا سۇ تۈگەپ كەتسە قايتا سۇ تولۇقلىنىدۇ. ئاندىن سۈزگۈچ قەغەزدە ياكى قېلىنىراق داكىدا سۈزۈپ پلاستىماسسا بولمىغان نەرسىلەر ئۈستىگە يېيىپ تەبىئى قۇرىتىمىز. قۇرىغاندىن كېيىن مۇۋاپىق مىقتاردا چىلىك ئوراپ، ئەتراپىغا ساقا- شارەكلەرنى تېكىپ بومبا قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئەمما نىسبەتەن كۈچلۈك پىستان قوللىنىش كېرەك. بۇ ماددىنى ئەملىنىپ قېلىشتىن، ئوتتىن ۋە پىلاستىماسسىلاردىن يىراق تۇتىشىمىز لازىم." قاسىم، بۇ ماددا ئۈچۈن لازىم بولغان ماددىلارنىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك ئىدارىسىنىڭ لابوراتورىيىسىدىن ئاسانلا ئوغۇرلاپ چىقالايتتى. ...

قارانغۇ كامېر ئىچىدە ياتقان قاسىم، ئەسلەپ بۇ يەرگە كەلگىنىدە ھېلىقى يىگىتنىڭ قىپقىزىل يۈرىگىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، غەزەپتىن كۆزلىرى ئوت بولۇپ يېنىپ كەتكەندى. ...

بىلەن پارتىلاپ كەتكەن بولۇپ، بىر مۇنچە قېرى- ياش خىتايلارنىڭ گەۋدىسى پارچىمۇ- پارچە بولۇپ ئۇچۇپ تىرەپ- تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن. نەق مەيداندىلا ئون نەچچە خىتاي تىتما- تىتما بولۇپ توزۇپ جان بەرگەن بولۇپ، يەنە بەزىلىرىنىڭ قولى يوق، بەزىلىرىنىڭ يۈز- كۆزى تىتىلغان، يەنە قايسى بىرىلىرىنىڭ ئۈچەيلىرى سۆرۈلۈپ جان تالىشىپ تىرەپ- تەرەپتە ئېڭراپ يېتىپ كەتكەن! ئەتراپتىكى بىنالارنىڭ بەزىلىرىگە پارچىلانغان ئادەم گۆش پارچىلىرى چاپلىشىپ قالغان بولۇپ، پۈتۈن ئەتراپ قان كۆلىگە ئايلانغان. ۋەقە مەيدانىنىڭ مەنزىرىسى بەكلا قورقۇنۇشلۇق تۈسكە كىرگەن بولۇپ، بۇ پاجىئەلىك مەنزىرىنى كۆرگەن بەزى خىتايلار دەرھال ھوشىدىن كېتىپ ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىرىپ تىترەپ يېتىپ قالغان. بۇلار قوشۇلۇپ ۋەقە مەيدانىنىڭ مەنزىرىسىدىكى پاجىئەنى تېخىمۇ قورقۇنۇشلۇق تۈسكە كەلتۈرۈۋەتكەن!

ئۇرۇنغا قالماي بۇ يەر دوختۇر ماشىنىلىرىنىڭ چىقىراشلىرى بىلەن ساقچى- قوراللىق ساقچى خىتايلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن. ...

قاسىمنىڭ بىرقانچە كۈندىن كېيىن خەۋەر تېپىشىچە، پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن ھېلىقى يىگىت ئەسلىدە تېخى يېقىندىلا ئونىۋېرسىتېتنى تۈگۈتۈپ ئالدىنقى دەم ئېلىش كۈنىدە توي قىلغاندىن كېيىن، ئايالىنى تۇنجى قېتىم جۇمالىتىپ قېينى ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە شېھىت قىلىنغانىكەن. بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان يىگىتنىڭ يىگىت قولدىشى بولغان ساۋاقدىشى شۇ كۈنى ئاخشىمى بىر ساقچى موتوسىكىلىتىنى ئوغرىلاپ چىقىپ، بېلىگە ئون نەچچە كىلو رەسمى پارتىلاتقۇچ دورىسىنى تېڭىپ ھېلىقى خىتايلار ئۆلتۈرۈشقان قورۇغا بېسىپ كىرىپ بىرلىكتە پارتىلاپ شېھىت بولغانىكەن.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قاسىم سەل ئارام تاپقاندەك قىلىسىمۇ، ئەمما ھېلىقى قاتىل خىتايلارغا بىۋاستە جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئادرېسلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشىش بىلەن بىرگە، دەرھال پارتىلاتقۇچ دورىسى تېپىشنىڭ كويىغا چۈشتى. قاسىم، ئۆتكەن بىر ھەپتىدە بىر بۇلۇڭدا ئۇچۇپ يۈرگەن بىر ۋاراق ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى قەغەزنى تېپىۋالغانىدى. ئۇنىڭدا ئىنتايىن ئاددى بىر پارتىلاتقۇچ دورىسى ياساش رېتسىپى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا كېتىدىغان نەرسىلەرنى تېپىش قاسىمغا ئانچە بەك تەسكە چۈشمەيتتى. شۇڭا قاسىم ئامال قىلالمىغاندا پارتىلىتىش دورىسىنى ئۆزى ياساشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. مانا بۈگۈن شۇ رېتسىپتا تونۇشتۇرۇلغان ماددىلارغا قايتىدىن بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. رېتسىپ بەكلا ئاددى كۆرۈنەتتى: "ئاتمىش گرام كالىي نىتراتقا يىگىرمە گرام ساپ گۈڭگۈرت ۋە ئون سەككىز گرام ساپ كاربوننى تەكشى

تاجاۋۇزچىلىق جىنايى قىلمىشلىرى، يەرلىك مىللەتلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك سۆزلىرى، يېقىن دوستلىرى، شەخسى ھەۋەسلىرى قاتارىدىكى مەلۇماتلىرىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تونۇشتۇرۇلغانىكەن. ئاخىرىدا يەنە ئوق چىقارغان خىتايدىن كەلگىنىگە تېخى ئەندىلا ئىككى يىل بولغان بىر ھەربى سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان سابىق ۋۇزىۋوت كوماندىرى ئىكەنلىكى ۋە ھازىر ئۇنىڭ خىتاي خۇبى ئۆلكىسى ماشەن ناھىيىسىدىكى ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتكەنلىكى، يەنە بىرسى كادىرلار ئىدارىسىنىڭ بىر بۆلۈم باشلىقى ۋەزىپىسىدىكى دادىسىنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ كەلگەن بىڭتۈەن ئالتىنچى دىۋىزىيىسىگە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكى يېزىلغان. قاسىم يېقىن ئەتراپتا بىرەرسىنىڭ يوقلىغىدىن پايدىلىنىپ بۇ ئېلاننى تەپسىلى تەرجىمە قىلىپ كۆچۈرىۋالدى. ئەتىسىلا ئىدارىسىدىكى كومپيۇتېردا بۇنى لاتىنچە يېزىپ كومپيۇتېر يۇمشاق دېتال تەخسىسىگە ئېلىپ ھەم بىر نۇسخا يازدۇرىۋالدى. ئاندىن بۇ قەغەزنى تىببىي مەكتەپنىڭ بېغىدىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلار كۆپ ئولىشىدىغان بىر ئورۇندۇققا قىستۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى. يەنە بىر كۈنىسى قولىدىكى يۇمشاق دېتال تەخسە نۇسخىسىنى كۆپەيتىپ يازدۇرۇشنىڭ غېمىنى قىلىپ يۈرگىنىدە، بۇ خەۋەرنىڭ كونا يېزىق نۇسخىسى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن نىقاپلىنىپ 'قاراخان' نامىدا ئىنتېرنەت سەھىپىلىرىدىن بىرسىگە بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ ئىشتىنمۇ ئارام تېپىپ قالغان قاسىم، ئەندى ھېلىقى خىتاي كوجاڭنىڭ ئائىلىسىنى جايلىۋېتىش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشىدۇ. ئەمما بۇ كوجاڭ خىتاينىڭ ئانىسى سابىق ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مۇئاۋىن بۇجاڭلىرىدىن بىرى بولغاچقا، ئالاھىدە قوغدىلىدىغان كادىرلار قورۇسىدىكى بۇ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بېرىۋالغانىكەن. قاسىم ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ قورۇغا كىرىشنىڭ يولىنى قىلالمايدۇ. ئىككى ھەپتىگىچە بۇ قورۇنىڭ ئەتراپىنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ يۈرگىنىدە، بۇ كادىرلار قورۇسىنىڭ مەخپى تۈردە بارغانسىرى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ھەتتا قورۇنىڭ ئەتراپىدا بىر قانچە چەسىنچە ياسانغان پايلاقچىلارنىڭمۇ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى سەزگەندەك قىلىپ، ئاخىرى بۇ خىتاي ئائىلىسىنىڭ پېيىگە چۈشۈشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئامال يوق، بۇ خىتاينىڭ بۇرۇنقى ئۆيىنى بولسىمۇ بىرنىمە قىلىۋېتىشنى ئويلايدۇ. بۇ ئاردا ئۇ ئۆينىمۇ نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن كۆيدۈرىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر ھىساپتا بۇ خىتاي كوجاڭنىڭ پېيىغا چۈشۈش ئىشىنى رەسمى پىلانىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولدى.

قاسىم، ھەرىكىتىدە دائىم بىرسىلىرىنىڭ كەينىدە قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئۆزىچە كۆڭلى يېرىم بولۇشقا باشلىدى. دېمەك، بۇ ئىشلاردا پىلانلىق ھەرىكەت قىلىشى

## 5. بىر خىتاي كوماندىرنىڭ "پاجىئەسى" نى پىلانلاش

— ئۇيغۇرلارمۇ؟ قويغىنە بىز خىتاينى!

— دوخمۇشتىكىلەرنىڭ سۆھبىتىدىن

قاسىمنىڭ كېپىسقا ئېلىنغان سول پۇتى قىچىشىپ ئارام بەرمىگىلى تۇردى. مىڭ تەستە گىپىسنىڭ بىر بۆرجىكىنى سۇندۇرۇپ قارىغانىدى، تۇرمە كامېرىنىڭ ئىشىكىدىكى يوچۇقتىن غۇۋا كىرىۋاتقان يورۇقتا گىپىس بىلەن ئورالغان داكىنىڭ ئىچى مىغىلداپ پىتلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ پۇتۇن كېيىملىرىمۇ رەسمىلا پىتلىشىپ، ئۇنى زادىلا ئارامىغا قويمىغانىدى. ئۇ بىر ھازا تاتىلاپ بەدىنىنىڭ بىرمۇنچە يەرلىرىنى قانىتىۋېلىپ، پىتنىڭ ئاچچىغىنى ئاغرىق بىلەن بېسىپ ئارام تاپقاندەك بولدى.

ئۇنىڭ خىيال دۇنياسى يەنە شۇ يېڭى كېلىن ۋەقەسىنى ئەسلەشكە كېتىپ قالدى. ...

قاسىم ئىككى ھەپتىدەك سوراقتا قېلىپ يۈرۈپ ئۇ ئىككى قاتىل خىتاينىڭ بىرسىنى خىتاي ساقچىلىرى دۆلەتكە قاچۇرىۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. بۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلانغان قاسىم، ئىككىنچىسىنى سوراقتا قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ، ئىككىنچى قاتىل خىتاينى نەدىن باشلاپ سوراقتا قىلىشنى ئويلاپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىر چەت ئاپتونۇم بېكىتىنىڭ تاختىسىغا چاپلانغان خىتايچە ئۇششاق قىلىپ يېزىلغان بىر ئېلانغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇ ئېلان ھېلىقى ئىككى قاتىل خىتاينىڭ ئادرېسى ھەققىدىكى بىر ئېلان ئىدى. ئېلاندا بۇ ئىككى خىتاي قاتىلى ھەققىدە بەكلا تەپسىلى مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش ئورنى، ئائىلە ئەھۋالى، تەپسىلى ئادرېسى، ۋەزىپىلىرى قاتارلىق مەلۇماتلار بەكلا ئېنىق بېرىلىش بىلەنلا قالماي، ھەتتا ئۇلارنىڭ شەخسى مىجەز- خاراكتېرلىرى، ئىختىسادى ئەھۋاللىرى، بۇرۇنقى

قېلىن سۇپ- سۈزۈك چاۋا ماي بىلەن قاپلانغان ئۈچەي- باغرى تۆكۈلۈپ چۈشۈپ يەردە سۆرۈلۈپ قالغان بولۇپ، ئۇ خىتاي نېمە ۋەقە بولغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالماي ھاڭۋاققىنىچە "ئەيىيو، ئەيىيو" دەپ ئۈچەيلىرىنى قولىغا ئېلىپ تارتىشتۇرۇپ قاراۋاتاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالدىغا سەنتۈرلۈپ يەردە سۆرۈلۈپ ياتقان ئاچچىق ئۈچەيلىرىنى دەسسەپ پاقىلدىتىپ يارغىنىچە گۈپپىلا قىلىپ ئۆز ئىچ باغرىنىڭ ئۈستىگىلا دۈم چۈشتى. بۇنچە ئېغىر يۈككە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئۇنىڭ ئۈچەي- باغرىلىرى ئاستىدا قېلىپ يېرىلىپ، ساپسېرىق يېغلىرى ياندىن جىرىلداپ چاچىراشقا باشلىدى. يېنىدىكى خىتايلار شۇ چاغدىلا بۇ ھەمرايىغا دىققەت قىلىشىپ، "لاۋ جىياڭ، لاۋ جىياڭغا نېمە بولدى؟!" دېيىشكىنىچە ئۇ خىتايىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشقا ئۇرۇنۇشماقتا ئىدى. قاسىم بۇ تۇيۇقسىز بولغان پاجىئەنى كۆرگىنىدىن كېيىن بايامقى بالىنىڭ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۆتىشىنىڭ مەقسىدىنى ئەندىلا قىياس قىلدى- دە، قورققىنىدىن ئىتتىك قەدەملەر بىلەن غىپپىلا قىلىپ يەنە بىر كوچىغا كىرىپ تىكىۋەتتى. ...

قاسىم ئۆيگە كېلىۋالغىنىدىن كېيىن ھېلىقى بالىنى ئويلاپ قالدى: "تۇۋۇۋا، نېمە دېگەن چەبدەستلىك، نېمە دېگەن ئاددى ھەرىكەت بۇ؟! ھەم پاكىزە ھەم ۋەھىمىلىك! مەن ئۆزەمچە قىلىدىغان ئىشلىرىمنى ئالاھىدە ئېغىر ۋەزىپە دەپ قىلىمىغان ئېھتىياتلىرىم قالمايدىكەن، قارا بۇ بالىنى!"

ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۇنىڭغىمۇ بۇ ئىشنى مەن قىلدىم دەپ يالغان قوشۇن نامىدا ماختىنىپ بىر ۋەھىمە خەۋىرى تارقىتىش پۇرسىتى كەلگەندى. ...

قاسىمنىڭ خىيالىنى بەدىنىدىكى ئېچىشىپ ئاغرىش يېرىمىدا ئۈزۈۋەتتى. بايىتىدىن تاتىلاپ قانىتىۋەتكەن يەرلىرى ئەندىلىكتە قىزىرىپ ئاغرىپ ئارامىدا قويمايۋاتاتتى. ئۇ ئەسلىمىلىرىنى يېرىمىدا توختىتىپ ئاستا تىركىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كامېر ئىچىدە ئايلىنىپ مېڭىشقا كىرىشتى. بۇ يېقىنلاردا ئۇنى رەسمىيەت ئۈچۈنلا سوراققا تارتىپ، يۈز- كۆزىنى قانغا بويىۋېتىپ قايتىدىن كامېرىغا سۆرەپ ئەكىرىپ تاشلىۋېتىشەتتى. بۇ كۈنلەردە كامېردا ئۇ يالغۇز ئەمەس ئىدى. سوراق ئۆيىدە قىينىغانلىرىدىمۇ ئەتىراپىدا بىر نەچچە يېڭى- ياچە ياش 'جىنايەتچى' لەرمۇ بىرگە بولاتتى. جاللاتلار ئۇنى بۇ يېڭى تۇتۇلغانلىقلىرى كۆرۈنۈپلا تۇرغان تەجرىبىسىز ياش بالىلار ئالدىدىلا كەلسە- كەلمەس ئۇرۇپ قىيىنىشاتتى. روشەنكى، بۇ قىيناشلار ئۇنى سوراق قىلغىنىدىن كۆرە، يېڭى مەھبۇسلارغا سۈر كۆرسىتىش ئۈچۈنلا قىلىنىۋاتقان ئىشلار ئىدى.

ئۇنىڭغا تەسكە چۈشمەكتە ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر مەخپىي قوشۇنغا ئەزا بولۇش ياكى ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر قوشۇن تەشكىللەپ ھەمكارلىق ئاساسىدا ئىش قىلىش لازىم بولماقتا ئىدى.

قاسىم، ئۆتكەن ئىككى قېتىملىق ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتى جەريانىدا پارتلىتىش مىناسى قويۇشنىڭ ئەڭ بىخەتەر ۋە ئەڭ ئاسان چارە بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالغانىدى. ئەمما قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۆيىدە بار بولغان بارلىق پىروخ، پىستانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، قايتىدىن بىرەر ۋەقە چىقىرىشقا تەييارلىنىش مەقسىتىدە باشقىلاتتىن دورا- پىستان تەييارلاش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىدارىسىدىن قولىدا بار رېتسېپقا كېرەكلىك دورىلارنى ئوغرىلاپ چىقالماي، ئىلاجىسىز دۇكانمۇ- دۇكان ئارىلاپ يۈرۈپ سەرەڭگە ياكى پوجاڭزا يىغىشقا مەجبۇر بولدى. يىغقان سەرەڭگىلىرىنى زىرىكمەي ئولتۇرۇپ بېشىنى قىرىپ چىقىرىشقا تۇتۇش قىلدى. بۇ كۈنلەردە دۇكانلاردا ئەركىن سېتىلىدىغان پوجاڭزىلارمۇ يوقاپ كەتكەنىدى. ھەتتا بىر دۇكاندا كىچىك بىر ئۇيغۇر بالىسى پوجاڭزا ئالىمەن دەپ كىرگىنىدە، ئۇ بالىنى تۇتىۋېلىپ زوراۋانلىق ئەترىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. زوراۋان خىتاي جاللاتلىرى ئۇ بالىنى ئادەم قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللاردا قىيناپ ۋە تاجاۋۇز قىلىپ تاشلىۋېتىش بىلەنلا قالماي، ئۇ بالىنىڭ چوڭ ئاكىسىنى بوھتان بىلەن سولاپ قويۇشقانلىق خەۋەرلىرىمۇ تارقىلىپ يۈرگەنىدى. ئۇندىن باشقا كېرەكلىك دورا- دەرمەكلەرنىمۇ 'زوراۋانلىققا قارشى كوممۇتېت' نىڭ تونۇشتۇرۇشى بولماي تۇرۇپ ئالغىلى بولمايدىغان قىلىۋەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئەندى سەرەڭگە- ھاراقلاردىن پايدىلىنىشتىن باشقا چارە قالمىغانىدى.

قاسىم، يىغقان سەرەڭگىلىرىنىڭ ئازلىق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە ئازىراق يىغىپ كىرىش ئۈچۈن بىر كۈنىسى ئارقا كوچىلاردىكى ئۇششاق دۇكانلارنى ئارىلاپ ئائىلىلىك بىنالىرى بىلەن تولغان بىر تار كوچىدا كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا بىر ئۇيغۇر بالا ئۇنىڭ يېنىدىن غۇيۇلداپ چېپىپ ئۆتۈپ ئۇنى سوقۇپ ئۆرۈۋېتىشكە قىل قالدى. ئۇ بالا ئۇچقاندەك يۈگۈرگىنىچە ئۇدۇلىدىكى بىر بىنانىڭ ئالدىدا سالقىنداپ تۇرغان بىر نەچچە خىتاينىڭ ئارىسىدىن يەنە شۇنداق چېپىپ ئۆتۈپ، ياندىكى بىر تار كوچىغا بۇرۇلۇپلا كۆزدىن غايىپ بولدى. قاسىم بۇ بەڭۋاش بالىنى ئارقىدىن غوتۇلداپ كايىغىنىچە كېتىۋاتقىنىدا، ئۇ بالا ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ھېلىقى سالقىنداپ تۇرغان خىتايلارنىڭ ئىچىدىكى سېمىز بىر پوق قورساق خىتايغا كۆزى چۈشكەندەك قىلدى. ئۇ خىتاينىڭ ئاسما مايكىسى كىندىك تەرىپىدىن ئېنىغا يىرتىلىپ ئېچىۋېتىلگەن، ئۇ يىرتىقتىن

پارچىلانغان خىتاي گەۋدىلىرى ئۇچراپ تۇرىدىغان، ... دېگەندەك ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈشلەرمۇ ئارىلاپ بولۇپ تۇراتتى. يەنە شۇنىڭدەك ئارىلاپ بىرەر يۈك ماشىنىسى، بىرەر خىتاي بولكىۋاي ماشىنىسى، تاكسىلىرى كېتىۋېتىپ ئۆزىچىلا پارتىلاپ كېتىدىغان، بەزى خىتاي ئۆيلىرىمۇ پارتىلاپ كۆيۈپ كېتىدىغان ھادىسىلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، چەت ناھىيە بازارلىرىدا خىتايلار بەكلا ئاز كۆرۈنىدىغان، يول بويى پويىز بېكەتلىرى خىتاي قاچقۇنلىرى بىلەن تولۇپ تاشىدىغان ئەھۋاللار ئادەتتىكى ھالغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. تاجاۋۇزچىلار ھۆكۈمىتىمۇ ھەربىي- قوراللىق ساقچىلىرىنى ھېلى ئۇ ياققا، ھېلى بۇ ياققا توشۇپ بېشى قېيىپلا كەتكەنىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بارلىق ئورگانلىرىدىلا ئەمەس، ھەتتا ھەربىر ئىدارە، ھەربىر زاۋۇت، ھەربىر مەھەللىگىچە دېگۈدەك ئەنچۈەنتىڭ شۆبىلىرىنى كۆپەيتىپ قۇرۇپ، چەسنىچە ياسانغان ساقچى- جاسۇسلىرىنى كۆپەيتىش بىلەن ھە- دەپ شۇغۇللانماقتا بولۇپ، مەركىزى ھۆكۈمەتمۇ بۇ رايوندىن ئالىدىغان بارلىق باج- سېلىقلىرىنى پۈتۈنلەي 'زوراۋانلارغا زەربە بېرىش' ئۈچۈن ئىشلىتىش ئىختىيارىنى بەرگەنىدى. بۇ كۈنلەردە خىتايدىن كېلىدىغان 'بىچارە ئىشلەمچىلەر' ئورنىغا قوراللىق ھەربىلەر، قوراللىق ساقچىلار، مەخسۇس كۇرسلاردا تەربىيەلەنگەن جاسۇس- زوراۋانلىرىنى توشىماقتا ئىدى. دۆلەت تۈسىنى ئالغان بۇ خىل خىتاي تېررورچىلىق ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، خىتايغا قاراپ قاچىدىغان قاچقۇنلىرىنى چەكلەش ئۈچۈن قايتىپ كەلگىنىدە نوپۇسقا ئالمايدىغانلىقى، كەتكەن ھامان ئىشتىن چىقىرىلغان ھېساپلىنىدىغانلىقى، خىتايغا بارغىنىدا نوپۇسقا ئېلىنماسلىق، ئىشقا ئالماسلىق، دۇكان- كارخانا ئاچتۇرماسلىق، خىتايغا كېتىش ئۈچۈن بىلەت ئالغانلاردىن ھەسسىلەپ 'چېگرادىن چىقىش بېجى' ئېلىش، ... دېگەندەك چارىلارنى ئىشقا سېلىشقا كىرىشتى. بۇنداق بېسىم، چەكلىمە ياكى قورقۇتۇشلار دېگەندەك ئۈنۈم بەرمەيۋاتاتتى. قارىغاندا تىنگى بوش ياكى تېنچ كەيپى- ساپالىق ھاياتقا كۆنۈپ قالغان خىتايلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بۇ ئەلنى تاشلاپ قېچىشقا تەييار بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

بۇنىڭغا ماس ھالدا بۇ كۈنلەردە يەرلىكلەر ئۈچۈن خىتاي بېسىمى ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىرلاشماقتا ئىدى. قىزىق يېرى يەرلىكلەردىن قورقۇپ ئۇلارنى بىر تەرەپتىن ئىشتىن بوشاتقىلى تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن كامىيىپ كەتكەن ئەمگەك كۈچىنىڭ ئورنىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن نازارەت ئاستىدا بولسىمۇ ئىشلىتىشمەكتە ئىدى. يەرلىكلەرنىڭ كۈچىلارغا چىقىشى ئاختۇرۇلۇشقا شەرتسىز بوي سۇنغانىنىڭ ئۈستىگە، قولىدا ئىدارىسىنىڭ، مەھەللىسىنىڭ، كوپېراتىپ ياكى جەمىيەتلىرىنىڭ، مەھەللە

قاسىممۇ بۇ تۇردىكى رەسمىيەت تۈسىنى ئالغان قىيناشلارغا خېلى بۇرۇنلا كۆنۈپ قالغاچقا، ئۆزىنى تۇتىۋالغان ھالدا جازا ئۈستىگە كىرىپ ئۈن- تۈنسىزلا جازالىنىشنى كۈتۈپ تۇرىدىغان بولىۋالدى. ئۇ، جازالىنىۋاتقىنىدا خىتايلارنى ئارىلاپ تىللاپ قويغىنىدىن باشقا، قىيناشلىرىغا تولا بەك ئېڭىراپمۇ كەتمەيتتى. جاللاتلارمۇ ئۇنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەڭ ۋەھشى ئۇسۇللاردا قىينىشىپ، ھوشىدىن كەتكىنىدە سۆرىشىپ ئېلىپ چىقىپ كامىرىغا تاشلىشاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە قاسىمنىڭ بۇ خىل چىداملىق ئىرادىسى خىتاي جاللاتلىرىنى زېرىكتۈرۈپلا قالماي، يېڭى تۇتۇلغانلار ئۈچۈنمۇ سەلبىي رول ئويناپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىشكە ئۈلگە بولۇپ تەسىر قىلىدىغان بولدى. شۇ سەۋەپتىن يېڭى قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدىمۇ قان كۆلىگە پاتۇرۇلغىچە قىيىن- قىستاقلارغا ئېلىنغىنىغا قارىماي، 'غىڭ' قىلماي بەرداشلىق بېرىدىغان جاسارەتلىك ياشلار كۆپىيىشكە باشلىغانىدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ياش بالا ئۇنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرگەنىدى: قارىغاندا باشقىلارنىڭ تاپشۇرىغى بىلەن تەشۋىقات ۋارىغى تارقىتىۋاتقىنىدا ئېھتىياتسىزلىقىدىن نەق مەيداندا قولغا چۈشۈپ قالغان 17 ياشلىق بىر بالا، تاياق زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ياكى كۈنلەرچە ئۇيقۇسىز قالدۇرۇلغىنىدا جۆيلۈپ سېلىپ تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى پاش قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ، تىلىنى چىقىرىپ تۇرۇپ ئۆز ئېڭىكىگە قاتتىق مۇشلاپ تىلىنى چىشلەپ ئۈزىۋېلىپ سۆزلىيەلمەس بولىۋالغان!

قاسىم كامېرداشلىرى بىلەن تېخى يېڭى بولغاچقا، ئۇلار بىلەن سۆزلەشكىچە بولمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ قايتىدىن ئەسلىمىلىرىنىڭ قالغان قىسمىنى ئەسلەش ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ...

بۇ يېقىنقى ئايلاردا قاسىم تۇرىۋاتقان شەھەردىلا ئەمەس، ھەتتا خېلى چەت شەھەرلەردىمۇ خىتايلار ئارىسىغا ۋەھىمە سېلىش ۋەقەلىرى ئارىلاپ كۆرۈلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە ئىدى. ئارىلاپ كۆكتاتچى خىتاي باققاللىرى يوقاپ كېتىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ پوكەيلىرىدىكى ماللىرى ئىچىگە بىرەر كېسەك قول ياكى كېسىلگەن قۇلاقلار كىرىپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرغاچقا، ئادەتتىكى ئۇششاق شەھەر بازارلىرىدا خىتاي يايمىچىلىرى كۈندىن- كۈنگە ئازىيىپ بارماقتا ئىدى. ھەتتا بەزى شەھەر- بازارلاردا ئۇ يەردە بىر كېسەك باش، بۇ يەردە بىرەردىن پۇت- قوللىرى كېسىۋېلىنغان، ئۇچەي- باغرى چۇۋۇۋېتىلگەن، جىگەرلىرى قوچىۋېتىلگەن، يۈرەكلىرى سۇغۇرىۋېلىنغان دېگەندەك

ھەرقانداق بىر خىتاي، يەرلىكلەرگە خالىغانچە ۋەھشىلىك قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن بولسا، ۋاقىتنىڭ ئۆزۈرىشىغا ۋە بۇ خىل ۋەھىمىلىك قىساس ئېلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ شەخسلەر بويىچە ئاشكارە قوپاللىق قىلالمايدىغان، قورالسىز بولغىنىدا يەرلىكلەرنى كۆرسە يالغان ھىجىيىشىپ داجىپ قېچىشىدىغان، قوراللىق ھىمايىچىلىرى بولغىنىدا چوڭ گەپ قىلىشىۋالىدىغان بولۇپ ئۆزگەرمەكتە ئىدى. ئەمما قولىغا قورال چىقىپ قالغان زوراۋانلار ئەتىرىتىدىكىلەر، مىنبىڭلار، ساقچىلار، قوراللىق ساقچىلار، جەپاڭجۇنلەر يەرلىكلەرگە بارغانسېرى ۋەھشىلىك قىلىشقا باشلاپ، ئازىراقلا باھانە تېپىۋالسا ئۇرۇپ- دۇمبالاپ، يانلىرىنى ئاختۇرۇشۇپ بۇلاڭ- تالاڭ قىلىشىدىغان، نەپ چىقىرالمىغىنىدا پۇتاخ چىقىرىشىپ سۇلاپ قويۇپ قىيناپ ئويىنىشىدىغان، ھەتتا كوچىلاردا ئوق چىقىرىشىپ ئېتىپ تاشلايدىغان ھادىسىلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. قىسقىسى، بۇ 'قېرىنداش ئاكا مىللەت' دېيىلگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى تولۇق ئاشكارىلاشقانىدى. مانا بۇ – ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ياتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئىدى. يەرلىك خەلقمۇ دەسلىۋىدە بۇ خىل ۋەھىمىلىك ھەرىكەت پەيدا قىلغۇچىلارنى ئېغىر ھاقارەت قىلىشىپ يۈرگەن بولسىمۇ، خىتايلارنىڭ ئۆچمەنلىكى ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچىلارغىلا ئەمەس، بەلكى قان- قېنىغا سىڭىپ كەتكەن مىللىي ئۆچمەنلىك ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك بۇ تۈردىكى ھەرىكەتلەرنىڭ كەينى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىشىغا ئەگىشىپ مەخپىي ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچى پىدائىلىرىغا غەزەپلىنىشتىن، تەدرىجى ھالدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان مىللىي ھېسسىياتقا قايتا كېلىشكە باشلىغانىدى.

قاسىم، يەرلىكلەر دەسلىۋىدە بۇ خىل ۋەقەلەرنى بۇرۇنقىدەك ئۆتكۈنچى ۋەقەلەر دەپ، بېشىمىزغا بىھۇدە ئىش تېپىپ بېرىدىغانلار دېيىشكەن بولسا، مانا ئەندى تەدرىجى ھالدا 'ئەندى بولغىلىق بولدى، بۇ ئىش مۇشۇ شەكىلدە داۋام قىلمىغىنىدا بىزنىڭ تەغدىرىمىز تۈگەشكەن بولىدۇ' دېيىشىپ، كۆڭلىدە بولسىمۇ بۇنداق ھەرىكەتلەرنى ھىمايە قىلىشقا قاراپ ئۆزگىرىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر بىنادا، ھەربىر دۇكاندا، ھەرقانداق بىر يىغىندا يەرلىكلەردىن بىرنەچچىسى بولسىمۇ بولۇپ تۇرۇشنى شەرت قىلىش ھالىتى يەرلىكلەر ئارىسىدىكى ئۆي جاپاسىنى يەتكىچە تارتىشقان، ئىشتىن قوغلىنىش تەھدىتىدىن بېرى كېلەلمەسلىكتەك ئەنسىزچىلىكلىرىنى قىسمەنلىكتە بولسىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويالىشى، بىر قىسىم كىشىلەرنى خوشالمۇ قىلغانىدى.

شۇنداقتىمۇ، قاسىمنىڭ كۆڭلىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يەرلىكلەرگە

ساقچىلىرىنىڭ، مەھەللىلەردىكى زوراۋانلىققا قارشى ئەترەت ئىشخانىلىرىنىڭ، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ، ... دېگەندەك بىرمۇنچە تامغىلار بېسىلغان بىر توقۇم رۇخسەت قەغەزنى يېنىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈشى شەرت ئىدى. بۇ قەغەزلەرنىڭ پاتلا ۋاقتى توشۇپ قالغاننى ئاز دەپ، يېڭىلاش ھەققىمۇ بەكلا قىممەت ئىدى. يەرلىك خەلقتىن قورقۇپ يۈرگەن نۇرغۇن ئىدارە- جەمئىيەتلەر يەرلىكلەر زىچراق ئولتۇرغان ئائىلىلىك بىنالىرىدىن يەرلىك ئائىلىلىكلەرنى تارقاقلاشتۇرۇپ مەخسۇس خىتاي ئائىلىلىك بىنالىرىغا بىردىن- ئىككىدىن چېچىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشكەنلەرمۇ بولدى. ئەمما يەنە نۇرغۇن ئورۇنلار ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى ساپ خىتاي ئائىلىلىك بىنالىرىغا بىرەردىن تارقىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇشتا خېلى كۆپ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشتى. بىر قىسىم ئىدارىلاردا يەرلىك ئائىلىلەرنىڭ سانى بىر بىنا زالىغا بىرەردىنمۇ يەتمەي قالغاچقا، خوشنا ئىدارىلارنىڭ ئائىلىلىك بىنالىرىدىن يەرلىك ئائىلىلىك 'قەرز' ئېلىشتەك ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان غەلىتە ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئېغىر مىللەتچى شوۋىنىست ئەقىدىلىك ئىدارە باشلىقى بار ئىدارىلاردا مىللىي ئائىلىلىكلەرنى يىغىپ بىرلا بىناغا قامىۋېلىپ، رەسمىي قوراللىق پوست قويۇپ كېچە- كۈندۈز قاتتىق نازارەت قىلىش، يەرلىكلەرنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىشقا ئورۇنۇشماقتا ئىدى.

قاسىممۇ شۇ قاتاردا يەرلىكلەرنى خىتايلار ئارىسىغا تارقىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىغا توغرا كېلىپ، ئون يىلدىن بۇيان تولا ئىلتىماس قىلىپ تەخسىم قىلىنماي كەلگەن ئۈچ ئېغىزلىق بىر ئۆيگە ئېرىشىپ ئىدارىسىدىكى بىر چوڭجاڭنىڭ 'خوشنىسى بولۇش دەرىجىسىگە ئېرىشىپ قالغانىدى. گەرچە بەش يىلدىن بېرى بىرەر قېتىممۇ ئاقلىنىپ سىرلانمايدىغان كونا بىناسىدىن قۇتۇلۇپ پاك- پاكىزە ۋە ئازادە ئۆيگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، خېلى كۈنلەردىن بېرى ئاغىنىلىرى بىلەن 'ئولتۇرۇش قىلىش' ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي، خۇددى بىر نېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندەكلا بولۇپ يۈردى. خۇددى شۇنىڭدەك قالغان ئۆلپەتلىرىدىن ئىككىسىمۇ 'خىتاي ئائىلىلىك بىنالىرى ئۈچۈن قالقان بولۇپ بېرىش' ۋەزىپىسىگە تەخسىم قىلىنىپ ئۆي كۆچكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆلپەتچىلىك ئىشلىرى خېلىدىن بېرى توختاپ قالغانىدى. بۇ خىل يېڭىچە 'ئۆي تەخسىماتى' قاسىم بىلەن دوستلىرىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشىغا توسقۇن بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كوچا خەۋەرلىرىنى توپلىشى زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، دوستلىرىنىڭ گاللىرى قىچىشىپ زادىلا ئارامىدا قويمىغانىدى.

دەسلىۋىدە، خىتايلارغا ۋەھىمە يارىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ باشلىنىشىدا خىتايلارنىڭ يەرلىكلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىلىرى ئومۇمىي يۈزلۈك قوپاللىشىپ،

كەتكىنىگە قارىماي ئاپتوۋۇز بېكەتلىرىدە، تاملاردا، ئىستولبا- تۈۋرۈكلەردە، ھاجەتخانا- ئەخلەتخانىلاردا ۋەھىمە پەيدا قىلىشقا دائىر تەشۋىقات ۋاراقلىرى، ... قاتارىدىكى تەشۋىقاتلارنى قاسىمۇ پات- پاتلا ئۇچۇرىتالايدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلمەكتە ئىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى دەسلەپتە بۇ خىل تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تېپىۋالسا ئالاھىدە داۋراڭ قىلىشىپ بارماق ئىزلىرىنى ئېلىش، پۇراقلىرىنى تەكشۈرۈش، قەغەزلەرنىڭ، بېسىلىش يەرلىرىنىڭ مەنبەسىنى ئاختۇرۇش جەھەتتە پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ رازۋېتكىغا كىرىشىش بىلەنلا قالماي، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىشنى يوقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈش ئۈگۈنۈش كورۇسلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشۇپ خەلقنى قورقۇتۇشقا تىرىشاتتى. مانا ئەندى، تەشۋىقات ۋاراقلىرىنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن بۇنداق ۋاراقلار خىتايلارغىمۇ لاتا تېتىيدىغان بولۇپ، ئۇلارنى بىر- بىرلەپ تەكشۈرۈپ يۈرۈش ئورنىغا شۇ يەردىلا يوق قىلىۋېتىش بىلەن چەكلىنىشكە مەجبۇر قالماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كۈنلەردە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇچۇن ھەپىلىشىدىغانغا ئۇنداق قەغەز يۈزىدىكى تەشۋىقاتلارغا قارىغاندا تېخىمۇ جىددى ۋەزىپىلەر ئالدىدا تۇراتتى: كۈنسايىن كۆپىيىپ كېتىۋاتقان بىر- بىرسىدىن ۋەھىمىلىك ھەرىكەتلەرنى پاش قىلىش ئىشلىرىمۇ خىتايلارنى بىر قولىنى ئىككى قىلىپ جىددي تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. شۇڭا، خىتايلار ئەندى تامدىكى قەغەزلەرنى رازۋېتكا قىلىش بىلەن ۋاقىت ئىسراپ قىلىشنىڭ ئورنىغا بوغۇزلانغان ۋەتەندېشىنىڭ بېشىنى، كېسىلگەن يۇرتدېشىنىڭ بارماقلىرىنى ... دېگەندەك تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك نەرسىلەر ئۈستىدە رازۋېتكا قىلىشقا كۆپىرەك كۈچ سەرىپ قىلىشماقتا ئىدى. قاسىمنىڭ رولى بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمەيتتى: ئۇ يېڭى ھەرىكەت باشلىغان كۈنلىرىدە خىتايغا قاچىدىغانلار ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقىلا بولماي قالماي، خىتايدىن كېلىدىغان يېڭى تاجاۋۇزچى كەلگىندىلەرنىڭ سانىمۇ يىلىغا مىليونغا يېتىپ- قوپار ھالەتتە ئىدى. مانا بۈگۈن، خىتايدىن كېلىۋاتقان يولۇۋچىلار پويىزىنىڭ ۋاگونلىرى ئاساسەن بوشاپلا كېتىش بىلەن بىرگە، خىتايغا قاراپ قېچىشىۋاتقان خىتايلارنىڭ يولۇۋچىلار پويىزى تۈگۈل، يۈك پويىز ۋاگونلىرىنىمۇ تولدۇرۇپ قېچىشىدىغان ۋەزىيەت يارىتىلغانىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، خىتايدىن كېلىپ مەبلەغ سېلىپ خىتاي ئاققۇنلىرىغا ئىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشلەر ئاساسەن توختاش بىلەنلا قالماي، كونا ئىش ئورۇنلىرىمۇ كەينى- كەينىدىن تاقىلىپ، خىتاي كەلگىندى ئىشسىزلىرىنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئارتىپ كېتىۋاتاتتى. ئايلارغىچە ئىش تاپالماي يېتىپ بىكار نان يەيدىغانغا چۈشۈپ قالغان نۇرغۇنلىغان خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگىندىلىرى قولىدا بارىنى يەپ تۈگىتىشىپ، بىرىر ۋەھىمىگە دۇچ

ۋەھشىلىك قىلىشلىرى پەۋقۇلئاددە ئارتىپ كەتكەندەك بىلىنىپ، قىلىنىۋاتقان ئىشنىڭ ئەجابىي تەسىرىدىن سەلبىي تەسىرىنىڭ ئارتىپ كېتىۋاتقاندەك تەسىرات ئىچىگە پېتىپ قالماقتا ئىدى. ئۇ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا بېرىلگەن زەربىلەر تۈپەيلىدىن يەرلىكلەرنىڭ كۆرىۋاتقان زۇلۇمىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈستىدە شۇنچە كۆپ ئويلىنىپمۇ تۈزۈكرەك بىرەر نەتىجە چىقىرالماي يۈرمەكتە ئىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ماھىيىتى ئەسلىدىلا قاسىمغا بەلگىلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەخسىدى ئەسلىدىنلا ئۇيغۇرلارنى بىر ئامال قىلىپ يوقىتىۋېتىپ، بۇ يەرگە خىتاي كەلتۈرۈپ توشقۇزىۋېتىش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار نەچچە مىليون ئادەمنى قۇربان قىلىۋەتىسمۇ رازى بولىشاتتى. "ئەجەبا، قىلىنىۋاتقان بۇ ھەرىكىتىم توغرىمىدۇ؟!" _ دەپ پات- پات ئۆزىگە سوئال قوياتتى. بولۇپمۇ ھېلىقىدەك ھەددىدىن ئارتۇق خارلىنىپ كېتىۋاتقان، بىھۇدە جازالىنىپ كېتىۋاتقان ۋە بىھۇدە ئۆلتۈرۈلىۋاتقان يۇرتداشلىرىنى كۆرگىنىدە، بۇ ھەرىكىتىدىن دەرھال يېنىۋېلىشنى ئويلاپ كېتەتتى.

ئەسلىدىلا قاسىم بۇ بىر نەچچە ئايدىن بېرى بىرەر قېتىممۇ مەخپىي ۋەھىمە ھەرىكىتى پەيدا قىلالماي كەلمەكتە ئىدى. بۇنىڭ تېگىنى سۈرۈشتە قىلغاندا، ئۇنىڭ بۇگۈنگىچە پەيدا قىلغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قورقۇتۇپ قوغلاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ۋەھىمە يارىتىش ھەرىكىتىمۇ ئارانلا ئىككى قېتىم بولۇپ، جەمئىيەتتە تەخمىنەن ھەپتىدە بىرەر قېتىمدىن پەيدا بولۇپ تۇرىۋاتقان مەخپىي ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ھېچ بىرسى ئۇنىڭ بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. قاسىم بۇلارنى ئويلاپ سەل خىجىل بولۇپ قالدى: "تۇۋۋا خۇدايىم، يۈز بېرىۋاتقان بۇ ۋەھىمە ھەرىكەتلىرىنى يالغۇز مەنلا پەيدا قىلىۋاتقىنىمدەك، ھېچ بولمىسا مەنلا پىلانلاپ قوماندانلىق قىلىۋاتقىنىمدەك ئويلاپ كېتىپتىمەنغۇ! مەن شۇنچە كۆرەڭلەپ كەتكىدەك، باش قاتۇرۇپ ئويلىنىپ كەتكىدەك نېمە قىلغانىدىم؟! بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان باشقا پىدائىيلارنىڭمۇ بۇنچىلىكنى ئويلىغىچىلىك ئەقىللىرى بار كىشىلەردۇ؟!" _ قاسىم قۇرۇق خىياللارنى تاشلاپ، پاتىراق يەنە بىر ۋەھىمە پىلانلاش غېمىنى قىلىشقا كىرىشتى.

ئەسلىدە، قاسىمنىڭ بۇلارنى ئويلاپ قويۇشىمۇ ھەققى بار ئىدى: قاسىم تۇنجى ھەرىكىتىنى باشلىغان كۈنلىرىدە، ھېلىقى ئىككى كىتاپنى پەۋقۇلئاددە كۆرۈپ قالغىنىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ۋەتەن، مىللىتىنىڭ تەغدىرىنى ھەل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك تۈزۈگرەك بىرەر مەخپىي تەشۋىقات ۋارىقىنىمۇ ئاسانلىقچە ئۇچرىتالىقلى بولمايتتى. مانا بۈگۈن، ۋەزىيەتنىڭ ئۇ كۈنلەرگە قارىغاندا شۇنچە جىددىيلىشىپ

قاسىم ۋاقىت چىقىرىپ ھېلىقى ئىككى كىتاپچىنى قايتىدىن بىر كۆرۈپ چىقتى: "ئىزچى مەن قارىغاندا خېلى توغرا مۆلچەرلىگەندەك قىلامدۇ- قانداق؟! _ قاسىم ئولتۇرۇپ ئويغا پاتتى، _ دۈشمەن قانچىكى ئىسەبىلەشكىنىكىن، ھەرىكىتىمىزنىڭ شۇنچە غەلىبىلىك كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ! ..."

ئۇ بۇگۇن، ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرسى ئەمەس، بەلكى بۇنداق ھەرىكەتلەر بىلەن شوغۇللانغۇچى مەخپىي پىدائىلىرىمىزغا ئەگەشكۈچى ئورنىغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىشقا باشلىدى. "ياق، بۇ ئىشىمنى قەتئىي تەۋرەنمەي داۋاملاشتۇرۇشۇم كېرەك!" ...

"ئۇ كۈنلەردە، بۇ ئىشلارغا خۇددى مەنلا قوماندانلىق قىلىۋاتقىنىمدەكلا ئويلاپ كېتىپتىكەنمەن. _ دەپ پىچىرلاپ قويدى ئۇ تۈرمىنىڭ سوغۇق تېمىغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ، _ ئۇ كۈنلەردە ئۆزەمنى بەكلا قالتىس چاغلاپ كەتكەنىكەنمەن، تۇۋۋا!"

قاسىم، قاپ- قاراڭغۇ كامېرىنىڭ كۆرۈنمىگەن تورۇسىغا تىكىلگىنىچە بىر بۆلۈكىدا سوغۇق تامغا يۆلىنىپ ئەسلىمىلىرىنىڭ داۋامىنى سۈرمەكتە ئىدى.

"يامان يېرى، ھېلىقى ئىككى خىتاي جاللاتنى قاچۇرۇپ قويدۇم- دە! _ ئۇ، قىمىرلاپ قويۇپ، كامېرىنىڭ كۆرۈنمىگەن نېرىقى بۆلۈكىگە غەزەپ بىلەن بىرنى تۈكۈرۈۋەتتى! ئۇ تەرەپتىن بىر تىۋىش چىققاندەك قىلدى. _ ھېچ بولمىغاندا ئۇ كاپىرنىڭ ئائىلىسىنى بولسىمۇ بىر ئۆركىتىپ قويىدىغان ئىش ئىدى- دە! ھېلىقى ئۇ خىتاينىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلەر ھەجەپمۇ يامان نېمىلەركەن- دە!" _ ئۇ كوچاڭ خىتاي شۇ كۈنلەردە دەرھال پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ، پۈتۈن بالا- چاقىسىنى ئېلىپ كۆرە- كۆپىسىنى يىغىشتۇرۇپ خىتايغا قايتا كەلمەسلىك ئۈچۈن قېچىپ كەتكەنىدى. ...

كەلمىگەن بولسىمۇ، بۇ 'ياۋايىلار' ئېلىنى تاشلاپ قېچىش غېمىغا كىرگەنىدى. بۇنى ئاز دەپ ئۇتتۇرلۇقتا تىمسقلىشىپ يۈرگەن خىتاي ئالدامچىلىرى، ئەتكەسچىلىرى، بۇلاڭچىلىرى بىر- بىرىنى ئالداش، بىر- بىرىنى قويۇش، ھەتتا بىر-بىرىنى ئۇچۇق- ئاشكارە بۇلاشلار نەتىجىسىدىمۇ، بۇ ئەلنى ئادەتتىكى خىتاي تاجاۋۇزچى كەلگىندىلىرى ئۈچۈن يېتىپ ئاشقىچە خەتەرلىك يەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. بۇنداق قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغان بۇ ئەلدە سودا ساھەلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرى، ئوقۇتۇش- مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ساھەلىرى بارغانسىرى پالەچلىنىپ، مال باھالىرىنىڭ ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرمەكتە ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندىمۇ قاسىمنىڭ ۋاستىلىق ئوينىغان رولىنى كىچىك مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى.

خىتاي تادجاۋۇزچىلار ھاكىمىيىتى يۇقۇرىقىدەك خىتاي تاجاۋۇزچىلار پاجىئەسىدىن قاتتىق ئەنسىرەشمەكتە ۋە يەتكىچە ئىچكى زىدىيەتكە پېتىپ قالماقتا ئىدى. بۇ بىر قانچە ئاي مابەينىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلار ھاكىمىيىتى بىرقانچە قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق قوراۋۇلتاي، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ۋە ھەربى رايون كاتىۋاشلىرىنى ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، كۈندىن- كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى زادىلا توسيالمىدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلار دائىرىلىرى مىڭ تەستە تويلاۋاتقان ئۇستۇن خىتاي نوپۇسى يارىتىۋېلىش ھەرىكىتىنىڭ يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يەرلىك خەلقلەرگە ۋەھشى سىياسەت يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، ئۆز مىللىتىگىمۇ نۇرغۇنلىغان توسالغۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قارارلارنى كەينى- كەينىدىن چىقىرىشماقتا ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، قاسىمنىڭ تۇنجى ھەرىكىتىدىن بۇيان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى رەسمىي ئېغىر كىرىزىس ئىچىگە كىرىپ قالماقتا ئىدى.

"بۇ ھەرىكەتلەرگە كىرىشىش بىلەن خەلقىمىنىڭ بېشىغا بىكاردىن- بىكارغىلا بالا تېپىپ بەردىممۇ- قانداق؟! _ دەپ ئويلايدىغان قاسىم، ۋەتىنىدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۈگۈنكى بوھرانلىق ھالىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ كۈرەنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىشقا باشلىدى _ توغرا، مەخپى ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتىمىزنىڭ مەقسىدى بۈگۈنكىدەك ۋەزىيەت يارىتىش ئەمەسمىدى؟! _ قاسىم بىر ئاز بولسىمۇ راھەتلىنىپ بىر نەپەس ئېلىۋالدى. _ ياق، بۇ ھەرىكىتىمىزنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇشىمىزغىلا بولىدىكى، ھەرگىزمۇ بىسمىللاسىدىلا توختاپ قېلىش خىيالىدا بولماسلىقىمىز كېرەك!"

قىلىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ خىل قورۇلمىنىڭ كىرىستاللىدىكى باغلىنىش نوقتىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ۋاقىتنى خېلى ئۇزارتىشقا بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىۋالدى. ئاندىن ئۇ يىراقتىن تېزگىنلەشنى سىنىماقچى بولۇپ ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، توك يوللىرىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن، ئېنىق ئۇقالماي، ئىشنى ھازىرچە قول سائەت بىلەن ۋاقىت تېزگىنلەشتە توختىتىپ پىستان تەييارلاشقا كىرىشتى. بىر كۈنىسى ئۇ ئاۋازدىن دولقۇن قوبۇل قىلىدىغان بىر قورۇلمىنىڭ سىخېمىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇ ھەقتىمۇ سىناق قىلىپ كۆرمەكچى بولدى. ئەگەر بۇ قورۇلمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقالىسا، زال ئىشىكىنىڭ ئېچىلىش ئاۋازى، ئاپتوموبىل ماتورىنىڭ ھەرىكەتكە كېلىش ئاۋازى ياكى ئاياق تىۋىشى، گەپ قىلغان ئاۋاز قاتارلىقلارغا سەزگۈر ھالغا كەلتۈرۈپ تەڭشەلگىنىدە نىشانلىق ۋە خېلى ئوڭۇشلۇق ۋەھىمىلەرنى ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىتابپۇرۇشلارنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ھەرخىل يېرىم ئۆتكەزگۈچ دېتاللىرىنىڭ پىرىنسىپلىرى تونۇشتۇرۇلغان بىر كىتاب تېپىۋېلىپ ئۆگىنىشكە كىرىشتى.

بۇ جەرياندا ئۇ يېرىم ئۆتكەزگۈچلەرنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىشى جەھەتتە خېلى تەپسىلىي بىلىملەرگە ئېرىشتى. دېمەك، ئۇ بۇرۇنلاردا بىلىمنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىش جەھەتتە قىلچىلىك ئويلىنىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇن نەچچە يىللىق ئېنجېنېر بولغىنى بىلەن قارغۇدەكلا يۈرگەنىكەن. مانا ئەندى، ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ قىممىتىنى تونۇش قارىشىدا تۈپتىن بىر ئۆزگىرىش كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بىرمۇنچە بىخەتەر ۋە سەزگۈرلىكى خېلى يۇقىرى ئېلېكترونلۇق پىستان لايىھەلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇ تولا ئۆزگەرتىپ يۈرۈپ ئاخىرىدا ئادەتتىكى بىر ئېلېكترونلۇق سىگنال چىقىرىدىغان ئاتكىرتكا قورۇلمىسىدىن پايدىلىنىپلا ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتسە پارتلايدىغان باسماق پىستاندىن بىرنى ياساپ چىقتى. ئىدارىسىنىڭ مىنبىڭلار ئاتىش مەشقى ئۈستىدە ئېتىلماي قالغان بىر قانچە تال مەشىق مىنەكلىرىنى تېپىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ دورىلىرىنى پەم بىلەن چىقىرىپ تۈگمە چوڭلۇقىدا بىر پىستان تەييارلىدى. ئۇنى قالغان دورىلار بىلەن سەرەڭگە پوقىنى ئارىلاشتۇرۇپ يۇرۇپ تەييارلىغان پوروخ بىلەن ئوراپ تۆت چاسا شەكىلگە كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىنى ئېزىپ تەييارلىغان قىزىل خىش توپىسىغا خېمىيىلىك يېلىم ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان لاي بىلەن ئوراپ چىقتى. زېرىكمەي ئولتۇرۇپ قىرىپ قۇمقەغەزلەپ، خۇددى بىر نورمال خىش پارچىسى ھالىتىگە كەلتۈردى. ئاندىن توك يوللىرىنى ئۇلاپ، ئىككى سائەتتىن كېيىن تەگسىلا پارتلايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ، ئالدىن كۆرۈپ قويغان بىر

# 6. قايتا تۈزۈلگەن پىلان

— بۇ كۈنلەردە بىز خەقتە جىڭ ئىش قالمىدى دېگىنە ئاغىنە.

— جىڭ ئىش دېگەن مۇشۇ! دوستۇڭدىن پايدا يۇلمىساڭ، خىتايلار ساڭا پايدا بېرەمتىكى!

— ئىككى باققالنىڭ شىكايەتلىرىدىن

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دۆلەت تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بەكلا ئەۋجەپ كەتكەن بۇ كۈنلەردە، مەخپىي ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئازىيىشقا باشلىغانىدى. ھەرىكەتلەرنىڭ بۇ قېتىم پەسكويغا چۈشۈپ قېلىشىدا، مەخپىي پىدائىيلارنىڭ روھىي ھالىتى سەۋەپ بولماستىن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىدە پەۋقۇلئاددە كۈچىيىش كۆرۈلۈش بىلەن، كىشىلەرنى مىدىر- سىدىر قىلىشقىمۇ يول قويماسلىقى سەۋەپ بولماقتا ئىدى.

قاسىم قايتا غەيرەتكە كېلىپ يېڭى ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتى ئۈستىدە جىددىي باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ يەنىلا شۇ ئۆتكەندە ياساپ چىققان ئېلېكترونلۇق كاسىئو ياپون قول سائىتىگە قوشۇمچە قىلىپ ياساپ چىققان ئاپتوماتىك ۋاقىت تېزگىنلىنىدىغان پىستان ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى. بۇ قېتىم ئۇ پىستاننى تېخىمۇ ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ئوت ئالىدىغان قىلىش ئۈستىدە ئۆزگەرتىش قىلىشقا تىرىشىپ كۆردى. ئۇ ئاۋۋال سائەتنىڭ سىگنال بېرىش ۋاقتىنى ئون ئالتى سائەتكە توغرىلاپ تەڭشەپ سىناق قىلىۋىدى، ئاساسەن دەل ۋاقتىدا سىگنال بېرەلىدى. ئۇ يەنە 23 سائەتكە تەڭشەپ بېقىۋىدى، ئۇمۇ بولدى. ئاخىرىدا ئۇ سائەتنىڭ ھەپتە ئۆزگەرتىش سىگنالى بويىچە بىر ھەپتىگە تەڭشەپ بېقىشنى سىناق قىلىشقا كىرىشتى. ئەمما بۇ ئارىدا قانداقتۇ باتارېيىنىڭ زەرەتى ئازىيىپ ئوت يېقىشقا كۈچى يەتمەيۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك قىلدى. شۇڭا ئۇ، سائەت ئورنىغا ئون نەچچە پۈتلۈق توپلانما توك يولى سىلىتسى كىرىستالچىسىنى ئالماشتۇرۇپ سىنىماقچى بولسىمۇ، بۇنى كېلىشتۈرەلمىدى. قاسىمنىڭ يېرىم ئۆتكەزگۈچ دىتاللىرى ھەققىدىكى بىلىمى كاملىق

قىلىشىم كېرەك ئىدى!"

ئۇ، يارىسى بىلەن خېلى ئۇزۇن ھەپىلەشتى. بىر ۋاقىتلاردا قان توختىغاندەك قىلىۋىدى، ئۇ بۇ خىتايلارنىڭ پالاكەتلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇ، ئىككىنچى قېتىملىق ھەرىكەتتىن باشلاپ نېپىز پەلەي كىيىۋېلىپ ئىشلەشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىشقا تىرىشقانىدى. شۇڭا خىتاي ئاپشاركىلىرىغا بارماق ئىزلىرىنى ئاساسەن قالدۇرماي كېلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ تەجرىبىسىنىڭ ئارتىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، دەسلەپتىكى ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرىدە ئىز قالدۇرماسلىق ياكى چاندۇرۇپ قويماسلىق جەھەتتە قانچىلىك قاراملىق قىلغانلىغىنى، يەنە شۇنداق تۇرۇغلۇق پاش قىلىنماي كەلگەنلىكىنى كېيىنكى يىللاردا ھەيران قالارلىق بىلەن ئەسلەيتتى.

ھەقىقەتەنمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەخسۇس ئەقىل ئىشلىتىپ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە پىلان تۈزۈپ بىرمۇ مەخپىي ۋەھىمە يارىتىش ھەرىكىتىنى چىقىرالىشىغا زادىلا ئىشىنىشمەيتتى. ئەسلىدىنلا خىتاي رازۋېتچىكلىرى يېرىم ئەسىردىن بۇيان پاش قىلىپ چىقىرالىغان ھەرقانداق بىر مىللىي ئەركىنلىك ھەرىكىتى ياكى پىلانلىرىنى ئالاھىدە تېخنىكىلىرىغا تايانماي، خەلقنى قورقۇتۇش، قىيىن-قىستاققا ئېلىش ياكى بىر- بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرۈش ۋاستىلىرىغا تايىنىپ پاش قىلدۇرۇش مەخسىدىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

مەخپىي ھەرىكەتلەرنىڭ بىخلىرى كۆرۈلۈۋاتقان دەسلەپكى يىللارغىچە دېگەندەك، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مىللىي نارازىلىق، مىللىي ئەركىنلىك تەلەپلىرى، مەخپىي تەشكىللىنىش ھەرىكەتلىرى سېزىلگىنىدە ئاساسەن شۇ دائىرىدىكى يەرلىكلەرنى "ئۆگىنىش كورۇسى، پارتىيە ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش، ئېنىقلاش ھەرىكىتى، پاش قىلىش، تەنقىتلەش، ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى" دېگەندەك شەكلى ئۆزگەرگەن نازارەت ئاستىغا ئېلىش ۋاستىلىرىغا تايىنىپ، كىشىلەرنى كېچە- كۈندۈزلەپ قامىۋېلىپ سۆزلىتىشكە مەجبۇرلاپ پاش قىلغۇزۇش مەقسىدىگە ئېرىشىپ كەلگەنىدى. بۇ خىل نازارەت ئاستىدا تۇتۇلغانلار ئۇزۇن مۇددەتلىك سىرتتىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىش جەريانىدا ئاستا- ئاستا پىسخولوگىيىلىك نورمالسىزلىق روھىي ھالىتىگە پېتىپ قېلىپ، ئاخىرى ئۆز ئىختىيارىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ۋاستىلىق شەكلى ھېساپلىنىدىغان ئۆزىنى باھالاش، ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىچى پۇشۇغىنى ئاڭسىز شەكىلدە قاندۇرۇش يولىنى تۇتۇشقا تېرىشىدۇ. بۇنىڭغا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىچكى-تاشقى تېنچلىقپەرۋەر ئەرباپلىرىمىزنىڭ كىشىلىرىمىزنى ئىشەندۈرگىدەك تەرغىپ قىلىپ

زومىگەر خىتاي شوپۇرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىسىنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قېچىش ئۈچۈن سەھەردە يولغا چىقتى.

'ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ' دېگەندەك، ئىشقا ماڭغىچە ھەر كۈنىسى كۆرۈپ تۇرىدىغان ھېلىقى ماشىنا بۈگۈن قېرىشقاندەك ئەتىگەنلا يولغا چىقىپ كەتكەنمۇ-قانداق، جايىدا يوق ئىدى! ئۇ يەنە شۇ ئۆتكەن قېتىمقىسىغا ئوخشاشلا بۇ قېتىممۇ سومكىسىدا قورقۇنۇشلۇق 'خىش پارچىسى'، ئەمما پارتىلاشقا ۋاقتى بارغانسىرى ئاز قېلىۋاتقان، ئەتراپتا ئىسمىنى ئالمىشىۋاتقان قۇراللىق خىتاي ئىتلىرى بارغانسىرى كۆپىيىپ، ئۇنى بەكلا قېيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. دەل شۇ پەيتتە ئاپتوۋۇز بېكىتىنىڭ يېنىدىكى تېخى ئېچىلمىغان بىر دۇكاننى كۆرۈپ قالدى. قاسىم ئەتراپىدىكى قۇراللىق خىتاي پوستلىرىنىڭ يېڭى توختىغان ئاپتوۋۇزغا چىقىدىغانلار بىلەن بولۇپ كەتكەن پەيتىدىن پايدىلىنىپ ھېلىقى 'خىش پارچىسى' نى دەرھال ئۇ دۇكاننىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇپ جايىغا كېلىۋالدى. خىتاي پاتروللىرى ئۇنىڭمۇ يانلىرىنى ئاختۇرۇشۇپ بولۇپ ئاندىن ئۇنى ئاپتوۋۇزغا چىقىرىشتى. سەھەرلىك ئورۇن ئالماشتۇرۇۋاتقان پاتروللارنىڭ تولا بەك سەگەك بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى خېلىدىن بېرى كۆزىتىپ يۈرگەن قاسىم، بۇ قېتىممۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر قانچە تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈۋالغانىدى. "ئەندى نېمە قىلىشساڭ قىلىش!" _ دەپ خاتىرجەم ھالدا ئىشىغا كەتتى. ...

قاسىم ئەسلەپ بۇ يەرگە كەلگىنىدە، سوغۇق تۈرمە تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن ۋىقىلداپ كۈلۈپ كەتتى. "قولتۇغۇڭدا ھېلى پارتىلايدىغان بومبا، نەگە قويۇشنى بىلمەي تىپچەكلەپ يۈرگىنىڭ- ھە! پالاكەت ئاخماق!"

"ۋايجان!" _ قاسىمنىڭ تۇيۇقسىز ۋارقىرىشى كامېردىكى يېڭى ھەمرالىرىنى چۆچۈتۈپ ئويغىتىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئۆزىنى شاڭخو قىلىپ كۈلۈشى خېلى ئوبدانلا بەدەل تۆلەتكەنىدى. بۇرۇنقى پالاكەتلىكىنى شاڭخو قىلىمەن دەپ ئاغزىنى بىر غېرىچ ئېچىپ كۈلۈۋىدى، قايسى كۈنىسى گۇندىپايلار تەرىپىدىن يېرىتىۋېتىلگەن ئاغزىنىڭ ئەندىلا قېتىشىۋاتقان كالپۇگى قايتىدىن يېرىلىپ كەتتى. ئالدىراش بېلىكىگە ئورالغان داكىدىن ئازىراق سۆكۈپ يېرىلغان ئاغزىغا بېسىپ قان توختىتىشقا تىرىشتى. يېرىلىپ ساق يېرى قالمىغان كۆڭلىكىنىڭ ئالدى ئاغزىدىن ئاققان قان بىلەن بۇلغىنىپ بوغۇزلىۋېتىلگەن قويدەكلا بولۇپ قالدى. "ئەسلىدە مانا بۇ كالاڭپايلىقىمنى شاڭخو

فاشىستىك جازالاشلارنىڭ ئاساسىي قىلىنىشىدۇ. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىقتىسادى سىياسىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتلەر بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، 80- يىللاردىن باشلاپ تەدرىجى ھالدا بازار ئىقتىسادى تۈزۈمىگە قاراپ ئىسلاھات قىلىنىشقا ئەگىشىپ، ھەرخىل مەخپىي سىياسىي نارازىلىق پائالىيەتلىرىنى بۇرۇنقىدەك كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاممىۋىي ھەرىكەت يارىتىشقا تايىنىپ رازۋېتكا قىلىش ئىشلىرىنى ۋاستىلىق ھەل قىلىۋېلىش چارىسى كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەس بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بۇنداق بىر ئەھۋالدا ئىچكى رازۋېتكا ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدىغان مەخسۇس ئىچكى مۇداپىيە ئورگىنىغا جىددى ئېھتىياجى چۈشۈشكە باشلىدى. نەتىجىدە خەلقارادىكى داڭلىق جاسۇسلۇق تەشكىلاتلىرىدىن ك گ ب، س ئى ئا، ساس، موسساد قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئوخشىتىلغان ئەنچۈنبۇ ياكى ئەنچۈەنتىڭ دېگەندەك جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنى تۈشمۇ- تۈشتىن قۇراشتۇرۇپ چىقىشقا كىرىشكەندى.

مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، خىتاي كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ سىستېمىلاشقان ئىلمىي رازۋېتكا بىلىم جوغلانمىسى ۋە بۇ جەھەتتە ئىلمىي خادىملىرى بەكلا يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇرۇلغان بۇ تۈردىكى ئىچكى جاسۇسلۇق ئورگانلىرى ئىلمىي رازۋېتكا مۇتەخەسسىسلىرى كامچىل، تەجرىبىسى يېتەرسىز، ئىلغار ئەسۋاپ-ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئىلمىي ئۇسۇللىرى جەھەتتە بەكلا كەمبەغەل بولغاچقا، بۇ تۈردىكى ئورگانلىرى خېلى ئۇزۇن يىللارغىچىلا ئاساسەن ئىسمى بار ساپاسى يوق بىر توپ پۇرسەتپەرەس خۇلىگەرلەر ئۇۋىسى ھالىتىدە قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەردەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىكى، تاماخورلىقى، شەخسىيەتچىلىكى تۈپەيلىدىن، بۇ خىل يېڭى ئورگانلار 'ئارقا ئىشىك' تىن كىرىپ كەلگەن ئىختىدارسىز، ياۋايى، ۋەھشى، ساۋاتسىز ۋە قارا نىيەتلىك مەخلۇقلار بىلەن تولۇپ كەتكەچكە، تا بۈگۈنگىچە كۆزگە كۆرۈنگىدەك بىرەر دېلونى ئۆز ئالدىغا ئوڭۇشلۇق پاش قىلىپ چىقالىغىنى يوق. بۇنى ئاز دەپ ساقچى ئىدارىلىرى، قانۇن ئورگانلىرى ياكى مۇداپىيە ئورگانلىرى بىلەن قىزغىنىشىپ، بىر توغرا كېتىۋاتقان دېلو رازۋېتكا ئىشلىرىنىمۇ ئېغىر دەرىجىدە سۇنئىي قاتماللىق ئىچىگە پاتۇرۇپ قويۇشىدىغان ھادىسىلەر پات- پاتلا ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرماقتا. قارىغاندا ئەمىلىي تەجرىبىسىنى ھەرقانچە ئۆستۈرۈۋېلىشتى دەپ قارىغاندىمۇ، يەنىلا بۇ خىل ئىقتىدارسىزلىقىنى خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە سۆرەپ يۈرىشى بىر مۇقەررەرلىك بولۇپ كۆرۈنمەكتە.

ئەنە شۇ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، قىلغان 'جىنايى ھەرىكىتى' نى قەتئىي ئىنكار

كېلىشىۋاتقان دۈشمەن بىلەن سۆزلىشىپ ئىشنى ھەل قىلىش ئەڭ توغرا يولىمىز دەيدىغان سەپسەتىلىرىنىڭ تەسىرىمۇ ۋاستىلىق ھالدا خېلى ئوبدانلا سەۋەپچى بولاتتى. بۇنىڭ كەينىدىنلا ئايرىم گۇرۇپپىلار بويىچە باھالاش، يالغۇز قويۇپ باھالاتقۇزۇش، يالغۇز قويۇپ شىكايەت قىلغۇزۇش، يالغۇز چاقىرىپ پاش قىلغۇزۇش، يالغۇز چاقىرىپ گۇمانلاندۇرغۇزۇش، يالغۇز چاقىرىپ ئۆزىنى ئاخلاتقۇزۇش، ... دېگەندەك چارىلارنى ئىشقا سېلىشى بىلەن، ئەسلىدىنلا جەڭگىۋار مىللىي، ۋەتەن چۈشەنچىلىرى قالايماقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن كىشىلىرىمىز بىلىپ- بىلمەيلا بىر- بىرىنى قارىلاش، بىر- بىرىنى چىشلەپ تارتىش، ھەتتا قۇرۇقتىن- قۇرۇق گۇمان قىلىشىپ بىر- بىرىلىرىگە تۆھمەت ئارتىش قاتارىدىكى ۋاستىلىق پاش قىلىش يولىغا كىرىپ قالدى. تۆھمەتكە قالغان كىشىمۇ مىللىي غۇرۇرى بۇرمىلىۋېتىلگەن بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، باشقىلارنى قۇرۇق تۆھمەت بىلەن قارىلاش يولى ئارقىلىق شەخسى ئۆچىنى ئېلىۋالغان بولىدۇ. بۇنداق ھەرىكەتلەرنىڭ دولقۇنسىمان دەۋرىلىشىپ داۋام قىلىشى نەتىجىسىدە، پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتى ساپلا بىر- بىرسىنىڭ پېيىغا چۈشۈپلا يۈرىدىغان 'ھەممە كىشى گۇمانلىق' ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. بۇ جەرياندا ئەگەر خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قايسى بىر غوۋا يىپ ئۇچىغا تويۇقسىز ئېرىشىپلا قالغىدەك بولىدىكەن، گۇمانلىق دەپ قارالغان كىشىنى سوتسىز- سوراقسىزلا تۈرمىلەرگە قامىۋېلىپ، ئېغىر جازالار بىلەن 'مەسىلە تاپشۇرۇش، پاش قىلدۇرۇش' قا قىستايدۇ. خىتاي شوۋىنىستلىرى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگىچە دېگىدەك يىپ ئۇچلىرىنى تەكشۈرۈپ- تەھلىل قىلىش ئاساسىغا ئەمەس، بەلكى ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ پاش قىلىشقا تايىنىپ دېلو تىكلەپ كەلگەنىدى. شۇ سەۋەپتىن، خىتاي كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى تا 90- يىللارغا كەلگىچە مەخسۇس ئىچكى رازۋېتكا دۆلەت تەشكىلاتى ئۈستىدە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا سىياسىي، ئىقتىسادى، ئەخلاقىي، جىنايىي ئىشلارنى تەكشۈرۈپ پاش قىلىش مەجبۇرى ھەرىكەتلىرىنى ۋاستىلىق مەقسەت قىلغان بىر خىل 'ئاممىۋى ھەرىكەت دولقۇنى' يارىتىشقا تايىنىپ رازۋېتكا پائالىيەتلىرى بىلەن ئاتالمىش 'ئاممىۋى ھەرىكەت' قوزغاش ئارقىلىق خەلقنىڭ نارازىلىق پىكىرلىرى، باشقىچە قاراشلىرى ياكى مەخپىي ئىدىيىلىرىنى پاش قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ھەرىكەت تاماملانغاندىن كېيىن، گۇمانلىقلارغا جازا بەرگەندىن باشقا، قالغان كىشىلەرنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئارخىپخانىلارغا سولاپ قويۇپ بىر مەزگىل باشقا ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىشىدۇ. قاچانكى، مۇھىت قايتىدىن بىر جازالاش ھەرىكىتىگە مۇھتاج بولغىنىدا ھېلىقى گۇمانلىق ماتېرىياللارنى قايتىدىن سۆرەپ چىقىپ ئىككىنچى قېتىملىق

ئەسلىدە ئۇ خىتاي، قاسىمنىڭ تاشلاپ كەتكەن بومبىسىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كىرگەنىكەن. ئۇ خىتاينىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، كىچىك بىر ھاراق- تاماكا، پېچىنە-پىرەندىك ساتىدىغان بىر خىتاينىڭ دۇكىنى بولۇپ، دۇكان خوجايىنى ئەتىگەن ۋاختىراق كېلىپ دۇكىنىنى ئاچقان. بۇ ئارىدا يېنىدا بىرگە ئېلىپ كەلگەن بەش ياشلىق ئوغلى ئويان يۈگۈرۈپ، بۇ يان سەكرەپ يۈرگىنىدە ھېلىقى 'خىش پارچىسى' غا پۇتى تېگىپ كەتسە كېرەك، شىددەتلىك پارتىلاش بىلەن ئۇ خىتاي بالىسىنىڭ بەدىنى ئۆتمە- تۆشۈك بولۇپ دۇكاننىڭ ئەينەك پوكمىيغا چاپلىشىپ قالغانىكەن! بۇ ئارىدا بىر تەيتەي دۇكانغا كىرىۋاتقان بولسا كېرەك، پارتىلاشقا توغرا كېلىپ قېلىپ بىر يانغا ئۇچۇپ چۈشۈپ، ئۆلۈك- تىرىكلىكى نامەلۇم ئىكەن. دۇكاندار خىتاينىڭمۇ يۈزى بىلەن بىر قولى تىتىلىپ كەتكەن ھالدا بالىسىنىڭ گۆش پارچىلىرىغا قاراپ دات- پەرياد قىلىشى ھەممىدىن بەك ئېچىنىشلىق تۈس ئالغانىكەن. ئەتراپىدىكى نەق مەيداننى كۆرگەنلەرنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، بىر ئۇيغۇر بالىسى بومبىنى دۇكانغا ئېتىپلا قېچىپ كەتكەنمىش؛ يەنە بىرسىنىڭ دېيىشىچە بومبا ئۈستىنىكى قەۋەتنىڭ بىرسىدىن چۈشكەنمىش. ...

قاسىم يالغان ئېچىنغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ تۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبى نېمە ئۈچۈندۇر قاتتىق مۇجىلىپ ئازاپلانماقتا ئىدى. ئۇ، بىرھازا ئاچچىق تاماكىسىنى چەككەندىن كېيىن ئولتۇرۇپ ئويغا پېتىپ كەتتى: ئۇنىڭ پەيدا قىلغان بۇ قېتىمقى ھەرىكىتى سەل ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا بۇ خىل ھەرىكەتلەرنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلىشقا بولىدىغانلىقى ئۈستىدە مەركەزلىشىپ قالغانىدى. دۈشمەن ئەسەبىلىكى چېكىدىن ئاشقان، ۋەھشىلىكى تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتلاردىكىدىنمۇ كۈچىيىپ كەتكەن، ئاساسەن يەرلىك مىللەتلەر ئۈچۈنلا ھەربىي ھالەتكە ئۆتۈپ بولغان بۇنداق جىددىيچىلىك قاپلىغان بىر ۋەزىيەتتە، مەخپىي ۋەھىمە پەيدا قىلىش ۋەقەلىرىنى قانداق قىلغاندا ئۈنۈمى كۆرۈلىدىغان بىر شەكىلدە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل چارە-تەدبىرلەرنى بىردىن- بىردىن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باش قاتۇراتتى: "بۇندىن كېيىن نېمە قىلىشىم كېرەك'! قانداق قىلىشىم كېرەك'؟" _ ئۇنىڭ ئەقلى بۇ سوئاللارغا مۇۋاپىق جاۋاپ تېپىش يولىدا ئاۋارە ئىدى. ئۇ، شۇنچە ئويلاپمۇ تۈزۈككىرەك بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، ئاخىرى ئۆزىنى پىدا قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق ئېغىر پاجىئە پەيدا قىلىپ ئۆلۈپ كېتىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقتى. خىيالى بۇ يەرگە كەلگىنىدە بەدەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى. قوللىرىنىڭ يەڭگىل تىترىشىنى تىزلىرىنىڭ ئاستىدا جان قالمايۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ بۇنداق جان پىدا قىلىشتىن

قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان نەق ماتېرىيال بىلەن سەۋەنلىكتىن قولغا چۈشۈپ قالغان قاسىم ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشلىرى پۈتۈنلەي قاتماللىققا پېتىپ قالغانلا ئەمەس، ھەتتا بىرەر 'نەتىجە' چىقىرالىشىدىنمۇ پۈتۈنلەي ئۈمىدلىرى قالمىغانىدى. بۇنداق بىر ئەھۋالدا، قاسىمنىڭ ئۆلتۈرۈلمەي تىرىك تۇتۇپ تۇرۇلىشى ئاساسەن پەۋقۇلئاددە 'ئامەت' بېرىدىغان جۈيۈلۈپ سېلىشى ياكى يېگىدىن قولغا ئېلىنغانلارغا سۇر كۆرسىتىش ئۈچۈنلا پايدىلىنىشتىن باشقا ئۈمىدلىرى قالمىغانىدى. خىتايلارنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقان يەنە بىر ئىش، شۇنچە ۋەھشىلىك بىلەن قىيناشلىرىغا قارىماي، قاسىمنىڭ شۇنچە ئايلاردىن بېرى ئىرادىسىنىڭ قىلچىمۇ يۇمشىماسلىقى ئىدى. "بۇ مەخلۇق ئۇيغۇرنىڭ يا جىنى تۆمۈر، يا بولمىسا ئۇنىڭدا چىقىدىغانغا جان دېگەن بىرنېمە يوق!" ـ دېيىشەتتى گۇندىپايلار بىر- بىرىسگە.

ئەسلىدە، قاسىمنىڭ ئىرادىسى ئۈنچىلىك مۇبالىغە قىلغىدەكمۇ كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇمۇ ئەنە شۇ ئىلىك- ئىلىكىگىچە بۆلگىنىپ كەتكەن ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى- دە! ئۇنىڭ پەقەت بىرلا ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى: ئۇ، شۇنچە يىللىق چېكىدىن ئاشقان ۋەھشىلىك ھەرىكەتلەرنىڭ ئېگىسى بولغىنى ئىدى. ئۇنىڭ پەيدا قىلغان ياكى كۆرگەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا كەلتۈرگەن پاجىئەلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇگۈن بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ قىيناشلار ئۇنىڭ قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمەيتتى.

"ئاخماق خىتايلار!" ـ دەپ غۇۋا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

بۇ قېتىم ئۇ، ئاغزىنىڭ قايتا يىرتىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشنى بىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن قان ئېقىش توختىغانىدى. ئۇ، ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ بىردىن- بىر ۋەزىپىسى ـ ئۆتمۈشىنى ئەسلەشنى داۋام قىلدۇرماقتا ئىدى. ...

قاسىم شۇ 'خىش پارچىسى' ۋەقەسى بولغان كۈنىسى ئىشىغا بېرىپ ئىشخانىسىغا كىرىۋالغىنىدىن كېيىن، بىر كېچە ئۇخلىماي چىققىنىغا قارىماي، ئۆزىگە ئايرىلغان ۋەزىپىسىنى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئەستايىدىل ئىشلەشكە قارار قىلدى. ئۇ، كۆرۈنۈشتە ئىدارىسىنىڭ ئىشىغا بۇنچە ئەستايىدىل بېرىلىپ كەتكەندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ خىيالى ھېلىقى خىش پارچىسى – بومبىسىنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولۇپ كېتىدىغاندا قالغانىدى.

چۈشكە يېقىن ئىشخانىسىدىكى بىر خىتاي ھەسرىگىنىچە كىرىپ كەلدى: "تەي كې پا، تەي كېپا!" ـ دېگىنىچە ھەسرەپ گېپىنى قولاشتۇرالماي كەتتى.

تېخنىكا چارىلىرى، يېڭى كەسپىي يۆزلىنىشلەر ئۈستىدە نوختىلىق پىكىرلىشىپ قوياتتى. ئۆيدىكى ئىشكاپلىرىدىمۇ راستىنلا ئۆز كەسپىگە دائىر يېڭى- يېڭى خىتايچە قېلىن كىتاپلار بىلەن لىق تولغانىدى. خىتاي خوشنىسىمۇ قاسىمدىن كەسىپ توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر، تالاش- تارتىشلارغا كىرىشىپ ئۆزىنى بىلەرمەن قىلىپ كۆرسىتىۋېلىشنى ياخشى كۆرەتتى:

"لاۋكا، سەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ بىرى جۇمۇ!" _ دەپ ماختاپمۇ قوياتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى بۇ خىتاي خوشنىسى يەنە كىرىپ كەلدى. ھېلىقى ئادەت قىلىۋالغان 'لەززەتلىك بىر رومكا' نى كالپۇكى بىلەن چىمدىپ- چىمدىپ يۇتقاچ ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدى:

"لاۋكا، ئاڭلىسام سەن بۇرۇنقى ئۆيدىكى ۋاقتىڭدا ھەپتىدە دېگىدەك دوستلىرىڭ بىلەن 'گاۋشىڭ- گاۋشىڭ' قىلىشاتتىڭكەن. بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىرگىنىڭغىمۇ خېلى ئايلار بولۇپ قالدى. ئۇ دوستلىرىڭغا يېڭى ئۆيۈڭنىڭ ئادرېسىنى بەرمىگەنمىدىڭ؟! ئۇلارنى چاقىرغىن، ئارىلاپ 'گاۋشىڭ' قىلمىساڭلارمۇ بولمايدۇ"

ھەقىقەتەنمۇ قاسىم ئاغىنىلىرى بىلەن بىر يەرگە جەم بولالماي يۈرگىنىگە خېلى بولغانىدى. بۇنىڭغا يېڭى ئۆي كۆچۈشلا سەۋەپ بولۇپ قالماي، كوچىدىكى جىددىچىلىكمۇ سەۋەپ بولماقتا ئىدى. بولۇپمۇ يەرلىكلەرنىڭ ئۆيلىرى تۇيۇقسىزلا ئاختۇرۇلىشى، ھەتتا بەزىدە كېچىلەردە ئولتۇرۇش قىلغانلارنى يىغىپ بىر نەچچە كۈندىن سولاپ قويۇشلارمۇ كۆرۈلگەنىدى. دېگەندەك، ئۆتكەن ئايدا قاسىمنىڭ ئۇلپەتلىرىدىن بىرسىنىڭ ئۆيى ئاخشىمى زوراۋان خىتاي خۇلىگەرلىرى تەرىپىدىن تۇيۇقسىز باستۇرۇلۇپ ئاختۇرۇلىشى ئاغىنىلىرىنى بەكلا ئۈركىتىۋەتكەنىدى.

"كېچىلەردە تۇيۇقسىز ئۆي ئاختۇرۇشلار بولۇپ تۇرغاچقا، دوستلىرىم بىر يەرگە يىغىلىشتىن قورقۇپ كېلەلمەيۋاتىدۇ. _ دېدى قاسىم ئۆكۈنگەن قىياپەتتە، _ ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچىلەردە ئۆيلىرىگە قايتىشىمۇ خەتەرلىك. ..." _ دەپ دۇدۇقلىدى.

"دوستلىرىڭغا دەپ قوي، _ دېدى سەل كۆرەڭلىگەندەك قىياپەت بىلەن خىتاي خوشنىسى، _ قورقماي كېلىۋەرسۇن. بولمىغاندا قونۇپ ئەتىسى كەتسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ. نوپۇس تەكشۈرگۈچىلەر كەلسە ماڭا خەۋەر قىلىۋەت، ئۇلار بىلەن ئۆزەم سۆزلىشىمەن، خاتىرجەم بولسۇن. مېنىڭ ئەنچۈەنتىڭدا مۇھىم بىر ئىشتا ئىشلەيدىغان يېقىن بىر يۇرتلۇغۇم بار، قورقما!" _ بۇ گەپلەر قاسىمغا ياغدەك ياققانىدى.

"ئەمىسە بۇ شەنبىدە ئاغىنىلىرىمنى ئۆيۈمگە چاقىراي، سەنمۇ كىرىپ ئولتۇرۇشۇپ

راستىنلا قورقۇتقانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بەدىنىگە تېڭىلغان پارتىلاتقۇچ بومبىسىنىڭ شىددەت بىلەن پارتىلىشى، ئۈچەي- باغرىنىڭ تىتما- تىتما بولۇپ پۈتۈن ئەتراپقا چېچىراۋاتقانلىغى، قايسى بىر بېلىگىنىڭ بىر تەرەپكە، يەنە بىر پاقالچىقىنىڭ باشقا بىر تەرەپكە، ... ئۇچۇشۇپ كېتىۋاتقانلىغىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تىترەپ كەتتى. بېلى بىلەن بېشىنىڭ يەنە نەلەرگە ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىغىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشىنى كۈتمەيلا بۇ قورقۇنۇشلۇق خىيالدىن ۋاز كېچىپ، دەرھال قولىدىكى ئىشىغا زېھنىنى جەلىپ قىلىشقا تىرىشتى.

ئۇ ھەرقانچە تىرىشسىمۇ قولىدىكى قىلىۋاتقان ئىشىغا زېھنىنى بېرەلمەي، كاللىسى يەنىلا شۇ مەخپى ھەرىكەت مەسىلىسىگە قېيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەقلىگە تۇيۇقسىزلا ھېلىقى ئىككى كىتاپتا يېزىلغان سۆزلەر كېلىۋالدى: "دۈشمەن قانچىكى ئەسەبىلىشىدىكەن، بىزنىڭ مەخپى ۋەھىمە يارىتىش ھەرىكىتىمىزنىڭ شۇنچە ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقانلىغىنى كۆرسىتىدۇ، ... دۈشمەن ئەسەبىلەشكىنىدە ئۇنىڭ ۋەھشىلىكىنى تېخىمۇ قورقۇنۇشلۇق ۋەھىمە ھەرىكەتلىرى بىلەن قورقۇشقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز شەرت! ..."

قاسىم ئويلىنىپ قالدى: "توغرا، بۇ كۈنلەر ھەقىقەتەنمۇ دۈشمەننىڭ چېكىدىن ئاشقان ئەسەبىلىكىگە يېتىپ قالغان پەيتى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئېغىر ۋەھىمە ئىچىگە پېتىپ قالمىسا، ئۇلاردىكى بۇنچە ۋەھشىلىكنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۇلار راستىنلا ئېغىر تېررورچىلىق ۋاستىلىرىغا تايىنىپ بىزنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنغىنىدا ، بىزمۇ ئۇلارغا دەلمۇ- دەل تاقابىل تۇرۇشقا ئوخشاش يولنى تۇتۇپ تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ كۆپ ۋەھىملىك ھەرىكەتلىرىنى يارىتىشىمىز بىلەن دۈشمەنگە جاۋاپ بېرىشىمىز لازىم!"

ئەندى ئۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تاپقاندەك قىلدى: تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ زىچ ۋەھىملىك ھەرىكەت يارىتىش! قاسىم پارتىلىتىش ئەسۋاپلىرىنى ئۆيدە تەييارلاشتىن، بىرقىسمىنى ئىدارىسىدا تەييارلاپ ساقلاشنى ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيى ئەندى خىتاي ئەمەلدارى بىلەن خوشنا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ خىتاي خوشنىسى ئارىلاپ ھال سورىغان قىياپەت بىلەن قاسىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىردەم- يېرىم دەم ئولتۇرۇپ چىقىدىغان بولىۋالدى. قاسىممۇ ئۇ خىتايغا ماسلىشىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىشىپ، بىرەر رومكا ئېسىل 'تېچۈي' ھارىقى بىلەن مېھمان قىلىپ قوياتتى. ئۇ خىتاي بەزىدە ۋەزىيەتنىڭ بەكلا جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەيدىغان سۆزلەرنىمۇ قىلىپ قوياتتى. قاسىممۇ ئۇنىڭغا يارىشا قايسى بىر كۆرۈنمەس 'تەلۋە' لەرنى تىللىشىپ قويغاندەك بولىۋېلىپ، كەينىدىنلا گەپنى بۇراپ كەسپىگە دائىر يېڭى

سۈيۈقلۇق تونۇگۇندىن بېرى بىرەر لوقما كۆرمىگەن مۆدۈر- چوقۇر قېرىن ئىچىگە تۆكۈلۈپ، ئۇ يەردە ئېرىتىشكە بىرنېمە تاپالمىغان ئىسپىرت ئاشقازان خالتىسىنىڭ تىرپ- ياغلىرىنى ئېرىتىپ يۇيۇشقا كىرىشتى. يۇيۇلۇپ ئېچىلىپ كەتكەن قېرىن تېرىلىرى كۈچلۈك ئىسپىرتنىڭ تۆكۈلۈشى بىلەن ئوت بولۇپ يانغاندەك قورۇلۇپ ئېچىشىشقا باشلىدى. ئۇ يەردىنمۇ ساق ئۆتكەن ئىسپىرت ئېقىمى ئەقلىنى بۆلغاش ئۈچۈن ئاچچىق ئۈچەي ئارقىلىق ئايلىنىپ قانغا سىڭىشقا باشلىدى. ...

ئۆلتۈرۈشتىكىلەر خۇددى چوغ يۇتۇۋالغاندەك كۆيۈۋاتقان مەيدىلىرىنى سىلىشىپ قويۇپ، "پاھ، پاھ، پاھ! خېلىلا راھەتلىنىپ قالدىما!" دېيىشكىنىچە چىرايلىرىنى سەكسەن قورۇق قىلىشىپ پۈرۈشتۈرۈشتى. كەينىدىنلا سېسىق تاماكىلار بىلەن بىرلىكتە ئازاپلىنىپ كەتكەن ئاشقازانلىرىنى ئالداش ئۈچۈن دەستىخاندىكى تاتلىق- تۈرۈملارغا ھۇجۇم قىلىشتى. ئاغىنىلەر ئۇزۇندىن بېرى ئايرىلىپ قالغان بۇ 'ھەمرا' لىرىغا قېنىشماي، بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرىشالماي بىر قانچە قەدەھنى كەينى- كەينىدىن بوشىتىۋېلىشتى. قان ئارقىلىق يۈرەكنى ئايلىنىپ ئۆتكەن ئىسپىرت تامچىلىرى ئۇلارنىڭ قەلبىنى چۈچىتىشىپ، يۈرەك سوقۇشلىرىنىمۇ تېزلىتىۋەتكەچكە، چىرايلىرىمۇ دەرھاللا ئۆپكىدەك قىزىرىشقا باشلىدى. ئۇ يەرلەردىنمۇ ئېشىپ چىققان ئېتانول مالېكۇللىرى ئايلىنىپ بېرىپ نېرۋا تومۇرلىرىدىكى سۇنىڭ ئورنىنى ئېلىشىپ ئەقىل ھۇجەيرىلىرىنى بۆلغاشقا كىرىشىپ، سورۇندىكىلەرنىڭ چىرايلىرىغا ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا بىھۇدە قورقۇشتىن يوشۇرۇپ يۈرۈشكەن قىسمەن قىياپەتلىرىنى ئۇتتۇرىغا چىقىرىپ، قورقماياراق سۆزلىگىدەك ھالەتنى پەيدا قىلىپ، ھەممىسى بىر- بىرىگە يول قويۇشماي سۆزلەيدىغان مەدداھلارغا ئايلانماقتا ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، نېرۋا ھۇجەيرىلىرىنى تولدۇرۇشقا باشلىغان ئېتانول مالېكۇللىرى سۇ مالېكۇللىرىنىڭ ئورنىغا ئۆتىۋېلىپ نېرۋا پائالىيەتلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋاقىتلىق بولسىمۇ بۆلغاپ، سورۇندىكىلەرنىڭ چىرايىغا ئەقىلسىزلىقنىڭ رەسىملىرىنى سىزىشقا باشلىشى بىلەن، ئاغىنىلەرنىڭ گەپلىرى ئاستا- ئاستا تېتىقسىزلىنىشقا باشلىدى. ...

ئۇلارنىڭ يېقىنقى ئايلاردىن بۇيان دېيىشەلمەي كەلگەن نورغۇنلىغان كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرى سىرتقا تېپىپ ئۇلارنى چىڭقىلدۇرۇپ يېرىلىپ كەتكىدەكلا ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشقانىدى. سورۇندىكىلەرنىڭ سۆھبەت تېمىلىرى پاتلا نۆۋەتتىكى جىددىچىلىك، ئەنسىزچىلىك ھادىسىلىرى ئۈستىگە مەرگەزلەشكەنىدى. قاسىمنىڭ باياتىدىن بېرى دوستلىرىدىن كۈتىۋاتقىنىمۇ دەل مۇشۇ خىلدىكى سۆزلەر ئىدى.

ھەممە ئۆز بىلگىنىچە ۋەزىيەتنى مىجىغلاپ چىقىشاتتى، باھالىشاتتى. قاسىممۇ

بېرەرسەن؟" ـ دېدى.

"كېرەك يوق، كېرەك يوق!" ـ دەپ ھىجايدى خىتاي خوشنىسى.

قاسىم كوچا خەۋەرلىرىنى تەپسىلى ئاڭلىمىغىلى خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالغاچقا، راستىنلا ئىچى پۇشۇپ يۈرگەنىدى. ئەتىسى ئاغىنىلىرىدىن بىرىگە تېلېفون بېرىپ بۇ شەنبىدە ئۆيىگە يىغىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلدى.

"راست دەيسەن، بۇ ئاي- بۇ كۈنلەردە تۈزۈگىرەك ئولتۇرۇش كۆرمەي گەللىرىم قىچىشىپ زادىلا ئارام بەرمەيۋاتاتتى. چوققاڭغا بىر مۇش دوستۇم. ئەمىسە مەن قالغانلارغا دەرھال خەۋەر قىلاي. بۇ شەنبە يېڭى كۆچكەن ئۆيۈڭنى مۇبارەكلىشىپ ئىچىشەرمىز. ..."

ھاي- ھۇي دېگىچىلا شەنبىمۇ كېلىپ قالدى. قاسىم ئەتىگەن تۇرۇپ بازار ئارىلاپ گۆش- ماي، كۆكتات ۋە مېۋە تەستە ئىككى پوتولكا ئېسىل داچۇي ھارىغىدىن تېپىپ كەلدى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى گۆشنى بىراقلا قازانغا پۇرلاپ تىقتى. گازىر- پۇرچاقلار بىلەن دەستىخان راسلىدى. دېگەندەك چۈش بولمايلا ئاغىنىلىرى بىرلەپ- ئىككىلەپ كىرىشكە باشلىدى. قاسىمنىڭ ئۆينى ھەممىسى بىردەك ئالاھىدە ماختىشىپ كېتىشتى.

دوستلىرى بۇ بىر نەچچە ئايلىق ئىچى پۇشقىدىن شىكايەت قىلىشىۋالدى. قازاندىن مىزلىك گۆش پۇرىغى كېلىۋاتقانلىقىدىن ھەممىسى يايراپ كەتتى.

ساقى گۆش پىشقىچە تاقىتى قالماي پوتولكىدىن بىرىنى ئېچىپ رومكىلارغا تەڭشەپ قويدى:

"قېنى ئەمىسە ئاغىنىلەر، نەچچە ئايدىن بېرى بىزنى تاشلىۋەتكەن بۇ ھەمىرايىمىزنى كۆتۈرۈۋېتەيلى!"

ئاغىنىلەر ئۈن- تۈنسىز رومكىلارنى بوش جىرىڭلىتىپ سوقۇشتۇردى. قاسىممۇ رەسمىيەت ئۈچۈن قۇرۇق رومكىسىنى سۇ بىلەن تولدۇرۇپ ئاغىنىلىرىنىڭكى بىلەن تەككۈزۈۋالدى.

رومكىلاردىكى سۈپ- سۈزۈك سۇيۇقلۇق ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قۇدرىتىنى يوشۇرۇپ ھەرخىل تىزىلغان چىشلار ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، تىللارنى چۇچىتكەن ھالدا چاپلىشاڭغۇ بوغۇزلاردىن غۇرتۇلداپ ئۆتكىنىچە قىزىل ئۆڭگەچلەرنى تاتىلىغىنىچە ئۆتۈپ بېرىپ ئاشقازان خالتىسىغا تۆكۈلۈپ ئاچچىق كۆيدۈرمەكتە ئىدى. ئالدىراپ كەتكەن بۇ سۇيۇقلۇق ئېقىمى بەزىلەرنىڭ قىزىل ئۆڭگىچىگە پېتىشماي بوغۇم- بوغۇم كارنىيىغىمۇ ساقىپ كېتىپ، قېقىلىپ- قېقىلىپ يۆتەلدۈرۈپ، يۈزلەرنىڭ ئۆيكىدەك قىزىرىپ كېتىشىگىمۇ سەۋەب بولماقتا ئىدى. قىزىل ئۆڭگەچنى تاتىلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان بۇ

نەق ئۆزى ئىدى. ئۇ، بۇ كىتاپلارنى ئىختىيارسىزلا قولىغا ئالدى.

"نېمىكەن بۇلار؟! _ دېگىنىچە ساقى كىتاپلارنى قاسىمنىڭ قولىدىن ئالدى. ئېچىپ مۇندەرىجىلىرىگە سىنچىلاپ قاراشقا كىرىشتى. موخوركىچىمۇ تاقەتسىزلىنىپ قولىنى كىتاپقا ئۇزىتىۋىدى، ساقى ئۇنىڭ قولىنى كىتاپ بىلەن ئۇرىۋەتتى. _ سەن ئاۋال ئالدىڭدىكى هاراقنى ئوقۇشنى بىر كېلىشتۈرەلىگىنە! بۇنداق كىتاپلارغا سېنىڭ ئەقلىڭ يەتمەيدۇ، تارت قولۇڭنى كىتاپتىن! _ ساقى كىتاپلارنى بىر قۇر ئۆرۈپ-چۆرىگەندىن كېيىن هەۋەسكاردىن سورىدى. _ قېنى دېگىنە، بۇ كىتاپلىرىڭدا نېمىلەرنى يېزىپتۇ؟!"

"بەكلا جىق نەرسىلەر هەققىدە سۆزلەپتۇ. _ دېدى هەۋەسكار، _ بىر قارىساڭ، بۇ كۈنلەردە يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر پۈتۈنلەي توغرا پەيدا قىلىنىۋاتقاندەك، يەنە بىر قارىساڭ، بىزدەكلەرنى قىپ- قىزىل ۋەتەن خائىنى دەپلا كېسىۋەتكەن!"

"بىزلەرنىمۇ چىشلەپ تارتىپتىمۇ بۇ كىتاپلاردا؟! _ سورىدى نارازى تۇستە موخوركىچى، _ بىز نېمە قىپتۇق خائىنلىق قىلغىدەك؟!"

"ئىزچىمەن، ئىز چىمەن، ئىزچى مەن، ... هىمم، بۇ بىر تەخەللۇسقىمۇ ئوخشىمايدىغۇ؟! _ دېدى ساقى، _ كىمكەن بۇنى يازغان؟!"

"قارىغاندا ئاز- تولا ئۇمىچى بار نېمىدەك قىلامدۇ قاندىق، _ دەپ كىتاپنى تونۇشتۇرۇشقا كىرىشتى خەۋەر هەۋەسكارى، _ يازغانلىرىغا قارىساڭ خېلى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان بىرسىگە ئوخشايدۇ. بولۇپمۇ خىتايلار بىلەن بىز خەقنى خېلى ئوبدانلا باهالىغاندەك قىلىدۇ. مۇستەقىل بولۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەكلىكى هەققىدە تەپسىلى قەدەم- باسقۇچلىرى بويىچە تەهلىل قىلغانىكەن. شۇڭا بۇ كىتاپ بويىچە قارىساڭ، بۇ كۈنلەردىكى مەخپى زەربە بېرىش هەرىكەتلىرى بىزنىڭ بىردىن- بىر چىقىش يولىمىز ئىكەن دېگىنىڭ كېلىدۇ. بۇ كىتاپنى كۆرمەي تۇرۇپ، بولىۋاتقان ۋەقەلەرنى ئويلىساڭ، قېپ- قىزىل ساراڭلىقتەكلا بىلىنەتتى. ئەمما ئاغىنىلەر، بۇ كىتاپ بۈگۈنكى ئاقىۋەتلەرنىمۇ خېلى توغرا مولچەرلىگەنىكەن. _ ئۇ سەل هاياجان بىلەن ئەتىراپىدىكىلەرگە بىر قۇر قارىۋالغاندىن كېيىن، ئالدىدىكى رومكىسىنى بوغۇزىغا ئۆگىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر لوخما گۆشنى كاپ قىلدى. ئاندىن سۇۋۇپ قالغان چېيىنى تۆگىتىپ، بىر قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى هاراقتىن سەسكىنىپ پۈرلىشىپ كەتكەن غەلىتى قورۇقلار سەل يوقالغاندەك قىلدى. _ قارىغاندا بۇ ئىزچى دېگىنى ئاۋال ئۆزىدىلا قىلىپ «مۇستەقىللىقىمىزدىن ئۈمىد بارمۇ؟!» دېگەن ئاۋۇ قارا تاشلىق كىتاۋىنى يازغان بولسا

ئارىلاپ ئۇنى- بۇنى بىلمىگەنگە سېلىپ سوراپ قويۇپ سۆھبەتنىڭ قېيىپ كېتىۋاتقان تېمىسىنى ئۆزىنىڭ ئارزۇسى تەرىپىگە بۇراشقا تىرىشاتتى. ئارىلاپ چاي يېڭىلاپ تۇرۇشنىمۇ ئۇنۇتمىدى.

"ئايپالتىچىلارنىڭ ئىشلىرىمۇ تازا قاملاشمىغىلى تۇردى. _ دەپ مۇلاھىزىسىنى تۈگۈشكە باشلىدى ئۇلپەتلىرىدىن بىرسى، _ دەسلىۋىدە راس گەپنى قىلسام، خېلىلا ئۈمىدلىنىپ قالغانىدىم ئۇلاردىن. مانا ئەندى كۈچىغىمۇ چىقالماس، ئارامىدا ئولتۇرۇپ ئىچەلمەس بولۇپ قالدۇق. ھەي بۇ كۈنلەرنى. ..."

"دېگىنىڭ توغرا، _ دېدى ساقى رومكىلارنى تارقىتىپ تۇرۇپ، _ ئەسلىدە بۇنداق ئىشلارنىڭ ئاندا- ساندا بولۇپ تۇرغىنىنىڭمۇ تولا بەك زىيىنى يوق ئىدى. _ ئۇ يېڭى قويۇلغان لىگەندىكى پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەن گۆشتىن بىر پارچە سۆكۈپ ئېلىپ ئاغزىغا پۇرلاپلا تىقتى. چاينىغىنى بىلىنمەيلا غورتلا قىلىپ يۇتىۋەتتى. _ ئەمما شۇنچىلىك ۋەھشىلىكمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك مېنىڭچە بولغاندا!" _ ئۇنىڭ گۆش تەككەن ئاغزى مايلىشىپ كۈڭۈلنى ئايىنىتقىدەك پارقىراپ تۇراتتى.

"ئاغىنىلەر، توختاڭلار، _ دەپ ساقىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا گەپ باشلىدى ئۈچىنچىسى، _ قايسى كۈنىسى يالغۇز كېتىۋاتسام پۇتۇمغا بىر نېمە ئۇرۇلغاندەك قىلىۋىدى، ئېلىپ قارىسام يالتىراق خالتا ئىچىدىن بىر جۈپ كىتاپچە چىقتى دەڭلا. ..."

"بىر بولاق پۇل تېپىۋالدىم دەپ ئويلىغانسەن ھەقىچان!" _ دەپ قاھ- قاھلاپ كۈلدى ساقى ھەممىسكارنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

"پۇل چىققان بولسىمۇ يامىنى يوقتىغۇ؟! _ دېگىنىچە قوينىدىن قاسىمغا بەكلا تونۇش بولغان ئىككى كىتاپچىنى چىقاردى. _ ئېلىپ قارىسام بۇ كىتاپلارنىڭ ئىسمى بەكلا قورقۇنۇشلۇق، ئاستا ئىچ يانچۇغۇمغا تىقىۋالدىم. ئاخشىمى ئۆيدە يالغۇز يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇپ تۈگىتىۋەتتىم بۇ كىتاپلارنى. قارىغاندا كوچىدا بولىۋاتقان ئۇ ئىشلار خېلى ئوبدانلا بىر يەرلەردىن باشقۇرۇلۇپ قىلىنىۋاتقاندەكلا قىلىدۇ. كىتاپتا يېزىلغانلارغا قاراپ ياق دەي دېسەم توغرىدەك، راس دەي دېسەم بەكلا ئېشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئاخىرى بۇ ۋەقەلەر ئۈستىدە ئالدىراپلا بىر نېمە دېيىشكە بولمايدىغاندەك قىلىدۇ دېگەن تونۇشقا كېلىپ قالدىم. بۇ كىتاپلارنى مەخپى شەكىلدە سىلەرنىڭمۇ بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشىڭلارنى مەسلىھەت قىلىمەن." _ دېگىنىچە ھېلىقى كىتاپلارنى ئاۋايلاپ دەستىخان ئۈستىگە قويدى.

بۇ كىتاپلارنى كۆرگەن قاسىمنىڭ يۈرىگى جىغ قىلىپ ئويناپ كەتتى. بۇ كىتاپلار ئۇنىڭ بىر ۋاقىتلاردا ھاجەتخانىدىن تېپىۋالغان 'ئىزچى مەن' كىتاپلىرىنىڭ

ئاغىنىلەر ئۆڭدىن- سولدىن سۆزلىشىپ بۇ يېقىندا يۈز بەرگەن بىر قانچە مەخپى ۋەقەلەر، تارقىلىپ يۈرگەن بىرقانچە مەخپى تەشۋىقات ۋاراقلىرى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ يېقىنلاردا قىلىدىغان باستۇرۇش پىلانلىرى، قېچىۋاتقان خىتايلار، بىكاردىن- بىكارغىلا جازالىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار، ... دېگەندەك ھادىسىلەر ئۈستىدە بىر- بىرىگە يول قويۇشماي دېگىدەك تالىشىپ سۆزلىشىپ كېتىشتى. ... ئولتۇرۇش ئەھلىنىڭ قىياپىتى ئىككىنچى پوتولكىنىڭ يېرىمدىشىغا ئەگىشىپ ئاۋال قىزىرىش، ئاندىن تاتىرىشقا، سۆزلىرىمۇ كۆپىيىپ ھېلى دېگەننى يەنە دەيدىغان لاۋزىلىشىشلارغىچە بېرىپ يەتمەكتە ئىدى. بۇ ئاردا تاشقاقى ئىشىك ئەدەپ بىلەن ئۇرۇلدى.

ھەممە جىم بولۇپ ئەنسىرەش بىلەن ئىشىككە قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشۇپ قاسىمغا تىكىلىشتى.

قاسىم بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى: "لاۋكا، دوستلىرىڭ كەلگەنمۇ قانداق؟ سوراپ باقاي دېگەنىدىم." _ دەپ ئۆيگە خوشنا خىتىيى يالغان ھىجايغىنىچە كىرىپ كەلدى.

قاسىممۇ ئوخشاشلا يالغان ھىجىيىپ ئۇنى مېھمانخانىسىغا باشلىدى. كۆزلىرى خۇمارلىشىپ ئەلەڭ- سەلەڭ ئولتۇرۇشقان ئاغىنىلىرىنى كۆرگەن خىتاي خوشنا يالغان ھىجىيىشىنى داۋام قىلىپ دېدى:

"سىلەر داۋام قىلىۋېرىڭلار، ئەركىن ئولتۇرۇڭلار. _ دەپ ئۇلار بىلەن بىر- بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتى. ساقىمۇ بىر رومكا ئالدىرۇپ تولدۇرۇپ، خىتايىنى جوزىغا تەكلىپ قىلىپ ھاراقنى ئۇزاتتى. ھەممە بىردەك ئەلەڭ- سەلەڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ يالغان ھۆرمەت بىلەن رومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قويۇپ خۇددى بۇلاق سۈيىنى ئىچىشكەندەك غۇرتىلدىتىپ يۇتۇۋېتىشتى. بۇ بىچارىلارنىڭ خىتايلار ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ باشقا مىللەت ئىكەنلىگىنى كۆرسەتەلەيدىغان ئەڭ كۈچلۈك 'مىللەتچىلىك قورال' لىرىدىن بىرى ئەنە شۇنداق 'باتۇرلارچە بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋېتىش' نامايىشى ئىدى. خىتاي خوشنا بىر قولىدىكى رومكىغا، بىر مېھمانلارنىڭ قورقۇنۇشلۇق چىرايىغا قاراپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قىسىلغان قىياپەتتە:

"سىلەر ۋىيزۇلار ھاراققا يامان كېلىسىلەر، مەن ئۇنداق ئىچەلمەيمەن، رۇخسەت قىلساڭلار،" _ دەپ رومكىسىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ پەگەز كۆزلىرىنى يوقاپ كەتكىچە چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ ئىنچىكە بىرنى يۇتۇپ قويدى.

قاسىم بۇ خىتايىنى دوستلىرىغا ئۇيغۇرچە- خىتايچە ئارىلاشتۇرۇپ ئەبجەش بىر تىلدا تونۇشتۇردى. ئاندىن ئاغىنىلىرىنى كەسپى ئۇنىۋانلىرىنى قوشۇپ ئىش ئورۇنلىرىنى تونۇشتۇرۇپ چىقتى.

كېرەك، بىزنىلەرگە ھە دېگەندىلا بەكلا ئېغىر تېگىپ كەتكەنمۇ قانداق، ئۇ كىتاپلارنىڭ قايتا كۆچۈرۈلگەن نەچچە مىڭ نۇسخىسىنى ھەتتا چەتئەلدىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلىرىمىزمۇ قورقۇپ تويلىتىپ كۆيدۈرىۋېتىشكەنىكەن! بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان ئاپتور بۇ ئۇسۇلىنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ تەھلىل قىلغان ئىككىنچى كىتاۋى بولغان قولۇڭدىكى شۇ كۆك تاشلىغىنى يازغانىدەك قىلىدۇ. بىزنىڭ چۈشەنچىمىز بىلەن بىرىنچى كىتاپنى ئوقۇپلا ئىزچىمەنگە قايىل بولىشىمىز بەكلا تەسكەن. بىزدەك سەۋىيىلىك كىشىلەرگە نىسبەتەن ئىزچىمەنىنىڭ ئىككىنچى كىتاۋى بولغان مۇنۇ كۆك تاشلىق «يا مۇستەقىللىق _ يا ئۆلۈم!» دېگىنىنى ئوقۇپ چىقىشىمىز كېرەكتەك قىلىدۇ. ..."

"ئەمىسە بىزنىڭ مۇنۇ موخوركىچىدەكلەرگە قارا تاشلىغىنى بەرسەك بولىدىكەن دەڭلا، ئۇنىڭ ئەللىگىنچى نومۇرلۇق بېشى بەك تەس ئىشلارنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ" _ دېپ قاھ- قاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

"سەنمۇ ئادەمنىڭ گېپىنى بىر- بىرىگە قوشمايدىكەنسەن، _ خەۋەر ھەۋەسكارى سەل ئۆڭگەندەك قىلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى. _ نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ ئىزچى دېگەن كىشىنىڭ يۈرىگى قاپتەك بىرنېمە بولسا كېرەك، ئەگەر خىتايلار ئۇنى تۇتىۋالىدىغان بولسا بۇ ئىزچى- پىزچى دېگىنىنى تېرىك تۇرغۇزۇپلا خام يەۋەتكىنىدىمۇ ئاچچىغى بېسىلمىسا كېرەك دەيمەن!"

"ئەگەر دېگىنىڭدەك، كۈچىدا بولىۋاتقان ۋەھىمىلىك ھەرىكەتلەرنىڭ تارقىلىشىغا 'ئىزچى مەن' دېگىنىڭنىڭ كىتاپلىرى ئاز- تولا تۈرتكە بولغانلا بولىدىكەن، ئۇنى قوروپ يەۋەتسىمۇ ئۆلگۈرەلمەيدۇ. كىم بىلىدۇ، تېخى ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى بىلەن تەڭ بۇ كىتاپلىرى تېپىلماس توتيا بولۇپ كېتەمدۇ- تېخى! خىتايلار شۇ چاغدا كۆرىدۇ ۋەھىمە دېگەننىڭ نېمىلىگىنى! _ ساقى تاماكىسىنى شورىغاچ كۆك تاشلىق كىتاپنى قوينىغا سېلىپ، قارا تاشلىغىنى موخوركىچىغا ئۇزاتتى، _ ئاغىنىمىز بۇ 'ئىزچى' دېگىنىنى بەكلا ماختاپ كەتتى. قېنى، سەنمۇ ئاز- تولا بىرنېمىلەردىن خەۋەر تېپىپ قال."

"سەنمۇزە، ئاۋال قاسىمدىن سوراپ باقمايلا كىتاپنى قوينۇڭغا تىقتىڭ. ئاۋال ئۇنىڭدىن كەلمىسۇنمۇ؟!"

"قاسىم بۇ كىتاپلارنى ئوقۇمىسىمۇ بىلىدۇ بۇنچىلىگىنى. _ دېدى ساقى رومكىلارغا قايتا هاراق تولدۇرغاچ. _ ئەسلىدە مۇنۇنىڭغا بۇ كىتاپلار زايا كېتىدىغان بولدى. بۇ ئەسلىدە ئاۋال ئالدىكى مۇنۇ ھارىغىنى لايىغىدا 'ئوقۇپ' پۈتتۈرەلىسىلا بولاتتى. قاسىم سەن ئالدىرىما، بۇ كىتاپلارنى مەن ئاۋال بىر قۇر غاجىلاپ باقاي. ماڭا بىرنېمىلەر چىقمايدىغان كىتاپلارنى ھەرگىزمۇ ساڭا مەسلىھەت قىلمايمەن."

باغدىن بىرەر- يېرىمدەم سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشقان دوستلار سائەتلىرىگە قارىشىپ قوزغىلىشقا باشلىدى.

"قاراڭغۇ چۈشكىچە ئۆيىمىزنى تېپىۋالمىساق، يولدا بىرەر زوراۋان خىتايغا ئۇچراپ يۈرمەيلى- يەنە." _ دېدى موخوركىچى. قاسىممۇ بىر نەچچە ئېغىز تەكەللۇپ گېپىنى قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېلەر ھەپتىدە يەنە ئۆيىگە يىغىلىشنى تاپىلاپ دوستلىرىنى دەرۋازىنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ئاغىنىلىرىنىڭ گەپلىرىدىن قارىغاندا، ئۆتكەندىكى 'خىش پارچىسى' نى تاشلاپ كەتكەن دۇكاندىكى پارتىلاشقىمۇ 'ئايپالتا قوشۇنى' ئىگە بولىۋالغانمىش. خىتاي ساقچىلىرى بۇ ۋەقەنىڭ جىنايەتچىلىرىنى پاش قىلىش ئۈچۈن شۇ ئەتراپتا ئولتۇرۇشلۇق يۈزگە يېقىن ئۇيغۇر، قازاق، تۇڭگان قاتارىدىكى كىشلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇشۇپ، يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ كەتكەنمىش. بۇ ئۆي ئاختۇرۇشتا بىر قازاقنىڭ ئۆيىدىن بىر قانچە پاي كونا ئوۋ مىلتىغىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن ئوق- مىشەكلىرى، يەنە بىر تۇڭگاننىڭ ئۆيىدىن قايسى بىر يىللىرى تاش كولاشتا ئىشلىتىپ تاشلاپ قويغان بىر نەچچە بولاق تاغ پارتىلىتىش دورىسى چىقىپ قالغانىكەن. نەتىجىدە خىتايلار بۇ ئىككى ئائىلىدىن بىرەردىن ئادەمنى، يەنە شۇ قاتاردا بۇرۇنقى يىللاردا كۆچا جېدىلى قىلىشىپ ساقچىغا كىرىپ چىققانلىق دېلوسى بولغان نەچچە ئۇيغۇر ياشنىمۇ گۇمانلىق ئۇنسۇر دەپ قولغا ئېلىپ، قالغانلارنى بىرەر ھەپتىدەك تۇتۇپ قىيناشقاندىن كېيىن قويىۋەتكەنىكەن.

قاسىم، بىگۇنا تۇتۇلغان بۇ كىشلەرگە ئىچى ئاغرىپ، ئۇلارنى ئاقلاپ قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ ئاخىرى خەلق ئارىسىغا بىر مەخپى چاقىرىقنامە تارقىتىش خىيالىغا كېلىدۇ. ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ئىشخانىلارنىڭ بىرسىدىكى كومپيوتېردا ئالدىن تەييارلاپ يۇمشاق دېتال تەخسىسىگە ئېلىپ قويغان «چاقىرىقنامە» سىنى كۆپەيتىپ يازدۇرىۋالىدۇ. ئاندىن بۇ نۇسخىلارنى قول تەككۈزمەي تۇرۇپ گېزىتقا ئوراپ ئۆيىگە ئەكىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ تەلىيىگە كېچىدە قاتتىق بوران چىقىشقا باشلايدۇ. پۈتۈن مەھەللىدىكى بىنالار نىڭ چىراقلىرى قاپ- قاراڭغۇ بولۇپ ئۆچكەندە، تالانى كۆرۈتۈپ تۇرۇپ بوران كوچىيىشى بىلەن دېرىزىسىدىن ھېلىقى ۋاراقلارنى تالاغا ئۇچۇرىۋېتىدۇ. ئاپپاق قەغەزلەر ھېلى ئۇ تامغا، ھېلى بۇ تامغا ئۇرۇلۇپ يۈرۈپ ھايت- ھۇيت دېگىچىلا غايىپ بولىدۇ.

ئەتىسى ئاخشىمى بىر ئاپتوۋۇز بېكىتىنىڭ تاختىسىغا چاپلانغان بىر ئېلان پەيدا

"ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى، ھەممىڭلار بىلىملىك كىشىلەردىن ئىكەنسىلەر، مەنمۇ ئوقۇغان بىلىملىك ئۇيغۇرلارنى ياخشى كۆرىمەن. _ ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدىن بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈن- ئەتىگەنلا تاغدىن چۈشۈپ كەلگەن ۋەھشى باندىتلاردەكلا كۆرۈنۈپ كەتكەنلىكىنى، ھەقىقەتەنمۇ تاڭ سېڭنىڭ 'غەرىكە ساياھەت' قىلىشىدا ئۇچرىغان يالقۇنلۇق تاغلار ئەتراپىدا ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ يۈرگەن ھېلىقى بۆرى- ئالۋاستىلارنىڭ قىياپىتىگە دەلمۇ- دەل ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى، بۇنداق ۋەھشىلەرگە تەڭ كېلىشتە سۈڭ ۋۇكوڭنىڭ يەتمىش ئىككى خىل ھېلىسىنى ئىشقا سېلىشتىن باشقا چارە يوقلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۈلگۈرەلىگەنلىكى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئاندىن كۆڭلىدە بۇ ئۇيغۇر دىگەنلەرنىڭ خىتاينىڭ شۇنچە باي نەچچە ئونمىڭلىغان خېتىنى بىلەلەيدىغان ئەقلىنىڭ بولىشىغا زادىلا ئىشەنگىسى كەلمەسلىك نامايەن بولدى. 'ھەي ئىست، شۇ لەنىتى دېڭىز بورىنى بولمىغان بولسا، كوڭزىنىڭ بىزگە مىراس قالدۇرىدىغان خېتى تېخىمۇ كۆپ بولاتتى- دە، ۋاي ئەتتەڭ!' دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەچ ھاياسىزلىق پۇراپ تۇرغان چىرايىغا يالغان تەبەسسۇم يىغىشقا تىرىشىپ، _ لاۋكا بەك ئەقىللىق، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. ..." _ دېگەندەك بىرنېمىلەرنى دەپ، قولىدىكى رومكىنى مېھمانلارنىڭكىگە يەڭگىل تەككۈزۈپ چېقىپ، گويا زەھەر ئىچىۋاتقاندەك قىينىلىپ تۇرۇپ مىڭ بىر بالالاردا تۈگەتتى. ئۇلپەتلىرىمۇ چاققان ساقىنىڭ يېڭىدىن تولدۇرۇپ ئۈلگۈرگەن رومكىلىرىنى تەڭ بوشىتىشتى.

بۇ خىتاي، 'ياۋايى ئۇيغۇرلار' نىڭ ئارىسىدا ھاراققا بوغۇلۇپ قېلىشىدىن قورقتى ئەتىمالىم:

"سىلەر ئولتۇرۇۋېرىڭلار، بەھۇزۇر بولۇڭلار. لاۋكا، ئەگەر بىرەر ئىش بولسا مېنى تارتىنماي چاقىر، ياردەم قىلىمەن." _ دەپ ياسالما تەكەللۇپلەر بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. قاسىممۇ ماھارەتلىك بىلەن سۇنئىي تەكەللۇپ قىلىپ ئۇنى ئىشىگىچە ئۇزۇتۇپ چىقتى.

"بۇ خىتىيىڭ چوقۇم بىزنى رازىۋىتكا قىلغىلى كىرگەن نېمە! قارىمامسەن، چىرايىدىن يالغانچىلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ"

"سەنمۇ قىزىقكەنسەن. قايسى بىر خىتاينىڭ بىز خەققە راستچىل بولغىنىنى كۆرگەنىدىڭ'؟"

"... ..."

بۇ خىتاينىڭ پەيدا بولىشى بىلەن ئولتۇرۇشنىڭ پەيزى قاچقانىدى. تاغدىن-

مەكتەپتىن چىقىپ بۇ بېنزىن پونكىتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىۋاتقان بىرەر يۈزگە يېقىن خىتاي بالىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى بىرەر تېرىك ئوت مەشئەل توپىغا ئايلىنىپ، گويا ئوت پۈشكۈرتىۋاتقان بىردىن ھەجەرھاغا ئوخشاش تەرەپ- تەرەپكە دومىلىشىپ، ئوت يالقۇنىنى تېخىمۇ كەڭ يەرگە يېيىلىشىغا قوشۇمچە بولۇپ بەرگەن. ئەتراپ بىردىنلا قويۇق بېنزىن پۇرىقىغا قوشۇلغان سېسىق ئادەم گۆشى پۇرىغى بىلەن تولۇپ كەتكەن!

تەرەپ- تەرەپتىن كەلگەن پاژارنىكلار يېنىۋاتقان بىنالارغا، ھەرىكەتچان 'ئوت شارلىرى' غا قارىتىپ سۇ چېچىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئوت يالقۇنىنىڭ كۈچىشى بەكلا تېز بولغاچقا، ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىلىرىدىن پۈركۈلگەن سۇ ئوت يالقۇنىنى باستۇرۇش تۇگۇل، گويا ئۇلارنىڭ چېچىۋاتقىنى سۇ بولماستىن بەلكى بېنزىن چېچىۋاتقىنىدەك، سۇ چاچقانسىرى ئوت يالقۇنىمۇ شۇنچە كۈچىيىپ كەتكەن. كەلگەن ئون نەچچە پاژارنىكتىن پۈركىلىۋاتقان سۇ- كۆپۈكلەر قىيامەت ھالىغا كەلگەن بۇ كوچىغا زادىلا دال بولالمىغان. ھەممە تەرەپنى ئېچىنىشلىق قىيا- چىيا ئاۋازلار قاپلىغان، كېيىم- كېچىگى، يۈز- كۆزلىرى چالا كۆيگەن خىتايلار يېنىۋاتقان بىنالارنىڭ بالكونلىرىدىن ئۆزىنى يەرگە ئېتىشىۋاتقان، بەزىلىرى نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، بىنالىرىدىن ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىقىشىپ ئۆزلىرىنى توختوتۇپ ئېلىشالماي ئۆتتۈر بېرىپ ئوت يالقۇنى ئىچىگە كىرىپ كېتىشكەن. ئاردىن بىر ياش خىتاي بىر قولى كۆيۈپ تۇرغان ھالدا ئوت يالقۇنى قاپلاپ كەتكەن بىنادىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئەتراپىغا يىغىلىۋالغان كىشىلەر توپىغا ئۆزىنى ئاتقىنىدا پۇتلىشىپ كېتىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشكەن. بىر ساقچى ھۇلۇقۇپ كېتىپ بۇ خىتايىغا ياردەملىشىپ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن كۆيگەن قولىدىن تۇتۇپ تارتقىنىدا، ساقچىنىڭ قولىغا رەسمى پىشقان بىر قولنىڭ گۆشلىرى سۆڭگىدىن ئاجراپ چىققان! يەردىكى چالا كۆيگەن خىتاينىڭ بىر بېلىكى جەينىكىدىن باشلاپ ئىككى تال ئۇزۇن سۆڭىكى، ئۇچىدا شاراقشىپ تۇرغان بەش بارمىقىنىڭ ئىسكىلىتى ئاپپاق شۇلىنىپ پاكىزلىنىپ قالغان! ...

كوچىدىكى مەنزىرە ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇشلۇق ھالغا كەلگەن: ئۇ يەر- بۇ يەردە ياتقان ھەرىكەتچان ئوت شارلىرى ئاستا- ئاستا ئۆچۈپ، ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن قاپ-قارا ئىس- تۈتەك ئاستىدا ياغاچ كۆمۈردەك قورۇلۇپ قالغان مىڭ يىللىق تۇرپان مومىيالىرىدەك ئىسكىلىتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئوت ئۆچۈرگۈچى پاژارنىك ساقچىلىرىنىڭ بىرسى تېخى تولۇق ئۆچۈپ بولالماي ئالدى- كەينىگە چېپىپ يۈرگەن بىر جانلىق مەشئەل توپى ئۈستىگە سۇ تۇتقانىكەن، كوچلۇك سۇ ئېقىمى دەرھال ئوتنى ئۆچەرگەن بولسىمۇ، ئۇ ھەرىكەتچان جىسىمنىڭ باش تېرىسىنى يۈز تېرىسى بىلەن

بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

"قەدىرلىك يۇرتداشلار!

ۋەتىنىمىزنى ئاياق- ئاستى قىلىشۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى 'مىللىي ئىتتىپاقلىق كوچىسى' دېگەن دۇكان پارتىلاشنى باھانە قىلىشىپ ئۇيغۇر، قازاق ۋە تۇڭگان بولۇپ جەمئىي يۈزدىن ئارتۇق قېرىنداشلىرىمىزنى بىگۇناھ تۇتۇپ كېتىپ، بىر ھەپتىدەك ئادەم قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي يوللاردا قىيناشتى! ئاندىن ئۇلاردىن ئالتە نەپىرىنى گۇمانلىق دەپ قانۇنسىز قولغا ئېلىپ سولىۋېتىشتى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ قېرىنداشلىرىمىزدىن تۆت كىشىنى ۋەھشىلەرچە ئۇرۇپ لەختە- لەختە قىلىپ قىيناپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋېتىشكەن! قالغان ئىككىسىنىڭمۇ ھازىرغىچە ئۆلۈك- تىرىكلىكىدىن خەۋەر ئالالمىدۇق!

بىز پۈتۈن قېرىنداشلىرىمىزغا مۇراجىئەت قىلىمىزكى، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن بۇ تۆت نەپەر شېھىتىمىزنىڭ قانلىق قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن شۇ ئەتراپتىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن بىرقانچە ئونىنى ئەڭ پاجىئەلىك ئۇسۇللاردا ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمىز!

—— ئايپالتا قوشۇنى"

قاسىم بۇ تەشۋىقات ۋارىقىنى كۆرۈپ مېڭىسىدا كۈلۈپ قويدى: "نېمە دېگەن چاققان." — ئەسلىدە بۇ ۋاراقتىكى ئىمزادىن باشقا يېرى پۈتۈنلەي قاسىمنىڭ يازغىنى ئىدى.

ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتمەيلا ئويلىمىغان يەردىن چوڭ بىر پاجىئەلىك ۋەقە يۈز بېرىدۇ:

نامەلۇم بىرسى بىر خىتاي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ يېنىدىكى بېنزىن پونكىتىغا ئالاھىدە كۈچلۈك مىنا قويۇپ پارتىلىتىۋەتكەن. بۇ مىنا بېنزىن باك ماشىنىسى كېلىپ پونكىتنىڭ بېنزىن ئىسكىلاتىغا ئوننەچچە توننا بېنزىن تولدۇرۇۋاتقىنىغا توغرىلىنىپ پارتىلىتىلغانلىقى ئۈچۈن، پاجىئەنىڭ دەھشىتى تېخىمۇ قورقۇنۇشلۇق تۈسكە كىرگەن. بۇ ۋاقىت ھېلىقى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ چۈشلۈك دەم ئېلىشقا چىقىۋاتقان ۋاقىت بولغاچقا، شەھەرنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا ئاڭلانغىدەك كۈچلۈك پارتىلاش بېنزىن ئىسكىلاتىدىكى نەچچە ئون توننا بېنزىن بىلەن قوشۇلۇپ، گويا ئاتوم بومبىسى پارتىلىغاندىكىگە ئوخشاش پەۋقۇلئاددە چوڭ مەدەك شەكىللىك ئوت بۇلۇتىنى پەيدا قىلىپ كۆككە كۆتۈرۈلگەن. كەينىدىنلا ئۇلىشىپ كەلگەن يېڭى- يېڭى پارتىلاشلار قوشۇلۇپ، ئەتراپتىكى بىنالارغا ئوت شارى ھالىتىدە كەلگەن بېنزىن باكلىرى ئۇچۇپ چۈشۈشكە باشلىغان. نەتىجىدە بۇ كوچا بىردەمدىلا قويۇق ئوت- يالقۇن ئىچىدە قالغان.

مۇمكىن. مەن سىزلەردىن مېنىڭ ئۈچۈن قەتئىي يىغا- زار قىلىشماسلىقىڭىزلارنى، مېنىڭ سەۋەبىمدىن تۆكمەس بالالارغا قالماسلىقىڭىزلار ئۈچۈن بۇ خەتنى مەڭگۈ بىرسىگە كۆرسەتمەسلىكىڭىزلارنى، پەقەت ئۆكام ماقاتان چوڭ بولغىنىدىلا ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىشىڭلارنى ئۆتۈنۈپ قالىمەن. جېنىم دادا، مەن سىزنىڭ ئاغىنىلىرىڭىز بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن نۇرغۇن جۇشقۇنلۇق سۆھبەتلىرىڭىزنى نېرىقى ئۆيدە ئولتۇرۇپ پات- پات ئاڭلاپ يۈرۈپ، بۇ ۋەتەننىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى ئۈستىدە مەنمۇ ئويلىنىشقا باشلىغانىدىم. بىزنىڭ ئائىلىمىز، بۇ ۋەتەننى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان قەھرىمان قازاق ئائىلىلىرىنىڭ بىر ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدىم.

جېنىم دادا، مېھرىبان ئاپامنىڭ كۆڭلى بەكلا نازۇك. مېنىڭ بۇ خېتىمدىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ مۇسىبەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەلمەيمەن. شۇڭا، ئاپامنىڭ كۆڭلىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن بۇ ۋەقەنى كېيىنىرەك ئاستا- ئاستا بىلدۈرۈپ قويارسىز. ئۇ كۈنلەردە، ئاپامنىڭ كۆڭلىنى بۇزماسلىقى، مەندىن غورۇرلىنىشى لازىملىقىنى ئۆگىتىپ قويارسىز. مەنمۇ بوۋىلىرىمغا ئوخشاش جەڭگىۋار پەرزەنت بولۇش ئارزۇسى بويىچە ئىچىمىم ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى. سىزلەردىن يوشۇرۇپ يۈرگەن، ئۆزۈمگە بىر ئۆمۈرلۈك ھەمرا قىلىشقا تاللىۋالغان سۆيگەن يىگىتىمنىڭ ئۆتكەن ھەپتىدە خىتاي تۈرمىسىدە پاجىئەلىك شەكىلدە ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئالغىنىمدىن كېيىن، ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن پىلانلىق ۋە بىر تۇتاش ھەرىكەت قىلىشنى كۈتۈپ جىم يېتىشقا ئەڭ ئاخىرقى تاقىتىمنىمۇ قويمىدى. قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ خىتايلاردىن سۆيگەن يىگىتىم ۋە ئەجدادلىرىم ئۈچۈن قانلىق قىساس ئېلىش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتىم. ھازىرقى پىلانىم، ئالدى كوچىدىكى «لىن زىيشۈي» خىتاي باشلانغۇچ مەكتىۋى يېنىدىكى بېنزىن پونكىتىنى پارتلىتىش.

جېنىم دادا، ھەر بىر ئۇيغۇر ئۈچۈن ئالتاي تاغلىرىنىڭ پۈتۈن قىيالىرى ئۇلار ئۈچۈن ئانا ۋەتەن تۇپراقلىرى بولالىغىنىدەك، خوتەن چۆللىرىنىڭ ھەربىر توغراقلىقلىرىغىچە بولغان يەرلەرمۇ ئوخشاشلا بىز قازاقلارنىڭ ئانا يۇرتىمىز! شۇڭا، بۇ ۋەتەننى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن تازىلاپ چىقىشقا تۆھپە قوشۇش ئىشىمۇ بۇ ۋەتەننىڭ پەرزەنتلىرى بولغان بىز قازاقلارنىڭمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك ۋەزىپىمىز دەپ قارايمەن.

سىزلەرنى قۇدايغا ئامانەت قىلىمەن. غەيرەتلىك بولۇڭلار، مەندىن پەخىرلىنىڭلار!

— قىزىڭلار گۈلسۇمدىن"

بۇ خەت ئوقۇلغان كۈنىسىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، «ئوسمان باتۇر قوشۇنى» دەيدىغان ئىمزا قويۇلغان بىر مەخپىي پىدائىلار ھەرىكەت قوشۇنىنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ مەخپىي ۋاراق شەكلىدە ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە ئېلان قىلىنىشقا باشلىغانىدى. ...

قوشۇپ سۆكۈپ چىقىرىپ پاك- پاكىزە شۇلىشەتكەن بىر باش سۆڭەكنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويغان. سۇ بېسىمى بىلەن يەرگە يېقىلىپ چۈشكەن بۇ كۆمۈر گەۋدىسىدىن شۇلۇنگەن ئاپپاق باش سۆڭىكى بوينىدىن ئاجىراپ ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ، خۇددى بىر ۋالىبول توپىغا ئوخشاش دومىلىغىنىچە بېرىپ بىر ئازگالدا توختاپ قالغان. بۇ باش سۆڭەكنىڭ ھاڭدەك ئېچىلىپ قالغان ئېغىز بوشلۇقىدىكى سەدەپتەك قاتار تىزىلغان چىشلىرى ئارىسىدىن تېخى پىشىپ بولالمىغان قىپ- قىزىل تىلى، تومۇزدىكى ئىسسىقتا سۇسىز قالغان قانجۇقنىڭ ساڭگىلاپ كەتكەن تىلىدەك بىر غېرىچ يانغا ساڭگىلاپ چىقىپ قالغان! ...

بۇ مەنزىرىدىن چۆچۈپ كەتكەن ھېلىقى سۇ پۈركىگەن ئوت ئۆچۈرۈش پاژارنىك ساقچىسى قولىدىكى سۇ خورتۇمىنى بىر چەتكە تاشلىۋېتىپ جېنىنىڭ بېرىچە خىتايچە بىرنېمىلەر دەپ ھوۋلاپ بېرىپ يول قىرىدىكى سىمونت تاش قىرىغا ھە- دەپ بېشىنى ئۇرۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭ بېشىدىن چۈشۈپ يۇمىلىغان قالپىقى بىرچەتكە كەتكەن بولۇپ، بېشى بىردەمدىلا قىپ- قىزىل قانغا بويىلىپ دىرىلدەپ تىترىگەندىن كېيىن جىمىپ قالغان. ...

ئۇزۇنغا قالماي بۇ ئەتراپ گويا مەخسۇس ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزىدىغان ھەربىي لاگىرغا ئوخشاش، مىڭلىغان خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن. ئەتراپ كۆيۈپ كۈل بولغان بىنالار، ئۇ يەر- بۇ يەردە ياتقان كۆمۈرلەشكەن گەۋدىلەر، ... ئىنتايىن ئېغىر پاجىئەلىك مەنزىرە سېسىق گۆش پۇرىقى بىلەن قاپلانغان. ...

قاسىم بۇنچە ئېغىر پاجىئەنى پەيدا قىلغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ بىلەلمىدى. بۇ ۋەقەنى ئېتىراپ قىلىپ ئۈستىگە ئېلىپ مەخپىي ۋاراق ياكى بايانات ئېلان قىلىدىغان بىرمۇ 'قوشۇن' ياكى شەخسى ئوتتۇرىغا چىقمىدى. دېگەندەك، بۇ ۋەقەدىن قاتتىق ھوجۇقۇپ كەتكەن قاسىممۇ بۇ ھەقتە بىرەر مەخپىي ۋاراق چىقىرىپ باھالاشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمىدى.

ئارىدىن خېلى ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك بىر قازاق كادىرىنىڭ ئۆيىدە، باشلىرى ۋاقتىدىن بۇرۇنلا ئاقىرىپ كەتكەنلىكى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇرىدىغان بىر كىشى، ئۆزى ئولتۇرغان يىگىرمە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئوغلىغا تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىكى بىر ۋاراق خەتنى ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى:

"قەدىردان ئەكە، مېھرىبان ئەپكە!

بۇ مېنىڭ سىزلەرگە يېزىۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى ۋىدالىشىش خېتىم بولۇپ قېلىشىمۇ

كېيىن دەرھال شەھەردىن قوغلىناتتى. نەتىجىدە، شەھەر ئىچىدە ئىسلىدىنلا قورقۇپ كوچىلارغا چىقالماي يۈرگەن باققاللار، ناۋاي- قاسساپلار، كاۋاپچى- ئاشپەزلەر، سېرىغاشچى- زاسپەسلەر ئاساسەن يوقاپلا كەتكەنىدى. بۇ تۈردىكى ھادىسىلەردىن، يەرلىك خەلق، خىتايلارنىڭ بۇ ۋەتەننى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغانلىق ماھىيىتىنى تېخىمۇ تولۇق ھېس قىلىشقا باشلىماقتا ئىدى.

بۇ قېتىم، خىتاي تاجاۋۇزچىلار ھۆكۈمىتى گەرەجلەرنى، پويىز ئىستانسىلىرىنى تولۇق قوراللىق نازارەت ئاستىغا ئېلىشىپ، خىتايلارنىڭ دۆلىتىگە قاراپ قېچىشىنى قورال كۈچى بىلەن توساشقا تەييار قىلىشتى. شۇنداقتىمۇ يول خېتى ھەل قىلىپ قېچىۋاتقان خىتايلار كۈندىلىك يولۇۋچىلار پويىزلىرىنى لىق تولدۇرۇشماقتا ئىدى. خىتايدىن كېلىدىغان خىتاي يېڭى تاجاۋۇزچىلىرى ئاساسەن قوراللىق كۈچلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماقتا ئىدى. خىتاي ئۆلكىلىرىدىمۇ ۋەتىنىمىز تۇپراقلىرىنى بۇرۇنقىدەك «كې لىمۇ» ناخشىلىرىدىكىدەك 'گۈزەل شىنجاڭ، مۇنبەت شىنجاڭ، باياشات شىنجاڭ، ...' دەپ مەدھىيلەشلەرنىڭ ئورنىنى 'دوۋزاق شىنجاڭ، ئاپەت شىنجاڭ، ۋەھشى شىنجاڭ، ياۋايى شىنجاڭ، ...' دېگەندەك يېڭىچە 'مەدھىيلەش' لەر دەسسەشكە باشلاپ، ئالاھىدە جىددى مەجبۇرىيىتى بولمىسىلا، بۇ تەرەپلەرگە قاراپ سىيىشتىنىمۇ قورقىشىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە ئىدى. ھەتتا داخىيەن پويىز ئىستانسىدا بىر قېتىم خىتايغا قاراپ قېچىۋاتقانلارنىڭ سانى ھەددىدىن ئارتۇق ئېشىپ كېتىپ، پويىز ۋاگونلىرىنى بۇلاپ ئىگەللىۋېلىپ قېچىش ۋەقەلىرى كۆرۈلگەنلىكتىن، خىتاي ھەربىلىرى تەرىپىدىن پىلىموت بىلەن نەچچە ئون خىتىيىنى سىرىۋەتكەنلىك خەۋىرىمۇ تارقىلىپ يۈرەتتى. بۇ ھادىسىلەر، خىتايلارنىڭمۇ بۇ يۇرتنى تاشلاپ قېچىش نىيىتىنى كۈچەيتىپ بەرمەكتە ئىدى.

قاسىم بۇ يېقىنلاردا شۇنچە تېپىرلاپ يۈرۈپمۇ تۈزۈك بىر ۋەھىمە پىلانلاپ چىقالماي، بەكلا تىت- تىت بولماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ بىر كىشىلەرنىڭ ئايدا بىرنەچچە قېتىم دېگىدەك پەيدا قىلىۋاتقان ۋەھىمە چىقىرىش ھەرىكەتلىرىدىن يەنىلا روھلىنىپ يۈرەتتى. "ئۆز ئىختىيارى بىلەن ۋەتەن مۇستەقىللىقىغا تۆھپە قوشماق نېمە دېگەن تەس ئىشلار- ھە!" دىگەنلەرنى پات- پاتلا ئويلاپ قوياتتى. ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت بىربىر شاگىرتلىغىدا قالىدىغان بولسا كېرەك دېگەن خىياللار بىلەن، ئۆزىگە بىرەر ئۇستا تېپىۋېلىشنىمۇ ئويلاپ كېتەتتى. ئەمما بۇ 'ئۇستا' نەدە؟ ئۇنى قانداق تېپىش كېرەك؟! قاسىم بۇنىڭ چارىسىنى زادىلا تاپالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئەمەلىي بىرەر ئىش قىلالمىسىمۇ، قەغەز يۈزىدە بولسىمۇ بىرەر ئىش قىلىشنى ئويلىنىشقا باشلىدى. ئاۋال

بۇ ۋەقە، خىتاينى زىل- زىلىگە سالغان بىر ۋەقە بولۇپلا قالماي، دۇنيا مۇنبەرلىرىدىمۇ قانداقتۇ بىر ۋەقەلەرگە ئوخشىتىلىپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە بۇ رايوندىكى ھادىسىلەرنىڭ تالاش- تارتىشلىرىنىڭ داۋام قىلىشىغا سەۋەپ بولۇپ بەردى. بۇ ۋەقەنىڭ قەھرىمان شېھىدى، گۈلسۈمنىڭ دادىسى تەرىپىدىن ئۇزۇن يىللارغىچە سىر قىلىپ ساقلاندى. گەرچە كېيىنكى يىللاردا گۈلسۈمنىڭ دادىسى بۇ ھادىسىنى ئەندىلا قورامىغا يەتكەن ئوغلىغا بىلدۈرگەن بولسىمۇ، شۇ ۋەقەنىڭ ئىگىسى بۇ ئاتا- بالا ئىككەيلەن ئۆتتۈرىسىدا مەڭگۈ سىر بولۇپ قېلىۋەردى. ھەتتا ماقاتاننىڭ دادىسى ئائىلىغا بۇ ۋەقەنىڭ قىزى گۈلسۈم تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى دېيىش تۇرماق، ھەتتا قىزىنىڭ چەتئەلگە قېچىپ چىقىپ بىر يەردە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ياساپ چىقىپ ئائىلىغا يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى. شۇ سەۋەپتىن بۇ ۋەقەنىڭ كىم تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغانلىقىنى ھەر قانداق بىر پىدائىلار قوشۇنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋېلىشتىن نومۇس قىلىشىپ، ئۇنى «سادىر پالۋان ۋەقەسى» دەپ كىشىلەر ئارىسىغا داستان قىلىپ تارقىتىش بىلەنلا چەكلىنىشتى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى سەل- پەل يۇمشاۋاتقان يەرلىكلەرگە قارشى ئېلان قىلىنماي يولغا قويۇلۇۋاتقان ھەربىي ھالەت ۋەزىيىتى قايتىدىن كۈچەيتىلىپ، كوچىلار خىتاي ساقچى- ھەربىلىرى دەستىدىن ئۆتكىلى بولمىغىدەك ھالغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ دەردى يەنە ئۇيغۇر قاتارىدىكى يەرلىك مىللەتلەرگە كەلدى. ئۆيدىن تالاغا چىققان ھەرقانداق بىر يەرلىك كىشى، خىتاي ئەمەسلىكى گۇمان قىلىنغانلا ھامان قەدەمدە بىر دېگىدەك توختىتىلىپ يانلىرى ئاختۇرۇلاتتى. يەرلىكلەردە سەل- پەللا نارازىلىق ئىپادىلىگەن ھامان تۇشمۇ- تۇشتىن ئۇر- توخماق ئاستىدا قېلىشاتتى. بىچارە يەرلىكلەر كوچىدىن پىچاق- سەرەڭگە قاتارىدىكى كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرنى زادىلا كۆتۈرۈپ يۈرەلمەس ھالغا كەلتۈرۈلگەنىدى. ئۇنداق نەرسىلەر ئاختۇرۇشتا چىقىپ قالغىنىدا دەرھال مۇسادىرە قىلىناتتى. ھەتتا ئالغان نانلىرىنىمۇ سۇندۇرۇپ پارچىلاپ كۆرسىتىشكە مەجبۇرلىناتتى. شۇڭا، بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر- قازاقلارنىڭ ئۆيلىرىگە كەلگەن مېھمانلارمۇ دەستىخانغا تۆكۈلگەن پارچا نانلارغىمۇ كۆنۈپ قېلىشقانىدى. دەرۋەقە، مېھمان بولۇش پۇرسىتىنى تاپالىسا- ئەلۋەتتە.

يەرلىكلەرنىڭ سىرتتىن كېلىش ۋە سىرتقا چىقىشلىرى پۈتۈنلەي دېگىدەك چەكلەنگەنىدى. نوپۇس دەپتىرىدە ياكى سالاھىيەت كېنىشكىسىدە ئادرىسى باشقا شەھەردە ئىكەنلىكى سېزىلگەن ھامان تۇتۇلۇپ بىر قانچە كۈن داتاڭ- سوراققا قالغىنىدىن

قىزىقتۇرغىنى، موخوركىچىمۇ بۈگۈن ئالدى- كەينىگە ئۇششاق قىلىپ يېزىلغان ئىككى بەتلىك تېخنىكىلىق تەشۋىق ۋارىقىدىن بىرنى قوينىدىن چىقىرىشى ئىدى. ئۇنىڭ تېپىپ كەلگەن ۋارىقىدا، «بارىن دورىسىنىڭ ياسىلىشى» دېگەن قىزىق بىر ئىسىم قويۇلغانىدى. بۇ دورىنى مىلتىق دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەللىك يەتتە مىللى لېتىر قويۇق نىترات كېسلاتاسى، قىرىق سەككىز گرام ئاممونىي نىترات، بەش گرام ھېكسامىن نىسبىتىدە دورا لازىم بولىدىكەن. بۇ دورىلارنى تاپقاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئاممونىي نىترات بىلەن ھېكسامىننى ئايرىم- ئايرىم ھالدا يۇمشاق ياغاچ ھاۋانچىدا ئۇندەك ئېزىپ بىر- بىرىگە ئارلاشتۇرىلىدىكەن. بۇ ئارلاشمىغا ئون بەش گرادۇستىن تۆۋەن ئىسسىقلىقتىكى نىترات كىسلاتاسىنى قوچۇپ تۇرۇپ ئاز- ئازدىن تېمىتىپ ئارىلاشتۇرىلىدىكەن. ئاندىن بۇ ئارىلاشما سەكسەن گرادۇسقا كەلگىچە ئىسسىتىلىدىكەن. بۇ چاغدا ئارىلاشمىدىن قىزغۇچ ئاچچىق بۇس چىقىشقا باشلايدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارىلاشما ئوتتۇز گرادۇسقىچە سوۋۇتۇلىدىكەن. بۇ چاغدا ئىستاكاننىڭ ئاستىدا ئاق رەڭلىك كىرىستال دانىچىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلايدىكەن. بۇنداق كىرىستاللىنىش تامامىلانغاندىن كېيىن، ئاق دانچە شەكلىدىكى بۇ كىرىستاللار فىلتىر قەغىزى ياكى داكىدا سۈزۈپ ئېلىنىدىكەن. بۇ سۈزۈۋېلىنغان كىرىستال ئۆي تېمپىراتورىسىدا، ياكى يىگىرمە گرادۇسلۇق مۇھىتتا قۇرۇتۇلىدىكەن. بۇ كىرىستال قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، ئىككى پىرسەنلىك ناترىي بىكاربونات ياكى ئىككى گرام ناترىي بىكاربونات بىلەن توقسەن سەككىز مىللىي لېتر ساپ سۇ ئارىلاشمىسى تامچىلىتىلىپ قوشۇلۇپ پى ھاش قىممىتى نېترال ھالغا كەلتۈرۈلىدىكەن. تىنماي ئارىلاشتۇرۇلغان ھالدا سەكسەن گرادوسقا كەلگىچە ئىسسىتىلىپ، سۈيى پارغا ئايلاندۇرۇلۇپ چىقىرىپ تاشلىنىدىكەن. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندىمۇ يەنىلا ئاق كىرىستال كۆرۈنمىگەندەك قىلسا ئۈستىگە ئاستون تېمىتىپ بولسىمۇ مەجبۇرى كىرىستاللاندۇرۇلىدىكەن. بىز شۇنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، بۇ بىر كۈچلۈك مىشەك دورىسى، يەنى مىلتىق دورىسى بولغاچقا، بىر يۈز توقسەن يەتتە گرادۇسلۇق ئىسسىقلىقنى كۆرگەن ھامان پارتىلاپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئىسسىتىش ۋاقتىدا تىنگىگىچە تىنماي قوچۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تۇرمىغاندا، ئۈستى تەرىپى سەكسەن گرادۇسقا كەلگەندەك قىلغىنى بىلەن ئاستى تەرىپى قۇرۇپ ئاللىمۇقاچان ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ دورا ئاق دانچە شەكلىدە كۆرۈنىدىكەن. بۇنداق ئىسسىتىلغاندا چىقىدىغان گاز زەھەرلىك بولغاچقا، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يەردە ماسكا تاقىۋېلىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدىكەن. بۇ تۈردىكى ئىشلىنىشتىن كېيىن قولغا كېلىدىغان بۇ ئاق رەڭلىك كىرىستال "بارىن دورىسى"

قولىدىكى كىتاپلاردا تەييار يېزىلغان چاقىرىقنامىلار قىسمىنى مەخپى كۆپەيتىپ، يول بويىدا تۇرغان بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ كوزۇپىغا تاشلىۋەتتى. قايسى كۈندىكى بورانلىق كېچىدە ۋاراقلارنىڭ شامالدا قانداق ئۇچىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىۋالغاچقا، بۇ ماشىنا ماڭغاندىمۇ ئەنە شۇنىڭغا يېقىن بىر شامال پەيدا بولىشىنى مۆلچەرلىگەنىدى. ئاندىن ھېلىقى بېنزىن پونكىتىنىڭ پارتىلىشىدىن كېيىنكى خىتاي ۋەھىمىسىنى چوڭ بىر بەتلىك تەشۋىقات ۋارىقى قىلىپ كومپيۇتېردا لاتىن ھەرپلىرى بىلەن كۆچۈرۈپ كۆپەيتىپ بىر مەسچىتنىڭ ھاجەتخانىسىغا، بىر قانچە باشلانغۇچ مەكتەپ تېمىنىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتتى. يەنە بىر كۈنلىرى ئۆزى لايىھىلەپ چىققان قولسائەت پىستىنىنىڭ چېرتيوژىنى ئاددى پارتىلاتقۇچ دورىسى تەييارلاش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى بىلەن قوشۇپ يېزىپ تارقىتىۋەتتى.

ئۇ، بۇگۈنكىدەك جىددى ۋەزىيەت ئاستىدا پۇرسەت تاپقىنىدا يوقۇرقىدەك تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ بىر قانچە ئاي ۋاقتىنى ئۆتكەزگەن بولدى. خىتاي بېسىمى سەل ئاجىزلاپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېلىقى ئۇلپەتلىرى بىلەن شىنبىلىك ئولتۇرۇش قىلىپمۇ ئالدى. ئاغىنىلىرى يەنىلا بۇرۇنقىدەك، دىسلەپكى رومكىلارنىڭ قىزىتىشى بىلەن يېڭى ۋەقەلەر، يېڭى تەشۋىقات ۋاراقلىرى، خىتاي قېچىش ئەھۋاللىرى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يۈرگۈزىۋاتقان ۋەھشىلىكلىرى، ... قاتارلىقلار توغرىسىدا راسا مۇبالىغىلەشتۇرۇپ سۆزلىشىپ كېتىشەتتى. سۆھبەتلىرىنىڭ باشلىنىشى پىچىرلىغاندەك سۆزلىشىشلەر بىلەن باشلانغان بولسا، رومكا سانىنىڭ ئارتىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ۋارقىراپ سۆزلىشىشلەرگىچە جانلىنىپ كېتىشەتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ كۈنلەردىكى ئولتۇرۇشلار قىڭغىيىپ يېتىپ قېلىشلارغىچە داۋام قىلالمايتتى. چۈنكى، ئاخشىمى ئۆيلىرىدە بولمىغىنىدا تۇيۇقسىز نوپۇس تەكشۈرۈشلەردە ئۆيىدىكى ئارتۇق ئادەملا بېشىغا بالا بولۇپ قالماستىن، سەۋەپسىز كامىيىپ قالغان ئادەم سانىمۇ بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە سەۋەپ بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، ئولتۇرۇشلار قاراڭغۇ چۈشمەيلا يىغىشتۇرۇلاتتى.

بۇ قېتىمقى ئولتۇرۇشتىمۇ ئاغىنىلىرىدىن بىرسى قاسىم تارقىتىۋەتكەن تەشۋىقات ۋاراقلىرىدىن بىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. قىزىق، بۇ ۋاراقنى قاسىم ئۆزى يازغانلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرسىمۇ، ئاخىرىدىكى ئىمزاسىنى ئالماشتۇرىۋەتكەنىدى. دېمەك، ئۇنىڭ مەخپى ۋاراقلىرى قانداقتۇ بىر كىشىلەر تەرىپىدىن قايتا كۆپەيتىلىپ تارقىتىلماقتا ئىكەن. قاسىم بۇرۇنقىدەك قىزغىنىپ قويۇش ئورنىغا، بۇنداق كۆپەيتىپ ئۆزىنىڭ قىلىپ تارقىتىشلاردىن روھى كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغان بولدى. ئەمما قاسىمنى تېخىمۇ

خالىغان نىسبەتلەردە ئېرىيدىغان بىر ماددا ئىكەن. پۇرىغى سەل خوش كېلىدىغان رەڭسىز سۈيۇقلۇق ئىكەن.

قاسىم، دوستلىرىنىڭ ھاراقتا بېرىلىپ كەتكەن پەيتىدىن پايدىلىنىپ بۇ ماتېرىيالنى چاندۇرماي كۆچۈرىۋالدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن قاسىم بۇنىمۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ كۆچۈرتۈپ تارقىتىۋەتتى. ...

تۇرمە كامېرى بارغانسېرى مۇزلاشقا باشلىدى. گۇندىپايلار تۇرمە كورىدورىدا قېلىن كېيىنىپ ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولدى. قاسىمنىڭ جاراھەت- يارا ئاغرىقلىرىغا ئەندى سوغۇق قوشۇلغانىدى. كامېر ئىچىدە سېمونت پولدا بىر بۇلۇڭغا تۈگۈلۈپ تىترەپ ئولتۇرۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. سوغۇقتىن يىڭنە سانچىغاندەك ئاغرىپ كېتىدىغان يارىلىرى قاسىمنىڭ خىياللىرىنى پات- پاتلا يېرىم يولدا ئۈزۈپ قوياتتى.

كامېرلار، يېڭى- يېڭى قامالغان ياش ئۇيغۇر باللىرى بىلەن تولۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئورنىدىن مىدىرمۇ قىلالماي ياتاتتى. ماڭالايدىغان ئىككىسىنىڭمۇ تاياق زەربىسىدىن يۈز- كۆزلىرىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ئىككى- ئۈچ كۈنگىچە ئۇلار بىر- بىرسى بىلەن بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماي، بىرسى بىرەردىن تام يۆلىنىپ جىم ئولتۇرۇش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشتى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر- بىرىگە ئىشەنمەيتتى. ...

دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ دورىنى قارامتۇل قېنىق رەڭلىك قۇتىلاردا ئاغزىنى ھەم ئېتىپ سالقىن يەرلەردە ساقلاش لازىم ئىكەن. "بارىن دورىسى" نىڭ مالېكۇلا فورمۇلاسى مۇنداق بولىدىكەن: كاربوندىن ئۈچ دانە، ھىدروگېندىن ئالتى دانە، ئازوتتىن ئالتى دانە، ئوكسىگېندىن ئالتى دانە شەكىلدىكى مالېكۇلا فورمۇلاسىدا بولىدىكەن.

"بارىن دورىسى" نى يەنە مۇنداقمۇ ياساشقا بولىدىكەن: قويۇق نىترات كىسلاتاسىدىن بىر يۈز يىگىرمە مىللىلىتىر، ھېكسامېتىلىن تىترائامىن دىن يەتمىش گرام ۋە يەتتە يۈز ئەللىك مىللىلىتىر دېستىرلەنگەن ساپ سۇ نىسبىتىدە دورا تەييارلىنىدىكەن. ئاندىن، ئوتتىن قوقمايدىغان ئىستاكانغا قويۇق نىترات كىسلاتاسىنى تولۇق قويۇپ، گرادۇسى يىگىرمە- ئوتتۇزغىچە ئىسسىق تۇتۇلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىنىماي قوچۇپ تۇرغان ھالدا ھېكسامېتىلىن تىترائامىن پاراشوگىنى ئاز- ئازدىن تۆكۈپ ئېرىتىلىدىكەن. تىنىماي ئارىلاشتۇرۇلغان ھالدا تولۇق ئېرىپ بولغىنىدا، بۇ ئارىلاشما سۇيۇقلۇقنى ئەللىك گرادۇسقىچە، ئىستاكاندىن قويۇق تۈتۈن چىققىچە ئىسسىتىلىدىكەن. تۈتۈن چىقىش توختىغاندىن كېيىن بۇ ئىستاكانغا تەييارلانغان ساپ سۇنى قويغىنىمىزدا، ئىستاكان تېگىدە ئاق رەڭلىك كىرىستال كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇ كىرىستالنى ئىككى پىرسەنتلىك ناترى ھىدرو كاربونات قويۇپ نىتراللاشتۇرغاندىن كېيىن فىلتىر قەغىزى بىلەن كىرىستال قىسمى ئايرىپ ئېلىنىدىكەن. بۇ كىرىستالنى ئالتى يۈز ئەللىك مىللىلىتىر سەل ئىسسىتىلغان ئاستون بىلەن ئېرىتىپ، سوغۇق مۇز سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلىدىكەن. ئاندىن فىلتىرلاپ سۈزۈپ ئېلىنىدىكەن. بۇ كىرىستال سالقىن ۋە قۇرغاق يەردە تەبىئىي قۇرۇتۇلىدىكەن.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ناترى بىكاربونات ياكى ناترى ھىدروكاربونات، دۇكانلاردا شىپاۋسۇدا دەپ سېتىلىدىغان خېمىر كۆپتۈرگۈچى بولۇپ، بىر ناترى، بىر ھىدروگېن، بىر كاربون ۋە ئۈچ ئوكسىگېن شەكىلدىكى مالېكۇلا تۈزۈلۈشىگە ئىگە ئىكەن. ساپ سۇ ياكى دېستىرلانغان سۇ دېگىنىمىز، سۇنى پارلاندۇرۇپ، پارنى قايتا مۇزلىتىپ سۇ قىلغان دېستىرلانغان سۇنى دەيدىكەن. ھېكسامېتىلىن تىترامىن دېگەننى ئۇروتوپىن ياكى بروتىرومىن دەپمۇ ئاتىسا كېرەك، كاربوندىن ئالتىسى، ھىدروگېندىن ئون ئىككىسى ۋە ئازوتتىن تۆتى بولغان مالېكۇلا تۈزۈلۈشىدە بولىدىكەن. ئادەتتە بېلىق پۇراپ تۇرىدىكەن. شۇنىڭدەك يەنە، ئاستون دېگىنىمىز كاربوندىن ئۈچ دانە، ھىدروگېندىن ئالتى دانە ۋە بىر دانە ئوكسىگېن بولغان، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى نول پۈتۈن يەتتە يۈز توقسەن ئىككىلىك، ئېرىش نوقتىسى نۆلدىن تۆۋەن توقسەن تۆت گرادۇس، قايناش نوقتىسى ئەللىك ئالتى گرادۇس بولغان، سۇدا، ئېتىل ئىسپىرتتا ياكى ساپ ھاراقتا ۋە ئېستىرلاردا

دىگەندەك بىرمۇنچە سوراقلارنى سوراشتى. گەپ قىلماي جىم تۇرىۋالغانىدىم، بۇ كاپىرلار شۇنداق ئۇرۇپ قىينىشىۋەتتىكى، ساق يېرىمنى قويۇشمىدى بۇ كاپىرلار. 'غىڭ' قىلمىدىم.
... بۇنچىلىك قىيناپ قويغانغا دەشىتىدىغان تۇردى يوق بۇ يەردە! _ دەپ قوشۇپ قويدى.
_ ... ...
قاسىمنىڭ ئاغزىنى ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى پەملىگەن تۇردى، يېنىدا ئولتۇرغان بىر ياش بالىدىن سورىدى:
_ سېنىڭ ئېتىڭ نېمە؟
_ ... ...
_ ئىسمىڭنى دېيىشتىنمۇ قورقامتىڭ؟ قورقما ئۇكا!
_ ... ...
_ مەيلى دېمىسەڭ. _ دېدى تۇردى، ئۇدۇلىدىكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان يەنە بىر ياشقا قاراپ، _ سەن ئۇيغۇرمۇسەن؟ _ دەپ ئۇدۇللا سورىدى.
_ نېمىدەك قىلىمەن؟! _ دەپ تونۇلا تەگدى بىر كۆزى كۆكىرىپ ئىششىپ كەتكەن ياش بالا ساقىراق كۆزىنى يوغان قىلىپ پارقىرىتىپ.
يەردە ئىككى كۈندىن بېرى مىدىر قىلماي ياتقان تاقىرباش بالا قوزغۇلۇشقا تىرىشتى. بىر قاپىقى ئىششىپ كەتكەن بالا دەرھال ئېڭىشىپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. قارىغاندا ئۇنىڭ بىر پۇتى سۇندۇرىۋېتىلگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئولتۇرغۇزۇلىشى بىلەن تەڭ، سۇنغان پۇتىنى تۈتقىنىچە ۋايساپ كەتتى. جىم ئولتۇرىۋالغان يەنە بىر ياشمۇ كېلىپ ئۇنى ئاستا يۆلەپ تامغا يېقىن كەلتۇردى. تاقىرباشنىڭ پىشانىسىدىن مونچاقتەك تەر تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بۇ ئاردا كامېر ئىچى ئاچچىق ئەۋرەت پۇرىقىغا تولدى. قارىغاندا بۇ تاقىر باش ھوشسىز ياتقىنىدا ئىچىگە چىقىرىپ قويغان بولسا كېرەك، ھەربىكەتلىنىۋىدى پۇرىغى پۈتۈن كامېرغا بىر كەلدى.
تۇردى دېگىنى سۇنئىي چەتئەللىكلەرگە خاس بىر قىياپەت بىلەن سېسىقتىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا تاقىرباشنىڭ يېنىغا كېلىپ يۆشۈرۈپ قويغان بىر كورۇشكا سۇيىنى بەردى. "نېمىلا دېگەن بىلەن بىر كامېرداشلار- دە!" دەپ خىيالىدىن ئۆتكەزدى بولغاي تۇردى دېگىنى.
_ ئازىراق سۇ بولسىمۇ ئىچىۋالغىن. ئىككى كۈندىن بېرى ياتتىڭ. جېنىڭ ھېلىمۇ چىڭ نېمىكەن سېنىڭ.
تاقىرباش ھەقىقەتەن ئۇسسىغانىدى. كورۇشكىدىكى سۇنى بىر تېنىقتىلا بوشىتىۋەتتى.

# 7. كامېردىكى سۆھبەتلەر

_ بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەقەتلا سەۋىيىسى يۇقىرى دېگىنە. ئەگەر بىرەر مىليون پۇل تېپىۋالسام ئاۋۋال باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ بۇ خەلقنى تەربىيىلەشكە باشلايتتىم.

_ ئاندىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئاچاتتىم، ...

_ ئاندىن ئۇنىۋېرسىتېت ئاچاتتىم، شۇنىڭبىلەن ئۇززىنى ئازات قىلىشنى بىلەلەيتتى دېگىنە. ...

_ ... ...

— سىيىتنىڭ ئاتقان پۇلىرىدىن

مىدىر قىلماي سوزۇلۇپ ياتقانلاردىن بىرسى ئاستا- ئاستا تورۇلۇپ تامغا يۆلەنگىدەك ھالغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى- بۇنى سوراشقا باشلىدى:

_ ئېتىڭ نېمە؟ _ قاسىمدىن سورىدى، _ مەندىن گۇمان قىلمىساڭمۇ بولىدۇ. مېنىڭ ئىسمىم تۇردى.

_ مېنىڭكى ... قاسىم. _ دېدى ئېرىنچەكلىك بىلەن.

_ قاچاندىن بېرى بۇ يەردىسەن؟

_ ... بەش- ئالتە ئايدىن بېرى. _ دېدى قاسىم سەل زورلانغاندەك قىياپەتتە.

_ سېنى نېمە دەپ سولاپ قويدى؟ _ بۇ تۇردى دېگىنى ئەندى قاسىمنىڭ جېنىغا تېگىشكە باشلىغانىدى:

_ قوغۇن ئوغۇرلىدىڭ دەپ.

_ ئاكا، خاپا بولما، گەپ بولسۇن دەپ سوراپ قويدۇم. _ دېدى تۇردى دېگىنى، _ مېنى دېسەڭ، مەن چەتئەلدىن كىرىشىم بىلەن چېگرادا تۇتتۇلۇپ سولاپ قويۇشتى. _ ئۇ، مەغرۇرلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى. _ چەتئەلگە قانداق چىقتىڭ، كىملەر بىلەن كۆرۈشتۈڭ، كىمنىڭ تاپشۇرۇغىنى ئېلىپ كىردىڭ، نېمە ۋەزىپەڭ بار ئىدى؟ ...

سالاتتى. بىرنەچچە ئايغىچە بىر جەپالىق ماشىنا مېلىنى سېتىپ تۈگەتتۇق. ئاڭغىچە مالنىڭ ئايغى ئۆزۈلمەي كېلىپ تۇردى. راست دېگەندەك، قورسىقىمغا تويغىچە تاماق يەيمەن. شۇ يېشىمغا كەلگىچە چۈشكەن مونچىلىرىمنى ئۇ يەردە بىر نەچچە ئايدىلا چۈشۈۋېلىپ، ئۇبدانلا ئاقىرىشقا باشلىدىم. ئالتايغا قالماي ئېتىزلىق چىرايىمدىن ھېچنېمە قالمىدى دەڭلا! _ دەپ پۇل سانايدىغاندەك بىر بارمىقىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ ھۆل قىلىۋالدى. _ چىرايلىق ياسانغان خوتۇن- قىزلار ئايغى ئۆزۈلمەي كېلىپ يالۋۇرۇپ تۇرغان، تۆت تەڭگە بەردىڭمۇ- بولدى، دەرھال بىر كېچىگە ماقۇل دەيدىغان گەپ بۇ سەتەڭلەر. ئەممازە، _ ئۇ ھەسرەتلىنىپ چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، بارمىقىنى تىلى بىلەن يالاپ قويدى. _ يانچۇقۇڭ بوش بولسا ھېچ نېمىگە يارىمايدىكەنسەن. نېمىلا دېگەن بىلەن ئېتىزلىقتا كۆيۈپ- پىشىپ يۈرگىنىمدىن مىڭ ياخشى دەڭلا بۇ ئوقەت. 'غىڭ' قىلماي ئىشلەۋەردىم. كېيىمىم پۈتۈن، قورسىقىم توق، ئىسسىق ئۆي، ھەر كۈنى مونچا، ئەسلىدە بىز يوقلۇقتىن مونچىغا تولا چۈشسەڭ سوغۇق ئېشىپ كېتىدۇ دەپ بىكارغىلا دەيدىكەنمىز دەڭلا، ھە- مەيلى، ھەركۈنى مونچا، چېكىشىم ئامېرىكا پاپىروسى، ... ئەممازە، شۇ سەتەڭ قىزلارغا تىكىلىپ قارىيالمايدىغان گەپ دەڭلا، يانچۇق قۇرۇق. _ تاقىرباش ئېڭىرىغىنىچە ئورنىدىن قوزغىلىپ سۇنغان پۇتىنى ئوڭشىۋالدى. تۇردى دېگىنى قايتىدىن گېپىنى داۋام قىلدى:

_ ھە، شۇنداق قىلدىم. ھە، كۈنۈم بەكلا راھەت دەڭلا، نىمە قىل دېسە خوجايىنىمغا خوش دەپ قويۇپ ئىشلەپ يۈرۈۋەردىم. بىر كۈنىسى قارىسام دۇكاندىكى ماللارنىڭ ئارىسىغا بىرنەچچە پارچە گېزىت- كىتاپ كىرىپ قاپتۇ دەڭلا. دېھقان بولساقمۇ ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇپ قويغانىدۇق. ئېچىپ پۇشۇپ ھېلىقى نەرسىلەرنى بىرلەپ- ئىككىلەپ ئوقۇپ قويىمەن. چەتئەلدىكى ئاغىنىلەر قالتىس ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن گەپ- دەڭلا شۇ، ئامېرىكا باشلىغىنى ماقۇل قىلىپ ئاق سارايدا كۆرۈشۈۋاتقان، ب د ت دا سەھنىگە چىقىپ سۆزلەۋاتقان، نيۇ يورك، ۋاشىنگتون دەمدۇ، بېرلىن- ئىستامبۇل دەمدۇ، ئىشنى قىلىپ ھەممىلا يەردە يىغىنلار، قۇرۇلتايلار، نامايىشلار، ... خىتايلارنى دىر- دىر تىترىتىۋەتكەن گەپ! ئامېرىكا، گېرمانىيە، گوللاندىيە دېگەنلەر ۋەدە قىپتۇدەك: سىلەرنى ئازات قىلىپ قويمىساق بولمىدى، بەكلا جاپا تارتىپ كېتىۋاتىسىلەر دەپ، بىزگە ئىچ ئاغرىتىشىپ كەتكەن گەپ دەڭلا! بۇ گېزىت- ژورناللارنى، كىتاپلارنى ئوقۇساڭ- ئوقۇساڭ تويمايسەن. ئەتىلا ئىشىمىز ھەل بولۇپ كېتىدىغاندەك ئۈمىدلىنىپ خۇشاللىنىپ كېتىسەن. ئەممازە، بۇنداق كىتاپلارنىڭ ئىچىدە شۇ 'ئىزچى' دەيدىغان بىرسىنىڭ يازغىنىنى تازا ئۇقالماي قالدىم. بۇ كىتاپ ھېلىقىدەك داغ- دۇغىلارنى

— بۇ خىتايلار تازىمۇ قىيناپتۇ سېنى. — تۇردى كامېردىشىنىڭ ئىڭەكلىرىگە ئېقىپ چۈشكەن سۇنى يېڭى بىلەن سۈرتتى. — ۋەھشى ھايۋانلار! ئىزچىمەن دېگىنى توغرا دېگەنىكەن ئەسلىدە. بىز ئۇنىڭ كىتاپلىرىنى ئوڭ- تەتۈر سۆكۈپ كۆيدۈرۈپ يۈرۈپتىكەنمىز. بۇ خىتايلارغا ئەسلىدە شۇنداق قىلىش دورا ئىكەندۇق! — ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى كامېردىكىلەر پەرۋاسىزلارچە ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقان بولسىمۇ، بۇ سۆزلەر قاسىمنى قىزىقتۇرغانىدى: "تازىمۇ ئاغزى بوش نېمە ئوخشىمامدۇ مۇنۇنىڭ." دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى قاسىم، تۇردى گېپىنى داۋام قىلدى. — سەل ساقلاپ تۇرساڭ گۇندىپايلارنىڭ ئۇماچ بېرىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. ئىككى كۈندىن بېرى چاتىغى بولماي تاشلىۋېتىشتى بۇ نېمىلەر. يا بىزنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ قانداق؟! — دەپ غودۇڭشۇپ قويدى.

— بەك ئالدىراپ كەتمە مۇھاجىر! — دېدى ھېلىقى ئاغزىنى تىغ ئاچماس ياش بالا. — سېنى بۇنداق بوش تاشلىۋېتىدىغان خىتاي يوق بۇ يەردە!

— ھە، مەن تېخى سېنى تىلسىزمىكىن دەپتىكەنمەن، — دەپ يېنىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى تۇردى، — يا مەن سېنى ئۇيغۇرچە بىلمەسمىكىن دەپ قالغانىكەنمەن. ئۇيغۇرمەن دەڭلا.

— ... ... — ئالىيىپ قاراپ قويدى يېنىدىكى بالا 'غىڭ' قىلماي.

بۇ تۇردى دېگىنىنىڭ نەچچە كۈندىن بۇيانقى بىزىرىپ سۆزلەۋېرىشى نەتىجىسىدە، كامېردىكىلەر ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىشقا باشلىغانىدى. دېمىسىمۇ بۇ قاراڭغۇ زىنداندا ئۆزىنى ئاۋۇتۇپ ۋاقىت ئۆتكەزگىدەك باشقا ئىشمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭدەك بۇنداق جىم ئولتىرىۋېرىش بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى خاراكتېرىمىزگىمۇ توغرا كەلمەيدۇ- دە!

— چەتئەلگە نېمە قىلغىلى چىققانىدىڭ؟! — دەپ قاسىمنىڭ سورىغان بىر سوئالى تۇردىنىڭ نەچچە سائەت كاپىشۇۋېلىشىغا تۈرتكە بولۇپ بەرگەنىدى. تۇردى ئۆزىنىڭ چەتئەل ھاياتىنى ھەۋەسلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئەسلىدە نەچچە تەڭگە پۇل تېپىۋالاي دەپ بىر تونۇش غوجايىنىنىڭ مېلىغا قارىغىلى چىققانىدىم. — سۆزگە كىرىشتى، بۇ تۇردى دېگىنى. — بىر جەپاڭ ماشىنا مال دەڭلا بۇ غوجايىنىمنىڭ مېلى. مېلىنى بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، دۇكىنىغا تاغارلاپ ئاپىرىپ ساتىمىز. بۇ بازار ھېلىدىن- ھېلىغا بىلىنمىگەن كىشىلەر تەرىپىدىن ئوت قويىۋېتىلىپ زىيانغا ئۇچراپ تۇرغاچقا، بىزنىڭ غوجايىن بۇ چارىنى تاپقانىكەن. بىرەر يېرىم تېيىن قىممىتىگە سېتىپ پايدا قىلىپ بەرسەممۇ ھېلىقى غوجايىنىمنىڭ كۆزى پۇلدا: 'ئۇكا، سەن تېخى بۇ شەھەرگە يېڭى، كۆنۈۋالغىچە بۇنداق پۇلدىن جىق كۆرسەن.' دەپ قويۇپ، پايدىسىنى قوشۇپ موكلا قىلىپ يانچۇقىغا

ئاربلاپ دۇكانغا ئەكىلىپ سېتىپ ئۆلارنىمۇ دېگەن باھاسىدىن پايدا چاپلاپ پۇل قىلىپ قويدۇم. بىر كۈنلىرى بۇ ماللارمۇ تۈگىدى. تونۇشۇپ قالغان بىرنەچچە دۇكاندارلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مەدىكالىرى 'مۇنۇ مالنى شۇ باھادا سېتىپ قوي' دېيىشىپ نېسىگە مال بېرىپ تۇردى. ئۇلاردىن ئالغان بىر تاغار- بىر مىشكاپ ماللارنى مال قىسلىشىپ كەتكەن بۇ كۈنلەردە خېلى ئوبدانلا پايدىسىغا سېتىپ تۇردۇم. نۇرغۇن دۇكانلار تاقىلىپ كەتكەچكىمىكىن، مېنىڭ دۇكىنىم خېلىلا ئاۋاتلىشىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ خەقنىڭ نىسى ماللىرىنى سېتىپمۇ يېرىم يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. دۇكان ئىجارىسى دىمدۇ، باج- سىلىقلار دەمدۇ، ياتاق پۇلى دېگەنلەرنىمۇ ۋاقتىدا تۆلەپ دەپتىرىمگە يېزىپ ماڭدىم. ساقچىلار، باجگىرلار، رەكىت دېگەن بولاڭچىلارمۇ پۇل سوراپ تۇرۇۋالدىۇ. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يالغان باھانىلارنى كۆرسىتىپ يۈرۈپ ئۇننى سورسا بىرنى بېرىپ دېگەندەك قۇتۇلۇپ ماڭدىم. قارىسام غوجايىنىنىڭ پۇللىرىمۇ نىسى سېتىپ تاپقان پايدىلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ خېلىلا چوڭ پۇل بولۇپ قالدى دەڭلا، غوجايىنىم تېخىچە كەلمەيدۇ. بازارمۇ تۈگەپ قالغىلى تۇردى.

_ ھەقىچان خەقنىڭ پۇلىنى ئېلىپلا بۇ تەرەپكە قېچىپ كېلىۋالغانسىن تايىنلىق؟ _ بىر كۈزلۈك تۇرسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ئۇنىڭ چىشىغا تەگدى.

_ بىزمۇ ئاللاھ ياراتقان مۇسۇلمان بەندىسى دەڭلا، ھارامدا كۆزۈم يوق مېنىڭ! _ ئۇ بىر بارمىغىنى تىلى بىلەن يالىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى. _ بىر كۈنىسى بىرمۇنچە مىلىسلەر كېلىپ پۈتۈن دۇكانلارنى پېچەتلىشىپ بازارنى تاقىۋېتىشتى. بىكارچىلىقتا يەپ- ئىچىپ نەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. بولمىدى. خەقنىڭ پۇلىنى ھارامغا يىگەن بولۇپ قالماي يەنە دەپ، ئولتۇرۇپ ھىساپ- كىتاپ قىلىشقا كىرىشتىم. غوجايىنىمنىڭ دېگىنى بويىچە ھىساپلىغىنىمدا، يېنىمغا ئىككى- ئۈچ مىڭ دوللار قالىدىغاندەك، بۇرۇنقى باھاسى بويىچە ھىساپلىسامىمۇ يەنىلا بىر- ئىككى مىڭ دوللارغا يېتىپ- قوپار پۇللۇق بولۇپ قالغىدەكمەن. پوللارنى كونا كېيىملىرىم بىلەن ئوراپ غوجايىنىمنىڭ ھېلىقى مال ساقلىتىدىغان ئىسكىلاتىغا يۇشۇرۇپ قويۇپ، يېنىمغا ئىككى مىڭ دوللارنى جايلىۋېلىپ يۈردۇم. بىزمۇ ياش ئەمەسمۇ، بۇ كۆڭۈل چىدىغان بىلەن، بۇ بەدەن زادىلا چىديالماي كەتتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ خۇدا بەرگەن بۇ تەننى بىكارغا قىينىۋەتمەيلى دېدىم- دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ سەنەڭلەر بىلەن ئۆلپەتلىشىدىغان بىر تونۇشۇمنىڭ يېنىغا باردىم. ئاۋال ھەپتىدە بىرەرسى بىلەن ئويناپ قويدۇق، بولمىدى، كېيىن ھەپتىدە ئىككىمۇ بولۇپ كېتىدىغان بولدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇنداق قارىسام، ھېلىقى ئىككى مىڭ دوللىرىمدىن ئارانلا يۈز دوللار قاپتۇ دەڭلا!

بىرتېيىن قىلىپ، بۈگۈن بۇ يەرلەردە بولىۋاتقان كىشىنى چۆچۈتىدىغان قورقۇنۇشلۇق مەخپىي ھەرىكەتلەرنى ئەڭ توغرا چارە دەپلا يازغانىكەن. شۇنىڭغىمىكىن، ئۇ كىتاپنى چەتئەلدىكى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسى ياخشى كۆرمەيدىكەن. ئاڭلىسام، قايسى بىر باشلىغىمىز شۇ 'ئىزچى' نىڭ كىتاپلىرىنى يىغىپ نەچچە مىڭ پارچىسىنى كۆيدۈرىۋەتكەنمىش. بۇلارغا مېنىڭ زادىلا ئەقلىم ئىشلىمىدى. ئۇيغۇرمۇ ئۇيغۇرنىڭ كىتاۋىنى كۆيدۈرىدىغان ئىش بولىدىكەن- ھە'؟ ئەممازە، بۇ 'ئىزچى' دېگىنى شۇنداق گەپلەرنى يېزىپتۇكى، ئوقۇساڭ كېچىدە قارا بېسىپ ئۇخلىيالمايلا قالغىدەك قورقۇنۇشلۇق گەپلەر بار. خېلى يۈرىگىڭ بولمىسا ئۇنىڭ كىتاپلىرىنى ئوقۇيالمايسەن، يۈرىگىڭ يېرىلىپ كېتىدىغاندەكلا بولۇپ كېتىسەن. قالتىس جېنى بار كىتاپ بۇ 'ئىزچى' دېگىنى! خىتاي دېگەننى كۆرگەنلا يەردە بوغۇزلاپ ئىچى- باغرىنى تۆكىۋېتىڭلار دەپلا يازغان دەڭلا، دەھشەت! دەسلىۋىدە خاتا ئوقۇۋالدىممۇ- قانداق دەپ، يېنىش- يېنىشلاپ ئوقۇپ باقتىم. راست شۇنداق دېگەنىكەن! ھەي ئىست، ... بىزنىڭ شۇ توخو يۈرەك غوجايىنىنى دېمەمدىغان، بىر كۈنىسى ئۇنىڭغا بۇ كىتاپلارنى كۆرسىتىپ بېقىپتىمەن دەڭلا، كۆزۈمگە قارىتىپ تۇرۇپلا 'ئىزچى' نىڭ كىتاپلىرىنى يىرتىپ كۆيدۈرىۋەتمەسمۇ! ئىچىم ئېچىشىپلا كەتتى! ئىست، بەكلا ياخشى كىتاپلار ئىدى دەڭلا! بۇنداق جېنى بار كىتاپلارنى بەكلا ئاز كۆردۈم. ئەگەر بىرسىدە كۆرسەم، 'ئالە' دەپلا بىرمۇ يۈز دوللارنى تاشلاپ بېرىپ ئېلىۋالغان بولاتتىم ئۇ كىتاپلارنى. ئامال قانچە، قورۇلتىيىمىزنىڭ بويرىغى شۇنداق دەيدىغۇ- تاڭ بىزنىڭ شۇ لوبەن. _ تۇردى بارمىقىغا رەسىملا پۈركۈپ بىرنى تۈكۈرىۋالدى. _ دېگەندەك، كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۇكاندا بار بولغان پۈتۈن گېزىت- ژۇرناللارنى يىغىشتۇرۇپ تاشلاتقۇزىۋەتكەن غوجايىنىم، جىممىتىلا يوقاپ كەتتى. كەينىدىنلا ساقچىلار يىغىپ كەتتى بازارغا. ئۇلاردا پۈتۈن غوجايىنلارنىڭ تىزىمى بارىكەن دەڭلا. بىر باشتىن سوراپ تۇتقىلى تۇرمامدۇ! بىزنىڭ ھېلىقى غوجايىن 'ماللىرىمنى ئاز- تولا باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىپ پۇلىنى ساقلاپ تۇرغىن' دەپلا يوقاپ كەتكەنىدى. بولمىسا ئۇنىمۇ تۇتۇپ خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرەركەندۇق. دۇكانغا كېلىپ غوجايىنىڭ نەدە دەپ نەچچە قېتىم سوراپ كەتتى دەڭلا بۇ مىلىس دېگەن ساقچىلار! _ ئۇ گېپىنى توختۇتۇپ گىدىيىپ ئەتراپىغا بىر كۆز يۈگۈرتىۋالدى. _ نېمىلا دېگەن بىلەن خەقنىڭ ئامانەت مېلى ئەمەسمۇ، بۇرۇنقى باھاسىدىن تولا بەك ئەرزان قىلىۋەتسەك بولمايدۇ دەڭلا. بەزىلىرىنى ئۆز باھاسىغا ساتساممۇ، خېلى كۆپىنى پايدىسىغا سېتىپ تۇردۇم. بارغانسېرى دۇكان بوشاشقا باشلىدى. نېمە بولاركىن دەپ غوجايىنىمنىڭ مال قويىدىغان تونۇشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقتىم. ئاز- تولا ئۆتمەس ماللىرى قالغانىكەن.

بىرەر ئاي ئۆر- توخماق قىلىشقاندىن كېيىن بۇ يەرگە يۆتكەشتى، شۇ.

— سەن راستىنلا خروئىن چېكەمتىڭ؟! — دەپ سورىدى تۇردى.

— شۇنداقتەك كۆرۈنەمدىكەنمەن؟! — دوق قىلدى بىر كۆزلۈك، — مەن دېگەن مال دوختۇر ئېنجىنىرىمەن. ئۈنچىلىك نەرسە ئۆيۈمدە بولمامتىكى!

— خوش، سەن نېمە دەپ بۇ يەردىسەن؟! — دەپ يېنىدىكى مۆرىمەسكە بۇرۇلدى تۇردى، — سېنىمۇ شۇنداق دەپ تۇتقانمىدىيا؟!

— مەن دېگەن سائەت ساتىمەن. — دېدى جىمغۇر، — ئۆتكەن ھەپتىدە ئۆي ئاختۇرۇشتا ساندۇغۇمدىكى ياپون ئېلېكترونلۇق قول سائەتلىرىمنى كۆرۈپ، 'بۇلارنى نېمە قىلىسەن؟!' دەپ سورىدى كىرگەن خىتايدىن بىرسى. 'ساتىمەن' دېدىم. 'كىمگە ساتىسەن؟!' دەپ سورىۋىدى، 'خالىساڭ ساڭىمۇ ساتىمەن' دېيىشىمگىلا تارسلا قىلىپ يۈزۈمگە بىر تەستەك قويدى. ئاچچىغىمغا پايلىماي ئېتىلىپ بېرىپ مېنى ئۇرغان ئۇ خىتاينىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ بىر كاللا قويدۇم. ئۆيۈمدىلا مېنى ئۇرە- ئۇر قىلىشىپ ئۇستۇمگە يامىشىۋالدى. بىر ۋاقىتتا ئېپىنى تېپىپ بىر خىتاينىڭ بېلىكىگە ئېسىلىۋېلىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن چىشلەپ بىر پارچە گۆشىنى ئۈزىۋالدىم. ھېلىقى خىتاينىڭ جاھاننى بىر كەلتۈرۈپ چىقىراپ ۋارقىرىشى بىلەن قالغان خىتايلار ئامال قىلالماي مېنى قويىۋەتتى. ئۇ خىتاينىڭ بىلىكىدىن شۇقىراپ قان ئېقىۋاتاتتى. بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى تېڭىشقا كىرىشتى. 'بۇ ھايۋان بۇنىڭ قولىنى چىشلەپ ئۈزىۋاپتۇ، ئۇ گۆش پارچىسىنى تېپىپ دەرھال دوختۇرغا ئاپىرايلى!' دېيىشىپ ئۆينى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ گۆش پارچىسىنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ تاپالمىدى. قىپ- قىزىل قان بولۇپ كەتكەن ئاغزىمنى ئاچقۇزۇپ قاراشقا كىرىشتى. قارىغاندا ئۇنى يۇتىۋەتسەم كېرەك، ئاغزىمدا خىتاينىڭ قېنىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خىتايلار ماڭا چېقىلىشتىن قورقتى ئەتىمالىم، پۇت قولۇمنى باغلاپ تۇرمىگە ئاپىرىپ تاشلىدى. ئۇ يەردە نەچچە كۈنگىچە ھوشۇمدىن كەتكىچە ئۇرۇپ قىيناشتى. يېرىمجان بولغىنىمدا بىر ماشىنىغا بېسىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ تاشلاشتى.

تۇردى دېگىنى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چاندۇرماي سىلجىگىنىچە بۇ جىمغۇر سائەتچىنىڭ يېنىدىن يىراقلاشتى.

— ھە، مۇنداق دېگىنە، دېمەك سەن بىر خىتاينى تىرىك تۇرغۇزۇپ گۆشىنى خام يەۋەتكىنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىكەنسەندە! پاھ، پاھ، پاھ!

— ئادەم گۆشى يىگەن نوچى!

— ... ...!

ئامال يوق، بېرىپ ھېلىقى بويىغا تىقىپ قويغان غوجايىنىمنىڭ پۇلىدىن ئۇنىڭ بەرگەن ھېساۋىغا توغرىلاپ يەنە مىڭ نەچچە يۈز دوللارنى ئالدىم. بۇ قېتىم خېلى دىققەت قىلدىم دېسەممۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە بەش- ئالتە يۈز دوللىرىم قاپتۇ! بۇ غوجايىنىمنىڭ كەلمەي كەتكىنى، ھېچ بولمىغاندا بىر تېلېفون بېرىپ قويسىمۇ مەيلىدى. دېگەندەك، بىر كۈنىسى يېرىم كېچىدە غوجايىنىم تۇيۇقسىزلا پەيدا بولدى. ئەتىسى بېرىپ ھېلىقى بويىنى ئېلىپ كېلىپ غوجايىنىغا تاپشۇردۇم. غوجايىنىم ئۇيان ھېساپلاپ، بۇيان ھېساپلاپ 'مۇنۇ ئالتە يۈز دوللارنى يېنىڭغا سېلىپ قوي- دە، بۇندىن كېيىن ئۆز يولۇڭنى ئۆزۈڭ تېپىۋال' دەپ كېتىپ قالدى. ھوشۇمنى يىغىۋېلىپ بىر ھەپتە ئايلىنىپ باقتىم. زادىلا ئىشتىن خەۋەر يوق. ئەندى پۇلۇمنىڭ بارىدا كېتىپ قالاي دېدىم- دە، ماڭىدىغان ئىشەنچىلىك بىرسىدىن مىڭ دوللىرىمنى ئۆيدىكىلەرگە يولغا سېلىۋېتىپ بىرمۇ يۈز دوللار بىلەن چېگرىدىن ئۆتتۈۋالدىم. 'ئۇف' دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئۇر- توخماق قىلىنىپ قامالدىم. ئۇيان سۈرۈشۈپ، بۇيان سۈرۈشۈپ ئاخىرى مانا سىلەر بىلەن بىرگە ياتىمەن. _ تۇردى گېپىنى تۈگىتىپ بىر بارمىقىنى يالاپ قويدى.

_ دېمەك سەن چەتئەلگە چىققىنىڭ ئۈچۈنلا بۇ يەرگە كىرىپ قاپسەندە! _ دېدى بىر كۈرۈلۈك تۇرمىدىشى تەنە قىلغان ئاھاڭدا.

_ نەدىكىنى، سورىغان سوراقلىرىدىن قارىغاندا، مېنىڭ ئىشىممۇ قالتىس چوڭ ئىشلار بىلەن چېتىلىپ قالغاندەك! _ دەپ يەنە گەپكە كىرىشتى بۇ مۇھاجىر، _ 'بىرمۇنچە ئەكسىيەتچى كىتاپلارنى ساڭا كىم بەردى، لوبنىڭ نەگە يوشۇرۇندى، بۇ يەرگە نېمە ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ كەلدىڭ؟' دەپ سوراشلىرىدىن قارىغاندا، مەنمۇ خېلى چوڭ بىرسى بولۇپ قالغاندەك قىلىمەن جۇمۇ! قىزىق يېرى، بۇلار مېنىڭ ئوقۇغان كىتاپلىرىمنى نەدىن بىلىدىغاندۇ؟! يەنە كېلىپ ھېلىقى غوجايىنىمنى نەدىن تونۇيدىغاندۇ؟! خۇدايا توۋۋا! _ تۇردى يەنە بارمىقىنى يالاپ ھول قىلىۋالدى. _ ئەندى سەن دېگىنە، سەن قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كىرىپ قالدىڭ؟ _ دەپ سورىدى يېنىدىكى قاپىغى ئىششىپ كەتكەندىن.

_ قانداق كىرىپ قالاتتىم، _ ئاچالىغان يالغۇز كۆزىنى ئەتراپىغا ئويناتتىپ دېدى يېنىدىكىسى، _ ئولتۇرۇش- مولتۇرۇش، جوۋا- كافىخانىلارغا بارالماي زېرىكىپ ئىت بولۇپ يۈرگەن بۇ كۈنلەردە، ئۆيدىن چىقماي تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرسام، كۆپ- كۈندۈزدىلا نوپۇس تەكشۈرىدىغانلار كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۆيۈمنى ئۇيان ئاختۇرۇپ، بۇيان ئاختۇرۇپ بىرنەچچە تال ئىشلەتمىگەن يېڭى ئوكۇل شىرىسىنى تېپىۋېلىشتى. ئاندىن خىروئىنچى، خىروئىن ساتقان دېگەن بوھتانلار بىلەن ئاۋال چوڭ تۇرمىگە قاماشتى. ئۇ يەردە

ئىككى بېلىكىگە تايىنىپ تامغا سەل روسلىنىپ يۆلىنىۋالدى. يېنىدىكىسىگە جان كىرىۋاتقانلىقىنى پەملىگەن تۇردى، ئۇنىمۇ گەپكە تۇتماقچى بولدى:

— ئېتىڭ نېمە ئاغىنە؟

— ... ... — ئەتراپىدىكىلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققان تاقىرباش، يۈزىدىكى قېتىشىپ كەتكەن يارا قەقەشلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى، — ھەسەن.

— سېنى نېمە دەپ تۇتۇۋېلىشتى بۇ خىتايلار؟ — تۇردى بارمىقىنى كالپۇكىدا نەملەشتۈرۈپ قويۇپ سورىدى.

— مېنىڭ ئىشىم سەل چاتاغىراق. — دېدى ھەسەن دېگىنى سۆزگە كىرىشىپ. — بىر كۈنى يولدا كېتىۋاتسام يېنىمدىن بىرنەچچە ئۇيغۇر ياش بالىلىرى سۆركىلىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىۋىدى، پەقەتلا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. ھەرقانچە دېگەن بىلەن ئۇيغۇر بالىلىرىغۇ دەپ يولۇمغا كېتىۋېرىپتىمەن. بىر ماگىزىنغا كىردىم. ئىشىكتىكى خىتاي پوستلار يېنىمنى ئاختۇرۇشتى. 'قورسىقىڭدا ئاغرىق بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما' دېگەندەك، بىرخىيالىمدا يوق قولۇمنى كۆتۈرۈپ يېنىمنى تۇتۇپ بەرمەيمەنمۇ. يېنىمنى ئاختۇرۇۋاتقان خىتاي، يانچۇقۇمغا قولىنى سېلىپ نېپىز قارا تاشلىق بىر ئۇيغۇرچە كىتاپنى چىقاردى. 'بۇ نېمە كىتاپ؟' دەپ سورىغاندا يالغاندىن بىرنىمە دەپ باققان بولسامىغۇ كاشكى، مەنمۇ ھەيرانلىق بىلەن كىتاپقا قىزىقىپ 'ئەكەلگىنە قاراپ باقاي نېمە كىتاپكىن' دېمەمدىمەن. بۇ گېپىمدىن خاپا بولغان ھېلىقى خىتاي، كىتاپنى ۋاراغداپ كەتتى. — ھەسەن ئىنچىقلاپ تۇرۇپ بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ سەل ئوڭشىلىۋالغاندەك قىلدى. — ھەيران قالدىم: راستىنلا مەندە بۇنداق بىر كىتاپ يوق ئىدى. ئەمما بۇ خىتاي راستىنلا بۇ كىتاپنى يانچۇقۇمدىن چىقارغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. دەرھال خىيالىمغا ھېلىقى سۆركىلىپ ئۆتكەن ياش بالىلار كەلدى. 'بۇ نېمە كىتاپ دەپ سوراۋاتىمەن سەندىن!' دەپ ۋارقىرىدى خىتاي پوست. يەنە جىم تۇرماي 'ئەكەلگىنە كۆرۈپ باقاي' دېۋىدىم بېقىنىمغا بىرنى تەپتى. ئاندىن بىر ئىشخانىغا ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ بىرسىلىرىگە تېلېفون بەرگىلى تۇردى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئۇيغۇر كادىرى كىرىپ كەلدى. كىتاپنى قولىغا ئېلىپ ئۇيان-بۇيان ئۆرۈپ كۆرۈپ، بىر ماڭا، بىر خىتايلارغا قارىدى. 'بۇنداق كىتاپنى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن' دەپلا كىتاپنى خىتايلارغا قايتۇرۇپ بەردى. 'ئەسكى كىتاپمۇ ياكى ياخشى كىتاپ؟' دەپ سورىۋىدى، ھېلىقى ئۇيغۇر كادىرى ئوقۇماي تۇرۇپ بىلەلمەيدىغانلىقىنى دېگەچ، ماڭا قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى. ئاخىرى بۇ خىتايلار مېنى يان كوچىدىكى بىر ساقچىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىشتى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن

تۇرمىدىكىلەر ئۇنى بىرئاز شاڭخو قىلىشتى.
كىرگەنلەرنىڭ گېپى راست بولسا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ قاسىم بىلەن تۇردىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممە يارىتىش ھەرىكىتى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق كىشىلەر دېيىش مۇمكىن ئىدى.
_ راست دېگەندەك، بىز ھازىر قايسى تۈرمىدە ياتىمىز؟ _ بىر كۆزلۈك ئېتىراپىغا بىر كۆز بىلەن قاراپ سورىدى.
_ ... ...
ھېچكىمدىن جاۋاپ چىقمىدى. راست دېگەندەك، بۇ يەرگە ھۇشىسىز كەلتۈرۈلگەچكە، بۇ تۈرمىنى قاسىممۇ ھېلىغىچە بىلەلمىگەنىدى. ئەمما گۇندىپايلىرى ئارىسىدا بىرەرمۇ ئۇيغۇر بولمىغانلىقىغا قاراپ، بۇ يەرنى بىرەر بىگتۇن تۈرمىسىمىكىن دەپ پەرەز قىلىپ كەلگەنىدى.
_ بىز كەلگىنىمىزدە سەن يالغۇز ياتاتتىڭ. _ دەپ گەپ قىلدى يالغۇز كۆزلۈك قاسىمغا قاراپ، _ سېنى نېمە دەپ سولاپ قويۇشتى؟
قاسىم جاۋاپ بەرمىدى. نېمە دېيىشى كېرەك؟ راست گەپنى قىلىشنىڭ پايدىسى يوق ئىدى. يالغان گەپنىڭمۇ ھاجىتى يوق.
_ خاپا بولمىسىلا ئاكا، _ دېدى يالغۇز كۆزلۈك، سەل يۇمشىغان ھالدا، _ پوت-قولىڭىزدىكى تېڭىقلار، بېشىڭىزدىكى يارىلارغا، تىتىلىپ كەتكەن كىيىملىرىڭىزگە قارىغاندا سىزنىمۇ خېلى بەك قىينىغۇتەكەن ئوخشايدۇ بۇ كاپىرلار! قاچاندىن بېرى بۇ يەردىسىز؟
_ ... ... _ قاسىم نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىر ھازا جاۋاپسىز ئولتۇرۇپ كەتتى.
_ ئالتى ئايدىن ئاشتىمىكىن دىمەن.
_ ۋاھ، تازىمۇ ئۇزۇن بوپتۇ- دە! _ دېدى تۇردى دېگىنى بارمىقىنى تىلى بىلەن يالاپ قويۇپ. _ كۆرۈنۈشىڭىزدىن قارىغاندا ئىگىز- پەس بىرسىگىمۇ ئوخشىمايسىز. قانچە ياشقا كىردىڭىز؟
_ ... قىرىق سەككىز. _ دەپ قىسقىلا جاۋاپ بەردى قاسىم سەل تۇرۇشۇلۇپ.
_ ئەسلى نېمە ئىش قىلاتتىڭىز؟
_ ئېھنجىنېرلىق.
_ ھەقىچان سىزنىمۇ بىرەر تۆھمەت بىلەن سولىغاندۇ تايىنلىق؟
_ شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ.
بۇ ئارىدا تاقىرباش بالا كۆزلېرىنى ئېچىپ خېلىلا تۇزلىپ قالغاندەك قىلاتتى.

كۆرۈنمەيدىغان بۇ قانخور جاللاتلار قاھ- قاھلاپ كۈلۈشۈۋاتقان، ئەڭ رەزىل تىل- ئاھانەتلەر بىلەن پۈتۈن بىر ئۇيغۇر مىللىتىنى ھاقارەت قىلىپ تىللىشىۋاتقان، تۈرۈكلەرگە باغلاپ ئېسىۋېتىلگەن ئۇيغۇر ياشلىرىنى كۈچىنىڭ بارىچە قامچىلاپ ئۇرۇشىۋاتقان، ... خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىز ئۇيغۇرلارغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىغا زادىلا ئىشەنمىگەن ئىكەنمەن. يەنە ئۇرۇشلار، يەنە ھوشۇمدىن كېتىشىم، ... بىرەر ھەپتىدەك شۇنداق سوئال- سوراقسىز ئۇرۇپ قىيناشلاردىن كېيىن سۆرىشىپ بىر ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىپ سوراق قىلىشقا باشلىدى. سوراقلىرى مېنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز گەپلەر بولغاچقا، 'بىلمەيمەن' دەپ ئۇيغۇرچە جاۋاب بەردىم. 'ھايۋانچە بىلجىرلىماي بىزنىڭچە گەپ قىل! ھايۋاننىڭ بالىسى!' دېگىنىچە كېلىپ بېشىمغا بىر توخماق سالدى. يەنە سوئال- سوراقلار، 'غىڭ' قىلمىدىم. بەرىبىر ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، ئۆمرۈمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا بولسىمۇ بىر قېتىم بۇ خىتايلارغا يالۋۇرماي چىشىمنى چىڭ چىشلەپ غەيرەت قىلىپ تۇردۇم 'ھېچ بولمىغاندا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ جاسارىتىنى بولسىمۇ كۆرۈپ قويۇش كاپىرلار' دەپ ئويلىدىم. ئىسىت دەيمەن، ھېلىقى كوچىدا بولۇۋاتقان خىتاي ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرىنى ئىزچىل يامانلاپ كەلگەنلەرنىڭ بىرسى مەن ئىدىم! كاشكى شۇ ئىشلاردىن بىرەرسىنى بولسىمۇ قىلىپ قويغان بولسام. ... يەنە سۆرىشىپ ئېلىپ چىقىپ زىنجىرلەپ ئۇرۇشلار، يەنە ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. ... ھوشۇمغا كەلسەم، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا يېتىپتىمەن. ئۇزۇن چاچلىرىم بار ئىدى. قاچانلاردا چۈشۈرىۋەتكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدىم. ... _ دېگىنىچە تاقىر بېشىنى سىلاپ قويدى.

ھەسەن سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆلۈغ- كىچىك بىر تىنىۋالدى. يانچۇقىدىن بىرنېمىلەرنى ئاختۇرغاندەك قىلدىيۇ، يەنە قۇرۇق قولىنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ بېشىنى سىلاپ قويدى. ئارىلاپ يۈزىدىكى يارىلارنىمۇ تۇتۇپ قوياتتى.

"دېمەك بۇ بالىلارنىڭ ھەممىسىلادېگىدەك بىگۇنا قولغا ئېلىنغانلار ئىكەن- دە!"
_ دەپ ئويلىدى قاسىم. شۇنداقتىمۇ تۇردى بىلەن ھەسەننىڭ ھەر ئىككىسىلا ھېلىقى «ئىزچى مەن» نىڭ كىتاپلىرىدىن ئېغىز ئاچقانلىقىغا دىققەت قىلدى.

_ ھېلىقى كىتاپ نېمە توغرىلىق يېزىلغان ئىكەن؟ _ دەپ سوراپ قويدى قاسىم.

_ مەن نەدىن بىلەي. _ دېدى ھەسەن دېگىنى تاقىر بېشىنى سىلاپ قويۇپ، _ مەن ئۇ كىتاپنى راستىنلا رەڭگىدىنلا كۆرۈپ قالدىم- شۇ!

_ ئۇ قارا تاشلىق كىتاپنى مەن بىلىمەن! _ دەپ گەپكە ئارىلاشتى تۇردى ئالدىراپ بىر بارمىقىنى يالىغىنىچە، _ مەن چەتئەلدە ئوقىدىم دىگەن كىتاپلار دەل

كېيىن ئىككى ئۇيغۇر ساقچى كىرىپ سوراق قىلىشقا باشلىدى. 'بۇ كىتاپنى كىمدىن ئالدىڭ؟'، 'ھېچكىمدىن ئالمىدىم. مەنمۇ تېخى ئەندىلا كۆرۈۋاتىمەن بۇ كىتاپنى' دېدىم. 'قۇرۇق گەپنى قىلما! سېنىڭ بۇ گېپىڭگە بۇ خىتايلار ئىشىنەمدۇ؟ بېشىڭ كېتىدىغان ئېغىر بالادا قاپسەن ئۇكا. ئەندى قانداق قىلىسەن؟' دەپ مەندىن سورىدى. ئاڭغىچە يەنە بىر قانچە خىتاي ساقچىلىرى كىرىپ ئۇلاردىن بىرنېمىلەرنى سورىدى. 'مېنىڭ ئەمەس دېدۇ' دەپ جاۋاپ بېرىشتى ئۇيغۇر ساقچىلار ئۇدۇللا. 'قۇرۇق گەپ! بۇ ئىبلىس بىزنى ئاخماق قىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئاۋارە بولماي، ئۇنى تېرروررچىلارغا زەربە بېرىش ئىشخانىسىدىكى خولىگەرلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى. ئۇلار بۇ يالغانچىنى ئىخرارغا كەلتۈرۈشنى بىزدىن ياخشى قاملاشتۇرالايدۇ!' دېيىشىپ چىقىپ كېتىشتى. خىتايلارغا قوللۇق قىلىشتىن باشقا ھۈنىرى بولمىغان بۇ دەللال بىچارىلار ماڭا: 'چىرايلىقچە راست گەپنى قىلغان بولساڭ بېشىڭغا بۇ بالا كەلمىگەن بولاتتى. بولمىسا بىزمۇ بىر ئامالىنى قىلغان بولاتتۇق. ئەندى ئۆزەڭنىڭ شورى.' دېيىشىپ قولۇمنى كەينىمچىلەپ كويزىلاپ، بىر ساقچى ماشىنىسىغا سېلىپ كۆزۈمنى چىڭ تېڭىۋېتىپ ئېلىپ مېڭىشتى. خېلى ئۇزۇن مېڭىشقاندىن كېيىن ماشىنىدىن يېتىلەپ چۈشۈرۈپ بىر يەرگە ئېلىپ كىرىشتى. ئۇ يەردىن يەنە بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ بىرسىلىرىگە تاپشۇرۇشتى. ئىككى خىتاي جاللىتى ئۇستى بېشىمغا ئۇرۇپ تەپكىنىچە سۆرىشىپ پۈتۈن ئەتراپىنى ئېغىر ۋايساشلار قاپلاپ كەتكەن، خىتايچە پاسكىنا تىل- ئاھانەتلەر بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن بىر جازاخانىغا كىرگۈزۈپ شاراخشىتىپ زىنجىرلەپ باغلاپ ئېسىپ قويۇشتى. ئاندىن كېيىممىنى بېشىمغا تەتۈر قايرىپ يۆگىۋېتىپ، دۈمبەمگە كەلسە- كەلمەس ئۇرغىلى تۇردى. نېمە بولغىنىنى بىلەلمەيلا قالدىم. ۋارقىرايمەن، جاقىرايمەن، تىللايمەن، يالۋۇرىمەن، بولمىدى. تېخىمۇ قاتتىق ئۇرغىلى تۇردى. دۈمبەم تاياقتىن تىتىلىپ كەتكەنلىگى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئارىلاپ ئۇرۇشتىن توختاپ دۈمبەمدىكى يارا ئۈستىگە بىرنېمىلەرنى سەپكىلى تۇردى. دۈمبەم قورۇلۇپ ئوت بولۇپ يېنىپ، چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى. ئىككى خىتاينىڭ قاھ- قاھلاپ كۈلۈشى ئاڭلىناتتى. يەنە ئۇرۇش، يەنە ئاچچىق بىرنېمىلەرنى تۆكۈش، مىللىي پەس كۆرۈش ھاقارەتلىك تىللار بىلەن يۇكسەلگەن خىتايچىلاپ قاھ- قاھلاپ كۈلۈشلەر، ... بىر ۋاقىتلاردا ھوشۇمنى يوقۇتۇپ قويۇپتىمەن. بېشىمنى ئېچىپ، شىلانكىدا سوغۇق سۇ چاشقىنىدىلا ھوشۇمغا كەلدىم. ئەتراپ غۇۋا قىزىل چىراقلار بىلەن يورۇتىلغان، لىمغا ئېسىلغان بەش- ئونەك ئۇستى- بېشى قانغا بويالغان ئۇيغۇر باللىرى، ئوتتۇردا ئايلىنىپ يۈرۈشكەن ئونغا يېقىن تولا ئۇرۇپ تەرلەپ پىشىپ كەتكەن خىتاي قانخورلىرى، چىرايىدىن ئادەم رەڭگى

ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

ئەمما بۇنداق جىددىيچىلىكتە يەرلىكلەرنىڭلا ئەمەس، ھەتتا خىتاي پۇخرالىرىنىڭمۇ كۆڭلى تەسلىشىپ بارماقتا ئىدى. بىر تەرەپتە كىمدىن، نەدىن ۋە قاچان كېلىشى نامەلۇم بولىۋاتقان ۋەھىمە ئاپىتى ئۇلارنى قورقۇتۇپ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ھاكىمىيىتىدىن كېلىۋاتقان مەجبۇرلىنىشلارمۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ تۇراتتى. بۇ خىتايلار تا سەكسەنىنچى يىللىرىدىن تارتىپلا كۆنۈپ قېلىشقان تانسىخانىلار، كافىخانىلار، جيۇپالار، مېھمانخانىلار، قىشلىق- يازلىق ساياھەتلەر، كۆنسايىن كۆپىيىۋاتقان ھەشەمەتلىك كەيپى- ساپالىق تۇرمۇشلاردىن تۈيۈقسىزلا ئايرىلىپ قېلىپ، كوچىلارغا ئارامخۇدا چىقالمايدىغان، ئۆيدىمۇ مانا پارتىلايدۇ، ئەنە ئوت كېتىدۇ دېگەندەك قورقۇش ئىچىدە ئارامخۇدا ياتالماسلىق، ئىشىغىمۇ زېھنىنى يىغالماسلىق، شەخسى دۇكانلىرى، شەخسى كۆڭۈل ئېچىش- قىمار ئويۇناشلاردىن ئايرىلىپ قېلىش، تاپقان مال- مۈلكىدىن ئايرىلىپ قېلىش، زاۋۇت- كارخانىلىرىنى تاقاشقا مەجبۇرلىنىش، شەھەر ئىچىنى مىليونغا يېقىن ئىشسىز خىتاي قاپلاپ كەتكىنىنى ئاز دەپ، ئىشلىتىشكە بىرمۇ خىتاي تاپقىلى بولمايدىغان غەلىتى مەنزىرىلەر خىتايلارنى بۇ يۇرتتىن زېرىكتۈرمەكتە ئىدى. چەتئەللىكلەر ئاچقان شىركەت ياكى قورۇلۇشلار ئاساسەن ئىشنى توختىتىپ خىتايغا كېتىشكەن، بەزىلىرى ۋەزىيەتنىڭ قايتا مۇقىملىشىشىدىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈشۈپ ئىشنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشقانىدى. ئاز بىرقىسىم ئاچكۆز خىتايلار ھەرقانچە غەلىتىلىك ھىس قىلسىمۇ، يەرلىكلەرنى ئىشقا ئېلىش ئارقىلىق ئۆز جېنى ۋە مېلىنىڭ ساق قېلىشىغا كاپالەت يارىتىشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدى. دېگەندەك، بۇنداق قىلغانلارنىڭ يەرلىكلەردىن بالاغا ئۇچرىشى ھەقىقەتەنمۇ كاپالەتلەندۈرۈلگەندەك كۆرۈنەتتى. شۇنىڭدەك يەنە، ھۆكۈمىتىنىڭ شۇنچە قاتتىق توسىشىغا قارىماي، نۇرغۇن پارا تۆلەپ يول خېتى ھەل قىلىپ ئائىلىسىنى خىتايغا يولغا سېلىۋاتقانلارمۇ ئازىيىدىغاندەك قىلمايتتى. ھەتتا بىر قىسىم خىتايلار ئائىلىسىدىن يوشۇرۇنۇقچە يول خېتى چىقارتقۇزۇپ، ئائىلىسىنىڭ بارلىق ئىقتىسادىنى يىغىشتۇرۇپ، مۈلۈكلىرىنى ئەرزىنىغا سېتىۋېتىپ بالا- چاقىلىرىغىمۇ قارىماي بىر كېچىدىلا خىتايغا غىپىلا قىلىپ تىكىۋېتىدىغان، ھېچنېمىسى قالمىغان بۇ ئائىلىدىكى خىتاي بالا- چاقىلار ئەتىسى ئويغانغانلىرىدا رەسمىي بىر تىلەمچى ھالىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھىس قىلىشىپ يىغا- زار قىلىشىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئادەتتىكى ۋەقەلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. خىتايدىن كېلىشلەرمۇ ئاساسەن توختىغان بولۇپ، كېلىۋاتقان يولۇۋچىلار پويىزلىرىدا خىتايدىن قوغلانغان مىللىي كادىرلار، مىللىي ئوقۇغۇچىلار، ئېلىپ ساتارلار،

شۇنداق رەڭلىك كىتاپلاردىن ئىدى. ھېلىقى 'ئىزچى' دېگىنىنىڭ كىتاپلىرى ھەقچان، ... _ قاسىم قولىنى شىلتىپ ئۇنى گەپتىن توختاتتى. قاسىم ئۇ كىتاپلارنىڭ ئىچىدىكىسىنى تۇردى دەپ كەتمىسىمۇ يادا دىگىدەك بىلەتتى. ئۇ كىتاپلار بىر يىللىرى ئۇنىڭ ھاجەتخانىدىن تېپىۋالغان كىتاپلىرىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. قاسىم بۇ كىتاپلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، يەنە شۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ ئەسلىمىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ...

بېنزىن پونكىتىنىڭ پارتىلىشىدىن كېيىن، خىتايلار ھەقىقەتەنمۇ ۋەھشىلىكتە چېكىدىن ئېشىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. شەھەر ئىچىدە باشقا يۇرتلۇق يەرلىكلەردىن بىرسىمۇ قالمىدى دېگىدەك ئىدى. ئاۋات بازار رەستىلىرىدىن ئەخلەت ئۇچۇپ تۇراتتى. كوچا- كوچىلاردا دىماقنى يارغىدەك مىزلىك پۇراق چىقىرىپ تۇرىدىغان ھەرخىل كاۋاپلار، پولو- مانتىلار، لەغمەن- سۇيقاشلار، سېرىقاش- ئۆپكە ھەسپىلەر، ... بۇ تۇرىدىكى يىمەكلىكلەر گويا چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ئۇزۇن ئۆتمۈشنىڭ ئەسلىمىلىرىدىكىدەك يوقاپلا كەتكەنىدى. ئارىلاپ ئېچىلىپ قالىدىغان ھۆكۈمەت ئاشخانىلىرىدىمۇ چوكىدەك- باسىرىدەك 'لەغمەن' لەر، پۇراپ قالغان قېلىن مانتىلار، نوپۇس دەپتىرىگە قاراپ سېتىلىدىغان گۆشلەرمۇ تامغا ئاتسا چاپلاشقىدەك لەش گۆشلەر ئىدى. بۇنىمۇ سائەتلەپ ئۆچىرەت تۇرغاندىن كېيىنلا ئاران ئالغىلى بولاتتى. كوچىلاردىمۇ بۇرۇنقىدەك خىتاي دەستىدىن قىستىلىپ ماڭغىلى بولمايدىغان ھالدىن خۇددى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇرۇش- ماجىرالىق يىللىرىدىكىدەك قۇپ- قۇرۇق بولۇپ قالغانىدى. دېگەندەك، كوچىدا يۈرگەنلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرلارنىمۇ بەكلا كام ئۇچرىتىشقا بولاتتى. ئۇلارمۇ خۇددى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدىكى گېرمانىيەدە تۇرىدىغان يەھۇدىلارغا ئوخشاش مەيدىسىگە مەخسۇس لاتا چاپلاپ يۈرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا سەكسەن تامغىلىق تونۇشتۇرۇشلىرى بولغانلىرىلا ئىدى. ئەمما كوچا- كوچىدا، دوخمۇش- دوخمۇشتا، ھەر بىنانىڭ ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرگەن قوراللىق خىتايلار، ساقچىلار، ھەربىلەر، بىڭتۈەن ياۋايىلىرى، ... زادىلا كامايمىغانىدى. ئەندى ئۇلار يالغۇز ئۇيغۇر چىرايدىكىلەرنىلا ئەمەس، ئۆز خىتايلىرىنىمۇ قوشۇپ ئاختۇرۇشۇپ يۈرەتتى.

بۇنداق ئادەم شالاڭشىپ كەتكەن، قوراللىق خىتاي چارلىغۇچىلىرى كۆپىيىپ كەتكەن بىر ۋەزىيەتتە ھەرىكەت پىلانلاش تۇرماق، ھەتتا نورمال ھاياتلىق ئۈچۈنمۇ سىرتلارغا چىققىلى بولماي قالغانىدى. دوخمۇش- دوخمۇشتا توساپ چارلاشلار، تۇيۇقسىز ئۆي ئاختۇرۇشلار، سەۋەپسىزلا قولغا ئېلىشلار، بىگۇنا ئۆلتۈرۈلۈشلەر ئادەتتىكى ئەھۋالغا

قېچىپ كېتىشكەن سەرگەردان خىتايلارمۇ كۈچلۈك ئاۋاز قوشۇپ بەرمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ غەربتىكى خىتايلار دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئىككى مىڭ بىرىنچى يىلى ئون بىرىنچى سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكىسىدەك قاراشلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى 'ئىنسانىيەت دۈشمەنلىرى' دەپ ئېلان قىلىشىپ، ئۇلاردىن داڭلىق جاسۇسلىرىنى ئۇۋۇرتىشىپ خىتايغا ياردەمچى بولۇش چاقىرىقلىرىنى تارقىتىشىپ يۈرمەكتە ئىدى.

بۇ ئارىدا چەتئەللەردە تارقىلىپ يۈرگەن 'شەرقىي تۈركىستانچى' ياكى 'ئۇيغۇرىستانچى' دېگەندەك ناملاردىكى مۇھاجىر گۇرۇھلارمۇ ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالغىدەك مەنتىقىسىز 'مۇجادىلە ئۇسۇللىرى' نى كۆككە كۆتۈرۈشۈپ، بىر- بىرىنى غاجىلىشىپ ئىقتىسادىي ياكى ئىجتىمائىي پۇرسەتلىرىدىكى ئەۋزەللىكلىرىگە ئاساسەن ئۆز ئالدىغا قۇرىۋالغان قايسى بىر قۇرۇلتاي مۇراسىملىرىدا 'مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ يېڭى ئۇيۇق سىزىغىنى ياراتتۇق، بىز ھەقىقەتەنمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ بىردىن- بىر تولۇق ھوقۇقلۇق، ئۇچۇنچى دۆلەت مىراسچىسى بولۇشقا تېگىشلىك مىللىي باش شتاب ئورگىنىمىز' دېگەندەك قۇرۇق پولارنى ئېتىش بىلەن بىرگە، ۋەتىنىمىزدە كۆرۈلىۋاتقان خىتاي قوغلاش مەخپىي ھەرىكەت دولقۇنىنى خىتاي مۇھاجىرلىرى، ھەتتا خەلقارا ئورگانلىرىغا 'شەخسىي قىساس بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىر ئوچۇم خۇلىگەرلەر' دەپ قارىلاپ كۆرسىتىشكە ھە- دەپ ئۇرۇنۇپ يۈرۈشەتتى. نەتىجىدە، بۇنداق 'شەخسىي ئۆچ ئالغۇچى خۇلىگەرلەر' گە قارىتا خىتايلارنىڭ باستۇرۇش ئارزۇلىرىنى تەستىقلاپ بېرىشكەن بولاتتى. ئۇلار يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتىنىمىزدىكى جان پىدا قىلىۋاتقان پىدائىلىرىمىزنىڭ قان- جان بەدىلىگە كەلگەن ھەربىر ھەرىكىتىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان خەلقارالىق قىزىقىش غۇلغۇلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، تۈشمۇ- تۈشتىن سۆھبەتلەر، كۆتۈرۈلىش يىغىنلىرى، باياناتلار ئېلان قىلىش يىغىنلىرى ئېچىش، 'قۇرۇلتاي- سايلام' قىلىش، ئىئانە توپلىشىش، ... دولقۇنىنى پەيدا قىلىشىپ تېرىسىگە پېتىشماي يۈرۈشەتتى. شۇ باھانىدا يەنە بىرەر يىل پائالىيەت قىلىش دەسمايىسىنىمۇ يىغىۋېلىشاتتى.

بۇنى پۇرسەت بىلگەن دالاي لاماچىلار ئېقىمىدىكىلەرمۇ خىتايلارغا ئېچىنىدىغانلىقلىرىنى، تىبەت خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى بۇنداق چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن پاجىئەلەرگە ھەۋەسلىنىپ كەتمەي، دالاي لامانىڭ 'ئىنسانىيەت ئورتاق سۆيگۈسى' تەلىماتىدا چىڭ تۇرۇپ، تىبەت خەلقى ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىملىق 'نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى' نى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاساس يارىتىپ بېرىش چاقىرىقلىرىغا ئاتلانغانىدى.

بۇنچە داغ- دۇغىلىق خەلقارالىق 'تىنچلىق' تەرغىباتلىرىغا قارىماي تىبەت

كاۋاپچى- ئاشپەزلەر كوّزگە چېلىقىپ قالاتتى. خىتايدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرگە ۋەزىپە قىلىپ ئاچتۇرۇلغان مىللىي سىنىپلار كەينى- كەينىدىن تاقىلىپ، خىتاي يۇرتلىرىدا 'ئۇيغۇر' نامى 'ياۋايىلىق، قاتىل، تېررورچى' دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە سۆزگە ئايلىنىپ قالماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، خىتايدا 'ئۇيغۇر' دېگەننى يىغىپ- يۆگەپ كاۋاپچى- يانچۇقچى دېيىشكە خاتىمە بېرىلگەن بولدى.

خىتايدىكى نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي پەن مۇتەخەسسىسلىرى ئارىسىدا شۇنچە يىلدىن بېرى زادىلا دىققەت قىلىنىشمىغان 'ئۇيغۇر، غەربى دىيار' دېگەندەك تەتقىقاتلارغا ئالاھىدە قىزىقىش ۋەزىيىتى شەكىللەنمەكتە ئىدى. 'كىم بۇ ئۇيغۇرلار'؟ نەدىن كەلگەن؟ بۇرۇن نەدە قالغانىدى؟ بۇگۈن تۇيۇقسىز نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ ئۇلارنىڭ بۇگۈنكى ھالىتى قانداق؟ ئۇلار نېمە تەلەپ قىلماقچى؟ نېمە ئۈچۈن خىتايغا شۇنچە دۈشمەنلىك قىلىشىدۇ؟ ئۇلار نېمىسىگە شۇنچە ئىشىنىپ يۈرىشىدۇ؟ ...' خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ بۇ تۈردىكى تەتقىقاتلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بىر- بىرسىگە زىت، ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان ئاجايىپ غەلىتە 'ئىلمىي ماقالىلار' نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشلىرىغىمۇ سەۋەپ بولماقتا ئىدى. بىر قىسىملار بىرمىڭ يىل بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇگۈنكى موڭغۇللارنىڭ تۇرىۋاتقان يەرلىرىدىكى تۈرك 'ۋەھشى' لىرىنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلار نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى خىتايلارنى ئۆلگىدەك قورقۇتۇپ تا كورىيە بوغۇزىدىن تارتىپ غەربكە سوزۇلغان نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق مىللىي دۆلىتىنىڭ شىمالى چېگرا بىخەتەرلىكى ئۈچۈن سېپىل سوقۇشىغا مەجبورلاتقان مىللەتنىڭ بۇگۈنكى ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشىپ چۆچۈپ كېتىشكەنىدى. يەنە بىر قىسىم خىتاي تەتقىقاتچىلىرى بۇ خىل شەرمەندىلەرچە خۇلاسىنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى 'ھىندىستاندىن كەلگەن، ... ئافغانىستاندىن كەلگەن، ...' دېگەندەك ماقالىلىرىنى يېزىش، يەنە بەزىلىرى بىراقلا 'غەربكە قاراپ قېچىۋاتقان تۈركلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىشكە چىققان خىتايلار ئەسىر ئالغان تۈركلەرنىڭ بالا- چاقىلىرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشىپ، شۇ يەردە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلار دەپ ئاتىشىپ تۇرۇپ قېلىشقان، كېيىن ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خىتاي ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتقان، ...' دېگەندەك كۈلكىلىك رىۋايەتلەرنى توقۇپ چىقىشقىچە بېرىپ يەتكەنىدى! شۇنداقتىمۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى خىتاي تەتقىقاتچىلىرى 'غەربىي دىيار' لىقلارنى پۈتۈنلەي كەمسىتىشىدىغان ياۋايىلىغىنى، ئەقىلسىزلىكىنى، ئەخلاقسىزلىغىنى 'ئىسپاتلاش' قا ئۇرۇنۇشۇپ، ئۇلارنى قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ مەجبورى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىۋېتىش چاقىرىغىنى چىقىرىشماقتا ئىدى. بۇ خىل تەتقىقاتلارغا خوڭكوڭلۇق، فورموزىلىق، ھەتتا غەربكە

تېررورلۇق زۇلۇم قىلىش بىلەنلا قالماي، مىللىي كادىرلار ئارىسىدا، شەھەر- يېزىلىقلار ئارىسىدا، ئىشچى- كادىرلار ئارىسىدا، يۇرتلار ئارىسىدا، يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدا، ... زىددىيەت، توقۇنۇش پەيدا قىلىش ۋاستىلىق تەشۋىقاتلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللانماقتا ئىدى. ھەتتا مەخپىي شەكىلدە سۇنئىي 'ئۇيغۇر قوشۇنى'، 'قازاق قوشۇنى'، 'تۇڭگان قوشۇنى' ... دېگەندەك يالغان 'يەرئاستى قوشۇن' تەشكىللەپ، ھەرقايسى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ داڭلىق ئەرباپلىرىنى مەخپىي ئۆلتەرگۈزۈشلەرگە ئۇتقۇيرۇغلۇق قىلىشماقتا ئىدى.

قاسىم، دەسلىۋىدە بۇ تۈردىكى چۈشۈنۈكسىز ھادىسىلەردىن بەكلا تېڭىرقىغان ئىدى. ئەمما كېيىنچە، بۇنداق ھادىسىلەرنى بىر تۇتاش تېزگىنلەش شارائىتىغا ئىگە ئەمەسلىكىنى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئالدىنى ئېلىش ئىمكانىيىتىنىڭمۇ يوقلىقىنى ئويلاپ، ئۆز پىلانى بويىچە ئىشنى داۋام قىلدۇرۇش ئىرادىسىدىن يانمىدى. ئەسلىدە، بۇنداق باش قوماندانسىز بىر ھەرىكەتتە، بۇ خىل نورمالسىز ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈلۈشى بىر مۇقەررەرلىك بولۇپ، بىر ھېساپتا بۇ تۈردىكى ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈلۈشى، ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ قالايماقانلىشىشى ئۈچۈن پايدىلىقمۇ بولاتتى. بۇنداق ھەرىكەتلەردىن قالايماقان بولىدىغانلار بىزنىڭ خەلقىمىز ئەمەس، كۆپىنچە ھاللاردا ئەسلىدە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۆزلىرى بولاتتى. بىز ئەسلىدىنلا چېكىدىن ئاشقان ۋەيرانە ھالدا تۇرغىنىمىز ئۈچۈن، بىزگە نىسبەتەن قالايماقانلىشىپ كېتىش دېيىلگەن مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇنداق قالايماقانچىلىقتىن پايدىلىنىشنى بىلىش ھەممىدىن مۇھىم ئىش ئىدى. چۈنكى ۋەھىمە يارىتىش ھەرىكەتلىرى تەرتىپلىك ۋەزىيەتكە قارىغاندا قالايماقانچىلىق ۋەزىيەتتە تېخىمۇ كۆپ شارائىتقا ئېرىشەلەيتتى. شۇنداقتىمۇ قاسىم بۇ كۈنلەردە قايتا بىر ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتى ئۈچۈن تۈزۈگىرەك بىرەر چارە تاپالماي، بەكلا تىت- تىت بولماقتا ئىدى. 'جاسارىتىم يېتىشمەيۋاتامدۇ- قانداق'؟ ياكى ئەقلىمنى ئىشلىتەلمەيۋاتامدىم- يا؟' قاسىم، ئۆزى ئۈستىدە ئويلاپ قالدى. ...

تۇرمەداشلىرىنىڭ چىقارغان خورەكلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرغاچ، قاسىم مەخپىي ھەرىكەت نەتىجىلىرىنى ئەسلەپ ھاياجانلىنىپ قاراڭغۇ شىپىقا تىكىلگىنىچە يېرىم كۆلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. ...

ئىگىزلىگىدە، موڭغۇل دالىلىرىدا، تۇڭگان بازارلىرىدىمۇ بىر قىسىم 'قاپ يۈرەك خولىگەرلەر' نىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ھەرىكەتلەردىن ئىلھام ئېلىپ پەيدا قىلغان ۋەھىمىلىك مەخپى زەربە بېرىش پائالىيەتلىرىمۇ كۈنسايىن كۆپىيىپ كۆرۈلۈشكە باشلىماقتا ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزى شەھەرلىرىدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قورقۇتۇپ قوغلاش ۋەھىمىلىك مەخپىي ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرى ئاستا- ئاستا باشقا خىتاي ئارىلاش كىچىك ۋە چەت شەھەر- ناھىيىلەرگىچە كېڭىيىپ، ئارىلاپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى بوغۇزلىۋېتىش، ئۆيلىرى ۋە مال- مۈلكىلىرىگە ئوت قويىۋېتىش، پارتىلىتىۋېتىش ھەرىكەتلىرى پەيدا بولماقتا ئىدى. ئەندى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى نوقۇل مەركىزى شەھەرلەردىلا ئەمەس، ئۇششاق شەھەرلەردە، يوللاردا، كان رايونلىرىدا، بەزى بىڭتۈەن مەيدان- فېرمىلىرىدىمۇ ۋەھىمىلىك ئۆلۈملەرگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ بىكارىدىن- بىكارغىلا شەھەرلەردىن قوغلانغانلار، يېقىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلار مىللىي ئۆچمەنلىك ئۇچۇن دېگەندىن باشقا، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئۆچ ئېلىۋېلىش ھەۋىسىگە بېرىلىپ مەخپى ۋەھىمە يارىتىدىغانلارمۇ ئارىلىشىپ ۋەھىمە ھەرىكەتلىرى بارغانسىرى كۆپىيىپ بارماقتا ئىدى.

بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا تۇرغۇنلىغان پەمسىز بىكارتەلەتلەر، تەجرىبىسىز ئالدىراقسانلار، ھاياجىنىغا ھاي بېرەلمەي خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا جازا بېرىش ھەرىكىتى پەيدا قىلىش ئۇچۇن ئىشقا كىرىشىپ بىھۇدە تۇتۇلۇپ قېلىش، ئەھمىيەتسىز قۇربان بېرىش ھادىسىلىرىمۇ كۈنسايىن ئارتىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. ھەتتا بىر قىسىم جايلاردا مەيلى خالاپ ياكى مەجبورى ئاساستا بولسۇن، خىتايلارنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە ئۆز خەلقىنى جىم يېتىشقا ئۈندىگۈچىلەرنى، خىتايلارغا مەلۇمات بەرگەنلەرنى، مەخپىي پائالىيەت قىلغۇچى پىدائىلىرىمىزنىڭ پېيىغا چۈشىۋالغانلارنى ۋە ئۇلارنى جازالاشقا قاتناشقانلارنى ئۇچراتقان يەردە رەھىمسىزلەرچە جازالاش، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن، ئاتا- ئانىسىدىن، ئۇرۇغ- تۇغقانلىرىدىن بولسىمۇ ۋاستىلىق قىساس ئېلىش، مال- مۈلۈكلىرىگە زىيان سېلىش ھەرىكەتلىرىمۇ كۆرۈلۈپ، خائىنلار تەبىقىسىنىمۇ ئېغىر پاراكەندە قىلىۋاتقانىدى. دەرۋەقە، توپىلاڭدىن توغاچ ئوغۇرلايدىغانلارمۇ كۆپىيىپ بارماقتا ئىدى. بەزى يەرلەردە نوقۇل بايلىق توپلىۋېلىش ئۇچۇنلا خىتايلارنى، يەرلىك بايۋەتچىلەرنى، دۇكانلارنى بۇلاش، خىتاي ياكى يەرلىك دەپ ئايرىماي شەخسىي ئۆچ ئېلىشنىلا مەخسەت قىلىدىغان، ھەتتا خىتايدىن باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگىمۇ ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدىغان ھەرىكەتلەرمۇ ئەۋج ئېلىشقا باشلىغانىدى.

بۇنداق ھادىسىلەردىن پايدىلىنىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى

قاسىمغا بەكلا تونۇش بولغان ساياھەت سومكىسىنى ئالدىغا تاشلاپ، دەرھال مونچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ كىيىم يەڭگۈشلىشى كېرەكلىكىنى بۇيرۇق قىلدى.

ئالدىدىكى سەپەر سومكىسىنى كۆرگەن قاسىم، بىر تەرەپتىن ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇرۇنقى تېنچ ھاياتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ھاياجانلىنىپ كەتتى. بۇ سومكىسى بىلەن قاسىم نەلەرگە بارمىغان- ھە! پۈتۈن خىتاي يۇرتلىرىنى دېگىدەك ئايلىنىپ چىقىش بىلەنلا قالماي، پۈتۈن ۋەتىنىنىڭ بولۇڭ- پۇچقاقلىرىنىمۇ ئالا قويماي ئايلىنىپ چىققانىدى. ...

ئۇ، سومكىسىنىڭ سىرتمىسىنى ئېچىپ ئىچىدىكى كىيىملىرىگە قارىدى. پاكىز يۇيۇلۇپ قاتلانغان ئىچ كىيىملىرىنىڭ يېنىدا يەنە ، ھېيت- مۇراسىملارغا ئاتاپ تىكتۈرگەن، قۇرۇق تازىلاشقا بېرىپ پاكىزە تازىلاتقۇزۇپ قويغان ئىسىل سارجىدىن تىكىلگەن كۈلرەڭ كاستيۇم- بۇرۇلكىسىمۇ چىرايلىق قاتلاقلىق تۇراتتى. بۇ كىيىم، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مېھماندارچىلىق كىيىمى ئىدى. قاسىم بۇ كىيىملەرنىڭ بۈگۈن نېمە ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، يەنىلا يۈرىكى 'جىغ' قىلىپ قالدى. "نېمە ئۈچۈن بۇلارنى ئېلىپ كېلىشتى؟ نېمە ئۈچۈن بۈگۈن بۇلارنى ماڭا كېيگۈزۈشمەكچى؟ ئاخىرقى مىنۇتلىرىم كېلىپ قالدىمۇ- يا؟!" قاسىم ئۆزىنى تەمكىن كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، سومكىسىنى قولىغا ئېلىپ گۇندىپايلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

"پاھ، پاھ، پاھ! نېمە دېگەن راھەتلىك بۇ! _ ئۈستىگە يامغۇردەك چېچىلىپ چۈشىۋاتقان ئىلمان سۇدىن راھەتلىنىپ بالىلارچە ئويناقشىپ كەتتى. _ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈشكىمۇ ئەرزىيدۇ!" _ دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. بەدىنىدىكى بىرقىسىم قورىغان قەقشەلەر يۇمشاپ تۆكۈلۈش بىلەن بىرگە، نەچچە ئايلىق يىغىلىپ كەتكەن كىرلىرى قوشۇلۇپ ئېرىپ چىقىپ خېلىلا راھەتلىنىپ قالدى. سومكىسىدا ئۆزىنىڭ ئىشلىتىۋاتقان چاچ يۇيۇش سۇيى، بېرىتىۋالىرى بىلەن يۈز سوپۇنلىرىمۇ قويۇلغانىكەن. قاسىم خۇددى پار مونچىسىغا چۈشۈپ چىققاندەك ئالاھىدە راھەت بىر قىياپەتتە پىتلىق قان دېغى كىيىملىرىنى يۆتكەپ قېتىۋالغان ھالدا مونچىدىن چىقتى. "شۇنچە نەرسەمنى بەرگەن بۇ كاپىرلار گالۇستۇكۇم بىلەن يېڭى ئايىغىمنىمۇ بىرگە بەرگەن بولسىمۇغۇ كاشكى" دەپ ئۆكۈنۈپ قويدى. "مەيلى، بۇمۇ يېتىدۇ" دەپ پىچىرلاپ قويدى. ئىشىكتە ساقلاپ تۇرغان ئىككى گۇندىپاي ئۇنى ئالدىغا سېلىپ تۈرمە ئىشخانىسىغا ئوخشايدىغان بىر بۆلۈمگە ئېلىپ كىرىشتى:

_ دوكلات شاڭ شىياۋ ئەپەندىم، جىنايەتچى كا شى مۇ نى يالاپ كەلدۇق! _ دەپ

## 8. دېموگراتچى خىتاينىڭ ئەسلى غەرىزى

_ ئاڭلىشىڭلارمۇ، قايسى كۈنىسى يېڭى مۇئاۋىن جۇشىيىمىزنىڭ بىر نەۋرىسىنى بوغۇزلاپ تاشلاپتۇ!

_ يامان بوپتۇ- دە! نېمىلا دېگەن بىلەن نەۋرىسىدە گۇناھ يوق- تە!

___ مۇئاللىملارنىڭ سۆھبەتلىرىدىن

قاسىمنىڭ جاراھەتلىرى يېڭىلاتىن قېتىشىپ، پۈتۈن بەدىنى قاتتىق قىچىشىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا مىغىلداپ كەتكەن نىجىس پىتلارنىڭمۇ 'تۆھپە' سى قوشۇلۇپ، قاسىمنى تىنىماي گارتىلدىتىپ تاتىلاشقا مەجبۇرلىماقتا، تاتىلغانسىرى تېخىمۇ قاتتىق قىچىشىپ، بىرقىسىم يەرلىرىنى قېپ- قىزىل قانغا بويىۋالغىچە تاتىلاشقا مەجبۇر بولاتتى. قاسىمغا گويا بۇ پىتلار خىتايلار تەرىپىدىن مەخسۇس نەسىللەندۇرۇپ يېتىشتۇرۇلۇپ كامېرغا قويۇۋېتىلگەن قوشۇمچە جازالاش قوراللىرىدەكلا بىلىنەتتى. دېمىسىمۇ بۇ پىتلار قاسىمنىڭ باللىق دەۋرلىرىدىكى ئاچارچىلىق يىللىرىدا كۆرگەن پىتلارنىڭ سورتلىرىغا زادىلا ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى. يېنىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى ھەتتا پىت دېگەننى ئۆمۈرىدە كۆرۈپ باقمىغان ياش باللار بولىشىغا قارىماي، ئۇلارمۇ ئاللىقاچان تۇرمىنىڭ پىتلىرىغا ئورتاق شىرىك بولۇپ كەتكەچكە، قاسىمنىڭ بۇنچە بېرىلىپ قانىغىچە گارتىلدىتىپ تاتىلاشلىرىغا ئىچى پۇشماق تۇرماق، ھەتتا ئۇلارمۇ بىرلىكتە تەڭكەش قىلىپ بېرىشمەكتە ئىدى. شۇنداق قىلىپ كامېردىكىلەر ئۇچۇن تاتىلاش ئىشى بىر قوشۇمچە خۇمار ھالىتىگە كەلمەكتە ئىدى.

چۈشكە يېقىن ئىككى گۇندىپاي ئىشىكنى شاراقشىتىپ ئېچىپ ۋارقىرىدى:

"فەنرېن كا شى مۇ، ما شاڭ چۇ لەي!"

كامېردىكى لەرزىتلىك قاشلاش ئاۋازلىرى دەرھال تىنجىپ ھەممە بىردەك قاسىمغا قاراشتى. قاسىم، ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ، تېخى يېڭىلا گىپىستىن چىقىرىلغان پۇتىنى سۆرەپ دىڭپوسلاپ كامىردىن چىقتى. گۇندىپاي خىتايلاردىن بىرسى قولىدىكى

— ئىختىيارىڭىز، — دېدى ئوفېسېر خىتاي. ئۇ تويۇقسىزلا قاتتىق قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا تاراخشىپ ئىشىك ئېچىلىپ ھېلىقى ئىككى گۇندىپاي توخماقلىرىنى تۇتقىنىچە ئالدىراپ كىرىپ كېلىشتى. ئوفېسېر بىر تەرەپتىن يۆتەلگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن قولى بىلەن گۇندىپايلارغا ئىشارەت قىلىپ چىقىپ كېتىشلىرىنى بۇيرىدى. گۇندىپايلار خاتىرجەم بولۇشۇپ چىقىپ كەتكىنىدىن كېيىن، ئوفېسېر قولىدىكى تاماكىسىنى كۈلدانغا ئېزىپ تۇرۇپ دېدى. — سىلەر ئۇيغۇرلار يەنىلا كۈچلۈك تاماكىلارنى تېپىۋالىدىكەنسىلەر. مەن بۇنى ئۆيۈڭدىن ئالغاچ كەلگەنىدىم. يەنىلا ئېگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگىنىم دۇرۇستەك قىلىدۇ، مانا ئېغىر كەلدى. — ئۇ خىتاي ئۆپكىدەك قىزىرىپ ھېجايغىنىچە قولىدىكى تاماكا پاشكىسىنى قاسىمغا قارىتىپ چۆرۈپ بەردى. قاسىمۇ ئىستىخىيىلىك بىر چاققانلىق بىلەن تاماكا پاچكىسىنى ھاۋادىلا 'كاپ' قىلىپ تۇتىۋالدى. خىتاي ئوفېسېرى يانچۇقىدىن باشقا بىر ماركىلىق تاماكا چىقىرىپ تۇتاشتۇرۇۋالدى. — مەن قايسى كۈنىسى بىر ئوكاڭنى چاقىرىپ ئۆيۈڭگە ئاپارغانىدىم. ئەسلىدە ئۆيۈڭدە ھۆكۈمەتنىڭ مۇسادىرە قىلىشىغا يارىغىدەك تۈزۈككىرەك بىر نېمىمۇ يوق ئىكەن. مەن سېنىڭ كىتاپلىرىڭغىلا قىزىققانىدىم. كىتاپلىرىڭغا شۇنداقلا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، قالغان نەرسىلىرىڭگە چېقىلمىدىم. زادىلا چېقىلغۇدەك نەرسىلەرگە رازىۋىتچىكلىرىمىز ئالىمۇقاچان يىپىدىن- يىڭنىسىغىچە ئىنچىكىلەپ چېقىلىپ بولغانلىقىدىن گۇمان قىلمايمەن. شۇڭا، رەسمىيەتلەرگە قول قويۇپ بولۇپ ئۆيۈڭنىڭ ئاچقۇچىنى ئوكاڭغا تاپشۇرۇپ بەردىم. بۇ كېيىملىرىڭنى ئوكاڭ ئۆزى تاللاپ بەرگەنىدى. — خىتاي ئوفېسېرى تاماكىسىنىڭ كۈلىنى ئاۋايلاپ ئالدىدىكى كۈلدانغا چېكىپ چۈشۈرۈشكە كىرىشتى. قاسىم، بۇ خىتاينىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تېخىچىلا مۆلچەرلىيەلمىدى.

خىتاي ئوفېسېرى تاماكىسىنى چەككەش گېپىنى داۋام قىلدۇردى:

— راست، كىتاپلىرىڭنىڭ ئارىسىدىن بىر نەچچە پارچىسىنى ئۆزەمگە ئېلىۋالدىم. بۇ كىتاپلارنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىستەپ تاپالماي يۈرەتتىم. فرېئۇدنىڭ بىرنەچچە كىتاۋى بىلەن ماسلوۋنىڭ بىر كىتاۋى. ئىچىگە قارىسام بۇ كىتاپلارنى خېلى يىللاردىن بېرى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ چىققان بولساڭ كېرەك؟! بىرمۇنچە يەرلىرى قايتىلاپ سىزىلغاندەك قىلىدۇ. ھەتتا بۇ ھەقتە يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىڭمۇ ئون نەچچە يىل بۇرۇنلا ئېلان قىلىنغانىكەن. ئۇلارنىمۇ تاپتۇرۇپ خىتايچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ كۆرۈپ چىقتىم. ئالاھىدە تالانتىڭ بار ئىكەن. بولۇپمۇ ماسلوۋنىڭ ئېھتىياجىنىڭ قاتلاملىق نەزەرىيىسىدىن مىللىي ئەركىنلىك پىرىنسىپلىرىنى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن

ۋارقىرىغىنىچە چاس بېرىپ تىك تۇرۇشتى گۇندىپايلار.
— سىلەر چىقساڭلارمۇ بولىدۇ، جىنايەتچى بىلەن ئۆزەم سۆزلىشىمەن. — دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ئىككى گۇندىپاي، قايتا دىققەتتە تۇرۇپ چاس بېرىشىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىشتى.

قاسىم، ئۇدۇلىدىكى يېزىق ئۈستىلىنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان قاسقان شەپكىلىك، ماشىرەڭ سارجىدىن تىكىلگەن ھەربى ئەمەلدارلارغا خاس فورما كىيگەن، مۈرىسىدىكى پاگونلىرىدا بىر قانچە ئالتۇن يۇلتۇزلار پارىلداپ تۇرغان، مەيدىسىدە خىتايلاردا ئەندىلا ئىشلىنىشۋاتقان، ئەمما قاسىمغا بەكلا ناتونۇش بولغان مىداللار تاقالغان بۇ خىتاي ھەربى ئوفىسېرىنىڭ ئۇنۋان- ئەمەل دەرىجىسىنى بىلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنى خېلى يوقۇرى بىر ئەمەلدار بولسا كېرەك دەپ كۆزىتىپ چىقتى.

قاسىمنىڭ دەل ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان بۇ خىتاي ئوفىسېرىمۇ قاسىمغا باشتىن-ئايىغىچە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى:

— مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرۇڭ، — دەپ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقنى ئىشارەت قىلدى خىتاي ئوفىسېرى قاسىمغا. ئاندىن يېنىدىن قاسىمنىڭ چېكىپ ئادەتلىنىپ قالغان خىتاينىڭ ئەڭ كۈچلۈك تاماكىلىرىدىن بىرى بولغان 'جيا دېلى' ماركىلىق تاماكىسىنى چىقىرىپ ئالدىرىماي ئاغزىنى بىر تەرىپىدىن سۆكۈپ ئېچىپ، قاسىمغا تاماكا ئۇزاتتى. — بىرتال ئېلىپ چېكىڭ، بەلكىم ئۇزۇندىن بېرى چەكتۈرمىسە كېرەك؟! مېنىڭ ئالدىمدا قىسىلماي بەھۇزۇر ئولتۇرالايسىز.

قاسىممۇ بۇ خىتاينىڭ ئالدىدا تارتىنىشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئالدىغا بىر قەدەم تاشلاپ بېرىپ تاماكىدىن بىرتال سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇ، قولىدىكى تاماكىسىنى بۇرنىغا ئاپىرىپ سۇركەپ تۇتىشىغا ئۇنىڭدا قانداقتۇ بىر تۇيغۇلار نامايەن بولۇشقا باشلاپ، تاماكىنىڭ پۇرىغىنى ھوزۇرلىنىپ ئىچىگە تارتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

تاماكىدىن ئۆزىگىمۇ بىرتال چىقىرىپ ئاغزىغا قىستۇرغان خىتاي ئوفىسېرى يېنىدىن چاقمىقىنى چىقىرىپ قاسىمغا تەڭلىدى. ئەمما دەرھال ئۆزىنىڭكىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ ئىچىگە تولدۇرۇپ بىرنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، چاقماقنى قاسىمغا قايتا ئۇزاتتى.

— كەچۈرۈڭ، ئۇزۇندىن بۇيان چەكمىگىنىم ئۈچۈن، بۇنىڭ قۇرۇق پۇرىغىلا ماڭا يېتىدۇ. — ئۇ چاقماق ئۈچۈن قايتا ئورنىدىن تۇرمىدى. ئەمما ئۇنىڭ تاماكا تۇتقان قولى بۇرنىدىن چۈشمىگەنىدى.

ئېلىنغىنىڭدا، ئۆي ئاختۇرۇشقا مەنمۇ قاتناشقانىدىم. ئاخماق رازۋېتچىكلىرىمىز ھە دېگەندىلا پىچاق- توخماق، بومبا- زەھەر ئاختۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىشتى. مەن سېنىڭ كىتاپلىرىڭغا قاراپ كەسپىڭنى ۋە قايسى تارمىغىنى ياخشى كۆرىدىغانلىغىڭنى بىلىۋېلىشقا تىرىشقانىدىم. سەن، ھەقىقەتەنمۇ ئۆز كەسپىڭگە ئالاھىدە قىزىقىدىغان بىرسى ئىكەنسەن. ھەتتا بۇ قىزىقىشىڭ ساڭا ئويۇن- تاماشالارغا ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قىزىقىشىڭغىمۇ ئورۇن قالدۇرمىغىدەك دەرىجىگە يەتكۈزگەنلىگىنى سەزدىم. ئەندى مەن، سېنىڭدىن بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشىش ئىمكانىنى تېپىش پۇرسىتىگە يېقىنلاشتىم دەپ قاراپ، كەسپىڭدىن باشقا قىزىقىشلىرىڭغا دىققەت قىلىشقا باشلىدىم. دېگەندەك، كىتاپلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۆز كەسپىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان نۇرغۇنلىغان ئېغىر سەۋىيىلىك ئىجتىمائىي پەنلەرگە دائىر كىتاپلىرىڭنىڭ بارلىقىغا ھەيران قالدىم. بىر ئېنجىنېرغا نىسبەتەن بۇنداق كىتاپلارنىڭ نېمىگە كېرىگى بار؟! بولۇپمۇ نىتچېيىگە مۇناسىۋەتلىك، پسىخوئانالىزغا مۇناسىۋەتلىك، ئۈچۈنچى پسىخو- ئىدىيىۋى دولقۇنغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرگىمۇ ئالاھىدە زېھنىڭنى بېرىپ كەلگەنلىگىڭنى سەزدىم. سەندىكى بىر ئالاھىدىلىك، ئالغان كىتاپلىرىڭغا ئاي- كۈننى يېزىپ قويۇشۇڭ بولۇپ، ئۇ چىسلالار ماڭا دەسلەپكى يىپ ئۇچىنى بەرگەن بولدى. پسىخولوگىيە كىتاپلىرىڭنىڭ ئەڭ دەسلىۋىدە سېتىپ ئالغانلىرىڭنىڭ ئۈستىدە '12- دېكابىر' دېگەن رەقەملەرنىڭ يېزىلغانلىغىنى كۆرۈپ، سېنىڭ بۇ كىتاپلارنى نېمە ئۈچۈن سېتىپ ئالغانلىغىڭنى مۆلچەرلىگەن بولدۇم. ئۇ كۈنىسى تۇنجى ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار نامايىش قىلغان كۈنىگە توغرا كېلىشى ھەرگىزمۇ بىر تاسادىپىلىق بولالمايتتى. دېمەك سەن، شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن خەلقىڭنىڭ ئىچكى روھى ھالىتىنى ئۆگىنىش يولىغا قەدەم تاشلىغان ئىكەنسەن. كېيىن يەنە خەلقىڭنىڭ دىنىي نامايىشلىرىغا چىققان ۋاقىتلىرىغا توغرا كەلگەن يىللاردا بىرقىسىم دىنىي تەتقىقات كىتاپلىرىنى ئېلىشقا باشلاپسەن. بۇ ئارىدا يەنە تيەنئەنمېن ۋەقەلىرىگە توغرا كەلتۈرۈپ غەرپنىڭ يېڭىچە ئىجتىمائىي ۋە كىشىلىك ئەركىنلىككە دائىر پسىخولوگىيە- پەلسەپە كىتاپلىرىنى ئېلىپ ئوقۇشنىمۇ باشلىغان ئىكەنسەن. مەن ئەسلىدە، تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۆركەش دېگەن بىر ئۇيغۇرنىڭ بىر مىليارت خىتايغا دېموكراتىيىدىن، كىشىلىك ھوقۇقتىن دەرس بېرىپ يۈرگىنىگە زادىلا ئەقلىم يەتمەي يۈرگەنىدى. دېمەك، ئۇيغۇر ياش زىيالىلىرى ئارىسىدا شۇ دەۋرلەردىلا بۇ ھەقتىكى يۈزلىنىشنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىغىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن. مەن ئۇ ياش ئۇيغۇر بالىسىنى، ئوتتۇرىغا چىقىشتىن قورقمايدىغان ياۋايى تەلۋىلىگى ۋە تەلىيى

خۇلاسىلاپ چىققانلىقىڭىزغا بەكلا قايىل بولدۇم. ئۇ يازغانلىرىڭىزغا ئۇيغۇرلار قانچىلىك دىققەت قىلىپ كېتەلەيدۇ، بىلمەيمەن. ئەمما ئۇ يازغانلىرىڭىزدا ۋاستىلىق شەكىلدە خۇلاسىلاپ چىقارغان ھۆكۈمەتنىڭ تىپىك جىنايەت مەنبەسى ئىكەنلىكى، ھەتتا بۈگۈنكى سىياسىي تۈزۈمنىڭ تۈپكى ئاپەت مەنبەسى ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچكىم ئىنكار قىلالمىغىدەك كەسكىن ھۆكۈملىرىڭىز مېنى ئالاھىدە جەلىپ قىلدى. بولۇپمۇ سىزنىڭ تەھلىل قىلىش مېتودىڭىز بەكلا مۇكەممەل ئىكەن. مەن ئەسلىدە بۇ تۈردىكى كىتاپلارغا خېلىدىن بېرى قىزىقىپ يۈرگەندەك قىلساممۇ، سىزنىڭ ئۇ ماقالىلىرىڭىزنى كۆرۈشتىن بۇرۇن بۇ كىتاپلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە چۈشەنچىلىرىنى ئىدىيىگىلاشتۇرالىغىدەك بىر نەزىرىيىۋى ئاساس بولالايدىغانلىقىنى زادىلا ئەقلىمگە كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. دېمىسىمۇ، سەن بۇ كىتاپلار ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلىرىڭىزنى تەھرىرلىتىدىغان بىرەر ئۇيغۇر مۇتەخەسسىس تاپالماي، قايسىبىر مانجۇ پروفېسسورىغا خىتايچە ئوقۇپ بېرىپ تەھرىرلەتكەنلىكىڭىزنى ۋە ئۇنىڭدىن ئالاھىدە يوقۇرى باھالاشقا ئېرىشكەنلىكىڭىزنىمۇ خەۋەر تاپتىم. بولمىسا سىزنىڭ بۇ ئون نەچچە يىل بۇرۇن يازغانلىرىڭىزغا قىزىقىپ نېمە قىلاتتىم دەيسەن.

خىتاي ئوفىسېرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە باردى. ئاستا ئىشىكنى ئېچىپ سىرتتا تۇرغان ھېلىقى ئىككى گۇندىپايغا:

_ مەندىن ئەنسىرىمەڭلار، بۇنچىلىكلەرگە تاقابىل تۇرغىچىلىكىم بار. سىلەر بېرىپ بىرەر ئۇيغۇر ئاشخانىسى تېپىپ گۆشلۈك ئىككى تەخسە لەغمەن تەييارلىتىپ كېلىڭلار. ھە، ئاۋال ئۆزەڭلارغىمۇ بۇيرۇتۇپ يەپ ئاندىن كەلسەڭلارمۇ ئۈلگۈرىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭلار، پۇلى مەندىن. _ دەپ بۇيرۇپ قويۇپ قايتا ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. _ ھە، نېمە دېيىشىۋاتاتتۇق؟! بۇ گەپلەرنى دېيىشىمگە قاراپ، 'بۇ ئەسكەر مېنى ئالداشقا تىرىشىۋاتىدۇ' دەپ ئويلاپ قېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن. سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسامىمۇ شۇنداق ئويلىغان بولاتتىم. ئەسلىدە مېنىڭ ۋەزىپەممۇ باشقا رازۋېتچىكلارغا ئوخشاشلا ھۆكۈمەتكە قارشى چىققانلارنى پاش قىلىش. ھۆكۈمەتنىڭ مەخپىي سودىيەسى سىزنى ئالىمۇقاچان ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ بولغانىدى. ساڭا سىر بولمىسا كېرەك، بۇ ھۆكۈمەت بۇ يېقىنقى يىللاردا، بولۇپمۇ 'ئون بىرىنچى سىنتەبىر ۋەقەسى' دېگەن نيۇ يورك ۋەقەسىدىن بۇيانقى يىللاردا سىلەردىن بىرەرسىنى 'تېرروروچى' دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئالغانلا بولسا، ئۇنداقلارنىڭ خاتا تۇتۇلغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ يەردىن تېرىك چىقالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. شۇنى پۇشايمان بىلەن ئېتىراپ قىلمەنكى، بۇنداق ھۆكۈم قىلىنىشىڭىزدا مېنىڭمۇ ئالاھىدە چوڭ ھەسسەم بار ئىدى. سەن يېڭى قولغا

_ كۆپ ئۆتمەي، ئۇيغۇرلاردا زوراۋانلىقتا جاسارەت قىلىدىغان، مەخپىي ھەرىكەتلەرگە ئۆزىنى پىدا قىلىدىغان ياشلارنىڭ كۆرۈلۈشكە باشلىشى، مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى: ئۆلۈۋاتقانلىقى مۇقەررەرلىشىپ بولغان بىر مىللەت جان تالىشىۋاتامدۇ ياكى مەن بىلمەيدىغان بىرەر ئۈمىدلىرىمۇ بارمۇ بۇ مىللەتنىڭ؟! مېنىڭچە بولغاندا، بىرىنچى خىل ئېھتىماللىق كۈچلۈكتەك قىلىدۇ: يەنى ئۆلۈۋاتقاندىكى جان تالىشىش! ئەمما مۇنداقمۇ بىر ھەقىقەت باركى، رەسمىي ئۆلۈم يولىغا كىرىپ بولغان بىر مىللەت ئەجابىي كۈچىدىن مەھرۇم مىللەت بولىشى كېرەك ئىدى. مۇنداقتا 'ئون ئىككىنجى ژەلسوققان قازاق ئوقۇغۇچىلار ۋەقەسى'، 'ئۈچ بالتىق رېسپوبلىكىلىرى پايتەختىلىرىنىڭ قول بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇش ۋەقەسى' ۋە 'تيەنئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ۋەقەسى' دىگەنلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن 'ئون ئىككىنچى دىكابىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ۋەقەسى' نىڭ باشلامچىلىغىنى قانداق چۈشەندۇرۇش كېرەك؟! نېمىلا بولمىسۇن، بىر مىللەت، ئۆزىنىڭ زاۋاللىقتا يۈز تۇتقانلىغىنى پەرق قىلالىشىنىمۇ ئالاھىدە زور بىر ۋەقە دېيىش مۇمكىن. قىسقىسى، سەن ئەنە شۇنداق ۋەقەلەر بولغان يەرلەرنى، ۋاقتىلىق باھانىلارنى يارىتىپ ئايلىنىپ چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىكەنسەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا سېنىڭ تەتقىقاتىڭنىڭ نەتىجىلىرى باشقا- باشقا نىقاپلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغاندەك قىلىدۇ: سەن ماقالىلىرىڭدا خەلقىڭنىڭ قۇتۇلۇش يولىغا مېڭىشىنىڭ بىر تارىخىي ۋە ئىنسانىي مەجبۇرىيەت بولۇپ قېلىۋاتقانلىغىنى ئۇستىلىق بىلەن نىقاپلاپ كۆرسىتىشكە تىرىشقانىكەنسەن. دېگەندەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىڭمۇ ياكى زېرىكتىڭمۇ بىلمىدىم، خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئۈمىدسىزلىككە پېتىپمۇ قالغاندەك قىلىسەن. بۇنى مەن يەنە شۇ كىتاپ تەكچىلىرىڭدىن پەرق قىلدىم: سەن بۇ ئارىدا يېڭى كىتاپ ئېلىشنى توختاتقانىكەنسەن. قارىغاندا بۇنىڭ ئورنىغا ھاراق ئېلىشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويىۋالغاندەك كۆرۈنىسەن. ياكى بۇمۇ بىر نىقاپلىنىشمۇ- بىلمىدىم. كېيىن «ئىزچى مەن» دەيدىغان بىر كىتاپ ئوتتۇرلۇقتا پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ كىتاپتا، سېنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان، نەتىجىگە ئېرىشىش ئىمكانىمۇ ئېنىق بولمايدىغان، ھەتتا خىتاي دېموگراتچىلىرىنىڭ غالىبىيىتى بولماي تۇرۇپ ئەمەلگە ئېشىش ئىمكانىيىتىنى زادىلا قىياس قىلغىلى بولمايدىغان 'تېنچ كىشىلىك ھوقۇق تالىشىش' چاقىرىقلىرىڭنىڭ ئاداققىي مۇستەقىللىق مەخسىدىنى ئالاھىدە تېزلەشتۇرۇپ بېرەلەيدىغان يېگىچە بىر زوراۋانلىق مەخپىي ھەرىكەت چاقىرىغىنى ئالاھىدە جىددى تەكىتلىگەنىكەن. سېنىڭ ماقالىلىرىڭنىڭ مەخپىي مەزمونى بىلەن بۇ كىتاپلارنىڭ مەزمونىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ھەر ئىككى خىلىنىڭ مۇدداسى ئوخشاش بولۇپ،

ئۇدىن كېلىپ قالغان بىر تەۋەككۇلچى نادان بولغانلىقىدىن شۇنداق ئورۇنغا ئېرىشىپ قالغان دەپلا ئويلىغانىكەنمەن. — خىتاي ئوفىسېرى ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ تۇرۇپ سىرتقا بىردەم قاراپ تۇردى. ئۇ قايتىپ كېلىپ جايىغا ئولتۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدۇردى:

— بۇ يەردە شۇنىمۇ ھەيرانلىق بىلەن ئويلانماي بولمايدۇكى، — ئۇ، يېنىدىن چاقمىقىنى چىقىرىپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بىرنى قاتتىق شورىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — شۇ ھېلىقى، سەكسەن بەشىنچى يىلىدىكى 'ئون ئىككىنچى دېكابىر' ئۇيغۇر ئالى مەكتەپ ستودېنتلىرى نامايىشىدىن بۇرۇن ھېچبىر سوتسىيالىستىك ئەلدە بۇنچىلىك ئومۇمىي يۈزلۈك، بۇنچە كەڭ دائىرىلىك، بۇنچىلىك ئۇزۇنغا سوزۇلغان، بۇنچە تەرتىپلىك بىر دېموگراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، مىللىي ئەركىنلىك تەلەپ قىلىدىغان بىرەر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى بولغانلىقىنى ئاڭلىمىغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كۈنلەردىكى سوغۇق قار- شىۋىرغاننى دېمەمدىغان! بۇ ھەرىكەتلەر ھەقىقەتەنمۇ جىم تۇرغان سوتسىيالىزىم لاگېرى دېگەن بۇ بالا- قازا چوڭ كۆلىنى تاش ئېتىپ شالاخشىتىۋەتكەندەكلا بىر ئىش بولدى. يەتمىش يىل جىم ياتقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەل سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارغا چېگراداش بولغان، دۇنيادا ھېچكىم تونۇمايدىغان قازاقىستاندا، شۇندىن كېيىنكى يىلىسى، يەنە شۇ '12- دېكابىر' كۈنىسىنىڭ بىر يىللىق خاتىرە كۈنىسى 'قازاقىستان ئوقۇغۇچىلار ۋەقەسى' بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئەللەرنى ھەيران قالدۇرغانىدى! سىلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلار نامايىشىڭلار ئۈزۈلمەي دېگۈدەك داۋام قىلدى. ماڭا خۇددى، سىلەرنىڭ شۇ ھەرىكىتىڭلاردىن رىغبەتلىنىپ، ئەگەر ئۈركەشنى ئېتىراپ قىلىغىنىمدا، گويا سىلەرنىڭ باشلاپ بېرىشىڭلار بىلەن، ھەتتا سىلەرنىڭ قوزغىشىڭلار بىلەن تيەنئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى قوزغىلىپ، ئۈركەشنىڭ ياردىمى بىلەن يوقۇرى دولقۇنغا ئېرىشەلىدىمىكىن دېگىم كېلىدۇ. بۇ ھەرىكەت، ئاخىرى ياۋروپا سوتسىيالىزىم لاگېرىنىڭ ئۆزۈل- كېسىل يىمىرىلىشى بىلەن نەتىجىلەندى! بەلكىم بۇنداق باغلىۋېلىشىم سىلەردەك بىر ئۆلۈۋاتقان مىللەت ئۈچۈن بەكلا چوڭ مۇبالىغىلەشتۈرۈش بولىشى مۇمكىن. ئەمما دۇنيادا سەۋەپسىز ئىش بولمايدىغانلىقىمۇ بىر تەبىئىي قانۇنىيەت ئەمەسمۇ؟! — بۇ خىتاي ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ قولىدىكى تاماكىسىنى چېكىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ، قولىدىكى ئاللىمۇقاچان كۆيۈپ تۈگەپ كەتكەن تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا تاشلىۋېتىپ، قايتا بىر تاماكا چىقىرىپ تۇتاشتۇرىۋالدى. مەغرۇر قىياپەتتە ئولتۇرۇپ تاماكىسىنى ھۇزۇر قىلىپ بىر قانچىنى تارتىۋالدى:

تونۇلۇشقىمۇ يول قويۇلمايدۇ. سەن مەڭگۈ تىلغا ئېلىنمايدىغان، ئەمما ھەممە ئۇنۇتمايدىغان 'ئۇيغۇر قەھرىمانى' بولۇپ قالىۋېرىسەن. بۇ ساڭا ئۆلسەڭمۇ يېتىپ ئاشىدىغان زور ئابروي. بىر ھىساپتا، ئەگەر 'ئىزچى مەن' ___ ئۇ سەن ئەمەس باشقا بىرسى بولغىنىدىمۇ، سىلەر ئىككىڭلارنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دەۋر ياراتقۇچى ئىككى كۆرۈنمەس ئەپسانىۋى ئۇيغۇر قوماندانى دېسەم ئاشۇرىۋەتكەن بولمايمەن. مانا بۇ دېگەنلىرىم، سېنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشىڭغا مۇھىم ئاساس بولۇپ بەرگەچكە، مەيدەمدىكى مۇنۇ مېدالنى ئەنە شۇ خىزمىتىمگە مۇكاپات قىلىپ بېرىشتى. ھەتتا پاگونىمغا بىر توچكا، مائاشىمغا ئىككى دەرىجە قوشۇلدى. بۇنداق بىرسىنىڭ سېنى يەنە ئالداشقا زادىلا ھاجىتى يوق بولىدۇ. ھەتتا سېنى قايتىدىن كوچىلىشىم ماڭا زىيانلىق بولىشىمۇ مۇمكىن. مېنىڭدەك بىر قارىلىغۇچىغا نىسبەتەن ئالغاندا، قارىلانغۇچىنى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلالىشى، ئۇنىڭ ئەڭ چېكىگە يەتكەن نەتىجىسى بولۇپ ھىساپلىنىشى كېرەك.

قاسىم، بۇ خىتاينىڭ نېمە مەخسەتلەردە بۇنچىۋالا گەپلەرنى قىلىپ ئاۋارە بولىۋاتقانلىقىنى يەنىلا تولۇق بىلەلمىگەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ بەزى تەھلىللىرىگە قىزىقىپ قالغان قاسىم، ئاستا- ئاستا ئۆز ھوشيارلىقىنىمۇ يوقۇتۇپ بارماقتا ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ خىتاي قاسىمدىن تۇيۇقسىز سوئال سورىمىدى ياكى ئۇنىمۇ تەھلىلىگە قوشىۋالمىدى. تولا كاپىشىپ ئاغزىلىرى قۇرۇپ كەتكە خىتاي ئوفىسېرىمۇ گېپىنى توختۇتۇپ ئورنىدىن تۇردى. ياندىكى كەنتىر ئىشكاپلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىككى ئىستاكان قايناقسۇ قويۇپ، بىرىنى قاسىمغا ئۇزاتتى. ئاندىن جايىغا بېرىپ ئولتۇرىۋالغان ئوفىسېر، قايناقسۇيىنى ئوتلاپ قويۇپ بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى. ئاندىن قايناقسۇيىنى پۈدەپ تۇرۇپ ئىچىشكە كىرىشتى. بۇ ئارىدا قاسىممۇ قايناقسۇيىنى ئىچكەش قولىدىكى تۇتاشتۇرۇلمىغان تاماكىسىنى پۇرىغىنىچە جىم ئولتۇرۇشنى داۋام قىلىۋەردى. ئەسلىدىنلا ئۇنىڭدىن گەپ سورىغان بىرسىمۇ يوق ئىدى. قاسىم ئۈدۈلىدىكى خىتاي ئوفىسېرىغا يەر تېگىدىن قاراپ، ئۇنىڭ باياتىدىن سۆزلەۋاتقانلىرىنىڭ تېگىدە ئۇچۇر ئېلىشنى مەخسەت قىلىش بارمۇ ياكى ئادەمگەرچىلىكى پەيدا بولۇپ قېلىپ قاسىمدىن ئەپۇ سوراش ئۈچۈن كاپىشىۋاتقانمۇدۇ؟! دەپ دەڭ سېلىشقا كىرىشتى. ئۇ يەنىلا بىر خۇلاسىغا كېلەلمىدى.

_ ئەندى ئەسلى دېمەكچى بولغان گېپىمگە كېلەيلى. _ خىتاي ئوفىسېرى تاماكىسىنىڭ ئىسىنى ئاسمانغا پۈلەگەچ قايتا گېپىگە كەلدى. _ دىگەنلىرىمنى دىققەت قىلىپ ئاڭلا، بايىتىدىن دېگىنىمدەك، مېنىڭمۇ ھەسسەم بىلەن مەخپىي سوت

ھەرىكەت ئۇسۇلى جەھەتتىلا بىر- بىرىدىن پەرق قىلىدىكەن، خالاس. ئادەم سېنىڭ تەرجىمەھالىڭغا قاراپ، 'بۇ كىتاپلارنى قاسىم يېزىپ چىققان بولمىسۇن- يەنە؟' دېگەن گۇمانغىمۇ كەلمەي تۇرالمايدۇ. دېمىسىمۇ بۇ كىتاپىنىڭ يالغان ئاپتورلىرى بۇ كۈنلەردە كۈنسايىن كۆپىيىپ بېشىمىزنى قايدۇرىۋەتكىدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ھېچ بولمىغاندا سەن شۇ ئاپتور بىلەن ئۇزۇن يىللىق پىكىرداش بىرى بولىشىڭدا قىلچە گۇمان قىلمايمەن. شۇنداقتىمۇ مېنى ئويغا سالغان يەنە بىر كىتاۋىڭ بولدى: مەخپىي زەربە بېرىش تېررورلۇق ھەرىكىتىڭلار تېخى سىستېمىلىق قوزغىلالماي تۇرغان يىللارغا توغرا كەلتۈرۈپ سېتىۋالغان كىتاۋىڭ، سېنىڭ 'ئىزچى مەن' بىلەن كېيىن تونۇشقانلىغىڭنىمۇ ۋاستىلىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەمما سەن بۇ ھەرىكەتنىڭ دولقۇن ھالىغا كېلىشىگە باش يېتەكچى بولغانلارنىڭ بىرى بولىشىڭغا قىلچە گۇمان قالمايدۇ. ئېلېكترونلۇق تويلىماتوك يولىغا دائىر ئەسۋاپ- ئۈسكۈنىلەر توغرىسىدا يېزىلغان بۇ كىتاپنى سېتىۋالغان ۋاقتىڭ دەل تۇنجى 'كافىخانا- رېستوران پاجىئەسى' دەۋرلىرىگە توغرا كەلمەكتە. شۇندىن ئېتىۋارەن، ئۇيغۇر تېررورچىلىق ھەرىكەتلىرىنى بېسىقتۇرغىلى بولمايدىغان دېۋرگە قەدەم قويغان بولدى. ئەمما سەن شۇنچە ماھىرلىق بىلەن نىقاپلىنىپ كەلگەنسەنكى، شۇنچە ئۇزۇن يىللىق ھەرىكىتىڭلاردا قىلچىمۇ ئىز قالدۇرماي بۇگۈنگىچە كېلەلىگەنسەن. ھەتتا سېنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشىڭمۇ ھەرگىز بىزنىڭ پاش قىلىش سەۋىيىمىزنىڭ يۇقۇرىلىغىدىن ئەمەس، بەلكى سەۋەبىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئۆزەڭنىڭ سىرلىق بىخەستەلىگىڭدىن تۇيۇقسىز قولغا چۈشۈپ قالدىڭ. بولمىسا كىم بىلىدۇ، يەنە قانچە يىللارغىچە يوشۇرۇنۇپ ئاپەت تېرىپ يۈرىدىغانلىغىڭنى! ۋياكى، كىم بىلىدۇ، يەنە تېخى بۇ تۇتۇلۇپ قېلىشىڭمۇ بىر يالغان تۇتۇلۇش بولۇپ، بۇمۇ سىلەرنىڭ قايسى بىر پاجىئە پىلانىڭلارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈنمىدى تېخى! ھەرھالدا، سېنىڭ تۇيۇقسىز قولغا چۈشۈپ قېلىشىڭ ئىچكى پېتىنىشماسلىق زىدىيىتىڭلارنىڭ نەتىجىسى بولغاي. ئەندى سېنىڭ ئۇيغۇر تېررورچىلىرىغا ئەسقاتىدىغان يېرىڭمۇ قالمىدى دېيىشكە بولىدۇ. يەنى دېمەكچىمەنكى، ئەندى سەن بولمىساڭمۇ، بۇ پاجىئە يارىتىش ھەرىكىتىڭلار ئۆزلىگىدىن توختاپ قالىدىغاندەك ئەمەس. گويا ھەممە ئۇيغۇرلار بىرەر خىتاي پاجىئەسى ياراتمىسا ئۇ كۈنىسى ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئۇيقا كەلمەيدىغاندەك بىر خۇمار بولۇپ قالغاندەكلا قىلىدۇ. مەلۇم بىر مەنىدىن ئالغاندا سەن ئۆزەڭنىڭ تارىخى ۋەزىپىسىنى مىللىتىڭ ئۈچۈن ئادا قىلىپ بولغان ئادەمسەن. بۇ نوقتىدىن ئالغاندا سەن مەخسىدىڭگە يەتكەن ئادەم ھېساپلىنىسەن. بۇ جەھەتتە مەنمۇ سەندىن قىزغىنىمەن: سېنى خەلقىڭنىڭ بىۋاستە تونىشى لازىم ئەمەسكەن. ئەسلىدىنلا بۈگۈنكى شارائىتىڭلاردا بۇنداق

_ ھە، نېمە دەۋاتاتتىم؟! شۇنداق، بۇ يەردىكى نەچچە ئون مىليونلۇق خەلقىمىنى، نەچچە يۈز مىڭ مۇنتىزىم ھەربىيىمىزنى، نەچچە يۈز مىڭ ھەرخىل ساقچىلىرىمىزنى، بۇ زېمىننى بىزنىڭ قىلىمىز دەپ نەچچە ئەۋلادنى بېغىشلىغان مىليونلىغان بىگۈتۈن ھەربىيلىرىنى، قوراللىق ساقچى، مىنبەگلار، جاسۇس- ئىشپىيونلار، ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار، مەيلى خالاپ ياكى مەجبۇرى بولسىمۇ بىزنى ھىمايە قىلىدىغان، بىزدىن قورقىدىغان، بىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان، پۇل، مال، مەنسەپ، ئۇنۋان، كەسىپ، ئابروي، شەخسى ئاداۋەتلىرىنى دەپ بولسىمۇ بىز بىلەن ھەمكارلىشىشنى تەرغىپ قىلىدىغان يەرلىكلىرىڭلارنىڭ نەچچە مىليونلۇق سانىنى قوشۇپ سانايدىغان بولساق، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىكى دۈشمەننى ئون مىليون بىلەن ھېساپلاشقا مەجبۇرسىلەر. بۇ سانىغانلىرىمنى سىلەرگە جىم تۇرۇپ بېرىدۇ دەپ ئويلىمايدىغانسىلەر ھەرھالدا. سىلەر ئۇلارنى ھەر قانچە قورقۇنچاق، ھەرقانچە نادان، ھەرقانچە نامرات دېگىنىڭلاردىمۇ، ئۇلار يەنىلا سىلەرنىڭ ۋە سىلەرنى ھىمايە قىلىدىغانلاردىن بىلىملىك، سىلەردىن باي، سىلەردىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قورال ئىشلىتىشنى، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىشنى سىلەر تەرەپنىڭ ئادەملىرىدىن ياخشى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدا بارلىق سىياسەت، بارلىق قانۇن، بارلىق ئەسكەر، بارلىق زامانىۋي ئەسلەھەلەر بار. دۇنيادىن ھەرقانچە قالاق دېسەڭلارمۇ سىلەرگە نىسبەتەن يۈزلەرچە، ھەتتا مىڭلارچە ھەسسە ئىلغار ۋە كۈچلۈك قوراللارغا ئىگە — ئەگەر سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكىنى قورال دېيىشكە توغرا كەلسە! ئەگەر بېيجىڭدىن دەرھال ياردەم ئالالمىغىدەك ھالغا كەلسە، ئەتراپىدىكى خالىغان بىر دۆلەتتىن دەرھال ياردەم ئالالايدۇ. ھەتتا سىلەر ئالاھىدە ئىشىنىپ يۈرگەن يىراقتىكى تۈركلەردىنمۇ ئاسانلا ياردەم ئالالايمىز. ئەنە شۇنداق بىر كۈچنى ھېلىغۇ قاراڭغۇلۇقتىكى ئۇرۇش بىلەن ئىش باشلاپسىلەر، بىرەر مىليونلۇق مۇنتىزىم قوراللىق ئارمىيەڭلار بولغىنىدىمۇ يېڭىپ چىقالمايسىلەر. ھېچ ئامالىمىز قالمىغاندا بىر- بىرىمىزنىڭ گۆشىنى يەپ بولسىمۇ ھاياتىمىزنى ساقلاپ تىركىشەلەيمىز. سىلەر دېگەن قوي- كالىدىن، بۇغداي- قوناقتىن باشقا بىرنېمە يېيەلمەيدىكەنسىلەر.

خىتاي ئوفىسېرى تاماكىسىنى يەڭگۈشلىۋېلىپ، گېپىنى داۋام قىلدى:

_ ھە دېگەندىلا تىركىشىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ يۈرمەيلى. بىز ئەندى بۇ ۋەتەننىڭ يېتىشتۈرگەن ئەۋلاتلىرىمىز. بىز ئۆز مىللىتىمىزنىلا ئەمەس، سىلەرنىمۇ بىرلىكتە ئەركىن ۋە پاراۋان ياشىتىشنىڭ چارىلىرىنى بىرلىكتە ئويلىنىشىمىز كېرەك. سەن بىزنىڭ دېموكراتچىلىرىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق بىر جەمىيەت يارىتالايدىغانلىقىغا

سېنى ئاللىمۇقاچان ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ بولغانىدى. مەنمۇ بىر خەنزۇ بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆز خەلقىمنى سۆيۈشتە ئەڭ كامىدا سەندىن كېيىن قالماسمەن. مەنمۇ خەلقىمنىڭ بالدۇرراق بۇ ئاخماقانە ئىدىيىنىڭ قۇربانلىقى بولۇشىدىن قۇتۇلۇپ پاتراق ئىلغار دېموكراتىك تۈزۈمگە، كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا ئېرىشىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىۋاتقانلارنىڭ بىرىمەن. شۇنداق بولغاچقا، مەن ئۈچۈن سىلەردەك تارىخىي پۇرسىتىنى ئاللىمۇقاچان يوقىتىپ بولغان نەچچە مىليونلۇق بىر ئۆلىۋاتقان مىللەتنىڭ تەقدىرى قىلچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. مەن سېنى قاراشلىرىمغا قايىل بول دەپ زورلىۋاتقىنىم يوق. ئەسلىدىنلا سىلەرنىڭ يېقىنقى بىر- ئىككى ئەسىردىن بۇيانقى ئەجدادلىرىڭلار قۇدرەتلىك مىللىي دۆلەت قۇرۇش پۇرسەتلىرىنى كەينى- كەينىدىن قولدىن بېرىپ كەلگەن بىر مىللەتسىلەر. بۇ تارىخىي ئېغىر خاتالىقىڭلار، توغرىسى مەغلۇبىيىتىڭلارنى سىلەرنىڭ بۇلۇڭ- پۇشقاقلاردا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ تۈزىتەلىشىڭلارغا مەن شەخسەن زادىلا ئىشەنمەيمەن. بۈگۈن شىنجاڭدا سىلەردىن كۆپ خەنزۇ ياشىماقتا. ھەتتا ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان شىنجاڭلىق بولۇپ كەتكەنلەر. ئۇلارنى ئەندى خىتاي دېمەستىن ئۇيغۇر دەۋرسەڭلارمۇ خاتا بولمىغىدەك بىر ھالغا كېلىپ بولغان. ئۇلارنىڭ بارىدىغانغا باشقا يېرىمۇ قالمىدى. ئىچكىرىسىنى بىلسەن، ئۇ يەرلەرگە يىڭنە تاشلىساڭمۇ يەرگە چۈشمىگىدەك ئادەمگە توشۇپ كەتتى. ئۇلارنى مىڭ قوغلايمەن دېسەڭلارمۇ، ئۇلار بۇ يۇرتنى جان تىكىپ ساقلاشتا سىلەردىنمۇ پىداكار روھقا ئىگە. گەرچە بۇ يىللاردا بۇ يەرنى تاشلاپ قېچىۋاتقانلار كۆپىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنىشى مۇمكىن. ئويلىمىغىنىكى، ئۇلار بۇ يەرنى سېغىنمايدۇ، دەپ. ئۇلار بۇ يەرنىڭ قۇم- توپىسىنىڭمۇ پۇرىقىنى پۇرىۋېلىشقا بولسىمۇ جېنىنى بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى تېخى ئەندىلا ھېس قىلىشماقتا. دېگەندەك، يېقىنقى ئەسىرلەردىن بۇيان، ھۆكۈمەتلىرىمىز سىلەرگە قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. سىلەرنى پەس كۆرىدىغان، چەتكە قاقىدىغان، ھەتتا سىلەرگە ئېغىر زەربىلەرنى بېرىدىغان ئىش- ھەرىكەتلىرىنى سادىر قىلىپ كەلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن، كەينىمىزدە قالغان ئىشلار. ھەرقانچە نارازى بولساڭلارمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. بۇ ھۆكۈمەتلىرىمىز سىلەر تۇرماق، بىز ئۆزىمىزگىمۇ نېمە ئەسكىلىكلەرنى قىلمىدى دەيسەن. چىرىگەن، نىيىتى قارا بولغان، نادان بولغان ھۆكۈمەتنىڭ قول ئاستىدا ياشاشنىڭ ئاقىۋىتى ھەممىلا ۋاقىت ھەممىلا يەردە ئوخشاش. ئۇنداق يەردە نە بىر ئىلگىرلەش بار ياكى بىرەر پاراۋانلىق. _ خىتاي ئوفىسېرى قايناق سۈيىنى يېگىلىغاچ يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

قاچۇرىۋېتىشنى پىلانلىشىۋاتىدۇ. بۇنداق ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بۇگۈنلا ئەمەس، ئەتىگىمۇ لازىم دېيىشىپ بۇ قارارنى ئېلىشتى. بەك كېچىكىپ قاپتىمىز، ئامال قانچە. شۇنداقتىمۇ، ئۇ دوستلىرىم يوقۇرىدىكىلەرگە بىر نېمىلەرنى دەپ يۈرۈپ، سېنىڭ ئۆلۈم جازايىڭنى ئىجرا قىلىش ۋاقتىنى مۇددەتسىز كېچىكتۈرگۈزەلىدى. ئاڭغىچە قالغان چارىلار ئۈستىدە باش قاتۇرىشىۋاتىدۇ. بۇندىن كېيىن ئىككىمىز يەنە كۆرۈشەلەمدۇق- يوق، بىلمەيمەن. ھەرھالدا ...

— باۋگاۋ شاڭشياۋ شەنسېڭ، فەن خاۋلې! — دېگەن ۋارقىرىشى بىلەن بۇ ئوفىسېرنىڭ گېپى ئۈزۈلدى.

— سوڭ جىنلەي! — دېيىشى بىلەن تەڭ، ئىككى خىتاي گۇندىپاي ئىككى تەخسە گۆشلۈك لەغمەننى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ كەنتىرنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، چاس بېرىپ چىقىشقا تەمشىلىشىدى، ئوفىسېر ئۇلارنى توختاتتى — بۇ يېقىنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ پۇشۇرغان كاۋىپى تېپىلامدىكەن؟!

ئوفىسېر، گۇندىپايلارنىڭ بولىدۇ دېگەن جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن، يانچۇقىدىن يۈز يۇەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ قالغىنىنىڭ ھەممىسىگە كاۋاپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. گۇندىپايلار قايتا چاس بېرىپ ماڭغىلىۋاتقىنىدا، ئوفىسېر يەنە ئۇلارغا دېدى:

— بۇنىڭغا يېڭى تۇرمە كېيىملىرىدىن بىر قۇر تېپىپ كىرىڭلار، قېلىنراق بولسۇن. ئۇچىسىدىكىنى ياخشىلاپ بىر يەردە ساقلاپ قويۇڭلار. — دەپ جېكىلىگەن بولدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ مەخپى دېموگراتچى خىتاي، قاسىمنى 'ھەقىقىي توغرا يولغا قايتۇرغانلىقىغا ئىشىنىپ قالدىمۇ ئەيتەۋىر، يەنە مۇنداق دەپ قوشۇپ قويدى:

— خاتىرجەم بول، پات ئارىدا چوقۇم ھاكىمىيەتنى دېموگراتچىلار قولغا ئالىدۇ! — قاسىم تامىغىنى ئالاھىدە ئىشتەي بىلەن يېدى. زىخ كاۋاپتىنمۇ خېلىلا يېدى. ئۇنىڭدا قىلچىلىك تارتىنغانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيتتى. تاماقتىن كېيىن خىتاي ئوفىسېرى قاسىمغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ خوشلىشىپ قالدى.

يېرىم يىلدىن بۇيان قاسىم تۇنجى قېتىم تاياق يېمەي، پاكىز تۇرمە كېيىملىرى بىلەن كامېرغا قايتۇرۇلىۋاتاتتى. بىر قولىدا پاختىلىق چاپاندىنمۇ بىرى بار ئىدى.

— ئوڭغا! ... سولغا! ... ئۇدۇلغا! ... — دېگەندەك ۋارقىراشلار بىلەن كەينىدىن كېلىۋاتقان گۇندىپايلاردىن بىرسى ئاستا قاسىمغا پىچىرلاپ قويدى: "بۇ ئەمەلدار بەكلا ياخشى ئادەم."

بۇ قېتىم قاسىمنىڭ يېپ-يېڭى تۇرمە كېيىملىرى بىلەن پارقىراپ

ئىشەنمەي بۇ چارىنى ئويلاپ تاپقان بولىشىڭ مۇمكىن. ياكى بولمىسا سەن ئوقۇغان 'ئىزچى مەن' دېگەندەك كىتاپلاردا مۇستەقىللىغىڭلارنىڭ چارىسى سۈپىتىدە ئەنە شۇ خىل يولنى سىلەرگە مەسلىھەت قىلىنىۋاتقان بولىشىمۇ مۇمكىن. سەن ياكى ساڭا ئوخشاش ئالىم دېيىشكە بولىدىغان كىشىلەر ئىچىمىزدىن ئۈزۈلمەي چىقىۋاتقان قارا نىيەت، نادان ياكى ياۋايى كىشىلىرىمىزنىڭ سىلەرگە سېلىۋاتقان ئادەم قېلىپىدىن چىققان ئېغىر ئازابلاشلارغا قاراپلا بىزنىڭ ھەممىمىزگە بۇنداق پاجىئەلىك ئۆلۈملەرنى راۋا كۆرگەن بولىشىڭمۇ مۇمكىن. مەن سېنىڭ ئۆتكەندىكى خەلقىمىزگە قىلغان ۋەھشىلىكلىرىڭنى سۈرۈشتە قىلىش نىيىتىدە ئەمەسمەن. بەلكىم سېنىڭ ئورنىڭدا مەن بولسامچۇ، مەنمۇ شۇ يولغا كىرىپ قالامدىن كىم بىلىدۇ؟! ھەتتا بىز سىلەردىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىشىمىز تۇرغانلا گەپ. ياپونلار بېسىپ كىرىۋىدى، ئارمىيىسى تۇرماق دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ياردەم قىلىۋاتقىنىغا قارىماي، ياپون بالىلىرىنى، ئاياللىرىنى، قېرىلىرىنى تۇتۇۋالغىنىدا تېرىك تۇرغۇزۇپ يۈرىگىنى سۇغۇرىۋېلىپ قورۇپ يەۋەتكەنلەرمۇ بولغانىكەن. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا سىلەرنىڭ قىلىۋاتقىنىڭلار نېمىدى! دېمەكچىمەنكى، سەن بۇرۇن بىزدىن قانچە كىشىنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭگە ئەندى قىزىقمايمەن. مەندىن سورىساڭ، ئۇ ئۆلگەنلەر پەقەت تەلىيى يوق يۇرتداشلىرىمىز ئىكەنلا دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدا ياشاۋاتقان نەچچە ئون مىليون ئادىمىمىزدىن بىرنەچچە مىڭىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى بىلەن ئادىمىمىز كامىيىپ قالامتى؟! بۇ يەردە ھېلىمۇ يېتىپ ئاشقىچە ئادىمىمىز تۇرۇپتۇ. مېنىڭ سەندىن كۈتىدىغىنىم، سەنمۇ بىر ئوقۇغان ئادەمسەن، بىز بۇ يەردە بىرلىكتە تېنچ ياشىماقتىن باشقا چىقىش يولىمىز يوق. ئىچىمىزدىكى نادانلارنىڭ ئەتىلا تۈگەپ كېتىدىغانلىقىغىمۇ كاپالەتلىك قىلالمايمىز. ئەمما شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، سېنىڭدەك ئەقىللىق ئىنسانلار مەيلى سىلەردە بولسۇن ياكى بىزدە بولسۇن، چوقۇم كۈنسايىن كۆپىيىپ بارىدۇ. بۇنداقلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ يەردىكى ناھەقچىلىكلەرمۇ بارغانسىرى ئازىيىپ بارىدىغانلىقىغا قىلچە گۇمان يوق. _ گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بۇ خىتاي ئاۋازىنى پەسەيتىپ قاسىمغا بوينىنى ئۈزارتىپ تۇرۇپ دېدى، _ سەن ئىشەنگىنكى، ھەممە كىشى تەڭ باراۋەر ياشىيالايدىغان ۋەزىيەت چوقۇم پات يېقىندا يارىتىلىدۇ. ئۇ كۈنلەرگە بارغاندا بۇرۇنقىدەك مىللىي ناھەقچىلىكلەرگە زادىلا پۇرسەت بېرىلمەيدۇ! مەنمۇ شۇ يولنى تۇتقانلاردىن بىرىمەن. شۇڭا، يېقىندا سېنىڭ دېلويىڭ ھەققىدە مەخپىي ھەيئىتىمىزدىكىلەرگە سۆزلەپ بەرگەنىدىم، ئۇلار سېنىڭ يازغان پىسخولوگىيە توغرىسىدىكى ماقالىلىرىڭنىڭ تەرجىمىسىنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلغانىدى، مەن ئاپىرىپ كۆرسەتتىم. ئۇلار سېنى قۇتۇلدۇرۇپ بىرەر دۆلەتكە

يېقىنلاشقىنىدا سۇ توختاپ قېلىشىنىڭ ئازاۋىنى دېمەڭ تېخى! كۆكتاتخانىلاردىن تاشلاندۇق كۆك پارچىلىرىنى يىغىپ كېلىپ ئۇماچىنىڭ يۈزىگە ئازىراق بولسىمۇ رەڭ قوتۇش، بۇ ئانىنىڭ كۆڭلىنى ئازىراق بولسىمۇ خوشال قىلاتتى. بىچارە ئانا بۆشۈكتىكى بالىسىنى ئېتىگىگە ئولتۇرغۇزىۋېلىپ، قازاندا توقۇرۇخشىپ قايناۋاتقان ئۇمىچىغا قاراپ بالىلىرىنى باغرىغا بېسىپ مۆلدۈرلەپ يىغلىغانلىقىنى قاسىم نۇرغۇن قېتىم كۆرگەنىدى. بەزىدە دادىسى بىر يەرلەردىن بىرەر پارچە ئاق نان پارچىسى تېپىپ كىرسە، بىچارە ئانا خوشاللىقىدىن كىچىك بالىدەك ئويناقشىپ كېتەتتى- دە، ئۇنى دەرھال ئۇششاق پارچىلارغا بۆلۈپ سۇندۇرۇپ ئاقنانغا كۆزلىرىنى تىكىپ مۆلدۈرلىشىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان بالىلىرىغا بۆلۈشتۇرۇپ بېرەتتى. ئۆزى ئالقىنىدا قالغان ئۇۋاقلىرىنى ئاغزىغا كاپ قىلىپ، ئاقناننى مەززە قىلىپ يېيىشىۋاتقان نارسىدە ئۇماق بالىلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپ يايراپ كېتەتتى. مانا بۇ، بۇ ياش ئانىنىڭ بىردىن- بىر خوشاللىقى ئىدى! بۇ ئاي- بۇ كۈنلەردە، كىملەرنىڭ ۋە نېمە ئۈچۈن تەكلىپ قىلغانلىقىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان قومدەك مىغىلداپ كېلىۋاتقان ئاچ- يالىڭاچ خىتايلارنى كۈتۈۋالىمىز دەپ ئۇ يىللىرى نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى بۇ ئەلنىڭ ئاق كۆڭۈل ئىنسانلىرى- ھە؟! ئەنە شۇ خىتايلار مانا بۈگۈن شۇ مېھماندوس ئۇيغۇرلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش ياكى ئۆز يېرىدە يوقىتىۋېتىشنىڭ چارىسىنى ئىزدىشىپ نېمە ۋەھشىلىكلەرنى قىلىشمىدى، ئىلانغا رەھىم قىلساڭ كۆرىدىغىنىڭ شۇ- دە، ھەي رەھىمسىز خىتايلار! ھېلىمۇ ياخشى، قاسىمنىڭ تۇرۇۋاتقان شەھىرى ئەڭ باياشات يەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. نۇرغۇن يەرلەردە يەيدىغانغا قوناق يىلتىزلىرىمۇ قالماي، دەرەخ قوۋزاقلىرىنى قايىنتىپ ئىچىشلارمۇ ئادەتتىكى ئىشلارمىش! ھەتتا باي ناھىيىسىدە پۈتۈن ئىسكىلاتتىكى ئاشلىقلارنى ئاپەت ئاستىدا قالغان خىتاي يۇرتداشلىرىغا ساقلايمىز دېيىشىپ قارار ئېلىشىپ، يۇرتنىڭ يېرىمىغا يېقىن ئادىمى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى! ... قاسىم كېيىن بىر ئىش بىلەن پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات يۇرتىغا بارغىنىدا، يىغىن زالىدا باي ناھىيىسىدە نەچچە ئون مىڭ ئۇيغۇرنى سۈنئىي ئاچارچىلىق پەيدا قىلىپ ئۆلۈشكە باش سەۋەپچى بولغان سابىق ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارىنىڭ 'مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ نەتىجىلىك ئۇسۇللىرى' دېگەن تېمىدا 'ئىلمىي دوكلات' قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئۇ جالالات خىتاي، كېيىن مىللىي ھېسسىياتلارنى ۋە مىللىي نارازىلىقلارنى باستۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىش پروگراممىسى بويىچە پائالىيەت قىلىدىغان مىللەتلەر تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى قىلىنغانىكەن! بۇلارنىڭ ھەممىسىلا شۇ بۈگۈنكى تېرىسىگە پاتماي يەرلىكلەرنى دەسسەپ يۈرگەن خىتايلارنى

كۆلۈمسىرىگىنىچە تۈنجى قېتىم ئۆزى مېڭىپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۇرمىداشلىرىنىڭ ئاغزىلىرى ئېچىلىپلا قالغانىدى.

_ بۇنىمۇ ئىلمەككە ئىلىشىپتۇ- دەڭلا. _ دەپ يېنىدىكىسىگە پىچىرلىدى مۇھاجىر.

بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن گۇندىپايلار شاراخشىتىپ كامېرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ۋارقىراشتى:

_ قەرىن تۆئېردى چۇلەي!

_ بايا ساڭا دېمىدىممۇ، ئۇ بىرنى سېتىپ بولغانىكەن. _ تۇردى يېنىدىكىسىگە پىچىرلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كامېردىن چىقتى.

خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن گۇندىپايلار مۇھاجىرنى دارقىرىتىپ سۆرىشىپ كامېرنىڭ ئىشىگىدىن ئىچىگە تاشلىۋېتىشىپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ كېتىپ قېلىشتى.

قاسىم يەردە ياتقان تۇردىنىڭ بېشىنى يۆلەپ قاراپ باقتى. ھوشسىز ياتقان تۇردى قىمىر قىلماي ياتاتتى. قاسىم ئۇنىڭ بېشىغا يېڭى پاختىلىق چاپىنىنى سېلىپ قاتلاپ ياستۇق قىلىپ قويۇپ بەردى. ئاندىن بىر بۇلۇڭدا دۈگدەيگىنىچە ئولتۇرۇپ ھېلىقى خىتاي ئوفىسېرىنىڭ دىگەنلىرىنى ئەسلەشكە تىرىشىپ كۆردى. ئەمما ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن ھېچنېمە ئېسىدە قالمىغانىدى. پەقەت، بايا يىگەن مىزلىك كاۋاپنىڭ تەمى تېخىچىلا ئاغزىدىن كەتمىگەنىدى: " بۇ تەم ئۇچۇنمۇ ئۆلۈشكە ئەرزىمدۇ- قاندۇق؟!..."

قاسىمنىڭ خىيالىغا نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ ئاپىسى كېلىپ تۇرىۋالدى.

"بىچارە ئاپام، تۆت بالىسىنى قاتارغا قوشىمەن دەپ نېمە جاپالارنى تارتمىدى!" _ قاسىمنىڭ كۆز ئالدىغا بالىلىق چاغلىرى كېلىشكە باشلىدى. ...

بىچارە ئانا، بىر قولىدا قاسىمنى يېتىلەپ، يەنە بىر قولىدا ئەسكى چېلەكنى كۆتۈرۈپ مەھەللىسىنىڭ كەينىدىكى پىنتۇزاخانىنىڭ ئەخلەتخانىسىغا بېرىپ ئىلمەك تۆمۈر بىلەن ئەخلەت- كۆللەرنى چوخچىلاپ بىرنېمىلەرنى ئاختۇراتتى. ئارىلاپ بالىسىنىڭ قولىنى قويىۋېتىپ بىرمۇ پارچە چالا كۆيگەن شاخار، ئوتۇن پارچىلىرىنى ئېلىپ چېلەكگە تاشلايتتى. ... نېرىقى مەھەللىنىڭ سۇ تۇربىسىغا ئەپكەش كۆتۈرۈپ بېرىپ سۇغا ئۆچىرەت تۇراتتى. تاكىراڭشىپ قاتار تىزىلغان چېلەكلەرنىڭ قول پومپىسىنى ھەر باسقاندا كولدۇرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۇ تۇربىسىغا بىر- بىرلەپ يېقىنلىشىشىنى كۈتۈشتىن زېرىككىشلىك بىر ئىش بۇ دۇنيادا بولمىسا كېرەك؟! مىڭ تەستە جۇمەككە

ئۇكىلىرى بىلەن بىرگە بۇ سىرلىق خالتىغا ئۆزلىرىنى ئېتىشاتتى. ئىچىدىن بىر- ئىككى پارچە ئوتۇن، ئەسكى كىتاپلار، تەلەيلىرى كېلىپ قالسا بىرەر- ئىككى باش سەۋزە- ياڭيۇ چىقىپمۇ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار قوشقاچتەك ۋىچىرلاشقىنىچە ساڭا جىق كەتتى، ماڭا ئاز تەگدى دېيىشىپ يۇرۇپ سەۋزىنى بۆلۈشۈپ مەززە قىلىشسا، ياڭيۇنى دەرھال ئوچاقنىڭ ئاستىدىكى كۈلگە كۆمۈشەتتى. كەچلىك ئوماچ پىشقىچە بىر يېنى پىشىپ كۆيۈپ كەتكەن، يەنە بىر يېنى خام قالغان بۇ قومچامغۇرلىرىنى تولا كوچىلىشىپ پىشىشقىمۇ پۇرسەت بېرىشمەي دەرھال بۆلۈشۈپ غاجىلىشىشقا كىرىشەتتى. تاماق پىشقىچە ئارىلىقتا ھەممىنىڭ ئاغزى- بۇرنى قاپقارا بويىلىپ بولاتتى.

...

ئۆيدە ئولتۇرمايدىغان بۇ دادا، بالىلىرىنىڭ بۇ پاجىئەلىك قىياپىتىنى كۆرۈشكە چىدىماي سىرتقا قېچىپ كېتەمدىغاندۇ ياكى بالىلىرىنىڭ بۇ ئاچكۆزلىكىدىن نەپرەتلىنىپ يوقۇلۇپ كېتەمدىغاندۇ؟! ... ئىشقىلىپ، ئۇ كۈنلەرنىڭ بالىلىرى ئاساسەن ئەنە شۇنداق كۈنلەرنى ياشاپ بالا بولغانىدى.

قاسىم ئوبدانلا ئېسىنى بىلىپ قالغان يىللىرى ئىدى. دادىسىنىڭ ئىدارىسى خىتايلار بىلەن لىق تولغان، ئاز قالغان ئۇيغۇرلارنىمۇ بىر يەرگە يىغىۋېلىشىپ يېرىم كېچىلەرگىچە بىرنېمىلەر دەپ سۆزلەتكۈزىدىغان، ئارىلاپ ئارىلىرىدىن بىرقانچىسىنى تاللاپ ئىنچىكە ئۇزۇن قەغەز قالپاقلارنى كەيگۈزۈشۈپ سازايى قىلىشىدىغان بىر ۋاقىتلار ئىدى. شۇ قاتاردا دادىسىنىمۇ يىغىپ سولىۋېلىشتى. ئاپىسىنىڭ دېيىشىچە، يوشۇرۇنچە ناماز ئوقۇغانلىقىدىن سولاپ قويۇشقانىمىش. دادىسىنى باشقىلاردەك ئۇزۇن قالپاق كەيگۈزۈش، بوينىغا ئېغىر چۆيۈن مەشلەرنى ئېسىپ قويۇش ياكى دۈمبىسىگە خىتايچە يوغان خەت يېزىلغان لاتىنى تىكىپ كوچا سۆيۈرتىشلەرگە مەجبۇرلىمىغان بولسىمۇ، قانداقتۇ بىر مەسىلىلىرىنى تاپشۇرۇشقا قىستىشىپ بىرنەچچە قېتىم سەھنىگە چىقىرىپ دوڭغايتىپ تۇرغۇزۇلغانلىقىنى كۆرگەن قاسىم، داداممۇ ياخشى ئادەم بولمىسا كېرەك دېگەن گۇمانغا كېلىپ قالغانىدى. "ئاپا، دادام نېمە گۇناھ قىلىپتىكەن؟!" دەپ سورىغىنىدا، ئاپىسىدىن بىر تەستەك 'مۇكاپات' ئالغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي دادىسى يىغىۋېلىشتىن چىقىرىلىپ ئىشىغا بېرىپ كېلەلەيدىغان بولدى. 'جىن- شەيتاننىڭ پۇشتى، قارا بەش خىل ئائىلە پەرزەنتى' دېگەن ئاتاقتا قېلىش، ئۇنىڭ ئۇچۇن ساۋاقداشلىرى ئالدىدا بەكلا خورلىنىش بولۇپ بىلىنەتتى. دېمىسىمۇ سىنىپىدىكى ۋە مەكتىۋىدىكى ساۋاقداشلىرىنى ئاتا- ئانىسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ 'قىزىل بەشخىل ئائىلىلەر پەرزەنتى، ئوتتۇرىدىكى بەشخىل ئائىلىلەر پەرزەنتى، قارا بەش خىل ئائىلىلەر

قوتقۇزۇپ قېلىشنى تۈپكى مەخسەت قىلغان پىلانلىق ئىشلار ئىدى. بۇنىڭدىن نارازى بولغان ياكى شۇنداق گۇمان قىلىنغان بىرمۇ مىليون يەرلىك، ھەرخىل بەدناملار بىلەن سانائەت رايونلىرىدىن ھەيدىلىپ چەت يېزىلارغا قوغلاندى ياكى تۈرمىلەرگە سولاندى. قاسىمنىڭ دادىسىمۇ بۇ تۈردىكى تەغدىردىن قىل كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندەك مىڭ تەستە ئۆتۈپ ئاران قوتۇلۇپ شەھەردە ياشاش ھەققىگە ئېرىشەلىگەن ئاز ساندىكى 'تەلەيلىك' لەرنىڭ بىرى ئىدى. ...

قاسىم، بۈگۈن ئولتۇرۇپ ئويلىغىنىدا، شۇ ۋاقىتتىكى ۋەقەلەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى: ئۇ يىللاردا، ۋەتىنىمىزگە خىتايدىن تېخى پويىز رەسمى قاتنىمىغان بولسىمۇ، بارلىق سىناق قىلىپ ماڭغۇزۇشلار ئاساسەن پۈتكەن بىر ۋاقىتلار ئىدى. ئەنە شۇنداق بىر پەيىتتە، «خ پ» يەرئاستى تەشكىلاتى سەلدەك ئەزا كۆپەيتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇ پارتىيىنىڭ پائالىيىتىنى ئاساسەن ئاشكارە ھالەتكە كەلتۈرۈشكەنىدى. ئۇ يىللاردا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەتىنىمىزنىڭ سانائەت، مۇلازىمەت ۋە كان ئىشلىرى ساھەلىرى خىتايدىن كەلتۈرۈلىدىغان ماڭلۇر ئىشچىلار بىلەن زادىلا تولۇقلاش ئىمكانى بولمىغاچقا، ئاساسەن يەرلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر بىلەن تولۇقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەنە شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، «خ پ» كەڭ كۆلەمدە ئاشكارە دېگىدەك ئەزا كۆپەيتىش دولقۇنى يارىتىشتى. نەتىجىدە، يۈزمىڭلىغان يەرلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر بۇ پارتىيىگە ئەزا بولۇپ تىزىملىتىلدى. ئاندىن بۇ تۈردىكى يەرلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر بارلىق سانائەت ۋە كان رايونلىرىدىن لاگېرلارغا يىغىۋېلىنىپ بىراقلا ئىشتىن ھەيدىلىپ يېزىلارغا سۈرگۈن قىلىۋېتىلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا كەينى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان پويىزلاردا توشۇپ كېلىنگەن مىليون كىشىلىك خىتاي ماڭلۇرلىرى جايلاشتۇرۇلدى. 'ئاچارچىلىق ئاپىتى' مۇ دەل ئەنە شۇ پەيىتتە ئوتتۇرىغا چىققانىدى. ئەجەبا بۇ ھادىسىلەر «خ پ» نىڭ خاتا پىلانلىشىدىن ئوتتۇرىغا چىققانمۇ ياكى ...

خەيرىيەت، قاسىم ئۇ يىللىرى دادىسىنىڭ كۈلگىنىنى زادىلا ئەسلىيەلمەيتتى. قاپىغى تۈرۈكلا يۈرىدىغان بۇ دادىدىن قاسىم قورقۇپلا يۈرەتتى. بۇ دادىنىڭ شۇنچە قېيىن كۈنلەردە، بالىلىرىم ئۈچۈن دەپ ئاچلا يۈرىدىغانلىقىنى، بالىلىرىم ئۈچۈن تىجەيمەن دەپ شۇنچە يىراقتىكى ئىشقا پىيادە بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئاچلىق، ھارغىنلىق، ھەرخىل سىياسىي، مىللىي ۋە ئىقتىسادىي بېسىملار ئاستىدا قالغان بۇ دادىنىڭ يۈرىگە كۈلكە كەلمەسلىكىنى قاسىم ئۇ ياشلىرىدا قانداقمۇ چۈشىنىپ يېتەلىسۇن! ئىشتىن قايتىشىدا، تاغار پارچىلىرىدىن ئۆزى تىكىۋالغان 'سومكا' سىنى 'تاراق!' قىلىپ تاشلاپلا ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى. دادىسى ئىشىكتىن ئۇزاقلىشا- ئۇزاقلاشمايلا قاسىم

تولۇق ھېس قىلىش ئالامەتلىرى ئىجتىمائىي شامال ھالىتىگە ئايلىنىپ، خىتايلار بىلەن تىركىشىشنىڭ كلاسسىك يوللىرىنى ئاختۇرۇشۇپ يۈرگىنىدە، يەنە قانداقتۇ بىر مەخپىي ئىچكى كۈچلەر تەرىپىدىن پاش قىلىنىپ خىتاي ۋاستىسى ئارقىلىق بىرمۇ-بىر باستۇرۇۋېتىلدى. ئەندى خەلق، خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلىشىپ چەتئەللەرگە قېچىپ كېتىشكەن ياكى خىتاي تۈرمىلىرىدە قامىلىپ ياتقان كونا تېنچ پائالىيەت پروگراممىلىرىنى ھەرىكەت ئۇسۇلى قىلىپ تاللىۋېلىشقان مىللەتچى كۈچلەرگە ئۈمىد باغلاشقا باشلىدى. قىزىق يېرى، ماۋ زېدوڭنىڭ ئۆلۈمى بۇخىل 'پانچى، چىنچى' دېگەندەك خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئىزچىل رەت قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ بىردىن- بىردىن تۈرمىلەردىن قويۇۋېتىلىشى بولۇپ، ئۇلار تۈرمىدىن چىقار- چىقماي دېگىدەك يەنە شۇ بۇرۇنقى مۇقاملىرىنى بىردىن- بىر قوتۇلۇش يولى دېيىشىپ شەخسىي سورۇنلاردا، دەرسخانىلاردا، ئىلمىي مۇھاكىمە سورۇنلىرىدا ھاياتىنىڭ قايتا خەۋپ ئاستىدا قېلىش ئېھتىمالىدىن قىلچە ئەنسىرەشمەي، پىداكارلىق بىلەن تەرغىب قىلىشقا كېرىشتى.

ئۆز مىللىتىنىڭ كىملىگىنى، نەدىن قانداق قىلىپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالغانلىقى ياكى ئەزەلدىن بۇ يەرلەردە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ دەۋرلەرگىچە نېمىلەر قىلغانلىقىنى، قانداق قىلىپ بۈگۈنكى ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىشكە تەشنا ياشلار ھۇنلارنىڭ، ئىگىز ھارۋىلىقلار دېيىلگەن قاڭقىللارنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ، قاراخانىلىقلارنىڭ، سەئىدىيىلىكلەرنىڭ، بەدۆلەتنىڭ، ... دېگەندەك دەب- دەبىلىك تارىخىي داستانلىرىنى ئاڭلىشىپ، دىلنۇدە قورقۇپ ئەتراپىدىكىلەرگە قارىشاتتى. بۇلارنى سۆزلەۋاتقانلارنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىشەتتى، سەل كۆنۈپ قالغىنىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ جاسارىتىدىن ئىلھام ئېلىشقا، ئويغىنىشقا باشلىدى. جەمئىيەتتە نۇرغۇن مىللەتچى، ۋەتەنپەرۋەر ياش كۈچلەر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خەۋەرسىز قالغان مىللىتىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ، دىنىنىڭ شان- شۆھرىتىنى قورقماي سۆزلەۋاتقان بۇ ياشانغان پېشقەدەملەرگە قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇلتۇرمايلا سادىق مۇرتلاردىن بولۇپ كېتىشتى.

قاسىم ئەنە شۇنداق بىر مۇھىتتا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى غىل-پاللا كۆرۈپ بولۇپ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ بۇخىل مۇرتلارنىڭ ئىستىخىيىلىك ھىمايىچىلىرىدىن بىرى بولۇپ يېتىشمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە بۇ تۇردىكى مىللەتچى ئېقىملارنىڭمۇ بىرخىل يېتەرسىزلىكلىرىنى، بىرتەرەپلىمىلىكلىرىنى، ھەتتا پىرىنسىپال خاتا جايلىرىنىڭ بارلىقىنىمۇ ھېس قىلغاندەك قىلسىمۇ، 'قويرۇق تاپقىچە ئۆيكە يەپتۇ' دېگەندەك، ئۇزۇن يىللارغىچە بۇخىل تېنچ مىللەتچىلىك ئېقىمىغا سادىق بولۇپ

پەرزەنتى دەپ تۈرلەرگە ئايرىپ بولغان، بۇ جەرياندا قاسىمنى 'قارا' قاتارىغا قوشۇپ قويۇشقا قىل قالغانىدى. سىنىپىدىكى 'قارا' لارنىڭ دادىلىرىدىن خېلى كۆپ قىسمى ئېغىر قىيىن- قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي جان بەرگەن ياكى بۇ ئېغىر خورلىنىشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزىنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋېلىشقانىدى. ئۇنداقلارنى ئازاپلىنىپ ياكى نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆلگەنلەر دەپ چۈشەندۈرۈشنى ھېچكىمدىن ئاڭلاپ باقمىدى. ئۇ يىللاردا مىللىي زۇلۇم، مىللىي نارازىلىق دېگەن ئۇقۇملار يەتتە قات ئاسمانغا چۆرۈۋېتىلگەندەك ئىدى. قاسىمنىڭ ئۇ يېشىدا، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يەرلىك ئۆسمۈرلەر ئارىسىدىكى بۇ خىل شەكىلى ئۆزگەرگەن مۇستەملىكە قۇلى بولۇش روھىنى سىڭدۈرۈش ئويۇنلىرىنى قانداقمۇ پەرق قىلالىسۇن! مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىرى نېمە دېسە، چوڭلىرى نېمە دېسە شۇنىڭغىلا ئىشىنەتتى. بۈگۈن قاسىم ئويلايدىكى، ئۇ يىللاردا چوڭلاردا ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن پىداكارلىق، پەرزەنتلىرىنى ۋەتەن، مىللەت غۇرۇرى بىلەن مەخپىي بولسىمۇ تەربىيەلەش دېگەنلەردىن زادىلا ئېغىز ئېچىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. قاسىم ۋە تەڭتۇشلىرى ئۇ ياشلىرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇرلىقىنى ئۆزگىچە يېزىغى بولغانلىقىدىن تونۇيدىغان، مىللىي ھېسسىياتىنى لەغمەن- پولۇسىدىن ھېس قىلىدىغان، دىنىنى توڭگۇز گۆشى يېمەسلىك دەپ بىلىدىغان ھالەتتە يېتىشتۈرۈلگەنىدى. ئەندى ئويلايدىكى، ئۇ يىللاردىكى خەلقىمىز ئارىسىدىكى مىللەتچى كۈچلەرمۇ مىللىي ئەركىنلىك ھەرىكەت چارىلىرىنىڭ بارغانسىرى ئېغىر مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ كېلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئۆز ھەرىكەت پىلانلىرىنى تېخىمۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتلەرگە سۆرەپ بارىدىغان پراگىراممىلىرى ئاساسىغا تۇرغۇزۇپ، خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئەركىنلىككە تەلپۈنۈش ئىرادىلىرىنىڭ تەدرىجى ھالدا مۇستەملىكە روھى ھالىتىدە يېتىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىش بىلەنلا شۇغۇللانغىنىدەك تەسىراتنى قالدۇرغانىدى. يەنى، خەلقىمىز ئۇ يىللىرى مىللىي ئەركىنلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سىمۋولى بولۇپ شەكىللەنگەن ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىمىزدىن قالغان يوقۇرى تەبىقە كۈچلىرىنىڭ پروگىراممىلىرىدىن تەدرىجى ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈپ، ئەينى ۋاقىتتا ئېغىر پىرىنسىپال خاتالىقلارغا پېتىپ قالغانلىقىغا قارىماي، يېڭى خىتاي تاجاۋۇزچى كۈچلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش ئاساسىدا ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۇرۇنىدىغان غەلىتى قۇللۇق روھى ھالىتىگە پېتىشماقتا ئىدى. 'مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى' دېيىلىدىغان پۈتكۈل دەۋر ئىچىدە ياشلار ئارىسىدا خىتايلار بىلەن ھەمكارلىشىپ مىللىي يۈكسىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ دەيدىغان ئارزۇلىرىنىڭ پۈتۈنلەي خامخىيال ئىكەنلىكىنى خىتايلارنىڭ ئەپتى- بەشىرىلىرىدىن

ساھەلىردە، بولۇپمۇ زامانىۋىي پەن- تېخنىكا ساھەلىردە قىلچە ئاۋازى چىقماي قېلىۋاتقانلىغىنى، يېقىنقى بىر- ئىككى ئەسىر مابەينىدە ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا ئۈز سەلتەنەتلىرىنى يوقۇتۇشۇپ، تەدرىجى شەكىلدە ئەتراپىدىكى شىددەتلىك كۆچىيىپ كېتىۋاتقان رايون، قىتئە، دۇنيا زومىگەر كۈچلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە، بېقىندىلىرىغا، قۇللىرىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىغىنىڭ تۈپكى سەۋەپلىرىنى زادىلا چۈشىنەلمەي قېلىۋاتاتتى. بۇ يەردە ئىنتايىن ئېغىر بىر تەڭسىزلىك مەسىلىسى ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. قاسىم ئويلىنىپ قالدى: "بۇ تەڭسىزلىك تەبىئىي ھادىسىمۇ ياكى ئادەملەرنىڭ خاتالىغىنىڭ نەتىجىسىمۇ؟!"

ئەسلىدە، قاسىمنىڭ دۇنيا قارىشىغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلى _ ماركسىزىم پەلسەپەسى ئىدى. ئەسلىدىنلا ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرلىرىدە ماركسىزىم پەلسەپەسىدىن باشقا سىستېمىلىق بىرەر پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىن باشقا ئۇسۇللاردا تەھلىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دىنىي پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە گەپ بولغىنىدا پەقەتلا ئۇمىدى قالمايتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە، جۈمە ناماز خۇتبىلىرىدە، بەزى ھېيت- بايرام، توي- تۆكۈن ياكى نەزىر- چىراق مۇراسىملىرىدا، خۇسۇسىي دىنىي سۆھبەتلەردە ئاڭلىغان دىنىي پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىدا شۇنچىلىك غەلىتى سۆزلەرنى ئاڭلايتتىكى، گويا "ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز دۇنيادا قىل تەۋرىمەيدۇ" دەپ ئۇلۇغلىنىدىغان قۇدرەتلىك بىردىن- بىر ياراتقۇچى خۇدانى شۇنداق تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشۈپ تەرىپلىشەتتىكى، خۇددى ئۇلارنىڭ قارىشىچە «قۇرئانى كەرىم» دە خۇدا ئۆزىنى چۆچەكلەردىكى سېھىرىگەرلارغا ئوخشىتىپ تونۇشتۇرغىنىدەكلا تەسۋىرلىشەتتى. بەزىدە ئۇ، بۇنداق تەسۋىرلەش بىزنىڭ ساۋاتسىز موللىلىرىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ، مۇستەقىل دۆلىتى بولغان مۇسۇلمانلار ئەللىرىدە ئۇلار خۇدانى ئۇنداق رىۋايەتلەردىكىدەك تەسۋىرلەشمەيدۇ دەپ ئۆزىنى ئاۋۇتۇشقا تىرىشىسمۇ، ئەمەلىيەتتە بارلىق ئىسلام دۇنياسىنىڭ شۇنچە قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىغى پاكىتى ئالدىدا، بەلكىم بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىمۇ «قۇرئان» نى تونۇشتا بىر تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغان بولسا كېرەك، دېيىش بىلەن بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشاتتى. كېيىنكى يىللاردىلا، دىن ھەققىدە ئېنىغراق بىر چۈشەنچىگە ئېرىشكەندەك قىلدى. ئۇندىن بۇرۇن، قاسىم دىنىي ئەقىدىلىرىنى بىرخىل مىللىي ئۆرپە- ئادەت شەكلى دەرىجىسىدىلا تونۇپ تۇرغانىدى.

قاسىم يەنىلا ئۆزى بىلگەن ئاساسلار بويىچە پىكىر قىلىشقا مەجبۇر ئىدى:

"دۇنيا ماددىدۇر. ... ئۇ ئەزەلدىن بار ئىدى ۋە مەڭگۈ بارلىغىنى ساقلاپ قالىدۇ. ... ئۇ مەڭگۈ يوقالمايدۇ ياكى يوقتىن بار بولالمايدۇ. ... بۇ ماددىلار بىر ھالەتتىن يەنە بىر

كېلىشۈرگەنىدى.

ئۇ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئۆگەنگەن ماركسىزىم تەلىماتلىرى ئاساسىدا پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ دۇنيانى، جەمىيەتنى، مىللەتنى كۆزەتمەكتە ئىدى. كېيىنچە ئۇ يەنە 'ئۈچ ئەپەندى پىكىر ئېقىمى' بويىچە پىكىر قىلىدىغان 'چوڭلار' ئارىسىغا قىسىلىشىپ كۆزىتىشكىمۇ ئىرىشىپ كۆردى. بۇنداق سورۇنلاردا قانداقتۇر بىر يېتەرسىزلىك، ياكى بىرتەرەپلىمىلىكلەرنى ھېس قىلغاندەك قىلىپ، 'ئوتتۇرا ياشلىقلار تېنچلىق تەبىقىسى' ئىچىگىمۇ كىرىپ بىرنېمىلەر ئۆگۈنۈشكە ئىرىشتى. بۇ يەردىمۇ يەنە تولۇق قانماي، 'جەڭگىۋار ئوتتۇرا ياشلىقلار تەبىقىسى' ئارىسىغا كىرىپ مىڭىسىنى يۇيۇشقا كىرىشىپ باقتى. بۇلارمۇ يەتمىگەندەك قىلغىنىدا، ھەرخىل خۇسۇسىي ياشلار سورۇنلىرىنىڭ 'مىللەتچى' دەستىخانلىرىغا يىغىلغانلار ئارىسىغا قىسىلىپ يۈرۈپ، سىستېمىسىز بولسىمۇ ھەرخىل مىللىي مەسىلىلەرگە دائىر سۆھبەت تېمىلىرىنى قېتىقىنىپ ئاڭلاپ باقتى. بۇ يەرلەردىمۇ ئۇنىڭغا ئېنىق بىرەر 'قۇتۇلۇش پروگراممىسى' چېلىقمىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بۇ تۈردىكى سورۇنلاردىن 'مىللىي قۇتۇلۇش يولى' نى ئىزدىنىشتىن زادىلا زېرىكمىدى. قايىل بولغانلىرىنى ئۇچراتقىنىدا بىلىم ئالاتتى، سورايتتى، تەھلىل قىلىپ باقاتتى، تالاش- تارتىشمۇ قىلىپ قوياتتى. شۇنداقتىمۇ، بۇنداق سورۇنلاردىن ئۇنىڭ بىلگىنى پەقەتلا 'بىزمۇ تارىخىي ئاساسقا ئىگە بىر مىللەتمىز' دېگەنلەردىن نېرى كەتمەلمىدى. ئۇ، بۇ خىل سۆھبەتلەردە ئاڭلىغان مىللىي تارىخى، مىللەتچىلىك ئاڭ- پىكىرلىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىلىرى، كلاسسىك مىللىي ئەركىنلىك ھەرىكەت ئۇسۇللىرى، دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەقىدىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ... قاتارلىق جەھەتلەردە تۇرغۇنلىغان چىققىلى بولمايدىغان، رېئال ئەھمىيىتىنى يوقىتىۋاتقان زىددىيەتلەر پاتقىقى ئىچىگە بارغانسىرى چوڭقۇر پېتىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ، ئاستا- ئاستا بۇخىل ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقۇتۇپ بېرىۋاتقان، ئەمەلىي رولى بولمايۋاتقان سۆھبەت سورۇنلىرىدىن زېرىكىشكە، ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلايدۇ. ھەتتا بىرىيەرلىرىگە كېلىپ، بىر ۋاقىتلاردا جەڭگىۋار ھەرىكەتلەرنى تەرغىپ قىلىپ جېنىنى تىكىپ پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ مەغلۇپ بولۇپ تۈرمىلەرگە چۈشۈپ چىققان كىشىلەر بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ باقتى. ئۇلاردىنمۇ ئېنىق بىرەر مىللىي قۇتۇلۇش ئۇسۇل- چارىلىرىنى كۆرەلمىگەچكە، بۇ خىل كىشىلەردىنمۇ ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى.

قاسىم، ئۆزى مەنسۇپ بولۇپ تۇرىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، تۈرك دۇنياسىنىڭ، مۇسۇلمانلار ئالىمىنىڭ يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىدا، ھازىرقى زامان دۇنياقاراش

ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت سىياسىتىنىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسى قىلىۋېلىشقان بارلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە ئاجىز، ئاز سانلىق تۇرىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ شىددەتلىك مەجبۇرلىنىشلارغا دۇچ كېلىپ، تېز سۈرئەت بىلەن يوقۇلۇپ، كۈچلۈك ياكى كۆپ سانغا ئىگە مىللەتلەرنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغى بىر ئىنكار قىلىنماس پاكىت ئىدى. گويا كۈچلۈك مىللەتلەر ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇق تەبىئىي بايلىق ۋە مۇنبەت ئارتۇق زېمىنلەرنى ئىگەللەپ يېتىۋالغان "ئاز ساندىكى قالاق مىللەتلەرنى تېگىشلىك بولمىغان مۈلۈككە ناھەق ئېرىشىۋالغۇچى سىنىپىي دۈشمەن" دەپ قارىشىپ، ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇيان مىراس قىلىپ كېلىۋاتقان تۇپراقلىرىنى، تەبىئىي بايلىقلىرىنى تارتىپ ئېلىۋېلىش، ئىگەللىۋېلىش، مۇسادىرە قىلىۋېتىش، 'ئورتاق مۈلۈك' قىلىۋېتىشقا تىرىشىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ سەزگەنلىرى بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمەيتتى: گويا بۇ ئاجىز، ئاز ساندىكى مىللەتلەرنىڭ ئايرىم تەبىقە بولىۋېلىشىپ، باشقا بىر دىنغا ئېتىقات قىلىشى، باشقا بىر تىلدا سۆزلىشىپ يۈرىشى، باشقا بىر يېزىقلارنى قوللىنىشلىرى، باشقا تۈردىكى تاماقلارنى يېيىشنى ئادەت قىلىۋېلىشلىرى، باشقىچە كېيىم پاسونلىرىنى كىيىپ يۈرۈشلىرى، ... قىسقىسى، ئۇلارنىڭ بارلىق مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولىۋېلىشىنىڭ ھەممىسىلا 'ئالاھىدە سىنىپ' بولىۋالغانلىقىنىڭ ئىپادىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تازىلاپ، 'ئوخشاش تىل، بىرخىل يېزىق، بىرخىل ئۆرپەئادەت، بىرخىل ئېتىقات، بىرخىل كېيىم، بىرخىل يىمەك، بىرخىل چىراي- شەكلى، بىرخىل ئىرق، ... قا كەلتۈرۈلىشى كوممۇنىزىمنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭغا كۆنمىگەنلەرنى، بۇنى قىلالمىغانلارنى ياكى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشقا بولمايدىغان بىرزەكلەرنى 'سىنىپىي دۈشمەن' دەپ ئېلان قىلىپ يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك! _ دەپ ۋاستىلىق شەكىلدە ئېلان قىلىشماقتا ئىدى.

ماركسىزىمنىڭ بۇ خىل مىللىي سىياسىتىنىڭ ئەمىلىلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى قاسىم ئۆز ئانا ۋەتىنىدە ئاپ- ئاشكارە كۆرگەن ۋە كۆرمەكتە ئىدى: ئۇ، باشقا مىللەتلەرنىڭ تەغدىرىنى قويۇپ، ئۆزى تەۋە بولىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 'كوممۇنىزىم جەمىيىتىنىڭ تەييارلىق باسقۇچى' دەپ ئاتالغان سوتسىيالىزىم ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتكەن كۈندىن بۇيان، ئاۋال ۋەتەن تۇپرىغىنىڭ خىتايغا ئورتاق مۈلك قىلىۋېلىنغانلىقىنى، ئاندىن تىل- يېزىغىنىڭ خىتايچىلاشتۇرۇلۇشىغا كۈچەپ ئۇرۇنغانلىقىنى، دىنىي ئېتىقات ۋە مىللىي ئۆرپ- ئادەتلىرىمىزنى مەجبۇرى تاشلاتقۇزۇپ، خىتايغا ئورتاق ئېتىغات ۋە ئۆرپ- ئادەتلىرىگە ئۆزگەرتىلىشكە مەجبۇر

ھالەتكە ئۆزگىرەلەيدۇ. ... ئەنە شۇنداق ئۆزلىگىدىن ئۆزگىرىش جەريانىدا ماددىلار تەدرىجى تەرەققىي قىلىپ ئورگانىك ماددىلارنى پەيدا قىلالايدۇ. ... ئۇنىڭدىن تەدرىجى تەرەققىي قىلىپ ئۆسۈملۈكلەر، ئۇلاردىن كېيىن جانلىقلار، ... ئاخىرى ئادەملەرگە ئايلىنالايدۇ! ... ھاياتلىق ماددىي ئېھتىياجلارغا مۇھتاج. بۇ مۇھتاجلىق ئەمگەكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ... ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ماددىي تەخسىماتى بىرلىكتە كۆچ چىقىرىشىپ تەڭ تەخسىم قىلىش ئىدى. ... ئەمما بۇ پىرىنسىپ كېيىن بۇزۇلۇپ كېتىپ، كۈچلۈكلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىۋېلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭدىن ئىقتىسادى پەرقلەر، ئۇنىڭدىن تەڭسىز تەقسىماتلىق سىنىپلار، ... بۇلاردىن مىللىي گۇرۇھلار، ... ئوتتۇرىغا چىقتى. ماركسىزىمچىلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۈپۈرۈپ تاشلىمىغىچە تەڭسىزلىك يوقالمايدۇ دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ... بۇنداق سۈنئىي تەڭسىزلىك سىنىپلىرىنىڭ ۋاستىلىق كۆرۈنۈشى بولغان مىللەتچىلىك، دۆلەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر نوقتىغا توپلايدۇ ..."

"قايسى نوقتىغا توپلايدۇ؟!"

قاسىم بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەندىلا كۆرۈۋاتقاندەك قىلدى: بارلىق ئاجىز مىللەتلەرنى دارۋىننىڭ تۇرلەرنىڭ شاللىنىشى پىرىنسىپى بويىچە روسسىيەنىڭ ئەتراپىغا، خىتايلارنىڭ ئەتراپىغا، ئىنگىلىزلارنىڭ ئەتراپىغا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەتراپىغا، ياۋرۇپالىقلارنىڭ ئەتراپىغا، ... توپلايدۇ!

دېمەك، ماركسىزىمنى ئۆزلىرىگە تۈپكى پىرىنسىپ قىلىشقان خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرلارنى يېرىم ئەسىر مابەينىدە سۈنئىي شاللىنىشقا تاشلاپ قويىۋاتقانىكەندە! شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنى يوقىتىشىۋاتقانىكەندە! روسلار باشقىلارنى روسلاشتۇرۇپ يوقىتىشقا ئۇرۇنغان بولسا، خىتايلار بىزدەكلەرنى سۈنئىي شاللىنىپ يوقىلىشىمىزنى مەجبورى ئىلگىرى سۈرىۋاتقانىكەندە! بۇنداقمۇ "تەبىئى قانۇنىيەتلەرگە بوي سۇنۇش" بولىدىكەندە!

قاسىم بۇنداق بىر ئىدىيىنى شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭ بىردىن- بىر پىكىر قىلىش قورالى قىلىپ ئۆز مىللىتىنىڭ سۈنئىي ۋاستىلار بىلەن يوقىتىلىشىغا ياردەمچى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالدى! "ياق، بۇنداق كېتىۋەرسەك قەتئىي بولمايدۇ! بىز بۇ خىتايلاردىن قەتئىي قۇتۇلۇشىمىز شەرت ئىكەن!"

قاسىم يەنە ئويلىنىپ قالدى: يوقۇرىقىدەك تونۇلىنىپ كېلىۋاتقان نورغۇنلىغان پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى بۈگۈنكى رىئاللىقنى ئېنىق چۈشۈندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. ياكى بولمىسا چۈشەندۈرۈشنى چەكلەپ تۇراتتى. بۇنداق بىر پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى

قاسىم، قايتىدىن 'ئىمان' يولىغا قەدەم بېسىشنى ئويلىماقتا ئىدى. ...

يېڭى تونۇشقىنىدا ھاراق ئىچىشنى باشلىۋاتقان خاسىيەت، تەدرىجى شەكىلدە ئىمانغا قايتىپ ناماز ئوقۇيدىغان ھالەتكە ئۆزگىرىۋاتقىنىدا، ... قاسىم كامىر ئىچىدە خاسىيەتنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىزلا كۆزىگە ياش ئالدى. ...

قىلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا قارشى چىققان، نارازى بولغان، تولۇق قوبۇل قىلىشقا رازى بولمىغانلارنى 'سىنىپىي دۈشمەن' دەپ ئېغىر جازالاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بارغانسىرى ئېنىق كۆرۈپ يېتىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، 'ماركسىزىم دۇنيا قارىشى' نىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى قوتقۇزۇش ئورماق، بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، پۈتۈنلەي يوق قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل يات مىللەت ئىدىيىسى ئىكەنلىكىنى بارغانسىرى ئېنىق تونۇپ يەتمەكتە ئىدى. تەبىئىكى، تارىخىي بىر مىللەتنى ناھەق يوقىتىۋېتىشنى تەرغىب قىلىدىغان بۇنداق ئىدىيىنىڭ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنىمۇ قانچىلىك توغرا باھالاپ كېلىۋاتقانلىقىدىنمۇ گۇمان قىلىشقا باشلىدى. ئەندى، قاسىم روھى جەھەتتىن بىر پىكىر بوشلۇقىغا سانگىلاپ قالغاندەك ھىس قىلدى. ئۇنىڭدا كۆرۈلۈۋاتقان بۇ روھىي بوشلۇق، ئۇنىڭ ۋەتەن، مىللەت سۆيگۈسىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئورماق، بۇ مۇھەببىتىنى تېخىمۇ چىڭىتماقتا ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، يوشۇرۇن شەكىلدە ئاللىمۇقاچان ئىشەنچىسىدىن قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلام ئەقىدىلىرىگە بولغان قاراشلىرى قايتىدىن ئاڭسىز بولسىمۇ قەلبىنى قوچۇشقا باشلىماقتا ئىدى. دەل بۇ پەيتلەردە «قۇرئانى كەرىم» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىمۇ تۇنجى قېتىم بېسىلغانىدى. قاسىم، ئۇن يېشىغا كەلگىچە بۇۋىسىنىڭ ياردىمى بىلەن يادلاپ، كېيىن ئۇنتۇپ كەتكەن «قۇرئان» نىڭ ئايەت- سۈرىلىرىنى ئۇيغۇرچە تۇنجى تەرجىمىسىدىن ئۆز ئالدىغا ئوقۇشقا باشلىدى.

قاسىم، تۇنجى ئوقۇغىنىدا خۇدانىڭ، ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كوچىدىكى ساۋاتسىز، بىلىمسىز، نادان موللا- ئىماملارنىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك ئۇنداق ئاددى، ئۇنداق ئاجىز، ئۇنداق مەنتىقسىز، ئۇنداق خىيالى، ئۇنداق روھانى شەكىلدە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ دەل ئەكسىنچە شۇنچە مۇكەممەل، شۇنچە يۈكسەك، شۇنچە ئەمەلىي، شۇنچە مەنتىقىلىق، شۇنچە ئادىل ۋە شۇنچە سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىشقا باشلىدى. "تۇۋۋا خۇدايىم، شۇنچە تەڭداشسىز بىر قۇدرەت ئىگىسىنى، شۇنچە مۇكەممەل بىر ياراتقۇچىنى قانداق قىلىپ شۇنچە ساۋاتسىز، شۇنچە خىيالپەرەس، شۇنچە بىلىمسىز كىشىلەردىن ئۆگىنىشكە مەجبۇر قالغان بولغىيدۇق؟' _ دەپ ئۆكۈنۈپ كەتتى.

_ ياق! خۇدانى، ئىسلام دىنىنى بۇنداق بىلىمسىزلەرنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، ئۆزىمىز قۇرئاندىن، ھەدىسلەردىن ئوقۇپ بىلىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەكتەك قىلىدۇ"

ئەپسۇسكى، قاسىمنىڭ «قۇرئانى كەرىم» دىن باشقا ئوقۇپ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە يارىغىدەك بىرەر كىتاپ بولمىغاچقا، ئۆزى بىلگەن تەبىئىي پەن بىلىملىرىگە ئاساسەن «قۇرئان» نى ئۆگىنىشكە تىرىشىپ كۆردى.

ئىدارىسىدىن مىنبىگىلار چۈشۈرۈپ قويغان مىلتىق ئوقىدىن بىرتال تېپىۋالغانىدى.
ئۇنىڭ پىستان ۋە مىشەك دورىلىرىنى ئايرىم- ئايرىم تۆكۈپ چىقىرىپ، ئۇلارنى كۈچلۈك
يانغۇچى خىمىيىلىك سۇيۇقلۇقلار بىلەن كومۇلاچ قىلىپ تەييارلىدى. كومۇلاچنىڭ
ئوتتۇرىسىغا مىكرو لامپۇچكا ۋولفىرام قىلىدىن تەييارلانغان پىستاننى پاتۇرۇپ، سىرتىغا
پوجاڭزا- سەرەڭگە دورىلىرىنى ئوراپ ئالمىدەك چوڭلۇقتا بومبا ھالىتىگە كەلتۈردى. ئۇنى
ئاۋايلاپ بىر پىشقان موما ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ، پىستان پىلىكىنى تەگسىلا پارتلايدىغان
ھالغا كەلتۈرۈپ ئالدىغا قويۇپ بىرھازا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەمما ئۇ، ياسىغان بۇ
مىناسىنىڭ شەكلىگە دىگەندەك قايىل بولمىدى. شۇڭا سەل قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن
دەرھال مىناسىنى بۇ موما ئىچىدىن سۆكۈپ چىقىرىۋالدى. ئۇ يەنىلا ھېلىقى كافىخانا
ئۈچۈن لايىھىلىگەن مېۋە سۈيى قۇتىسى شەكلىنى لايىق كۆرگەنىدى. ئۇ دەرھال بىر
كاردون قەغەزدە ياسالغان مېۋە قۇتىسىدىن بىرنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئىچىگە پۇختا
ئورالغان كومۇلاچ بومبىسىنى جايلاشتۇردى. ئۈستىگە يېرىمىغا كەلگىچە دىۋ- ئىسپىرت
ئارىلاشمىسىنى قويۇپ ئاغزىنى چانمىغىدەك قىلىپ پىچەتلىدى. پىستان سىمىنى بىر
باسسىلا ئۇلىنىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ، 'پارتلاش، كۆيدۈرۈش ۋە زەھەرلەش بىرلەشمىسى'
تەييارلىدى. ئەندىكى گەپ، ئۇنى مۇۋاپىق بىرىر 'مېھمان' غا سوغات قىلىش ئىشىلا
قالغانىدى. بۇ قېتىم ئۇ ياسىغان بومبىسىدىن خېلى مەمنۇن بولدى.

ئۇ، جۇما كۈنىسى بىر خىتاي ئېنجېنېرى بىلەن باشقا بىر شىركەتكە خىزمەتكە
بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قوراسىدىن تەكشۈرۈشتىن ئۆتمەيلا ماشىنىلىق سىرتقا
چىقىۋالدى. ئىدارىسىنىڭ ئىشىنى چۈشكىچىلا پۈتتۈرۈشۈپ ئىدارىسىغا جىپ ماشىنىسى
بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، يېنىدىكى ئېنجېنېر خىتاي ئىشىم بار دەپ يولدا چۈشۈپ
قالدى. شوپۇرمۇ بۇنى غېنىمەت بىلىپ، يول ئۈستىدىكى بىرىر ئاشخانىدا تاماق
يېۋېلىشنى مەسلىھەت قىلدى. دېمىسىمۇ ۋاقىت ئاللىمۇقاچان بىردىن ئېشىپ
كەتكەنىدى. ئۇلار بىر ئاپتوۋۇز بېكىتىنىڭ يېنىدىكى مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىغا كىرىپ
تاماق يەيدىغان بولۇشۇپ، جىپنى يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى بىر بوش يەرگە توختۇتۇپ
قويۇپ ئاشخانىغا قاراپ يولدىن ئۆتۈشتى. ئۇلار ئىككىسى يولدىن ئەندىلا ئۆتۈپ
كېتىۋاتقىنىدا، قاسىم تونۇشلا بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ ئاپتوۋۇز بېكىتىنى ساقلاۋاتقان
قوراللىق پاترۇللار ئارىسىغا بىر نېمىنى چۆرۈۋېتىپ غىپلا قىلىپ ياندىكى ئۇلار
كىرمەكچى بولغان ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار ئەندىلا يولنىڭ
بۇ تەرىپىگە يېقىنلىشىۋىدى، يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان كۈچلۈك پارتلاش ئۇلار
ئىككىسىنى ئوجۇقتۇرۇۋېلا قويدى. ئۇلار ئىككىسى ھاپىلا- شاپىلا ئۆزلىرىنى يول بويىدىكى

# 9. "يېڭى كىلىن"

_ خوتۇن- خەقنى قويغىنە، ئۇلار ئۆيدىن چىقماي بالا بېقىشتىن باشقا نېمىگە يارايتتى!

___چايخانىدىكى سۆھبەتلەردىن

قاسىمنى تۇيۇقسىزلا سوراقسىز قاتتىق قىيناشلارغا ئېلىپ چىقىدىغان بولۇپ كېتىشتى. بۈگۈنمۇ ئەنە شۇ خىل سوراقسىز قىيناشلاردىن بىرىدە ھوشىدىن كەتكىچە ئۇرۇپ قىيىنىشىپ، سېسىق گاز پۇراتسىمۇ قايتىدىن ھوشىغا كېلەلمەس ھالغا كەلتۈرۈشۈپ، پۇت- قولىدىن سۆرۈشۈپ كامېرىغا تاشلىۋېتىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇ، شۇ يېتىشىدا ئەتىسى يېرىم كېچىدىلا ئاران ھوشىغا كەلدى. ھوشىغا كېلىپ سۆڭەك- سۆڭىكىدىن ئۆتۈپ كەتكەن تاياق ئازابىدىن بىرھازا ئېڭىراپ تولغىنىپ ياتتى. تۇرمىداشلىرىدىن بىر- ئىككىسى كېلىپ ئۇنىڭغا سۇ بەردى. ئاۋايلاپ يۆلىشىپ بىر بۇلۇڭغا ئولتۇرغۇزۇشتى. ئۇ، يېرىم كېچىدىن خېلى ئاشقاندىلا ئاغرىغىنىنىڭ سەل بېسىلغانلىقىنى ھىس قىلدى. كامېر ئىچىدە ئۇ يەر- بۇ يەردىن يەڭگىل خورەك ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قاسىممۇ ئاغرىقنى ئاز- تولا ئۇنتۇپ، ئاستا- ئاستا كونا ئەسلىمىلىرى قاينىمى ئىچىگە پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەيلا قالدى. ...

قاسىم، ھېلىقى 'خىش پارچىسى' ۋەقەسىدىن كېيىنكى دەم ئېلىش كۈنىدە، كوچىدىكى كىتاپپۇرۇشلارنىڭ سۇپىسىدا بىر ئاتكىرتكىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇ ئاتكىرتكا ئېچىلغان ھامان ئالا- چىپار چىراقلىرىنى يېقىپ مۇزىكىلىق ئاھاڭ چىقىرىپ "تۇغۇلغان كۈنىڭگە مۇبارەك بولسۇن" ناخشىسىنى چېلىپ كىتەتتى. ئۇ دەرھال بۇ ئاتكىرتكىلاردىن بىرقانچە خىلىنى سېتىپ ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئاتكىرتكىلاردىن بىرىنى سۆكۈپ ئۇنىڭ ئېلېكترونلۇق قۇرۇلمىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشكە كىرىشتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئاۋاز بېرىش قۇرۇلمىسى بىلەن سىگنال بېرىش قىسمىنى پىستان قىلىش ئۈچۈن لايىھىلەشكە كىرىشتى. قايسى كۈنىسى يەنە

سېلىنىۋالدى. ئاندىن تىترەپ قولاشماي كەتكەن قوللىرى بىلەن قىزنىڭ چىڭ تۈگمىۋالغان قوڭۇر چاشلىرىنى يېشىۋەتتى. قىزنىڭ يىپەكتەك پارلىداپ تۇرغان قوڭۇر چاشلىرى خۇددى ئېقىن سۇدەك ئىككى مۈرىسىدىن سېرىلىپ چۈشۈپ ئاق كوينىكىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىككى كۆكسىگە كېلىپ يېيىلدى. ئەندى بۇ قىزنى ھېچكىم بايا ئاشخانىدا كۆرگەن قىزغا ئوخشىتالمايتتى.

سەل ئارام تاپقاندەك بولغان قاسىم يولغا قارىدى. ئۇ يەر- بۇ يەردىن يامىراپ كېلىشىۋاتقان ھەربى- ساقچىلار يولنىڭ ئۇ قېتىغا يىغىلىشماقتا، دەرھال ئەتىراپىدىكىلەرنى قورشاۋغا ئالماقتا ئىدى. قېرىشقاندەك شوپۇر ھېلىغىچىلا ئوتتۇردا كۆرۈنمەيتتى. بۇ ئارىدا سەل ئۆزىگە كەلگەن قىز، ئىختىيارسىزلا قاسىمنىڭ قوچىقىغا ئۆزىنى تاشلاپ بوغۇلۇپ- بوغۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى. نازۇك زىلۋا بەدەن، ئەتىرگۈل پۇرىغى چېچىپ قاسىمنىڭ قوچىقىدا يېنىك سىلكىنىپ تىترەيتتى. تەبىئىي دولقۇنلۇق قوڭۇر چاشلىرى قاسىمنىڭ ئىڭەكلىرىگە يۇمۇران سۈركىلىپ سىيپىماقتا ئىدى. قاسىممۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قوچىقىدا قېقىلىپ- قېقىلىپ يىغلاۋاتقان قىزنىڭ باش- كۆزلىرىنى سىلاپ ئۇنى بەزلەشكە، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا كىرىشتى. شۇنىڭغا قارىماي، قىزنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەۋجەپ كېتىۋاتاتتى.

ھەسرەپ- ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگەن خىتاي شوپۇر يۈز- كۆزىدە قان دىدارى يوق، سامانىدەك تاتارغان ھالدا قاسىمغا ۋارقىرىدى: "نەدە قالدىڭ سەن! قورقۇپ جېنىم چىقتى مېنىڭ، بۇ يەردىن دەرھال قاچايلى! ... نەدىنمۇ يادىمغا كەلدى شۇ ئىت يېمەس تاماق ئىشى! _ دېگىنىچە، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ زىۋىت قىلىشقا كىرىشتى. بىر چاغدا ماتور گۈلدۈرلەپ كەتتى، ئەمما ماشىنا سىلكىلىنىپ- سىلكىلىنىپ قوپۇپ جايىدىن قوزغىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شوپۇر، ئۇيان- بۇيان سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ خىتايچىلاپ ۋارقىراپ كەتتى، _ تامىمادى! قول تورمۇزنى بوشاتماپتىمەن ئەمەسمۇ!" _ دەپ ئۆزىنى ئۆزى تىللىغىنىچە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن مىڭ تەستە قول تورمۇز سىيپىنى تېپىپ بوشاتتى. ماشىنا كۈچلۈك سىلكىنىش بىلەن ئالدىغا چېپىپ كەتتى. چوڭ يول ئاپتوموبىللار بىلەن توسۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ماڭغىدەك يولمۇ قالمىغانىدى. خىتاي شوپۇر دەرھال ماشىنىسىنى چەتكە قايرىپ ئادەم يولىغا سالدى. ئۇ يەردىن قايرىلىپلا تار كۆچىدىن بىرىگە كىرىپ، يەنە بىر چوڭ كوچىغا چىقىۋالدى. قوللىرى تىترەشتىن قولاشماي كەتكەن خىتاي شوپۇر، جېپىنى بولىشىغا قويۇۋېتىپ، "تەي كېپا، تەي كېپا!" دېگىنىچە ئۆزىچە غودۇڭشۇپ، بىردەمدىلا قاسىمنىڭ يېڭى قوراسىغا كىرىپ كېلىشتى. تېخى ئەندىلا جايىغا چۈشىۋاتقان شوپۇر قاسىمغا قاراپ:

ئېرىقنىڭ ئىچىگە ئېتىلىشىپ قەغەزدەك نېپىز بولۇپ يەرگە چىڭ چاپلىشىپ قالدى. قاسىم بۇ ئارىدا يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىككى نەپەر قوراللىق خىتاي پاترۇللىرىنىڭ ئۇچۇپ چۈشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ چۈشكەن خىتايلاردىن بىرسىنىڭ يۈزى تىتىلىپ گويا شۇلىۋېتىلگەن قوي بېشىدەك چىشلىرى سىرتقا كۆرۈنۈپ چىقىپ قالغان، پاناق بۇرنىمۇ ئورنىدىن سوكۇلۇپ بىر قولىغى تەرەپكە چاپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردى. قاسىم ئىتتىك يەنە بىر خىتايغا قارىۋىدى، ئۇنىڭمۇ بىر پۇتى پاقالچىقىدىن باشلاپلا سوكۇلۇپ قاياقلارغىدۇ بىر يەرلەرگە ئۇچۇپ كەتكەن، چۇۋۇلۇپ كەتكەن سان گۆشلىرىدىن بۇلاقتەك قان جىرىلداپ ئېتىلىپ ئېقىۋاتقان، گۆشلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىلىك ئۇستىخىنىنىڭ سۇنغان ئۇچىدىن ئىلىكلىرى قان بىلەن ئارىلىشىپ ئېقىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تىتىلغان بۇ ئىككى گەۋدە ئاسپالىت يولدا ئارىلاپ- ئارىلاپ ساق قالغان پۇتلىرى بىلەن تىپچەكلىشىپ جان تالىشىپ ياتاتتى. ئۇ يەنە بېشىنى بۇراپ ئاپتوۋۇز بېكىتى تەرەپكە قارىغانىدى، ئۇ يەردىمۇ يەنە بىر خىتاي قورالىنى قۇچاغلىغان ئىككى بىلىگى ئارىسىدىن ئۇچەيلىرى سىرتىغا تۆكۈلۈپ قالغان بولۇپ، كۆزلىرىنى پىيالىدەك ئاچقىنىچە يەردە تىپچەكلەپ جان تالىشىپ ئۇخلىسىغا ياتاتتى. يەنە بىر خىتاي ئايالى بىر كۆزى بىلەن بىر قولىغى تىتىلىپ كەتكەن بولۇپ، بىر قولىمۇ جەينىكىدىنلا ئۈزۈلۈپ نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ كەتكەن، ساق قالغان يەنە بىر قولى بىلەن ئۈزۈلگەن بېلىكىنىڭ قالغان پارچىلىرىنى تۇتقىنىچە "ئەييا ۋادى مايا!" دەپ پەرياتلاپ يىغلاۋاتاتتى. تېخىمۇ نېرىراقتا يەنە بىر گەۋدە قىمىر قىلماي دۈم ياتقان بولۇپ، ئاستىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان قويۇق قان ئېرىققا ئېقىپ قان كۆلى ئۇيۇتماقتا ئىدى. ...

قاسىم بىلەن شوپۇر بۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولغان پاجىئەلىك مەنزىرىدىن چۆچۈشۈپ، ئۆز بەدەنلىرىنىڭ ئۇ يەر- بۇ يەرلىرىنى سىلىشىپ، تىترەشكىنىچە ئۆمىلىشىپ ئېرىقتىن چىقىشتى.

قاسىم ئۇدۇلىدىكى ئاشخانىغا قارا دىگەندەك شۇنداق بىر قارىۋىدى، دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان ھېلىقى قىزغا كۆزى چۈشتى. "ھوي بۇ ئاخماق قىز يەنە نېمىشكە قاچماي جايىدا ھاڭۋېقىپ تۇرىدىغاندۇ!" دېگىنىچە ئورنىدىن ئۇچقاندەك چاچراپ تۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ ئۇ قىزنى يېتىلىگىنىچە قىييا- چىييا بولۇپ كەتكەن خىتايلار توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، يولنى كېسىپ ئوتتۇر جىپىنىڭ يېنىغا قاراپ چېپىشتى. يولدىكى ماشىنىلار توختاپ كەتكەچكە، ئۇلار يوگۇرۇشكىنىچە يولدىن ئۆتۈپ ئۆزلىرىنى جىپىنىڭ ئىچىگە ئېتىشتى. بۇ قىزنى سۆرىگەندەك ئېلىپ كەلگەن قاسىم، ئۇنى مەجبورى جىپقا كىرگۈزۈپ، دەرھال شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قىزنىڭ ئۇچىسىدىكى قارا چاپىنىنى سالغۇزۇپ سومكىسىغا

ئالامەتلىرى يامىراشقا باشلىدى. _ بۇ كىمنىڭ ئۆيى؟! سىز كىم بولىسىز؟!"

قاسىم شۇ چاغدىلا بۇ قىزنى نەدە كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىشقا باشلىدى: بۇ قىز، ھېلىقى ئاپتوۋۇز بېكىتىدە ئۆلتۈرۈلگەن يىگىتنىڭ قانلىق يۈرىكىنى كۆكرەك قەپىزى ئىچىگە سېلىشقا ئۇرۇنۇپ يىگىتنى قۇچاغلاپ ئولتۇرغان قىزنىڭ دەل ئۆزى شۇ ئىدى. ئۇ ۋەقەدىن كېيىن، قاسىم قىساس ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سۈرۈشتە قىلىپ يۈرگىنىدە بۇ قىزنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلىۋالغانىدى. بۇ قىز، تويىدىن كېيىنكى تۇنجى سالىمىغا كېتىۋاتقىنىدا يولدىشىدىن ئايرىلىپ قالغان خاسىيەت ئىسىملىك قىز ئىدى!

"مەن سىزنى تونىدىم، _ دېدى قاسىم ھاياجانلانغان ھالدا قىزغا قاراپ، _ سىز ھېلىقى يېڭى توي قىلىپ ئۆيىڭىزگە تۇنجى قېتىم جۈما قىلىپ كېتىۋاتقىنىڭىزدا يولدىشىڭىزدىن ئايرىلىپ قالغان خاسىيەت قىز شۇغۇ؟! ... خاتا تونۇۋالمىغاندىمەن؟! _ قاسىم ئۇرۇندۇقنى قىزغا تېخىمۇ يېقىن تارتىپ ئولتۇردى. قىزمۇ قايتىدىن سافاغا ئولتۇرۇپ قالدى. _ سىزنىڭ قېينى ئۆكىڭىزمىدى ياكى ساۋاقدىشىڭىزمىدى ئۇ باتۇر يىگىت، ئۇ جاللاتلاردىن قىساس ئېلىپ بېرلىكتە قۇربان بولغانىدى. مانا بۈگۈن سىز يەنە بىر قېتىم بۇ خىتاي زوراۋانلىرىدىن قىساسىڭىزنى ئېلىۋالدىڭىز. _ قاسىم ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي قىزنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتتى. _ سىز بىلەن تونۇشالىغىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنى بەكلا بەختلىك ھېساپلايمەن، سىز ھەقىقەتەنمۇ جەسۇر قەھرىمانىمىز ئىكەنسىز!" _ قىز ھۆلۆقۆپ قاسىمنىڭ قوللىرىنى مۈرىسىدىن سىلكىپ چۈشۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

خاسىيەت قىز بايىقى ئاپتوۋۇز بېكىتىدە بولغان مەنزىرىلەرنى تېخى ئەندىلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ پۇت- قوللىرى تىترەپ ئۆرە تۇرغىدەك ماجالى قالماي، تىزلىرى ئېگىلىپ پۈكلىشىپ قېلىۋاتاتتى. خاسىيەت، لاسسىدە قىلىپ قايتىدىن كىرىسلوغا ئولتۇرۇپ قالدى. قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ كىرىسلوغا كېلىپ خاسىيەت قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ، ئۆزىنى تۇتىۋالالمىغان ھالدا قىزنىڭ نازۇك تىترەپ تۇرغان زىلۋا بەدىنىنى مېھرىۋانلىق بىلەن قۇچاغلاپ باغرىغا باستى:

"مېنىڭ قەھرىمانىم، مېنىڭ نۇرۇڭگۇمۇم، ..." _ قىزمۇ ئىختىيارسىزلا قاسىمغا چىڭ چاپلاشتى. گويا ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدىن بىر- بىرسىگە ئىللىق بىرنېمىلەر ئۆتۈشىۋاتقاندەك، بىر- بىرىگە تېخىمۇ چىڭ يېپىشتى. ياش قىزنىڭ گۈزەل كۆكسىلىرى قاسىمنىڭ مەيدىسىگە بېسىلىپ، ئۇنىڭغا تەسۋىرلىگۈسىز ھۇزۇرلۇق ھىسسىيات بەخش ئەتمەكتە ئىدى. قاسىم ئىختىيارسىز ھالدا قىزنىڭ كۆز ياش تامچىلىرىنى يۈزىگە سۈرتتى. قىزمۇ يۈزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ياقتى. بىر- بىرىگە زادىلا ماس كەلمىگەن، بىرسى

"بىز نەگە كېلىپ قالدۇق؟! ئىدارىغا بارماي ئۆيىمىزدە نېمە ئىشىمىز بار ئىدى؟!"
_ دېگىنىچە ھۆلۈقۈپ ماشىنىسىنى قوراسىن چىقىرىشقا ئۇرۇندى.

"توختا، مېنىڭ بۇ ئۇكام باياتىدىن بەكلا قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ سەل ئارام ئالغۇزمىسام جايىغا كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ. مەنمۇ بۈگۈن ئىش قىلالايدىغاندەك ئەمەسمەن. شۇڭا ئىدارىغا سەن ئۆزەڭ كېتىۋەر." _ دېدى قاسىم قىزنى ماشىنىدىن يېتىلەپ چۈشۈرىۋېتىپ.

"راس دەيسەن، مەنمۇ بۇ ئەلپازىم بىلەن ئەندى رولغا چىقالمايمەن. ئەڭ ياخشىسى مەنمۇ كىرىپ ئارام ئالاي. _ دېدى خىتاي شوپۇر. _ ھوي توختىغىنە، سەن بۇ قىزنى قاچانلاردا ماشىنامغا سېلىۋالغانىدىڭ؟!" _ شوپۇر خىتاي، قاسىم يېتىلەپ كېتىۋاتقان قىزنى ئەندىلا كۆرۈۋاتقانىدى.

قاسىم قىزنى يۆلىگىنىچە ئۆيگە چىقىپ ئىشىگىنى ئاچتى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن قىزنى مېھمانخانا ئۆيدىكى كىرىسلوغا ئولتۇرغۇزۇپ قولىغا قەغەز لوڭگە تۇتقازدى:

"ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ يۈز- كۆزىڭىزنى سوغۇق سۇدا چايقىۋېلىڭ. ئاڭغىچە مەن سىزگە ئىسسىق چاي دەملەپ بېرەي، ئىسسىق چاي ئىچسىڭىز تېزلا ئوڭشىلىپ قالىسىز." _ دېدى.

قىز كىرىپ مۇزدەك تۇربا سۈيىدە يۈز- كۆزىنى بىردەم ھۆل قىلدى. قەغەز لوڭگە بىلەن يۈزىنى سۈرتۈپ قۇرۇتقاچ مېھمانخانا ئۆيگە كىردى. تام ئىشكاپ ئەينىكىگە قاراپ دولقۇنلاپ تۇرغان چاشلىرىنى سەل- پەل تۈزەشتۈرگەندەك قىلدى ۋە كېلىپ كىرىسلوغا ئولتۇردى. تارتىنىپ ۋە ھاڭۋاقىنىچە ئەتراپىغا قاراشقا باشلىدى. قاسىممۇ گاز ئوچاقتا چايغا سۇ قويۇپ بولۇپ قىزنىڭ يېنىغا چىقتى. بېرىپ قىزنىڭ ئۇدۇلىغا ئورۇندىغىنى تارتىپ ئولتۇرۇپ دېدى:

"ئازىراق ساقلىسىڭىز چاي قاينايدۇ. _ قاسىمنىڭ پۇت- قوللىرى ھېلىغىچىلا بىلىنەر- بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى. يانچۇقىدىن تاماكىسىنى چىقىرىپ بىرتال تۇتاشتۇرىۋالدى. _ ھەقىقەتەنمۇ جەسۇر قىز ئىكەنسىز. ئاپىرىن سىزگە!"

قاسىم بۇ قىزنى خېلى ئوبدانلا تونۇيدىغاندەك قىلاتتى. بۇ يېقىنقى يىللاردا بۇنچە ياش قىزلار كىرىدىغان بىرەر توي- تۆكۈن ياكى ئولتۇرۇشلارغا قاتنىشىپ باقمىغاچقا، شۇنچە ئەسلەپمۇ بۇ قىزنى نەدە كۆرگەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىدى. قىز، ئۇياق- بۇياققا قارىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى:

"مەن ھازىر نەگە كېلىپ قالدىم؟! _ قىزنىڭ چىرايىغا دەرھال ئەنسىزچىلىك

ئېلىپ يۈگۈرۈپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ قويۇق چاي دەملەپ چىقىپ، كەمپۈت- پېچىنىلەر بىلەن دەستىخان راسلاپ قىزغا چاي قويدى. _ رەنجىمەيسىز، بويتاق بولغاندىن كېيىن ئۆيدە باققالە- ماققالە دېگەندەك نەرسىلەرمۇ بولمايدىكەن." _ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خاسىيەتنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ قاسىمغا ئىتتىك بىر قارىۋالدى. بۇنى قاسىم سەزمىگەندى. قىز، بىر- ئىككى چىنە ئىسسىق چاي ئىچكەندىن كېيىن خېلىلا جايىغا كېلىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ سەل ئېچىلغان ھالدا:

"سىز بايا نېمە ئۈچۈن مېنى كوچا ئاشخانىسىدىن سۆرەپ چىقىپ قاچۇرۇشنى ئويلاپ قالغانىدىڭىز؟! ئۆزىڭىزگە خەۋپ كېلىپ قېلىشىدىن قورقمىدىڭىزمۇ؟!" _ دەپ سىناق نەزىرىدە قاسىمغا قارىدى. قاسىممۇ قىزغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى:

"سىزنىڭ ئاپتوۋۇز بېكىتىگە بىر نېمىنى چۈرۈۋېتىپلا غىپلا قىلىپ كوچا ئاشخانىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ قالغانىدىم. تېخى ئەندىلا يولدىن ئۆتىۋاتاتتۇق. دەرھال گۇلدۇرلەپ پارتىلاش يۈز بەردى. بۇ سىزنىڭ تاشلىۋەتكەن ھېلىقى پوكۈنكىڭىزدىن باشقا نېمە بولاتتى. كېيىن قارىسام سىز ئاشخانىنىڭ پەنجىرىسىدىن بىر خىيالىڭىزدا يوق كوچىدىكى پات- پاراخشىشلارغا قاراپ تۇرغىنىڭىزنى كۆردۈم. بەكلا خەتەرلىك ھالدا ئىدىڭىز. خىتايلار ئەتىراپنى قامال قىلىۋالسا سىزدىن دەرھال گۇمان قىلىشى مۇمكىن ئىدى. تېخى 'يېڭى كېلىن' ۋەقەسىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچۇرىغۇچىلىرىنىڭ بىرسى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇ ۋاقىتتا بىلمەيتتىم. خىتايلار بۇنى بىلسە سىزگە ئېسىلىپلا قالاتتىكەندۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنى ئاۋال كۆرگەنلەردىن مەنلا بولىشىم ناتايىن- دە. ئۇ چاغدا مېنىڭ خىيالىمغا كەلگەن پەقەت بىرلا نەرسە ئىدى: بۇ قىزنى نەق مەيداندىن دەرھال يىراقلاشتۇرۇۋېتىش. كېيىن نېمە بولغانلىقىنى مەنمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. بىر چاغدا قارىسام، سىز ماشىنىدا قۇچىقىمدا يىغلاپ ئولتۇرۇپسىز. بولغان ئەھۋال شۇ."

"مېنى دەپ بىكاردىن- بىكارغىلا تۇتۇلۇپ قېلىشىڭىزدىن قورقمىدىڭىزمۇ؟!" _ قىز يەنە سورىدى.

"سىزدەك بىر جەسسۇر قىزنىمىز ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلساممۇ ئاز ئەمەسمۇ؟!" _ قاسىم ھاياجانلانغان ھالدا قىزغا قارىدى.

خاسىيەت سەل ئوڭايسىزلىنىپ ئاستا قولىنى ئۈزارتىپ قاسىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ سىقىپ قويدى. قاسىمغا قىزنىڭ ئالقىنىدىن ئىسسىق ھارارەت ئۆتۈشكە باشلىدى. قىزنىڭ سېھىرلىك شوخ كۆزلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى ئاستىن- ئۈستۈن قىلىۋەتمەكتە ئىدى. ئۇمۇ ئىختىيارسىزلا قىزنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي تېخىمۇ چىڭراق سىقتى.

غۇنچىدەك كېلىشكەن ياش، يەنە بىرسى سەل قورۇق كىرگەن ئاق سانچىغان يىرىك ساقاللىق بۇ ئىككى مەئمۇز ئاستا- ئاستا ھەرىكەت قىلىپ ئىككى قىزىق لەۋنى بىرلەشتۇردى. قىز ياشلىق ئوتى بىلەن، قاسىم مېھرلىك قەلبى بىلەن بىر- بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ ئۇزۇندىن- ئۇزۇنغا بېرىلىپ سۆيۈشتى. ...

ئۇلار شۇ ھالەتتە خېلى ۋاقىت تۇرغىنىدىن كېيىن، خاسىيەت تۇيۇقسىزلا قاسىمدىن ئۆزىنى ئاجرىتىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

"ۋىيەي، نېمە قىلغىنىم بۇ مېنىڭ؟! تووۋا قىلدىم خۇدايىم!" _قىز ئۆزىنى بىر چەتكە ئالدى. قاسىمۇ ھوشىنى يىغىۋېلىپ دەرھال خاسىيەتتىن كەچۈرۈم سورىغىلى تۇردى:

"خاپا بولماڭ، مەنمۇ ئۆزەمنى تۇتۇپ ئالالمايلا قاپتىمەن. ئەمما ئىشىنىڭ، مېنىڭ ھەرگىزمۇ يامان نىيىتىم يوق ئىدى. ..."

"ياق، ياق، سىز ئەمەس مەن سىزدىن ئەپۇ سورىشىم كېرەك. نېمە بولدى ماڭا، سىزگە ئەدەپسىزلەرچە چاپلىشىپ قالغىنىم نېمىسى؟!"

قىزنىڭ بۇ گەپلىرىدىن قاسىم خېلىلا يەڭگىللىك ھىس قىلغاندەك بولدى. كىرسلودىن تۇرۇپ ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرىۋالدى.

"مەن سىزنى ياخشى تونۇيمەن. سىزنىڭ شۇ كۈنىسىدىكى يولدىشىڭىز قوچىغىڭىزدا، ئەترابىڭىز قان كۆلى، ئولتۇرغان قىياپىتىڭىزنى ئاپتوۋۇزدا كۆرۈپ ئۆزەمگە قەسەم بەرگەنىدىم، ..."

"بۇ قىزنى چوقۇم بىر كۈنىسى قولغا چۈشۈرىمەن، دەپمۇ؟!"

"ياقەي، نەدىكى گەپنى قىلماڭە، مېنى ئۇنچىلىكمۇ كۆرۈپ كەتمەڭ. مەن يىگىتىڭىزنىڭ قىساسىنى چوقۇم ھەسسىلەپ ئېلىپ بېرىمەن، دەپ قەسەم قىلغانىدىم.

_ خاسىيەت دېرىزىدىن ئۆرۈلۈپ كەينىگە قارىدى. قاسىم تاماكىسىنى قايتا بىر شورىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى. _ شۇ كۈنىسىدىن باشلاپ قاتىل خىتايلارنىڭ پېيىغا چۈشكەنىدىم. ئەمما ئۇ خىتايلارنىڭ ئادرىسىنى تاپقىنىمدا، ئوق چىقارغان قاتىلنى ھۆكۈمەت خىتايغا قاچۇرىۋەتكەنىكەن. ئىلاجىسىز يەنە بىر قاتىلنىڭ ئائىلىسىنى بولسىمۇ ئۇجۇقتۇرىۋېتىش كويىغا چۈشكەنىدىم. كېيىن ئۇنىمۇ قاملاشتۇرالمىدىم. ئاڭغىچە بۇ قاتىلنىڭ ئائىلىسى بىراقلا خىتايغا قېچىپ قۇتۇلىۋالدى. ئەمما سىزنىڭ ھېلىقى تونۇشىڭىزە ھەقىقەتەنمۇ باتۇر بالا ئىكەندۇق. ئۇ قەھرىمانىمىز يالغۇز بېشىغا بىراقلا نەچچە ئون خىتاينى پارتىلىتىپ پارچىلىۋېتەلىدى. ... _ بۇ ئارىدا ئاشخانا ئۆي تەرەپتىن گاژىلدىغان بىر ئاۋاز كەلدى. قاسىم چايغا سۇ قويۇپ قويغانلىغىنى ئەندىلا ئېسىگە

ئىشلىتەلمەي، 'سەن ئاتا قىلغان بىزگە تەۋە سۆيگۈ ئامىللىرىنى دۈشمىنىمىزگە تارتقۇزۇپ قويدۇق، سەندىن كىچە- كۈندۈز تىلىگەن بولساقمۇ بولمىدى' دېيىشتىن نومۇس قىلمايمىزمۇ؟!" ...

قاسىم قايتا ئويغىنىپ، ئولتۇرۇپ كامىر ئىچىدە ئويغا پاتقانىدى. ... بىر ۋاقىتلاردا ئۇ قايتىدىن ھېلىقى لەززەتلىك كۈنلىرىنىڭ ئەسلىمىلەر قايىنىمى ئىچىگە غەرق بولدى.

...

شۇ كۈنىسى قاسىم سوغوق سۇ بىلەن يۇيۇنۇپ خېلىلا راھەتلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ، ئۆزىنى كىچىك بالىدەكلا ھېس قىلماقتا ئىدى. بېرىپ خاسىيەتنىڭ يېنىدا ئەكىلگەندەك ئۇنىڭ پارىلداپ تۇرغان قوڭۇر چاشلىرىنى ئوينايتتى.

"مەن نېمە قىلىپ قويدۇم؟! سىزنىڭ يۈزىڭىزگە قاراشتىنمۇ نومۇس قىلىۋاتىمەن. مېنى تۇتماڭ، مەندىن يىراق تۇرۇڭ! _ خاسىيەت ساپاغا كەينىچە يېتىۋالدى. بىر ئازدىن كېيىن ھارغىن ئەمما يالقۇنلۇق بېقىشلىرى بىلەن ئۆرۈلۈپ قاسىمغا قارىدى. _ مېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالغانسىز؟!"

"بولمىغۇر گەپلەرنى قويۇپ تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن. _ دېدى قاسىم چاشلىرىنى لۆڭگىدە ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، _ سۇ سىزنى ساقلاپ قالمىسۇن."

خاسىيەت خېلى ئوبدانلا جانلىنىپ قالغانىدى. ئاغزىدا ئۇنداق دېگىنى بىلەن، ئاشق ئوتى بىلەن يالقۇنجاپ تۇرغان كۆزلىرى ئالاھىدە پارىلداپ تۇراتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ مونچىغا كىرىپ كەتتى.

چاشلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ چىقىپ ئەينەككە قاراپ كويتىسىنىڭ ئېچىلىپ قالغان ياقىلىرىنى تۈزەشتۈردى. قۇرۇق لۆڭگە بىلەن پارىلداپ تۇرغان ھۆل چاشلىرىنى بىرھازا ئۇۋۇلىدى. سەل قۇرۇشقاندىن كېيىن ئوڭغا- سولغا، ئالدى- كەينىگە تاراپ كەتتى. يىپەكتەك تۆكۈلۈپ تۇرغان چاشلىرى تېخىمۇ پارلاپ، كۆپچۈپ مۈرىسىنى قاپلىماقتا ئىدى. قاسىم، تاماكىسىنى چەككەچ قىزنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ ھوزۇر ئىچىدە ئۇنى تاماشا قىلماقتا ئىدى.

خاسىيەت ئىتتىك كەينىگە ئۆرۈلدى. قاسىمنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. بۇ قىز، شۇنچە چىرايلىقلىشىپ كەتكەنكى، گويا ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى پەرىزاتنىڭ نەق ئۆزىلا ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن "دېمەك، بىزنىڭ قەدىمقى چۆچەكلىرىمىزدە تەسۋىرلەنگەن پەرىزاتلار ئەسلىدە راس بولغان ۋەقەلەردىن ئۆرنەك ئېلىنغانىكەن- دە!" دېگەنلەر ئۇچۇپ ئۆتكەندەك قىلدى. تاقەت قىلالماي تاماكىسىنى كۈلدانغا ئېزىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ قىزنى

ئىككى قەلب گويا زەمتلەنگەندەك ئىككى قول بىر- بىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. قاسىم قىزنىڭ قولىنى سىققىنىچە ئۇنى ئاستا ئۇستەلدىن ئايلاندۇرۇپ يېنىغا تارتتى. قىزمۇ ئورنىدىن ئاستا قوزغىلىپ يانداپ كېلىپ قاسىمغا يېقىنلىششقا باشلىدى. قاسىم تەلۋىلەرچە قىزنى ئۆزىگە تارتىپ باغرىغا باسقىنىچە بېسىپ قېنىپ- قېنىپ سۆيۈشكە باشلىدى. قىزنىڭ ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان لەۋلىرى قاسىمنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان ھىسسىياتىنى ـــ توغرىسى ئۇنىڭ شەھۋانە ھەۋىسىنى قايتىدىن ئويغاتماقتا ئىدى. ئۇلار ئىككىسى بىر- بىرىگە چىڭ چاپلاشقىنىچە سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ بېرىپ سافاغا گويلا قىلىپ چۈشتى. ...

قاسىم گويا جەننەت لەززىتىنى تېتىۋاتقاندەك، ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشى ھىس قىلماقتا ئىدى. كىشىلىك ھاياتنىڭ بۇنچە لەززەتلىك بولىشىنى قاسىم ئۇنتۇيلا كەتكەنىكەن. ...

كامېردىكىلەرنىڭ خورەكلىرى خېلى ئۇبدانلا كۆچەيگەن بولۇپ، قايسى بىر بۇلۇڭدىن جان تالىشىۋاتقان چالا بوغۇزلانغان قوينىڭكىدەك بوغۇق خىرقىرىغان خورەك ئاۋازىمۇ كەلمەكتە ئىدى. قاسىمنىڭ بەدىنىدىكى ئاغرىقلار ئورنىغا قىز بىلەن بىرگە بولغان ھېلىقى لەززەتلىك مىنوتلارنىڭ ئەسلىمىسى ئوراپ ئالغانىدى. قاسىم بۇ شېرىن ئەسلىمىلىرى ئىچىدە تەبەسسۇم بىلەن مېيىغىدا كۈلگىنىچە ئۇيقۇسىغا غەرق بولدى. ...

مۇكەممەل بىر تۇرمۇش لەززىتى ئادەم بالىسىنى جەننەت لەززىتىگە ئوخشاش بەختلىك مىنوتلارغا ئېرىشتۈرەلەيتتى. تەبىئىي سۆيگۈ ھەقىقەتەنمۇ تەڭداشسىز بەختنىڭ ھۆلى بولالايتتى. ئىنسان سۆيگۈسى ئاتا- ئانا سۆيگۈسى، ئەر- خوتۇن سۆيگۈسى، ... ۋەتەن سۆيگۈسى، مۇۋەپپەقىيەت سۆيگۈسى، كەشپىيات لەززىتى، ... ئىنساننىڭ ئەڭ ئەقەللىي سۆيگۈلىرىنىڭ ئاساسىي ئىدى. كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئۇلارنى بىلەلىگەن، ئۇلارغا قىزىقالىغان ئادەمگە ھەقىقەتەنمۇ چەكسىز سۆيگۈ مەنبەسى، لەززەت مىسالى بولالايتتى. "ئاھ شۇ سۆيگۈ! ... خەلقىم بۇ سۆيگۈ ئامىللىرىدىن قايسى بىرسىگە ئېرىشەلىدى؟! 'سۆيگۈسىز ئادەم قۇرىغان كۆتەك' دېگىنى ھەقىقەتەنمۇ بىكار چىقمىغان سۆزدە! خەلقىم ئۆز ئانا تۇپرىقىدا تاجاۋۇزچى خىتايلار دەستىدىن كۈندىن- كۈنگە سۆيگۈلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ قۇرۇپ قاخشاللاشتۇرۇلماقتا. ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان شۇنچە كۆپ جەننەت مىسالى سۆيگۈ ئامىللىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىزگە بېغىشلىغان بۇ مۆجىزە ئەسىرى بولغان مىڭىمىزنى قۇپ- قۇرۇق كۆتۈرۈپ بارساق، خۇدا بىزنى جازالىماسمۇ؟! بىز ئۇ ئالەمدە شۇنچە مۇكەممەل يارىتىلغان مېڭىمىزنى جايىدا

"كىم؟"

"مەن، لاۋكا ئىشىگىڭنى ئاچ، مەن شوپۇر. _ دېگەن ئاۋاز كەلدى. بۇ ھېلىقى جىپ ماشىنىنىڭ شوپۇرى ئىدى. _ ماشىنامدا كىتاپ سومكاڭنى ئۇنتۇپ قالغانىكەنسەن، شۇنى ئېلىۋال دەپ كىردىم."

قاسىم شۇندىلا ئېسىگە كېلىپ چۆچۈپ كەتتى: ھەي شۇ ئۇنتۇتاقلىقىمنى، ئىچىدە بومبام باردى ئەمەسمۇ! دىگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىپ دەرھال ئىشىگنى ئاچتى.

خىتاي شوپۇر بوسىغىدىلا تۇرۇپ قانچىلىك قورقۇپ كەتكەنلىكىنى، ئىدارىسىغا بېرىشتىن يالتىيىپ ئۆيىگە كىرىپ بىردەم يېتىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى:

"تەي كېپپا، تەي كېپپا!" _ دېگىنىچە قولىدىكى سومكىنى قاسىمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، كەينىچە مېڭىپ ئۆيگىمۇ كىرمەي كېتىپ قالدى. قاسىممۇ ئۇنىڭ قولىدىن سومكىسىنى ئېلىپلا خىتايغا خوشمۇ دېمەي ھاپىلا- شاپىلا ئىشىگنى تاقاپ مېھمانخانىغا كىرىپ سومكىسىنى ئاۋايلاپ ئاچتى.

"كىمكەن ئۇ؟" _ دېگىنىچە خاسىيەتمۇ ياتاق ئۆيىدىن چىقىپ ئۇستەلگە يېقىنلاشتى. قاسىمنىڭ سومكىدىن بىر مېۋە سۈيى قۇتىسىنى چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خوشاللىقىدىن دەرھال ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى. _ نەقلا مەن ياخشى كۆرىدىغان مېۋە سۈيىدىن ئىكەن."

"چېقىلماڭ! ئۇزاق تۇرۇڭ، ئۇ بىر بومبا!"

خاسىيەت، قاسىمنىڭ بۇنچە قوپال ۋارقىرىشىدىن ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. قاسىم مېۋە قۇتىسىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، ئاستىغا چاپلاپ قويغان باسماق پىستىنىنى تەكشۈرۈپ كۆردى. بىخەتەرلىكى جايىدا ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىدىن كېيىنلا ئۇلۇغ بىر تىنىۋېلىپ ئۇ قۇتىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ئىشكاپىنىڭ ئاستىنقى كۆزىگە سېلىپ تاقاپ قويدى.

"خۇداغا شۈكرى، بىر بالادىن قۇتۇلدۇق." _ قاسىم بۇرۇلۇپ خاسىيەتكە قارىدى.

"نېمە بومبا ئۇ؟" _ خاسىيەت ھېچ نېمىنى ئۇقالماي قاسىمنىڭ يۈزىگە ئەنسىرەپ قارىدى. قاسىم ھەقىقەتەن جىددى كۆرۈنەتتى.

"ئەندى مېنىڭ بىر سىرىمنى ئۇقۇپ قالدىڭىز- دە. _ دېدى قاسىم قوللىرىنى ئۇۋۇلىغاندەك قىلىپ تۇرۇپ، _ مەنمۇ سىزگە ئوخشاش بىرەر ئىش قىلىپ باقايچۇ دېگەن خىيال بىلەن ئۇنى ياساپ چىقىپ كوچىدا قويىدىغانغا يەر ئاختۇرۇپ يۈرەتتىم. دەل شۇ پەيتتە سىزگە ئۇچرىدىم. ماشىنىدا ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارىماسىز،

باغرىغا باستى. ئەندى خاسىيەتتە قىلچىلىك تارتىنىش دېگەن نەرسە قالمىغانىدى. ئەگىلەپ قاسىمنىڭ ئوبدانلا ئاق سانچىغان چاشلىرىنى، بۇرۇتلىرىنى ئوينىشقا باشلىدى.

قاسىم قىزنى كەينىگە داجىتىپ تۇتۇپ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ كەتتى:

"خاسىيەت، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم."

خاسىيەت ۋىللىدە قىزىرىپ، خىجىل بولغانىدەك تولغۇنۇپ ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئىككىسى بىرھازا ئۈن- تىنسىز چىڭ قۇچاغلىشىپ تۇرۇشۇلىشتى:

"مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم." _ خاسىيەت پىچىرلىغانىدەك دېدى. قاسىم خۇشاللىقىدىن قېن- قېنىغا پاتماي قىزنى قايتىدىن چىڭ قۇچاغلاپ سۆيۈشكە باشلىدى. ...

"مۇھەببەت دېگەن مۇشۇنداق بولسا كېرەك، _ قاسىم قىزغا قاراپ ئولتۇرۇپ پىچىرلىغانىدەك دېدى، _ ئاۋال ياخشى كۆرۈپ ئاندىن تونۇشىدىغان. _ ئۇ، مۇزلاپ قالغان چېيىدىن بىرچىنە قويۇپ ئوتلىۋالدى. _ دېگەندەك، ئىسمىمنى سورىمايسىزغۇ؟! مېنىڭ ئىسمىم قاسىم. سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى خېلىدىن بېرى بىلىدىكەنمەن. سىزنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئەمما بىر مەسىلە بار: ئەڭ مۇھىمى سىز مەندىن بەكلا كىچىك كۆرۈنىسىز. بايىتىدىن خۇدۇمنى بىلەلمەي سىزگە ئېسىلغان بولسامۇ، ياش مەسىلىسى مېنى قىينايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئون ياشلىق بىر قىزىممۇ بار. راس، مەن خېلى يىللاردىن بېرى بويتاقمەن. قىزىممۇ ئانىسىنىڭ يېنىدا. ئاڭلىسام پات يېقىندا بىرسى بىلەن توي قىلغىدەكمىش. قىزىمنى كۆرگىلى ئوغۇرلۇقچە مەكتىپىگە بېرىپ تۇراتتىم. بولمىسا ئۇلار ماڭا كۆرسەتتىشمەيدۇ."

خاسىيەت ئەگىلەپ ئويناقشىپ بىردەم ئۆز چېچىنى، بىردەم قاسىمنىڭ چاشلىرىنى تاراپ ئوينايتتى:

"گېپىڭىز تۈگىدىمۇ؟! _ قىز جىددى قىياپەت بىلەن قاسىمغا تىكىلدى. قاسىم بۇ ئۆتكۈر قاراشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي دەرھال كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېچىشقا تىرىشتى. _ ماڭا قاراڭ، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سىزنىڭ يېشىڭىزنى ياكى ئۆتمۈشىڭىزنى ئەمەس. ئۇلار مېنى قىزىقتۇرمايدۇ ..."

"تاك- تاك- تاك!"

تۇيۇقسىز چېكىلگەن ئىشىك ئۇلارنى چۆچۈتىۋەتتى. "بۇ ۋاقىتتا كەلگەن كىم بولىشى كېرەك؟!" دېگىنىچە قاسىم خاسىيەتنى دەرھال ياتاق ئۆيگە كىرىۋېلىشنى ئىشارەت قىلىپ، بېرىپ ئىشىككە يېقىنلاشتى:

نېمە دەيدۇ تېخى! ئۇنداق ئاسان ئىش يوق قاسىم ئەپەندى!" _ قاسىمدىن زوۋان چىقماي يەرگە قارىغىنىچە جىمپىلا كەتتى.

ئىككىسى بۇ گەپلەرنى قويۇپ ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ قولمۇ- قول قورۇپ سۈيۈقئاش قىلىشقا تۇتۇشتى.

"ھە راس، مەندە بەكلا مۇھىم ئىككى كىتاپ بار. _ دېدى خاسىيەت قازاننى ئېتىپ ئۈلگۈرەلمىگەندە، _ ئۇ ئىككى كىتاپنى مەن دېگەن ھېلىقى قىز دوستۇم بىر يەردىن تېپىۋالغانىكەن. ئېغىر كۈنلەردە قالغان ۋاقىتلىرىمدا ئۇ دوستۇم شۇ كىتاپلارنى بىر ئوقۇپ باق، بەلكى تۈزۈلۈپ قېلىشىڭغا ياردىمى تېگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، دەپ ماڭا بەرگەنىدى. ئۇ ئىككى كىتاپنى ئوقۇپ پۈتتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، مېنىڭ جەمىيەت قارىشىمدا تۈپكى بىر ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. مىجەزىمدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ، خېلى ئۇمىدۋارلىشىپ قالغاندەك بولدۇم. بولمىسا ئۆلۈۋېلىشنىلا ئويلاپ يۈرەتتىم. ئۇ كىتاپلارنى ئوقۇپ تۈگەتكىنىمدىن كېيىن، ئۇ دوستۇم بىلەن خېلى جىق نەرسىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمىلەر قىلىشىپ، بەزى مەسىلىلەرنى تالاش- تارتىش قىلىشتۇق. كېيىن بىر كۈنىسى ئۇ دوستۇم ماڭا مەسلىھەت قىلدى: 'ئۆزىمىز ئۈچۈن، ھەم باشقىلار ئۈچۈن بۇ خىتايلاردىن قىساس ئېلىش مەقسىتىدە ئىككىمىز بىر مەخپى قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشساق، بۇ كاپىر خىتايلارغا مېنىڭمۇ ئىچىمدە يەتكىچە غەزىۋىم بار ئىدى، سېنىڭچە شۇنداق قىلساق قانداق بولار؟' دېدى. بۇنداق خورلۇقتا ياشىغىچە قىساسىمنى ئېلىۋېلىپ بولسىمۇ ئۆلۈپ كەتسەم تېخى ياخشى ئەمەسمۇ، دەپ دوستۇمنىڭ مەسلىھىتىگە ماقۇل بولدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى كىتاپلاردا بۇ ئىشنىڭ قىساس ئېلىش ئىشىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپىمىز ۋە بىردىن- بىر چىقىش يولىمىز دەپ يازغانىكەن. شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز بىر قوشۇن قۇرىۋالغان بولدۇق. دېسەم كۈلىسىز، باشقا نېمە قىلالايتتۇق؟! ئاۋال ئىككىمىز قۇرئاننى تۇتۇپ بۇ ئىش ئۈچۈن جېنىمىز پىدا، بىر- بىرىمىزگە ئۆلسەكمۇ خائىنلىق قىلمايمىز، دەپ قەسەم قىلىشتۇق. ئاندىن ئۇ دوستۇم بىر ۋىسكى دېگەن هاراق شىشىسىنى ئېچىپ ئىككى رومكىغا تەڭشەپ قويدى. ئازىراق تالاش- تارتىشتىن كېيىن قوشۇنىمىزغا 'يېڭى ئاي قوشۇنى' دەپ نام بېرىۋالغاندۇق. شۇڭا رومكىلارنى 'يېڭى ئاي قوشۇنى' مىزنى تەبرىكلەپ سوقۇشتۇردۇق. ھەممە ئىرلىر غۇرتىلدىتىپ ئىچىپ يۈرۈشسە، شۇنچىلىكلا بىر نېمە ئوخشايدۇ دەپ، رومكىنى ئاغزىمغا تۇتۇپ بىراقلا كۆتۈرۈپ يۇتىۋەتمەسمەنمۇ، ئىچىمگە يېنىۋاتقان بىر چوغ كىرىپ كەتكەندەكلا بولۇپ كەتتىم! ئۇ دوستۇم رەسمىلا ئىچىدىغان ھاراقكەش بىرسى ئىكەن. شۇڭا ئۇ، ئالدىرىماي ئىچكەن بولسىمۇ مىتمۇ قىلماي لەۋلىرىنى يالاپ بىرخىيالىدا يوق

ھېلىمۇ ياخشى ھېلىقى شوپۇر سومكامنى ئاختۇرماپتۇ- دەڭا!"

خاسىيەت، قاسىمغا قايتىلاتتىن ئېسىلىپ سۆيۈپ كەتتى. ...

"بەك ياخشى بولدى، ئۇنداق بولسا بىز ئەندى ئۈچ كىشى بولىدىغان بولدۇق! ـــ دېدى خاسىيەت قاسىمنىڭ قۇچىغىدىن ئاجراپ تۇرۇپ، ـــ مەن بىر دوستۇم بىلەن بىرلىشىپ «يېڭى ئاي قوشۇنى» دېگەن بىر مەخپىي پارتىزانلىق قوشۇنى قۇرۇۋالغانىدۇق. ئەندى بۇ قوشۇنىمىزدا بىر ئەر كىشىمىز بولىدىغان بولدى. ھە راس، سىز بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىزغا قېتىلىشنى خالامسىز؟"

قاسىم خاسىيەتتەك بىر تەنتەك قىزلارنىڭ قۇرۇپ چىققان قوشۇنىغا ئەمەس، ئۆزىنى يېتەكلىيەلەيدىغان رەسمىي بىر مەخپىي پارتىزانلىق ھەرىكەت قوشۇنىغا قوبۇل قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇنداق ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن قۇرۇلىدىغان ھەرقانداق بىر قوشۇن مۇتلەق تۇردە ئۇلۇغ داھىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى بولىدىغان، مۇكەممەل تاكتىكا ۋە ستىراتىگىيىلەرنى تۈزۈپ چىقالايدىغان كامالەتكە يەتكەن ئىدىيۆۋىي ئاساسقا ئىگە تايانچ كۈچى بار قوماندانلىق شتابى بولىدىغان بىر تارماق قوشۇن بولىشى، بۇ تۈردىكى قوشۇنلاردا ئايال جىنىسى بولماسلىقى، ئەزالىرى ھەر جەھەتتىن پاكىز بولۇشى، ...

"خالىمامسىزيا؟ ـــ خاسىيەت سەل كەينىگە داجىپ قاسىمغا يانتۇ بىر شەكىلدە تىكىلدى، ـــ ھە راس، ياكى سىزنىڭمۇ بىرەر مەخپىي قوشۇنىڭىز بارمىدىيا؟"

"ياق، ياق. ـــ قاسىم خاسىيەتنىڭ بۇ ئاخىرقى جۈملىسىدىن تەمتىرەپ قالدى. ـــ مەن ئويلاپتىكەنمەنكى، ... يەنى، ... ئويلىدىمكى، ... بۇنداق قوشۇنلارنى ئەرلەر قۇرۇشى كېرەك، بۇ ئىشلار ئەرلەرنىڭ ئىشى دەپلا ئويلاپتىكەنمەن. ..."

"ھەھە، مۇنداق دەڭ، ـــ دېدى خاسىيەت ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ـــ ياخشى گەپكەن ئەمىسە، شۇ دېگەن ئەرلەر قوشۇنىغا بىزنىمۇ تونۇشتۇرۇپ قويىمامسىز بولمىسا! ھەي سىلەر ئەرخەقلەرنى." ـــ خاسىيەتنىڭ بۇ گېپىدىن خىجىل بولغان قاسىم تەمتىرەپلا قالدى. "ئاھ بىز ئۇيغۇر ئەرلىرى. بىزلەر ھاراقكەشلىك، پو ئېتىش، قۇرۇق گەپ قىلىش قوشۇنى قۇرۇشتىن باشقا نېمە ئىشقا يارىغانىدۇق؟ بىز ئەرخەقلەر، شۇ قىزلارچىلىكمۇ بولالمىغاندىكىن!" دەپ ئويلىغان قاسىم، خىجىل بولۇپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي يەرگە كىرىپ كېتىدىغاندەك پەسكە تىكىلىپ قالدى.

"كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، سىلەر ئەرخەقلەردە بۇنداق بىر ئىش يوق. ـــ خاسىيەت يەنە ئېغىز ئاچتى. ـــ مېنىڭ دېيىشىم بىلەنلا سىزنى قوشۇنىمىزغا ئەزا قىلىۋالىدىغان ئۇنداق ئاسان ئىشمۇ يوق تېخى! مەن بېرىپ باشلىقىمىغا دەپ بېقىشىم كېرەك. ئۇ

"دېگەندەك ئۆزىڭىزنىڭ بىرەر قوشۇنىغۇ يوقتۇ؟"

"بىز ئەرخەقلەرنىڭ ھەرۋاقىت سىلەر قىزلاردىن قاشاڭراق كېلىدىغانلىقىمىزدىن خەۋىرىڭىز بارغۇ. مەن تېخى تۈنجى ھەرىكىتىمنى باشلىيالمىدىم." _ قاسىم نېمىشقىدۇ بۇرۇن قىلغان ئىشلىرىدىن سۆز قىلىشنى خالىمىدى.

"كېرەك يوق! _ دېدى خاسىيەت جايىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، _ ئەتىلىككە ئۈچىمىز بىر يەرگە يىغىلىشايلى. شۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ ئىشىڭىزنى مۇزاكىرە قىلىشايلى. بايىقى 'مېيۋە سۈيى قۇتىسى' نىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ كۆرسىتەرسىز. قارىغاندا سىز بىر ئېنجېنېر بولسىڭىز كېرەك'؟ كىتاپ تەكچىلىرىڭىزگە قارىسام ساپلا تېخنىك كىتاپلار بىلەن لىق تولۇپ كېتىپتۇ. كىم بىلىدۇ، سىز بىزنى باشلاپ كىتەمسىز- تېخى!"

ئۇلار بىر- بىرىگە ئاشىقلارچە قارىشىپ بىر ئەكىلىشىپ، بىر سەمىمىي دېگەندەك مۇڭداشقىنىچە تامىغىنى پۈتتۈرۈشۈپ كۈننىڭ قاراڭغۇ بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى.

"ئەندى كەچ بولۇپ كەتتى. ئەتە شەنبە، مەن سىزنى سەھەر ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي. ماقۇل دەڭ."

خاسىيەت نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاسىمغا ئېسىلدى. ئۇلار قۇچاغلاشقىنىچە ئۇچۇق تۇرغان تېلېۋىزورغىمۇ پەرۋا قىلىشماي، بىر- بىرسىگە تويماي قارىشىپ ئولتۇرۇشتى. ...

قاسىمنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان بىر چەتكە قايرىپ قويغان جىنسى ھەۋىسىنىڭ قوزغۇلۇپ ئارامىغا قويمايۋاتقانلىقىنى ئاز دەپ، خاسىيەتمۇ ئۇنىڭغا بارغانسىرى گۈزەللىشىپ ھەۋىسىنى قوزغىماقتا ئىدى.

ئۇلار ئېچىقاپ كەتكەن چىل بۆرىلەردەك بىر- بىرىگە تاشلىنىپ پومۇداقلىشىشقا باشلىدى. ...

⁝

كامېرىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتارغان قاسىم، بۇ مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئاغزىدىن شالۋاقلىرىنى ئاققۇزغىنىچە ھىجىيىپ قاراڭغۇلۇقتا ئىككى تىزىنى قولتۇغلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ...

يەنە بىرنى قويغىلى تۇردى. كېيىن قانداق بولدى بىلمىدىم. ئىككىمىز ھېلىقى شىشىنى خېلىلا يېرىمدىتىپ قويۇپتىمىز. رەسمىلا ئوڭ- تەتۈر سۆزلەشكە باشلاپتىمەن. ئەتىلا چىقىپ خىتايلارنى بوغۇزلايدىغاندەك ئەلپازدا بولۇپ قالدىم. ھە، دېمەكچىمەنكى،

... _ خاسىيەت قاسىمغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، _ قويۇڭ بۇ گەپلەرنى، مېنى شاڭخو قىلماڭ. ھە، دېمەكچى بولغىنىم، شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز بىر مەخپىي قوشۇن قۇرۇۋالدۇق. ئەسلىدە بۇ ئىشمۇ ئۇنچىۋالا تەس ئىشمۇ ئەمەسكەن. ئىشنىڭ قىيىنى كەينىدە ئىكەن دەڭ. ئاۋال ھېلىقى ئىككى كىتاپنى بىرقانچە ھەپتە تەھلىل قىلىشتۇق. ئاندىن ئۇ دوستۇم ئىككى قېتىم، مەن بۈگۈنكىسى قوشۇلۇپ ئۈچ قېتىم ھەرىكەت قىلغان بولدۇق. ئەگەر سىزمۇ قوشۇلسىڭىز، ئىشلىرىمىز تېخىمۇ يۈرۈشۈپ كېتىشىدە گەپ يوق دەپ ئويلايمەن. سىزچە قانداق، قوشۇلامسىز؟! ماقۇل دېسىڭىز ئەتە ھېلىقى كىتاپلىرىمنى ئەكىلىپ بېرىمەن. ئاۋال بىر ئوقۇپ چىقىڭ. بولامدۇ؟!"

قاسىم گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىغان بولۇپ، ئاردا مېھمانخانا ئۆيگە دەستىخان راسلاشقا كىرىپ كەتتى. قايسى كۈنىسى ئىدارىسىدا يېڭى ئىشكاپ ئالماشتۇرۇش ئىشى بولۇپ قېلىپ، ھېلىقى ئىككى كىتاۋىنى ئۆيگە ئەكىلىۋالغانىدى. قولىنى سۈرتۈپ بولۇپ تىقىپ قويغان يېرىدىن ئۇ ئىككى كىتاپنى چىقىرىپ دەستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەپ قويدى. ئاندىن چىقىپ ئۇسۇلغان سۇيقاشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىككىسى بىرگە دەستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

"ئالاھىدە مىزلىك پۇرايدىغۇ، سۇيقېشىڭىز تازىمۇ ئوخشىغان بولسا كېرەك- ھە؟!"

_ قاسىم بېشىنى چۆكۈرۈپ ئاشقا كىرىشىپ كەتتى.

خاسىيەتمۇ قاسىمدىن كىتاپلار توغرىلىق زۇۋان چىقمىغاچقا، ئۇ گەپنى قويۇپ ئۇستەلگە ئولتۇرۇپ چىنىسىغا لازا- سىركە قويۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئېشىنى ئىچىشكە تەمشەلدى. جوزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەكلىك ھېلىقى ئىككى كىتاۋىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى:

"ۋىيەي، بۇ كىتاپلىرىمنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىشى بار؟! _ خاسىيەت ئۇ كىتاپلارنى قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ قويدى. ئاندىن بېرىپ قاسىمنىڭ مەڭزىدىن سۆيۈپ كەتتى. _ باياتىدىن نېمىشكە گەپ قىلماي جىم تۇرىۋالدىكىن دېسەم، ئىش مۇنداقكەن دەڭا!"

قاسىم ئېشىدىن بېشىنى كۆتەرمەي كۈلۈپلا قويدى.

"ئەگەر قوبۇل قىلساڭلار، مەنمۇ سىلەرنىڭ قوشۇنۇڭلارغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىمەن."

ئادەملىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئەنە شۇ خىلدىكى ئادەملەرگە ئايلىنىپ كەتكەن كىشىلەردىن- دە!

قاسىم بەزىدە كامېردىكىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىش بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزسە، يەنە بەزىدە جېدەلخور ئۆكتىچىلەرنىڭ تۆر تالىشىپ قىلغان ماجىرالىرى سەۋەبىدىن كامېر ئىچىنى ئۇچتەي- توقتەي قىلىۋەتكىدەك ھالغا كەلتۈرۈۋېتىشلىرىنى تاماشا قىلىش بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزەتتى. شۇنداقتىمۇ ھېلىقى ئاغزى كىرلىشىپ كەتكەنلەرنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان چەكسىز مول تىل- ئاھانەت سۆزلىرى قاسىمنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق ئېغىر ئەدەپسىز سۆزلەر مارجاندەك تىزىلىپ ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇراتتى. بۇنچە تىل- ئاھانەتلەرنى بىرلا ۋاقىتتا بىر كىشىنىڭ ئاغزىدىن ئۈزۈلمەي چىقالىشىغا ئاغزى ئېچىلغان ھالدا ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالاتتى. ئۇنىڭچە بولغىنىدا، بۇنچە تىللاش سەۋىيىسىگە كېلىش ئۈچۈن بىر قانچە يىللىق ئاھانەت پاكۇلتېتىدا كامىدا بىرەر يۈز پارچە ھاقارەت دەرسلىك كىتابلىرىنى لاياقەتلىك ئوقۇپ پۈتتۈرگەن بولۇشى شەرت ئىدى: 'تۇۋۋا خۇدايىم، بۇ بالا شۇنچە كۆپ پاسكىنا سۆزلەرنى قاچانلاردا شۇنچە راۋان ياتلاپ بولالىغاندۇ؟! تېخى كىچىككىلا بالىدەك قىلىدۇ بۇ!'

بۇ ئارىدا كامېردىكى ئەڭ 'نوچى' ھېساپلىنىدىغان خۇلىگانلارمۇ نېمىشقىدۇ قاسىمدىن ھېيىقىشنى ئۇنۇتمىغان ئىدى. بۇ ۋەھشى لۈكچەكلەر ئۇنىڭغا چېقىلمايلا قالماستىن، ھەتتا ئۇنى 'تۆر' گە تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنىڭ 'ئىناۋەتلىك باش مەسلىھەتچى' قىلىشىۋالغانىدى. شۇڭا، قاسىم بۇ كامېردا 'ئىچكى جېدەل- ماجىرالار' دىن پۈتۈنلەي خالى ئىدى. شۇنداقتىمۇ كۈندۈزدىكى ئۇر- قوپ ماجىرالار تۈپەيلىدىن شىرىن ئەسلىمىلىرىنى كېچىگە قالدۇرۇپ، كۈندۈزى ئاساسەن ئۈزۈك- ئۈزۈك مۈگدەشلەر بىلەنلا ۋاقتىنى ئۆتكۈزەتتى.

قاسىم ئەنە شۇنداق كېچىلەرنىڭ بىرىدە، ئەسلىمىلىرىنىڭ ئەڭ گالۋاڭلىق قىسىملىرىنى ئەسلەپ ئۇزۇنچە كۈلۈپ كېتەتتى. ...

دېگەندەك، خاسىيەت بىلەن تۇيۇقسىز تونۇشۇپ قېلىشى قاسىمنىڭ ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. قاسىم، بۇ كۈنلەردە ئازراقلا يالغۇز قالغىنىدا بىلگەن 'مۇھەببەت ناخشىلىرى' نى قاغا پۇتى غىڭشىپ قوياتتى. ئۇ، ھەقىقەتەنمۇ كىچىك بالىدەكلا بولۇپ قالغانىدى. مۇھەببەت ئادەمنى ئون يىل ياشارتىۋېتىدۇ دېگەن سۆز قاسىمغا سەل كاملىق قىلىدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ، ياشىرىپ گويا يىگىرمە ياشقا كېلىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالغانىدى. سەكرەپ- سەكرەپ مېڭىپ كېتەتتى.

# 10. "يېڭى ئاي قوشۇنى" دا

"يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس."

— ئۇيغۇر ماقالىلىرىدىن

بۇ كۈنلەردە قاسىمنىڭ كامېردىكى "جىنايى ئىناۋىتى" بارغانسىرى تۆكۈلۈپ، يالغۇز "بەھرىمەن" بولىۋاتقان كامېرى يېڭى كەلگەن خوجايىنلار بىلەن لىق تولماقتا ئىدى. يېڭىلارنىڭ كۆپ قىسمى تۈزۈگىرەك ئېغىز ئاچمىغاندەك قىلسىمۇ، ئۇلار ئاساسەن خىتايلار بىلەن ئاشكارە گەپ تالاشقاندەك ئىشلار سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنغانلاردىن ئىدى. خىتاي گوندىپايلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىغا لازىملىق دومبالاپ ئوينايدىغان ئادىمى كۆپىيىپ كەتكەچكىمۇ قاندۇق، كونىراپ قالغانلارغا تاياق يېيىش نۆۋىتى ھەپتىدە بىرەر قېتىممۇ كەلمەس بولۇپ قېلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ يېڭىلاردىن خۇدىنى يوقاتقىچە تاياققا نىسىپ بولىدىغانلار يەنىلا كۆپ ئىدى. يېڭى كىرگەنلەر بىرەر چۈمۈلىنىمۇ دەسسەپ قويۇشتىن قورقىدىغان توخو يۈرەك نازۇكلار، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تېرىك تۇرغۇزۇپلا سۇغۇرۇپ ئېلىپ خام يېۋېتىدىغاندەك ئەلپازىدىكى تەلۋىلەر، 'ئانا، ئاپتوۋۇزغا تەپسىلى چىقىڭ' دەيدىغاننى ئەندىلا ئۆگىنىۋالغان 'ئىلمىي، ئەخلاقلىق' مۇيسىپەتلەر، ئاغزى يەتمىشىنچى يىللارنىڭ كوچا ھاجەتخانىسىدىنمۇ بەتەر بىزەپلىشىپ كەتكەن ئاغزى سېسىپ تۇرىدىغان چىركىنلەر، ... ئىش قىلىپ ھەممە تەبىقىدىن دېگىدەك ئادەم ئۈلگىلىرى تېپىلىدىغان جامائەت گۇرۇپپىسى ھالىغا كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا كامېر ئىچى بۇرۇنقىدەك كۈنلەرچە ئۈن- تىنىش چىقمايدىغان جىمجىتلىقىغا خاتىمە بېرىلىپ، يەر تالىشىپ ئاغزىنى تىزىغىچە سېرىۋېتىپ تىللىشىدىغانلار ھەر كۈنى دېگىدەك نەچچە قېتىمدىن كۆرۈلۈپ تۇراتتى. بۇ تۈردىكى جېدەللەر كامېردىكىلەرنىڭ جېدەلخورلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى بۇ قىستا- قىستاڭ سىقىشچىلىقتا ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنىڭمۇ بىر مەلىكىسى بولۇپ قالغانلىقىنى قاسىم ياخشى بىلگەچكە، تاتلىق ئەسلىمىلىرىنىڭ تۇيۇقسىزلا پارتىلىغان جېدەل- ماجىرالار بىلەن پات- پاتلا ئۈزۈلۈپ تۇرۇشلىرىغىمۇ كۆنمەكتە ئىدى. نېمىلا دېگەن بىلەن، قاسىمنىڭ جان پىدا قىلىپ قۇتقۇزىمەن دەپ يۈرگەن

ئولتارغۇزغاچ. _ دوستۇمنى كۆرۈپ مەندىن يۈز ئۆرۈپمۇ يۈرمەڭ يەنە!" _ دەپ چاقچاق قىلدى. گۈلباھارمۇ ئوڭايسىزلانغان بولۇپ ئۇيان- بۇيان تولغۇنۇپ قويدى. قاسىم بۇنداق چىرايلىق قىزلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ باقمىغىنىغا خېلى ئۇزۇن يىللار بولغانىدى. بويتاق بولغىنى، شۇنىڭدەك يېشىمۇ خېلى ئوبدانلا ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى بۇ يېقىنقى يىللاردا توي- تۆكۈن، ياشلار ئولتۇرۇشلىرىغا تەكلىپ قىلىشىدىغانلارمۇ ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇ يېقىنقى يىللاردا ئۇنىڭ قاتنىشالايدىغان ئەڭ ئىشەنچىلىك ئولتۇرۇشى _ ھېلىقى ئۈچ ئۆلپىتى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىرلىر ئولتۇرۇشىلا قالغانىدى. راس، ئۇ ئاغىنىلىرى بىلەن بىرەر ئايدىن بۇيان ئۇچرىشالمىغانىدى. ئۇلار نېمە قىلىشىپ يۈرىشىدىغاندۇ؟! دەپ كونا دوسلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. چاي- پىرەندىكلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھەممە جىمىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن خاسىيەت، جىمجىتلىقنى بۇزۇپ گەپ باشلىدى:

"بىز ئىككىمىز سىزدىمۇ بار بولغان ھېلىقى ئىككى كىتابىڭىز روھى بويىچە خىتايلار ئارىسىدا ۋەھىمە يارىتىش قوشۇنى قۇرغاندۇق. _ خاسىيەت گەپنى تولا ئايلاندۇرۇپ يۈرمەي ئۇدۇللا قىلدى. ئۇ پۈتۈنلەي جىددى قىياپەتكە كىرگەنىدى. _ بۇ قوشۇنىمىزنىڭ مەخسىدى ئاساسەن شۇ «ئىزچى مەن» نىڭ پروگراممىسىغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىش. _ خاسىيەت دوستىغا قارىدى. _ قېنى گۈلباھار، سەن مەندىنمۇ ياخشىراق ئۇقتۇرالايسەن. پىلانلىرىمىزنى قاسىمغا دەپ بەرگىنە."

"سەن دەۋەرمەمسەن، _ دەپ سەل تەكەللۇپ قىلدى گۈلباھار بەكلا تۇم بىر ئاۋاز بىلەن. _ خاسىيەت كومپيۇتېر كەسپىنى پۈتتۈرگەن بىر ستۇدېنت. قارىغاندا سىزمۇ ئالىي مەلۇماتلىقتەك كۆرۈنىسىز. مەن ئىختىسادىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ بالىلىق بەخۋاشلىغىمدىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنىدىم. شۇنداقتىمۇ كومپيۇتېر ئىشلىتىش كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇپ يۈرگىنىمدە خاسىيەت بىلەن تونۇشقانىدىم. شۇڭا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا مەن ئاتىكاچىلىق قىلىپ يۈرسەم بولماس. ..."

"مەن بۇ يەردە سىلەرگە ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچى تۇرۇغلۇق ئاتىكاچىلىق قىلسام تېخىمۇ بولمايتتى. _ قاسىم گۈلباھارنىڭ گېپىنى بولۇپ دېدى، _ ئەمما، گۈلباھار قىز، _ قاسىم تاماكىسىنى شورىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى. _ مېنىڭچە بولغاندا، بىز بۈگۈن بۇ يەرگە قانداقتۇر بىر پەن- تېخنىكا تەتقىقات مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا يىغىلمىدۇق. ئەسلىدىلا بىزگە ئوخشىغان يۈز مىڭلارچە ئالىي دەرىجىلىك بىلىم ئالغانلار ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق تۇرماق، بۇ ۋەتەننى تېخىمۇ تولۇق خىتاينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ

ئاكورتلاشتۇرۇپ غىڭشىپ دەسسەپمۇ قويالتتى.

"تاك،... تاك- تاك!"

ئىشىكنىڭ چېكىلىشىدىنلا بۇنىڭ خاسىيەت ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلدى. ھاياجانلانغىنىدىن يۈرىكى 'جىغ' قىلىپ ئويناپ كەتتى. دەرھال بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئالدىدا تۇرغان خاسىيەت شۇنداق چىرايلىقلىشىپ كەتكەنكى، ئادەمنى جەننەتتىنمۇ ياندۇرۇپ چىقالايدىغاندەك شەيتاننىڭ نەق ئۆزىلا ئىدى! ئېتىلىپ بېرىپلا ئۇنى قۇچاغلاپ سۆيۈپ كېتىشتىن ئۆزىنى تۇتالىغىدەك كۈچى قالمىغانىدى. ئەگەر كەينىدىلا كۆرۈنگەن يەنە بىر قىز دوستىنى دىمىسە ئىدى، قاسىم بېرىپ خاسىيەتنى قۇچاغلاپلا كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىۋالغان بولاتتى. قاسىم مىڭ تەستە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، يالغان سالاپەتلىك بولۇپ كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ، قىزلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

خاسىيەت قىز ئۆيگە كىرەر- كىرمەيلا خۇددى ئۆز ئۆيىگە كىرگەندەك ئېچىلىپ- يايراپ بەكلا خوشال ھەرىكەتلەر بىلەن دەستىخان راسلىدى. بۇ ئاردا قاسىممۇ گاز ئۇچاقتا چايغا سۇ قويۇپ ئۈلگۈردى.

"بۇ دوستىمىز گۈلباھار بولىدۇ، _ دېدى خاسىيەت سەل قىزغانچۇقلۇق بىلەن قىز دوستىغا قاراپ. _ قالغىنىنى ئۆزەڭلار سۆزلىشىپ تونۇشىۋالارسىلەر."

مېھمان قىز ئورنىدىن قىمىرلاپ قويۇپ تەبەسسۇم كۆرسىتىپ بېشىنى لىڭشىتقاچ قايتا سالام بەرگەندەك بولدى.

"ياخشىمۇسىز؟ _ دېدى قاسىم گۈلباھارغا قاراپ، _ مېنىڭ ئىسمىم قاسىم، بەلكىم خاسىيەتتىن ئاڭلىغانسىز. ئۆز ئۆيىڭىزدەك تارتىنماي بەھۇزۇر ئولتۇرۇڭ."

"ئاۋارە بولماڭ!" _ گۈلباھار تەرەپتىن چىققان بۇ ئاۋازدىن قاسىم چۆچۈپلا كەتتى: بۇ قىزنىڭ ئاۋازى رەسمىلا ئەر كىشىنىڭكىدەكلا توم چىققىپ كەتكەنىدى. گۈلباھارنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى ئىنتايىن ساغلام، ئۇستىخانلىق، كۆكسىلىرىمۇ تولۇپ تاشقان بولۇپ، قاپ- قارا پاقىراپ تۇرغان چاچلىرىنى مۇرىسىگە چۈشكىچە ئۆزارتىپ چىرايلىق بۇدرە قىلىۋالغانىدى. ئەگەر بۇ قىزنىڭ چېچىنى، كۆكسىنى ۋە سەل- پەل تۈزىشتۈرىۋالغان ئۇزۇن قارا قاشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خۇدايىم بۇ قىزنى ئەسلىدە ئوغۇل قىلىپ ئاپىرىدە قىلىشنى لايىھىلەۋاتقىنىدا، نېمىشقىدۇ ۋاز كېچىپ قىز قىلىپ قويغاندەكلا كۆرۈنەتتى.

"شۇنچىلىك قارىغىنىڭىزمۇ يېتەر قاسىم، بۇنچە تىكىلىپ كۆزىگە كىرىۋالسىڭىز دوستۇمنى خىجىل قىلىپ قويسىز. _ دېدى خاسىيەت قاسىمنى يېڭىدىن تارتىپ

سومكىسىدىن 'كامېل' ماركىلىق تاماكىسىنى چىقىرىپ تۇتاشتۇردى. قىز تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋالغاندىن كېيىن قاسىمغا قاراپ دېدى، _ كەچۈرۈڭ، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويدۇم. تاماكا چېكىشىمنى ئەيىپكە بۇيرىماڭ. _ قىز تاماكىسىنى يەنە بىر شورىۋېلىپ ئېغىز- بۇرۇنلىرىدىن پۇرقۇرىتىپ ئىس چىقارغىنىچە گېپىنى داۋام قىلدۇردى. _ بىزنىڭ پىرىنسىپىمىز، ئۇزۇن ياشاش بەدىلىگە تۇتۇلماي تېخىمۇ كۆپ ۋەھىمە پەيدا قىلىش! ئۇنۇتماڭلار، بۇ خىل ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرى ۋەتىنىمىز دائىرىسىدە تېخى ئەندىلا ھەرىكەت ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە ۋە دەسلەپكى ئۈنۈمىنى بېرىشكە باشلىدى. چەتئەللەردىكى مۇھاجىرلىرىمىز 50- 60 يىل يىغىن ئېچىپمۇ قاملاشتۇرالمىغان ئىشلارنى بۇ ھەرىكەتلىرىمىزگە تايىنىپ بىرەر يىل ئىچىدىلا ئىشقا ئاشۇرۇشقا باشلىدۇق. مانا بۈگۈن، بىر يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان خىتاي كۆپىيىشتىن توختىدى دېيىشىمىز مۇمكىن. بۇنىڭ نېمە مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ۋەتىنىمىزدىن ئەڭ كامىدا يېرىم مىليون خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقاردۇق دېگەنلىك! يېرىم مىليون! بىز ھېچ بولمىغاندا بۇ ۋەزىيەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن بولسىمۇ كۈچ چىقىرىشىمىز شەرت. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەردەك ئۇنداق تەنتەكلىك قىلىشنى قەتئىي چەكلىشىمىز كېرەك! قارىغاندا، بىز ئىنتىزام جازاسى تۈزۈپ چىقمىساق بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. دىققەتسىز ھەرىكەت قىلغانلارنى بۇندىن كېيىن ئېغىر جازالاش چارىلىرىنى بەلگىلىشىمىز لازىم. كۆپ- كۈندۈزدە مىغىلداپ تۇرغان خىتايلار ئارىسىدا بىرىڭلار بومبىنى تاشلىۋېتىپ ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغان، يەنە بىرىڭلار ياسىۋالغان بىخەتەرلىكى يوق بىر بومبىنى قولتۇغلاپ كوچا ئايلىنىپ يۈرگەن، بۇنداقمۇ پەرۋاسىزلىق بولامدۇ! ..." _ خاسىيەت بىلەن قاسىم كىچىك باللاردەك يەر تېگىدىن قارىشىپ تىرنىغىنى تاتىلىشىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى. گۈلباھار رەسمىلا پارتىلاپ كەتكەنىدى.

بۇ ئارىدا، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق قاسىم قوشۇنغا ئالاھىدە ئەھۋالدا قايتا سىناق قىلىنمايلا رەسمىي ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭدەك، گۈلباھارنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان ئىككى ئاشىقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىمۇ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. خاسىيەتنىڭ مەرھۇم يولدىشى خىتايلار تەرىپىدىن ناھەق ئۆلتۈرۈلۈپ، جەمىيەتكە پۇر كەتكەن بىر قىز. ئۇنىڭدەك بىرسى بىلەن بىر قوشۇن ئىچىدىكىلەرنىڭ ئاشكارە قانۇنىي نىكا قىلىپ ئۆي تۇتىشىنىڭ قوشۇنغا پايدىسىدىن قارىغاندا خەتىرىنىڭ كۆپ بولىشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشى، ئۇلار ئىككىسىنى جىمىتىپلا قويدى.

قويۇش ئۈچۈن كۆچ چىقىرىۋاتقانلاردەكلا قىلىمىز. شۇڭا، بۇنداق جىددىي بىر ئىشنى ئوقىغان ئالىي بىلىملىكلەر ئەمەس، ۋىجدانلىق كىشىلىرىمىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە قانات يايدۇرۇشقا مەجبۇر بولىۋاتىمىز. بۇ قوشۇنىمۇ ئارىمىزدىن سىزنىڭ چىقىپ قۇرۇشنى ئەقلىڭىزگە كەلتۈرگەنلىكىڭىزمۇ بۇنىڭ ئالدىمىزدىكىلا بىر جانلىق پاكىتى دېيىش كېرەك. دېمەكچىمەنكى، بىزدەك ئوقىغان ئالىي بىلىملىكلەر يېرىم ئەسىردىن بۇيان ۋەتەن- مىللەت مۇزاكىرىلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، بۇخىل زىيالىلار مۇزاكىرىلىرىدە نە ئىلمىي مەسىلىلەردە، نە ۋەتەن- مىللەت تەغدىرىگە دائىر مەسىلىلەردە بىر ئىش چىقىرالىدى! ئەمما سىز بۇ ھەقتە بىر ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقارغاندەك قىلىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزگە بوي سۇنۇشقا مەجبۇرمەن. بۇ ھەقتە قىلچىمۇ تارتىنماڭ."

بۇ چاي سۆھبىتى بەكلا ئۇزۇن داۋام قىلدى. سۆھبەت جەريانىدا قاسىمنىڭ پۈتۈن ئەۋلادىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن تارتىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا دائىر بارلىق مەسىلىلەرگىچە يېپىدىن يىڭنىسىغىچە قاسىمنىڭ پىكرى ئېلىنىپ مۇزاكىرە قىلىندى. بولۇپمۇ مەخپىي ھەرىكەت پرىنسىپلىرى، ۋەھىمە تۇغدۇرۇش قاراشلىرى ئۈستىدىكى دىققەتسىزلىكلەر ھەققىدە ئالاھىدە كۆپ تالاش- تارتىشلار بولۇپ ئۆتتى. بۇ جەھەتتە گۈلباھارنىڭ كەسكىنلىكى قاسىمنى ھەيران قالدۇردى.

"... سىلەر ئىككىڭلار نېمە ئانچە بالىلارچە قارايسىلەر بۇ ئىشلارغا! _ گۈلباھار، رەسمىلا رەنجىپ گۈلدۈرماما سىدەكلا ئۈنلۈك سۆزلەپ كەتتى. دېمەك، بۇ قىزنىڭ بوم تاردەك ئاۋازىنىڭمۇ پايدىسى بار ئىكەنلىكىنى قاسىم ھېس قىلىشقا باشلىدى. _ مەن بۇ تەشكىلاتنى قۇرۇش پىلانىنى تۈزگىنىمدە، بىر- بىرلەپ قولغا چۈشۈپ ئۆلۈپ تۈگىسۈن دەپ سىلەرنى ئىززا قىلغانمىدىم؟! بىز بۇ ئىشنى قىلىدىغانغا ئىش تاپالماي قىلىۋاتقىنىمىز يوق! ئىككى مىليون كىلومېتىر چاسا زېمىنىمىزگە يېيىلىپ كەتكەن ئون مىليونلۇق بىر دۈشمەن كۈچىگە قارشى جەڭ باشلاۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ- يا؟! يابولمىسا شۇ ھېلىقى چەتئەللەردە ئولتۇرۇپ- سوقۇلۇپ يۈرگىنىگە قارىماي جاھاننى ئوڭ- تەتۈر قىلىۋېتىدىغاندەك قۇرۇق پو ئېتىپ يۈرۈشكەن مۇھاجىر تەنتەكلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ تۇتۇلۇپ قالساق بىزنى قۇتقۇزىدىغان دۇنيا جامائەتچىلىكى بار دەپ يۈرىدىغانلارسىنمۇ سىلەر يا بولمىسا؟! ئەگەر شۇنداق ئويۇڭلار بولسا، دەرھال بۇ قوشۇنىمدىن يىراق تۇرۇڭلار! بېرىپ شۇلار بىلەن گېزىت چىقىرىپ يىغىن ئېچىۋېلىڭلار! ... _ گۈلباھار غەزىۋىگە ھاي بېرەلمەيلا قالغاندى. دەرھال

تاپشۇرۇلدى. پارتىلىتىش دەرسى تېپىش بىلەن مىنا قويۇش نوقتىسىنىڭ تاللىنىشىنى گۈلباھار ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ۋاقىت ئاللىبۇرۇن يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقان بولغاچقا، قىزلار قونۇپ قېلىشقا رازى بولۇشۇپ، ھەممە بىرلىكتە تاماققا تۇتۇش قىلىشتى. ...

تاماق يېيىلىۋاتقىنىدا تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. زالدا تاقۇر- تۇقۇر بىرمۇنچە ئاياق تېۋىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

"لاۋكا مەن، ئىشىكنى ئاچ. _ دەپ قاسىمنىڭ يان خوشنىسى توۋلىدى. قاسىم ئالدىراش- تېنەش ئىشكاپتىن بىر نەچچە پوتولكا داچۇي- قىزىل ھاراقلارنى چىقىرىپ جوزىغا تىزىۋېتىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. _ رەسمىيەت ئۆچۈن نوپۇس تەكشۈرگۈچىلەر كەلگەنىكەن. خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېرىڭلار، _ دېدى ئۇ خىتاي، _ مەن ئۇلارغا سەن توغرىلىق ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدىغان ئىشەنچىلىك ئېنجىنېرىمىز دەپ قويدۇم. بۇ دوستلىرىڭنىڭ قولىدىكى ھۆججەتلىرى تولۇقتۇ؟!" _ مېھمانخانىغا كىرگەن بۇ خىتاينىڭ كۆزلىرى چىرايلىق قىزلارنى كۆرۈپ پارىلداپ كەتتى. ئاستا قاسىمغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن توت- بەش خىتاي ساقچىسى ۋە چەسىنچە كېيىنگەن بىرنېمىلەر كىرىپ ھەممىسىنىڭ قولىدىكى كىنىشكا- تونۇشتۇرۇشلىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كۆچۈرۈپ گەپ- سۆز قىلماي چىقىپ كېتىشتى.

"ھېلىمۇ ياخشى، ئۆي ئاختۇرۇشمىدى بۇ خىتايلار." _ دېدى خاسىيەت تاتارغان ھالدا. بۇ گەپ بىلەن گۈلباھارنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى:

"مانا بۇمۇ سىلەرنىڭ بەختەستەلىكىڭلارنىڭ بىر ئۆلگىسى. راس دېگەندەك، ئۆي ئاختۇرغان بولسا، كىتاپ- بومبىلار بىلەن نەقلا قولغا چۈشكەن بولاتتۇق. باشلىق خوشنىڭىز تازىمۇ لەۋۋا بىرنېمە ئوخشىمامدۇ؟! تالاغا چىقىپ پىچىرلىشىدىن قارىغاندا ئۇلار بىزنى رەسمىلا پاھىشىلەركەن دەپ ئويلىغاندەك قىلىدۇ. دېمەك، كىچىككىنە گىرىمنىڭ پايدىسى بۇ. ئەندى قېنى كېلىڭلار، يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىگىچە يەپ تۆلەيلى. سىز رەنجىمەڭ قاسىم، مەن شۇ ھاراقلىرىڭىزدىن قويۇشۇرەي. _ گۈلباھار رومكىلارغا ئاق- قىزىل ھاراقلارنى قويۇشقا باشلىدى. _ سىز ئەر كىشى بولغاندىن كېيىن ئېقىنى ئىچىڭ. بىز ئىككىمىز قىزىلىنى ئىچەيلى. _ دېگىنىچە، گۈلباھار ئاق ھاراق قويۇلغان بىر رومكىنى قاسىمنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. خاسىيەت تولغۇنۇپ تۇرۇپ تەكەللۇپ قىلىشقا باشلىدى:

"مەن مۇشۇ ھالىمدىمۇ رەسمىلا مەستەك بولۇپ قالدىم. سىلەر ئىككىڭلار ئىچىۋېرىڭلار، ماڭا قارىماڭلار."

"مېنىڭچە بولغاندا، سىلەر بەختلىك ھايات دېگەننى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، قوشۇنىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئاشىنىلىق مۇناسىۋەت شەكلىدە ئارىلىشىپ ئۆتسەڭلار بولار. ئەگەر ئەخلاقىڭلار بەكلا ئېغىر بېسىپ چىدىيالماي قالساڭلار، بىرىمىز ئىمامنى تېپىپ دىنىي نىكا قىلدۇرۇۋېلىڭلار. _ گۈلباھارنىڭ بۇ تەكلىۋى ئىككىسىنى تەمتىرىتىپلا قويغانىدى. _ شۇنى ھەرگىز ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلاركى، بىز بۇ قوشۇننى ئاغىنە تېپىشىش ئۈچۈن ئەمەس، ۋەتەننى ئازات قىلىش ئۈچۈن قۇردۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن لازىم بولغىنىدا ھېلىقى مۇھەببەت ياكى ئەخلاق ئىكەن، جېنىمىزنى تەلەپ قىلغىنىدىمۇ قىلچە تەمتىرىمەي پىدا قىلىشىمىز شەرت! مانا بۇ 'يېڭى ئاي قوشۇنى' مىزنىڭ تۆپكى ئىنتىزام پىرىنسىپى!"

خاسىيەت بىلەن قاسىم، بىر- بىرىگە مۇڭلۇق قارىشىپ جىمىپ قېلىشتى. گۈلباھار ھەقىقەتەنمۇ قىلىنى قىرىق يارىدىغان ئېھتىياتچان بىر تەشكىلاتچى ئىدى. بولمىسا، گۈلباھارمۇ ئائىلىسىنىڭ زورلىشى بىلەن توي قىلغان، كېيىن چىقىشالماي ئاجرىشىپ كەتكەن ياش تۇل ئايال ئىدى. بۇ يېقىنلاردا ئۇ بىر دوختۇر بالا بىلەن 'مۇھەببەت' لىشىپ يۈرگەندەك قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا شەھۋانىلىقتىن نېرى كېتەلمىگەنىدى. شۇڭا، ئەتىراپىدىكىلەر گۈلباھارنى ئۆچىغا چىققان بىر شەھۋەتپەرەس دەپلا تونۇشاتتى. خاسىيەت بۇ يەردە شۇنچىلىك شوخلۇق قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەتىراپىدىكى تونۇش- بىلىشلىرى ئۇنى مەڭگۈلۈك قارىلىق تۇتقان شېھىت ئائىلىسىنىڭ جىمغۇر كېلىنى دەپلا بىلىشەتتى. قاسىمنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىمۇ ئۇنچىلىك شەرەپكە لايىق ئەمەس ئىدى: ئۆچىغا چىققان بىر ھاراقكەش ئېنجىنېر! بۇ نوقتىدىن ئالغاندا قاسىم بىلەن گۈلباھار ئىككىسىنىڭ جەمئىيەتتە پاش قىلىنىش ئېھتىمالى بەكلا تۆۋەن بولۇپ، بۇنداق ئادەملەردە ۋەتەن- مىللەت ھەققىدە بىرەر غورۇر ياكى ۋىجداننىڭ بولۇشىنى ھېچكىم قىياس قىلىشالمايتتى. ...

ئەنە شۇنداق تاشقى قىياپەتتىكى بۇ مەخپىي قوشۇن ئېھتىياتچان، ئەمما كەسكىن بىر يېتەكچىسىگە، ئېلېكترون مېڭە مۇتەخەسسىسى ۋە بىر بىناكارلىق ئېنجىنېرى بولغان خېلى مۇكەممەل كەسپىي ئەزالىرىغا ئىگە نىسبەتەن جەڭگىۋار، خىتايغا ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان يەرئاستى مەخپىي قوشۇن ئىدى. شۇڭا كۆپ تالاش- تارتىش قىلىشقا ھاجىتى قالمايلا قاسىمنىڭ 'باسماق بومبا' ئۈلگىسىنى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ رەت قىلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە تېخىمۇ بىخەتەر دەپ قارالغان ۋاقىت تېزگىنلىيەلەيدىغان مىنا لايىھىسى نۇسخىسى ئاساسىدا تېخىمۇ تەپسىلى ماتېرىيال توپلاش قارارى ئېلىندى. بۇ ئىش يەنىلا خاسىيەت بىلەن قاسىمغا

كۆرمىگەنىكەنسىز. ... مەنمۇ ... مەنمۇ ئۇلاردىن قىي ... قېلىشماي، ..." _ گۈلباھار 'كامپىل' تاماكىسىدىن قوپاللىق بىلەن سىلكىپ تۇرۇپ قېپىدىن بىرتال چىقىرىپ ئاغزىغا چىشلىدى. ئاندىن قاپنى سىلكىپ تۇرۇپ قاسىمغا تەڭلىدى. قاسىم دەرھال بىرتال تاماكا چىقىرىپ ئاغزىغا قىستۇرۇپ تۇردى. مەس قىز، قاسىمغا توغرىلاپ تۇمشۇغىنى تەڭلەپ ئېڭىشكىنىچە ساقلاپ تۇردى. 'قېنى تۇتاشتۇرمامسىز' دېگىنىدىلا ھوشىغا كەلگەن قاسىم، ئالدىراپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ ئىچىگە تارتتى.

"قانداق بالا بۇ! _ گۈلباھار تىكلىنىپ قاسىمغا ۋارقىرىدى. _ مېنىڭكىنىچۇ؟! _ قاسىم كەچۈرۈم سورىغىنىچە ھاپىلا- شاپىلا چاقمىقىنى چىقىرىپ قىزغا ئۇزاتتى. _ يا ... ق، ئۇنداق ئەمەس، ... سىز ئۆزىڭىز ..."

قاسىم ئۆمۈرىدە بىرىنچى ئايال كىشىگە تاماكا ئۈچۈن سەرەڭگە يېقىپ باقمىغاچقا سەل تۇرۇپ كېتىپ، گۈلباھارنىڭ تاماكىسىغا چاقمىقىنى يېقىپ تۇتتى.

"ھە، ... ما ... مانا شۇنداق."

"رەنجىمەيسىز، مەن بۇ كەمگە كەلگىچە تېخى بىرىنچى قىزنىڭ تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ بېرىمەن دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. ..." _ قاسىمنىڭ بۇ رەنجىگەنلىك سۆزى قىزغا قىلچە تەسىر قىلمىدى بولغاي:

"قارىغاندا ئىككىڭلار بەكلا تاقەتسىزلىنىپ كېتىۋاتىسىلەر، ... شۇنداق ئەمەسمۇ؟! _ دەپ خاسىيەتكە خېلىلا زورلىنىپ كۆزىنى قىسىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئىككىلا كۆزىنىڭ تەڭ قىسىلىپ كېتىشىنى توساپ قالالمىدى. بىر قولىنى ئېغىر شىلتىگىنىچە دېدى، _ بېرىڭلار، سىلەر كىرىپ ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار. مەن ... مەن يەنە ئازىراق ئىچىپ ... مۇشۇ يەردىلا ... قىڭغىيىۋالسام يېتىدۇ. ..." _ گۈلباھار بىر قولىدا تاماكىسى، ئاستا قىڭغىيىپ ساپاغا يانچىلاپ يېتىۋالدى. بىردەمدىلا پۇشۇلداپ ئۇيقىغا غەرق بولدى. قاسىم ئاستا ئۇنىڭ قولىدىكى تاماكىسىنى ئېلىپ كۈلدانغا بېسىۋەتتى.

خاسىيەت چىقىپ ئۇنىڭغا بىر ياستۇق ۋە ئەدىيال كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۈستىنى يېپىپ قويدى. قاسىم بۇ جەسۇر قىزنىڭ ھازىرقى بىچارە قىياپىتىگە قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى: "قېنى بۇ قىزلارغا ئىگە بولىدىغان ئۇيغۇر يىگىتلىرى؟! بۇلارنىڭ .مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى نېمە ئۈچۈن ئويلاشماي يۈرۈۋېرىمىز؟!" _ قاسىم ئويلىنىپ ساپاغا قاراپ تاماكىسىنى چېكىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

قاسىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان خاسىيەت:

"جېنىم دوستۇم، سېنى مۇشۇ كۆنلەرگە قويغان جەمئىيەتكە لەنەتلەر بولسۇن!" _

قاسىمﯘ ئىنتايىن ئۈنۈمسىزلانغان ھالدا بىرنېمىلەر دەپ غودۇڭشۇپ يۈرۈپ، گۈلباھارنىڭ ئالدىدىكى قىزىل ھاراقنى ئۆزىگە تارتىپ، ئالدىدىكى ئاق ھاراق رومكىسىنى ئۇنىڭغا سۇندى.

"زىيالى دېگەنغۇ ساپلا مۇشۇنداق بىرنېمىلەر" _ گۈلباھار ئالدىدىكى ئاق ھاراق رومكىسىنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىغا بىراقلا ئېلىپ غورتلا قىلىپ يۇتىۋەتتى. قاسىم بىلەن خاسىيەت نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بىر- بىرسىگە قارىشىپ قوللىرىغا قىزىل ھاراق رومكىلىرىنى ئېلىشتى. بۇ قىزنىڭ بايىتىنقى سالاپەتلىك ۋە ئۆزىنى تۇتىۋالغان قىياپىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بەدىنىگە چىڭ كېيىۋالغان كۆلرەڭ چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، نېپىز قىزىل كوپتىسىنىڭ ئالدىنى سەل بوشىتىپمۇ ئۈلگۈردى. بوينىغىچە قىزىرىپ كەتكەن بۇ جانىۋارنىڭ ساغلام ئىككى كۆكسى قىزغۇچ نېپىز كوپتىسىنى يىرتىۋېتىدىغاندەك تىكلىنىپ كەتكەنىدى. ئىختىيارسىزلا بۇ تولغان كۆكسىلەرگە تىكىلىپ تۇرغان قاسىمنى گۈلباھارنىڭ تومۇ چىققان ئەركىشىنىڭكىدە ئاۋازى چۆچۈتىۋەتتى:

"ھە، قاسىم ئەپەندى، خاسىيەتنىڭكى سىزگە يارىماي قېلىۋاتامدۇ- قانداق؟! بەكلا تىكىلىپ قاراپ كەتتىڭىزغۇ كۆكسىلىرىمگە؟!" _ ئۇنىڭ شەھۋانە كۆزلىرى رەسمىلا يولدىن چىققان بۇزۇقلارنىڭكىدەك قاسىمنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. "تووۋا خۇدايىم، مۇشۇنداق قىياپەتتىكى بىرسىنىڭ بۇنداق ھەرىكەتلەرگە قىزىقىپ قالغىنى نېمىسى؟!" قاسىم، گۈلباھارنىڭ قىياپىتىگە ئەنسىرىگەندەك قاراپ قويدى. ئۇ قىز ھېلىدىن ھېلىغا تاماكا تۇتاشتۇراتتى، ئارىلاپ رومكىسىنى قۇرۇغداپمۇ قوياتتى.

"ھەيران قالماڭ، بايىتىدىن سىزنىڭ تاماكا چېكىشىڭىزگە قاراپ چىدىيالماي تېپىرلاپلا قالغانىدىم. بۇ ئاي- بۇ كۈنلەردە مەندەك ھالغا چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ كۈندىن- كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سىز بىلمەيدىغان ئوخشىمامسىز؟! ئۇلار ئىچىۋالغىنىدا ئىچىنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن نېمە قىل دېسىڭىز شۇنى قىلىشقا رازى. ئۇلاردا نومۇس، ئەقىدە دېگەنلەر ئاللىمۇقاچان ھاراقنىڭ ئىسپىرتى ئىچىدە ئېرىپ تۈگىگەن! رازى قىلىدىغانلا بولسا، ئۇنداقلارغا خىتايلا ئەمەس، قاپقارا نېگىر بولسىمۇ پۈلەپ ئولتۇرمايدۇ. _ گۈلباھار ئەلەڭ- سەلەڭ قوللىرىنى ھاۋاغا شىلتىپ قويدى. _ مەنمۇ بۇ، ... بۇ ئىشنى تاپمىغان بولسام، ... ئۇلاردىن قېلىشمىغان بولاتتىم! ... _ قاسىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ كۆڭلىدە: "سەن ئاللىمۇقاچان ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىپسەن!" دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى. _ سىز، ... سىز قارىغاندا مەندەكلەرنى

# 11. گۈلباھار

"باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل."

— خەلق ناخشىسىدىن

بۇ ھەپتىدە قاسىمدىن باشقىلىرىنى بىرلەپ- ئىككىلەپ ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى تۇتۇلغانلاردىن ئون نەچچە ئۇيغۇر- قازاقنى كامېرغا تىقىشتى. يېڭى كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا يارا ئىزلىرى يېڭى ئىكەنلىكىگە قاراپلا، ئۇلارنى تېخى يېڭى قولغا ئېلىنغانلار بولسا كېرەك دەپ مۆلچەرلەشكە بولاتتى. بەلكى يېڭىلارغا سۇر كۆرسىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، قاسىمنىمۇ ھەر كۈنىسى دېگىدەك ھوشىدىن كەتكىچە ئۇرۇپ پۇتۇن بەدىنىنى قىپقىزىل قانغا بويىشىپ كامېرغا سۆرىشىپ ئەكىرىپ تاشلىشاتتى. بۇ ئاي- بۇ كۈنلەردە سوئال- سوراقلىرىدا دېگەندەك ئۆزگىرىش كۆرۈلمىگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ جازالاش قوراللىرى ئايدىن- ئايغا سەرخىللىشىپ بارماقتا ئىدى. ئۇرۇلغان يەرلەردىن قان چىپىلداپ ئېقىپ، بەدەنلىرىنى بىردەمدىلا قىپقىزىل قورقۇنۇشلۇق ھالغا كەلتۈرىۋېتەتتى. كامېردىكى باللار بۇنچە ئېغىر ئازاپلىنىشلارغا چىداپ كېلىۋاتقان قاسىمنىڭ غەيرىتىدىن ھەيران قېلىشاتتى. كەينىدىنلا ئۇلارمۇ جازاغا تارتىلىپ، بەزىلىرى تولۇق ھوشىنى يوقاتقان ھالدا كامېرغا كەلتۈرۈلەتتى. بەزىلەر ئولتۇرۇپ تىنماي يىغلاپ چىقسا، يەنە بەزىلەر كۈنلەرگىچە تىۋىش چىقارماي قاراڭغۇ تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن قاسىمنىڭ سوراقتا ئېلىپ چىقىرىلىشى يەنە قايتىدىن ئازىيىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يارىلار بۇ قېتىم يېرىڭداشقا، كەينىدىنلا مۆلدۈرلەپ قورتلاشقا باشلىدى. قاسىم قىزىرىپ كۆپتەك ئىششىپ كەتتى. ئادەم قېلىپىدىن چىققان بۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەسلى قىياپىتى ۋە ئەسلى مەخسىدىنى ئوچۇق كۆرگەن ياشلار، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان غەزىۋىنى يوشۇرالماي قېلىشاتتى.

شۇ ھالىدىمۇ قاسىم ھوشىغا كېلىپ سەل ئوڭشىلىۋالغىنىدىن كېيىنلا يەنە كونا ئەسلىمىلىرى قاينىمىغا كىرىپ كېتەتتى. ...

دەپ، ئاستا قاسىمغا يۆلىنىپ، ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاغلىغىنىچە جىم ئولتۇرۇپ دوستىنىڭ پۇشۇلدىشىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ...

بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، ئۇلار چۈشكە يېقىن ئاران ئويغىنىشتى. گۈلباھار خېلى بۇرۇنلا تۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ چىقىپ يالغۇز ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدى. ئاندىن ياتاق ئۆيگە قاراپ ۋارقىرىدى:

"شۇنچىلىك بولغىنى بۈگۈنچە يېتەر! بولمىسا سۇ مۇزلاپ كېتىدۇ!" ...

سوغۇق تۇرمە كامىرىنىڭ تېمىغا يۆلەنگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان قاسىم، بۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىچە چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى. ...

دەرىجىلىك قورچاق ئەمەلدارىنىڭ قىزى يول بويىدىكى دەرەخقە ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، خائىنلارغا جازا يۈرىشى قىلىش دولقۇنىمۇ ھەقىقى مەنىسى بىلەن كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. نۇرغۇن مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش خېتى تاپشۇرۇپ ئېلىشقان بولۇپ، قورقۇنچاق مادارىچى موللىلار مەسچىتلىرىگە چىقىشتىنمۇ قورقۇپ، ئۆيلىرىدىن تالاغا چىقالماس بولۇپ كەتكەن. نۇرغۇنلىغان تىپىك خىتاي جاللاتلىرى بىلەن ۋىجدانسىز خىتاي يالاقچىلىرىنىڭ ئادرىسلىرى، بالا- چاقا، نەۋرە- كېلىن ۋە كويىوغۇللىرىنىڭ تەپسىلى ئادرىسلىرى، كۆپ بارىدىغان يەرلىرىنىڭ ئادرىسلىرى تەپسىلى تونۇشتۇرۇلۇپ مەخپى تارقىتىۋېتىلگەن بولۇپ، مەخپى قوشۇن ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتى ئۈچۈن بەكلا ئاسانلىق يارىتىلماقتا ئىدى.

قاسىمنىڭ ئاغىنىلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك ئۇنداق بىرەر ۋاراق تەشۋىقات ۋارىغى، بىرەر قورقۇنۇشلۇق كىتاپلارغا ھەيران قالماس بولۇپ كېتىشكەن، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىر- بىرىدىن ۋەھىمىلىك قورقۇنۇشلۇق ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. سۆھبەت تازا قىزىپ كەتكىنىدە، قاسىمنىڭ خىتاي خوشنىسى كىرىپ كەلدى. بۇ خىتاي خوشنا، ساھىپخانىنىڭ ئۇزاتقان رومكىسىنى يىگىنە يۇتىۋاتقاندەك قىيىنلىپ يۇتقاچ، قاسىمنى يوخلايدىغان چىرايلىق ئۇيغۇر قىزلىرى ئۈستىدىمۇ ئېغىز ئېچىپ كەتتى:

"ئەر كىشى دېگەن شۇنداق بولىشى كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بۇنداق ئويۇنلاردىنمۇ ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدۇ. سەن لاۋكا، يامان ئادەم جۇمۇ. بىر- بىرىدىن چىرايلىق، بىر- بىرىدىن ياش قىزلار، ... بەك ياخشى. _ خىتاينىڭ ئاغزىدىن شالۋاقلىرى ئاققاندەك بولۇپ كەتتى. بىرتال كەمپىتنى ئاغزىغا سېلىپ، _ سىلەر داۋام قىلىۋېرىڭلار، سىلەر ئىچىڭلار." _ دېگىنىچە كەينىچە داجىپ چىقىپ كەتتى.

"توختىغىنە، نېمە دەيدۇ بۇ خىتىيىڭ؟! _ ساقى سورىدى قاسىمغا تىكىلىپ تۇرۇپ، _ قىزلارنىڭ گېپىنى قىلىدىغۇ بۇ خىتىيىڭ؟! سەن بىزدىن يۇشۇرۇن نېمىلەرنى قىلىپ يۈرسەن، ئاغىنە؟"

"ھەھە، ... ئۇنچىلىك بولسۇن! _ دېدى بىر ئاغىنىسى، _ بويتاقلىق يامان نېمە، ئاغىنىلەر."

ئۇلتۇرۇش ئەھلى بىرھازا شاڭخو- چاخچاقلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، گەپنىڭ تېمىسى ئاللىمۇ قاچان جىنسىيەتكە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ھاراقنىڭ كۈچىمۇ رەسمى ئۆزىنى كۆرسىتىپ، سورۇندىكىلەرنى بىر- بىرلەپ قىڭغايتىشقا باشلىدى. ...

بۇنى پۇرسەت بىلگەن قاسىم، بايىتىدىن تەشۋىقاتچى دوستى قوينىدىن چىقىرىپ

قاسىم، 'يېڭى ئاي قوشۇنى' غا ئەزا بولغىنىدىن كېيىن، كۈنلىرىنى ئالاھىدە خۇشال ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئەندى ئۇنىڭ ئاياللاردىن بولسىمۇ بىر تەشكىلى، بىر يېتەكچىسى بار ئىدى. ئىشلىرىمۇ ئۆزلىكىدىنلا پىلانلىق ۋە راۋانلىشىپ بارماقتا ئىدى. ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىنمىغان ۋاقىتلىرىدا ھەرخىل تەشۋىقات ۋاراقلىرى يېزىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. كۆپۈنچە ۋاقىتلىرىنى يېڭى پىستان، يېڭى مىنا لايىھەلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكۈزەتتى.

شۇنداق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قاسىمنىڭ ئۆيىگە ھېلىقى ئاغىنىلىرى يىغىلىشتى. ئۇياقتىن- بۇياقتىن سۆزلىشىپ، كوچىدا پەيدا بولىۋاتقان ۋەھىمىلەردىن، باشقا شەھەر- ناھىيىلەردىكى تۆمۈريول- تاشيول بويلىرىدا بولغان ۋەقەلەردىن يېڭى خەۋەرلەرنى بىر- بىرىگە يەتكۈزۈشەتتى. قارىغاندا ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكەتلىرى بۇ كۈنلەردە پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىگە كېڭىيىپ رەسمىيلىشىپ قېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. گەرچە خىتايدىن يېڭى كېلىدىغان خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلەر ئاساسەن توختىغاندەك قىلسىمۇ، خىتايغا قاچىدىغانلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، ۋەھىمە ھەرىكەتلىرىمۇ ئادەتتىكى قارىغۇلارچە پارتلىتىشلاردىن ئاستا- ئاستا ۋەتىنىمىز تەۋەسىگە تېخىمۇ ئىچكىرلەپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىل، پويىز ۋە ئاپتوۋۇزلارغا تەھدىت سالىدىغان ھەرىكەتلەرگە، باشلىرىنى، پۇت- قول ۋە قۇلاقلىرىنى ئۈزۈۋېلىپ خىتاي مەھەللىلىرىگە تاشلىۋېتىش، ئۈچەي- باغىرلىرىنى تۆكۈپ ئەتراپقا چۇۋۇۋېتىش قاتارىدىكى قورقۇنۇشلۇق ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىشلارغا يۈزلىنىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغاندەك قىلاتتى. بولۇپمۇ خىتاي تاجاۋۇزچى كۆچمەنلەر ئائىلىلىك بىنالىرىغا ئوت قويۇۋېتىش، پارتلىتىۋېتىش، ئوغرىلۇقچە ئۆيلىرىگە كىرىپ بوغۇزلاپ، ئىچى- باغرىنى تۆكۈۋېتىپ چىقىش ۋەقەلىرى ئالاھىدە كۆپەيمەكتە ئىدى. تۆمۈريول، تاشيول ئۈستىلىرىدىمۇ نوقۇل قۇرالسىز خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغىلا زەربە بېرىشلەرگە قوشۇلۇپ، ھەربىي ۋاگونلار، ھەربىي ئاپتوموبىللار، قۇراللىق ساقچى ماشىنىلىرى، مىنىبۇسلار، خىتاي ئەمەلدارلىرى ئائىلىلىرى، بىڭتۈەن ئىشچىلىرى، بېنزىن توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارغىمۇ زەربە بېرىش ئىشلىرى پىلانلىق قانات يايدۇرۇلۇش دەۋرىگە كىرمەكتە ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، ئۆتكەن ھەپتىدە تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بىر ئۇيغۇر ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئائىلىسى بالا- چاقىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كۆيۈپ كەتكەن. يەنە بىر ئىدارىنىڭ خىتايغا يالاقچىلىق قىلىشتا بەكلا ھەددىنى بىلمەي قالغان بىر ئۇيغۇر نازىرى ئۆيىدىلا بوغۇزلىۋېتىلگەن بولۇپ، نەق مەيداندا ئۇنىڭ بېشى تېپىلماي، باشقا بىر مىللىي كادىرلار قوراسىنىڭ ئەخلەتخانىسىدىن تېپىلغان. يەنە بىر ئەنچۈەنتىڭ ئىدارىسىنىڭ ئۇيغۇر باشقارما باشلىق

كىرىستالنى شورىغۇچ رېزىنكىگە شار بىلەن شورىتىپ ئايرىپ ئالىمىز. ئاندىن بۇ ماددىنى ئىككىنچى قېتىملىق نىترولاشقا باشلايمىز. ئايرىۋالغان نىتروتولولنى ئەينەك ئىستاكانغا قويۇپ سۇ مونچىسىدا 50 گرادۇسقىچە ئىسسىتىمىز. ئۇنىڭغا ئون بىر گرام قويۇق سولپات كىسلاتاسىنى تېمىتىپ قوچۇپ بېرىمىز. ئاۋال بېغىررەڭگە، ئاندىن قارامتۇل رەڭگە كىرىدۇ. ئاندىن بۇ ئىستاكاننى داۋاملىق قىزدۇرۇپ 90- 100 گرادۇسقا كەلتۈرىمىز. بۇ ئارىدا 5,25 گرام قويۇق نىترات كىسلاتاسى ئۈستىگە 5,25 گرام قويۇق سۇلپات كىسلاتاسىنى تامچىلاپ قوشۇپ ئارلاشتۇرۇپ تەييارلىۋالغان كىسلاتا ئارىلاشمىسىنى نەق بىر سائەتتە قوچۇپ تۇرۇپ تامچىلاپ قوشۇپ ئارىلاشتۇرىمىز. ۋاقىتقا دىققەت قىلىڭ. نەق بىر سائەتتە! بۇ ماددىنى يەنە ئىككى سائەت تىنىماي ئارىلاشتۇرۇپ بېرىمىز. بۇ چاغدا ئوخشاشلا ئېرىتمە يۈزىگە دى نىتروتولول لەيلەپ چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ ماددا ئۈچىنچى قېتىملىق نىترولاشقا تەييار بولغان ھېساپلىنىدۇ. بىز ئاۋال 7,25 گرام قويۇق نىترات كىسلاتاسىغا يەنە شۇنچە گرام قويۇق سۇلپات كىسلاتاسىنى ئاستا تېمىتىپ قوچۇپ كىسلاتا ئارلاشمىسى تەييارلىۋالىمىز. ئاندىن يوقۇرىدا ئايرىۋالغان دىنىتروتولولنى ئىستاكاندا سۇ مۇنچىسى ياردىمى بىلەن 90 دىن يۇقۇرى گرادۇستا ئىسسىتىپ تۇرۇپ 14,5 گرام قويۇق سۇلپات كىسلاتاسىنى قوچۇپ تۇرۇپ تامچىلاپ ئارىلاشتۇرىمىز. ئاندىن بۇنى سۇ مونچىسى ئىچىدە )سۇمۇنچىسىنىڭ سۈيىگە ئاشتۈزى ياكى كالتسىي خلورىدتىن 3-5 پىرسەنت  قوشۇپ، سۇنىڭ قايناش نوقتىسىنى ئۆستۈرىۋالىمىز.) بىلەن 100- 115 گرادۇسقىچە ئىسسىتىپ تۇرۇپ بايا تەييارلىۋالغان كىسلاتالار ئالاشمىسىنى قۇچۇپ تۇرۇپ نەق 2 سائەت تامچىلىتىپ قوشىمىز. ئاندىن يەنە شۇ 100- 115 گرادۇستا ئىسسىتىپ تۇرۇپ 2 سائەت تىنىماي قوچۇپ بېرىمىز. ئاندىن بىر سوتكا ئۆي تېمپېراتورىسىدا سوۋۇتىمىز. ئېرىتمە ئۈستىگە قىزغۇچ سېرىق ماددا قېتىپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ تازىلانمىغان (شىخو دورىسى». بۇ ماددىنى ئېلىپ سۈندۈرۈپ پارچىلاپ سوغوق سۇدا بىرقانچە قېتىم يۇپ كىسلاتادىن ئايرىيمىز. ئاندىن يەنە ئىسسىق سۇدا ئۈچ قېتىم يۇيىمىز. بۇغداي- قوناق دانىچىسىدەك بۇ ماددىنى چىلاشقىدەك ئېتىل ئىسپىرتى قويۇپ 60 گرادۇسقىچە ئىسسىتىمىز. ئاندىن سوۋۇتۇپ، كىرىستال چۆكمىسى ھالىتىدە ساپ دورىغا ئېرىشىمىز. ئۇنى پىلتىر قەغىزى بىلەن سۈزۈپ سالقىن يەردە قۇرۇتىمىز. ئەڭ ساپ ساغۇچ يىڭنىسىمان |تې ئېن تى| كىرىستالىنىڭ پارتىلاشتىكى تېزلىكى سېكونتىغا ئالتى مىڭ ئالتى يۈز مېتىرگە بارالايدۇ. بۇنى ئەڭ دەسلىۋىدە نوبېل ياساپ چىققان ئىكەن. بۇ دورىنى شىخو ئۇرۇشىدا دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى پارتىلىتىش جەريانىدا قۇربان بولغان شېھىتلىرىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن «شىخو دورىسى» دەپ

ئۇقىماقچى بولغىنىدا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالماي قايتا يانچۇقىغا سېلىپ قويغان بىر تەشۋىق ۋارىقىنى ئاستا سۇغۇرۇپ ئالدى. بۇ ۋاراق رەسمى بىر دورا رېتسىپى بولۇپ، ئۇنىڭغا «شىخو رېتسىپى» دېگەن نام بېرىلگەنىدى. بۇ رېتسىپ مۇنداق بايان قىلىنغانىدى: "«شىخو دورىسى» نىڭ ئاساسلىق تەركىبى بىر تولول مالېكۇلاسىغا ئۈچ دانە نىترو رادىكالى باغلانغان بولۇپ، ئادەتتە 2-4-6- ترى نىترو تولول دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مالېكۇلا فورمۇلاسىدا يەتتە دانە كاربون ئاتومى، بەش دانە ھىدروگېن ئاتومى، ئۈچ دانە ئازوت ئاتومى ۋە ئالتە دانە ئوكسىگېن ئاتومى بار. رەڭگى ساغۇچقا مايىل بولۇپ، كىسلاتادىن تازىلانغىنىدا ئاقۇش سېرىق رەڭ ئالىدۇ. سەكسەن پۈتۈن يۈزدە ئالتە سېلسىيە گرادۇس ئىسسىقلىقتا ئېرىيدۇ. مالېكۇلا ئېغىرلىقى 227،13، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 1،54، سېرىق ياپراق ياكى يىڭنىسىمان كىرىستاللىق، ئىسپىرتتا ئىسسىتىلغاندا، ئاستون، بېنزول، تولول، نىترات كىسلاتاسى، سولفات كىسلاتاسى قاتارلىقلاردا ئېرىيدۇ. سۇدا ئېرىمەيدۇ ۋە ئارلاشمايدۇ. سۇ يېغى سېرىق سۈزۈك رەڭلىكى ئىنتايىن سەزگۈر. قاتتىق ئۇرۇپ ئىزسە پارتىلايدۇ. كۈن نۇرىدا تەدرىجى پاسسىپلىشىپ، دىسلەپ قارىداپ، ئاندىن كۆلرەڭگە ئۆزگىرەپ قالىدۇ. 81 دىرىجىدە ئېرىپ، تىنچ قويغاندا قايتا قېتىۋالىدۇ. شۇڭا بۇ گرادۇستا ئېرىتىپ ھەرخىل شەكىللەرگە كەلتۈرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ بىر زەھەرلىك ماددا بولۇپ، پۇرىغىمۇ زىيان قىلىدۇ. ئادەتتە ئىچىنى سۈردۈرۈش، تېرىسى ساغرىپ قېلىش، نەپەسلىنىشى قىيىنلىشىش، قان بېسىمى تۆۋەنلەش، يارا چىقىش، باش ئاغرىتىش ياكى قايدۇرۇش تەسىرلىرىگە ئىگە. زەھەرلەنگۈچى دەرھال بۇنىڭ پۇرىغىدىن بىرنەچچە كۈن يىراق تۇرۇشى، مۇمكىن بولغاندا ساپ ھاۋالىق يەردە دەم ئېلىشى، ئالما، تۇخۇم، گۆش، سۈت ۋە مول كۆكتات يېيىشى لازىم. بۇ دورىنى مېتىل بېنزول ياكى تولولنى ئۇدا ئۈچ قېتىم نىترولاش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق نىترولىغاندا 60 پىرسەنتلىك نىترات كېسلاتاسىدىن 14،7 گرام، قويۇق سولفات كىسلاتاسىدىن 29،4 گرام ۋە تولولدىن ئون گرام تەييارلايمىز. ئاۋۋال ئىسسىقلىقى 30 گرادۇستىن تۆۋەن بولغان سۇ مونچىسى ياكى مۇز ۋاننىسى ئىچىدە تۇرغۇزۇلغان ئىستاكانغا نىترات كىسلاتسىنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇق سولپات كىسلاتاسىنى قوچۇپ تۇرۇپ تېمىتىپ قوشىمىز. دىققەت قىلىڭ، چوقۇم سولپات كىسلاتاسىنى نىترات كىسلاتاسى ئۈستىگە تېمىتىپ قوشۇڭ! ئاندىن 30- 40 گرادۇسلۇق ئىسسىقلىقتا تولولنىڭ ئۈستىگە بايىقى كىسلاتالار ئارلاشمىسىنى تامچىلاپ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ بېرىمىز. كىسلاتا قوشۇش تاماملانغىنىدىن كېيىن، ئېرىتمە يۈزىگە نىتروتولولنىڭ كىرىستالى لەيلەپ چىقىشقا باشلايدۇ. بىرەر سوتكىدىن كېيىن بۇ

پەلتوسىنى يېشىپ ئىشكاپقا ئىلىپ قويۇپ چىقتى. ھالرەڭ نېپىز كوپتىسىنىڭ ئىككى تۈگمىلىك ئورنى ئوچۇق قالغانىدى ___ توغرىسى ئالايىتەن ئەتمەيلا چىققانىدى. قاپقارا پارقىراپ تۇرغان دولقۇنلۇق قويۇق قارا چاشلىرىنى بىر يېنىغا تۈكۈپ ساپلىغا ئولتۇردى. ئۇنىڭ شەھۋانە كۆزلىرى قاسىمدەك تولا ئىش كۆرمىگەن ئىرادىسى ئاجىز سۆيۈق ئەرلەرنىڭ قەلبىنى پارچىلىۋەتكىدەك ماگنىتلىق كۈچى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. قىزنىڭ كۆزلىرىدىن گويا 'سۆيۈملۈك' گازپايات ئوتى يالقۇنجاپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ قەلبىنى پەرۋانىدەك ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغانىدى.

"كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، كلاسسىك ئەرلەر ئولتۇرۇشى! يىگانە ئىچىش ئوچۇنلا ئولتۇرۇش!

_ گۈلباھار ئاغزىنى سەل يۇرۇشتۇرگەناەك قىلىپ، ئەپچىل سومكىسىدىن 'كامېل' تاماكىسىنى چىقاردى. _ كېلىڭ يېنىمغا. _ قىزنىڭ بوم تارىدەك ئاۋازى قاسىمنى تىك تۇرغۇزىۋەتتى. ئاندىن دەرھال ئالدىغا سوزۇلۇپ كېلىپ سافانىڭ بىر قىرىغا كېلىپ ئولتۇردى. گۈلباھار تاماكا پاشكىسىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى. ئۆزىمۇ بىر تال چىقىرىپ ئاغزىغا قىستۇرۇپ، چىرايلىق چاقمىغىنى چىقىرىپ ئاۋال قاسىمنىڭكىنى، ئاندىن ئۆزىنىڭكىنى تۇتاشتۇردى. قاسىمنى ئىچىگە تارتقان تاماكىسىنىڭ تەمى ئەمەس، بەلكى ئالدىغا ئېگىشىپ چاقماق تۇتۇپ بېرىۋاتقان قىزنىڭ ئەتتىر گۈلىدەك پۇراپ تۇرغان گەۋدىسى مەي قىلىۋەتكەنىدى. بۈگۈن بۇ قىزدا قىلچىلىكمۇ تارتىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. _ سىز قىزلارغا تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بېرىشنى بىلمىگىنىڭىز بىلەن، مەن سىلەردەكلەرگە ئوت يېقىشنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. _ قاسىمنىڭ يۈرىكىنى ئويىنىتىپ تۇرغان قىز يۈرىگى ئۇنىڭغا 'گوپ' قىلىپ قايتىدىن ئۇرۇلدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى كەينىگە داجىتىشقا تىرىشقاندەك قىلىسىمۇ، سافانىڭ قولتۇقلىقىغا تاقىشىپ قېلىپ، مىدىر- سىدىر قىلالمىدى. ئۇنىڭ ھاياجىنى قوزغىلىپ پۇتىنى ئالماشتۇرىۋېلىشقا تىرىشتى. _ ئاۋارە بولماڭ، ئەرلەرنىڭ مىجەزىنى بەش قولدەك بىلىمەن." _ گۈلباھار تاماكىسىنى شورىغاچ قاسىمنىڭ كۆزىگە چاقناپ تۇرغان يالقۇنلۇق شەھۋانە كۆزلىرى بىلەن بىرھازا تىكىلىپ ئولتۇرىۋېلىپ، ئۇنىڭ تاقىتىنى قويمىدى. گۈلباھار ئۇنىڭ بوينىغا بېلىگىنى ئالمىدى. يەنە بىر قولىدىكى تاماكىسىنى ئىچىگە چوڭقۇر بىر تارتىۋېلىپ ئالدىدىكى ئۈستەلدە تۇرغان بىر تەخسىگە ئەزدى. ئاندىن ئىچىدىن تۇرخۇندەك چىقىۋاتقان ئىسنى قاسىمنىڭ يۈزىگە قارىتىپ پۈۋلىدى. ئاستا ئۇنىڭ قولىدىكى تاماكىسىنىمۇ ئېلىپ تەخسىگە تاشلىدى. ئەرنىڭ بوينىدىن ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئالدىغا تارتقىنىچە ئۇنى سۆيۈپ كەتتى. ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان قاسىم، قىزنىڭ بېلىدىن قاماللاپ تۇتقىنىچە سافاغا قىڭغايدى. ئىككىسىنىڭ قوللىرى

ئاتىدۇق. ــــ ئۆيغانغان مۇھاجىرلار قوشۇنىدىن."

قاسىم بۇ رىتسىپنى شۇ كېچىسىلا بىر نۇسخا كۆچۈرىۋالدى.

ئەتىسى ئىگىز- پەس يېتىشقان دوسلار بىر- بىرىنى ئۆيغىتىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئاندىن يۈز- كۆزلىرىنى چالا- بۇلا يۇيۇشقاندىن كېيىن، بەزىلىرى بىرەر پوتولكا پىۋا بىلەن، يەنە بەزىلىرى ئىسسىق چاي بىلەن ناشتىلىرىنى قىلىشىپ ئالدى- كەينىلىرىگە سەنتۈرۈلۈشۈپ يۈرۈپ خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىشتى. ئۇلارنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ كىرگەن قاسىم، جوزىلارنى يىغىشتۇرۇشقىمۇ خوشىياقماي، كىرگەن پېتى ئۆزىنى كارىۋىتىغا ئاتتى. ئەمما قاسىمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىش ئورنىغا خاسىيەت كېلىۋېلىپ ئارامىغا قويمايتتى. خاسىيەت قايسى كۈنىسى كېلىپ يېرىم كېچىگىچە بىرگە يېڭى مىنا لايىھىسىنى تۈزۈش بىلەن بولۇپ، ئاندىن قونۇپ كەتكەنىدى. قاسىم شۇ كېچىنىڭ لەززىتىنى ئەسلەپ تولغىنىپ زادىلا ئارام تاپالماي قالدى. "ئۇ كىچە نېمە دېگەن لەززەتلىك بىر كىچە ئىدى- ھە!" _ قاسىم باشقىلاتتىنلا قورۇق ھاۋايىھەۋەس دولقۇنى ئىچىگە غەرق بولىۋاتقىنىدا تويۇقسىزلا ئىشىگى ئۆزىگە تونۇش بولغان بىر ئاۋازدا يەڭگىل چېكىلدى:

"تاك، ... تاك- تاك!"

ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەن قاسىم ۋارقىرىۋەتتى:

"بۇ چەككەن خاسىيەت!" _ ئۇ دەرھال بېرىپ ئىشىگىنى ئاچتى.

"ياخشىمۇسىز؟"_بوم ئاۋاز بىلەن سالام قىلىپ گۈلباھار كىرىپ كەلدى!

گۈلباھارنى كۆرۈپ ھوجۇقۇپ قالغان قاسىم، قىزغا تىكىلىپ قاردى. بۈگۈن بۇ قىز شۇنداق ·دىققەت بىلەن ياسىنىۋالغانىكى، يۈزلىرى چاقناپ تۇراتتى. قاپ- قارا چاشلىرىنىمۇ گۈيا تەبىئىي بۇدىرەسى باردەك كېلىمشتۇرۇپ ياساتقان بولۇپ، پارىلداپ تۇرغان چاشلىرى ئىككى قۇلىغىنى يېپىپ دولقۇنلاپ سىيرىلىپ چۈشۈپ مۈرىسىنى بويلاپ كۆكسىگە تاقالغانىدى. ئۇنىڭ ھەرقانداق يىگىتنى دەرھاللا ئۆزىگە تەسلىم قىلدۇرىۋالغىدەك چاقناپ تۇرغان شەھۋانىلىق ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بوتا كۆزلىرى قاسىمنى دەرھاللا ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى. "ئاھ، بۇ قاملاشقان كۆكسلەر!" قاسىمنىڭ كۆزىگە باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى!

"قېنى ئۆيگە كىرىڭ، ئەمما مېنى شاڭخو قىلمىغايسىز، ئۆي ئىچى بەكلا رەتسىز ئىدى. ئۇلارنى تېخى يېڭىلا ئۇزىتىپ تۇرىۋىدىم، يەنى، ... مەن، ..." _ قاسىمنىڭ ئاغزى گەپكىمۇ قولاشماي قالغانىدى.

قىز ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە پەرۋامۇ قىلماستىن ئوتتۇر ياتاق ئۆيىگە كىرىپ نېپىز

بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ چىرايلىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

قاسىم خىجىل بولغان قىياپەتتە يەرگە قاراپ ھىجايغىنىچە تاماقتا ئولتۇردى. گۈلباھار تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ سورىدى:

"ئالدىنقى كۈنى خاسىيەت كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟! _ ئۇ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ قاسىمنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا گېپىنى داۋام قىلدى، _ بىچارە قىز، مەن بولمىسام بەلكىم بۇ چاقىچە ئەقلىدىن ئېزىپ قالارمىدىكىن بىلمەيمەن، ھېلىمۇ غەيرىتى بار قىز ئىكەن. ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمىسەك بولمايدۇ. بىر ھېساپتا مېنىڭ بۇ قوشۇننى قۇرۇش خىيالىغا كېلىشىمگە خاسىيەت سەۋەپ بولدى دىسەممۇ بولىدۇ. شۇ كۈنىسىدىكى پاجىئەلىك قىياپىتىنى ھازىر ئەسلىسەممۇ يۈرىكىم يېرىلغىدەك بولۇپ كېتىدۇ. بەكلا ئېچىنىشلىق ئىدى. ھە، سىلەرمۇ خېلى چىقىشىپ قالغاندەك قىلامسىلەر قانداق؟!"

بۈگۈن بولغانلاردىن كېيىن، قاسىم ئەندى خاسىيەت توغرىسىدا گەپ قىلغۇسى كەلمىگەنىدى. شۇڭا بېشىنى چۆكۈرۈپ تامىقىنى يەپ ئولتۇرىۋەردى.

"ماڭا قاراڭ، مېنىڭ سىزگە قىلغانلىرىمغا قاراپلا مېنى رەسمىي بۇزۇق بىرسى ئوخشايدۇ دەپ قالماڭ. مېنىڭ سىزنى خاسىيەتتىن تارتىۋېلىش نىيىتىم زادىلا يوق. سىلەردىن قىزغىنىپمۇ قويمايمەن. ئەكسىچە، سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلاردىن خوشال بولىمەن. بۇ مېنىڭ سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇندىن كېيىن مېنى سىز زورلىسىڭىزمۇ ئۇنىمايمەن. بۇ قېتىمقىسىدا يەنە شۇ خاسىيەتنىڭ ئۆزى مېنى قوزغاپ قويامدۇ! _ ئۇ ئاش سۈيىدىن ئىچىپ قويۇپ تەخسىسىنى نېرى ئىتتىرىپ ئاغزىنى قەغەز سالپۈشكىدا سۈرتتى. ئاندىن بىرتال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرىۋالدى. _ تۈنۈگۈن ئۇ ئۆيۈمگە كەلگەنىكەن، گۈلدەك ئېچىلىپلا كېتىپتۇ. سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ تۇرىۋالدى. ئازىراق ئىچكۈزۈپ قويۇپ كوچىلىۋىدىم، بىر ۋاقىتلىرىدا سىزنىڭ ئالاھىدە ئەركىلىگىڭىزدىن پىچىرلاپ سالدى. كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقا كەلمەي شەيتىنىم جىم قويمىدى. ئەتىگەن خاسىيەت كەتكەندىن كېيىن زادىلا چىداشلىق بېرەلمىدىم. 'نېمە بولاتتى؟! بىرەر قېتىمغا قاسىمنى يەۋەتەتتىممۇ!' دېدىم- دە، سەھەردىلا يېنىڭىزغا كەلمەكچى بولۇپ يولغا چىقتىم. ئەمما ئۆيىڭىزگە يېقىنلىشىپ قالغاندا، خاسىيەتنى ئويلاپ يەنە كەينىمگە ياندىم. ئاندىن ھېلىقى ئەلمان دوختۇر يىگىتىمنىڭ يېنىغا بارايلا، دەپ ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئۇ لىمجان دوستۇمنى ھىسياتلاندۇرۇش ئۈچۈن گۈزەللەشتۈرۈشخانىسىغا كىرىپ ئىككى سائەت ئولتۇردۇم. ئەينەكتىكى چىرايىمغا قاراپ، بۇنچە گۈزەل بىر قىزنى نېمىشكە ئۇ لوملومگە تۇتقۇزۇپ قويىدىكەنمەن دەپ، ئۆدۈل

بىر- بىرىنىڭ بەللىرىدە، ... ئۆتتەك يالقۇنجاپ تۇرغان لەۋلەر، ئوت بولۇپ يېنىپ تۇرغان بەدەنلەر، ...

تەخسىدىكى ئېزىلمىگەن تاماكا قالدۇغى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئىسسىنى چىقىرىپ ئاستا- ئاستا ئۆچمەكتە ئىدى.

قاچانلاردۇر ياتاق ئۆيىگە كىرىپ يېتىپ بولغان ئىككى شەھۋانە ۋۇجۇت، بىر- بىرىگە چىرماشقىنىچە جىم يېتىشاتتى. ئەندى يېتىر دەپ قاسىم قانچە قېتىم مونچىغا كىرىپ چىققانلىقىنىمۇ ئېسىگە ئالالمىدى. سۆڭىكى شۆلىشۈلىنىغان گۆشتەك يۇمشاپلا كەتكەن قاسىم، ئاستا يانغا ئۆرۈلدى. تويماس قىز، تۇغما بەدىنىنى مەيدىسىگىچە يوتقاندىن چىقىرىپ قاسىمغا زوقلىنىپ قارىغىنىچە، ئۇنىڭ ئاق كىرىپ قالغان چاشلىرىنى، سەل- پەل قاڭشالىق قېلىن بۇرۇتلىرىنى ئوينىغىنىچە ياتاتتى. ئارىلاپ ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن سۆيۈپمۇ قوياتتى:

"ئەر كىشى دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىشى كېرەك. سىزدەكلەر، بىزدە بەكلا ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ... خاسىيەتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تەلىيى بار قىز ئىكەن. قىزغىنىپ قالدىم." _ قاسىم كۆزلىرىنى زورىغا ئېچىپ گۇلباھارغا قاراپ مۆڭلەرچە كۈلۈپ قويدى. قىزچاق ئۇنى قايتىدىن چىڭ بېسىپ قانغىچە سۆيگىنىدىن كېيىن، يوتقاندىن چىقىپ مونچىغا كىرىپ كەتتى. قاسىم خۇمالاشقان كۆزلىرىنى قىيا ئېچىپ قىزنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ قاۋۇل ۋۇجۇدىغا قاراپ يېتىپ، ئېمىشقىدۇر خاسىيەتنى ئېسىگە ئالدى. ئەندى قاسىمنىڭ كاللىسىدا بىرمۇنچە چىگىش پىكىرلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى. گويا قاسىم ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقاندەكلا بولۇپ قالماقتا ئىدى: خاسىيەت، قوشۇن، ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتى، ئەخلاق، غايە، گۇلباھار، ئېتىقات، ...

ئۇ، شۇ يېتىشىدا قانچىلىك ۋاقىت ياتقانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئەنە شۇ خىل بىر- بىرىدىن چىگىش خىياللار ئىچىگە پېتىپ چىقالماي، خىياللىرىنىڭ يا رىياللىق ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنىمۇ پەرق قىلالماي مۇگىدەك ئىچىدە ياتقىنىدا، "قېنى، ياتىۋەرمەي تازىلىنىپ كىرىپ تاماققا كېلىڭ!" دېگەن بوم ئاۋازدىن كېيىنلا ھوشىغا كېلىپ ئىشىككە قارىدى. ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيىپ مونچىغا كىرىپ كەتتى. مۇزدەك سۇدا بىرھازا چايقالغاندىن كېيىن، كىيىملىرىنى يۆتكەپ مېھمانخانىغا كىردى. گۇلباھار يېڭى قورۇغان كۆيجۈپ تۇرغان قاپ- قارا بۇدرە چاشلىرى ئىچىدە تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتكەندەك قىلاتتى. تەخسىدىكى لەغمەن مىزلىك پۇراپ قاسىمنىڭ ئىشتىيىنى قوزغاشقا باشلىدى.

"قانداغىراق يىگىت! ھارىدۇغىنىڭىز چىقىپ قالغاندەكمۇ؟!" _ گۇلباھار مەمنۇن

كورلىلىق قورچاق ئۇيغۇر ئەسكىرىمۇ بار ئىكەندۇق. ئۇ ئۇيغۇر ئەسىرى بىر كوماندىرغا 'بۇ خىتايلار بۆرىتالادا بىر يېزىدىكى يەرلىك خەلقنى بۆشۈكتىكى بوۋاق باللىرى بىلەن قوشۇپ قىرىپ تاشلاپ قېچىپ كېلىۋالغانلار' دەپ پاش قىلىپتۇ. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بۇ قاتىل خىتاي ئەسىرلىرىگە غەزەپلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەردىلا قىرىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغانىكەن. بوۋام ئۇلارغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ مىڭ تەستە بۇ خىتاي ئەسىرلىرىنى شتابقا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆلتۈرۈلۈشتىن ساقلاپ قالغانىكەن. مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا بوۋامنىڭ پۇتىنى ئۈزۈپ سۇندۇرىۋەتكەن خىتاي لوخنى دەل شۇ ئەسىرگە چۈشكەن خىتايلارنىڭ بىرسى ئىكەن. بوۋام بۇنىڭ دەردىدە ئىچى قاتتىق ئازاپلىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ، قىساس ئېلىشقا زادىلا قارار قىلالماي كەلگەنىكەن. بالا-چاقىلىرىنىڭ ۋە خەلقنىڭ كۆرىۋاتقان زۇلۇملىرى بوۋامنى شۇ كۈنىسى قارا قىلىشقا زورلىغان بولسا كېرەك، دادامنى چاقىرىپ بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بولۇپ ۋەسىيەت قىلىپتۇ: 'مېنىڭ، بۇ ۋەتەن ئۈچۈن شېھىت بولغانلارنىڭ، بىھۇدە جازالىنىپ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن، ناھەق خارلىنىۋاتقان خەلقىمنىڭ قىساسى ئۈچۈن بىر پۇرسەتنى تېپىپ بىرەر يۈز خىتاي ماڭلۇرىنى بولسىمۇ جەھەننەمگە يوللايمەن دەپ قەسەم قىلىپ بەر!' ئەمما دادام، بوۋامنىڭ بۇ ۋەسىيىتىنى بەك ۋەھشىلىك، ساكىراتقا چۈشۈپ قالغاندىكى قالايماقان جۆيلىش دەپ قاراپ، بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىكەن. بۇ ئاردا موماممۇ تۇيۇقسىزلا ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ تۈگەپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشلار دەردىدىنمىكىن ياكى تەغدىرى شۇنداق پۈتۈلگەنمىكىن بىلمىدىم، داداممۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ داۋالاشقا پۇل يوق، ئاخىرى ئۇمۇ تۈگەپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا مەن ئازىراق بولسىمۇ ئېسىمنى بىلىپ قالغىدەك ياشقا كىرگەنىدىم. بىر كۈنىسى دادامنىڭ ئاپامغا قاراپ يېتىپ، بوۋامنىڭ بايىقى ۋەسىيىتىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ قالغانىدىم. دادام شۇ چاغدا ئاپامغا: 'مەن شۇ چاغدا دادامغا قەتئىي ئىجرا قىلىپ بېرىمەن دەپ بەرگەن يالغان ۋەدەمنىڭ قىيامەت قاغىشىغا كەتتىم' دېگىنىنىمۇ ئاڭلىۋالغانىدىم. _ گۈلباھار سەل تۇرىۋىلىپ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ بولۇپ، بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى. _ ئۇ چاغلاردا مەن دادامنىڭ بۇ گېپىنىڭ مەنىسىنى دىگەندەك چۈشۈنمەيتتىم. ... شۇندىن كېيىن، ... ياشلا تۇل قالغان ئاپام بىزنى چوڭراق بىرەر شەھەرگە قايتۇرۇپ كېتىپ ئوقۇتۇش خىيالىدا، ئۆز ۋاقتىدا چوڭ دادام بىلەن دادامنىڭ كېسىلى ئۈچۈن دورا ئوغۇرلاپ ياردەم قىلىدىغان بىر يالىڭاياق دوختۇر بويتاق قالغىنىدا ئۇنىڭغا تىگىدۇ. بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئۇ كىشى بىزنى بۇ شەھەرگە ئېلىپ چىقتى. ئۇ چاققىچە مەن تىنىماي مەكتەپ

سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلدىم. ... _ گۈلباھار ئورنىدىن تۇرۇپ قاسىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

_ ئەندى خاسىيەتتىن قىزغىنىۋاتىمەن راس گەپنى قىلسام، ... مەيلى، ... ئۇ دوستۇمنى بەختلىك قىلالىسىڭىزمۇ ماڭا يېتىدۇ. ... كىم بىلىدۇ تېخى، بىزنى ئالدىمىزدا قانداق پاجىئەلەر، قانداق ئۆلۈملەر كۈتىۋاتىدۇ، ... ئۇ بىچارىنىڭ بۇنداق خوشاللىنىۋالىدىغان كۈنلىرىگە مەن قوشۇق سېلىپ يۈرمەي. ..." _ گۈلباھار قاسىمغا ئېگىشىپ ئۇنىڭ يۈزىنى پۇرىغاندەك بىردەم تۇردى- دە، ئۇنىڭ مەڭىزىگە دوستلارچە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ جايىغا كەتتى. قاسىم بېشىنى چۆكۈرۈپ گەپ قىلماي تامىقىنى يەپ ئولتۇرىۋەردى.

"مەن ئەسلىدە بۇنچىلىكمۇ ئەخلاقسىز قىزلاردىن ئەمەس ئىدىم. _ گۈلباھار قايتا بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى. _ بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ئەسلىدە خېلىلا قول ئىلكىدە بار ئائىلىلەردىن بولسا كېرەك، دادام بىلەن ئاپامنىڭ ھەر ئىككىسىلا سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەنىكەن. بوۋام بىلەن مومام غۇلجىدا مىللىي ئازاتلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقانىكەندۇق. مومام ھەمشىرە، بوۋام كاپىتان بولغانىكەن. جىڭ ئۇرۇشىدىمۇ ياكى شىخو ئۇرۇشىدىمۇ ئەيتەۋىر، بوۋامنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىلىنىپ غۇلجىغا داۋالاشقا قايتۇرۇلغانىكەن. كېيىن ئۇرۇش توختاپ بىتوم بولغاندا بوۋاملار ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ بارغانىكەن. ئۇ يەردە قايسى بىر نازارەتنىڭ باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلەپتۇ. يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەتتە بوۋامنى قاماققا ئاپتۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن قويۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يىللاردا كەينى- كەينىدىن قوزغىتىلغان ھەرخىل سىياسىي ھەرىكەتلەردە بوۋامنى زادىلا ئارامىغا قويۇشمىغانىكەن. شۇڭىغا ئۇلۇشۇپلا قوزغىتىلغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى دېگەن ھەرىكەتتە بوۋامنى قايتىدىن بولىشىچە كۈرەش قىلىپ سازايى قىلغاندىن كېيىن يەنە سولاپ قويۇشۇپتۇ. 'بىزنى ئۆلتۈرۈپ قوغلاپ چىقىرىمىز دەپ توپىلاڭغا قاتناشقىنىڭدا يارىلانغان پۇتۇڭ مۇشۇمىدى؟' دەپ ئۇرۇپ بوۋامنىڭ سول پۇتىنى كۆكۈم- تالغان قىلىۋېتىپتۇ. بىچارە مومام، بوۋامنى يېتىلەپ قۇمۇل يېزىلىرىدا سۈرگۈندە ئىشلەپتۇ. بىچارە بوۋامنىڭ پۇتى ۋاقتىدا داۋالانمىغاچقا، ئەھۋالى بەكلا ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ ئارىدا دادام بىلەن ئاپامنى 'قارا بەش خىل ئائىلە پەرزەنتى، چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر' دېگەن قالپاقلارنى كەيگۈزۈشۈپ ئۇچتۇرپاننىڭ بىر يېزىسىغا سۈرگۈن قىلىۋېتىشكەنىكەن. كېيىن ئۇ يەردىن 'دادامغا قارايمەن' دەپ تولا يول مېڭىپ يۈرۈپ ئاخىرى قۇمۇلغا ئالمىشىۋالغانىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەيلا بوۋام قازا قىلىپ كېتىپتۇ. بوۋام ساكىراتتا ياتقىنىدا دادامنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىنى قالدۇرغانىكەن. جىڭ ئۇرۇشىغا كىرگىنىدە، بوۋامنىڭ باتالىيونى بىر تاغ كامىرىدا يۈزگە يېقىن خىتاي ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئېلىۋالغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر

پاجىئەنى كۆرۈپ ئىختىيارسىزلا قولۇمدىكى هاراق سومكام قولۇمدىن چۈشۈپ بىرقىسمىنىڭ چېقىلىپ كېتىشىنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. ئۇ قىزغا بەكلا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. ئاخشىمى ئۆيۈمدە يالغۇز ئولتۇرۇپ كوچىدا كۆرگىنىمنى ئەسلەيمەن: قىپقىزىل قانغا چىلىشىپ ئولتۇرغان بىر ئۇيغۇر قىزى؛ قۇچىقىدا يۈرىكى ساڭگىلاپ چۈشكەن يىگىتى؛ يەنە بىر قولىدا ئۇ يىگىتىنىڭ يۈرىكىنى تۇتقىنىچە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېتىپلا قالغان قىز، ... بوۋامنىڭ رەھمەتلىك دادامغا قىلغان ۋەسىيىتى ئېسىمگە كېلىپ تۇرۇۋالدى. ھېلىقى بايىۋەتچى بىلەن بىرگە يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا، ئۇنىڭ ماللىرى ئارىسىدىن ئىككى پارچە كىتاپ چىقىپ قالغانىدى. سودىگەر ئۇينىشىم ئۇ كىتاپلارغا قاراپمۇ قويماي ئەخلەت چېلەكگە تاشلىۋەتكەنىدى. مەن دەرھال ئۇلارنى ئەخلەتلەر ئارىسىدىن چىقىرىپ ئېلىپ كىتاپلىرىمنىڭ ئارىسىغا قېتىپ قويغانىكەنمەن. ئۇ كىتاپلار ئۆزەمنىڭ كىتاپلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ساقلىنىپ قالغانىكەن. ھېلىقى كىتاپلاردا بۇنداق ئىشلار توغرىسىدا بىرنېمىلەرنى دېگەندەك قىلاتتى دەپ ئېسىمگە ئېلىپ، ئۇلارنى تېپىپ ئوقۇشقا كىرىشتىم. ئوقۇدۇم، قايتا- قايتا ئوقۇدۇم. ئاخىرى بىر قارارغا كەلدىم- دە، بوۋامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداش ھەمدە ھېلىقى قىزنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىشكە قەسەم قىلدىم. ئۆمرۈمدە خەلقىمگە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش خىيالىدا ئىدىم. كومپيۇتېر كورۇسىغا قاتناشقىنىمدا ھېلىقى قىزنىڭ بىرگە پراكتىكا قىلىپ مۇئالىملىق قىلىپ بەرگەنلىكىدىن تونۇيتتىم. سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ خاسىيەت مۇئالىمىنىڭ ئادرىسىنى تېپىپ ئۆيىگە باردىم. يولدىشى بىلەن قوشۇلۇپ بىر تونۇشىنىڭمۇ ئۆلۈپ كېتىشى خاسىيەتنى تۈگەشتۈرۈۋېلا قويغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قېينى ئاتا- ئانىسى خاسىيەتنى پېشكەللىكنىڭ مەنبەسى دەپ قارىشىپ بەكلا يامان كۆزى بىلەن قارىشىپ يۈرگەنىكەن. بۇ ھالەتتە خاسىيەت يا ئېلىشىپ قالىدىغاندەك، يا بولمىسا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغاندەكلا ھالغا كېلىپ قالغانىكەن. ئۆيدىكىلەرگە مەسلىھەت قىلىپ يۈرۈپ ئۇنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلدىم. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممە قىلىقلارنى قىلىپ باقتىم، ئېچىلاي دېمەيدۇ. ئاخىرى ئۇنى قىزىل هاراققا زورلىدىم. ئاستا- ئاستا ئېچىلىشقا، دەرت تۆكۈشكە، ماڭا ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئەتىسى ئويغىنىپ، ئاخشامقىلارنى ئەسلىيەلمىدى. مەنمۇ كېيىنكى رومكىلىرىغا چاندۇرماي تۇرۇپ ۋىسكى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنىدىم. پاتلا مەس بولۇپ قالغانىدى. 'قارىغاندا خېلى راھەتلىنىپ قالغاندەك قىلىمەن، ئاخشام ماڭا نېمە ئىچىرىۋەتتىڭىز؟!' سورايتتى. مەن ئۇنىڭغا قىساس ئالايلى دېدىم. ھېلىقى كىتاپلارنى كۆرسەتتىم. بىر ۋاقىتتا قارىسام، خاسىيەت ئۇ

ئالماشتۇرۇپ تۇرۇۋېرەك ئوقۇيالمىغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، نەتىجەم بەكلا ناچار ئىدى. مىڭ بىر بالادا تولۇق ئوتتۇرانى تۈگىتەلىگەن بولسامۇ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئىككى قېتىم قاتنىشىپمۇ بىرىنچى تاللاشتىنمۇ ئۆتەلمەي، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنىدىم. پۇل تۆلەپ ئوقۇشقا يارىدەم قىلغىدەك ھېچكىمىمىز يوق، ئاخىرى كومپيۇتېر كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ يۈرۈپ بىر ئىدارىنىڭ باشلىقىغا كاتىپ بولۇپ ئىشقا كىرىۋالدىم. ئۈگەي دادام مېنى زورلاپ يۈرۈپ بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلىغا چېتىپ قويدى. ئۇ بالا ھاراقكەشلا ئەمەس، ھەتتا رەسمىلا خرويىن چېكىدىغان بىرنېمە ئىكەن- دەڭا، ئۇ مېنىمۇ زورلاپ يۈرۈپ بۇ تاماكا بىلەن شۇ ھاراققا كۆندۈرۈپ قويدى. ئەمما خرويىن چەكتۈرۈپ باققان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇ تولا قۇسۇپ قورسىقىمدىكى بالامۇ چۈشۈپ كەتتى. خرويىن دېگەن ئۇ نەرسە ماڭا پەقەتلا ياراشمىغانىدى. كېيىن قارىسام ئۇ ساراڭ دادىسىنىڭ نامىدا قەرز ئېلىپ خرويىن چېكىپ دادىسىنىمۇ بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇۋېتىكەنىكەن. ئۆيىمىزدىمۇ پۇل، نەرسە- كېرەكنىڭ تايىنى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ دادىسىنى ئالداپ پۇلىنى خەجلەيتتى. بۇ ئارىدا يەنە ئاپام تويۇقسىزلا قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تۈگەپ كەتتى. ــ ئۇ، كۆزىدىكى ياشلىرىنى سۈرتۈپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى. قاسىم يېنىغا كېلىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ بىردەم جىم ئولتۇردى. بىچارە قىز، تىترەپ يىغلاپ كەتتى. ...

"مېنىڭ ئەندى بۇ ئائىلە بىلەن مۇناسىۋىتىمنى ساقلاپ قېلىشنى باھانە قىلغىدەك بىرەر باھانەممۇ قالمىغانىدى. مەنمۇ ھېلىقى ئېرىمدىن تاماكا بىلەن ھاراقنى خاتىرە قالدۇرۇپ ئاجرىشىپ كەتتىم. ئۈگەي دادىمىز بىر سودىگەر ئايال بىلەن ئۆيلىنىپ بىزگە قارىماسلا بولىۋالدى. مەن سىڭلىم بىلەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، بىرمەزگىل رۇس بازىرىدا مال سېتىپ يۈردۈم. شۇ يەردە بىر سودىگەرنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ ئۇنىڭغا ئاشنا بولۇپ ئۆزبەكىستانغا چىقتىم. ئۇ يەردە دادامنىڭ بىر ساۋاقدىشى بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئوغلىغا سىڭلىمنى چېتىپ قويدۇم. قارىسام ھېلىقى سودىگەرىمنىڭ ئايىغى چاققانلىشىپ، ئالمۇتىدا بىر، بىشكەكتە بىر دېگەندەك بىرمۇنچە ئاياللىرى پەيدا بولۇپ كەتتى. مەنمۇ بوش تۇرماي، بىر كۈنىسى ئوتتۇرىمىزنىڭ دوللارلىق مېلىنى بىرسىگە يىگىرمە نەچچە مىڭ دوللارغا نەق سېتىۋېتىپ، پۇلىنى ئېلىپلا يېنىپ كىرىۋالدىم. ئۇ پۇلنىڭ يېرىمىغا بىر ئۆي سېتىۋېلىپ، ھەرخىل ھاراقلاردىن بىرمۇنچە ئېلىپ ئۆيۈمدە بىر ھەپتىگىچە غىق مەس بولغىچە ئىچىپ ياتتىم. ــ گۈلباھار قاسىمنىڭ قۇچىغىدىن چىقىپ بېرىپ ساپادا ئولتۇردى. بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى. ــ ھارغىنىم تۈگەپ كېتىپ بازارغا ھاراق ئالغىلى چىقىپ خاسىيەتلەرنىڭ ۋەقەسىگە دۇچ كېلىپ قالدىم. ئۇ

بولىدىغان. بىر ئامالىنى قىلالارسەنمۇ؟!" دېگىنىنى ئاڭلىۋالدىم. مەن شۇ كۈنىسى چاندۇرماي ئۇنىڭ پېيىغا چۈشۈپ قاراڭغۇ چۈشكىچە ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرۈۋالدىم. ئەتىسى سەھەردە تۇرۇپ، يېنىمغا ئىككى مىڭ سوم نەق پۇل، بىرتال يالغان ناگان بىلەن بىر تال نېپىز پايپاقنى سېلىۋېلىپ ئۇ خىتاينىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتىم. ئۇ خىتايغا يالغاندىن بىرنېمىلەر دەپ ئىشىگىنى ئۇرۇۋىدىم ئېچىپ بەردى. بۇ چاغدا ئاۋال تەۋەككۇل قىلىپ باقىمەن، بولمىسا قورقۇتۇپ باقارمەن دەپ بېشىمغا قارا پايپاقنى كېيىۋېلىپ ناگاننى تەڭلەپ تۇرغانىدىم. ئەرەنچە ياسىنىۋالغىنىم ئۈچۈن ئۇ خىتاي ئاۋازىمدىن مېنى ئەر كىشى دەپلا بىلگەنىدى. ئۆيىگە كىرىپلا ئۇنىڭغا بوم ئاۋازىم بىلەن سىچۇەن شىۋىسىدا دېدىم: 'ئاڭلىسام سەندە ئون تال قول بومبىسى بار ئىكەن. ئۇلارنى هازىرلا ماڭا سېتىپ بېرىسەن.' دەپلا جوزىسىغا ئىككى مىڭ سومنى تاشلىدىم. دەسلەپتە قورقۇپ كەتكەن ئۇ خىتاي، ئاۋال قولۇمدىكى 'تاپانچا' مىغا، ئاندىن جوزىدىكى ئىككى باغلام پۇلغا قاراپ سەل جايىغا چۈشكەندەك قىلىپ مۇڭغەمبەرلىك قىلىشقا باشلىدى: 'سېنىڭ هۆكۈمەت ئادىمى ئەمەسلىكىڭنى نەدىن بىلىمەن؟!' دەپ تىركەشتى. 'بۇنى بىلىشىڭ تەس ئەمەس. يا پۇلنى ئېلىپ گراناتلارنى ماڭا بېرىسەن، يا بولمىسا هازىرلا ئۆلىسەن!' دېدىم. 'داگې، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ئۆلتۈرمە، مەن ساڭا بومبىنى بېرەي.' دېگىنىچە ياندىكى ئىشكاۋىنىڭ ئىچىدىن بىر ئېغىر سومكىنى چىقىرىپ ئالدىمغا قويدى. سېرىتمىسىنى ئېچىپ ئىچىدىكى قاپقارا پارقىراپ تۇرغان بومبىلارنى كۆرسەتتى. ئىچىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى سەل باشقىچە شەكىلدىكى بومبىلار ئىكەن. دەرھال ۋارقىرىدىم: 'پۇلۇڭنى سانا!' ئۇ خىتاي ھىجىيىپ تۇرۇپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يۈز يۇەنلىك پۇللارنى ساناشقا كىرىشتى. 'بىر تېلىغا ئىككى يۈز يۇەندىن بەردىم. ئاغزىڭنى چىڭ تۇتالىساڭ، يەنە بولسا ئالىمەن. يەنە قانچىنى تېپىپ بېرەلەيسەن؟!' دېدىم ئۇنىڭغا 'تاپانچى' نى تەڭلەپ تۇرۇپ. 'بۇ باھاغا تاپماق تەس. ئۆزەڭ بىلىسەن، بۇ دېگەن باش كېتىدىغان خەتەرلىك ئىش. ... بۇ قېتىم مەيلى، كېلەر قېتىمدا بىر تېلىنى بەش يۈزدىن ئالساڭ، يەنە بىر يەشىك تېپىپ بېرەلەيمەن. بىر يەشىكتە ئەللىك تال بولىدۇ. ھەممىسلا ئېلېكترونلۇق ۋاقىت تېزگىنلىيەلەيدۇ. مانا ماۋۇلاردەك.' دەپ سومكىدىن غەيرىرەك بىرتال بومبىنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. خىتاي پۇلنى قاتلاپلا يانچۇقىغا سالدى. 'مەندىن خەۋەر كۈتكىن. پۇلنى تەييارلاپلا ساڭا خەۋەر كىرگۈزىمەن. سەنمۇ مالنى تەييارلاپ تۇرغىن.' دەپلا سومكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتىم. تالاغا چىققىچە دەرھال بېشىمدىكى پايپاقنى چىقىرىۋېتىپ، خىتاينىڭ سومكىسىنى ئۆزەم ئالغاچ كەلگەن چىرايلىق ئوقۇغۇچىلار سومكىسىغا يۆلاپ تىقىۋەتتىم. ئەندىلا نېرىسىدا تۇرغان ئاپتوۋۇز بېكىتىگە

كىتاپلارغا كىرىشىپلا قاپتۇ: كىمكەن ئۇ 'ئىزچى مەن' دېگىنى؟ سەن تونۇمسەن؟ دەپ سوراپ قوياتتى. قانداق؟ شۇ كىتاپلاردا دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشقا قانداق قارايسەن؟ دەپ سورىغىنىمدا، 'قارىغاندا بۇ ئىشنى ئۆزىمىز قىلمىساق، بىزنىڭ ئەر كىشىلىرىمىزدىن بىزگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلار چىقىدىغاندەك ئەمەس.' دەپ پاتلا ماقۇل كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز ئولتۇرۇپ 'ئىزچى مەن' نىڭ ئىككى كىتاۋىنى بىرقانچە كۈن ئوقۇپ تالاش- تارتىش قىلىشتۇق. ئاخىرى ئىككىمىز بىر مەخپىي ھەرىكەت قوشۇنى قۇرۇپ ئۇيۇشۇش قارارىغا كەلدۇق. تەشكىل قۇرۇش ئۈچۈن قەسەم قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. قانداق قەسەم قىلايلى؟ دېيىشىپ خىيالىمىزغا قۇرئان كەلدى. ئىچىۋالمىغان بىر كۈنىسى ئىككىمىزلا يۇيۇنۇپ تازىلىنىپ پاكىز بىر پارچە رەختنى سېلىپ، بېشىمىزغا ياغلىق چېگىپ بىلگىنىمىزچە قۇرئان ئايەتلىرىدىن بىر قانچىنى ئوقىدۇق. ئاندىن دۇئا قىلىشتۇق. ئاخىرىدا ئىككىمىزلا قۇرئاننىڭ ئۈستىگە قولىمىزنى قويۇپ بىر- بىرىمىزگە قەسەم قىلىشتۇق. شۇنداق قىلىپ قوشۇنىمىزنى قۇرىۋالغان بولدۇق. بۇنىڭغا بىرەر ئىسىم قويۇپ چىقايلى دېيىشىپ، 'ئىزچى مەن' نىڭ بىر كىتاۋىدا ۋەتىنىمىزنىڭ بايرىقى دەپ ئىنچىكە ئاينىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر رەسىمنى سىزىپ قويغانىكەن. بىزمۇ شۇ بايراقنى خەلق مەيدانىنىڭ ئالدىدىن غەرىپتىن شەرققە قاراپ كۆتۈرۈپ مېڭىشنىڭ كۈنلىرى ئۈچۈن دەپ، شۇ بايراقنىڭ شەكلىنى قوشۇنىمىزغا ئات قىلىپ قويۇۋالدۇق. — گۈلباھار گېپىنى توختىتىپ بىر چىنە چاي قۇيۇپ ئىچتى.

"دەسلەپتە كىتاپچىكىلەرگە ئوخشىتىپ بىر نېمىلەرنى يېزىپ مەخپىي تارقاتقىلى تۇردۇق. بىر كۈنىسى قايسى بىر كافىخانىدا ئولتۇرغىنىمدا، پۇلدىن باشقىنى خىيالىغا كەلتۈرەلمەيدىغان ئىككى خىتاينىڭ ئۆزئارا قىلىشىۋاتقان گەپلىرىگە قۇلاق موللىسى بولۇپ قالدىم: 'ھازىر قېرى ئۇيغۇر ئەپەندىلەر مەخپىي پارتىلىتىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت تېزگىنلەش بومبىسىنى ئاختۇرۇشۇپ يۈرگەنلىكى چوقۇم. ئەگەر كېلىشتۈرەلىسەك، بۇ سارىك ئۇيغۇرلارغا بومبا ياكى گرانات سېتىپمۇ جىق پۇل تاپقىلى بولاتتى. مېنىڭ بۇ يېقىندىكى ھەربىي ئىسكىلاتىدا ئىشلەيدىغان بىر يۇرتلۇق تونۇشۇم بار. ئۇنىڭغا ئازىراقلا پۇل تۇتقۇزۇپ قويسام ئۇنداق بومبىدىن ئوغرىلاپ چىقالايتتى دېگىنە. بىر قېتىم بۇ ھەقتە گەپ يورغىلىتىپ بېقىۋىدىم ئۇ يۇرتلۇغۇم ماڭا: 'پۇل تاپقىلى بولىدىغانلا ئىش بولسا بىر ئامالىنى قىلالايمەن' دېدى. شۇنداق قىلىپ 'بىر سىناپ باق' دەپ قولىغا مىڭ يۈەن پۇل تۇتقۇزۇپ قويۇۋىدىم، ئەتىسىلا ئىككى خىل قول بومبىسىدىن ئۈندەكنى ئوغرىلاپ ئەكىلىپ بەردى. ھازىر شۇنىڭغا بىرەر سارىك ئۇيغۇر خېرىدار تاپالىغان بولساق بەك ياخشى بولاتتى. سېنىڭ بىرمۇنچە ئۇيغۇر تونۇشلىرىڭ

قىلىشۋاتقىنىڭىز دەل شۇ ئۇيغۇر دۈشمەنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش پائالىيىتىنىڭ بىر باشلامچىسى، بۇ قىلغانلىرىڭىز ئۈچۈن مەندىن جېنىمنى سورىسىڭىزمۇ قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆلتۈرماي بېرىشىم كېرەك. يىرگىنىش دېگەن نېمە گەپ ئۇ! سىزنىڭ شەخسى مىجەزىڭىز ئۇ سىزنىڭ ئۆزىڭىزگىلا تەۋە بىر ئىش. بىزگە كېرىگى سىزنىڭ مىجەزىڭىز ياكى ئەخلاقىڭىز ئەمەس، سىزنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇشقا قوشقان تۆھپىڭىز كېرەك قىزچاق!"

"ياق، مەن سىزنىڭ جېنىڭىزغا مۇھتاج ئەمەسمەن. سىز بىلىسىز، ... كونا خوي دەڭا، ... سىزنىڭ شۇ ئەرلىكىڭىزلا يېتەرلىك ماڭا!" _ گۈلباھار توم قىلىپ بىرنى ھىجىيىپ قويدى.

"تاك، ... تاك- تاك."

"ۋىيەي! ئەندى مەن قانداق قىلارمەن؟! بۇ كەلگەن چوقۇم خاسىيەت!"

قاسىم ئامالسىز قالدى. ئۇلار بايىتىدىن تېلېفونىڭ ئاۋازىنى بولىشىغا ئېچىۋەتكەچكە، تېلېفونىڭ ئاۋازى پۈتۈن زالغا دېگۈدەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئىشىكنى ئېچىشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. بۇ قېتىم خاسىيەتنى ئۆيگە كىرگۈزۈپلا قوچاغلاپ سۆيۈپ كەتتى. ئۇ قايتىدىن جانلىنىپ قالغاندەك ئىدى. ئاندىن ئۇلار ئىككىسى قولتۇقلاشقىنىچە مېھمانخانا ئۆيگە كىرىشتى.

"ھە، مۇنداق ئىش دەڭا، سىز قاچانلاردا كېلىشۋالغانىدىڭىز؟!" _ دەپ قىزغانغاندەك قىلىپ گۈلباھارنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

"بايىتىنياغى دوستىڭىز سىزنى كېلىدۇ دەپ ساقلاۋاتقانىدى." _ دەپ قاسىم گەپنى باشقا تەرەپكە بۇراشقا تىرىشتى. يېرىم قىزغىنىش، يېرىم چاخچاقلار بىلەن ئىككى قىز بىرى ئىنچىكە، يەنە بىرسى توم ئاۋاز بىلەن ۋىچىرلىشىپلا كېتىشتى. قاسىممۇ پۇرسەتنى غېنىمەت بىلىپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئورۇن- كۆرپىلىرىنى بىرقۇر رەتلەپ چانمىغىدەك قىلىپ چىقتى. ئاندىن ئۇمۇ قىزلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ سۆھبەتكە قوشۇلۇپ كەتتى. ...

"مەن دەي، ئۇرماڭلار، مەن دەي! ..."

كامېرنىڭ نېرىقى بۇلۇڭىدىن كەلگەن كىچىك بالىنىڭ بۇ تۇيۇقسىز جۆيلىشى قاسىمنى شىرىن ئەسلىمىلىرى قاينىمىدىن چۆچۈتۈپ ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇ دەرھال شۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ تىڭتى.

_ بۇ دىلشات قارىۋاي. _ دېدى يېنىدا ياتقان بالىمۇ ئۇيغىنىپ كېتىپ، _ بۇ

كېلىشىمگە بىرمۇنچە ساقچى ماشىنىلىرى چىقىراشقىنىچە ھېلىقى خىتاي تۇرىدىغان بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بىرمۇنچە قۇراللىق ساقچىلار دەرھال بىنانىڭ ئەتراپىنى قورشاشقا باشلىدى. ئاڭغىچە چېچىمنى بولىشىغا قويۇۋېتىپ قايتىدىن قىز ھالىتىمگە كېلىۋالغانىدىم، كەلگەن بىر بولكىۋاي تاكسىچىنى توختىتىپلا ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ قېچىپ كەتتىم. ئادەتتە تاكسىچىلار مېنىڭ كۆرۈنۈشۈمدىكى قىزلاردىن تولا بەك ئەنسىرەپ كەتمەيتتى. يولدا يەنە ئىككى قېتىم تاكسى ئالمىشىپ مەھەللەمگە كېلىۋالدىم. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ خىتاينىڭ ئۆيىدىن بالدۇر چىقىۋالغانىكەنمەن. بولمىسا كىم بىلىدۇ نېمە بولىدىغانلىقىنى. ئۆيگە كىرىپ پارقىراپ تۇرغان ئون تال بومبىنى جوزىغا تىزىپ قويۇپ قانغىچە تاماشا قىلدىم. 'ئىككى مىڭ سومغا ئون تال بومبا!' ئەسلىدە مەن قول بومبىسى دېگەننى كىنولاردا غىل- پاللا كۆرۈپ قالغىنىمنى ھىساپقا ئالمىغاندا ئۆمۈرۈمدە كۆرمەپتىكەنمەن دەڭا. بۇ گراناتلار بەكلا ئەرزانغا توختىدى. خاسىيەت بىلەن ئىككىمىز نەچچە ھەپتىگىچە بۇ گراناتلارنىڭ قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولالماي بەكلا گاڭگىراشتۇق. يا سىناق قىلغىلى بولمىغان، يا بىرەرسىدىن سورىغىلى، مىڭ تەستە ئاران بىلەلىدۇق. ئارىدىن بىرمەزگىل ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ تۇرۇپ، ۋاقىت تېزگىنلىك بومبا بىلەن مەن ئىككى قېتىم، خاسىيەت ئىككى قېتىم ھەرىكەت قىلدۇق. بەكلا ئاسانغا توختىدى. ئەمما قالغان بومبىلارنىڭ ھەممىسىلا ئادەتتىكى سوقىچاق قول بومبىلىرى ئىكەندۇق. سىز كۆرگەن كۈنىسى خاسىيەت ئۇلاردىن بىر تېلىنى مەندىن يوشۇرۇنچە ئوغۇرلاپ چىقىپ ئىشلەتكەنىكەن. ئاخماق قىزبالا! شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز ئىشنى باشلىۋالغان بولدۇق."

"نېمە دېگەن ئاددى ۋەقەلەر بۇ! _ قاسىم ھەيران بولۇپ ئويلاپ قالدى ئىچىدە، _ كىچىككىنە قىزلار، ھېچقانداق بىر تەربىيە كۆرمىگەن، قورقماستىنلا شۇنچە تەۋەككۈلچىلىك قىلالىغانلىقىغا قارىماڭدىغان بۇ جىنلارنى!"

گۈلباھار رەسمىي بىر لۈكچەك بولۇپ كەتكەن ئايال ئىدى. ئەمما ئاز- تولا مىللىي غورۇرى ساقلىنىپ قالغان، ھېچ بولمىغاندا بوۋىسىنىڭ ۋاستىلىق ۋەسىيىتىگە بولسىمۇ ئىگە بىرسى ئىدى. قاسىم، بۇ قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ تۇرۇپ "ئاپىرىن ساڭا!" دەپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ قويدى. قاسىمنىڭ بۇ قىلغىنى قىزنى بەكلا يايرىتىۋەتكەنىدى.

"بۇ گەپلەردىن كېيىن مەندىن يىرگىنەمدىكىن دەپ قالغانىدىم." _ دېدى قىزچاق ئەكىلىگەندەك قىلىپ.

"ئۇيغۇرلار بۈگۈن يىرگىنىشكە ئەمەس، دۈشمىنىدىن قۇتۇلۇش يولىغا، بۇ يولدا ھەرىكەت ئۆلگىلىرىگە، باشلامچىلارغا مۇھتاج. _ دېدى قاسىم، _ سىزنىڭ

# 12. خاسىيەت

— دۈشمىنىم قورسىقىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەكلا قىلىدۇ، چىدىيالمايلا قالدىم

— ئۇنداق بولسا ئاۋال ماڭا دەپ باققىنە، ئىچىڭ بوشاپ قالامدۇ قانداق، كۆرۈپ باقايلى.

— كامېردىكى سۆھبەتلەردىن

كامېرنىڭ سىرتىدا گۇندىپايلارنىڭ ئاياق تىۋىشلىرى يېقىنلىشىپ كەلدى.

— ئۆلگۈڭ كېلىشىۋاتامدۇ! ھايۋانلار! پىچىرلىشىپ تۇرماي ئۇخلاش!

ئەتىسى سوراق نۆۋىتى دىلشاتقا كەلگەنىدى. بىرقانچە سائەتتىن كېيىن ئۇنى ئۆلۈكتەك قىلىپ كامېرغا سۆرەپ كىرىپ تاشلىۋېتىپ چىقىپ كېتىشتى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، ئۇ خىتاي بالىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى بۇ بالا ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋېلىپ چىڭ تۇرىۋالغان. ئەمما خىتايلار دىلشاتنىڭ بۇ گېپىگە زادىلا ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ جاھىللىقىغا غەزەپلىنىپ ئۇستىخانلىرىنى كۇكۇمتالغان قىلىۋەتكىچە ئۇرۇپ قىينىۋەتكەن. بىچارە بالا ئىككى كۈن شۇ پېتىچە ھوشىغا كېلەلمەي ئاخىرى كامېردا ياتقىنىچە جان ئۈزدى!

"بىچارە بالا" — دەپ قاسىم ئۇ بالىنىڭ بىھۇدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. — بەلكىم ئۇ بالا بىلەن ياخشىراق سۆزلىشىپ دەردىنى ئاڭلاپ بەرگەن بولسام بۇنچە پاجىئەگە قالماس بولارىدى." — دەپ ئويلىنىپ، بىرنەچچە كۈنگىچە پوخ ياۋالغاندەكلا بولۇپ جىمىپ قالدى.

ئۇ، بىرقانچە كۈندىن كېيىنلا ئاران بۇ بالا توغرىسىدا ئويلىنىشتىن قۇتۇلۇپ، مىڭ تەستە ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرىگە قايتالىدى. ...

گۈلباھار "شۇ كونا خۇيۇم دەڭا، ياتلارغا كېتىپ قالغىنىمدىن سىزگە كەتسۇن دېدىم." دېگىنىچە قاسىمنىڭ ئۆيىگە پات- پاتلا كېلىدىغان بولىۋالدى. خاسىيەتنىڭ كەلمەيدىغان كۈنلىرىنى بىلىۋېلىپ كېلىپ تونەپ كېتەتتى. دەسلىۋىدە بۇ ئىشلار قاسىمغىمۇ غەلىتە تۇيۇلغاندەك قىلسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئۇمۇ بارغانسىرى بۇ ئىشلارغا كۆنۈپ قېلىۋاتاتتى. ھەتتا گۈلباھارنىڭ بۇ ئىشلاردىكى ماھارىتى

_ ئۇنىڭغا نېمە بولغانتى؟ _ دەپ سورىدى قاسىم.

_ دىلشات ئارىمىزدىكى ئەڭ قورقۇنچاق بىرسى ئىدى. _ دەپ پىچىرلىدى يېنىدىكى بالا ئۇنىڭغا، _ ئۆتكەن ھەپتىدە دەرستىن چۈشۈپ ئۆيگە كېتىۋاتاتتۇق. يان كوچىدا يول بويىدا كېتىۋاتقان بىر ئادەم يېنىمىزدىن يالغۇز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر خىتاي بالىسىنى كاپلا قىلىپ تۇتىۋېلىپ بىزگە قارىتىپ تۇرۇپلا "ئاللاھۇ ئەكبەر!" دېگىنىچە قوينىدىن ئۇزۇن بىر پىچاقنى چىقىرىپ شارتلا قىلىپ ھېلىقى خىتاي بالىسىنى بوغۇزلىۋېتىپلا يانىدىكى تامدىن ئارتىلىپ يوقاپ كەتتى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدىن ھەممىمىزلا قورقۇپ كېتىپ قىيا- چىيا قىلىشىپ ۋارقىرىشىپ كەتتۇق. چوڭ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پاترول خىتايلار ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ بۇ تار كوچىغا يېتىپ كېلىشتى. يەردە ھېلىغىچە جېنى چىقماي تېپىرلاپ قانغا چىلىشىپ ياتقان خىتاي بالىسىنى كۆرۈپ، بىزنىڭ ھەممىمىزنى تۇتۇپ سولاپ قويۇشتى. ئاندىن بىر تۆمۈر قەپەزدەك ماشىنا بىلەن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ سولاشتى. ھەممىمىزنى ئۇرۇپ قىيناشقا باشلىدى. بۇ ئارىدا دىلشات قارىۋاي ماڭا پىچىرلاپ مۇنداق دېدى: 'ئۇ ئادەم بىزنىڭ خوشنىمىز ساۋۇت قاسساپ دېگەن كىشى شۇ. ئۇ كىشىنىڭ بىر بالىسىنى ئۆتكەن ئايلاردا خىتاي پاترۇللىرى ئۇرۇپ ئېغىر يارىلاندۇرىۋەتكەنىدى.' دېدى. مەن ئۇنىڭغا 'سوراقتا ھېچنېمىنى كۆرمىدىم دەپلا تۇرىۋال. بولمىسا ئۆزەڭگە بالا تېپىۋالىسەن' دېگەنىدىم. ...

_ بۇ دىلشات دېگىنىڭ قانداغىراق بالا؟ _ قاسىم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا سورىدى.

_ ئۇ ئاپىسىغا ئوگەي. ئوگەي ئاپىسى ئۇنى بەكلا ئۇراتتى. خەق بۇ ئايالنى بۇزۇق خوتۇن دېيىشىدۇ. دىلشاتنىڭ دادىسىمۇ بەكلا ھاراقكەش بىرسى. كەچكىچىلا كوچىدا مەس بولۇپ يېتىپ قالىدۇ. دىلشاتنى دادىسىمۇ ئۇرىدۇ. دىلشات بۆلارغا چىدىماي نەچچە قېتىم ئۆيىدىن قېچىپ مەكتىۋىمىزنىڭ كۆمۈرخانىسىدا يېتىپ يۈردى.

_ خىتاي بالىسىنى ئۆلتۈرگەن ئۇ ئادەمنى سەن تونۇمسەن؟

_ ياق. مەن دىلشاتلارنىڭ مەھەللىسىدىكىلەرنى تونۇمايمەن.

_ ... ... _ قاسىم نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. "قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ دىلشات دېگىنى ئۆيىدىنمۇ سۇ ئىچمىگەن بالىدەك قىلىدۇ. ئۇنداق باللاردا ھەممە كىشىگە ئۆچمەنلىك بولۇشى مۇمكىن. دەپ قويۇپ بالادا قالارمۇ؟" قاسىم ئويلىنىپ بۇ يەرگە كەلگەندە يېنىدىكى بالىغا بۇرالدى:

_ بولمىسا دىلشاتنى ئاستا ئويغىتىپ باقامسەنيا؟ باشقىلار تۇيۇپ قالمىسۇن. ...

"ئۆتكەن ھەپتىدە مەن سىزگە ئەكىلىپ بەرگەن تەشۋىقات ۋارىقىنى بىر ئاپتوۋۇزنىڭ كەينىگە چاپلاۋاتقىنىڭىزدا سىزنى بىر خىتاي تەيتىيى كۆرۈپ قالغانىكەن. بېرىپ دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، دەل شۇ ۋاقىتتا ساقچىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان كىشى بىر تونۇشقان ساقچى ئىكەندۇق. سەن بۇ گەپنى ھېچكىمگە دېمەي دەرھال ئۆيىڭگە بېرىپ ساقلاپ تۇر، بىز دەرھال بۇ تېررورچىنى تېپىپ قولغا ئالىمىز، سەن بۇ گەپنى باشقا ھېچكىمگە دېمەي تۇر، ئارىمىزدا ئىشپىيون كۆپىيىپ كەتتى، ھاياتىڭ خەتەرگە ئۇچراپ قالمىسۇن' دەپ قورقۇتۇپ قويۇپ بۇ گەپنى دەرھال ماڭا خەۋەر قىلىپ قويدى: 'بىر ئامال قىلىپ شۇ ئۇيغۇر گوڭچېڭشىنى يوشۇرۇپ يورۇشكە خەۋەرلەندۈرۈپ قويغىلى بولماسمۇ؟!' دېمەسمۇ! مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي، ئۇ تونۇشقان ساقچىغا يالۋۇردۇم: بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمىسەڭ، ئالدىغىچە مەن ئۇنى قاچۇرىۋەتسەم' دېگىنىمدە، ئۇ تونۇشقان ۋارقىراپ تۇرۇپ: 'مەن سېنى كۆرمىدىم، مەن دېمىسەم ئۇ تەيتەي بەربىر دەيدۇ!' دەپ بولۇپ، ئالقىنىمغا كىچىك بىر قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويدى. قارىسام ئۇ خىتاي تەيتىيىنىڭ ئادرىسى ئىكەن. قارىغاندا ئۇ خىتاي تەيتىيى ئۇ تونۇشقاننى ئۆزىنىڭ خىتايلىرىدىن دەپ بىلگەن بولسا كېرەك، ئادرىسىنى ئېلىپ ئۇ كاپىر ئۆلمەيدىغانىنىڭ ئۆيىگە بارسام ئۆيىدىن تالاغا چىقماي يالغۇز ئولتۇرغانىكەن. بالاڭنىڭ سەيپۇڭچىلىق كارخانىسىدىن مۇنچىلىك كېيىم بورۇتماقچى ئىدىم دەپ يالغان گەپ قىلىپ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ ئۇ كاپىر تەيتەينى لوڭگىدە بوغۇپ تۇنجۇقتۇرىۋەتتىم! ــ دېگەچ، بېرىپ بايا ئېلىپ كىرگەن تۈگۈنىنىڭ ئىچىدىن ئېسىل بىر خۇرۇم پالتىنى چىقاردى. ــ بۇندىن كېيىن شۇ قارا پەلتويىڭىزنى يوقىتىۋېتىڭ."

گۈلباھار بايىقى دەھشەتلىك گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ يەنە بىرخىيالدا يوق قاسىمغا كەيگۈزگەن پالتىنىڭ ياراشقان- ياراشمىغانلىقىغا زەڭ سېلىپ قاراشقا كىرىشىپ كەتتى.

بۇ يېقىندىن بۇيان گۈلباھار 'يېڭى ئاي قوشۇنى' نىڭ قارارى دېگەندەك باھانىلار بىلەن قاسىمنىڭ ئۇچىسىنى پات- پاتلا يېڭىلاپ تۇرىدىغان بولىۋالدى. شۇنچە قىسچىلىق زامان بولۇپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، ئۇنىڭ ئۆيىدە بوردلاق قوي گۆشلىرى، ئېسىل ھاراقلار، ئېسىل تاماكىلار، يېڭى كۆكتاتلار ئۈكسىمەس بولۇپ قالدى. ھەتتا بەزىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن دېگەن باھانىلار بىلەن قاسىمنىڭ يېنىغا بىرنەچچە مىڭ يۈەن نەق پۇل سېلىپمۇ قوياتتى. دەرۋەقە، گۈلباھار، خاسىيەتنىمۇ بۇ جەھەتتە ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئۇنىڭ سومكىسىغىمۇ 'ۋەزىپە ئۈچۈن، قوشۇننىڭ قارارى' دېگەندەك ناملاردا مىڭ سوملاپ پۇل سېلىپ قوياتتى.

قاسىمغىمۇ غەلىتە تۇيۇلغانىدەك قىلىسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇمۇ بارغانسىرى بۇ ئىشلارغا كۆنۈپ قېلىشقاتتى. ھەتتا گۈلباھارنىڭ بۇ ئىشلاردىكى ماھارىتى قاسىمنىڭ ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇشىغا سەۋەپ بولماقتا ئىدى.

شۇنداقتىمۇ، گۈلباھار شوخ ۋە ئەقىللىق بىزەڭلەردىن بولغاچقا، تۇرمۇش جەھەتتىكى بۇ ئەيۋىنى خاسىيەت بىلەن قاسىم شۇنچە تىمىسقىلىشىپ يۈرۈپمۇ تاپالمىغان رەسمىي پىستان دورىلىرىنى، ھەتتا تەييار ئاپتوماتىك مىنالارنىمۇ قايسى بىر خىتاينى ئەپلەپ يۈرۈپ تېپىپ كېلىپ يۇيۇشتەتتى. ئۇنىڭ تېپىپ كەلگەن بومبىلىرىنى خاسىيەت بىلەن قاسىمغا قايتا ئۆزگەرتكۈزۈپ، يەنە ئۆزى بىر يەرلەرگە قويۇپ كېلەتتى. شۇنداق كۆنلەرنىڭ ئەتىسىگىلا، قايسى بىر خىتاي ئەمەلدارنىڭ ياكى قايسى بىر خىتاي جاللىتىنىڭ پاچىقەلىك پارتىلاپ ئۆلگەنلىكى شەھەرگە پۇر كېتەتتى. بۇ بىرقانچە ئاي ئىچىدە گۈلباھار ئىككى خىتاي باشقارما باشلىقىنىڭ ئائىلىسىنى، بىر خىتاي نازىرىنىڭ پىكاپىنى، بىر خىتاي ئاشخانىسىنى پارتىلىتىۋەتكەنىدى. بۇ قىز ئىشقا ئالاھىدە ھەۋەس قىلىپ بېرىلىپ ھەرىكەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

گۈلباھار بىر كۈنىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە مەخپىي ئىچكى ماتېرىيالىدىن بىرنى قولغا چۈشۈرۈپ، ھەمدە قاسىمنىڭ پېيىغا چۈشكەن بىر خىتاي تەيتىيىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، بۇنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن قاسىمنىڭ يېنىدا بىر كېچە قونۇشلىشقا رازىلىق ئېلىشۋالدى. ئۇ، يىغان بىر بويىدەك تۇگۈك بىلەن بىرگە نەلەردىندۇ بىرىمىرلەردىن تېپىپ كەلگەن بورداق قوي گۆشى، يېڭى كۆكتاتلار ۋە ئىسىل ۋىسكى ھاراقلىرى بىلەن ئىككى بولاق 'كامېل' تاماكىسىنىمۇ ئېلىپ كەلگەنىدى:

"بۇندىن كېيىن سىزمۇ كەلسە- كەلمەس تاماكىلارنى چېكىپ يۈرمەي، مۇشۇ تاماكىغا كۆنۈشلىك. پۇلىدىن غەم يېمەڭ."

ئۇ، چەبدەسلىك بىلەن ئىككى خىل قورۇما تەييارلاپ، ئىككى كىشىلىكلا قىلىپ گۇرۇچ دەملىدى. قاسىمنى زورلاپ يۈرۈپ بىرنەچچە ئىستاكان ئۇزۇم ھارىغىنىمۇ ئىچىرىۋەتتى. ئۆزىمۇ بىرنەچچە قەدەھ ۋىسكىدىن كېيىن، ئۆپكىدەك قىزىرىپ ئالاھىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ...

گۈلباھار مونچىدىن چىقىۋېتىپ چېچىنى لۆڭگىگە ئوراپ بولۇپ قاسىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

"دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدىكەن. ئالدىنقى كۈنىسى بىر ھىساپتا مەن سىزنىڭ جېنىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان بولدۇم."

"قانداق قىلىپ؟" _ دەپ چۆچىگەن ھالدا سورىدى قاسىم.

خەجلەپ يۈرگىنىنى بىلگىنىدىن كېيىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، بۇنى ئازەپ ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە ئۇلۇغ بىر ئىش ئۈستىدە بىرلىكتە پائالىيەت قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، دەرھال بۇنداق بىر تەشكىلاتتا قالالمايدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە يانچۇقچى دېمەك، ۋىجدانسىز دېگەن بىلەن بىر مەنىدە كېلەتتى. ئۇ ئاستا يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ يۇيۇنۇشنى باھانە قىلىپ گۈلباھاردىن يىراقلىشىپ ئۆيگە پاتتى. قاسىم بىر يىللىرى ئالاھىدە ھەۋەس قىلىپ كۆرگەن "گالىسىن پىدائىيلار قوشۇنى" دېگەن چاتما تېلېۋىزىيە كىنوسىنى ئەسلىدى. ئۇ كىنودا تۈرمىدە ياتقان خەلقارالىق داڭلىق بەش ئوغرىنىڭ تۈرمىدىن چىقىرىلىپ نېمىسلار بىلەن مەخپىي جەڭ قىلىش پائالىيىتىگە سېلىنغانلىقى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ ئوغرىلار ئادەتتىكى كىشىلەر قىلالمايدىغان مۇشەققەتلىك ھەرىكەتلەرنى بەكلا ئاسان پەيدا قىلالىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدى. "ئەجەبا، بۇ ئىش بولىدىغان ئىشلاردىن ئوخشامدۇ؟!" قاسىم يەنە قايتا تەربىيە ئالغان ۋاقىتلىرىدىكى ئاچارچىلىق دەۋرلىرىدىكى بىر قىزىق ئىشنى ئېسىگە ئالدى: بىر كۈنىسى يىراق ئېتىزلىق ئىشنى تۈگىتىپ ھېرىپ- ئېچىپ يولدا ئاران كېلىۋاتقىنىدا، يول ئۈستىدە ئۇشتۇمتۇتلا بىر كاناپ خالتىنى كۆرۈپ قالدۇ. بىرگە كېتىۋاتقان ساۋاقداشلىرى بىلەن بۇ خالتىنى ئېچىپ قارىغانىدى، ئىچىدىن بىرمۇنچە قورۇتۇلغان قوشۇق نان چىقىپ قالدۇ. بۇ بەلكىم قايسى بىر دېھقاننىڭ ھارۋىسىدىن چۈشۈرۈپ قويغان نېنى بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئاچ- قورساقلىقتا پۇتلىرىنى ئارانلا سۆرىشىپ كېلىۋاتقان دوسلار ئىنساپ دېگەن ئۇقۇمنى مېڭىلىرىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىغانىدى. ئۇلار دەرھال نېرىدىكى بىر كارىز ئاغزىغا بېرىپ ھېلىقى نانلاردىن بىرسى بىردىن قولىغا ئېلىشىپ، خۇددى ختايلارغا ئوخشاش كەينىنى قىلىشىپ ئولتۇرغان ھالدا ناننى سۇغا چىلاپ تۇرۇپ راسا مەززە قىلىشقانىدى. قورساقلىرىنى قۇرۇق ناندا تويغۇزۇشۇپ ماغدۇرغا كەلگەن بۇ دوسلار، خالتىدا ئېشىپ قالغان نانلارنىمۇ بىرەر- يېرىمدىن بۆلۈشۈپ قوينلىرىغا تىقىشىپ ياتىقىغا قايتىپ كېلىشكەنىدى. ئۇلار مەھەللىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ بىرگە تەربىيە ئالغىلى كەلگەن قىز ساۋاقداشلىرىغا نانلىرىنى كۆرسىتىشمەي، ئوتتۇر ياتاقلىرىغا كىرىپ نانلىرىنى بىر يەرلەرگە تىقىپ قويۇشقانىدى. يېرىم كېچىدىن ئاشقان، ھەممە پۈشۈلداپ ئۇيقىغا كەتكەندە، بىر بۆلۈڭدىن ئات قوناق يىگەندەك گۇرۇسلىتىپ نان يىگەن ئاۋاز كېلىشكە باشلايدۇ. قاسىم بۇ ئاۋازدىن ئويغىنىپ كېتىپ قارىسا تىقىپ قويغان يېرىدىكى ھېلىقى نېنى يوق تۇرغان، شۇڭا ئۇ دەرغەزەپ بىلەن ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ ھېلىقى بۆلۈڭدىكى ساۋاقدىشىنىڭ گېلىغا ئېسىلىپ پومۇداقلىشىپ كەتكەنىدى. ...

بۇنچە پۇل تۇرغان يەردە، قاسىممۇ ئاستا- ئاستا بۇنداق راھەت تۇرمۇشقا ياق دېمەس بولۇۋاتماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كېچىسى گۈلباھارنى قىستاپ تۇرۇۋالدى:

"سېنىڭ ئىش ئورنۇڭ بولمىسا، ھېلىقى يۈزمىڭ سوم پۇلۇڭنى بۇنچە چېچىپ تارقىتىۋەتسەڭ پاتلا تۈگىتىپ قويىسەن. ئۇ كۈنلەرگە قالغىنىڭدا ساڭا مەيلى مەن بولاي، ياكى خاسىيەت بولسۇن ياردەم قىلغۇچىلىكىمىز يوقلىقىنى ياخشى بىلىسەن. ھەر قانچە بولسىمۇ تېجەشنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك- تە!"

گۈلباھار ئەركىشلەردەك بوم ئاۋازدا قاھقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ، چالا مەس خۇمار كۆزلىرىنى قاسىمغا تىكىپ دېدى:

"سەن تېخىچىلا شۇ يۈز مىڭ سومۇمنى ساناپ يۈرەمسەن؟! ئۇ پۇل ئاللىمۇقاچان تۈگىدى. دېگەندەك، يېقىندا سىلەرگە مۇزاكىرىگە قويۇشنى ئويلاپ يۈرگەن بىر يېڭى نامزات بار ئىدى. ئۇ بالا ئىنتايىن چەبدەس يانچۇقچى بىرسى. قىزىق يېرى، ئۇنىڭ كومپيۇتېردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىمۇ ئالاھىدە ئۈستۈن. مەن ئۇ يانچۇقچىنى خېلى ئايلاردىن بېرى كۆزىتىپ يۈرىمەن. ئۇنىڭغا بومبا پىستانلىرى، پارتىلاتقۇچ دورا- بومبىلىرى، مەخپىي ئۇچۇر يۇمشاق دېتال تەخسىلىرىنى ئوغرىلىتىش، خىتايلاردىن، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن پۇل- مال ئوغرىلىتىش ۋەزىپىلىرىنى تاپشۇرغانىدىم. ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ كېلىۋاتىدۇ. ھەتتا ئۆتكەندىكى خىتاي چوجاڭنىڭ ئۆيىگە سائەتلىك مىنا قويۇپ چىقىشىنىمۇ ئۇ قىلغانىدى. كومپيۇتېرنى ئويان كوچىلاپ، بۇيان چوخچىلاپ يۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ بەزى مەخپىي ئارخىپلىرىنىمۇ قولغا چۈشۈرۈپ كەلدى. مەن ئۇنى يەنە بىر قېتىم پارتىلىتىش ھەرىكىتىگە قاتناشتۇرۇپ سىناپ باقماقچىمەن. ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتەلىسە، سىلەرگە تونۇشتۇرىمەن. ماقۇل دېسەڭلار ئۇنى قوشۇنىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەزالىقىغا كاندىدات قىلىپ قوبۇل قىلالىشىمىز مۇمكىن. دېگەندەك، مۇشۇ كۈنلەردە ئىشلىتىۋاتقان پۇللىرىمىزمۇ ئۇنىڭ بىر خىتاي بايۋەتچىسىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ ئولجا ئالغان ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ يۈەن پۇلىدىن كەلدى. ئۇ يانچۇقچىمىز شۇ پۇلنى 'تەشكىلىمگە تاپشۇردۇم' دەپ ماڭا بەرگەنىدى. مەن بۇ قېتىم ئۇنىڭغا سېنى پاش قىلغان ھېلىقى قېرى تەيتەينىڭ ئوغلى ئاشقان سەيپۇڭچىلىق كارخانىسىنى پارتىلىتىۋېتىشنى ۋەزىپە قىلىپ بېرىمەن. قايسى كۈنىسى خاسىيەت بىلەن ئىككىڭلار ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ بەرگەن مىنايىڭلارنىمۇ ئەنە شۇ 'يانچۇقچى'غا بېرىمەن. ئۇ تۈلكىدەك يامان چاققان نېمە!"

قاسىم ئويلىنىپ قالدى: ئۇ، مۇشۇ يېشىغا كەلگىچە ھېچقانداق بىر ئوغرى بىلەن دوستلىشىپ باقمىغانىدى. مانا ئەندى بىر ئوغرىنىڭ ئوغرىلاپ بەرگەن پۇلىنى

كېتىشتى. ...

قاسىم، قىستا- قىستاڭ كامىر ئىچىدە ئىسلىمىلەر قايىنىمىغا پېتىپ قېلىپ پۇت- قولىنىڭ ئۇيۇشۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالغانىدى. شۇڭا ئۇ سەل قوزغىلىپ كامىرنىڭ سوغۇق تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشلۇق ئولتۇرغان ئىدى. ئاندىن بىر كامىردىشى تاشلاپ كەتكەن پاختىلىق چاپانغا ئۆزىنى پۈركەپ قايتىدىن ئىسلىمىلەر دۇنياسىغا غەرق بولدى.

...

قارىغاندا، خاسىيەتمۇ گۈلباھارنىڭ بۇ ئۆيگە ئوغۇرلۇقچە كېلىپ- كېتىپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ قالغاندەك قىلاتتى. بۇنىڭغا قاسىمنىڭ ئېھتىياتسىزلىق بىلەن دەيدىغان گۈلباھار ئۇنداق دېدى، گۈلباھار مۇنداق دېدى، ... دېگەندەك سۆزلىرىمۇ سەۋەپ بولماقتا ئىدى. بۇنداق گەپلەر تەكرارلانغىنىدا خاسىيەت زېرىكىپ، گەپنى باشقا تەرەپكە بۇراشقا ئۇرۇناتتى، ياكى بولمىسا گېپىنى بۆلۈپلا باشقا ئىشلار بىلەن بولىۋالاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا خاسىيەت رەسمىلا قىزىرىپ- تاتىرىپ كېتەتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ يەنىلا قىزغىنىشنى ــــ كۆنلەشنى تىلغا ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. خاسىيەت، گۈلباھارنىڭ ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان شوخ قىزلىغىنى، ھەرقانچە مەن- مەن دېگەن ئەرلەرنىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئالقىنىدا ئوينىتالايدىغانلىغىنى ياخشى بىلگەچكە، قاسىمدەك ھېچ ئىش كۆرمىگەن ئەرلەرنى گۈلباھار ئاللىمۇقاچان بارمىقىدا ئوينىتىپ بولغانلىغىنى، قاسىمنىڭمۇ ئۆزۈن يىللىق بويتاقلىقىدىن كېيىن، بۇنداق بىر ئايالنى كۆرۈشى بىلەن تەڭ ئۆزىنى تۇتىۋالالمايلا قالىدىغانلىغىنى خېلى بۇرۇنلا مۆلچەرلەپ بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئىنتايىن ئېغىر كۈنگە قالغىنىدا ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغان، يول كۆرسەتكەن ۋە يولدىشى ئۇچۇن قىساس ئېلىشىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، ۋەتىنى ئۇچۇن ئەھمىيەتلىك بىر ئادەم بولىشىغىمۇ ئاساسىي سەۋەپچى بولغانلىغىدىن، گۈلباھارغا كۆندەشلىك قىلىمەن دەپ ئۇنى رەنجىتىپ قويۇشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. دېمىسىمۇ بەزى كۈنلىرى قاسىمنىڭ بوشىشىپلا كېتىدىغانلىغىدىن ھەمدە ئۆي ئىچىدىكى گۈلباھارغىلا خاس ئەتىر پۇراقلىرىنىڭ سېزىلىشىدىن گۈلباھارنىڭ قاسىمنى ئاللىمۇقاچان ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ بولغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. خاسىيەتكە نىسبەتەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بىلەن تۇرمۇش پائالىيىتى بىر- بىرىگە چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن پائالىيەتلەر ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ قوشۇندىن ئايرىلىپ قېلىشنى ياكى قاسىمنى تارتقۇزۇپ قويۇشنى زادىلا قوبۇل قىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى

قاسىم بۇ ۋەقەلەرنى ئېسىگە ئېلىپ سەل يۇمشىغاندەك قىلدى. ئىككى چىنىگە چاي قويۇپ كىرىپ گۈلباھارغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى.

"ھە، قاسىم ئەپەندى، جىمىپلا كەتتىڭىزغۇ؟! _ گۈلباھارمۇ يېڭىلا يۇيۇنۇپ چىقىپ چېچىنى قۇرىتىۋاتقانىدى. چايدىن بىرنى ئۇتلاپ قويۇپ، قاسىمنىڭ قولىدىكى تاماكىسىنى ئېلىپ قاتتىق بىرنى شورىۋالدى. _ بىر يانچۇقچىنى بۇ ۋەتەنگە پۇخرا قىلغىڭىز كەلمەيۋاتامدۇ- قانداق؟! ئۇ بالىنى ھەرقانچە ئەسكى دېسىڭىزمۇ مەندىنغۇ ياخشىدۇ؟!"

"ياق، ياق، ... مېنىڭ ئۇنداق دېيىش نىيىتىم يوق، ..." _ دەپ قاسىم يالغان تەبەسسۇم بىلەن كۈلكەشلەپ ئۇنىڭ ئاقلاشقا تىرىشتى.

"سىلەر ھەقىقەتەنمۇ سېسىق زىيالىيلار- دە! _ دېدى گۈلباھار قولىدىكى تاماكىنى قاسىمغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ. ئۇنىڭ بېشىنى قاپلاپ كەتكەن قاپ- قارا بۇدرە چاچلىرى كۆيۈپ ئالاھىدە پارقىراپ تۇراتتى. _ ئۇ بالىنى مەن خېلى كۆپ سۈرۈشتە قىلىپ باقتىم. ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ ئاساسەن مېنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئۇ ۋاقىتىدىكى ئاپەتلىك يىللاردا ئۇ بالىنىڭ ئاكىسى ئوغرىلىق قىلىپ يۈرۈپ يېتىم قالغان ئۇكىلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلغانىكەن. ئۇ بالا بۇ خۇينى ئاكىسىدىن ئۆگەنگەن بولسا كېرەك؟! ئەمما ھېچقاچان ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىغا قول سېلىپ باقمىدىم دەيدۇ. ئۆزىمۇ بەكلا زېرەك، چاققان بالا. قارىمامسىز، شۇ ھالەتتە تۇرۇغلۇقمۇ ئۈچ يىللىق تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ ئۇستا بىر كومپيۇتېرچى بولىۋالغان. ئۇ ھازىر رەسمى خىتايلارغىلا زىيان سالىدىغان زامانىۋى ئوغرىلارنىڭ بىرسىگە ئايلانغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ئىسى- يادى خىتايلارنىڭ پروگىراممىلىرىنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ بەتلىرىگە كىرىپ ھىساۋاتلىرىنى قانداق قىلغاندا قالايماقانلاشتۇرىۋەتكىلى بولىدىغانلىغى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش بىلەن مەشغۇل ئىكەن. ئۇ بىزگە ئۇق- دورا جەھەتتىنمۇ خېلى كۆپ ياردىمى تېگىدىغانلىغىدا گەپ يوق. ئۇنداق بىرسى تەشكىلاتىمىزغا بەكلا زۆرۈر ئىدى. مەيلى، بۇ گەپنى ھازىر تالاشمايلى، ئۇ ئىشنى كېيىن يەنە مۇزاكىرە قىلىشارمىز." _ گۈلباھار كۆيۈپ كەتكەن چاچلىرى ئارىسىغا قاسىمنى كۆمۈۋەتكىدەك ئېڭىشىپ ئۇنى سۆيۈپ قويدى.

قاسىم ھەقىقەتەن ئىككىلىنىپ قالغانىدى. مەيلى ئوغرى بولسۇن، ياكى خاسىيەت بولسۇن ئوخشاپ بىرەر بومبا قويۇشنىمۇ كېلىشتۈرەلمەي يۈرگەنلىكىمۇ راس ئىدى. ئەگەر گۈلباھارنىڭ ياردىمى بولمىغىنىدا، ئۇلار ئىككىسى بەكلا تەس كۈندە قالغان بولاتتى. ئۇلار بىرھازا جىم ئولتۇرۇپ تاماكىلىرىنى چېكىشكەندىن كېيىن، ئاستا يوتقانغا كىرىپ

ئەمما ۋارتالىق تاش تاپالماي بىر تەرەپكە سومكىلىرىمىزنى دۆشلىدۇق. يەنە بىر تەرەپكە سومكا قالمىدى. 'قاسىم ئاداش،' دېدى شوخىراق بىر ساۋاغدىشىم، سەن بەربىر ئويناشنى بىلمەيسەن. شۇڭا سەن بىر تەرەپتە ئولتۇرۇپ ۋارتا تېشى بولۇپ بەرگىن' دېدى. ئىلاجىسىز مەنمۇ شۇنداق قىلدىم. ئۈستەك سىرتىدا بوش شىشۇرغانلىق قار ئۇچۇشۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۈستەك ئىچى ئۇنچىلىك سوغۇق ئەمەس ئىدى. مەنمۇ ۋارتا تېشى بولۇپ تۇگۇلگىنىمچە ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرمەكتە ئىدى. ئويۇن تازا قىزىغاندا بىر توپ كېلىپ نەق پىشانەمگە تەگمەسمۇ! قەھرىتان سوغۇقتا بۇ مۇش تەككەندىنمۇ بەتەر ئېغىر كەلگەنىدى. پۇلاڭخىدە كەينىمگە نەچچە مېتىر يەرگىچە ئۇچۇپ كەتتىم. دومىلاپ يېتىپ راسا يىغلاشقا باشلىدىم. ئەمما دوسلىرىم مېنىڭ بىلەن كارى يوق، بىرسى توپ كىردى دېسە، يەنە بىرسى كىرمىدى دېيىشىپ بىر- بىرسى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشتى دەڭا!"

بۇ ھېكايىدىنمۇ خاسىيەت راسا قاھقاھلاپ كۈلۈۋالدى.

خاسىيەت دادىسى بولغىدەك ياشتىكى بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىغىنى ئەسلەپ بەزىدە سەل تارتىنىپ قالغاندەك قىلىقلارنى قىلسىمۇ، بىرئازدىن كېيىن بۇلارنى ئۇنتۇپ، قاسىمنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتەتتى. ...

سىلىق خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتكەن قاسىمنىڭ دۈمبىسىگە يۈزىنى يېقىپ چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولغان خاسىيەت، بىر يەرلىرىدە قاسىمنى نېمىشقىدۇ دادىسىغا ئوخشىتىپمۇ قالاتتى.

ئۇنىڭ دادىسى ئۇستا سېلىسار ئىدى. ھەركۈنى ئاخشىمى كېيىملىرىدىن بېنزىن- ياغلارنى پۇرىتىپ ئىشتىن كېلىپ كىچىك بىر ئېغىزلىق ئۆيگە كىرىپ خاسىيەتنى بېشىدىن ئىگىز كۆتۈرۈپ ئوينىتىپ كېتىشلىرىنى تەبەسسۇم بىلەن مۇڭلىنىپ ئەسلەيتتى. دادىسى ئارىلاپ يانچۇقىدىن ئۇنبىر تېيىنلىق ئۇزۇنچاق سېغىزىنى چىقىرىپ يېرىمىنى خاسىيەتكە، قالغان يېرىمىنى ئاپىسىغا چىشلىتىپ قويغىنىدا، خاسىيەت دادىسىغا نارازىلىق بىلدۇرۇشنى ھەرگىز ئۇنۇتمايتتى. "قارا، يەنە ئاپامغا چوڭ تەرىپىنى بېرىۋەتتىڭ!" _ ئاپىسىمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن ئېرىنى مەڭىزىدىن سۆيۈپ قويۇشى، خاسىيەتنىڭ نارازىلىغىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا خاسىيەتمۇ دادىسىغا تېخىمۇ چىڭ چاپلىشىۋېلىپ ئەكىلەپ كېتەتتى. تاماق پىشقىچە دادىسىنىڭ قۇچىغىدا ئولتۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دەپ ۋىچىرلاپ دادىسىنى گەپكە تۇتاتتى. دادىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئويۇنچاق ئىدى. پىشانىسىدىن سۆيۈپ قويسا خۇشاللىقىدىن يايراپ، ئاپىسىغا قاراپ كېرىلىۋالاتتى. ...

بىر كۈنىسى شەپكىلىرىگە بەششۇار تاقىغان بىرنەچچە خىتاي ھەربىلىرى بىلەن

بىردىن- بىر تەسەللىسى يەنىلا قاسىمنىڭ كۆز قارچۇغىدا پارلاپ تۇرغان 'مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن' دېگەندەك چاقناپ تۇرغان ئوتلۇق نۇرلارنىڭ بارلىقى ئىدى. ئەسلىدە خاسىيەتمۇ بۇ ئۆيگە يالغۇز كېلىشكە خاتىمە بېرىپ، قاسىمغا باغلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىمەن دەپ كۆپ قېتىم ئۆزىگە ۋەدىلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، قاسىمنىڭ كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان خاسىيەتكىلا تەۋە مۇھەببەتلىك نۇرلارنىڭ ئۆتكۈر چاقنىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، قىلغان ۋەدىلىرىنى دەرھال ئۇنتۇپ كېتىپ، ئۆزىنى قاسىمنىڭ قۇچىقىدا كۆرەتتى: "ھەي سىزنى، قېرى شەيتان! نېمە قىلىۋېتىسەم بولار سىزنى! قانداق قىلسام مەندىن باشقا بىرسىگە كۆز قىرىنى سالماس قىلىۋېتەلەيمەن؟!" دەپ ئەكىلىگىنىچە ئۇنىڭ يۈز- كۆزلىرىنى چىمدىپ ئويناپ كېتەتتى. ئۇ بىرھازا ئەكىلەپ كۆڭلىنى تويغۇزىۋالغىنىدىن كېيىن، قاسىم بىلەن رەسمىي جىددى ئىشلار ئۈستىدە مۇنازىرىگە كىرىشىپ كېتەتتى.

ئۇلار ئىككىسى كومپيۇتېردىن كۆچۈرىۋالغان خىتاي تاجاۋۇزچى ھۆكۈمىتىنىڭ مەخپى باستۇرۇشقا دائىر پىلانلىرىنى تاللاپ تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتى. بولۇپمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئىچكى قىياپىتىگە دائىر خەۋەرلەر، قېچىۋاتقان خىتاي سانى، بۇندىن كېيىنكى يەرلىكلەرگە يۈرگۈزىدىغان جازالاش مەخپى پىلانلىرى قاتارىدىكى ئابزاسلىرىنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ تارقىتىش جەھەتتە كۆپىرەك باش قاتۇرۇشتى. بۇ تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى يەنە شۇ گۇلباھارنىڭ كومپيۇتېرىدا بېسىپ چىقىرىپ بېرىشكە مۇھتاج ئىدى.

ئاندىن ئۇلار ئۆتكەن ھەپتىدە شىمالدىكى بىر ۋىلايەت بىلەن تورپاننىڭ بىر يېرىدە پەيدا قىلىنغان ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجە ۋە تەجرىبىلىرىنى، تۇرىۋاتقان شەھىرىدىكى خىتاي جاللاتلىرىغا زەربە بېرەلىگەنلىك ھەققىدىكى ئىككى خەۋەرنى، بىرقانچە خىتاي جاللاتلىرى بىلەن ھەددىدىن ئاشقان ئىككى مۇناپىقنىڭ تەپسىلى ئادرىسىنى يېقىندا ئىشلىگەن جىنايىتى بىلەن قوشۇپ يېزىپ چىقىشتى.

قوشۇن ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مىزلىك قىلىپ چۆچۈرە تۈگۈپ ئىچىشتى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئىككىسى بىر- بىرىگە ئەكىلىشىپ سەل ئولتۇرۇشتى. بالىلىق ھېكايىلىرىنى ئېيتىشىپ تېلىقىپ- تېلىقىپ كۈلۈشۈۋالدى:

"باشلانغۇچ مەكتەپ يىللىرىمنىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك، _ دەيتتى قاسىم، _ بىر قىشلىقى بالىلار دەرستىن چۈشكىنىمىزدە توپ ئويناپمىز دەپ قار قاپلاپ كەتكەن قۇرۇق ئۆستەڭ ئىچىگە چۈشتۇق. ئادەم سانى يەتمىگەچكە، ۋارتاغا ئادەم قويمىغانىدى.

قىلىپ يوقاپ كىلەتتى.

"خاسىيەت قىز، خاسىيەت قىز." _ ئىشىكتىن بوش بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلدى. ئاپىسىنىڭ قوچىقىدىن ئىتتىلىپ چىققان خاسىيەت يۈگۈرۈپ ئىشىكنى ئاچتى. تالا قاپقاراڭغۇ، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. دادىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. "دادا، دادا!" دەپ ۋارقىرىدى خاسىيەت قىز يىغلامسىراپ تۇرۇپ، بوسۇغىدا تۇرغان بىر تۇگۈچكىنى كۆرۈپ ئۇنى ئېلىپ ئۆيگە كىردى:

"ئاپا، بۇ نەرسە تالادا تۇرۇپتۇ، تېخىچە ئىسسىق ئىكەن."

ئاپىسى قىزىنىڭ قولىدىن تۇگۈچكىنى ئېلىپ ئاچتى. ئىچىدە ھور چىقىپ تۇرغان ئىسسىق بولاق مانتا سېلىنغان بىر كورا چىقتى. خاسىيەتنىڭ قورسىقى بەكلا ئېچىپ كەتكەنىدى. ...

خاسىيەت، ئاپىسى بىلەن ھېلىقى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە تۇردى. خاسىيەت دەسلەپتە 'دادام مانا كېلىدۇ، ئەنە كېلىدۇ' دېيىش بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدى. ئاپىسى ئارىلاپ قىزىغا سېغىنىپ ئېلىپ بېرەتتى. بىر- ئىككى ئايدىن كېيىن خاسىيەت دادىسىنى ئارىلاپ ئەسلەيدىغان بولدى. بىر يىللىرىغا كېلىپ ئۇ دادىسىنىڭ چىرايىنى ئەسلىيەلمىگۈدەك ھالغا كەلدى. ئۆيدىكى رەسىم جازىسىدا ئاپىسى بىلەن چۈشكەن دادىسىنىڭ رەسىمىگە قاراپ، گويا ئۇ كىشىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىدىنمۇ گۇمان قىلغىدەك يەرگە كەلگەنىدى. "خاسىيەت بىر مىللەتچىنىڭ بالىسى ئىكەن، ئۇنىڭ دادىسى بىر ئەكسىيەتچى ئىكەن، ... ئۇنىڭ دادىسى بىر لوگەي ئىكەن، ..." _ ساۋاقداشلىرىنىڭ بۇ گەپلىرى ئۇنىڭغا بەكلا ئېغىر كېلەتتى. مەكتەپتىكى بارلىق ئايال ئوقۇتقۇچىلار چاشلىرىنى كەستۈرۈپ بۇدرە قىلىشقا باشلىغانلىرىدىمۇ، ئۇنىڭ ئاپىسى ھېلىغىچە چېچىنى ئۆرۈپ چىڭ تۈگىۋالاتتى. بېشىدىن يېشىل ياغلىقنى چۈشۈرمەيتتى. ئاپىسىنىڭ قوللىرى قېلىن قاپىرىپ كەتكەن، يۈزلىرى كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، ئاخشىمى ئۆيگە ھېرىپ ئارانلا كېلىۋالاتتى. ئاپىسىنىڭ سەھەر چىقىپ كەچ قايتىپ نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكىنىمۇ بىلەلمىگەنىدى.

خاسىيەت ئوتتۇرا مەكتەپكە يېڭى كۆچكەن يىللىرى ئىدى. ئاپىسى ھېلىقى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە يۆيۈنۈپ تاراندى. ئەينەككە قاراپ ئۇزۇندىن- ئۇزۇنغا بىرنېمىلەر قىلىپ ئولتۇردى. ئاپىسى كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىۋىدى، خاسىيەت ئاپىسىنىڭ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنلىكىدىن تونىيالماي قالغىلى تاسلا قالغانىدى. ئاپىسى خۇددى ياش قىزلاردەكلا ياسىنىۋالغانىدى.

مىنبەگلار كىرىپ خاسىيەتنىڭ كۆز ئالدىدىلا دادىسىنى قولىغا كويزا سېلىپ سىلكىشلىگىنىچە ئېلىپ مېڭىشتى. ئاق ئۆن نورىمىسى تۇگەپ كېتىپ ئۇماچ قاينىتىپ ئولتۇرغان ئاپىسى يىغلاپ ۋارقىرىغىنىچە ئىشىنى تاشلاپ بېرىپ ئېرىگە يېپىشتى. خاسىيەتمۇ بىر تەرەپتىن دادىسىغا چاپلىشىۋالدى.

"... جالاڭ- پېڭ- شاۋ- دەن! ..." _ بىر خىتاي مىنبەگ خاسىيەت زادىلا چۈشىنەلمەيدىغان بىرنېمىلەرنى دەپ ئاپىسىغا ۋارقىراپ، مىلتىغىنىڭ پەينىگى بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. خاسىيەتنىمۇ سىلكىشلىگىنىچە دادىسىدىن تارتىپ ئاجرىتىپ كەينىگە ئىتتىرىۋەتتى. خاسىيەت سەنتۇرۇلۇپ بېرىپ ئۇچاقنىڭ يېنىغا يىقىلىپ چۈشۈپ پىشانىسىنى يېرىۋالدى. دادىسى كەينىگە تولغۇنۇپ تۇرۇپ "خاسىيەت، جېنىم قىزىم!" دېگىنىچە ۋارقىراپ سۆرۈلۈپ ئىشىكتىن چىقىرىلدى. ئاپىسى بىر ئىشىككە، بىر خاسىيەتكە قاراپ يىغىزار قىلىشقا باشلىدى. بېرىپ قىزىنى تۇرغۇزۇپ پىشانىسىدىن ئېقىۋاتقان قىپقىزىل قانلارنىڭ ئاق كويتىسىنى بويىۋېتىشىگىمۇ پەرۋا قىلماي قىزىنى قۇچىقىغا ئالغىنىچە سىرتقا چىقتى. ماشىرەڭ جىپ ماشىنىسى ئالللىمۇقاچان يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. "ئاھ خۇدايىم، بىز نېمە گۇنا قىلغىنىمىزغا بۇ كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىمىز!" دەپ زارلانغىنىچە قىزىنى قولتۇغلاپ يامغۇردىن پاتقاق بولۇپ كەتكەن يەرگە يۈكلىشىپ چۈشتى. ...

ئانا- بالا ئىككىسى خېلى ئۇزۇنغىچە يىغلىشىپ ئولتۇرۇشتى. خاسىيەتمۇ پىشانىسى داكا بىلەن تېڭىلغان، داكىنىڭ ئۈستى تەپچىپ چىققان قان بىلەن قىزارغان، ئۇلۇغ- ئۇلۇغ ھەق تۇتقىنىچە ئانىسىغا يېپىشىپ ئولتۇراتتى. ھەربىر قاتتىق ھەق تۇتقىنىدا ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك سىلكىنىپ كېتەتتى. يىغلاۋېرىپ قىزىرىپ ئىشىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ھېلىغىچە ياش مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. بىچارە ئانا قىزىنى باغرىغا باسقىنىچە شىپقا قاراپ نالە قىلاتتى.

"دادامنى خىتايلار نېمىشكە تۇتۇپ كېتىشتى ئاپا؟! ئۇ قاچان كېلىدۇ؟!" _ خاسىيەت ھەق تۇتقان ھالدا گېپىنى ئۇزۇپ- ئۇزۇپ قىلاتتى.

"داداڭنى بىر تەشكىلاتقا قاتنىشىپسەن دەپ تۇتۇپ كېتىشتى قىزىم." _ قىزىنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى ئانا.

"دادام ئۇ تەشكىلاتتا نېمە ياسايتتى؟" _ بىچارە قىز ئاپىسىنىڭ يىغىسىنى قوزغىۋەتتى. ... ئۇچاقتا ئوت ئالللىمۇقاچان ئۆچكەن بولۇپ، قازاندىكى ئۇماچ قېتىپ يېرىلىپ كەتكەنىدى.

يېرىم كېچىگە يېقىن ئىشىگىنىڭ كەينىدە بىر قارا كۆلەڭگە كۆرۈنگەندەك

كۈنىسىدىمۇ خۇددى سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلىرىدەكلا ئۆتكۈزگەن 'دادا'، قىزىغا قارىغاندا مېھمانلار بىلەن كۆپرەك يېقىنلىشىپ يۈردى. پەقەت خاسىيەتنىڭ يولدىشى بىلەن كۈيوغلىنىڭ دوستى شېھىت بولغىنىدا قەۋرىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇزۇنغىچە جىم- جىت ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىلىش بىلەن ئىچكى ھېسسىياتىنى ئەڭ 'جانلىق' ئىپادىلىگىنى بولۇپ قالغانىدى. كۈيوغلىنىڭ قىرقى نەزىرىسى تارقالغىنىدىن كېيىن، دادا، قىزىنى باغرىغا بېسىپ ئۈن- تىنسىز كۆز يېشى تۆكتى:

"قىزىم، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئورنىدا مېنىڭ بولىشىم كېرەك ئىدى!"

دادىسىنىڭ بۇ گېپى نېمىنى مەخسەت قىلغانلىقىنى خاسىيەت دېگەندەك ئېنىق بىلىپ كېتەلمىدى: بۇ دۇنيادىن ۋاز كېچىدىغان مەن ئىدىم دېگىنىمۇ ياكى بۇ پەرزەنتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان ئادەم مەن ئىدىم دېگىنىمۇ؟! نېمە بولسا بولسۇن، خاسىيەت دادىسىغا تۇنجى قېتىم ئېسىلىپ چىن قەلبىدىن ئۆكسۈپ- ئۆكسۈپ خېلى ئۇزۇن يىغلىۋالدى.

شۇندىن ئېتىۋارەن، بۇ دادا خېلى يۇمشاپ، قىزىنىڭ ئالدىدىن تۇغرا ئۆتمەس بولىۋالدى. قىزىغا مېھرىۋانلىق بىلەن قارايتتى. بىرنېمىلەر دېيىشكە تەلمۈرەتتى- يۇ، يەنە ئۈنىنى چىقارماي قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ قوياتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، خاسىيەت ئىنتايىن قوپاللىشىپ، ئاتا- ئانىسىنىڭ ھەرقانداق گېپىنى قوپاللىق بىلەن سىلكىۋەتەتتى. كۈنلەرچە ئۈنىنى چىقارماي ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ پات- پاتلا يولدىشىنىڭ قېپقىزىل يۈرىگىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ شىپقا قاراپ تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ...

مانا بۈگۈن، يېنىدا ياتقان سۆيگەن ئادىمى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرمەكتە. ئەگەر پەۋقۇلئاددە قولغا چۈشۈپ قالغىدەك بولسا، ئۇنىڭمۇ قېپقىزىل يۈرىگى ...

ئويلىنىپ بۇ يەرگە كەلگىنىدە خاسىيەت تىترەپ شۈركىنىپ كەتتى! قاسىمغا چىڭ يېپىشقىنىچە ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سۆيۈپ كەتتى. خاسىيەتنىڭ بۇ ھەركىتىدىن ئويغىنىپ كەتكەن قاسىم، خاسىيەت تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىپ، ئۇنىڭ ئويلاۋاتقانلىرىدىن بىخەۋەر، قىزنى باغرىغا بېسىپ چىڭ قۇچاغلىۋالدى. ...

ئىككىسى چاي ئىچكەچ ئولتۇرغىنىدا قاسىم گەپ باشلىدى:

"راس، تاس قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى، قايسى كۈنىسى گۈلباھار بىر يانچۇقچى ئوغرىنى قوشۇنىمىزغا ئەزا قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سالغاندەك قىلىۋىدى. گېپىدىن قارىغاندا، ئۇ بالا خېلى ۋاقىتلاردىن بېرى قوشۇنىمىزغا سىرتتىن ياردەم قىلىپ

"ھە، قارايسەنغۇ، ئاپاڭنى ياسىنىشنى بىلمەيدىغان ھۆرۈن خوتۇن دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟"

خاسىيەت دەپتەرلىرىنى تاشلىۋېتىپ كېلىپ ئاپىسىنى قۇچاغلاپ سۆيۈپ كەتتى. خاسىيەت ئاپىسىنىڭ بۇنچە خوشال ۋە بۇنچە چىرايلىق ياسىنىشىنى تېخى ئەندىلا كۆرۈۋاتقانىدى.

"بولدى قىل، ئاران قىلغان گىرىملىرىمنى بۇزىۋېتىسەن! _ ئاپىسى خاسىيەتنى قۇچىقىغا ئالدى. _ قۇرۇلۇشتا خىش- كېسەك توشۇيدىغان ئىشىمدىن چىقىرىپ بۇرۇنقى ئىشىمگە قايتۇرۇشتى. _ ئاپىسى خاسىيەتكە تۇنجى قېتىم ئىشى توغرىسىدا سەمىمىي گەپ قىلىۋاتاتتى. _ ماڭا قارا قىزىم، يەنە بىر خوشاللىق ئىش، داداڭنى ئازات قىلىشتى. پات يېقىندا تۈرمىدىن چىقىدىكەن." _ خاسىيەتنىڭ ئانىسى مۆلدۈرلەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بايامدىن بېرى قىلغان ئەرزان گىرىملىرى ئىسسىق كۆز ياشلىرى تەرىپىدىن خۇددى چاڭ- توزاڭلىق ئەينەككە ياققان يامغۇر سۈيىدەك ئىز قالدۇرۇپ يۈزىنى بوياپ ئاقماقتا ئىدى.

خاسىيەت 'دادا' دېگەن بۇ سۆزدىن سەل- پەل يۈرىكى سوققاندەك قىلسىمۇ، شۇنچە باللارغا، شۇنچە جاپالارغا قويغان بۇ 'دادا'، ئۇنى ئۇنچىلىك بەك ھەيران قالدۇرمىغانىدى.

"قويغىنە شۇ 'دادا' دېگەننى، قارا، بىرچىرايلىق گىرىملىرىڭ پوخ بولدى."

"نېمە دېدىڭ سەن؟ _ ئاپا، خاسىيەتكە چەكچەيدى. _ ئۇ دېگەن سېنىڭ داداڭ!"

"... ..." _ خاسىيەت بېشىنى ساڭگىلىتىپ گەپ قىلماي جىم تۇرىۋالدى. ...

دېگەندەك، خاسىيەتنىڭ دادىسى بىركۈنىسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بېشىغا ئاق كىرگەن، يۈز- كۆزىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن، قارىداپ كەتكەن يىرىك ساقاللىق بىرسى، 'دادا' بولۇپ چىقىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ دادىسى ھېلىقى كۈنىسى ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن دادىسىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. دادىسىنىڭ بەرگەن ئەرزان پۇللۇق سېغىزىنى زورلىنىپ ئالغان بولسىمۇ، ئۇنى چاندۇرماي مىجىۋېتىپ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. تويۇقسىز پەيدا بولغان بۇ 'دادا' بەكلا جىمغۇر، ئولتۇرغان يېرىدە سائەتلەرچە ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بىر ئادەم ئىدى. بۇنداق بىر ئادەمگە ئاپىسىنىڭ شۇنچە چىڭ چاپلىشىپ قېلىشىغا خاسىيەت بەكلا ھەيران قالغانىدى. ئۇنىڭ ھاياتى تەدرىجى ئائىلىسىدىن يىراقلىشىپ، ساۋاقداشلىرى ئىچىگە چۆكۈپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

خاسىيەتنىڭ تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈشى ئائىلىسىدە قىلچىمۇ ھاياجان يارىتالمىغانىدى. ھەتتا ئۇنىڭ بىر مەكتەپ ساۋاقدىشى بىلەن توي قىلىش قارارىغا كېلىشىمۇ ئۇلارنى ھەيران قالدۇرالمىغانىدى. ئۇنىڭ توي

قىلمايمەن!" _ دەپ قەسەم قىلدى. ئۇ بالا كۆزىنى ئۇۋۇلاپ يورۇغلۇققا كۆنگىچە خېلى قىينالدى. ئاندىن ھەممىسى بىلەن بىر- بىرلەپ قول سىقىشىپ كۆرۈشۈپ رەخمەت ئېيتتى. ئاندىن ئۇلار يېڭى تەشۋىقاتلار، يېڭى ۋەزىپىلەر، كېرەكلىك ماتېرىياللار قاتارىدىكى مەسىلىلەرنى بىرقۇر مۇزاكىرە قىلىشىپ، تەخمىنەن ۋەزىپە بەلگىلىشىپ ئۆز ئىچىدە تەخسىم قىلىشىۋالدى. بۇ قېتىم، يېڭى ئەزا خېلى كۆپ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندى. ...

قاسىمنى يېڭى قولغا ئېلىنغانلار ئۈچۈن سىر كۆرستىش ئۈچۈنمۇ، ئەيتىۋىر يەنە پات- پاتلا سوراققا تارتىپ قىينىشىدىغان بولىۋىلىشتى. خىتاي گۇندىپايلىرى بۇ كۈنلەردە قاسىمنى تاسما بىلەن بەدەنلىرىنى قىيما- چىيما قىلىۋەتكىدەك ئۇرۇپ قىيناشىسىمۇ، ھوشىدىن كەتكىچە ئۇرمايتتى. شۇنداقتىمۇ نەچچە كۈندە بىر قىيناپ تۇرغاچقا، بەدەنلىرىدىكى يارىلار خېلى ۋاقىتلارغىچە قېتىشمايى، جان ئالىدىغاندەك ئېچىشتۇرۇپ ئاغرىتىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەتىدىن كەچكىچىلا ئىڭراپ چىقاتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرنى ئەسلىۋىلىش پۇرستىمۇ بارغانسىرى ئازىيىپ كېتىۋاتاتتى.

بىرەر ئايدىن كېيىن، قاسىمنىڭ سوراققا تارتىلىشى يەنە ئازىيىپ قېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى يارىلار بىر تەرەپتىن قېتىشىشقا باشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن يىرىڭداپ تولۇمدەك ئىششىقا باشلىدى. قاسىم بۇ ھالىتىگىمۇ ئاستا- ئاستا كۆنۈپ، قايتىدىن كونا ئىشلىرىنى ئەسلەشكە كىرىشىۋاتاتتى. ...

يۈرگەنمىش. ھەتتا بىرنەچچە قېتىملىق ھەرىكەتلەرگىمۇ قاتناشقانلىقىنى دەيدۇ. ئۇنداق بىرسىنى قوبۇل قىلساق سىزچە قانداق بولار؟ مەنغۇ دەسلىۋىدە قەتئىي يېقىن كەلتۈرمىگەنىدىم، ..."

"ھە، گۈلباھار ئۇ بالا توغرىسىدا ماڭىمۇ مەسلىھەت سالغانىدى. _ خاسىيەت قاسىمنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ئىشكاپ ئەينىكىگە قاراپ گىرىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرۇپ دېدى. _ ئەسلىدە بىزنىڭ ئۈچۈن ئەنە شۇنداق بىرسىمۇ بەكلا زۆرۈر ئىدى. ئۇنداقلار بىز ئىككىمىز كېلىشتۈرەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئاسانلا ئورۇندىيالايدۇ. ... _ خاسىيەت كېلىپ ئولتۇردى. _ ئۇ بالىنىڭ ئائىلىسىنى مەنمۇ سىرتتىن سۈرۈشتە قىلىپ باقتىم. بەك ئەنسىرىگىدەك ئىشمۇ يوقتەك قىلىدۇ. ئەمما گۈلباھار ئۇ بالىنى سىرتتىن ماڭا كۆرسەتكەنىدى. كېلىشكەن بەكلا چىرايلىق بالا ئىكەن. تۇۋۋا خۇدايىم، شۇنچە كېلىشكەن بىر بالا قانداقلارچە يانچۇقچى بولۇپ قالغان بولغىيدىكىن، زادىلا ئەقلىم يەتمەيدۇ. قارىغاندا گۈلباھار بۇرۇنقى سۆيگىنىنى تاشلىۋېتىپ بۇ كىچىك بالىنى قوشلاپ يۈرسە كېرەك؟ بىزنىڭ بۇ ئاغىنىمىز بەكلا بىشەم نېمە- دە!"

"دېمەك، سىزمۇ گۈلباھارنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلىدىكەنسىزدە؟"

"ھېچ بولمىغاندا سىز بولسىڭىزمۇ ماڭا قالغىدەكسىز ئەمەسمۇ!" _ دەپ گەپنى چاخچاققا ئايلاندۇردى خاسىيەت. قاسىممۇ گۇناھكارلاردەك ھىجىيىپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ، 'يېڭى ئاي قوشۇنى' بىر قېتىملىق يىغىلىشىدا تۆت كىشىلىك بىر قوشۇن ھالىغا كەلگەنىدى. ئۇلار بىر يىغىلىشتا ئۇزۇن تالاش- تارتىشلاردىن كېيىن ھېلىقى 'يانچۇقچى' نى كاندىدات ئەزا قىلىپ قوبۇل قىلىش قارارىنى ئېلىشتى؛ يەنە بىر قېتىملىق يىغىلىشتا ئۇ بالىنى كۆزلىرىنى تېڭىپ يىغىلىشقا قاتناشتۇردى. قولىدىن يېتىلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ مىللەت، دىن، ۋەتەن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، كەلگۈسى تەغدىرىمىز، قۇربان بولۇش، قولغا چۈشۈپ قېلىش، ھەرىكەت قىلىش شەكىللىرى، ئېچىنىشلىق خىتاي پاجىئەسى پەيدا قىلىش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، ... قاتارىدىكى مەسىلىلەر ھەققىدىكى سوئاللار سورالدى. ئۇنىڭ جاۋاپلىرى كەسكىن، قاراشلىرى ئېنىق كۆرۈنەتتى. ئۇچىسى نېرىقى ئۆيگە چىقىپ بىر مەزگىل پىچىرلىشىۋالغاندىن كېيىن كىرىپ يېڭى ئەزاسىنى تەبرىكلەشتى. كۆزىنى ئېچىۋېتىپ قائىدىلىرى بويىچە قۇرئانغا قولىنى تۇتقۇزۇپ 'ۋەتىنىمدە بىرمۇ خىتاي تاجاۋۇزچىسىنىڭ تەسىرى قالمىغىچە ئەڭ ئاخىرقى تېنىغىم قالغىچە قىلچە بەدەل تەلەپ قىلماستىن خىتاي قوغلاش مەخپى ۋەھىمە پەيدا قىلىش ھەرىكىتىگە بارلىقىمنى بېغىشلايمەن. قوشۇن بۇيرۇقلىرىنى جان تىكىپ ئىجرا قىلىشقا تىرىشىمەن، قوشۇن مەخپىيەتلىكىنى جېنىم كەتسىمۇ پاش

خۇددى 'مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى' دەۋرلىرىدىكىدەك پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، خىتايدىن سانائەت ماللىرىلا ئەمەس، ھەتتا ئادەتتىكى كۈندۈلۈك يېمەك- ئىچمەك بويۇملىرىنىمۇ توشۇپ كېلىدىغان ھالغا كەلمەكتە ئىدى. شۇڭا يەرلىكلەرنىڭ ھالى بەكلا خاراپلىشىپ بارماقتا ئىدى. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ئاۋال جاننى ساقلاپ قېلىش ___ بەزى بىلىملىكلەرنىڭ دېيىشى بويىچە 'كۆچنى ساقلاپ قېلىش' ئۈچۈن بىرمەزگىل خىتاي ۋەھىمىسى پەيدا قىلىش پائالىيەتلىرىنى توختىتىپ تۇرۇش چاقىرىقلىرى بەكلا 'قىممەتلىك' تەبىقىلىرىمىزنىڭ ئاساسى شۇئارى بولۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ 'خەلقارا سەھنىلەردە سۆزلىيەلەيدىغان' چەتئەللىك مۇساپىر كاتىۋاشلىرىمىز بۈگۈنكى مەخپى پائالىيەت شەكىللىرىنى 'تاشنى تۇخۇمغا ئۇرغانلىق، خەلقارا ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىنى بىلمىگەنلىك، سىياسىي جوغراپىيە ساۋاتسىزلىغى، ...' دېگەندەك سۆزلەر بىلەن پىدائىلىرىمىزنىڭ ھەرىكىتىنى دولقۇن ھالىتىگە كېلىشىدىن چەكلەيدىغان تەشۋىقاتلار بىلەن ھە دەپ شوغۇللىنىشقا كىرىشمەكتە ئىدى. قاسىم ئويلىنىپ قالاتتى: ئەجەبا بۈگۈنكى ۋەزىيىتىمىز ھەقىقەتەن شۇنچە ئېغىرمۇدۇ؟! بىرمەزگىل ساقلاپ ياتقاندىن كېيىن ۋەزىيىتىمىز مىللىي ئازادلىق پائالىيەتلىرىمىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئوڭۇشلۇق ۋەزىيەتكە ئېرىشەلەيدىغانمۇدۇ؟! بۈگۈنكىدەك جىددىيچىلىك ۋەزىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى «ئىزچى مەن» راستىنلا خاتا مۆلچەرلەپ قالغانمۇدۇ؟! قاسىم، مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاپىتىدىكى ۋەزىيەتنى ئەسلىدى: ئۇ ۋاقىتلاردىكى ۋەزىيەت بۈگۈنكىدىنمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇ دەۋرلەردە جەمئىيەتنىڭ دۆلەت تېررورلۇغى بۈگۈنكىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولۇپ، ھەرخىل فاشىستىك زۇلۇملار بىز ئۇيغۇر يۇرتىدىكىلەرگىلا قىلىنىۋاتقان بولۇپلا قالماي، بەلكى خىتاينىڭ بارلىق يۇرتلىرى ئۈچۈنمۇ ئورتاق ئىدى. شۇڭا، ئۇ دەۋرلەردە ۋەتىنىمىزدىكى پالەچ ۋەزىيەتكە ياردەم بېرەلەيدىغان خىتاي يۇرتلىرىمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ يىللاردا چەتئەل كۈچلىرىدىن خىتايغا دىپلوماتىك بېسىم بۈگۈنكىسىدىن مىڭ ھەسسە ئېغىر ئىدى. ئەمما شۇنچە ئېغىر قالايمىقانچىلىق ۋەزىيەت ئىچىدە مىللىي ئازادلىق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ پۇرسەتلىرىمۇ شۇنچە كۆپ ئىدى: ھۆكۈمەت چېكىدىن ئاشقان پالەچ ھالدا، ئىقتىسادى ھەددىدىن ئارتۇق نامرات، ئارمىيىسىنى سەپەرۋەر قىلىش ئىمكانلىرىمۇ يوق دېيەرلىك، ھەتتا ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي قورۇغلۇق ئارمىيىسى بىلەن ھاۋا ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا رۇشەن زىددىيەت مەۋجۇت، پۈتكۈل خەلق قوراللىنىش پۇرسىتىگە ئىگە، كوممۇنا تۈزۈمى سەۋەبىدىن بىرتوتاش تەشكىللەش شارائىتى بار، دۈشمەن ئىچكى مۇداپىيىسى ئاساسەن پالەچ ھالدا ئىدى. شۇنداق بىر شارائىتتىمۇ «ئاخۇنوپ- مىجىت سىلىك، قىزىل ئۈچۈنچى روتا» مەخپى

# 13. "يانچۇقچى"

— بىزنىڭ خوشنىنىڭ ئايالى كۆزۈمگە بەكلا چىرايلىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ دېگىنە ئۆلگىنىدە نىيىتىمنى بىر بۇزۇپ باققىم بار ئۇ چوكانغا. ...

— ئىككى دوستنىڭ پاراڭىدىن

قاسىمنىڭ بەدىنىدىكى جاراھەتلەر قايتىدىن قېتىشىشقا باشلاپ، تۈز سەپكەندەك ئاغرىشلارنىڭ ئورنىنى شىرىن قىچىشىشلار ئالماقتا ئىدى.

ئۇ، يەنىلا بۇرۇنقى قىلغان ئىشلىرىنى ئەسلەشكە غەرق بولماقتا ئىدى. ...

بۇ كۈنلەردە مۇھىم- مۇھىم ۋىلايەت شەھەرلىرىدە مەخپىي ۋەھىمە پەيدا قىلىنىشلار ئىزچىل كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھالەت بارلىققا كەلمەكتە ئىدى. بۇ ئاي- بۇ كۈنلەردە بارلىق شەھەرلەرنى قوراللىق خىتاي ئەسكەر- ساقچىلىرى، بىكەتۋەنلىك پاترۇللار ۋە مىنبىگلار قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، بۇرۇنقىدەك كوچىلاردا لەلەڭشىپ يۈرىدىغان ئادەم كۆرگىلى بولمايتتى. خىتايلارمۇ شەھەردە تولۇق قوراللانغان قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئىشقا بېرىپ، ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشەر- چۈشمەيلا ئۆيلىرىگە قامىلىۋېلىپ تېلېۋىزوردىن نېرى كەتمەس ھالغا كېلىشكەنىدى. كوچىلار كېچە- كۈندۈز قوراللىق خىتايلار تەرىپىدىن چارلىناتتى. ھەربىر بىناغا قوراللىق نۆۋەتچىلەر قويۇلغان بولۇپ، ئۇدۇل كەلگەنلىكى يەرلىكلەرنى خالىغانچە توختىتىپ يانلىرىنى، سومكىلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقىشاتتى. شۇڭا، يەرلىكلەرمۇ بۇ خىل ئاختۇرۇشلارنى خۇددى خىتاي سوتسىيالىزىمىنى غىنىڭ قىلماي قوبۇل قىلغان ۋاقىتلىرىدەك ئادەتتىكى نورمال ئىشلار دەپ قارىشىدىغان، ھەربىر پوس قويۇلغان يەرگە دۇچ كەلگەنلىرىدە ئۆزلىگىدىنلا قولىنى كۆتۈرۈپ ئاختۇرۇشقا تەييار تۇرۇپ بېرىدىغان ئادەتلەرنى يېتىشتۈرمەكتە ئىدى. مانا بۇلار 'پادىشايىڭ قارغۇ بولسا، بىر كۆزۈڭنى قىسىپ ماڭ'، 'ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ' دېگەندەك سۆزلەملەرنىڭ كېلىش مەنبەلىرى بولسا كېرەك. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، پۈتكۈل ۋەتىنىمىز دائىرىسىدە ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى

كېتىپ، بەش- ئون خىتاي مۇئەللىمى نەق مەيداندا ئۆلۈپتىدەك. ..."

"قايسى كونسى بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىر سىنىپ مىللىي ئوقۇغۇچىلىرىنى بىراقلا قولغا ئاپتۇدەك. ..."

"پالانى مەھەللىدىن مۇنچە نەپەر ئۇيغۇرنى خىتاي مىنبىڭلىرى قىرىپ تاشلاپتۇدەك. ..."

"... ..."

بۇ يېقىنلاردا بۇنداق خەۋەرلەر ئانچە يېڭىلىق بىلىنمەس بولۇپ قالماقتا ئىدى. شۇڭا، بەكلا ئېھتىيات بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان قاسىمنىڭ دوسلار ئارا ئولتۇرۇشلىرىدا ئوغۇرلۇقچە چەتئەل رادىولىرىدىن ئاڭلىنىۋالغان "ئامېرىكا ئاۋازى ـ ر ف ئا رادىوسى"، جىددە رادىوسى"، "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ئاۋازى"، ... دېگەندەك مەنبەلەردىن كەلگەن خەلقارا خەۋەرلەر كۆپىيىپ قالغانىدى. بۇ خەۋەرلەر قۇلاقتىن قۇلاققا ئۆتۈپ، ھىسامنىڭ چاخچاقلىرىدىنمۇ ئاشۇرۇلۇپ مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەنكى، گويا ئامېرىكا پەقەتلا بىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن غەرىپتىكى خوشنىلىرىمىزنىڭ تۇپراقلىرىغا ئەسكەر يىغىۋاتقىدەكمىش، شۇنىڭدەك پۈتۈن س ئى ئا جاسۇسلىرىنى خىتايغا ئەۋەرتىشىپ، ئۇيغۇر 'تېررورچىلىرى'نى ئىنقىلاپ چىقىشقا جىددى تەييارلىق قىلىشىۋېتىپتۇدەك، دېگەندەك بىر- بىرىگە زىت 'خەۋەرلەر'، پوكونى دۆلەت قارار قىلىشىپ ۋەتىنىمىزگە ھەربىي قوشۇن كىرگۈزۈپ خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرىدىغان بوپتۇ، خىتاي دېموگراتچىلىرى خىتايغا بېسىم قىلىپ ئۇيغۇر مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بېيجىڭنى قىستاۋېتىپتۇدەك، ...

قاسىمنىڭ بۇ ئاغىنىلىرى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئېزىپ- تېزىپ 'مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن ئۇنى پىلانلاۋاتىمەن، بۇنى قىلماقچىمەن' دېگەنلەرنى دەپ سالمايتتى. بۇ ئاغىنىلەر چەتئەل كۆرمىگەندەك قىلغىنى بىلەن، بىزنىڭ چەتئەللەردىكى مۇھاجىر 'ئىنقىلاپچى' لىرىمىزگە ئوخشاش ئۆزىگە سوممۇ يوقتۇرماي، ۋەتەننى باشقىلار ئازات قىلىپ بېرىدۇ دەپ ئادەتلەنگەنلىكلىرىنى تولۇق ئىپادىلىشىپ تۇراتتى.

"ئاغىنىلەر، ـ دەيتتى پىشقەدەم ساقى، ـ بۈگۈنكى بۇ بىر شىشە ئېسىل داچۇينى بەكلا تەستە تاپقانىدىم دەڭلا، ئاۋۇ سېسىق ھاراقلارغا ئوخشاش كولدۈرلىتىپ ئىچىپ تۈگىتىشۋەتمەي، چەتئەل كىنولىرىدىكىدەك ئالدىرىماي مەززە قىلىپ ئىچەيلى جۇمۇڭلار!" ـ دېگىنىچە ساقى قويىنىدىن بىر پوتۇلكا ھاراق چىقىرىپمۇ قوياتتى.

"قويغىنە شۇ ھاراق دېگەننى، مەندە رەسمى مەكتىنىڭ مېلىدىن ياڭاقتەك بار دېگىنە." ـ موخوركىچى يانچۇغىدىن ئاۋايلاپ چىقارغان بىر تۈگۈنكنى ئېچىپ

پائالىيەتلىرى داڭلىق كىشىلىرىمىز تەرىپىدىن يۇقۇرىقىدەك تىللار بىلەن ئىپەر تەنقىتلەنگەن ئىدى. ۋەزىيەتنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن ئۈستىخىيىلىك پايدىلىنىش يولىغا ئاتلانغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئىلغار كۈچلىرىنىڭ مەخپى تەشكىللىنىپ قوراللىنىشى، پەيزىۋات قاتارىدىكى ياشلارنىڭ قوراللىق ھەرىكەت تەييارلىقلىرى چەتئەل كۈچلىرىگە يالۋۇرغۇچىلارنىڭ قۇربانلىقى بولۇپ كەتكەنىدى. ئەسلىدە ئۇ دەۋرلەردىكى ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئومۇمى نوپۇسىمۇ 'ئاران' لا ئۈچ مىلىيون ئەتراپىدا، ساپ مىللىي يېزىلىرىمىزمۇ مىڭلاپ دېگىدەك مەۋجۇت ئىدى. 'تېنچلىق' تەرغىباتلىرى، ۋەزىيەت كۆتكۈچىلەرنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتى نەتىجىسىدە شۇنچە شارائىتلارنى قولدىن بېرىپ بۈگۈنكىدەك ئون مىلىيونلۇق تېز كۈچلىنىۋاتقان تاجاۋۇزچىلارنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالدۇق. بۇ ۋەزىيەت تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ داۋام قىلماقتا ۋە ھەرگىزمۇ ئۆزلىگىدىن كەينىگە ياندىغان ئالامەتلەرگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

ھالبۇكى، يېقىنقى بىرەر يىل مابەينىدە خەلقىمىز ئارىسىدا قانات يېيىۋاتقان مەخپى زەربە بېرىش پائالىيەتلىرىنىڭ كېڭىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزدە داۋاملىق كۈچلىنىپ بېرىشى قىسمەنلىكتە بولسىمۇ چەكلىنىپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نوپۇسى ئون مىلىيون ئەتراپىدا تېزگىنلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلمەكتە ئىدى. يەنى، ۋەتىنىمىزنىڭ دۈشمەن كۈچلىرىنى تەدرىجى ئازايتىپ بۇرۇنقى ھالىغا كەلتۈرۈش يۈزلىنىشى كۆرۈلىۋاتماقتا ئىدى. ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتنىڭ تۇسالغۇسىز ھالغا كېلىشىنى مۆلچەرلەشكەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قايتىدىن ئۆز كىشىلىرىمىز تەشۋىقاتى بىلەن بۇ پاجىئەدىن قۇتۇلۇش يولىنى تاللاشقا مەجبۇرلىنىۋاتامدۇ- قانداق، يوقۇرقىدەك 'تېنچلىق' تەرغىباتچىلىرىنىڭ سادالىرى خىتاي چېگرالىرىدىن 'بۆسۈپ' ئۆتۈپ ۋەتىنىمىز دائىرىسىدە خېلى ئەركىن يامرايدىغان غەلىتى ۋەزىيەت بارلىققا كەلمەكتە ئىدى. قاسىممۇ بۇ تۈردىكى غەلىتىلىكلەرگە ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى.

ئەنە شۇنداق مۇجىمەللىكلەر يامراپ كەتكەن بىر ۋەزىيەتتە، قاسىمنىڭ ھېلىقى 'ھاراقكەش' ئاغىنىلىرىمۇ ئولتۇرۇشلىرىغا بىر- بىرىسىدىن غەلىتى خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈشتىن زېرىكمىگەنىدى:

"ئۆتكەن ھەپتىدە قۇتۇبى يولىدا بىر ئاپتوۋۇز بىكىتىۋەنلىك خىتاي پاتىلاشتىن ئۆلۈپتىدەك. ..."

"پالانى شەھىرىمىزدە ئالدىنقى كۈنىسى كېچىدە بىرقانچە چارلىغۇچى خىتاي ئەسكىرى مىناغا دەسسەپ پارچىلىنىپ كېتىپتۇدەك. ..."

"قايسى كۈنىسى بىر خىتاي ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ قىرائەتخانىسى پارتىلاپ

"قارىغاندا بىزنىڭ گۈلباھار يانچۇقچىغا باغلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئەندى سىزگىمۇ ئېشىنالماي يۈرسە كېرەك؟! شۇنداقتىمۇ پات- پات كېلىپ تۇرىمسام، ئەندى سىز ئۇ تەرەپلەرگە كېتىپ يۈرمەڭ يەنە." _ دەپ چاخچاق قىلىشۋالاتتى.

بۇ گەپلەرگە قاسىم كۈلۈپلا قوياتتى.

"ئادەم ئاجايىپ قىزىق بىر مەخلۇقتە! شۇنچە مۇھىم ۋە شۇنچە خەتەرلىك ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگىنىدىمۇ ھاۋايى ھەۋەس، ئويۇن- چاخچاق، كۈندىشلىك، قىزغانچۇقلۇقلاردىن نېرى تۇرالمايدىكەنە" دەپ ئويلاپ ھەيران قالاتتى قاسىم.

ئاغىنىلىرىنى تېخى يېڭىلا ئۇزىتىپ دەرۋازىدىن كىرگەن قاسىم، ئاشخانا ئۆيىنى يىغىشتۇرىۋاتقىنىدا ئىشىكنى ئۈزۈكە تونۇش رىتىمدا چېكىلدى. ئۇنىڭ يۈرەكلىرى خوشاللىقىدىن ئويناپ كەتتى. بۇخىل رىتىمدا چېكىلىش پەقەت خاسىيەتكىلا مەنسۇپ ئىدى. ئۇ دەرھال بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. دېگەنەدەك، ئىشىكتە كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان خاسىيەت تۇراتتى. قاسىم قىزنى ئىچىگە ئالار- ئالمايلا ئۇنى قۇچاغلاپ باغرىغا باستى. ئىككى يالغۇزلۇق لەۋلەر بىر- بىرسىگە چىڭ چاپلاشقانىدى. ئۆيگە كىرىپ ئۇلار بىر- بىرسىگە ئەكىلىشىپ خېلى ۋاقىتقىچە ئولتۇرۇپ كېتىشتى. ئۇلار ھەقىقەتەن بىر- بىرسىنى سېغىنىغانىدى. دەستىخان تەييارلاپ چايغا ئولتۇرۇشتى. چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ ئۆتكەندە گۈلباھارنىڭ ئۆيدە قارار قىلىشقان ۋەزىپىلەر ئۈستىدە بىر ئاز پىكىرلىشىۋالدى.

بۇ يېقىندا كۆچىلار كېچە- كۈندۈز دېمەي خىتاي قوراللىق پاتروللىرى بىلەن تولۇپ كەتمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇلار كېچىدە خىتاي قوراللىق پاتروللىرىغا مەخپى زەربە بېرىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرۈش قارارىنىمۇ ئېلىشقانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەخپى مىنا قويۇشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق لايىھىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشلىرى لازىم ئىدى. كېچىدە كوچىغا چىقىش ئىمكانى بولمىغىنى بىلەن، كۈندۈزلىرى كېچە ئۈچۈن مىنا قويۇشنى ئويلىنىشقا بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن كۈندۈزى تەگسىمۇ پارتىلىمايدىغان، ئەمما كېچىلىرى تەگسىلا پارتىلاپ كېتىدىغان قوش ۋاقىت تېزگىنلىگۈچى مىنا لايىھىسى تەييارلاش ئىشى قاسىم بىلەن خاسىيەتنىڭ بېشىنى قاتۇرماقتا ئىدى. ئۇلار ئاۋال قاسىمنىڭ بىلىملىرىگە ئاساسەن مىخانىك قوراللار ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشتى. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن نازۇك سېلىسارلىق ئىشى تەلەپ قىلىنىدىغانلىقى ۋە مىنا ھەجىمىنىڭ چوڭىيىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ جەھەتتە خاسىيەتنىڭ دادىسىنى ياردەمگە تەكلىپ قىلىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ يەنىلا مەخپىيەتلىك يۈزىسىدىن ئىلاجىسىز بۇ ئۇسۇلدىن يېنىۋېلىشتى. ئاندىن يەنە خاسىيەتنىڭ يېرىم ئۆتكەزگۈچلەردىن ئېلېكتر مېڭە ھەققىدىكى بىلىملىرىگە ئاساسلىنىپ بۇرۇنقىدەك

كۆرسەتتى. دېگەندەك، بۇ موخوركىچېنىڭ قوللىرى تىترەپ، رەڭگى روھسىز سۇلغۇنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ھەتتا تەشۋىقاتچىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىغان بولۇپ، رەسمىلا كۆچىغا قارايدىغان بولۇپ قالماقتا ئىدى:

"ئەممائىزە، تۈنۈگۈن گۈلدەك بىر قىزنى قوشلىۋالدىم دەڭلا، ھېلىقى تال چىۋىقتەك تولغۇنۇپ كۆچۈمنى قويمىدى ئاغىنىلەر. ياش دېگەننىڭ پەيزى باشقىدە!"

قاسىم ئاغىنىلىرىگە قاراپ ئۇلاردىن ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. ئۇلاردىن يېڭى كۈچا خەۋەرلىرىنى ئېلىش ئىمكانىمۇ قالمايۋاتاتتى. ئەسلىدىنلا قوشۇنغا ئەزا بولغىنىدىن كېيىن بۇنداق خەۋەرلەرگە ھاجىتى قالمايۋاتاتتى. ئاغىنىلەر قاسىمنىڭ بۇخىل ئولتۇرۇشلارغا بارغانسېرى بەك قىزىقىپ كەتمەس بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۆكسىمەيدىغان بورداق قوي گۆشلىرى، بىر- ئىككى پوتولكا ئېسىل ھاراقلار ئۇلارنىڭ ئۆزلىگىدىن قاسىمنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشىغا يېتىپ ئاشماقتا ئىدى.

"قاسىم ئاغىنە، قورۇما- پوۋۇرىمىلار بىلەن ئاۋارە بولماي، ياخشىسى گۆشۈڭنى پۇرلاپلا قازانغا سالغىنە!" دېيىشەتتى ئۇلار. ئاربلاپ كىرىپ قالىدىغان ھېلىقى خىتاي خوشنىسى بۇنداق ئولتۇرۇشلارغا توغرا كېلىپ قالغىنىدا، ساقىنىڭ تۇتقان رومكىسىنى ئىچكىنىدە زەھەر يۇتىۋاتقىنىدەك پۈرلىشىپ كېتەتتى. ئولتۇرۇش ئەخلىمۇ كۈن ئولتۇرماستىنلا ئاغزى- بۇرۇنلىرىنى سۈرتۈشۈپ تارقىلىشاتتى. بۈگۈنمۇ ئاغىنىلار لىگەندىكى گۆشنىڭ ۋە ئىككى پوتولكا ھاراقنىڭ تۈگىشى بىلەن تەڭ قوزغولۇشقا باشلىدى:

"كۆڭلۈڭگە رەخمەت ئاداش، شۇ كۆچىدىكى خىتاي پوسلىرىنى دېمىسەك تاڭ ئاتقۇزىۋەتكەن بولاردۇق. ئامال قانچە، ئۇنداق كۈنلەر ئەندى كەلمەسكە كەتسە كېرەك.

"...

بۇ كۈنلەردە قاسىمنىڭ قوشۇنىدا يېڭى- يېڭى ئىنتىزاملارنى چىقىرىشىپ، خالىغانچە بىر- بىرسى بىلەن ئۇچرۇشىشنى قاتتىق چەكلەشكەندى. شۇڭا، ھە دېگەندىلا قىزلار بىلەن ئولتۇرۇش تۈزۈشىپ پەيزىنى چىقىرىۋالىدىغان ئىشلار ئايدا بىرەر- ئىككى قېتىمدىن ئاشماس بولۇپ قېلىۋاتاتتى. خاسىيەتمۇ بۇخىل ئىنتىزاملارغا رىئايە قىلىپ، ئالاھىدە جىددى بىرەر ئىشنى باھانە قىلمىسا، ھەپتىلەپ دېگىدەك يالغۇز كەلگىلى ئۇنىمايتتى. يانچۇقچىنىڭ ئەزا بولغىنىدىن كېيىن گۈلباھارمۇ قاسىمنى يالغۇز ئىستىمەس بولىۋالغانىدى. خاسىيەت بۇ ئەھۋالنى سەزگىنىدىن كېيىن ئالاھىدە خوشال بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى:

ئۇنىڭ گېپىگە ئېتىۋار قىلماي دېدى:

"ناھايىتى ياخشى، _ گۈلباھار جوزىدىكى يېيىلىپ ياتقان چۈشۈرۈلگەن قول سائەت زاپچاسلىرىغا قاراپ قويدى. _ بىزنىڭ 'ئۇغرى' رەسمى زاۋۇتتا ياسالغان باسماق مىنا پىستانىدىن بىرنەچچىنى قولغا چۈشۈرگەنىكەن. _ دەپ يانچۇقىدىن 'كامېل' ماركىلىق تاماكا پاشكىسىنى چىقىرىپ ئىچىدىن بىرنەچچە تالنى تالالاپ چىقاردى. _ بۇلارنىڭ ئىچىدە مەن دېگەن پىستانلاردىن ئۈچ تېلى بار. كارغا كەلسە ئىشلىتەرسىلەر." _ گۈلباھار تاماكىلارنى بىردىن- بىردىن ئاۋايلاپ تۇتۇپ بېقىپ ئۈچ تېلىنى بىر تەرەپكە ئايرىدى. قالغىنىدىن بىر تېلىنى قاسىمغا ئۇزاتتى. يەنە بىرسىنى ئاغزىغا قىستۇرۇپ چىشلىدى. ئىككىسىنىڭلا ئېغىز- بۇرۇنلىرىدىن تۇرخۇندەك ئىس چىقىشقا باشلىدى.

ئۇلار ئۈچىسى ئولتۇرۇپ ئۇيان تالىشىپ، بۇيان تالىشىپ ئاخىرى يېرىم ۋاقىت تېزگىنلىك، يېرىم باسماقلىق پىستان لايىھىسىنى تۈزۈشكە كېرىشتى. ...

"ئەندى بۇ پىستان ئىشىنى پۈتتى دېسەكمۇ بولىدۇ. خۇدايىم، دېگىنىمىزدەك ئىشلىگەي. _ قاسىم قولىغا يالغان ۋىسكى پوتولكىسىنى ئېلىپ دېدى. _ ئەندىكى مەسىلە بۇ دورىدىن قانداق پايدىلىنىشتا قالدى."

"مېنىڭچە بۇ مىنايىمىزغا بۇ سۈيۈقلۇق دېگەندەك ئۇيغۇن ئەمەس. _ خاسىيەت يەنىلا بۇرۇنقى گېپىدە چىڭ تۇرىۋالدى. ئۇ يېڭى پىستاننى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ- چۆرۈپ تۇرۇپ دېدى، _ بۇ بومبىمىز چاچراپ زەربە بېرىدىغان بولىشى، ھەجمى كىچىك بولىشى، ئاسان تۆكۈلمەيدىغان بولىشى كېرەك. شۇڭا بۇ مىنا ئۈچۈن يۇمشاق دورا ياكى بولمىسا پاراشوك دورا مۇۋاپىق كېلەمدىكىن دەيمەن."

"دېگىنىڭ توغرا، پوتولكىغا قاچىلىساق زەربە بېرىش كۈچى ئازىيىپ كېتىدۇ." _ گۈلباھار خاسىيەتنىڭ پىكىرىگە قوشۇلدى.

"بۇ يەردە دورىنىڭ سۇيۇق- يۇمشاقلىقىنىڭ ئەھمىيىتى يوق. مۇھىم بولغىنى مىنانىڭ قېپى. كونا شارەك دېگەندەك نەرسىلەرنى سىرتىغا ئوراشنى ئويلىنىشقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ سۇيۇقلۇق پارتىلاتقۇچنى بىر نېمىلەر بىلەن يۇغۇرۇپ يۇمشاق پارتىلاتقۇچ ھالىغا كەلتۈرۈشكىمۇ بولار دەيمەن. _ قاسىم قولىدىكى تاماكىسىنى كۈلدانغا ئېزىپ ئۆچۈرىۋېتىپ جوزىنىڭ بىر بۇرجىكىگە سۇيۇقلۇقتىن بىر تامچا تېمىتتى. ئاندىن گۈلباھارنىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئېلىپ يىراقتىن بۇ سۇيۇقلۇققا يېقىنلاشتۇردى. 'پوف ف!' قىلىپ كۈچلۈك يالقۇن چىقىرىپ يېنىپ كەتتى. _ دېمەك بۇ دورا خېلى كۈچلۈك ئىكەن. ئۇنىڭدىن خېلى كۆپ مىنا تەييارلاشقا بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ھەجمى كىچىك، ئاغزى كىچىك ھەرقانداق قۇتىنىڭ ئىچىگە قاچىلاشقا بولىدىغاندەك قىلىدۇ."

ئېلېكترونلۇق قول سائەتنىڭ قۇرۇلمىلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشتى. بۇ جەرياندا ئىككىسى ئولتۇرۇپ خاسىيەتنىڭ قولىدىكى ياپون قول سائەتنى چۇۋۇپ كۆرۈشتى. ئۇلار بىرىنچى قەدەمدە بەلگىلىك ۋاقىتقىچە توك يولى ئۇلانمايدىغان، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا توك ئۇلىنىپ، تەگسە پارتلايدىغان ھالەتكە كېلىدىغان بىرخىل توك يولى لايىھىسىنى تۈزۈشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا ئۈچ قۇتۇپلۇق كىرىستال لامپا ۋە تويلانما توك يولى كىرىستال مونىكدىن پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى مۆلچەرلەشتى.

ئۇلار ئىككىسى قول سائەت پارچىلىرى ئىچىگە چۆكۈپ ئولتارغىنىدا، تۇيۇقسىزلا ئىشىك چېكىلدى. خاسىيەت دەرھال قاسىمغا تىكىلدى:

"سىلەر ھازىرغىچە ئوغۇرلۇقچە ئۇچرىشىپ يۈرگەن ئوخشىمامسىلەر؟" — خاسىيەتنىڭ چىرايى رەسمى ئۆزگۈشكە باشلىدى.

دەرۋەقە، بۇ قېتىم ئىشىكنى چەككەن راستىنلا گۈلباھار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلىپ تېزلىكتە جوزىدىكى سائەت پارچىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. چىرايلىق ياسانغان گۈلباھار شەھۋانە كۆزلىرى بىلەن قاسىمنى يەۋەتىدىغاندەك قاراپ كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ ئالدىراش ئىشارەت قىلىپ يۈرۈپ ئۆيدە خاسىيەتنىڭ بارلىقىنى ئاراڭلا ئۇقتۇرالىدى. بۇنى مىڭ تەستە پەرق قىلالىغان گۈلباھار، دەرھال ئۆزىگە جىددى تۈس بېرىپ مېھمانخانا ئۆيىگە كىردى:

"ئىككىڭلارنىڭلا بۇ يەردە بولغىنىڭلار بەك ياخشى بولدى. بىزنىڭ شاكىچىمىك يىگىتىمىز تېخى يېڭىراقتىلا بۇ پوتولكىنى ئېلىپ كەپتۇ. — ئۇ سومكىسىدىن ئىككى پوتولكا ئىسسىل ۋىسكى ھارىغىنى چىقىرىپ جوزىغا قويدى. — مۇنۇسى مېنى پارتىلىتىش ئۈچۈن لازىم. مائۇنىسى سوۋۇقلاندۇرۇلغان كوچلۇك پارتلاتقۇچ دورىسى ئىكەن. ئەگەر سىلەر بۇ دورىغا مۇۋاپىق پىستان تەييارلىيالىغىنىڭلاردا، قالغان ئىشلارنى بىزنىڭ يېڭى ئەزايىمىز ئۆزى جۆندەيدىغان بولدى." — خاسىيەت سەل جايىغا چۈشكەندەك قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئويلايتتى: "ئەگەر بۇگۈن مەن بولمىغان بولسام، ..."

خاسىيەت، دەرھال ئۆزلىرىنىڭ بايىتىن پىلانلاشقان لايىھىسىنى قىسقىچە قىلىپ گۈلباھارغا سۆزلەپ بەردى.

"بۇ دورا، ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن." — قاسىممۇ گەپكە ئارىلاشتى.

"مېنىڭچە بۇ دورا بىزنىڭ ئىشىمىزگە مۇۋاپىق كەلمەسمىكىن دەيمەن. چۈنكى سوۋۇقلاندۇرۇلغان ..." — رۇشەنكى، خاسىيەتنىڭ بۇ گېپىدە سەل قىزغانچۇقلۇق پۇرىقى كېلىپ، دېگەندەك سەمىمىلىك كۆرۈنمەيتتى. ئەمما گۈلباھار بۇنى ھىس قىلغاندەك،

بىلەن دېدى:

"قىزغانچۇق، سىلىغىراق گەپ قىلىشنى بولسىمۇ بىلمەسمىدىڭ." _ ئۇ بېرىپ خاسىيەتنى ھەدىلەرچە باغرىغا باستى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىككىسى پاتلا يارىشىپ قالدى. ئىككىسىنىڭلا كۆزلىرى ياشقا تولغان ھالدا بىر- بىرسىگە قارىشىپ كۈلۈشەتتى.

...

گۈلباھار قايتىدىن جوزىغا كېلىپ ئولتۇردى.

"سىلەر ماڭا قارىماي گېپىڭلارنى قىلىشىۋېرىڭلار. مەن يەنە ئازىراق ئىچىمەن."

_ دېگىنىچە گۈلباھار رومكىسىنى ھاراققا تولدۇرۇپ يۇتۇملاپ ئىچىشكە كىرىشتى.

خاسىيەت بىلەن قاسىم، روھى جەھەتتىن ئېغىر ئازاپلانغان، ئەمما جەسۇر بۇ دوستىغا ئېچىنىشىپ بىر دەم قاراپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، خاسىيەت گەپنى باشقا ياققا بۇراپ سورىدى:

"ئۆزۈڭدىن بېرى بىر نەرسىنى سىلەردىن سوريۋالماقچى ئىدىم. قازاقىستاندا تۇرۇپ كەلگەن بىر تونۇشۇمنىڭ گېپىگە قارىغاندا، چەتئەللەردە يۈرگەن ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىمىز مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنى باشقا بىر ئۇسلۇپ بىلەن خېلى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇپ يۈرۈشىدۇ دېيىشىدۇ. _ خاسىيەت گۈلباھارغا قاراپ قويدى. ئۇ، ھېلى تاماكىسىنى شورىسا، ھېلى ۋىسكىسىنى ئىچىپ قوياتتى. خاسىيەت گېپىنى داۋام قىلدى _ ئۇلارنىڭ چەتئەلدە تارقىتىپ يۈرگەن ماتېرىياللىرىغا قارىغاندىمۇ، نۇرغۇن مۇھاجىر تەشكىلاتلىرىمىز بىزنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىمىزنى دېگەندەك تىلغا ئېلىپ قويۇشمايدىكەن. ئۇلار 'ب د ت' دەمدۇ، 'ئا ق ش' دەمدۇ، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى دەمدۇ، 'ن ئا ت ئو' دەمدۇ، ئىش قىلىپ خېلى جىنى بار يەرلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ خىتايلارغا بېسىم قىلىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىپ يۈرگىدەكمىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېموگراتىك خىتايلار بىلەنمۇ قايتىدىن زىچ ھەمكارلىق ئورنىتىشىپ ئۇلارنى خېلىلا قايىل قىلىشقانلىقى ھەققىدىمۇ گەپلەر بار دەيدۇ. يەنە شۇنىڭدەك نۇرغۇن ئىسلام ئەللىرىمۇ مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە ئۇلارنى ئوبدانلا قوللاۋاتقانلىقىنى دېيىشىپ يۈرگىدەك. بۇ گەپلەرگە قارىغاندا ئۇلار مۇستەقىللىق ئىشلىرىمىزنى خېلىلا يېقىنلاشتۇرۇپ بەرگەندەكلا قىلامدۇ- قانداق؟! ئەگەر بۇ گەپلەر راس بولىدىغان بولسا، بىزنىڭ بۇخىل ھەرىكەتلىرىمىز ئۇلارغا پۈتلىكاشاڭ تۇغدۇرۇپ بەرمەسمۇ؟!"

"قويغىنە ئۇلارنى، سەن ئۇلارنىڭ دېگىنىگە قاچاندىن بېرى ئىشىنىدىغان بولۇپ قالدىڭ؟!" _گۈلباھار قولىنى پۇلاڭشىتىپ شىلتىپ قويدى.

"بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. كىچىك بىر ئەينەك شىشە ئىچىگە قويۇپ، سىرتىغا شارەك- ساقىلارنى چاپلاپ تەييارلاشقا بولىدىغاندەك قىلىدۇ. _ گۈلباھار قايتا بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئىچىگە تۇشقۇزۇپ تارتىۋالغاندىن كېيىن دېدى، _ سىلەرنىڭ قۇرسىقىڭلار ئاشمىدىمۇ؟ مەن بەكلا ئىچىقاپكەتتىم. مۇشۇ تۇرقۇمدا بىر قازان تاماق بولسىمۇ يالغۇز يېۋېتىدىغاندەكلا قىلىمەن! قېنى ئەمسە، قولمۇ- قول تۇتىشايلى."

ئۇلار تەڭ قول سېلىشىپ تاماق قىلىپ يېيىشتى. يەنە بىر پوتولكىدىكى ۋىسكىنىڭ جىم تۇرۇپ قېلىشىغا چىدىمىغان گۈلباھار، دەرھال رومكا ئالغۇزۇپ يالغۇز كۆتۈرۈشكە باشلىدى. قالغانلارمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۇنى تەبرىكلەش، بۇنى مۇبارەكلەش دېگەندەك ناملار بىلەن قۇرۇق رومكىلىرىنى ئۇرۇشتۇرۇپ بېرىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىشىدىكى سامان يۇندىسى رەڭلىك ۋىسكى گۈلباھارنىڭ مېڭىسىنى، ئەخلاق، غۇرۇر- ۋىجدانلىرىنى ئاستا- ئاستا يۇيۇپ تازىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شەھۋانىلارچە ئوت ئۇچقۇنلىرى پارلاشقا باشلىدى. ئۇ، خاسىيەتنىڭ ئالدىدىلا قاسىمغا قاشلىرىنى ئوينىتىپ ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلاشقا باشلىدى. ئارىلاپ ئۇنى قۇچاغلىۋېلىپ ئەسەبىلەرچە كۈلۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى قاسىمنىڭ يۈزىگە تېگىپ كەتكىدەك يېقىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ھەتتا قوللىرىمۇ ئارىلاپ بولمىغۇر يەرلەرگە تېگىپمۇ كېتەتتى. ئاخىرى خاسىيەت چىداشلىق بېرەلمەي بىردىنلا پارتلاپ كەتتى:

"كۆزۈمگە قارىتىپ تۇرۇپلا نېمە قىلىقلارنى قىلىپ يۈرسەن گۈلباھار، قويغىنە سېنى! ماڭا شۇ قاسىمنى بولسىمۇ ساق قويساڭ بولمامدۇ!" _ خاسىيەت قىزىرىپ- تاتىرىپ رەسمىلا رەنجىگەنىدى.

قاھ-قاھلاپ كۈلۈپ كەتكەن گۈلباھار، ئورنىدىن تۇرۇپ جوزىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى:

"خاپا بولما دوستۇم، قاسىم ئەسلىدىنلا ساڭا تەۋە، مۇنداقلا چاخچاق قىلىپ قويدۇم. ..." _ گۈلباھار بىچارە قىياپەتكە كىرىپ قالغاندەك، يەنە بىر رومكا تۇشقۇزۇپ گۇيلا قىلىپ ئىچىۋەتتى. تاماكىسىنى ئەسەبىلەرچە پۇرقۇرتۇپ چەككىنىچە جىمپىلا قالدى. ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ...

"يىغلىۋالسۇن، گەپ قىلماڭ، ئىچىنى بوشىتىۋالسۇن." _ دېدى قاسىم قىزنىڭ يۈزىدىكى ياشلارنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، يىغىسى توختىغان گۈلباھار، قاسىمنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ ئورنىدىن تۇردى. خاسىيەتكە قاراپ ھىجىيىپ قويۇپ بوم ئاۋازى

"مانا ئەندى ئەقلىڭلارنى تېپىۋاتىسىلەر!" _ گۈلباھار ئالدىغا ئېگىلىپ بېشىنى جەينىگىنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئۇنىڭ قاپقارا پارقىراپ تۇرغان بۇدرە چاشلىرى بېشىنى پۈتۈنلەي يۆركىۋالغان بولۇپ، گويا دەستىخان ئۈستىگە يۇغان بىر قوزا تېرىسىنى تاشلاپ قويغاندەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنى ھاراق رىسمىلا تۇتۇشقا باشلىغان ئىدى.

"مېنىڭ بىلىشىمچە، _ قاسىم خاسىيەتكە قاراپ گېپىنى داۋام قىلىۋەردى. _ خېلى كۆپ ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، بىزنىڭ بىرىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز دەۋرلىرىدىن باشلاپلا سوتسىيالىزىم ياكى غەرپ دېموگراتىيە تۈزۈملىرىگە ھەۋەس قىلىدىغان ياش ئۆلغار كۈچلىرىمىزدىن بەزىلىرى قۇمۇلدىن باشلىنىپ قەشقەرگە كېلىپ تۇنجى قېتىم قۇرۇلىۋاتقان جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ سىنىغىنى توغرا بولمىغان ھەرىكەت ئۇسۇلىغا ئېسىلىۋالغانلىق دەپ قارىشىپ، ئۇنىڭدىن خىتاي ئەنجىك ھۆكۈمىتىنىڭ تاللىۋالغان تۈزۈمىنى ياكى موسكۋانىڭ تاللىۋالغان تۈزۈمىنى ئالاھىدە ئۆلغارلىق دەپ قارىشىپ، بىرىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇش سىنىقىغا زادىلا يېقىن يولاشمىغانىدى. ھەتتا بۇ تۇردىكى كۈچلەرنىڭ بىر قانىتى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئەنجىگگە يىغىلىشىپ جاڭ كەيشىگە يالۋۇرۇش يولىنى تۇتۇشۇپ ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزۈشمەكتە ئىدى. _ قاسىم تاماكىسىنى بىر شورىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى. _ بۇ تۇردىكى دېموگراتىك كۈچلەر ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىدىكى تېنچلىق يولىنى تۇتقانلاردىن باشقا ھەرقانداق يول تۇتقانلارنى، يەنى ئۇلار قوراللىق يول تۇتقانلا بولىدىكەن، مەيلى دېموگراتچىلار بولسۇن ياكى سوتسىيالىستچىلار بولسۇن ئۇلارنى قەتئىي رەت قىلىشىپ ھېچقاچان ئۇنداقلار بىلەن بىرلىكسەپ تۈزۈشكە يېقىن يولىماي، ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە تاجاۋۇزچىلار بىلەن سۆزلىشىپ يۈرۈپ بىركۈنى بولمىسۇن- بىردە تېنچ دېموگراتىك مىللىي سايلام ۋەزىيىتىنى قولغا كەلتۈرەلىشىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىشىنىپ، بۇ ئىشەنچىسىنى قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئاسان بىر ھەرىكەت يولى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىپ كېلىشتى. بۇ جەرياندا ۋەتىنىمىزنىڭ غۇلجىدىن باشلانغان ئىككىنچى قېتىملىق جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ھەرىكىتى بولىۋاتقان يىللارىمۇ، ئۇ تۇردىكى كىشىلىرىمىز يەنىلا بۇ مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرىكەت شەكلىگە قارشى چىقىشىپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ قورچاق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاۋانگارت تەرغىباتچىلىرى بولۇپ پائالىيەت قىلىشتى. ھەتتا خەلقىمىزنىڭ ئىستىخىيىلىك ھەرىكەتكە ئاتلىنىپ بارلىققا كەلتۈرگەن مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن بىر كانايدا: 'رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ پىلانلىشى ۋە تېزگىنلىشى بىلەن پەيدا بولغان ھەرىكەت، ئۇيغۇرلار

"بۇ سورىغىنىڭىز بەكلا ياخشى بولدى خاسىيەت. _ قاسىممۇ گەپكە ئارىلاشتى. _ ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ يازغانلىرىغا قارىسام، بىزنىڭ مۇستەقىللىق غايىمىزنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلىشىدا خەلقىمىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئىچىدە بۇنچە جاپالار بىلەن قانلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ئاۋارە بولىشىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايلا قالماستىن، بۇنىڭ دەل تەتۈرسىچە قايسى بىر خەلقارالىق كۈچلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنى ئەتىلا مۇستەقىل قىلىپ بېرىش پىلانلىرىغا ئېغىر زىيان كەلتۈرۈپ بېرىۋاتقىنىدەكلا كۆرۈلىدىكەن. بۇ گەپلەر قۇرۇق پو ئېتىشمۇ ياكى راس گەپلەرمۇدۇ، دەپ بەكلا ئىچىم پۇشقاندى." _ قاسىم تاماكىسىنى شورىغاچ گۈلباھار بىلەن خاسىيەتكە قارىدى.

"مەن بۇ تۈردىكى تەشۋىقاتلاردىن راستىنلا قايمۇقۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېلىقى تونۇشۇم شۇنداق ھاياجانلانغان ۋە شۇنچە ئىشەنچ بىلەن سۆزلىدىكى، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز كۆزۈمگە قاپقارا جىنايەت بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتتى." _ دېدى خاسىيەت سەل ھاياجانلانغان ھالدا.

"قېنى، ئۇلار شۇنچە داۋراڭ قىلىشىۋاتقان خەلقارا كۈچلەر خىتايغا بېسىم قىلىپ بۈگۈنگىچە ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن قانچە خىتاينى چېگرىمىزدىن قوغلىشىپ بېرىپتۇ؟! _ گۈلباھار قولىدىكى رومكىسىنى ئوينىاپ ئولتۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، _ ياكى بولمىسا بۈگۈنكى قېچىشىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ئەسلىدە شۇلار قوغلاپ چىقىرىۋاتقانمىكەن- يا؟!" _ ئۇ، رومكىسىنى ئاغزىغا تىرەپ تۇرۇپ ئىچىدىكى ۋىسكىنى 'گۇپ' لا قىلىپ كۆتۈرىۋەتتى. خاسىيەت گۈلباھارغا قاراپ جىمىپلا قالدى.

"مەن خېلى يىللار ئاۋاللا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەن بىرمۇنچە گېزىت- ژورناللارنى يىغىپ خېلى تەپسىلى ئوقۇپ چىققانىدىم. _ دېدى قاسىم، _ ئۇ ۋاقىتلاردا دېگەنەك چۈشىنىپ كېتەلمىگەنىكەنمەن. راس دېگەندەك، ئون نەچچە يىل بۇرۇنقى گەپلەرنى ئوقۇغىنىمدا مەن ئۇلارنىڭ ئىچكى جەدەلگە پېتىپ قېلىشلىرىغا ھەيران قالغانىدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ بىر- بىرسىنى سۆككۈشۈپ ئېغىر ھاقارەتلىك تىللار بىلەن تىللاشقانلىقىغا دىققەت قىلغان بولساممۇ، ئۇلارنىڭ تۈپكى ھەرىكەت پىرىنسىپلىرى ھەققىدە بۈگۈنكىدەك ئويلىنىپ كۆرمىگەنىكەنمەن. ئەندى ئويلىسام، شۇ ۋاقىتلاردىمۇ ئۇلار تىللىشىش ئارىلىقلىرىدا خۇددى بۈگۈنكىدەك گەپلەرنىمۇ قىلىپ يۈرۈشكەنىكەن. مانا بۈگۈن ئۇ دېگەنلىرىدىن 15 – 20 يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا شۇ پو ئېتىشلىرىنى بۈگۈنكى خەلقارالىق يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ ئوخشاش مەنىدىكى گەپلەرنى بازارغا سېلىپ يۈرگەنىدەكلا قىلىشىدۇ." _ قاسىم قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىۋاتقان گۈلباھارغا قاراپ گېپىنى توختاتتى.

ئىشىنىۋاتقان بىر تەبىقە دېيىش مۇمكىن. ئەگەر ئىشنى بۇ تۈردە تەھلىل قىلىدىغانلا بولساق، ئۇلار بىلەن تولا ئېيتىشىپ ئۆزىمىزنى ئۇپۇرتمەپ يۈرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوقتەكلا قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، بىزمۇ ئۇزۇن يوللىرىمىزدا چېكىپ تۇرۇپ، ئۇلاردەك ئەمەلىي رولى بولمايدىغان پانتازىيىلىك خىياللارغا ئېسىلىۋالماي، ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل قىلىشنىڭ بىردىن- بىر چىقىش يولى بولغان ئۇزۇن كۈچىمىزگە تايىنىپ، قولىمىزدىن كېلىدىغان بارلىق چارىلارنى تولۇق ئىشقا سېلىپ ۋەتىنىمىز تەۋەسىدىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى تەل- تۆكۈس قوغلاپ چىقىرىشتىن ئىبارەت پىرىنسىپ ئاساسىغا قۇرۇلغان ھەرىكەت قىلىش يولىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرالىساقلا بولىدۇ دەپ قارايمەن." _ قاسىم، خاسىيەتكە 'بۇ دېگەنلىرىم توغرىمۇ' دېگەندەك قىلىپ سوئال نەزىرىدە قاراپ قويدى.

"بىچارە مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى يوقلا قىلىۋەتتىڭىزغۇ"

سافادىكى بىر دۆۋە چاش ئارىسىدىن تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز كېلىشكە باشلىدى:

"ئۇ، ... قاسىم ... توغرا دەيدۇ ..." _ كەينىدىنلا يەڭگىل پۇشۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

"ئۇنداقتا، ئۆتكەن بىرقانچە يىلدا بىرقىسىم مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئافغانىستان قاتارلىق جايلاردا مەخپىي قوراللىق تەربىيە كۆرۈش تەييارلىقى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا قانداق قارىشىمىز كېرەك؟! ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ۋەتەن ئازاتلىقىغا خىزمەت قىلىۋاتقانلار ھېساپلانماسمۇ؟! ھەتتا ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۇرىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قولغا ئېلىش ياكى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش خەۋپى ئاستىدا قېلىپ دۇنيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىگە سەرگەردان بولۇپ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئاڭلىغانلىرىمدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئافغانىستاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە سۈرگۈن قىلىنىش، قولغا ئېلىنىش، خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش، ھەتتا قىرىپ تۈگىتىلىش پاجىئەلىرىگىمۇ دۇچ كەلگەنلىكىنى، يەنە بىرقىسىملارنىڭ ئامېرىكىنىڭ كۇبا يېقىنلىرىدىكى قايسى بىر ئارىلىدا ئېغىر قاماق جازاسىغا مەھكۇم قىلىنىپ، ۋەتىنىمىز خەلقىنى دۇنيا بويىچە تېرروروچىلار دەپ قارىلىنىشىغىمۇ سەۋەپ بولغانىكەن. ئۇلارمۇ مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان مۇھاجىرلىرىمىز ئەمەسمىدى؟!" _ خاسىيەت قاسىمغا ئاخىرى تۈگىمەس سوئاللارنى قويۇشقا باشلىدى.

"دېگىنىڭىز توغرا. _ قاسىم بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېلىپ جاۋاپ بېرىشكە

بۇنداق بىر ھەرىكەت قوزغاش نىيىتىگە ھەرگىز كېلىپ باقمىغان ۋە كەلمەسلىكى كېرەك' لىكىنى تا 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە تەشۋىق قىلىپ كەلگەنىكەن. بۇنداق تەشۋىقاتلار ۋەتىنىمىز تارىخىدا ھەرۋاقىت كۆرۈلمەكتە ئىدى: ياقۇپبەگ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئەنگىلىيە- چاررۇسسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ پەيدا قىلغان ئويۇنى؛ بىرىنچى جۇمھۇرىيەت سىنىغى بېرىتانىيە ئىمپىرىيىسىنىڭ ئويۇنى؛ ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ھەرىكىتىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئويۇنى، ... قىسقىسى، ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن قوزغىغان ھەرقانداق بىر پائالىيىتى مۇتلەق تۇردە قايسى بىر چەتئەل كۈچلىرىنىڭ بىۋاستە يېتەكلىشى، كۈشكۈرتىشى، ياكى قايمۇقتۇرۇشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بولىدۇ، ئۇيغۇرلاردا خىتايدىن ئايرىلىپ كېلىش ئېڭى مەۋجۇت ئەمەس دەيدىغان تاجاۋۇزچىلار مەنتىقىسى ھەر بىر مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلاۋىمىزنى تونۇشتۇرۇشتا بىرگە سىڭدۈرۈلۈپ كېلىنمەكتە. _ قاسىم بىر يۇتۇم سوغۇق چاي ئوتلىۋېلىپ، قايتا بىرتال تاماكا تۇتاشتۇردى.

ئۈستەلدىن يۆلەشتۈرۈلۈپ كىرىسلوغا ياتقۇزۇلغان گۈلباھار پۇشۇلداپ ئۇخلاپ كەتكەندەك قىلاتتى.

" قىزىق يېرى، بۇ ۋاقىتلاردا، تېنچلىق تەرەپتار لاگىرىدىكى ئابلىز مەخسۇم، ئۆتكۈر، ... قاتارىدىكى بىرقىسىم كىشىلەر مىللىي ھۆكۈمەت تەرەپكە قېچىپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلغىنى ئۈچۈنلا، تا يېقىنقى كۈنلەرگىچە ئۇلارنى تېنچلىق ھەرىكەت تەرەپتارلىرى ھەقىقى قىزىلپاچاق، خىتاينىڭ جاسۇسى، ساراڭ دېگەندەك بوھتان- ھاقارەتلەر بىلەن قارىلاپ كەلگەن ئىكەن. يوقۇرقىلاردىن قارىغاندا، خەلقىمىز ئارىسىدىكى مىللىي مۇستەقىللىغىمىزنى خىتاي ئىلغار كۈچلىرى بىلەن سۆزلىشىپ ھەل قىلغىلى ياكى خەلقارا ئىلغار كۈچلەرگە تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولىدۇ دەيدىغان يۈزلىنىش ئېتىقاتلارنىڭ مەنبەسىنى 30- يىللاردا بىخلىنىشقا باشلاپ، 50- يىللارغىچە رەسمى ئەقىدە بولۇپ شەكىللەنگەن يىگانە تېنچلىق يوللىرى بىلەن مىللىي مۇستەقىللىغىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ دەيدىغان تېنچلىق مەنتىقىسىنىڭ بۈگۈنكى داۋامى دېيىشكىلا بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ھازىر بۇ بىر ئەقىدە ھالىغا ئايلىنىپ خەلقىمىزنىڭ خېلى مۇھىم تەركىۋىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ھەرىكەت ئېقىمى بولۇپ تۇرماقتا دېيىش مۇمكىن. بۇ نوقتىدىن ئالغاندا، بۇ تۈردىكى ئەقىدىلەرنى بىراقلا خائىنلىق، تەسلىمچىلىك ياكى قانداقتۇر باشقا بىر دۈشمەنلىك ھەرىكەت ئېقىمى دېيىشكە بولمايدىغاندەكمۇ قىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ يولغا ئىشەنگەنلەرنىمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ تاللىۋالغان يولىنى بىردىن- بىر توغرا يول دەپ

كېتىشىگە مۇھىم سەۋەپچى بولۇپ قالغانلىقى چوقۇم. ئىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى، مېنىڭچە بولغاندا، شۇ 'ئىزچى مەن' دېگىنى قاتتىق تەكىتلەپ كۆرسەتكەن ۋەتىنىمىزدىكى خەلقىمىزنىڭ يېڭى شارائىتقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ستىراتېگىيىلىك ھەرىكەت شەكلىگە مەخپى كۆندۈرۈلىشىنى قەتئى قوبۇل قىلماسلىقى، نۆۋەتتىكى دۈشمەن ۋەزىيىتىنى ۋە دۈشمەن كۈچلىرىنى ئېتىۋارغا ئالماي، چەتئەل كۈچلىرىدىن بەكلا ئۈمىدۋار بولۇپ كېتىش، ئۆز ھالىغا باقماي بەكلا ئېغىر پىلانلارنى ئۆزلىرىگە ۋەزىپە قىلىۋېلىشى ئۇلارنىڭ مەخسەتكە يېتەلمىگەنلىكىنىڭ بىر سەۋەبى بولسا كېرەك دەپ قارايمەن. _ قاسىم قولىدىكى تاماكا قالدۇغىنى كۈلدانغا ئېزىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدۇردى. _ ئەمما شۇنى ئىنكار قىلماسلىغىمىز كېرەككى، ئۇلارنىڭ شۇ يىللىرىدىكى ھەرىكىتى خەلقىمىزگە بىر چاقىرىق، ئىنتايىن كۈچلۈك بىر چاقىرىق بولۇپ تەسىر قىلدى: دۈشمەننى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن چەتئەل كۈچلىرىگە ئەمەس، ۋەتىنىمىز خەلقىگە تايىنىشىمىز، مۇتلەق تۈردە ۋەتەن ئىچىدە ئەڭ مۇۋاپىق قوراللىق كۈرەش يولىغا ئاتلىنىشىمىز شەرتلىكىنى، ئىشنى ئاۋال ۋەتەن ئىچىدە ئاشكارە قارىمىلىق قىلماي، ئەڭ مەخپى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك شەكىلدە قانات يايدۇرۇش شەرت بولىدىغانلىقىنى خەلقىمىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن بولدى. يېرىم ئەسىردىن بويان قوزغالمىغان، ھەتتا قوزغۇلۇش يولىنى بىلەلمەي يۈرگەن بىر خەلققە بۇنداق بىر چاقىرىقنى ۋاستىلىق شەكىلدە بولسىمۇ چىقىرىشنى نۆۋەتتىكى ئەڭ چوڭ نەتىجە دېيىش كېرەك. شۇ سەۋەپتىن، بۇ مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ پائالىيىتىدىن كېيىن، نۇرغۇن تېنچلىق يولىنى تۇتقان 'مۇجادىلىچىلەر' ئېقىمىغا ئېغىر ئاگاھلاندۇرۇلۇش بولۇپ تەسىر قىلسا كېرەك، سۆز، يېزىق، ياكى شىكايەتلىرىدە بىزگە ئاپتونومىيە كېرەك، بىزگە خىتايلار بىلەن تەڭ باراۋەرلىك كېرەك، خەلقىمىزنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشتىن ۋاز كېچىشى كېرەك (خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى 60- يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلقىمىزنى سۈنئىي ياكى تەبىئىي يوقۇتىۋېتىش پىلانى بويىچە ھەرىكەتكە ئاتلانغانلىقىنى ئۇ مۇھاجىرلىرىمىز نېمىشكە بىلمەيدىكىن- تاڭ!؟)، ... دەيدىغاندەك خائىنلارچە چاقىرىقلىرى ئورنىغا 'بىزگە مىللىي ئىستىقلال كېرەك' دەيدىغان شۇئارلار دەسسىتىلىش، قايسى بىر گېزىتىنىمۇ تېنچلىق شەكلىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ سىموۋۇلى ھالىتىگە كەلتۈرۈۋېلىشقان 'شەرقىي تۈركىستان" دېگەن ئىسمىدىن «ئىستىقلال» دەپ ئۆزگەرتىشكىمۇ سەۋەپ بولدى دېيىش مۇمكىن." _ ئۇ گېپىنى توختىتىپ ئالدىرىماي بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرىۋالدى. ئۆي ئىچى ئۇنىڭ كەينى- كەينىدىن چەككەن تاماكىسىنىڭ ئىسىدا

باشلىدى. — بىرقىسىم مۇھاجىرلىرىمىز چەتئەللەردە مۇساپىر بولۇپ مىللىي داۋا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ ئۇدۇمغا ئايلىنىپ كەتكەن 'تىنچلىق، دېموكراتىك، كىشىلىك ھوقۇق، دۇنيا تىنچلىق قانۇنلىرى ۋە دىپلوماتىك ئۇسۇللار' بويىچە يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مويىغىمۇ تەسىر قىلماي كەلگەن بۇنداق پائالىيەتلەردىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولسا كېرەك، خەلقارا سەھنىلەرگە تېخىمۇ كۈچلىنگىرەك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بىرمۇ يېڭىچە ھەرىكەت ئۇسۇلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىش نىيىتىدە خىتايغا سىرتتىن ۋەھىمە قىلىش پائالىيەتلىرىنى پىلانلىشىپ بىرقىسىم ھەرىكەتلەرگە ئاتلانغانلىقىمۇ راس ئىدى. بولۇپمۇ بۇ تۈردىكى ھەرىكەتلەرنىڭ مۇھىم نوقتىسى، چەتئەللەردىكى قايسى بىر كۈچلەرنىڭ دىپلوماتىك ۋە ھەربى كۈچ جەھەتتىن ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە سىرتتا بىرەر ئاساس تىكلەشنى مەقسەت قىلىش بولىشىدا گۇمان يوق. بۇ نوقتىدىن ئالغاندا، ئۇلارنىمۇ بۇرۇندىن كېلىۋاتقان ھېلىقى 'تاشقى كۈچلەرنىڭ ياردىمىدا ۋەتەن مۇستەقىللىقىنى تىنچلىق شەكلىدە قولغا كەلتۈرۈش' پروگىراممىسى بويىچە پائالىيەت قىلىۋاتقانلارنىڭ باشقىچە بىر ھەرىكەت ئۇسۇلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مىراسچىلىرى دېيىشلا مۇمكىن. يەنى، بۇ تۈردىكى كەسكىن ئۇسۇللار بىلەن پائالىيەت قىلىشنى تەرغىپ قىلغۇچىلارنىمۇ ۋەتەن ئىچىدىكى خەلق كۈچىگە تايىنىشنى ئەمەس، بەلكى چەتئەل ياردىمىنى ئاساس قىلىپ ۋەتەن مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى خام خىيال قىلغۇچىلار دېيىش مۇمكىن. شۇ سەۋەپتىن، ئۇلارمۇ باشقا تىنچلىق يولىنى تۇتقانلار بىلەن بىر قاتاردا، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى ۋەتەن ئىچىدە مەخپى قانات يايدۇرۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان 'ئىزچى مەن' يولىغا قەتئىي قارشى چىققانىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھەرىكەت ئۇسۇلى جەھەتتە، ئەقىدە ۋە ئىدىيىۋى قاراش پەرقلىرى جەھەتتە، ھەرىكەت قوماندانلىقى، ئىقتىسادىي باشقۇرۇش قاتارىدىكى جەھەتلەردە كەسكىن زىددىيەتلىرى بولغاچقىمىكىن، ئۇلارنىڭ ھەمكارلىقلىرى تېز ئارىدىلا پارچىلىنىپ، بىر- بىرسىگە دۈشمەندەك بولۇپ كېتىشكەنىكەن. بۇنداق تۈپكى غايىسىدىكى ئورتاق نوقتىلار بويىچە شەرتسىز بىرلىشىش كاپالىتىگە ئىگە بولمايدىغان ئىتتىپاقلىق، ئورتاق ھەرىكەت پىلانلىشىشلاردا كېڭىشىش ئىمكانىغا ئىگە بولمىغاچقا، ۋەتىنىمىز خەلقىگە سىڭىپ كەتكەن بىر- بىرسىگە ئىشەنمەسلىك پىسخىكىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، بىر- بىرىدىن گۇمانلىنىش، بىر- بىرىدىن ئەمەل، ئابروي، مەنپەئەت تالىشىش يولىغا كىرىپ كېتىپ، مەخپىيەتلىك دېگەن ئۇقۇمنى بىر چەتكە قايرىپ قويىشىدۇ. بۇمۇ ئۇلارنىڭ كەينى- كەينىدىن پاش بولۇپ چۇۋۇلۇپ

چۈچەكلەردىكىدەك ئاددىي قىلىپ تونۇتۇپ يۈرگەن بولسا كېرەك، ئىككى مىليارتقا يېقىن مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى نۇرغۇن ئەللەرنىڭ ئۆز مۇستەقىل دۆلىتى، دىنىي ئالىي مەكتەپلىرى بولغاچقا، ئۇلار دىنىمىزنى بىزنىڭ موللىلىرىمىزدىكىدەك ئۇنداق ئاددىي چۈشۈندۈرۈشمىسە كېرەك دەپ ئويلاشقا تىرىشاتتىم. كېيىنچە دۇنيا خەۋەرلىرىدە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك بىلىمسىز، ئاجىز، بوزەك بىر خەلق ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران قالاتتىم. ياكى بىز ئوقۇغان بۇ ماتېرىياللار خىتايلار تەرىپىدىن تاللىنىپ چىقىرىلغان كەمسىتىش خەۋەرلىرىمىدۇ؟! دەپ ئويلاپمۇ قالاتتىم. تېلېۋىزور خەۋەرلىرى ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنچىلىك گىرىم قىلىپ ئېلان قىلىنماس؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئىلمىي نەزەرىيىلىرىمدە بىرەرمۇ ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ تۆھپىسى بولماسلىقى مېنىڭ دىنىي ئېتىقادىمنى خېلىلا لىغشىتىپ قويغانىدى. يەنى، بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى موللىلىرىمىز ھازىرقى زامان نەزەرىيىلىرىنىڭ ھېچبىرسىنى بىلمەيدۇ، خالىمايدۇ، ئېتىراپ قىلىشمايدۇ. ئۇلارنى توغرا ھەقىقەت دەپ ئۆگىنىشنى تەمتىرىمەيلا كاپىرلىق دەپ ئېلان قىلىشىدۇ. بەزىدە ئويلاپ قالىمەن: ئەگەر، بۇخىل تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ئىشىنىش كاپىرلىق بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مەن كاپىرلىقنى تاللايمەن دېگىم كېلىپ كېتىدۇ. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ماركسىزىممۇ چاۋىسى چىتقا يېيىلغان بىر دۇنيا قاراش بولدى. ئاخىرى مەن غەرپلىكلەرنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بىرمۇنچە پىسخولوگىيە، سوتسىيالوگىيە، پەلسەپە نەزەرىيىلىرىنى ئۆگىنىپ باقتىم. بۇ دۇنيانىڭ بىرسى تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا زادىلا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىشكە باشلىدىم. ئۇنداقتا، بۇ كائىناتنى ياراتقان قۇدرەت ئىگىسى خۇدا بولالماسمۇ؟! دەپ شۇنچە ئويلىساممۇ، موللىلىرىمىزنىڭلا ئەمەس، ھەتتا يېڭى خىتايچە تەرجىمە قىلىنغان ئىسلام دىنىغا دائىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر داڭلىق پروفېسسورى يازغان ئىسلام تەتقىقات كىتاۋىغا قارىغاندا، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارمۇ ئاساسەن خۇدانى بىزنىڭ موللىلىرىمىزدەك ئەنە شۇنداق بەكلا ئاددىي چۈشۈندۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. دىنىي ئۆلىمالىرىمىزنىڭ دېگىنىچە بولغاندا، خۇدا ھەممىنى ياراتقان دېگىنىدەك قىلىسىمۇ، ئۇلار ئاخىرقى ھېساپتا خۇدانىڭ پەقەت قۇرئاننىلا ياراتقىنىدەك چۈشىنىدىغانلىقىنى، ھازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ كەشپىيات- ئىجادىيەتلىرىنى ئەسلىدە ئادەم پەيدا قىلىۋالغان سېھىرگەرلىك ياكى يالغان كۆز بويامچىلىقلىرى دېگەندەك چۈشىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. ئۇنداقتا، بىزنىڭ خۇدانى تونۇشىمىزدا بەكلا ئېغىر بىر خاتالىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئويغا كەلدىم. بۇلارنى ئويلاپ، قۇرئاننى قايتىدىن ئەستايىدىل

ئاپپاق بولۇت بىلەن قاپلىنىپ خىرەلىشىپ كەتكەنىدى.

"بولدى قىلىڭە شۇ 'مۇھاجىر' دېكىلەرنىڭ گەپلىرىنى، ئادەمنى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋېتىدىكەن. _ خاسىيەت قاسىمغا يېقىن ئولتۇرۇۋېلىپ دېدى. _ سىزدىن سوراۋالىدىغان يەنە بىر مۇھىم سوئالىم باردى: بىزدە ئاياللار مەسچىتلەرگە كىرىپ داموللا- ئىماملارنىڭ دىنىي ۋەز- نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ چىقىش ئىمكانىمىز يوقلىغىنى بىلىسىز. بۇ ھەقتە ئۆزىمىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئوقۇغىدەك قۇرئاندىن باشقا ئۇيغۇرچە تۈزۈك كىتاۋىمىزمۇ يوق. شۇڭا بىز ئاياللار توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراقلاردىكى بىرەر بۇلۇڭدا بولۇپ قالىدىغان مەدداھ- قۇشناچىلارنىڭ سۆزلىرىگە قاراپلا دىنىمىزنى ئۆگىنىپ كەلمەكتىمىز. مەن بۇنداق يەرلەردىكى دىنىي نۇتۇقلارغا قاراپ، دىنىمىزنى بەكلا تۇتامى يوق بىر نادانلىق، ياكى ئاساسسىز بىر روھانىلىق دەپلا قاراپتىكەنمەن. كېيىنچە قۇرئان تەرجىمىسىنى ئوقۇپ باققىنىمدا، گەرچە ئۇنىڭدىكى گەپلەرنىڭ مەن كوچا- بۇلۇڭلاردا ئاڭلاپ ئۆگەنگەن گەپلەر بىلەن دېگەندەك ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك قىلساممۇ، يەنىلا قۇرئاننى ئۇنچە بىلىپ كېتەلمىدىم. مەن خۇداغا ئىشىنىمەن. ئەمما تەبىئەت دۇنياسىنى دىنىمىز بىلەن قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلىشىم كېرەك ئىدى. مەسىلەن قىلىۋاتقان بۇ ئىشلىرىمىزنى نۇرغۇن قۇشناچىلار قەتئىي تۈردە كاپىرلىق دەپلا قارىلىشىپ كەلمەكتە. ئۇلار ھەرقانداق بىر تەبىئەت بىلىملىرىنىمۇ كېسىپلا شەيتاننىڭ ئويۇنلىرى دېيىشىدىكەن. بۇنداق گەپلەرنى زادىلا قوبۇل قىلغۇم كەلمەيدۇ. ئۇلارنى قوبۇل قىلىش، تەبىئەت قانۇنلىرىغا خىلاپ كېلىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇنداقتا خۇدا ھەممىنى ياراتقان دەيدىكەنمىز- يۇ، خۇدا ياراتقان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قانۇنلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەنمىز. بۇنى بىرخىل مەنتىقسىزلىك دەپ قارىغىم كېلىپلا تۇرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك مىللەت، ۋەتەن، مىللىي ئازاتلىق، ئىلىم- پەن، تېخنىكا دېگەنلەرنى خۇددى دىنىمىز زادىلا تونىمايدىغاندەك، ئۆگەنگەن تەبىئىي پەن بىلىملىرىمنى دىنىمىز ئېتىراپ قىلمايدىغاندەك بىلىنىپ، بەزىدە بۇ دىندىن گۇمانلىنىپمۇ قالىمەن. سىزنىڭچە بۇ تۈردىكى مەسىلىلەردە دىنىمىزنى قانداق چۈشەنسەك بولىدۇ؟"

"بۇ ئىشلار مېنىمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆپ قىيناپ كەلگەنىدى. گەرچە بىز ئەرلەر سىلەر ئاياللارغا قارىغاندا دىنىي تەلىماتلارنى بىۋاستە موللىلىرىمىزدىن كۆپىرەك ئۆگىنەلىگەندەك قىلساقمۇ، بۇ بىلگەنلىرىمىزگە قاراپلا پىكىر قىلساق، بۇ دىنگە ئىشىنىشنى بىرخىل نادانلىق دەپلا مولچەرلەشكە توغرا كېلىدۇ. _ قاسىم تېخى يېڭىلا تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى ئۆزلىگىدىنلا كۈلدانغا تاشلاپ ئەزدى. _ دەسلىۋىدە، بىزنىڭ موللىلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا بىزگە دىنىمىزنى شۇنداق

ماددىلارنى ئەڭ مۇكەممەل، قىلچىمۇ قۇسۇر چىقارغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يارىتالىغىننى بىلىش ئارقىلىقلا ئۆگىنەلەيمىز. ئەنە شۇ چاغدىلا ئاللاھنى بۈگۈنكى ئىلمىي مەنىسىدە تونۇيالايمىز. بۈگۈنكى ئىلىم- پەن تەرەققىياتى ئالەمنى تونۇشنىڭ تېخى بىسمىللاسىدا تۇرىۋاتقان بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ خۇدانى تونۇشىمۇ تېخى باشلانغۇچ سەۋىيىدە دېسەك خاتا بولمايدۇ. قارىغاندا مۇسۇلمان ئالىملىرى خۇدا ئۆزى ياراتقان ماددىلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ياراتقۇچىسىنى تېخىمۇ تولۇق تونۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش نۇقتىسىغا تېخى يېتىپ كەلمىگەندەك قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئاللاھنىڭ ياراتقان ماددىي دۇنياسىنى بىلمەي، كەينىدە سۆرىلىپ يۈرسە كېرەك دەپ ئويلايمەن."

"قۇرئاندا خۇدايىم شۇنچە ئېنىق قىلىپ تەلىماتلارنى بۇندىن مىڭ بەشيۈز يىل ئاۋاللا بىزگە بەرگەن تۇرۇغلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن بىز مۇسۇلمانلار ھەممىنىڭ ئالدىدا ئاۋانگارت بولۇش ئورنىغا شۇنچە كەينىدە قالدۇق؟" _ خاسىيەت تېخىمۇ كوچلاپ سوراشقا باشلىدى.

"بۇ ھەقتە مەنمۇ بەكلا ھەيران قالىمەن. _ قاسىم سوۋۇپ قالغان چېيىدىن بىرنى ئوتلىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى. _ ئىسلام تارىخى، ئىلىم- پەن تارىخى، بولۇپمۇ تىبابەتچىلىك ۋە پەلسەپە تارىخىدىن قارىغاندا، مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە يوقتىن بار بولۇپ، ئاجىزلىقتىن كۈچۈيۈپ، رەسمىي دىنىي ئەقىدە ھالىتىگە كېلىپ ئېتىقات قىلىش دەۋرىگە كىرگىنىدىن كېيىن، ماددىي دۇنيانى پالانى بۇت ياراتقان، پوستانى سېھىرگەر پەيدا قىلغان دېگەندەك قاراشلار تاشلىنىپ، ئېينى ۋاقىتتىكى ماددا تەتقىقاتىنىڭ سېھىرگەرلىك ياكى سىرلىقلىق ئۇسۇللىرى ئورنىغا ئىلغار ماددا تەتقىقات ئۇسۇلى بولۇپ ھېساپلىنىدىغان ساددا 'تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى' نى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان ئاساستا تەبىئەت دۇنياسىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەنىكەن. ئۇلار ئەندى ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ 'سۇق- كۆچ' قىلىش بىلەن پەيدا بولۇپ ياكى يوقۇلۇپ تۇرىدىغان بولماي، ئاللاھ ياراتقان سۇ، تۇپراق، ھاۋا، ئوت قاتارىدىكى تۆت تورلۇك رېئال مەۋجۇدىيەتلەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۆزگە خاس ئۇسۇللار بىلەن پىششىقلانغىنىدا بىر- بىرسىگە ئۆزگىرىدۇ ياكى يېڭى ماددىلار بارلىققا كېلىدۇ دەيدىغان ساددا تەبىئەت كۆز قارىشىدىن ئىشنى باشلىغانىكەن. تەبىئەت دۇنياسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ 'تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى' دەپ ئاتالغان بۇ ئىپتىدائىي ئۇسۇل، ئاللاھ ياراتقان ماددىي دۇنيانى تونۇشنىڭ، شۇ ئاساستا خۇدانى تېخىمۇ ئېنىق تونۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قېلىۋاتقانىكەن. ئىسلام ئالىملىرى 'ئالخىمىيە'

ئوقۇپ بېقىش قارارىغا كېلىپ، قۇرئانى كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تۇنجى تەرجىمىسىنى تۇڭگانلارنىڭ تەرجىمە قىلغان خىتايچە يېڭى تەرجىمە نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ ئوقۇشقا كىرىشتىم.

"«جىمى ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.» قۇرئاننىڭ بۇ بىرىنچى سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتى مېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى. سىز بىلىسىز، ھەرقانداق بىر پەلسەپەنىڭ ئەڭ باشتىكى تۈپكى پرىنسىپى بۇ كائىناتنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى مۇتلەق ئاكسىيومىلاردىن باشلىنىدۇ. قارىسام بۇ ئايەتمۇ ئەنە شۇنداق مۇتلەق ئاكسىيومىدەكلا بىلىندى: بۇ كائىناتنى يالغۇز بىر ئاللاھ ئۆزى ياراتقان بولۇپ، بۇ كائىناتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قانچىكى تولۇق بىلەلىسەڭ، بۇ ياراتقۇچىغا شۇنچە بەك ھەيران قالىسەن. ماددىي ئالەمنىڭ ئىچكى تۈزۈلىشى، ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى، ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيەتلىرى، ... قاتارىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى قانچىكى چوڭقۇر، قانچىكى كەڭ بىلەلىگەن بولساڭ، بۇ ماددىي دۇنيانى ياراتقۇچىغا شۇنچە قايىل بولۇپ، بۇ ياراتقۇچىنىڭ كارامەتلىرىگە چەكسىز ئاپىرىن ئوقۇيسەن، مەڭگۈ ئاپىرىن ئوقۇيسەن! دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى چۈشۈنگەندەك قىلدىم. شۇنىڭدەك يەنە قۇرئاندا نۇرغۇن قېتىم دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىگە دىققەت قىلىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ھەممىسىدىلا خۇدانىڭ ئەڭ مۇكەممەل مۇتلەق ياراتقۇچى، مۇتلەق ھاكىم بولىدىغانلىقىنى تونۇيسەن دەپ كۆرسەتكەن. دېمىسىمۇ، بىز بىلمەيدىغان يۇلتۇزلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئەتراپىمىزنى ئوراپ تۇرغان نەرسىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى ماددىلارنىڭ ئاتوم-مالېكۇلالىرىغىلا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى ئېلېكترونلارنىڭ شۇنچە مۇرەككەپ، شۇنچە قانۇنىيەتلىك ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇشىدىنلا ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. نىسبىيلىك نەزەرىيىسىدە، كۋانت نەزەرىيىسىدە خۇدانىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەنە قانداق دەلىللەرنىڭ بارلىقىنى تېخى تولۇق بىلمەيمىز. بۇلارنى قانچىكى مۇكەممەل بىلەلىسەك، خۇدانى شۇنچە ئېنىق تونىيالايمىز. بۇ ھەقتە پاكىستانلىق يادرو فىزىكا ئالىمى، نوبېل تەبىئىي پەن مۇكاپاتىغا تۇنجى ئېرىشكەن مۇسۇلمان ئالىمى ئابدۇسالام ناھايىتى توغرا ئېيتقان: 'مەن ئاتوم يادرو تەتقىقاتىغا قانچىلىك چوڭقۇرلاپ كىرسەم، ئۆزەمنى ئاللاھقا شۇنچە يېقىنلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن.' بۇ نوقتىدىن ئالغاندا، بىزگە دىنىمىزنى ئۆگىتىمەن دەپ يۈرگەن موللىلىرىمىزنىڭ نېمە دېگەن قاراساۋات بىلىمسىز ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ خۇدانى نېمە دېگەن ئاددىي تەسۋىرلىشىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەسلىدە بىز خۇدانى، ئۇنىڭ بۇ ئالەمدىكى بارلىق زەررىلەرگىچە بولغان

ئۇنداق بولمىغىنىدا ئىدى، ئەڭ كىچىككەندىمۇ بۇندىن 5- 10 ئەسىر ئاۋۋاللا ئەزھەرنى بۇگۈنكى كامبىرژ، بۇخارا مەدرىسىسىنى بۇگۈنكى ئوكسفورد، قەشقەر خانلىق مەدرىسىسىنىمۇ بۇگۈنكى خارۋارت ئۇنىۋېرسىتېتى، ... دەپ قارىشىدىغان، بۇندىن 5- 10 ئەسىر ئاۋۋاللا ئىسلام دۇنياسىنى مۇسۇلمان گالىلېيلار، مۇسۇلمان نيۇتونلار، مۇسۇلمان ئېينىشتېينلەر، ... قاپلاپ كەتكەن مەنزىرىنى قىياس قىلغان بولار ئىدۇق دەڭ. شۇنداق قىلىپ بىز مۇسۇلمانلار بۇگۈن تانكا- زەمبىرەككە قارشى تاش- توخماق، خىش- كېسەك، ئايروپىلان- راكېتالارغا قارشى ئات- ئېشەكلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولماقتىمىز! بۇندىن ئون ئەسىر ئاۋۋاللا خاتالىقى سېزىلىشكە باشلىغان بىر تەلىماتنى تا بۈگۈنگىچە مۇتلەق بىلىم دەپ چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، زامانىۋى بىلىملەرنى ئالدامچىلىق، سېھىرگەرلىك، شەيتاننىڭ ئىشى دېيىشىپ ياكى بولمىسا دۈشمىنىمىزنىڭ ھەممە ئىشىدىن يىراق تۇرۇش كېرەك دېيىش بىلەن يېقىن يولىماي كەلمەكتىمىز. بۇلارمۇ ئازلىق قىلىۋاتقىنىدەك، شۇ چولتا تەلىمات بويىچە خۇدانى، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تەسۋىرلىشىپ، تەڭداشسىز بىر ياراتقۇچىمىز بولغان خۇدانى، ئۇنىڭ كائىناتقا ئاپىرىدە قىلغان تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئاللىكىملەرنىڭ دۇئا قىلىپ تىلىشى بىلەنلا دەرھال ئۆزگەرتىپ بېرىدىغان كىچىك گۈل بالا قىياپىتىگە چۈشۈرۈپ قويماقتىمىز. سىز ئويلاپ بېقىڭ، خۇدا ياراتقان شۇ تەبىئەت قانۇنلىرىنىڭ كۈچىدىن بارلىققا كەلگەن ئېلېكترونلارنىڭ ئاتوم ئوربىتالىرىنى دۇئا قىلىپ ئۆزگەرتىشكە ياكى يوق قىلىۋېتىشكە بولارمۇ؟! ئەگەر ئاللاھ، بىرەر- يېرىم كىشىلەرنىڭ تىلىكى بويىچە ئۆزى ياراتقان قانۇنىيەتلەر بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان قايسى بىر ماددىنى ياكى قايسى بىر ھەرىكەتنى ئۆزگەرتىپ بەرگىنىدە، ئاللاھنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى، ئىزچىللىقى، يىگانىلىقى نەگە كېتىدۇ؟! ياكى تەبىئەتتىكى بىرەر ماددا بۇندىن مىڭ يىل ئاۋۋال بىرخىل ھەرىكەت قىلىپ، بۈگۈن باشقا بىر قانۇن بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇمۇ- يا؟!"

"ئادەمنى كۈلدۈرمەڭا، ئاللاھنىڭ ياراتقان نەرسىلىرى ئۇنداق ئاسان ئۆزگىرىپ تۇرامدىكى، مېنىڭچە بۇ ماددىلار قانۇنىيەتلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغىنىدىن بۇيانقى ئون نەچچە مىليارت يىلدىن بۇيان پەقەتلا ئاللاھنىڭ پۈتىۋەتكەن تەغدىرى بويىچىلا ھەرىكەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى چوقۇم. بۇنداق گەپلەرنى قىلىشمايلى، يامان بولمىسۇن يەنە." _ خاسىيەت ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىپ، كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

قاچانلاردىدۇ ئويغۇنۇپ بۇ گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ ياتقان گۈلباھار، ئۆزىنى سەل- پەل سەگەكلىشىپ قالغاندەك ھىس قىلدىمۇ قانداق، ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ

ياكى 'سىمياچى' دېگەن بۇ ساددا تەبىئەت تەتقىقات ئۇسۇلى بويىچە ماددا تەتقىقاتىغا كىرىشىپ، 'تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى' نى قىسقىغىنە بىر نەچچە ئەسىر ئىچىدىلا ئەڭ يۈكسەك نوقتىسىغا كۆتۈرەلىگەنىكەن. بۇ جەرياندا 'ئالخىمىيە، سىمياگەرلىك' دېگەن بۇ تەلىماتلار ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن شۇنداق مۇھىم بىر تەلىمات ھالىغا كەلتۈرۈۋېتىلگەنكى، ئاخىرى بېرىپ بۇ تەلىمات ئىسلام دۇنيا قارىشىنىڭ كام بولسا بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، 'تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى' دېمەك، ئىسلام تەلىماتى دېمەكتۇر دەيدىغانغا ئوخشايدىغان ئېتىقات دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېتىلىشكەنىكەن. بۇ تەلىماتنىڭ تەجرىبىدىكى تىپىك نۇسخىسى بولغان تىبابەتچىلىك، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا تا بۈگۈنگىچە ئەڭ مۇھىم داۋالاش ئۇسۇلى ۋە ھەتتا سۈننەت دەپ تونۇلۇپ كېلىنمەكتە. ئەپسۇس، بۇ تەلىمات _ 'ئالخىمىيە، سىمياگەرلىك ياكى تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى' _ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەلىمات بولماي، تەبىئەت تەتقىقاتىنى بۈگۈن بىزگە مەلۇم بولىۋاتقان بەلگىلىك ئېلېمېنت ئاتوملىرى تەتقىقاتى بويىچە تەتقىق قىلىشقا يېتەكلەيدىغان ئىدىيىۋى ئاچقۇچ دېيىشكە بولاتتى. ئەسلىدە، 'ئالخىمىيە تەلىماتى' نىڭ تەبىئەتنى چۈشەندۈرۈشى بەزى توغرا كېلىپ قېلىشلار نەتىجىسىدە قىسمەن تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىپ قالغانلىقىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئۇ تەلىماتنىڭ ھۆلى بولغان ئېلېمېنت تەلىماتى پۈتۈنلەي خىيالى پەرەزگە تايىناتتى. ماددا تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بۇ تەلىماتنىڭ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى چۈشۈندۈرۈشكە ئۇيغۇن كەلمەيۋاتقانلىقى ياكى بۇ تەلىمات ئاساسىدا تەبىئەت تەتقىقاتىنىڭ توپۇق يولغا كىرىپ قېلىۋاتقانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلىشقا باشلىغان ئۇلۇغ 'ئالخىمىيە' ئالىمى ئىبنى سىنا، ياۋروپالىقلار ئۇنى ئاۋىسىنا دەپ بەكلا چوڭ بىلىشىدىكەن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش تېشى ۋە ئادەتتىكى كۆپ تېپىلىدىغان مېتاللارنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش دېگەنلەرنىڭ مۇمكىن بولمايدىغان خاتا ئەقىدىلەر ۋە خاتا تەتقىقات يوللىرىنى ئىكەنلىكىنى شۇنچە تىرىشىپ ئىسپاتلاشقا تىرىشقان بولسىمۇ، قېلىپلىشىپ كەتكەن مۇتەئەسسىپ ئەرەپ ئالىملىرى تەرىپىدىن دىنسىزلىق دەپ قارىلىنىپ، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈلگەنىكەن. شۇندىن ئېتىۋارەن، مۇسۇلمانلار دۇنياسى تەبىئەت تەتقىقاتىدا توپۇق يولغا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىپ، ئىشنى باشقىدىن باشلاشنى دىندىن چىقىش دەپ چەكلىۋېتىشكەنىكەن. مۇتەئەسسىپ مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ چەكلىمىسى نەتىجىسىدە، ئىسلام دۇنياسى ھازىرقى زامان 'ئېلېمېنت نەزەرىيىسى' نى بۇندىن ئون ئەسىر ئاۋاللا كەشىپ قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان دېيىش مۇمكىن. ئەگەر

# 14. ئەلۋىدا

"پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا"

— ئۇيغۇر ماقاللىرىدىن

قاسىمنى ئىككى ھەپتىدىن بېرى سوراققا ئېلىپ چىقىشمىدى. بەدىنىدىكى يارىلار قېتىشىپ چىدىغۇسىز دەرىجىدە قىچىشىشقا باشلىدى. ئۇ، ئۇيقۇسىزلىقتا ياكى چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ قالغانلىرىدا بىلمەستىنلا تاتىلاپ سېلىپ، خۇددى يېڭىلا جارا ئۈستىدىن چىققاندەك بەدىنىنى قىپقىزىل قانغا بوياۋالاتتى.

بىر كۈنى قاسىم كونا ئەسلىمىلىرىنى ئەندىلا باشلاي دەپ ئولتۇرۇشىغا، گۆلدۈرلىشىپ كىرىپ كەلگەن بىرمۇنچە خىتاي قوراللىق ھەربىيلىرى بىرەر ئايدىن بېرى يېتىشقان باللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. بۇ كېچىنى قاسىم كامېردا يالغۇز ئۆتكۈزدى. ۋاراڭ- چۇرۇڭ، جېدەل- ماجىرالارغا خېلى كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، بۇ جىمجىت كېچىنى بەكلا تەستە ئۆتكۈزدى.

قاسىم، ئەتىسى سەھەردە قاتتىق گۆلدۈرلىگەن ئاياق تاۋۇشلىرىدىن ئويغىنىپ كەتتى. خىتاي ئەسكەرلىرى ئوندەك ياش بالىنى سۆرۈشۈپ كېلىپ كامېرغا سولاشتى. بۇ ياش ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ يۈز- كۆزلىرى كۆكىرىپ كەتكەن، بەزىلىرىنىڭ يىرتىلغان كۆڭلەكلىرىدىن قىپقىزىل قان تامچىلاپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر بولۇڭغا كىرىۋېلىپ يىغلىشاتتى. بەزىلىرى ۋايساپ ياتاتتى.

چۈشتىن كېيىن بولغاندا ئىككى گۇندىپاي كامېرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قاسىمنى چاقىرىشتى. قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپىدىكى تېخى تونۇشۇپ ئۈلگۈرەلمىگەن ياش بالىلارغا بىر- بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئاندىن كامېردىن چىقىپ گۇندىپايلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. گۇندىپايلار قاسىمنى يالاپ بىر ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىشتى. ئۇ يەردە ئولتۇرغان ئىككى قوراللىق ھەربىي بىرنەچچە ۋاراق قەغەزلەرگە بىرنېمىلەرنى جىجىلاپ بېرىپ، قاسىمنى تۈرمە قوراسىغا ئېلىپ چىقتى.

قاسىم تۈرمىگە قامالغىنىدىن بۇيانقى بىر يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى تۇنجى

قاسىمنىڭ كېيىنگە قولاق سېلىشقا باشلىغانىدى. گۈلباھار ھارلىق بىلەن بولغىنىپ كەتكەن مېڭىسىنى ئىشقا سېلىپ قاسىمنىڭ دېگەنلىرىنى قايتىدىن ئويلىنىشقا شۇنچە تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىن نېمىشقىدۇ يىغا قايناپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى شۇنچە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ بولمىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن قايناپ كېلىۋاتقان بىر دەرت، ئازاپ دولقۇنى يىغا بىلەن پۈركىنىپ ئاخىرى تۇيۇقسىزلا پارتىلاپ چىقىپ، قاسىم بىلەن خاسىيەت ئىككىسىنى چۆچۈتىۋەتتى! ...

بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە گۈلباھار يالغۇز قالغىنىدا ھاراققىلا قول ئۇزارتىشتىن ئۆزىنى چەكلەپلا قالماي، ھەتتا تاماكىسىنىمۇ تارتىنىپ ھاجەتخانىسىغا كىرىپ چېكىدىغان قىلىقنى چىقىرىۋالدى.

ھەپتە ئاخىرىدا گۈلباھار ئەزالىرىنى ئۆيىگە يىغدى. ئاندىن 'يېڭى ئاي قوشۇنى' نىڭ بۇ يېقىندىكى ئىشلىرىدىن قىسقىچە خەۋەر بەردى. بۇ ھەپتىدە 'يانچۇقچى' بىر نازارەتتىكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بىر قوغداش باشقارما باشلىغىنىڭ ئۆيىنى پارتىلىتىۋېتىپ كۆكۈم- تالقان قىلىۋەتكەنىدى: بۇ خىتاي چوڭجاڭ قىزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ ئولتۇرۇش تۈزۈپ بەرگەنىكەن. تازا مېھمان كۈتۈۋاتقىنىدا، خېلى داڭلىق بىرسىنىڭ نامىدا سوغات قىلىنغان ئالاھىدە بېزەلگەن سېۋەت گۈلى ئىچىگە يوشۇرۇنۇلغان رەسمى مىنا پارتىلاپ كېتىپ، بۇ خىتاينىڭ چىرايلىق ئەكەنايناق قىزىنى تىتما- تىتما قىلىۋەتكەنىكەن. چوڭجاڭ خىتاينىڭمۇ باش- كۆزى تىتىلىپ ساق يېرى قالمىغان. سورۇندىكى مېھمانلاردىن يەنە 4 نەپىرى نەق مەيداندا، ئىككىسى دوختۇرخانىدا ئۆلگەن بولۇپ، يىگىرمىگە يېقىن خىتاي يارىلىنىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلگەن. ...

گۈلباھار ئەزالىرىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ بولۇپ، كېيىنكى قىلىدىغان ۋەزىپىلىرىنى تالاش- تارتىش قىلىپ تاللىشىپ، ئەزالىرىغا مەخپىي شەكىلدە ۋەزىپە تەخسىم قىلىپ بەردى. بۈگۈنكى يىغىلىش ھاراقسىزلا ئۆتتى. ...

"ئاللاھنىڭ شۇنچە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەجەپمۇ كېچىكىپ تونىيالىغانىكەنمەن." قاسىم كامېرىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى. ...

"ھايۋان! ... باندىت! ... ئالۋاستى! ..."

خىتاي ھەربىلىرى قاسىمنى تىللاشقىنىچە نۆۋەتلىشىپ مۇشلاشقا باشلىدى. ئۇلار گويا بۇ ئەلنىڭ ئىگىلىرىنى قانداق ئۇرۇپ قىيناش كېرەكلىكىنى مەشىق قىلىۋاتقىنىدەك ئۇنى ئۇرۇپ تېپىشەتتى.

"پۈتۈن لاۋۇلىرىڭنى ئاخىرى بىركۈنىسى مانا مۇشۇنداق جازالاپ، بۇ كان قۇدۇقىغا تىرىك كۆمۈپ تۈگىتىۋېتىمىز! ..."

ئۇلار ھەسىرىشىپ ئاغزى- بۇرنىدىن قويۇق ھور چىقىرىشقىنىچە بىر- بىرىسىگە قارىشىپ يىرگىنىشلىك كۈلۈشەتتى. بۇ جاللاتلارنىڭ چىرايىدىن قاسىمنىڭ ۋۇتىنىنى بېسىپ يېتىشقان خىتايلارنىڭ ھەقىقى ئەپتى- بەشىرىسى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنمەكتە ئىدى! "مانا مۇشۇنداق بىر تاجاۋۇزچىلار بىلەن قانداق قىلىپ سۈرلىشىپ مىللىي ئەركىنلىكنى ئالغىلى بولار؟ بۇنداق بىر فاشىست مىللەتنى ۋۇتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىپ بېرىدىغانغا بىرەر چەتئەللىك دوس تېپىلارمۇ؟" _ قاسىم ئەڭ ئاخىرقى تېنىقلىرىدا يوقۇرقىلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

"بۇ مەلئۇننى بىر پاي ئوق بىلەن ئۇ دۇنياغا يوللىۋەتمەيلىمۇ!" _ دەپ بىرسى مىلتىغىنىڭ زاتورىنى شاراخشىتىپ بەتلەشكە كىرىشتى.

"سارڭ بولما! بۇنىڭغا زايا قىلىدىغان ئوقتا بىرەر تال توشقان بولسىمۇ ئۇۋلىۋېلىشىمىز كېرەك. شۇ قۇدۇققا ئىتتەر- پۈتسۇن بۇ ئىش!"

ئالدى 25 ياشقىمۇ بارمىغان بۇ خىتاي جاللاتلىرى قاسىمنى تارتىپ سۆرەشكىنىچە كان قۇدۇغىنىڭ ئاغزىغا ئاپىرىپ، تېگى كۆرۈنمەس قۇدۇققا ئىتتىرىپ چۈشىرىۋېتىشتى!

قاسىم قۇدۇق ئىچىدە قويۇندەك شۇڭغۇپ پەسكە چۈشمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ پەسكە چۈشىشى بارغانسىرى تېزلىشىپ نەپسى بوۇۇلۇپ قېلىۋاتاتتى. ...

ئۇ، راكىتا بىلەن كائىنات بوشلۇقىغا ئۇچۇپ چىقىشنى نەقەدەر خام خىيال قىلاتتى- ھە! مانا ئەندى خىتايلارنىڭ 'مەرھەمىتى' بىلەن تېگى يوق ھاڭدا بايىتىدىن بېرى غۇيۇلداپ ئۇچۇپ تۇۋەنگە چۈشمەكتە! ئۇ، شۇنچە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا ئاتىغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەقلىگە بىرلا نەرسە كېلىۋالدى:

"لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممەدىن رەسۇلۇللاھ!"

بىر جانغا زامىن بولغان بايىقى ئۈچ خىتاي بىرخىيالدا يوق كۈلۈشۈپ چاقچاق قىلىشقىنىچە مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قويۇق قارىغايلىق ئىچىگە كىرىپ غايىپ بولۇشتى.

قېتىم كۈن نۇرىنى كۆرۈۋاتقىنى ئۈچۈن، قىشنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئاپتىۋىدا كۆزلىرىنى زادىلا ئاچالماي قالدى. ئەمما ئۇ سىرتتىكى مۇزدەك ھاۋانى چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئىچىگە تارتتى. بۇ نەپەس، ئۇنىڭغا گويا پۈتۈن ئۆمۈر بويىچە يېگەن ئەڭ مەزىلىك تائامدەك سېزىلدى: "پاھ، يېڭى ھاۋا نېمە دېگەن ئېسىل نەرسە- ھە!"

قاسىم ئۆزىنى خېلىلا راھەتلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

بىرنەچچە قوراللىق خىتاي ھەربىسى ئۇنى ئىتتىرىپ دۈشكەللەپ يۈرۈپ بىر جىپ ماشىنىسىغا چىقىرىشتى. ئۇنىڭ بىر قولىنى ئورۇندۇقنىڭ ھالقىسىغا كويزا بىلەن چېتىپ قويۇشتى. ئاندىن ياش ئۈچ خىتاي ئەسكىرى جىپقا ئولتۇرۇشۇپ يولغا چىقىشتى. 'بېيجىڭ' ماركىلىق جىپ تۈرمە دەرۋازىسىدىن چىقتى. دەرۋازىنىڭ ئالدى ئاپپاق قارغا پۈركەلگەن چەكسىز كەتكەن ئېتىزلىق ئىدى. جىپ ماشىنا ئىككى تەرىپى ئېگىز يالىڭاچ تىرەكلەر بىلەن ئىھاتىلەنگەن توپ- توز يولدا بىر- ئىككى سائەت ماڭغىنىدىن كېيىن بىر شەھەرگە يېقىنلاشتى. يول بويىدا ئارىلاپ ئۆيلەر، دۇكانلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئارىلاپ دۈگدىيگەن بىرنەچچە خىتايمۇ ئۇچراپ قالاتتى. قاسىم يول بويىدىكى بىر كونا دەرۋازىغا ئېسىلغان ئۆڭۈپ كەتكەن لوزۇنكىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭدا "شىخەنزە شەھەرلىك ... زاۋۇتى ..." دېگەندەك خىتايچە خەتلەر يېزىلغاندەك قىلاتتى. شۇ چاغدىلا قاسىم شۇنچە ئايدىن بېرى شىخەنزە ئەتراپىدىكى بىرەر بىڭتۈەن تۈرمىسىگە قامالغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلىدى. راس دېگەندەك، يىراقتىن ئېگىز بىنالىرى بىلەن شىخەنزە شەھىرى يېقىنلاپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. جىپ ماشىنا شەھەرگە كىرىدىغان يولدىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ تەڭرى تاغلىرىغا قاراپ يولىنى داۋام قىلدى. يولدىكى قارلار ئارىلاپ تۆكۈلگەن كۆمۈر پارچىلىرى بىلەن قارىداپ قالغانىدى. قاسىم بۇ يولنىڭ بىرەر كۆمۈر كانىغا كېتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. جىپ ماشىنا خېلى ماڭغاندىن كېيىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئىچىگە كىردى. تاغ بويلىرى يېپ- يېشىل قارىغايلىق بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بەزى قارىغايلارنىڭ ئۈستى تۇرۇپ قالغان قارنىڭ ئېغىرلىقىدا بىرىيانغا ئېگىلىپ تۇراتتى. جىپ، ئورمانلىق ئارىسىدىكى بىر بوشلۇقتا، تاشلىۋېتىلگەن كونا كۆمۈر كانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلدى. خىتاي ھەربىلىرى جىپنى بىر تاشلاندۇق كۆمۈر قۇدۇقىنىڭ ئاغزىغا يېقىن بىر يەردە توختىتىشىپ، قاسىمنى كويزىدىن بوشىتىپ جىپتىن تارتىپ چۈشۈرۈشتى. قاسىم يەرگە چۈشۈپ بىر كېرىلىۋېلىپ ئورمان ھاۋاسىدىن چوڭقۇر تارتىپ مەيدىسىگە توشقازدى.

كان قۇدۇقىنىڭ ئەتراپىدا بىرمۇنچە قارغا- قۇزغۇنلار غاقىلدىشىپ ئايلىنىپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.

ۋەسىيىتىنى قاسىم بىلەن ئىمىن ئىككىسى بىر ئىمامنى چاقىرىپ ئاپىرىپ ئورۇنداپ كەلگەنىدى.

خاسىيەت، ئۇمۇ رەسمى نامىزىنى باشلىۋالغان ئايلىرىدا، ۋاقىت تېزگىنىنى خاتا تەڭشەپ قويغان مىنا بىلەن ئاپتوۋۇزدا بىرمۇنچە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن بىرگە پارتىلاپ تىتىلىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ ئەرىدە قاسىم نەچچە ئايغىچە مەخپىي قارىلىق تۇتۇپ يۈردى.

ئۇلاردىن باشقا 'يانچۇقچى' نىڭ شەخسى قوشۇنىدىن 'شەيتان'، 'پەرۋانە'، 'يولۋاس' قاتارلىقلار، قاسىمنىڭ قوشۇنىدىن 'بىرىنچى نومۇر'، 'تۆل يەتتى'، 'سەكسەنبىر' قاتارىدىكى مەخپىي ھەرىكەتچى پىدائىلار، ... بۇنچە ياش ئوغۇل-قىزلار بۇ ئالەمدىن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى زار- زار قاخشىتىۋېتىپ نام-نىشانسىزلا ئايرىلىشتى. ئۇلارنى ھېچكىم خاتىرلەشمەيدۇ، كېيىن ئۇلارغا ئاتاپ ھېچكىم ھەيكەل قاتۇرۇشمايدۇ، ... ئەمما تا بۈگۈنگىچە قايسى بىر ئۇيغۇر مۇئاۋىن نازىرىنىڭ كىملەرنىڭدۇ نەزىرىدىكى 'تىسىرلىك' بىرەر ئېغىز نۇتقى ئۈچۈن، يەنە قايسى بىر ئۇيغۇر باشقارما باشلىقىنىڭ قايسى بىر ئۇيغۇر بالىسىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشىدەك 'قالتىس جاسارەتلىك ۋىجدانى' ئۈچۈن، ۋە ياكى چەتئەللەردىكى قايسى بىر مەدداھ مۇھاجىر داھىچاقىنىڭ قانداقتۇ بىرەر ئىنتېرنېت- گېزىتكە يېزىپ بەرگەن ماقالىسى ئۈچۈن ئۇلارنى مىللىي قەھرىمان دەپ ماختىشىپ، كەلگۈسىدە ئۇلار ئۈچۈن ھەيكەل قاتۇرۇش پىلانلىرىنى ھېلىتىدىن باشلاپلا تۈزۈشكە كىرىشمەكتە!

مانا بۈگۈن، قاسىممۇ ئەنە شۇ نامسىز قەھرىمان سەبداشلىرىنىڭ يېنىغا كېتىۋاتماقتا ئىدى.

ئۇ، يېرىم ئەسىرگە يەتمىگەن بۇ ھاياتىدا مىللىتى ئۈچۈن زىيانلىق بىرەر ئىش قىلغىنىنى ئەسلىيەلمىسىمۇ، ئەمما شەخسىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا نۇرغۇن قېتىم يېڭىلىپ كەلگەنىدى. گەرچە بۇندىن ئالتى- يەتتى يىل بۇرۇن مىللىتى، ۋەتىنى ئۈچۈن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇنجى قەدىمىنى باسقان بولسىمۇ، بۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ خەلقىنى قۇتقۇزۇشتا قانچىلىك ئەمىلىي رولى بولىدىغانلىقىنى، ياكى قىلغان ئىشلىرىنىڭ خۇدا ئالدىدا توغرا بولۇپ-بولمىغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلەلمىگەنىدى. ئەمما ھېچ بولمىغاندا بۇ ۋەتەننىڭ

قوندۇق ئاغزىدا بىرنەچچە توك قاغا ئايلىنىپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. ...

ۋەتەن ئۈچۈن ئالتە يىل جان تىكىپ مەخپىي جەڭ قىلغان بىر ئۇيغۇر پېدائىيسى ئەنە شۇنداق جىم- جىتلا تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنى ئەندى ھېچكىممۇ قۇتقۇزۇپ قالالمايتتى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن نارازى بولۇشۇپ غەيۋەت- شىكايەت قىلىشقانلارمۇ ئۇنى ئەندى تىللىيالمايتتى. ئۇنى ھېچكىم ئەسلەپمۇ قويمايدۇ. ئۇ ئەقلىنى تاپقىنىدىن باشلاپ ئىنتايىن ئۇلۇغۋار غايىلىرىنى خام خىيال قىلاتتى. ئۈمىدىنى يوقاتقىنىدا تۆيۈق يوللارغىمۇ كىرىپ قالغانىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇنى ئەسلەيدىغانلار، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىدىغانلار، ئۇنى ئىستەپ كېلىدىغانلار ئاز- تولا بار ئىدى. ئۇ ۋەتىنىم، مىللىتىم دەپ ھەرىكەت باشلىغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ قوشۇنىدىكىلەردىن باشقا، ئۇنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ جەرياندا خۇدانى قايتا تونۇشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدىكى پىشقەدەملەردىن گۈلباھار، ئەخلاق جەھەتتىن ئەندىلا تۈزۈلۈش يولىغا كىرىۋاتقىنىدا، تۆت يۇلتۇزلۇق بىر مېھمانخانىغا پارتىلاتقۇچ قويۇپ چىقىمەن دەپ كىرىپ دەھشەتلىك پارتىلاش بىلەن تەڭ ئۆلۈك- تىرىكىمۇ تېپىلماي يوقاپ كەتتى. نەچچە ئونلىغان خىتاي شىركەت باشلىقلىرىنىڭ كۆيۈپ كۈل بولغان ئۇ يىغىن زالىدىن چىقالماي قالدىمۇ نامەلۇم، ئۈچ يىلدىن بېرىسى ئۇ يوق ئىدى.

'يانچۇقچى' _ ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنى شۇ گۈلباھاردىن باشقىسى زادىلا بىلەلمىدى _ ئۇمۇ بىر قېتىم قاسىم بىلەن گۈلباھارغا: 'مەن نەدە، قاچان ۋە قانداق ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. بۇ چاققىچە بىر نەچچە ھېيت نامىزىدىن باشقا نامازمۇ ئۆتەپ باقماپتىمەن. ئەمما سىلەردىن خۇدانى تونىغاندەك بولدۇم. ئەگەر ناۋادا ئۆلۈپ تارتىپ كەتسەم، ئۆلۈكۈمنى ئالالمىساڭلارمۇ، ئاپامنىڭ قەۋرىسى يېنىغا بىر ئىسىمسىز تاش تىكىپ، ئىككىڭلار بىرەر ئىمامنى باشلاپ چىقىپ دۇئا ئوقۇتۇپ نامىزىمنى چۈشۈرۈپ قويساڭلار' دېگەنىدى. ئۇمۇ گۈلباھاردىن ئايرىلىپ قېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر پويىز خىتاي ئەسكىرىنى پارتىلىتىمەن دەپ نەچچە ئونلىغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن تەڭ پارتىلاپ شېھىت بولغانىدى. ئۇنىڭمۇ جەسىدى زادىلا تېپىلمىدى. 'يانچۇقچى' نىڭ

چۈشكە نۇرغۇن كىشىلەر ئىشىنىدىكەنغۇ؟! قاسىمنىڭ ئۆتمۈش ھاياتىمۇ خۇددى شۇنىڭدەك ...

گۈلباھارنىڭ شۇ قېتىمقى مەسىلىكتە ھۆكۈمگىرىپ يىغلاپ كېتىشىدىن كېيىن، قاسىم غۇرۇر، ۋىجدان، ئەدەپ- ئەخلاق، جاسارەت، مىجەز- خۇلق، ئەقىدە، ئېتىقات، ... دېگەندەك چىگىش مەسىلىلەر ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا باشلىغانىدى. بولۇپمۇ شۇنچە جاسارەتلىك گۈلباھارنىڭ ئەخلاقىي بۇزۇلۇشىدىن بەكلا ئىچى سىرىلەتتى. ئۇ، ھەرقانچە باھانە كۆرسەتكىنى بىلەن، گۈلباھار بىلەن تونۇشقىنىدىن بۇيان ئۇنىڭ ئەخلاقىنى تۈزىتىشكە ئەمەس، بۇنىڭ دەل ئەكسىچە تېخىمۇ بۇزۇلۇشىغا ياردەملەشكەندەك ئىشلارنىمۇ قىلغانىدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، يوقۇرىقىدەك چىگىش مەسىلىلەر گۈلباھار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۈچۈنمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم چۈشەنچىلەر ھېساپلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. يەنى، قاسىمنىڭ ئەخلاقىي بۇزۇلۇپ رەسمىي كوچىغا قاراپ قالغاندەك ھالغا يەتمىگەن بولسىمۇ، يېنىلا يېتىپ ئاشقىچە ئەخلاقسىزلىقلارغا پېتىپ قالغانىدى.

ئۇ بەزىدە ئويلىنىپ كېتەتتى: دىنىي ئېتىقاتى كۈچلۈك بولغان بىرسىنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى ساپ بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ھەقتە ئىسلام دىنىنىڭ بەش شەرتىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشقان بوۋىسى بىلەن مومىسىنى تىپىك مىسال قىلىپ كەلتۈرەلىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ بوۋىسى بىلەن مومىسى ھەركۈنى تاڭ ئاتمايلا ئورنىدىن تۇرۇشۇپ تاراھەت ئېلىشىپ جىن چىراق يېنىدا بىرەر پارىدىن قۇرئان ئوقۇپ چىقىشاتتى. ئاندىن ناماز ئۆتىشەتتى. كۈندىلىك ئىشلىرى ھەرقانچە كۆپىيىپ كەتكىنىدىمۇ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا قارشى ھەرىكەتلىرى ھەرقانچە كۈچىيىپ كەتكىنىدىمۇ، بىر ئامالىنى قىلىپ بەش ۋاقىت نامازلىرىنى بىرەر ئارىلىقلاردا بولسىمۇ ئۆتىشىلىشاتتى. يېرىم كېچىدە تۇرۇپ بولسىمۇ بىرەر پارە قۇرئان كېرىمنى ئوقۇشۇلىشاتتى. ھەتتا 'مەدەنىيەت ئىنقىلابى'نىڭ شۇنچە قاراڭغۇلۇق كۈنلىرىدىمۇ بوۋىسى كىچىك قۇرئانى كەرىمنى ۋاراقلىرى بويىچە پارچىلاپ، ماۋزېدۇڭنىڭ تاللانما ئەسەرلىرى ئىچىگە قىستۇرۇشۇلۇپ قوناقلىقلاردا، ئۆستەڭ بويلىرىدا، ھەتتا بىرەر تاشلاندۇق كونا كارىزنىڭ

خىتايلارغا تەۋە ئەمەسلىكىنى، بۇنىڭ ئەكسىچە بۇ زېمىننىڭ ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلارغىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىگە بولسىمۇ قەتئىي ئىشىنەتتى. قاسىم، بۇنچىلىكىگىمۇ رازى ئىدى. ئۇندىن كېيىنكىسى كېيىنكى ياش ئەۋلادلارغا باغلىق ئىشلار ئىدى.

چوڭقۇر ھاڭ تېگىدىن "ئاللاھۇئەكبەر!" دېگەن بىر سادا كەلگەندەك قىلدى. ئەمما يەنىلا ئېنىق بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى.

ھاڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن توڭ قاغىلار كان قۇدۇقى يېنىغا توختىتىپ قويۇلغان بايىقى 'بېيجىڭ' ماركىلىق ھەربى جېپ ماشىنىسىنىڭ ئۈستىنى ئەگىپ ئۇچۇشماقتا ئىدى. ...

ئەندى قاسىمنىڭ ئاخىرقى 5- 6 يىللىق ھاياتىنىڭ ئەسلىمىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ھېچ كىم يوق ئىدى. ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ كاللىسىدا كۆرۈلگەن بىر- بىرىدىن چىگىش مەسىلىلەر ھەققىدىكى پىكىر يۈرگۈزۈشلىرىنى سۆزلەپ بېرەلەيدىغانغىمۇ بىرسى قالمىغانىدى.

قىزىق، قاسىم ئۇز پىكىرلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۇ دۇنياغا تولۇق ئېلىپ كېتەلمىگەن ئىكەن. ئەسلىدىنلا ئۇ دۇنياغا بۇنداق پىكىرلەر ئەسقاتمىسا كېرەك؟! ئۇنىڭ پىكىرلىرى تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسىدەك ياكى ئەتتىرگۈلنىڭ مەزلىك پۇرىغىدەك بۇ ئالەمدە بوشلۇقتا ئېسىلىپ لەيلەپ ئۇچۇپ يۈرگەنىكەن!

قاسىم ئۇ دۇنياغا پەقەت، ۋە پەقەت ئاللاھنى تونۇش روھىنىلا ئېلىپ كېتەلىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ئۆگەنگەن شۇنچە كۆپ نەرسىلىرىدىن قايسىلىرى ئۇ دۇنياغا ئەسقاتاتتى، بۇ ھەقتە قاسىم ھېچنېمە بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئوي- خىياللىرى بۇ دۇنيادا قالغاندەكلا قىلاتتى. ...

بۇ قەلەمگە، بۇ قەلەمنىڭ ئىگىسى _ بىچارە 'قۇمدىكى بوۋاق' قا بۇ ئالەمدە لەيلەپ ئۇچۇپ يۈرگەن قاسىمنىڭ ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرى بارغانسىرى روشەن كۆرۈنۈشكە باشلىماقتا.

قىزىق ئىش، ھېچكىمنى ئىشەندۈرگىلى بولمايدىغان قىزىق ئىش بۇ. ئەمما بىرسىلىرىنىڭ بۇ ئىشقا ئىشەندۈرۈلىشى شەرتمىدى؟! بىرسى كۆرگەن چۈشىنى ھېچكىمگە كۆرسىتىپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەن

قىلمايتتى. ھەتتا ھەر قانداق بىر ئىمام- ئاخۇنۇملارمۇ ئاساسەن ئەنە شۇ تۈرگە مەنسۇپ كىشىلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە خۇداغا ئىشىنىش، مۆمىن مۇسۇلمان بولۇشنىڭ بىردىن- بىر ئۆلچىمى تولۇق ئەخلاقلىق بولۇش، بەش شەرتنى تولۇق ئادا قىلىش ئىدى. بۇنىڭ ئالدىدا ئىلىم- پەن بىلىملىرى، ۋەتەن- مىللەت تەغدىرى، خىتاينىڭ سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىغا قارشى چىقىش دېگەندەكلەر ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى ياكى مۇسۇلمانچىلىققا زىيانلىق خىياللار ھېساپلىنىشى كېرەك ئىدى.

قاسىم، بىر كۈنلىرى خاسىيەت بىلەن دىن توغرىسىدا قىلىشقان گەپلىرىنى قايتىدىن ئەسلەپ قالدى: ئەجەبا بىز ئۇيغۇرلار، ھەتتا مۇسۇلمانلار دۇنياسى راستىنلا قۇرئانى كەرىمنى خاتا چۈشىنىۋېلىپ يۈرمىدۇق- يا؟! قاسىم ئىسلام دىنىغا دائىر ئوقۇغان ھەرخىل كىتاپلىرىنى ئۆزى بىلگەن ئىلىم- پەن نەزەرىيىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، قانچىكى كۆپ ئوقۇسا، شۇنچە تىڭىرقاپ قالاتتى. قانچە كۆپ سېلىشتۇرسا شۇنچە كۆپ ھەيران قالاتتى. ئۇ قانچىكى كۆپ پىكىر يۈرگۈزسە، شۇنچە رۇشەن مەسىلە سەزگەندەك قىلاتتى.

ئاخىرى قاسىم ئۆزىچە خۇلاسە چىقاردى: بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار قۇرئاننى، كائىناتتىكى ھەرخىل تەبىئىي ھادىسىلەرنى ئىنتايىن تۇتۇق بىر كۆزئەينەك بىلەن كۆرۈۋاتقانلىقى مۇقەررەر!

ئۇ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان قۇرئان نۇسخىلىرىنى بىر- ئىككى قېتىم

ئۆڭكۈرلىرىگە كىرىۋېلىپ بولسىمۇ قىرائەت قىلىشنى تاشلىمىغانىدى. ئادەم كېلىپ قالسا ئىسىر يادىلاپ، ئادەم يوق ۋاقىتلاردا قۇرئان يادىلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى قۇرئانى كەرىمنى ياتلاپ بولۇپلا قالماي، شۇنچە قېلىن ماۋزېدۇڭ تاللانمىلىرىدىن ئىككىسىنىمۇ ئاساسەن ياتلاپ بولغان. شۇڭا، مەھەللىسى بويىچىلا ئەمەس، ھەتتا ناھىيە بويىچىمۇ ئەسەر ياتلاشتا نەمۇنىچى بولۇپ شاھادەتنامىغا ئېرىشكەنىكەن. ئۇ يىللىرى بۇ ئىككى قېرى ئۈچۈن ھەپتىدە بىرەر چىشلەم ئاق نان، ئايدا بىرەر توغرام گۆش تېپىلمايدىغان قاتتىقچىلىق بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۇماچ- زاغرىلار بىلەن ئوتتۇز كۈنلۈك روزىسىنى بىر- ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ دېگىدەك تۇتۇشنىمۇ داۋام قىلدۇرالىغانىدى. شۇنچە ئېغىر كۈنلەردە قالغىنىغا قارىماي، بازاردىن ئارىلاپ بىرەر تىلەمچىنى باشلاپ كىرىپ قورسىقىنى تويغۇزاتتى ياكى ئۈچىسىغا بىرەر قۇر كونا بولسىمۇ كىيىم كەيگۈزۈپ يولغا سېلىپ قوياتتى. ھەر ھېيتتا پۈتۈن بالا- چاقا، نەۋرە- كېلىنلىرى نامىدا ۋە يوق دېگىدەك بولسىمۇ 'ماللىرى' ئۈچۈن پىتىر، ھۆشرا- زاكات بېرىشنى ئۇنۇتمايتتى. ئۇلار پەقەت بىرلا شەرت ئۈچۈن ھەسرەتتە قالغانىدى: مەككە مۇكەررەمىگە بېرىپ بىر قېتىم بولسىمۇ ھاجى قىلىۋېلىشنى بىر ئۆمۈر تىلىگەنىدى.

قاسىم، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن بىرەر قېتىممۇ بولمىغۇر تىل- ئاھانەت ئاڭلاپ باقمىدى. ئەخلاقىي جەھەتتىمۇ بىر قېتىممۇ يامان گېپىنى تۇيمىدى. بىرەر قېتىممۇ يالغان گەپ قىلىشقانلىقى ياكى بىرسىنى ئالدىغانلىقىنى ئاڭلىمىغانىدى. ئۇلارنى ھەقىقەتەنمۇ جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن مۇسۇلمانچىلىقنىڭ تىپىك ئۈلگىلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولاتتى.

ئەمما ئۇنىڭ بۇۋىسى بىلەن مومىسى ئاساسەن ساۋاتسىز، بىلىمسىز كىشىلەردىن ئىدى. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان بىلىملىرىدىن زادىلا خەۋىرى يوق كىشىلەردىن ئىدى. خەۋىرى يوقلا ئەمەس، ھەتتا نەۋرىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشىغا زادىلا رازىلىق بېرىشمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ھازىرقىي بىلىم دېمەك، دىنسىزلىك، خۇداسىزلىق، دىنغا قارشى چىقىش دېگەنلىك بولاتتى. شۇڭا ئۇلار بىر ئۆمۈر ئاجىز ۋە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەنلا ياشىغانىدى. ھەقىقىي مۇسۇلمان دەپ تونۇلغان باشقا يۇرتداشلارمۇ ئاساسەن ئۇلاردىن كۆپ پەرق

ئوقۇش جەريانىدا، بۇخىل مودىلاشقان ئىسلام قاراشلىرىنىڭ قۇرئانغا قانداقتۇر بىر يەرلىرىدە ئۇيغۇن كەلمەي قېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. كېيىن ئۇ خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داڭلىق پروفېسسورلىرى ۋە باشقا داڭلىق ئىسلام ئالىملىرىنىڭ يازغان ئىسلام تارىخى، ئىسلام پەلسەپە تارىخى، بەزى ھەدىسلەر ۋە قۇرئان تەپسىرلىرى قاتارىدىكى كىتابلارنى تاپالىغىنىچە تېپىپ ئوقۇپ باقتى. ئۇلاردىمۇ ئاساسەن ئورتاق بىر قاراشقا كېلىشكە مەجبۇر بولماقتا ئىدى. بولۇپمۇ ئىسلام پەلسەپەسىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرى دەپ ھېساپلاشقا بولىدىغان ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيە — تەسەۋۋۇف بايانلىرى ئۇنى بەكلا تېڭىرقاتقانىدى. "ياق، بىزدە پىرىنسىپال بىر خاتالىق بار. بۇ خاتالىق زادى نەدە؟! قاسىم بۇ جەھەتتە بۇرۇنمۇ كۆپ قېتىم باش قاتۇرۇپ بېقىپ، ئاخىرى تۇيۇق يولغا ياكى قورقۇنۇشلۇق خۇلاسىلارغا باشلاپ كېتىدىغان پىكىر قىلىش دەرىجىسىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن، قورقۇپ بۇ خىياللىرى ئورنىغا ئۆزىنى گۇناھ ئىچىگە تاشلىۋېتىشنى تاللاپ ئالاتتى. ئەمما بۈگۈن ئۇ، بۇ پىكىرىنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ بېقىشقا ئىرادە باغلىغانىدى. خاتا كەتسە خۇدايىم كەچۈرەر دەپ، پىكىر يۈرگۈزۈشكە كىرىشتى.

ئۇنىڭ ئوقۇغان- بىلگەنلىرىدىن قارىغاندا، ئىسلام دۇنياسى يەتتىنچى ئەسىر قاراڭغۇلۇقلىرىدىن تۇيۇقسىز ئويغىنىپ، ئونىنچى ئەسىرگە كەلگىچە دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار يېتەكچىلىرى ھالىغا كېلىپ بولغانىدى. شۇندىن كېيىن، گەرچە تېپىك ئىلمىي يۈكسىلىش مەيدانىغا كەلمىگەندەك قىلسىمۇ، تا ئون يەتتىنچى ئەسىرلەرگە كەلگىچە بۇرۇنقى ئۈستۈنلۈك ئورنىنى ئاساسەن يوقاتماي كېلەلىگەنىكەن. يەنى، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ ياراتقان كائىناتنى تونۇش ئۇسۇلىنىڭ يېپ- يېڭى بىر يولىغا كىرىش بوسۇغۇسىغا كېلىپ قالغان ئون بىرىنچى ئەسىرلەردىن باشلاپ تا ئون يەتتىنچى ئەسىرلەرگە كەلگىچە بۇخىل تۈپكى بۇرۇلۇش يولىغا قەدەم قويۇشنى قوبۇل قىلماي بىر ئىزدا توختاپ تۇرىۋالغان دېيىش مۇمكىن ئىدى. ئەمما، خىرىستىيانلار دۇنياسى ئېغىر ئەقىدە كىرىزىسىگە كىرىپ قالغان ئون بىرىنچى ئەسىرلەردىن باشلاپ، بىرقىسىم ئەقىل ئىگىلىرى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغاندەك. بولۇپمۇ ئەندۈلۈسنى مۇسۇلمانلار قولىدىن تارتىپ ئالغان ياۋروپالىقلار ئارىسىدىكى دىندىن گۇمان قىلىشقا باشلىغان ئالىملار، ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىلىم- پەن تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى چېكى بولغان، شۇنىڭدەك بۇ تەتقىقات ئۇسۇلىدىن گۇمانلىنىش ئۇندۇرمىلىرى ئۈتتۈرىغا چىقىش ھارپىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇللىرى بىلەن ئەركىن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمان ئالىملىرىدەك ئۇنداق كەسكىن مۇتەئەسسىپ 'دىنىي

چېقىشقا مەجبۇر بولىشى، بوشناق، كوسوۋا ئالبانلىرى، ئافغان، كەشمىر، چېچەن، ئىراق پاجىئەلىرى، ... ئەلۋەتتە بىزمۇ بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرسى بولماقتىمىز! دېمەك، مۇسۇلمان بولۇشنىڭ مۇدداسى ھەرگىزمۇ يىگانە ئاللاھقا سەجدە قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ يارىتىش قانۇنلىرىنى ئىگەللەش ۋە ئۇنىڭدىن ئەڭ ساۋاپلىق شەكىلدە پايدىلىنىشنى بىلىش.

قاسىم، بۇ ھادىسىلەرنى باشقىلار دەپ يۈرگىنىدەك نوقۇل ھالدا 'مەدەنىي دۇنيا كۈچلىرى' نىڭ زومىگەرلىكى، يەھۇدىيلارنىڭ ھىيلىگەرلىكى ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاق كۆڭۈللىكى تۈپەيلىدىنلا روي بېرىۋاتقانلىقىغا گۇمان قىلىشقا باشلىدى. بۇ ھادىسىلەرنىڭ مەنبەسى، مۇسۇلمانلار ئاڭ- پىكرىدىكى، بولۇپمۇ ئورتاھال تەسەۋۋۇپ نەزەرىيىلىرىدە چىڭ چاپلىشىۋېلىنغىنىدەك تىپىك بىر پرىنسىپال خاتالىقنىڭ، ھېچ بولمىغاندا ئەجەللىك بىر يېتەرسىزلىكنىڭ ئاساسىي سەۋەبچى بولىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنداقتا، ئىسلام چۈشەنچىلىرىدىكى بۇ تىپىك خاتا قاراش ياكى ئەجەللىك يېتەرسىزلىك نېمە؟!

بۇ سوئاللار قاسىم ئۈچۈن بەكلا ئېغىر سوئاللار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىدىن بەكلا ھالقىغان مەسىلىلەر ئىچىگە پېتىپ قالماقتا ئىدى. ئەمما بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مىللىي ئەركىنلىك يولىغا ئاتلىنىشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرغان مەسىلىلەر ئىدى. دەرۋەقە، كلاسسىك ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق تەلىماتىنىڭ كۈچىيىشى نۇرغۇنلىغان يولدىن ئازغان ياشلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش، مىللىي سۆيگۈسىنى ئويغۇتۇش، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ئەنسىرىتىش رولىنى ئويناۋاتقانلىقىمۇ ئىنكار قىلىنماس بىر پاكىت ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، خەلقىمىزنىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئۈچۈپ كېتىۋاتقان مىللىي جاسارىتى قايتىدىن جانلىنىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ مىللەتنىڭ جەۋھىرى ھېساپلىنىشقا تېگىشلىك زىيالىلار قاتلىمىدا دىنىي چۈشەنچىلەردىكى سەلبىي قاتماللىقنى ھەل قىلىشقا پەقەتلا يەتمەي كەلمەكتە ئىدى. بىزنىڭ زىيالى قاتلىمىمىز بىلىم بىلەن دىنىي قاراشلارنى ياراشتۇرالىغىدەك قىلچە ئاساسقا ئېرىشەلمەي، گويا دىنىي ئەقىدىلەرنى يىگانە مىللىي ئۆرپ- ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرسى ياكى ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىمىزنىڭ ئۆلچىمى تارازىسى دەپلا تونۇشقا مەجبۇر بولۇشماقتا ئىدى. شۇنىمۇ ئېنىق ئېيتىش لازىمكى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقات قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىدىن _ ئىسلام ئېتىقاتىدىن ھەرگىزمۇ بوشىشىپ باققان ئەمەس. ھەتتا ماركسىزىم بىلەن ياكى باشقا ھەرقانداق بىر ئەقىدە بىلەن ئۆزىنى بۇلغىۋالغان كىشىلىرىمىز ئارىسىدىمۇ ئۇچۇق- ئاشكارە ئوتتۇرىغا

چەكلىمە' دېگەننى تونۇمىغاچقا، ئىبنى سىنا قاتاردىكىلەرنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى
بەش- ئالتە ئەسىر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۈگۈنكى تەتقىقات ئۇسۇللىرىنىڭ
خاتالىقلىرىنى تونۇشقا باشلاپ ئاران دېگەندە ھازىرقى زامان ئىلىم- پەن تەتقىقاتىغا يۈرۈش
قىلىش ئۇسۇلىنى پەرق قىلىشقا باشلايدۇ. بىر يولىنىڭ خاتالىقى پەرق قىلىنغاندىن
كېيىن، بولۇپمۇ بۇ جەرياندا توغرا تەتقىقات ئۇسۇللىرىنىڭ پەرق قىلىنىشى بىلەن، كونا
خاتالىقلاردىن قۇتۇلۇش قەدىمى بارغانسېرى تېزلىشىپ، ئەسىرلەر بويى ئەقىل
يەتكۈزگىلى بولمايدىغان يېڭى قاراشلار بىرقانچە ئون يىل، ھەتتا بىرقانچە يىل ئىچىدىلا
ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. خىرىستىيان ئەقىدىلىرىدىن گۇمانلانغان بىرقىسىم
ياۋروپالىقلار كوپېرنىك، گالىلې، نيۇتون، دالتون، ئەينىشتېيىن قاتاردىكى
شەخسلەرنىڭ ئاۋانگارتچىلىقىدا ئىسلام دۇنياسى بۇندىن ئون ئەسىر ئاۋۋالدىن باشلاپلا
قىلىشقا تىگىشلىك ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا كىرىشىپ
كېتىدۇ. روشەنكى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەبىئەتنى تونۇش جەريانىمۇ دەل ئىبنى سىنا
دەۋرلىرىدىن باشلاپلا تورغۇنلۇق دەۋرىگە كىرىشكە باشلاپ، ياۋروپالىقلار يېڭىچە تەتقىقات
يولىنى كەشىپ قىلىۋاتقان ئون يەتتىنچى ئەسىرلەردىن باشلاپ تېز سۈرئەتتە كەينىدە
قېلىشقا باشلىدى. يەنى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەبىئەتنى تونۇش ئېڭىنى تا بۈگۈنگىچە
ئىبنى سىنا دەۋرىدە قالغان دېسەك خاتا بولمايدۇ. تەبىئەتنى تونۇش مەسىلىسىنى يىگانە
ئىجتىمائىي تەتقىقات مەسىلىسى دەپلا قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ، ئىنسانلارنىڭ روھى
پائالىيەتلىرىنى يېتەكلەيدىغان ئىنتايىن مۇھىم تەپەككۇر قۇرالى. بۇ قۇرالدىن
ئايرىلغاندا، ئادەم، يىگانە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىلا مۇجمەللىككە پېتىپ قالماي،
باشقا بارلىق ئىنسانىيەت پائالىيەتلىرىدە تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. تۇيۇق يولغا كىرىپ
قالغان بىر ئادەم، ھەر ۋاقىت، ھەممە ئىشتا باشقىلاردىن كەينىدە قېلىشقا، باشقىلارغا
بوزەك بولۇشقا، باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان قۇل بولۇشقا مەھكۇم.
يېڭىچە تەبىئەت كۆز قارىشىغا ئېرىشەلمىگەن ئىسلام دۇنياسى، بۇنداق ئاڭغا بالدۇر
ئېرىشىۋالغان ياۋروپا دىنسىزلىرىدىن ھەر جەھەتتە كەينىدە قېلىشقا باشلاپ، ئون
يەتتىنچى ئەسىردىن باشلاپ تەبىئەتتىن پايدىلىنىشنى بىلەلىگەن دىنسىز
ياۋروپالىقلارنىڭ قۇللىرى، مۇستەملىكىسى، بېقىندىسى ھالىغا چۈشۈشكە باشلىدى
دېسەك خاتا بولمايدۇ. مانا بۈگۈن، مۇسۇلمانلار دۇنياسى ياۋروپالىقلارنىڭ بارمىقىدا
ئوينىتىدىغان ئويۇنچۇق ھالىغا كېلىپ بولغانلىقىنى كىم ئىنكار قىلالايدۇ؟!
مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئۆزىنىڭ بۇ ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى تا بۈگۈنگىچە تونۇپ يېتەلىدى
دېيەلمەيمىز: پەلەستىن مۇسۇلمانلىرىنىڭ تانكىغا قارشى تاش- كېسەك بىلەن قارشى

شارائىتتا ئېرىشتۈرەلىگەنىدى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، "تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى" پەۋقۇلئاددە بىر ئىلگىرلەش ئىدى. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، بۇخىل 'كۆزئەينەك' نى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى ھەممە كىشىنىڭ كۆزىگە ماس كېلىدىغان 'لېنزا' ھالىتىگە يۈكسەلتىپ، ماددىي دۇنيانى تېخىمۇ روشەن كۆرەلەيدىغان پەللىگە ئېلىپ چىقتى. يەنى، ئىسلام ئالىمى 'تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى' نى "ئالخىمىيە" ياكى "سىمىياگەرچىلىك" دېگەن مەخسۇس ئىپتىدائىي ئىلىم تارماقلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ماددىي دۇنيانى كۆزىتىشنىڭ ئىلمىي يولىنى ئېچىپ بەرگەنىدى. بۇ جەھەتتە ئەڭ چوڭ تۆھپە قوشقانلاردىن ئەل رازى، فارابى ۋە ئىبنى سىنالارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ھەتتا ئىبنى سىنا دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ تەلىمات ئاساسىدا بەرپا قىلىنغان 'ئالخىمىيە' دېيىلگەن بۇ ئەڭ مۇكەممەل 'لېنزا كۆزئەينەك' نىڭمۇ رېئاللىقنى چوڭقۇرلاپ كۆرسىتىشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۆتكەن ئۈچ- تۆت ئەسىرلىك ئالخىمىيە تەتقىقاتى ئۆزىنى ئەڭ مۇكەممەل ۋە چېكىگە يەتكەن بىلىم دەپ قاراش بىلەنلا قالماي، ئىسلام دىنى بىلەنمۇ شۇنچە چەمبەرچەس يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنكى، گويا 'ئالخىمىيە تەلىماتلىرى' ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن تەڭ مەنىدىكى ئەقىدىلەر ھالىتىگە كەلتۈرۈۋېتىلگەنىدى. بۇ جەھەتتە ئىسلام پەلسەپەچىلىرىنىڭ ئوينىغان رولى ئالاھىدە ئۈستۈن ئورۇن تۇتاتتى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ تەلىماتنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىش دېمەك، ئىسلامنى ئىنكار قىلىش بىلەن تەڭ مەنىدە بولۇپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولغانىكەن، بۇ تەلىماتقا گۇمان قىلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەسلىدە ئىسلام دۇنياسى تازا روناق تېپىۋاتقان ئونىنچى ئەسىرلەردە ياۋروپالىقلار تېخى ئەندىلا 'ياۋايىلىق' تىن قۇتۇلۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. شۇنداق بىر دەۋردە، بۇرۇنقى ئىسپانىيە _ ئەندۇلۇسنىڭ مۇسۇلمانلار قولىغا ئۆتۈپ، مۇسۇلمان ياۋروپالىقلارنى ئىلىم- پەن سەۋدالىرىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ يەردە 'ئالخىمىيە' تەتقىقاتلىرى كەڭ قانات يېيىپ، ئىلمىي كىتاپلار تۇشمۇ- تۇشتىن ياۋروپاچىقا تەرجىمە قىلىناتتى. يەنى، ئۇ دەۋرلەردە، دۇنيانىڭ مەركىزى مەككە، دۇنيانىڭ ئەينىشتېيىنى فارابى ۋە ئىبنى سىنالار ئىدى.

كېيىن ئەندۇلۇسنىڭ مۇسۇلمانلار قولىدىن كېتىپ قېلىشى بىلەن، مۇسۇلمان بولمىغان ياۋروپالىقلار 'بىلىم' دەپ ئىسپانىيىگە يۈرۈش قىلىشتى. ئىسلام ئەقىدىلىرىنى تونىمايدىغان ياۋروپالىق 'ئالخىمىك' مەستانىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، 'تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى' نىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن گۇمانلىنىشنىڭ قىلچە 'گۇناھى' يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاۋىسىنا تەلىماتلىرىدىكى 'تۆت ئېلېمېنت' تىن گۇمانلىنىش

چىقىپ ئىمام نىكاسىنى، بالىلىرىنىڭ سۈننەت قىلىنىشىنى ياكى ئۆلىرىنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسىملىرىنى رەت قىلىشىدىغان بىرمۇ كىشىنى تاپالمايمىز دېسەك مۇبالىغە قىلىشقان بولمايمىز. يەنى، ئىسلام ئەقىدىسى مەيلى كۈچلۈك بولسۇن ياكى ئاجىز بولسۇن، بارلىق ئۇيغۇر قاتلاملىرى ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بىر تەلپۈنۈش بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ نوقتىدىن ئالغاندىمۇ، بىزنىڭ بۈگۈنكى پاجىئەلىك تەقدىرىمىزنى ئاللاھنىڭ، بىزدىكى ئېتىقات مۇناپىقلىقىدىن رەنجىپ بەرگەن جازاسى دەيدىغان خۇراپىي تەقدىرچىلىكلەرگە ھەرگىزمۇ ماقۇل دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما شۇنىسى بىر ھەقىقەتكى، ئىلىم- پەن بىلەن قانچىكى يېقىنلاشسا، ئۇ كىشى بىزنىڭ موللىلىرىمىزنىڭ تەلىماتلىرىدىن شۇنچە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما قاسىمنىڭ ئۆگەنگەن يۈزەكى تارىخ بىلىملىرىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ نوقۇل ئەخلاقىي كۈچىگىلا ئىگە بولۇپ قالماي، ئەڭ مۇھىمى قۇدرەتلىك پەننىي ۋە ئىجتىمائىي ئىنقىلاپ كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتىپ ئاشماقتا ئىدى. ھال بۈگۈن، ئىنسانىيەت ئالىمى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە قەدەم قويۇشى بىلەن تەڭ، ئىسلام چۈشەنچىلىرىنى بىلىشىمىزدە قانداقتۇ بىر ئەجەللىك يېتەرسىزلىك كۆرۈلگەندەك قىلاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئەجىبا قۇرئان يېتەرسىزلىكىمۇ ياكى بۈگۈنكى زاماندا قۇرئان كەرىم چۈشەنچىلىرىنى ئېنىق بىلمەي قالغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسىمۇ؟!

بۇنداق دېيىش بىلەن، مۇقەررەر ھالدا، ئىسلام كلاسسىك ئالىملىرىنىڭ ھەممىسىلا خاتالاشقانمىدى، دېگەن سوئال ئوتتۇرىغا چىقاتتى.

بۇ نوقتىغا كەلگەندە، قاسىم ئۆگەنگەن تەبىئىي پەن تارىخىي بىلىملىرىنى ئەسلەپ قالدى: ئىپتىدائىي يونان پەن بىلىملىرى ئەينى ۋاقىتتىكى چېكىدىن ئاشقان ياۋايىلىق، توتېمچىلىق دۇنيا قاراشلىرىنى لىڭشىتىپ، ئىنسانىيەتنى رېئال دۇنياغا قايتۇرۇشنىڭ بىرقاتار ئېلېمېنتار ئىلمىي ئاساسلىرىغا ئېرىشتۈرۈشكە يېتەكلەپ بەرگەنىدى. يەنى، دۇنيانى نوقۇل روھانىي قىياپەتتە 'سۇ- كۆچ' چىلەر كۆزى بىلەن قاراشتىن قۇتقۇزۇپ، رېئاللىققا باشلاپ مېڭىشنىڭ تۇنجى ئۇرۇنۇشلىرىدىن بولغان "تۆت ئېلېمېنت تەلىماتى" نىڭ دەسلەپكى ھۇلىنى بەرپا قىلىشقانىدى. بۇ ئۇرۇنۇش، دىنىي قاراشلار ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئۇ دەۋرلەردە گويا ئاتىزىم تۈسىنى ئالغاندەك ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا كۆزى ئېنىق كۆرەلمىگەن ئادەمگە مۇۋاپىق گرادۇسلۇق كۆزئەينەك تاقاپ قويغاندەك رول ئويناپ، ئىنسانلار بۇرۇن كۆزلىرى بىلەن ئىنتايىن تۇتۇق كۆرۈپ يۈرگەن سىھرىلىك دۇنيانى ئاز- تولا ئۇچۇق كۆرەلىگىدەك

ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا قىزىقماسلىق نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ ئېينى ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ ۋەھيسى بولغان قۇرئاننى ئېتىراپ قىلماسلىق بىلەن بىرەر پەرقى بارمۇدۇ؟ ئاللاھ ياراتقان كائىناتنى ئېتىراپ قىلماسلىق، ... قاسىم بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن چۆچۈپ كەتتى! ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى بىلمەيدىغان بىرسى، ئۇنى قېتىقىنىپ ئۆگىنىشنى خالىمايدىغان بىرسى، ئاللاھنى قانداق تونىيالايدۇ؟ روشەنكى، بۇنداق بىرسى تەبىئەتتىكى ئۆز رىسقىدىن پايدىلىنىشنىمۇ تەلەيگە، سۇ- كۆشكە باغلاپ قويۇشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ!

قاسىم مانا ئەندىلا ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى تونۇش ئاچقۇچىنى كۆرگەندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئەندى ئۇ، موللىلىرىمىزنىڭ ئاغزىغا رام بولۇپ كەتكەن 'پېشانىسىگە پۈتۈلگەن، رىسقى كەلمىگەن، تەغدىر- پېشانە، خۇدا بۇيرىمىغان، ...' دېگەندەك سۆزلەرگە ئالدىراپ ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئىبادەت، پەرز، ئەخلاق، جاسارەت، غورۇر، ۋىژدان، ساۋاپ، گۇناھ، رىسق، تەغدىر، دۇئا، بىلىم، تېخنىكا، كەشپىيات، تېنچلىق، جىھاد، مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ... دېگەنلەر ھەققىدىكى بۇرۇنقى باھالارنى قايتىدىن ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك ئۇقۇملار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

ئۇ يەنىلا ھەيران قالاتتى: ئەجەبا بۇنچە مۇقەررەرلىك بولۇپ ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتقان بىر ئىسلام ئەقىدىسىگە دۇنيادىكى ئىككى مىليارتقا يېقىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلى يەتمەي قېلىپ، يالغۇز ئۆزىلا شۇنچە ئەقىللىق بولۇپ كەتكەنمۇدۇ؟!

قاسىم، ئويلاپ بۇ يەرلەرگە كەلگىنىدە قورقۇپ بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى. ئەڭ ياخشىسى، بۇخىل چوڭ ئىشلارنى ھازىرچە ئويلىماسلىق قارارىغا كەلدى. ئەمما ئۇ، ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىگە شەكسىز ئىشەنگەنىدى. ...

ئۇندۇرمىلىرىدىن ئىلھام ئېلىشىپ، كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ بۇ خىيالدىكى 'تۆت ئېلېمېنت' تىن شەكىللەنگەنلىكىدىن گۇمان قىلىشىپ، ياۋروپادا ئىلمىي يۈكسىلىشنىڭ يېڭى بىر دەۋرى ئۈچۈن ھۇل ھازىرلاشقا باشلىدى. دېگەندەك كوپېرنىك، گالىلېي، نيۇتون، دارۋىن، دالتون، ماكسۋېل، مېندېلېيېۋ، ... قاتارىدىكى ھازىرقى زامان ئىلىم- پەنلىرىنىڭ كىلاسسىك بىلىملىرىنىڭ ئاساسچىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە ۋاستىلىق سەۋەبچى بولۇپ بەردى. يەنى، ئۇ دەۋرلەردە 'ئالخىمىيە' ئاساسىدا ئىلمىي تەتقىقاتلار قانات يېيىپ، ئىلىم- پەننىڭ 'ئاددىي لېنزىلىق كۆزئەينەك' بىلەن ماددىي دۇنيانى كۆزىتىش دەۋرى ئورنىغا 'ئوپتىك مىكروسكوپ' نى دەسسىتىپ، تەبىئەتتە مەۋجۇت بولغان ھەرخىل قانۇنىيەتلەرنى تېخىمۇ ئېنىق كۆزىتىشكە باشلىدى. روشەنكى، مىكروسكوپنى كۆزئەينەك بىلەن سېلىشتۇرغاندا مىڭلارچە ھەسسە ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. ياۋروپا ئىلىم- پەن تەتقىقاتىدا ئىسلام ئالىمىدىن مىڭ قەدەم تېز يۈرىدىغان قورالغا ئېرىشكىنىدە، مۇسۇلمانلار 'ئاتومىزم' پۇرىغى چىقىپ تۇرغان دەۋر بولغاچ بۇ يېڭى پەن بىلىملىرىگە پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا مەيدانغا كەلگەن نىسپىيلىك- كۋانت نەزەرىيىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ياۋروپالىقلارنى 'ئىسپېكتېر مىكروسكوپ' بىلەن ماددىي دۇنيانى كۆزىتىش قورالىغا ئېرىشتۈرۈپ، تېخىچە 'ئاددىي كۆزئەينەك' بىلەن يول ئاختۇرۇپ يۈرگەن مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىن مىليونلىغان ھەسسە تېز قەدەم باسالايدىغان قۇراللارغا ئېرىشىپ ئاسماندا ئۇچماقتا ئىدى. مۇسۇلمانلار تا بۈگۈنگىچە شۇ ئاددىي 'كۆزئەينەك' دەۋرىدىكى تەلىماتلار بىلەن ماددىي دۇنيانى، كائىناتنى، ھەتتا قۇرئانى كەرىمنى چۈشىنىدۇرۇشكە تىرىشىپ يۈرگەن موللا- داموللىرىمىزنى ئىمام قىلىشىپ، خەلقىمىزگە نادانلىقنى ئاللاھنىڭ تەلىماتى قىلىپ كۆرسىتىپ ۋەز ئېيتىشلىرىغا ئىشىنىپ يۈرمەكتە.

بىز ئەسلىدە بۈگۈنكى ئىلىم- پەن ـــ 'ئېلېكترون مىكروسكوپ' ـــ كائىناتتىكى ماددىلارنى نېترون- پروتون، ئېلېكترون- فوتون، ... نازۇكلىقىدا، مىليارتلىغان نۇر يىلى بۇرۇنلىرىدا كۆرۈلۈپ بولغان ماددا ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق، بۇ كائىناتنى ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ نېمە دېگەن مۇكەممەل بىر ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئاندىن تونۇپ ئالالايمىز. ئاللاھنىڭ بۇ كائىناتتىكى سانتىمېتىرنىڭ مىليارتلارچە كىچىك ئۆلچىمىدىكى ئەڭ كىچىك زەررىلەردىن تارتىپ، قىياس قىلىنماس چوڭلۇقتىكى ھەردەرىجىلىك يۇلتۇز سىستېمىلىرى گورۇپپىلىرىغىچە بولغان ماددىي دۇنيانى قىلچە قۇسۇر تاپقىلى بولمايدىغان مۇكەممەللىكتە قانۇنىيەتلەر بىلەن، يەنى 'تەغدىر' لەر بىلەن ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى تونۇماسلىق، ئۇنى ئېتىراپ قىلماسلىق،

قەسەم قىلىپ كىرىشكەنتۇق. ۋەتەن ئازاتلىقى، مىللىي مۇستەقىللىقىمىز، قوشۇنىمىزنىڭ مەخپىيەتلىكى ئۈچۈن جېنىم پىدا دەپ قەسەم قىلىشقانتۇق. ئۆلۈپ كەتسەكمۇ ئارمىنىمىز يوقلىقىنى بىلىمەن. شۇنداقتىمۇ يەنىلا قورقىۋاتىمەن. نېمىشقىدۇ سىزنىڭ يېنىڭىزدا كۆپرەك قالغىملا كېلىپ تۇرىدۇ. سىز مېنى راستىنلا چىن قەلبىڭىزدىن ياخشى كۆرسىز، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر مەن سىزدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، سىزدىن تىلەيدىغىنىم، مېنىڭ ئۈچۈن بىر ھەپتە قارىلىق تۇتۇشقا ۋەدە بېرىڭ، بولامدۇ؟" _ قاسىم خاسىيەتكە قاراپ ھەيران بولۇپ تىكىلىپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. "بۇ قىزغا بۈگۈن نېمە بولغاندۇ؟ شۇنچە كېلىشتۈرۈپ ياسىنىپ كېلىپ تۇرۇغلۇق، بۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى نېمىشقا خىيالىغا كەلتۈرىدىغاندۇ؟" دەپ ئويلاپ ئۇنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى. "ھەي ئۇيغۇر ئەرلىرى، ۋەتەننى قوغداش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئەسلىدە سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى مۇقەددەس ۋەزىپە ئەمەسمىدى؟ بۇ بىچارە قىزلارنى بۇ ئىشقا مەجبۇرلايدىغانغا قىلچە ھەققىڭلار يوق ئىدىغۇ؟ بۇ ۋەتەننى سىلەر بالدۇرىراق ھەرىكەت قىلىپ قۇتقۇزۇش جېڭىگە ئاتلانغان بولساڭلار، بۇ قىزلارغا بۇنچە خەتەرلىك ئىشلارنى قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايتتىغۇ؟"

قاسىم ئىچىدىن زارلىنىپ، قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

"گەپ قىلمايسىزغۇ؟ ياكى سىز مېنى ياخشى كۆرمەمسىزيا؟"

"جېنىم خاسىيەت، بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى؟ بۇ گەپلەرنى نەدىن خىيالىڭىزغا كەلتۈردىڭىز؟ _ ئۇ، روسلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ خاسىيەتنى ئۆزىگە قاراتتى. _ ماڭا قاراڭ خاسىيەت، بىز ھەقىقەتەنمۇ چېكىدىن ئاشقان خەتەرلىك ئىشلارغا كىرىشىپ قالدۇق. راس دېگەندەك بىزنىڭ بېشىمىزغا بىرەر پېشكەللىك كېلىپ قالغىدەك بولسا، خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىدىن قارىغاندا، ئۇلار راستىنلا بىزنى قۇتقۇزۇشقا كۈچ چىقىرالمايدۇ. كىم بىلىدۇ تېخى، تېنچلىقىمىزنى بۇزغانلار دېيىشىپ، قەۋرىمىزنى چۇۋۇۋېتىدىغانلارنىمۇ چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ ھەقىچان. ئۇنىمۇ قويۇپ تۇرۇڭ. خاسىيەت، بىز ئۆلمەيمىز. بىز ھەرگىزمۇ ئۆلمەيمىز. ئىشىنىڭ، بىز شېھىت بولىمىز! شېھىتلىك ئۆلۈم ئەمەس. ئۇ، جەننەتنىڭ ئاچقۇچى. بۇ يولغا كېتىۋاتقان بىرسى قارىماققا قىينالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەسلىدە ئۇ قىينالغىنى ئەمەس. بەختلىك مىنۇتلار ئادەمنى كۆلدۈرمەي يىغلىتىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟ ئادەم ھەددىدىن ئارتۇق بەختلىك بولغىنىدا يىغلايدۇ. بىز بەختلىك ئۆلىمىز. بۇنداق ئۆلۈم، ھەرگىزمۇ ئۆلۈم ئەمەس! بىز مەڭگۈ بىرلىكتە بولىمىز، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ."

"بىلىمەن، سىز مېنى ياخشى كۆرسىز، _ خاسىيەت قاسىمنىڭ گېپىگە قولاق

# 15. ئۆزگىرىش

— قېلىنلىق يېرىم دۇنيا دېيىشكەن، ئالغىنە!

— بىر بىچارىنىڭ غۇدۇڭشۇشلىرىدىن

قاسىم يېڭىچە ئىسلام دۇنيا قارىشى جەھەتتە ئۆيلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۆيىگە خاسىيەت كىرىپ كەلدى. بۇ يېقىندا پەۋقۇلئاددە زۆرۈرىيەت ئۈچۈن دەپ قاسىمنىڭ ئۆيى بىلەن گۈلباھارنىڭ ئۆيى ئاچقۇچلىرى كۆپەيتىلىپ، ھەربىر ئەزاغا بىردىن تارقىتىپ بېرىلگەنىدى. شۇڭا، بۇ قېتىم خاسىيەت ئىشىكنى چەكمەيلا ئۆزى ئېچىپ كىرىپ كەلگەنىدى.

خاسىيەت، قايسى بىر يېڭى پىلاننى جىددىي مۇزاكىرە قىلىمىز دېگەننى باھانە قىلىپ كەلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەسلى نىيىتى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يالقۇنلۇق ئاشق ئوتى بىلەن چاقناپ تۇراتتى. بۈگۈنكى ياسىنىشىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، يۈز- كۆزلىرىگە ئالاھىدە ئىنچىكىلىك بىلەن گىرىم قىلغان، چاشلىرىنى ئالاھىدە پارقىرىتىپ كۆپتۈرۈپ تارىغان، ئۇچىسىغىمۇ ئالاھىدە چاپلىشىپ تۇرىدىغان شوخ رەڭلىك كىيىملىرىنى كىيىۋالغان ئىدى. ئۆيگە كىرىپلا نېپىز كۆزلۈك پەلتوسىنى سېلىپ ئېسىپ قويدى. چاشلىرىنى دولقۇنلىتىپ ئۈچۈرۈپ ئۇياق- بۇياققا تاراپ قويدى. قىزنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن قاسىم، خۇددى مومىدەك ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. خاسىيەتنىڭ نېپىز، بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرغان قىزغۇچ مايكىسىدىن ئۇنىڭ جانىۋاردەك چاققان ئىككى كۆكسى تىك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قاسىم ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمىغان ھالدا بېرىپ خاسىيەتنى قۇچاغلاپ باغرىغا باستى. ئۇلار ئىككىسى ئۇزۇندىن- ئۇزۇنغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چاپلىشىپ سۆيۈشتى. خاسىيەتنىڭ لەۋلىرى ئوت بولۇپ يېنىپ تۇراتتى. ئۇ، ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلىرى ئارىسىدىن قايناق چاقناپ تۇرغان شەھۋانە كۆزلىرى بىلەن قاسىمغا تەشنالىق بىلەن تىكىلگەن ھالدا قاراشقا باشلىدى.

"بۈگۈن نېمىشقىدۇ سىزنى بەكلا سېغىنىدىم، بەكلا كۆرگۈم كەلدى. بۇ سەھەردە كۆرگەن چۈشۈمدىن قورقۇپ قالدىم. خۇدايىم ساقلىسۇن. بىز بۇ ئىشلارغا قۇرئان تۇتۇپ

چاقىسىنى ھۆكۈمەت تەمىناتى بىلەن ئوقۇتۇپ بېرىش، ئەمەل، مائاش ئۆستۈرۈش دېگەندەك ھىلىگەرلىك بىلەن بولسىمۇ سېتىۋېلىپ قوشۇنلىرىمىزنىڭ ياكى خەلقىنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كىرىش، شۇ ئارقىلىق پىدائىي قوشۇنلىرىمىزنىڭ ئىچىگە ئادەم كىرگۈزۈش يولىنى ئاختۇرۇشۇپ يۈرۈشكەنلىكى مەلۇم. خىتايلار ئەندى ھە دېگەندىلا شەھەرلەرنى قوراللىق كۈچلىرى بىلەن توشقۇزىۋېتىشىنىڭ ئورنىغا، ئىدارىمۇ- ئىدارە، زاۋۇتمۇ- زاۋۇت، مەھەللىمۇ- مەھەللە بايىقىدەك رەزىللىكلەردىن پايدىلىنىپ يەرلىكلەرنى نوختىلىق نازارەت قىلىشقا ئاتلانماقتا. گەپنىڭ قىسقىسى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئەندى خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئارزۇلىرىنىڭ ئۆتكەن يېرىم ئەسىردىكىدەك ئۇنداق ئېغىزىدا دەپ قويىدىغانلا ئىش ئەمەس، رەسمىي بىر ھەرىكەت ھالىتىگە ئايلىنىپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى دېيىش مۇمكىن. شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى رەسمىي قولغا ئېلىپ ئىلمىي بىر شەكىلدە تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەنلىكى ئۈچۈن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىزنىڭ مەخپىي زەربە بېرىش ھەرىكىتىمىزنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىگە دائىر بەزى قانۇنىيەتلەرنى ھەمدە بىزنىڭمۇ مەخپىي پائالىيەت قىلىشىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بەزى قانۇنىيەتلەرنى بىلىپ قالدى دېيىشكە بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بىزمۇ ھەرىكىتىمىزنى تېخىمۇ پۇختا پىلانلاپ، خىتاي قوغلاش ھەرىكەتلىرىمىزنى ھىسياتقا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئىلمىي ئۇسۇللارغا تايىنىپ پىلانلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، مەخپىي ھەرىكەت دولقۇنىنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش جەھەتتە باش قاتۇرۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك دەپ قارايمەن. — قاسىم چېيىنى ئوتلىغاچ تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى. — ئەمما بۇنىڭغا ئەگىشىپ مەخپىي زەربە بېرىش ھەرىكىتىنىڭ دائىرىسىنىمۇ بۇرۇنقىدەك ئۇنداق بىرنەچچىلا چوڭ شەھەرلىرىمىزگە مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇش ۋەزىيىتىنىمۇ ئۆزگەرتىپ، ئۇششاق ناھىيە- بازارلاردىن تارتىپ بەزى قاتناش تۈگۈنلىرى، كان رايونلىرى، نېفىت رايونلىرى، بىڭتۇەن بازارلىرىغىمۇ كېڭەيتىپ بېرىشنى ئىزچىل ھەرىكەت ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمىز بۈگۈنكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ تۇرماقتا. شۇ ئارقىلىق، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ھەرىكىتىمىزنى نوقۇل ھالدا مۇتلەق مەخپىي يەرئاستى قوشۇن ھەرىكىتى شەكلىدىن تەدرىجى ھالدا قىسمەن مەخپىي ۋە تۇراقسىز بولسىمۇ پارتىزانلىق ھەرىكەت شەكلىگە ئايلاندۇرۇش ئاساسىنى يارىتىش ئۈچۈن غەيرەت قىلىشىمىز مۇمكىن. ئەرۋەقە، بۇنداق پائالىيەتلەر سەۋەبىدىن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بەزى كەنت- مەھەللىرىمىزنى قىرغىن قىلىش، بىراقلا كۆچۈرۈپ تۈزلىۋېتىش ھەرىكەتلىرىگە ئاتلانمايدۇ دېمۇ ئېيتالمايمىز. ئەمما شۇنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، بۇ تۈردىكى پاجىئەلەرنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى، بىرقىسىم

سالماي، ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەنلا بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. — سىز مېنىڭ جېنىم، سىز مېنىڭ ھاياتىم، ..." — قىز بىر نېمىلەر دەپ غۇڭشىغىنىچە ئۇنىڭ باغرىغا تېخىمۇ چىڭ چاپلىشىپ تۇرىۋالدى. قاسىم ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئىچ- ئىچىدىن بېرىلىپ سۆيۈپ كەتتى. ئۇمۇ ھەقىقەتەن سۆيگۈدىن پەۋقۇلئاددە ھوزۇرلىناتتى. سۆيگۈ لەززىتىدىن پۈتۈن غەم- ئەندىشىلىرىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. "ئىنسان سۆيگۈگە نېمە دېگەن ئېھتىياجلىق؟! — قاسىم ئويلايتتى قىزنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، — بۇ بىچارىغا دىنىي ئەخلاقلار ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى سۆزلەپ بېرىش پىلانىنى تۈزىۋاتقانىدىم. ئەندى بۇ قىزغا نېمە دېيىشىم كېرەك؟!" — ئۇلار شۇ ھالىتىدە بىر- بىرىنى چىڭ قۇچاغلىشىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۈن- تىنسىز جىم تۇرۇشتى. خاسىيەتنىڭ خېلى تۈزۈلۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن قاسىم، ئۇنى ئاستا قۇچىقىدىن چۈشۈرۈپ يېتىلگىنىچە سافاغا ئەكىلىپ ئولتارغۇزدى. ئاندىن ئۇنى ئەكىلىتىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ چاي قايناتتىش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيگە كىردى. ئۇ چاي دەملىگەچ، ئەندى ئۇنىڭغا گەپنى نەدىن باشلاش كېرەكلىكى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى. خاسىيەتمۇ بۇ ئارىدا ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ، يۇيۇقسىز قالغان قاچا- قومۇشلارنى يىغاچ بۇ يېقىندا ئىككىسىگە قوشۇنىدىن ۋەزىپە قىلىپ بېرىلگەن يېڭى مىنا لايىھىسى ھەققىدە گەپلەشكەش مېھمانخانىغا چىقىشتى.

"ماڭا قاراڭ خاسىيەت، — قاسىم چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ گەپكە كىرىشتى. — بىز بۈگۈنگە كەلگىچە ئاساسەن ئالغاندا ھەۋەس بىلەنلا ھەرىكەت پىلانلىشىپ كەلمەكتىمىز. مېنىڭچە بولغاندا، بىز بۇندىن كېيىن سەل پىلانلىق، تاكتىكىلىق شەكىلدە ھەرىكەت پىلانلاپ ئىشلەشكە كىرىشسەك دەيمەن. دېمىسىمۇ بۇ ئاي- بۇ كۈنلەردە خىتايلار راستىنلا ھەددىدىن ئارتۇق چېچاڭشىپ كېتىشىۋاتىدۇ. ئەندى ئۇلارنىڭ بۇرۇنقىدەك دىققەتسىزلىكلىرى بارغانسىرى ئازىيىپ بارماقتا. ھەرقانچە چىقىم تارتىشتىن قەتئىي نەزەر، بارلىق ئىچكى مۇداپىيە ئورۇنلىرىنى قايتىدىن رەتكە سېلىشقا باشلاپ، ھە- دېسىلا ۋەھشىلىككە تايىنىپ پىدائىيلىرىمىزنى پاش قىلدۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ياكى خەلقنى باستۇرۇپ قورقۇتۇش بىلەنلا بۇ ئىشلىرىمىزغا چەك قويۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى سەزگەندەك قىلىشتى ئېھتىمالىم، ئۇلار خەلقىمىزنى پۈتۈن كۈچى بىلەن سىستېمىلىق ھالدا نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ، يالغان قوشۇن قۇراشتۇرۇپ بىر- بىرىمىزگە سېلىش، پەۋقۇلئاددە يوقىرى پۇل بېرىش ئارقىلىق قوشۇنلاردىكى مەيدانى ئاجىزلارنى سېتىۋېلىش، ئۇنداقلارغا جىنايىتىنى كەچۈرۈم قىلىپ چەتئەلگە چىقىش پاسپورتى ھەل قىلىپ بېرىش، نوقتىلىق ئالىي مەكتەپلەردە ياكى چەتئەل ئالىي مەكتەپلىرىدە ئۆزىنى، بالا-

ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتاي ئەرلىرى بولۇپ، تەيتەي- لوخەنلىرى بىلەن ئايال-باللار زادىلا كۆرۈنمەيتتى. يەرلىكلەردىن بىرسىمۇ كۆرۈنمىدى. شەھەر ئىچىدىكى ۋەزىيەتمۇ بۇ كۆرۈنگەن مەنزىرىدىن تولا بەك پەرق قىلىپ كەتمەيتتى. شۇڭا، خىتاي پاترۇللىرى يولدىن ئۆتكەن ھەممە ئادەمنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىنى، يانلىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈشەتتى. شەھەر ئىچى رەسمىلا چۆلدەرەپ قالغانىدى. قاسىم كەينىگە بۇرۇلۇپ خاسىيەتكە قارىدى. _ خىتايلارنىڭ نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىۋېتىشى بىزنىڭ ئەركىنرەك يۈرۈشىمىزنىمۇ قاتتىق چەكلەپ تۇرماقتا. پۈتۈن يول ئېغىزلىرى، بارلىق قورا- بىنالار تونۇشتۇرۇش تەكشۈرىدىغان خىتاي پايلاقچىلىرى بىلەن توشۇپ كەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ھەرقايسىمىزنى يوخلاپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى تونۇش-بىلىشلىرىمىزنىڭ بېرىش- كېلىشلىرىنىمۇ بەكلا ئازايتىۋەتتى. گۈلباھارنىڭ ئۆيى بىلەن بۇ ئۆيگە كېلىدىغانلار ئاساسەن بىز تۆتىمىز بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. قورا- بىنالارغا كىرىپ- چىقىشلاردا تىزىملىتىۋاتقانلار ئاساسەن بىزلا بولۇپ قالدۇق. خۇدا ساقلىسۇن، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، بىزدىن بەكلا ئاسان گۇمانلىنىشى مۇمكىن. ..."

"بۇ دېگەنلىرىڭىزدىن يەنىلا بىرنېمە ئۇقالمىدىم. _ خاسىيەت ئورنىدىن تۇرۇپ قاسىمنىڭ يېنىغا كەلدى. _ گېپىڭىزنى ئايلاندۇرماي ئۇدۇللا دەڭا، بۇندىن كېيىن بىز بىر- بىرىمىز بىلەن بىر يەردە ئۇچراشمايلى دېمەكچىمۇسىز؟"

"ياق، مەن دېمەكچىمەنكى، يەنى، ... _ قاسىم گېپىنى تاپالماي تاماكىسىنى بىر تارتىپ قويۇپ گەپكە كىرىشتى. _ دېمەكچىمەنكى، ... بىز تېخىمۇ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىمىز ۋە تېخىمۇ بىخەتەر يۈرەلىشىمىز ئۈچۈن باشقىچە بىر چارە ئويلىشىپ باقساقمىكىن دەيمەن. يەنى، دېمەكچىمەنكى، خىتايلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى ئىگەللەپ، مەخپىي كوچىغا چىقىش، مەخپىي پېيىغا چۈشۈش چارىلىرىنى ئويلىشىپ باقساق، ئاندىن ئۆز بىخەتەرلىكىمىز ئۈچۈن ئۇچرىشىش يەرلىرىمىزنى كۆپەيتىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ باقساق دېمەكچىمەن. قانداق دەيسىز؟"

"كۈزىتىش، پېيىغا چۈشۈش دېگەنلىرىڭىزگە ھازىرچە ئەقلىمگە بىرەر نەرسە كېلىدىغاندەك ئەمەس. _ دېدى خاسىيەت بېرىپ بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېلىپ تۇرۇپ، _ ئەمما ئۇچرىشىش يەرلىرى ھەققىدە دېسىڭىز، مېنىڭ ئۆيۈمدە بۇنداق بىر ئىمكانىيەت يوق دېسەممۇ بولىدۇ. بىزنىڭ يانچۇقچى شوركىنىڭمۇ ئۆيىدە يىغىلىشىمىز ناتايىن، بۇنىڭغىمۇ بىرنېمە ئەقلىمگە كېلىدىغاندەك ئەمەس. سىزنىڭچە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ _ خاسىيەت دەرھال قەلەمدەك قاشلىرىنى تۈرۈپ قاسىمغا باشقىلاتىن تىكىلىپ قارىدى. _ توختاڭ، سىز ئەسلى نېمە دېمەكچى بولىۋاتىسىز؟ 'شەھەر

كىشىلىرىمىزنى جېنىنى تىكىپ دۈشمەن بىلەن بىرگە پارتىلاپ شېھىت بولۇشقا مەجبۇرلاپ، ۋەتەن، مىللەتنى ئۈچۈن جان پىدا قىلالايدىغانلارنىڭمۇ سانىنى خېلى كۆپ ئاشۇرۇۋېتىشى تۇرغانلا گەپ. خۇددى شۇنىڭدەك، بۇ تۈردىكى پاراكەندىچىلىكلەر خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دۆلىتىگە قاراپ قېچىشىغىمۇ تۈرتكە بولۇپ، خىتاي تاجاۋۇزچىلار نوپۇسىنىڭ كامىيىشىغىمۇ ۋاستىلىق سەۋەپ بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر. بۇ نوقتىدىن ئالغاندىمۇ، ھەرىكىتىمىزنىڭ دائىرىسىنى شەھەرلەردىكى قىسىلىپ قېلىشتىن شەھەر ئەتراپى مەخپى زەربە بېرىش ئىختىدارىغا ئىگە ۋاقىتلىق تەشكىللىنىدىغان نىسپى پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ كېڭىيىشى ئۈچۈنمۇ تۈرتكە بولالايدىغان پىلانلارنى كۈن تەرتىپكە قويۇشنى ئويلىنىشنى ئۆزىمىزگە بىر قوشۇمچە ۋەزىپە قىلىش ۋاقتى كەلدى دەپ ھىساپلايمەن."

"دېگەنلىرىڭىزنى تازا دېگەندەك چۈشىنىپ كېتەلمىدىم. _ خاسىيەت قولىدا ئوينىتىپ ئولتۇرغان كەمپۈت قەغىزىنى ئالدىدىكى كۈلدانغا پۇرلەشتۇرۇپ تاشلاپ دېدى، _ دېمەكچى بولغىنىڭىز، بىز ئەندى شەھەرلەردىن چىقىپ شەھەر سىرتىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ھەرىكەت قىلىش ۋاقتىمىزنىڭ كەلگەنلىكىنى دېمەيدىغانسىز ھەرھالدا؟!"

"ئۇنداقمۇ دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەمما كېيىن بۇ جەھەتتە يەنە ئالدىراپ قېلىپ پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان ئىشلار بولمىسۇن دەپ قورقىمەن. يەنە كېلىپ، كەچكىچىلا بۇ تۈردىكى مۇتلەق مەخپى يەرئاستى قوشۇن پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېتىۋەرگىنىمىزدە، خەلقىمىز ئارىسىدا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش ۋەزىيىتى كېلىپ چىقىپ، شۇنچە قۇربانلار بەدىلىگە كەلگەن بۇ پائالىيىتىمىزنىڭ ئاخىرى چىقماي يېرىم يولدا يوقۇلۇپ كېتىشىدىن بەكلە ئەنسىرەيمەن."

"سىزنىڭچە بولغاندا، بۇ جەھەتتە بىز نېمىلەر قىلىشىمىز كېرەك دەپ قارايسىز؟"
_ خاسىيەت يەنە سورىدى.

" بۇ توغرىلىق بۇندىن كېيىن نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە تېخى ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن. دېمەكچى بولغىنىم، بۇ جەھەتتىمۇ ئالدىنئالا تەييارلىنىپ تۇرساق دېمەكچىمەن. يەنى، ... ياكى بولمىسا، ... _ قاسىم تاماكىسىنى چەككەش ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ سىرتقا قارىدى. بىرزامانلاردا ھەرخىل يايمىچىلار بىلەن تولۇپ كېتىدىغان بۇ يان كوچىدا ئادەم بەكلا شالاڭ بولۇپ، ئۇياق-بۇياققا كېتىۋاتقانلار ئاساسەن قۇراللىق كوچا پاتروللىرى بىلەن قۇراللىق پايلاقچىلارلا دېگۈدەك ئىدى. ئارىلاپ ئۆتۈپ قالىدىغان پۇخرالار كۆزگە چېلىقىدىغاندەك قىلسىمۇ،

ئۇلار ئىككىسى تەڭلا ئاشخانىغا كىرىپ تاماققا تۇتۇش قىلىشقا ماڭدى.

"گۇلدۇۇۇر!!!"

چوڭ يول تەرەپتىن ئادەمنى چۆچۈتكىدەك قاتتىق پارتىلاش ئاۋازى كېلىپ، بىنالار تىترەپ تەۋرىنىپ كەتتى! قاسىم بىلەن خاسىيەتنىڭ يۈرەكلىرى ئاغزىغا كەپلەشكىدەك بولۇپ، بىر- بىرىگە چاپلىشىپ قالدى. ئۇلار سەل ھوشىغا كېلىپ يۈگۈرۈشكىنىچە مېھمانخانا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە بېرىپ سىرتقا قاراشتى. چوڭ كوچا بويىدىكى ئالتە قەۋەتلىك ساقچى بىناسىنىڭ بىر يېنى توپا- چاڭ توزۇتۇپ يەرگە كۆمۈلمەكتە ئىكەن! چوڭ كوچىغا تۇتىشىدىغان يان يولدا چوڭ كوچىدىن قېچىپ كېلىشىۋاتقانلار، بىرمۇنچە قوراللىق خىتايلارنىڭ چوڭ كوچىغا قاراپ يۈگۈرۈشىپ كېتىۋاتقان پات- پاراخشىغان مەنزىرە ئىككىسىنى ھەيران قالدۇردى. ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىنانىڭ قالغان قىسمىدىن قويۇق ئىس- تۈمان كۆتۈرۈلمەكتە، چوڭ كوچا بىردەمدىلا ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشلىرى بىلەن تولۇپ، كەينىدىنلا چىقىرىشىپ كەلگەن پاژارنىڭ، ساقچى ماشىنىلىرى ۋە قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرىنىڭ چىقارغان ئاۋازلىرى بىلەن ئارىلىشىپ قىييا- چىييا بولۇپ كەتتى.

قاسىم بىلەن خاسىيەت، كوچىدا نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي بىردەم تىكىرقىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، دېرىزىنىڭ ئالدىدىن قايتىپ بىر- بىرسىگە ئەنسىرىگەن ھالدا قاراشتى:

"ھەرھالدا سومكىمىزدا گۇمان پەيدا قىلغىدەك بىرەر نەرسىغۇ يوقتۇ- ھە؟!" _ سورىدى قاسىم.

"ياق، بۈگۈن سومكامدا قورۇق چۆپتىن باشقا بىرنېمە يوق ئىدى. ئۆيىمىزدە ئۇنداق نەرسىلەردىن قالمىغاندۇ؟!" _ خاسىيەتمۇ ئەنسىرەپ قاسىمدىن سورىدى.

"مەنمۇ تېخى تۈنۈگۈنلا بۆرۈك سائەت پارچىلىرى، دورا- پىستان قالدۇقلىرى، تەشۋىقات ۋاراق نۇسخىلىرى قاتارىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئەخلەت ماشىنىسىغا تاشلىۋەتكەنىدىم. كۆڭلۈم تۇيغاندەكلا بىر ئىش بولدى بۇ- دەڭا."

ئۇلار ئىككىسى سەل تۇرۇۋشقاندىن كېيىن قايتا ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ تاماققا تۇتۇش قىلىشتى.

خاسىيەت تاماقنى ئىككى تەخسىگە ئۇسۇپ ئەندىلا مېھمانخانىغا كىرىپ تۇرۇۋىدى، زالدىن دوكۇرلىغان نۇرغۇن ئاياق تاۋۇشلىرى كېلىشكە باشلىدى. بەزى ئاياق تاۋۇشلىرى پەلەمپەيدىن يۇقىرى قەۋەتلەرگە چىقىپ كېتىۋاتاتتى. زالدىن كەينى- كەينىدىن ئىشىك ئۇرۇلغان ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. بەزى ئىشىكلەر غىچىرلاپ

ئىچىدىكى مەخپىي پائالىيەت شارائىتلىرى تۈگىدى، ئەندى بۇ ئىشلارنى شەھەر سىرتىدىكىلەر داۋاملاشتۇرسۇن؛ دۈشمەن رازۋېتكىسى بەكلا چىڭقىپ كەتتى، شۇڭا بىزمۇ ئەندى ئاستا جىمىپ قالايلى' دېمەيدىغانسىز ھەرھالدا؟!"

"ياق- ياق، دىگەنلىرىمدىن نېمىلەرنى چىقىرىپ يۈرىسىز، بۇ دېگەنلىرىم مېنىڭ ئويلىرىم. تېخى بۇ ھەقتە بىرەر چارە ئويلىغىنىدەك بولالمىدىم. دېمەكچىمەنكى، قالغان ئىككىسىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بىزنىڭمۇ قىلىشىمىز شەرت بولىشىنى ئويلىساق، ئۆزەمنى بەكلا خىجىللىق ھىس قىلىمەن. راستىنلا بىز ئۇ ئىككىسىگە بەكلا يۆلىنىۋالدۇق. ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشلارنى بىز ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالماس ئىدۇق. ئەمما ئۇلار ئىككىسى بىزنىڭ ئەقلىمىزگە كەلمىگەن، ھەتتا بىز زادىلا قىلغىلى بولمايدۇ دەپ قارايدىغان ئىشلارنى پىلانلىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلمەكتە. شۇڭا، بىز ئىككىمىزمۇ بۇنداق پاسسىپ بولۇپ ئۇلارغا يۆلىنىۋالماي، يىغىلىشىمىزغا بىزمۇ بىرەر ئەپلىك پىلان- مەسلىھەتلەرنى كۆتۈرۈپ بارالىساق دەيمەن. مېنىڭدە ھەرىكەتنى يېرىم يولدا تاشلىۋېتىدىغان خىيال ھەرگىزمۇ يوق. مەن قولۇمدىن ئىش كەلمىگەنلىكىدىنلا جىملى بولۇپ يۈرمەكتىمەن."

"مۇنداق دېمەمسىز، مەن تېخى ... _ خاسىيەتنىڭ يۈزىگە قايتىدىن تەبەسسۇم پەيدا بولماقتا ئىدى. _ ھە، مەيلى، باياتىدىن دېگەنلىرىڭىزنىڭمۇ بىرەر ياخشى مەسلىھەت بولۇپ قېلىشى ئەجەپ ئەمەس. قېنى ئۇلار بىلەن يىغىلىشتا مەسلىھەت قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ ... راستىنى دېسەم، مەنمۇ دەل سىزدەك ئويلارغا كېلىپ ئۆزەمدىن رەنجىپ قالاتتىم. بىز ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارغا بەكلا يۆلىنىۋالدۇق. ..." _ ئۇلار ئىككىسى ئۇدۇلىغا قاراشقىنىچە ئۇزۇنغىچە گەپ- سۆز قىلىشماي جىمىپ كېتىشتى.

"بولمىسا مۇنداق قىلايلى، بىز ئىككىمىزدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ بارىدىغانغا تۈزۈكرەك بىرەر ئىشىمىز بولمىغاندىن كېيىن، ئاۋۋال بۇ ئىشلار ئۈستىدە ئىككىمىز بىرمەزگىل چارە ئىزدەپ باقايلى. پەقەت بىرنېمە چىقىرالمىغىدەك بولساق ئاندىن ئۇلارغا مەسلىھەت قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز، ماقۇلمۇ؟!" _ قاسىم بېرىپ خاسىيەتنىڭ ئىڭىكىنى نوقۇپ ئەركىلىتىپ قويدى.

"ھە راس، قورسىقىڭىز قانداغىراق؟! مەن بىرنەچچە قاپ ئىسىل تەييار چۆپ تاپقاچ كەلگەنىدىم. ئازىراق قوۋۇرما قورۇپ چۆپ سېلىپ بېرەيمۇ؟!" _ دېگىنىچە خاسىيەت قاسىمنىڭ يېنىدىن ئۇزاقلاشتى. بۇ گەپ قاسىمغا دورىدەك ياقتى:

"ئەقلىڭىزگە ئاپىرىن، مەنمۇ نېمە قىلىپ يېسەك ياخشى بولاركىن دەپ غەمدە قالغانىدىم."

"بۇ نويۇس ئەپتىرىدە بىرلا كىشىنىڭ تىزىمى تۇرىدۇ. بۇ ئايال نېمەڭ بولىدۇ؟"

"ئۇ مېنىڭ ئوبېكتىۋىم. يېقىندا توي قىلماقچىمىز. ..." ـ بۇ گەپتىن خاسىيەت خۇشاللىغىدىن قاسىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ قويدى. ساقچى ئىككىسىگە قاراپ قويۇپ دېدى:

"بولدى ئەندى، باشقا ئۆيلەرگە كەتتۇق!"

ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقانلارغا قاراپ قولىدىكى كىتابلارنى تاشلىغىسى كەلمىگەن ياش خىتاي ئەسكىرى ئىلاجىسىز كۆزى كىتابلاردا، قاسىم بىلەن خاسىيەتكە ۋەھشىلەرچە ھۆمىيىپ قويۇپ ئۆيدىن زورلىغاندەك ئاران چىقىپ كەتتى.

"ئۇف ف ف!" دەپ چوڭقۇر بىرنى تېنىۋالغان خاسىيەت، قاسىمغا قاراپ دېدى:

"ھېلىقى ياش خىتاي ھەجەپمۇ بۇدۇشقاق بىرنېمىكەنغۇ! پۈتاق چىقىرىمەنلا دەپ قاپتۇ كاپىر. ئىسىت، تامغىمىزنىمۇ سوۋغىتىۋېتىشتى بۇ خىتايلار! بۇنى ئەندى قانداق يەرمىز؟"

"ئاسان گەپ. ھەممىنى يىغىپ يوگەپلا قوۋرۇما چۆپ قىلايلى. تەييار چۆپ قوۋرىمىسى قانداق بولىدىكىن تېتىپ باقمايمىزمۇ،" ـ دېدى قاسىم. خاسىيەت تەخسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ...

تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئىككىسى تېلېۋىزورمۇ كۆرمەي كىرىپ بالدۇرلا يېتىۋېلىشتى. ...

"ماڭا قاراڭ خاسىيەت، ـ دېدى قاسىم قاراڭغۇلۇقتا يوتقاندىن بەدىنىنى يېرىم چىقىرىپ تۇرۇپ، ـ بۇ بىر ھەپتىدىن بۇيان كاللامغا بىر خىيال كىرىۋېلىپ مېنى ئارامىدا قويمايۋاتىدۇ. ئىككىمىز رەسمىي توي قىلىۋالساق قانداق؟ بۇنداق كېتىۋەرسەك سىزگىمۇ، رەھمەتلىك يولدىشىڭىزغىمۇ ياخشى بولمايدىغاندەك، بولۇپمۇ بۇنداق يۈرۈۋېرىشكە ۋىجدانىم چىدىمىدى. قانداق قارايسىز؟ ـ قاسىم ئۈچىسىغا بىر كىرلىكنى ئوراپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ يېنىدىكى تومپۇچكا ئۈستىنى سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ تاماكىسىنى ئېلىپ بىرتال تۇتاشتۇردى. چاخماق چېقىشى بىلەن تەڭ، خاسىيەت دەرھال بېشىنى يوتقانغا پۈركىۋالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقماقتا ئىدى. ـ ئاڭلاۋاتامسىز گېپىمنى؟"

"ھە. ... ـ دەپ ئارانلا دېدى خاسىيەت. بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازى يوتقان ئىچىدىن ئاڭلاندى. سىز مەن بىلەن ئەخلاق ئۈچۈنلا توي قىلىۋالاي دەمسىز؟"

"ئاخماق قىزبالا! ... ياخشى كۆرمىسەم سىزنى ئۆيۈمگىمۇ كىرگۈزمەسمەن؟ ئەمما بۈگۈنكىدەك ۋاقىتلاردا ترخىمۇ بىخەتەر بولاتتى. قارىمامسىز ھېلىقى خىتاينىڭ

ئېچىلغان، يەنە بەزى قەۋەتلەردە ۋارقىراشقان ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. نۆۋەت قاسىمنىڭ ئۆيىگىمۇ كېلىشتى. قاسىم تامىغىنى قويۇپ، بېرىپ ئىشىگىنى ئاچتى. رەسمىي قوراللانغان تۆت- بەش خىتاي ساقچى- ئەسكەرلەر گۈلدۈرلىشىپ ئۆيگە باستۇرغاندەك كىرىپ كېلىشتى. غىچ- غاچ چىقىرىشىدىغان ئېلېكترونلۇق تەكشۈرۈش ئەسۋاپلىرى بىلەن ئىشكاپ- ساپالارنىڭ ئىچى- تېشىنى، ئاستى- ئۈستىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلاردىن بىرسى گارىدوروپ ئىشكاپتا لىق تىزىلغان كىتاپلارغا ئىنچىكىلىك بىلەن قارايتتى. ئارىلاپ بەزى كىتاپلارنى ئېلىپ دەستىخان ئۈستىگە تىزىشقا باشلىدى.

بۇ ئارىدا ياشانغانىراق بىر ساقچى خاسىيەت بىلەن قاسىمنىڭ تونۇشتۇرۇش- كېنىشكىلىرىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئارىلاپ ئىككىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ قوياتتى. ھېلىمۇ ياخشى، قاسىم ئۆتكەن ھەپتىدە ھېلىقى 'ئىزچى مەن' نىڭ ئىككى كىتاۋىنى ئىدارىسىغا ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قويغانىكەن. كىتاپ ئىشكاپلىرىدا بىر قۇرئانى كەرىم بىلەن بىرنەچچە كىلاسسىك چەتئەل رومانلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، بىرنەچچە ئۇيغۇرچە ژورناللىدىن باشقا كىتاپلارنىڭ ھەممىسىلا خىتايچە كىتاپلار ئىدى. كىتاپلارغا قاراۋاتقان خىتاي ئەسكىرى ئۇيغۇرچە كىتاپلار بىلەن بىرقاتاردا بىرمۇنچە خىتايچە پىسخولوگىيە- سوتسىيالوگىيە كىتاپلىرىنىمۇ يىغىپ جوزىنى تولدۇرۇۋەتكەنىدى.

"سەن نېمە قىلىۋاتىسەن ئۇيەردە؟" _ قولىدىكى قەغەزلەردىن بېشىنى كۆتەرگەن ياشانغان ساقچى كىتاپلار بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئەسكەرگە قارىدى.

"بۇ يەردە بىرمۇنچە گۇمانلىق كىتاپلار بار ئىكەن. _ دېدى ھېلىقى ئەسكەر ساقچىغا قاراپ، _ بۇلارنى ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ بېقىش كېرەك دەيمەن."

"ئۇ كىتاپلارنىڭ بېسىلغان يەرلىرى ئېنىقمىكەن؟"

ئالدىراش كىتاپلارنىڭ كەينىگە قاراشقا باشلىغان ياش خىتاي، بىر- بىرلەپ ئوقۇشقا كىرىشتى:

"بېيجىڭ، تيەنجىن، ئۈرۈمچى، ..."

"بولدى قوي، تەكشۈرۈيدىغان ئۆيلىرىمىز تېخى جىق، بۇ كىتاپلار بىلەن ھەپىلىشىدىغانغا ۋاقتىمىز يوق! _ ئاشخانا- ياتاق ئۆيلەرنى ئاختۇرىۋاتقان ئەسكەرلەرگە ۋارقىرىدى، _ گۇمانلىق بىرەر نېمە ئۇچرىدىمۇ؟" _ ئەسكەرلەر مېھمانخانىغا يىغىلىشىپ، بىر نېمە يوقلىغىنى بىلدۈرۈشتى.

"ئەمما بۇ كىتاپلارنىڭ ئىچىگە بىرمۇنچە ياۋايىچە يېزىقتا بىرنېمىلەرنى يېزىپ كېتىپتۇ، ..." _ ياش خىتاي ئەسكىرى، قېرى ساقچىغا قاراپ دېگى نارازى بولغان ھالدا.

قېرى ساقچى ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماستىن قاسىمغا قارىدى:

ئويلىماسلىقى، سىزنىڭ قايسى كۈنلىرى دېگەنلىرىڭىزدىكى مۇسۇلمانلىق قارىشىنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلاندۇرۇپ قويىدۇ."

"سىز قۇرئاننى ئەستايىدىل ئوقۇپ باقتىڭىزمۇ؟! — قاسىم سورىدى قاراڭغۇدا. — ئۇيغۇرچىسى بولسىمۇ مەيلى."

"ئەستايىدىل ئوقۇپىقۇ باقمىدىم. ئەمما شۇ بالا تەككەن يىللاردا يولدىشىمغا ئاتاپ بىرنەچچە پارە ئوقۇغانىدىم. ئوقۇشنىغۇ ئوقۇدۇم. ئەمما مەنىمۇ بىلگەن- ئاڭلىغان دىنىي قاراشلىرىمغا قۇرئان تەلىماتلىرىنىڭ دېگەندەك ماس كەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك قىلدىم."

"قۇرئاندىن ئوقۇپ بىلگەنلىرىڭىز مولللارىڭىزدىن توغرا بولىشى چوقۇم. مولللىرىمىز قۇرئاننى ئەرەبچە ئوقۇشنى بىلگىنى بىلەن، باشقىلارغا بىلدۈرگىنىدە ئۇيغۇرچە مەنىسىنى دېيىشىدىكەنغۇ؟! ئۇلارنىڭ دېگىنى توغرا بولۇپ، مەھەممەت سالىنىڭ تەرجىمە قىلغىنى خاتا بولامدىكەن؟! بىزنىڭ مولللىرىمىزنىڭ دېگەنلىرى قۇرئان چۈشەنچىلىرى ئەمەس، ئۇلار قۇرئاندىن چۈشەنگەنلىرىنى بىزگە سۆزلىمەمدىكەن؟! ئەلىپپەدىن باشقا ساۋادى بولمىغان ئۇنداق مولللار كائىناتنى ياراتقان ئاللاھنى قانداق ئۇقتۇرالىسۇن! ئۆزىڭىز ئوقۇپ ئۆگىنىڭ. ئەڭ توغرىسى شۇ!"

"تازا بولمىغان ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويىدىكەنسىز!" — خاسىيەت قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ كېيىملىرىنى سىلاشتۇرۇپ تېپىپ كېيىشكە باشلىدى. ئاندىن چىقىپ مونچىغا كىرىپ كەتتى.

"ئۇنچە ھۆلۇقۇپ كەتمەڭ. مەن سىزنى ھازىرلا نىكا قىلىشقا ئاپىرىمەن دەپ زورلىمىدىمغۇ!"

ئىككىسى يۇيۇنۇپ تازىلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى. ئەندى ئۇلار نېمە ئۈچۈندۇ بىر- بىرسىدىن يىراقلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

"بۈگۈنچە ئىككىمىزنىڭ بۇ ئىشنى قويۇپ تۇرايلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇنىمىزدىكىلەرنىڭمۇ بۇ ھەقتىكى قارارىنى ئالمىساق بولماس ھەقچان. — دېدى قاسىم. — مەن ئاساسەن گۈلباھارغا بەكلا ئىچىم ئاغرىيدۇ. بىر ئوبدانلا ئائىلىنىڭ بالىسى ئىكەندۇق، قانداقلارچە بۇنداق كوچىغا چىقىپ كەتكەن بولغىيدىكىن؟! ھېلىمۇ ياخشى بۇ ھەرىكەت ئېسىگە كەلگەنىكەن. بولمىسا يەنە نېمە بولۇپ كېتەرىدىكىن؟! سىزمۇ دىققەت قىلغانسىز، يېڭى تونۇشقان ۋاقىتلىرىمىزغا قارىغاندا خېلىلا ئۆزگىشىپ قېلىۋاتىدۇ. ئۆتكەندە مەس بولۇپ يىغلىۋالغىنىدىن كېيىن بىزنىڭكىگە كەلگىنىدە ھاراقنى ئىچمەس بولدى. ئۇيىگە بارغىنىمىزدىمۇ 'يانچۇقچى' بىلەن بۇرۇنقىدەك ئىچىپ

گېجىگىلىغىنى، پۇتاق چىقىرىشقا ئارانلا تۇردى. ... مېنى ئويلاندۇرۇپ قويغىنى، بۇ ئىشلارلا ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، دىنىي جەھەتتىنمۇ بۇنداق يۈرۈۋەرسەك، ... يامان بولىدۇ دەپ ئويلايمەن." _ قاسىم تاماكىسىنى ئۆچۈرۈپ، قىزنى باغرىغا باستى.

"سىزنىڭ بېشىڭىزغا بىرەر ئىش كەلمىسۇن دەپ بەكلا ئەنسىرەيمەن. _ دېدى خاسىيەت قاسىمغا چىڭ يېپىشىپ تۇرۇپ. _ سىزدىن ئايرىلىپ قالسام زادىلا چىدىمايمەن."

"ياق، سىز ئەمەس، ئەگەر مەن سىزدىن ئايرىلىپ قالسام زادىلا چىدىماسمەن؟! _ قاسىم يانچە يېتىپ قىزنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى. _ بىز ئىككىمىزلا ئوخشاش، ئىككىمىزنىڭلا بېشىمىز قولتۇقىمىزدا. ئۇنداق كۆڭۈلەرنى ئويلىساق، ۋەتەن سۆيۈشكە چەكلىمە قويۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇنچە نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن: ئۆي تۇتۇپ پەرزەنتلىرىنى تۈزۈك بېقىپ ئاسراشنى بىلمىگەن ئادەمدىن ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەن ئىش قولىدىن كەلمەيدۇ دېيىشىپ، ۋەتەن سۆيۈشكە چەكلىمە قويۇپ يۈرگىنىمۇ يېتەر. خەق نېمە دېسە دېسۇن، بىز ھازىر رەسمىي مىللىي ئازاتلىق جەڭچىسى ھېساپلىنىمىز. ئەگەر بىز نىكا قىلىۋالساق، شېھىتلىككە تېخىمۇ يېقىنلىشالايمىز دەپ قارايمەن. ساق قالساقمۇ غازىلىققا شەرتىمىز توشقان بولىدۇ."

"سىز بۇ يېقىندا بارغانسىرى موللا بولۇپ كېتىۋاتىسىز جۇمۇ! _ خاسىيەت ئەركىلەپ قاسىمغا يېپىشتى. _ مەن سىزنى يېڭى تونۇغىنىمدا ھاراقتىن باش كۆتۈرەلمىگەن بىرسى ئىدىڭىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە رەسمىي بىر ئىنجېنېرنىڭ بۇنچە تەقۋادارلىشىش يولىغا كېتىۋېتىشىنى ..."

"ھە؟! ئىنجېنېرلار خۇداغا ئىشىنەلمەسمىدى؟! ياكى سىزمۇ دىنغا ئىشەنمەمسىزيا؟!"

"مەنمۇ ئىشىنىمەن. ... _ خاسىيەت سەل تۇرۇۋالدى. ۋۇجۇدىنى ئاستا- ئاستا قاسىمدىن قاچۇرۇشقا تىرىشتى. _ بۇرۇنقى دىنىي قارىشىم بەكلا تۇتۇق ئىدى. ئۆتكەندە سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزدىن ئىسلام دىنىنىڭمۇ ئۇنچىلىك نادان ئېتىقات ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئەمما سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە بولغاندىمۇ بۇ قىلىپ يۈرگەنلىرىمىز راستىنلا گۇنا بولىدىكەن. بۇرۇن مەن چېچىمنى كېسىۋېلىپ يالاڭپاچاق يۈرۈشۈم، شوخ ياسىنىپ يۈرۈشۈم، گىرىملىرىمنىڭ ھەممىسىنى گۇناھ ئىشلار دەپ قارايتتىم. ھەتتا بىزدە نېمە ئۈچۈن بۇنچە چىرايلىق يارىتىلغاندىمەن دەپ ئويلاپمۇ كېتەتتىم. ئەندى ئويلىسام، ھەقىقىي ئىنسانغا خاس تۇرمۇشنىڭ مۇسۇلمانلىقنىڭ بىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى تونىدىم. شۇنداقتىمۇ، شۇنچە كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنداق

ھەرىككىسىلا ھەسرەپ كەتكەندى.

ھە، ... بېشىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان بۇ بىچارىلارنىڭ بۇنچىلىك بەڭۋاشلىق قىلىۋېلىشىغىمۇ يول قويۇش كېرەك- تە! ئۇلار يارىشىپ قالغاندى.

"ماڭا قارالڭ خاسىيەت، بىز ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ يولىنى ئاختۇرۇپ يۈرىمىزغۇ؟! يەنە كېلىپ رەسمى نىكا قىلىۋالايلى دەپ يۈرگىنىمىزدە، بىر- بىرىمىزگە ئېغىر كېلىدىغان گەپ- سۆزلەردىن نېرى تۇرۇشىمىز ياخشى. _ قاسىم ھىجايغىنىچە خاسىيەتكە قارىدى. _ سىزمۇ ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ تۇرىۋالدىكەنسىز . مەن سىزگە گۈلباھارنى يولغا سېلىۋالايلىمۇ دەپ مەسلىھەت بېرىۋاتسام، ... _ خاسىيەت ئەكىلىگىنىچە كېلىپ قاسىمنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالدى. قاسىم گېپىنى داۋام قىلدى. _ ئۇ قىزنىڭ روھىي دۇنياسى بەكلا بوشاپ كېتىپتىكەن. بىز ھەر قېتىمدا دىن ھەققىدىكى ئەدەپ- ئەخلاق، ئۆرپە- ئادەت دېگەندەك مەسىلىلەرنىمۇ بىرگە قوشۇپ مۇڭدىشىپ ماڭساق، بەلكىم ئۇ قىزنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالارمىكىن دەيمەن. ئۇ چاققىچە بىزمۇ يولغا چۈشۈپ قالارمىز بەلكىم" _ قاسىم خاسىيەتنى يەڭگىل نوقۇپ قويدى. ...

بىرمۇ ھەپتىلەردىن كېيىن، "يېڭى ئاي قوشۇنى" دىكىلەر گۈلباھارنىڭ ئۆيىگە ئەتىگەندىلا يىغىلىشتى. گۈلباھار جىددى قىياپەتتە ئۆتكەندىكى ھەرىكەتلەرنى بىرقۇر تونۇشتۇرۇپ چىقىپ خۇلاسىلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىلىشتا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ توختالدى. ئاندىن بۇ يېقىنقى ۋەزىيەت ھەققىدىمۇ قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى.

ئۆتكەن ھەپتىدە قاسىمنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى ساقچى بىناسىنىڭ پارتىلاپ كېتىشىمۇ، نامەلۇم بىر پىدائىيىمىزنىڭ ساقچى مەركىزىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى ئوق- دورا ئىسكىلاتىغا توغۇرلاپ تۇرۇپ بىر بولكىۋايغا قاچىلانغان كۈچلۈك پارتىلاتقۇچ دورىسى بىلەن ھەيدەپ كىرىپ كەتكەنلىكىدىن بارلىققا كەلگەنىكەن. دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، پۈتۈن بىنانىڭ پارتىلىشىدا ئاران ئو نەچچە خىتاي دىژورنىسى ئۆلگەن بولسىمۇ، ئەمما بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە مەخپى جايلاشقان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ پېيىغا چۈشۈپ تويلىغان نۇرغۇن ئارخىپلارنى ساقلايدىغان 'ئەنچۈەنتىڭ' ئىشخانىسى كۆيۈپ كۇل بولغانىكەن. بولكىۋايمۇ ئىچىگە بېنزىن بىلەن پارتىلاتقۇچنى بولىشىغا قاچىلاپ كەلگەن بولغاچقا، ھەمدە بىنانىڭ قۇرال ئىسكىلاتىغا توغرا كەلگەچكە قوش پارتىلاش يۈز بېرىپ تىتما- تىتما بولۇپ كېتىپ، ئۇنى ھەيدىگەن كىشىنىڭ ئىز- دېرىكى

ئۇلتۇرۇشمىدى. قارىغاندا كۆزىگە تىكىلگەنلا كىشىلەر بىلەن يېتىپ- قوپۇشنى تاشلىسا كېرەك؟! سىز بىلىسىز، ئۆيدە يەنە بۇرۇنقىدەك ئىچەمدۇ؟!"

"دەسلەپكى چاغلاردا راستىنلا بەك ئىچەتتى. ھەتتا بۇ ھەرىكىتىنى باشلاشقا سەۋەپ بولغان ئامىللارنىڭمۇ ھاراق ئىكەنلىكىنى تولا ماختىنىپ سۆزلەيتتى. شۇنداق دەپ يۈرۈپ مېنىمۇ نۇرغۇن قېتىم مەس قىلىۋەتكەنىدى. ھازىر يالغۇز قالغىنىدا ئىسسىل ھاراق پوتولكىلىرىنى پات- پات تۇتۇپ قويسىمۇ، يەنىلا بىرەر ئۇستاكان قىزىلىنى ئىچىپ قويۇپ بولدى قىلىدۇ. مەنمۇ ئىشىنەلمەي، ھاراق پوتولكىسىغا مەخپىي بەلگە سېلىپ قويۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن قارىسام، ھېلىقى ھاراقنىڭ ئۆرپىتى تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. قارىغاندا يالغۇز قالسىمۇ ھاراق ئىچمىسە كېرەك؟! _ خاسىيەت قاسىمغا قارىدى. _ راس دېگەندەك، سىز قاچانلاردىن بېرى ئىچمەس بولىۋالغانتىڭىز؟!"

"سىلەر بىلەن تونۇشۇشتىن بىرقانچە ئاي بۇرۇن مەنمۇ بىر كۈن ئىچمىسە تىتىرەپ تۇرالمايدىغان رەسمىلا بىر زابوي ئىدىم. ھەتتا ھاراقنى ئايالىرىغىمۇ تېگىشمىگىدەك ھالدا ئىدىم. _ قاسىم كۈلۈپ كەتتى. _ بىر كۈنىسى، مەلۇم بىر ۋەقە مېنى بۇ نەرسىدىن تۈپتۈقىسىزلا يىرگەندۈردى. شۇندىن بېرى زادىلا ئىچەلمىدىم. ئىچكىممۇ كەلمەيدىغان بولدى. ... ھە راس، سىز ھازىرمۇ ئىچىشىپ بېرىۋاتامسىز؟!"

"دېدىمغۇ بايا، مەن تۇرماق گۈلباھارمۇ تۈزۈك ئىچمەس بولىۋالدى. مېنىڭچە، شۇ يىغلىغان كۈنىسى ئۇ مەستەك قىلغىنىنى بىلەن، ھوشى جايىدا ئىكەندۇق. ئۇ يېتىپ تۇرۇپ سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىدى تايىنلىق، شۇنىڭغا چىدىماي، يەنى ئۆتكەزگەن گۇناھلىرىغا چىدىماي يىغلاپ كەتتىمىكىن دەيمەن. شۇندىن بۇيان ئۇمۇ غەلىتىلا جىمىپ قالدى. ئۇ، 'يانچۇقچى' غا رەسمىلا ئاشىقتەك قىلىدۇ. 'يانچۇقچى' مۇ ئۇنىڭغا شۇنداقتەك. ..."

"بولمىسا ئۇلارنىمۇ نىكالاپ قويايلىمۇيا؟!" _ قاسىم خاسىيەتكە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

"گەپ قىلمىسام، سىلەر ئىككىڭلارمۇ خېلى كۆپ بىرگە بولىۋالدىڭلارغۇ دەيمەن. ھەرقېتىمقىسىدا بىرگە بولغىنىڭلاردا، سىزنىڭ چىرايىڭىزدىن كۆڭلەرگىچە مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى ئۇ كۆڭلەردە. ئۆزىڭىزمۇ مۇزدەكلا بولۇپ كېتەتتىڭىز." _ خاسىيەت باتتىنغاندەك كەينىگە قارىۋالدى.

قاسىم ھىجايغىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇچاغلاپ سۆيۈشكە ئۇرۇندى. خاسىيەتمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تۇتۇق بىرمەي باتتىنغىنىچە ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇلار بىرھازا قوغلاشماق ئوينىغاندىن كېيىن كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

كېتىشىمىزنىمۇ بىلمەيمىز. ھەتتا قايسى بىرىمىز خىتايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىدا ياكى كۆز ئالدىمىزدا ئۆلتۈرۈلگىنىدە بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ھەرىكىتىمىزنىمۇ قەتئىي چەكلەيمىز. بىز ئۇنداق ئەھۋالدا گويا تونۇمىغان كىشى بولۇپ كېتىپ قېلىشىمىز شەرت. بۇنى بىز نىكا قىلىۋالغىنىمىزدىن كېيىن قىلالمايمىز. ئەگەر رەسمىي نىكا بىلەن توي قىلىۋالساق، قايسى بىرىمىز قۇربان بولۇپ كەتسەك ياكى تۇتۇلۇپ قالساق، قالغانلىرىمىزنىڭمۇ پائالىيىتى خەتەرگە دۇچ كەلگەن بولىدۇ. بەلكىم ئۇزۇن ئۆتمەي بىزنىڭ ھەربىرىمىزنىڭمۇ ئايرىم- ئايرىم مەخپىي قوشۇنلىرىمىز قۇرۇلىدىغان كۈنلەر كېلەر. ئۇ چاغدا بىر- بىرىمىزنى چىشلەپ تارتىدىغان ئىشلارنىڭ بولمايدىغانلىقىغا كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟! ئادىغىنە بىر نىكا ئىشى سەۋەبىدىن بۇ ئىشلارنىڭ چۇۋۇلۇپ چىقىشىغا ياكى پائالىيەتلىرىمىزگە توسالغۇ بولۇپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز كېرەك. يەنە كېلىپ، بىزنىڭ دىنىمىز يالغۇز ئەخلاق دىنىلا ئەمەسقۇ؟! قۇرئانى كەرىمنى ئوقۇپ، بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ بىزنى يالغۇز ئەخلاقىنىلا ئەمەس، ھەتتا ئەڭ مۇھىمى ئاللاھ ياراتقان، قولىمىز يېتىدىغان ياخشىلىق قىلىشقا بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى بىلىشىمىز، ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشىمىز، ياسىيالايدىغان بولۇشىمىزنى ئىمانىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆلچەملىرىدىن بىرى قىلىپ بىزگە ۋەزىپە قىلغانلىقىنىمۇ ھېس قىلدىم. شۇڭا، كوچىدا تارقىلىپ يۈرگەن دىن توغرىسىدىكى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىمىزگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سۆزلەرنى ئېتىۋارغا ئېلىپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. بىز يەنىلا ساۋاپلىق ئىشلارغا جېنىمىزنى پىدا قىلىش يولىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ھە، بىز شېھىت بولغىنىمىزدا مولىلىرىمىز نامىزىمىزنى چۈشۈرمەي قالارمىكىن دەپ قورقامدۇقيا؟! ياق! ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەيلى. بورھان شەھىدىي، سەيپىدىن ئەزىزىي، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىقلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، بىزنىڭ نامىزىمىزنى چۈشۈرۈشكە ئۇنىمايدىغان ئۇنداق مولىلارنىڭ نامىزىمىزنى بۇلغاپ يۈرۈشىگە ھاجىتىمىز چۈشمەيدۇ! بىز بۇندىن كېيىن يېڭى ئەزا قوبۇل قىلغىنىمىزدا ياكى نىكاغا بارغىنىمىزدا مەخپىي شەكىلدە نامىزىمىزنىمۇ قوشۇپ چۈشەرتىپ ئېلىشقا تىرىشايلى. _ ئۇ قاسىمغا ئېتتىك بىر قارىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى. _ بىز بىر يەرگە يىغىلغىنىمىزدا، چىرىكلىك قىلىشىۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىش ئۈچۈن ئاغزىمىزنى كۈچلۈك ھاراق بىلەن چايقاپ، ئۈچىمىزغىمۇ تۆكۈۋېلىشنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. گۈلباھار ئورنىدىن تۇرۇپ تېچۈي ھارىغىدىن بىر پوتولكا ئېلىپ رومكىلارغا توشقازدى. ئاندىن ئۆزى باشلاپ ھاراقتا ئاغزىنى چايقىدى. ئەمما دىققەتسىزلىكتىن ئاغزىدىكى ھاراقنى يۇتىۋېتىپ قالدى. ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ ھىجىيىپ قويۇپ _ ئۇنداق قىلىش نىيىتىم يوقتى،

قالمىغانىكەن.

گۈلباھار باشقا ئىشلار ھەققىدە پىكىر سورىدى. قاسىم بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆتكەندە خاسىيەت بىلەن دېيىشكەن پىكىرلىرىنى تەپسىلى سۆزلەپ ئۆتتى. بىرمۇنچە تالاش- تارتىشلاردىن كېيىن، پارتىزانلىق ھەرىكەت تەشۋىقاتى ئۈچۈن تېخى شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشتى. ئاندىن كېچىدە كوچىغا چىقىپ ۋەقە پەيدا قىلىش مەسىلىسىدە ئاۋال 'يانچۇقچى' نىڭ رازىۋېتكا قىلىپ بېقىشىدىن كېيىن بىرنېمە دېيىش قارارى ئېلىندى.

"سىلەر زىيالىيلار ئوغۇرلۇق قىلىپ باقمىغىنىڭلار ئۈچۈن، بۇ ئىشنى كېلىشتۈرەلمەيسىلەر. بۇنىڭغا يەنىلا بىزنىڭ 'يانچۇقچى' مىز لايىق." _ گۈلباھار يانچۇقىدىن تاماكىسىنى چىقىرىپ ئاغزىغا بىر تال قىستۇرماقچى بولدى- يۇ، قاسىمنىڭ كۆزىگە يەر تېگىدىن بىر قارىۋېلىپ تاماكىسىنى قايتىدىن قېپىغا سېلىپ قويدى.

قاسىم نىكا ھەققىدە گەپ باشلىۋىدى، گۈلباھار دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىۋەتتى:

"بىز ئىككىمىز بىر- بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇق. مېنىڭ 'يانچۇقچى' يىممۇ ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلماي، رەسمى نىكا قىلىپ توي قىلىشقا رازى بولدى. ئەمما توي مۇراسىمى ئۆتكۈزمەيمىز. ئۇنىڭغا ئىشلىتىدىغان پۇلغا بومبا سېتىۋالىدىغان بولدۇق. سىلەرگىمۇ شۇ مەسلىھەتنى قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. _ گۈلباھار ئالدىدىكى چېيىنى بىر ئوتلىۋېتىپ گېپىنى داۋام قىلدى. _ ھە، سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا كەلسەك، سىلەرنىڭ رەسمى نىكا مۇراسىمى قىلىشىڭلارنى ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز كېرەك. بۇ يەردە تەشكىلىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا مەجبۇرمىز. يەنى، خاسىيەتنىڭ ئەھۋالى سەل باشقىچە، گەرچە ئۇنىڭ يولدىشى ئۆلۈپ كەتكىنىگە يىلدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىدە تېخى تونۇگۇن يېزىلغاندەك تۇرغانلىقى چوقۇم. شۇڭا، خاسىيەتنىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقانداق بىر شەپە خىتايلار ئۈچۈن ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان گۇمانلىق يىپ ئۇچى بولۇپ تۇيۇلىشى مۇقەررەر. ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلغاندا بىزنىڭكىمۇ قانۇنى نىكا قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلايمەن. ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ قالغاندا، بۇ قانۇنى نىكا مەسلىسى بىر- بىرىمىزنى چېتىۋېلىشىمىزغا سەۋەپ بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. يۇرتداشلىرىمىز بىزنى نېمە دېسە دېيىشىرسۇن، ئەسلىدىلا ئەيىبىمىزنى دەپ بولغاندۇ بۇ چاققىچە! بىز جېنىمىزنى غايىمىز ئۈچۈن ئاتىغان پىدائىيلارمىز. قاچان، نەدە ۋە قانداق شەكىلدە ئۆلۈپ

گۈلباھار تىنماي سۆزلەيتتى. ھەتتا كەلگۈسىدە ئېلېكترونلۇق، ئاۋاتسىيە، ئۇچۇر ۋەھىمىلىرىنىمۇ يارىتالىغىدەك ئەزالىرىمىز بولغان تۇغۇندا قوشۇنلارنىڭ تەشكىللىنىشىگە رىغبەتلەندۈرۈشنىمۇ ئۇيلىنىپ قويۇشىمىزغىچە توختالدى:

"ئۇنۇتمايلىكى، خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىشتا داھىلىرىمىز ئولتۇرغان ئايروپىلاننى پارتىلىتىۋېتىشتەك تېررورلۇق ھەرىكىتى بىلەن ئىشنى باشلىغانىدى! ئەندى نۆۋەت بىزگە كەلگەندە بىز تېررورچى بولۇپ قالغىدەكمىزمۇ؟!" _ گۈلباھار نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئىنتايىن ئاسانلا چۈشەندۈرۈپ ھەل قىلىۋېتەتتى.

يىغىلىش خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. بەزى ھەرىكەت ئۇسۇللىرى، نۆۋەتتىكى بىر ئايلىق پىلانلار مۇزاكىرە قىلىنىپ قارارلاشتۇرۇلدى. ھەرقايسىسىغا تېگىشلىك ۋەزىپىلەر مەخپىي كانۋېرت ئىچىدە تەخسىم قىلىندى. مۇزاكىرە چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىلەرگىچە داۋام قىلدى. جوزىدا پىچىنە- پىرەندىكتىن باشقا يەيدىغان بىرنېمە بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئوبدانلا ئېچىقاپ كەتكەنىدى. خاسىيەت بىلەن قاسىم بىنادىن بىرلىكتە چىقىشتى. يول بويىچە خىتاي رازۋېتچىكلىرى ئۇلارنى دوخمۇشتا بىر توختۇتۇپ تەكشۈرۈشەتتى. ئۇلار يولدىن سەۋزە ئالغاچ كىرىپ ئۇخشىتىپ گۆشلۈك پولو دەملەشتى. خاسىيەتنىڭ تۇرمۇشتىكى خاملىقى بىلىنىپ قالدى: ئۇ، ئىككىسىگە قانچىلىك گۈرۈچ دەملىنىشىنىمۇ مۆلچەرلىيەلمىگەن بولۇپ، تاماقنى خېلىلا كۆپ قىلىۋەتكەنىدى.

پولو دەم يېگەندىن كېيىن لىگەنگە ئۇسۇپ كىرىپ ئولتۇرۇپ ئەندىلا ئاشقا قوشۇق سېلىشىۋاتقىنىدا، ئىشىكنى بىرسى چەكتى. قاسىم خاسىيەتكە قاراپ قوزغالماي ئولتۇرۇپ يەۋېرىڭ دېگەن ئىشارەتنى قىلىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

"ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! بارمۇ سەن بۇ دۇنيادا؟! سېنى بىز ئىستەپ يوقلىمىساق، سەن بېرىپ بىزنى يوقلاپ قويىدىغاندەك ئەمەسسەن. _ 'ساقى' ئاۋال كىرىپ كەلدى. _ پاھ، پاھ! ئۆيىڭدە تازىمۇ ئۇخشىغان پولو پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغۇ؟! بۇ ئاي- بۇ كۈنلەردە بۇنداق ئۆيلەرنى تاپماق بەكلا تەسلىشىپ كەتتى. خەقلەرمۇ ئۇزۇندىن بېرى توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراقلىرىدا ئاش تارتمايدىغان بولىۋېلىشتى دېگىنە، ھەجەپمۇ سېغىنغانىدىم بۇ پولو دېگەننى. نەق ئۈستىگىلا كەلگىنىمىزنى دېمەمدىغان! 'ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە' دېگەن مۇشۇ- دە! كېلىڭلار ئاغىنىلەر! _ ئۇلار توكۇرلىشىپ بىردىن- بىردىن كىرىپ كېلىشتى. 'ساقى' مېھمانخانىغا كىرىۋېتىپ بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قالدى. _ دېسەڭ بولمامدۇ ئاغىنە، ئۆيۈڭدە مېھمىنىڭ بارىكەن ئەمەسمۇ، رەنجىمەيسەن، بىز، بىز باشقىدىن كېلەرمىز. بىز ئاستا قايتىپ قالايلى. ... ھە، سىلەر قوزغالماي

ئۆلگۈرەلمەي قالدىم ــ دەپ يەنە بىر رومكا قويۇپ ئۇچىسىغا سىپقۇردى. باشقىلارمۇ شۇنداق قىلدى. بىردەمدىلا ئۆي ئىچى رەسمىي قاۋاقخانىلاردەك سېسىق هاراق پۇرىقى بىلەن تولدى. گۈلباھار كېلىپ جايىغا ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى. ــ بىز بۈندىن كېيىن يەنىلا هاراق ئىچىمىز، تاماكا چېكىمىز. ئەمما بىز بۇرۇن بۇلارنى ئۆزىمىز ئۈچۈن قىلغان بولساق، بۈندىن كېيىن ۋەتەن، خەلقىمىز ئۈچۈن قىلىمىز. بۇلا ئەمەس، ھەتتا خىتاينىڭ كۆزىنى بوياشقا ئەسقاتىدىغانلا بولىدىكەن، ئەخلاقسىزلىقلارنىمۇ كۆرسىتىشتىن باش تارتماسلىقىمىز كېرەك! ــ گۈلباھار گەپ ئارىسىدا كۆڭلىگىنىڭ ئۈستۈنكى تۈگمىلىرىنى ئۇبدانلا ئېچىۋېتىپ، پومپايغان ئىككى كۆكسىنىڭ يېرىمىنى دىگىدەكلا چىقىرىپ قويدى. ئاندىن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئاغزىغا قىستۇردى. ــ مانا مۇشۇنداق. شۇنىڭغا ئىشىنىڭلاركى، خىتايلارلا ئەمەس، ھەرقانداق بىرسى پاھىشىلەردىن، قىمارۋاز- ئوغرىلاردىن، هاراقكەش- نەشىكەشلەردىن، خروئىنچىلاردىن ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك، دىندارلىق چىقمايدۇ دەپ كېسىپ هۆكۈم قىلالايدۇ. بۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىنمۇ ئەپلىك نىقاپ بارمۇ يەنە؟! ئەمما شۇنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرىمەنكى، ئارىمىزدا خروئىن چېكىدىغانلارغا زادىلا ئورۇن يوق! ئەگەر كىمىكى خروئىن چېكىپ قوشۇنىمىزنىڭ ھەرقانداق بىر تەشكىلاتىغا ئەزا بولىۋالغانلىقى سىزىلىدىكەن، ئۇنداقلارنى قىلچە ئىككىلەنمەي مەخپىي ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشىمىز شەرت! بۇنى ئارىلاپ ھەرىكەت ئوبىيكتىپلىرى قىلىپ تاللىۋېلىشىمىزنىڭمۇ زىيىنى يوق. خروئىنغا باغلىنىپ قالغان ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇر بولۇش لاياقىتى يوق! دېمەكچىمەنكى، سىلەر قانچىكى ئەخلاقلىق، قانچىكى دىندار قىياپەتكە كىرىۋالساڭلار، خىتايلار سىلەردىن شۇنچە بەك گۇمان قىلىدىغان بولىدۇ. شۇڭا، بىز بۇ ئىشقا رەسمىي پوشقاق تۈرگەن ئىكەنمىز، خەلقىمىزنىڭ، يېقىنلىرىمىزنىڭ، خوشنىلىرىمىزنىڭ ھاقارىتىگە، يامان كۆز بىلەن قاراشلىرىغا قىلچە پىسەنت قىلماسلىقىمىز، ھەتتا مۇمكىن بولسا 'بۇزۇق' لىقىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. ــ گۈلباھار تاماكىسىنى رەسمىلا ئىچىگە تارتىپ شورىۋالدى. ئاندىن ئاغزى- بۇرنىدىن تۈرخۇندەك ئىس چىقارغان ھالدا گېپىنى داۋام قىلدى. ــ بىز يەنە شۇنىمۇ ئىسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، بىزنى كەلگۈسىدە قانداق بىر تەقدىر كۈتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز. شۇڭا، ئىمكان بار تېز، ئىمكان بار كۆپ، ئىمكان بار ئېغىر ۋەھىمە يارىتىشقا تىرىشىشىمىز، بولسا تېزلىكتە ھەممىمىزنىڭ ئايرىم قوشۇنلىرىمىز بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. بىز ئايرىلساق، ئورنىمىزغا يېتىشتۈرۈلگەن ئادىمىمىز بولسۇن."

پوتولكىنى بوشىتىپ، ئىككىنچىسىنى باشلىۋېتىشتى. بۇ ئارىدا خاسىيەتمۇ ئاشخانا ئۆيىنى بېسىقتۇرۇپ بولۇپ نېرىقى ئۆيگە كىرىپ ئىشكنى ئېتىۋالدى.

ئاغىنىلەر خاتىرجەم بولۇپ، قائىدىسى بويىچە ئېچىلىۋېلىش ئۈچۈن بىرئاز بىر-بىرىنى شاڭخو قىلىشىۋالغاندىن كېيىن، كوچىدىكى ۋەقەلەرنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ شۆرلىشىشكە كىرىشتى. بۇ ئارىدا يېقىندا يۈزبەرگەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ پارتىلىشى ئۈستىدىمۇ ئاجايىپ- غارايىپ مۇبالىغىلەرنى قىلىشتى. ئەمما يەنىلا قاسىمنىڭ بىلگەنلىرىدىن نېرى كىتەلمىدى. ئىككىنچى پوتولكىنىڭ يېرىمىدىشىغا ئەگىشىپ پو ئېتىشلار، مۇبالىغىلەر، ھەتتا پانتازىيىلىك خامخىياللارمۇ ئوتتۇرىغا تۆكۈلدى. قاندلق قىلسۇن بۇ بىچارىلار، ئۆزلىرى بىرەر ئىش قىلغىدەك جاسارەتكە ئىگە بولمىغاچقا، ئەنە شۇنداق خامخىياللار بىلەن بولسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەن سۆيىدىغانلىقىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلەشتىن باشقا نېمە ئىش قوللىرىدىن كېلەتتى. ئەسلىدىلا بۇ يىللار ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئۆلچىمى ئېغىزدىكى جەسسۇرلۇق بولۇپ قارىلىپ كېلىۋاتامتى؟! قاراڭغۇلۇقتىكى ۋەھىمە پەيدا قىلىۋاتقانلارنى كۆپچىلىك يەنىلا تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغانلىق دەپ قاراشماقتا.

"ئاغىنىلەر، دەسلىۋىدە راس گەپنى قىلسام، بۇ تۈردىكى ۋەھشىلىكلەرگە ئىچىمدىن قوشۇلماي كېلىۋاتاتتىم. _ 'تەشۋىقاتچى' سۆزگە كىرىشتى. _ بىرەر يېرىم خىتاينىڭ ئۆلتۈرۈلىشى بىلەن ئارامخۇدا بىريەرگە بېرىپ كېلەلمەيدىغان، بىرەر ئۆيگە يىغىلالمايدىغان، ھەتتا يېنىمىزدا ئىدارىمىزنىڭ زوراۋانلىق ئىشخانىسىنىڭ يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇش قەغىزى بولماي تۇرۇپ ئەركىن يۈرەلمەس بولۇپ كەتكىنىمىزدىن، بۇ ئىشلارنىڭ توغرا بولمايۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىپ يۈرەتتىم. دېمىسىمۇ شەھەر- يېزىلار ئارىسى، مەھەللەر ئارىسى، ئىدارىلار ئارىسى، ھەتتا خوشنىلار ئارىسى بېرىش-كېلىشلەرمۇ ئاساسەن قامال قىلىنىپ بولدى. ھە دېسىلا بىگۇنا تۇتقۇنلار، بىھۇدە ئۆلۈملەر، ... مانا بۈگۈن مىللىي ئالىي مەكتەپلەر، مىللىي تېخنىكوملار سىنىپلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئىچكىرىسىگە بېرىپ بىلىم ئېلىشلار پۈتۈنلەي توختىدى. نامراتچىلىق، قەھەتچىلىك، بىزدىن گۇمان قىلىشلار، بىزنى بوزەك قىلىشلار تېخىمۇ ئەۋجەپ كەتتى. _ 'تەشۋىقاتچى' بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى. _ ئەندى ئويلاپ باقسام، بىز ئىشنىڭ پەقەت مۇشۇنداق تەرەپلىرىنىلا كۆرۈۋالغاندەك قىلىمىز. ئەسلىدە بۇخىل ھەرىكەتلەرنىڭ پەيدا بولۇپ تۇرۇشىنىڭمۇ تولا بەك زىيىنى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. قايسى كۈنىسى بىر ئىچكى ماتېرىيالنى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئۇنىڭدا ئىچكىرىسىگە قاچقان خىتايلارنىڭ سانى ئىككى مىليونغا

ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار. ..." _ 'ساقى' يالغان تەكەللۇپ قىلغىنىچە سىرتقا قاراپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

"كىرىۋېرىڭلار، ھېچقىسى يوق. مېھمىنىم يات ئادەم ئەمەس. ئەسلىدە مەنمۇ سىلەرگە تونۇشتۇراي دەپ يۈرەتتىم. _ قاسىم ئۇلارنىڭ يولىنى توستى. _ قېنى ئىچكىرى كىرىڭلار. راس دېگەندەك سىلەر ھەقىقەتەنمۇ تەلەيلىك مېھمانلاركەنسىلەر. بۈگۈن ئاشنى بەكلا جىق دەملەۋېتىپتىكەنمىز، قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمەي ئولتۇراتتۇق." _ قاسىم بۇ ئارىدا خاسىيەتكە ئىشارەت قىلىپمۇ ئۈلگۈردى. خاسىيەت دەرھال قايتىدىن دەستىخان راسلىدى. ئاندىن لېگەنلەرگە قالغان ئاشنى ئۇسۇپ چىقتى. چاي قويۇلغاندىن كېيىن، قاسىم ئاغىنىلىرىگە قىزىنى تونۇشتۇردى. ئاندىن ئاغىنىلىرىنىمۇ خاسىيەتكە تونۇشتۇردى. رەسمىيەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن، خاسىيەت ئېشىنى بۆلۈپ نېرىقى ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ھەممە ئاشقا تۇتۇنۇشتى. قارىغاندا مېھمانلار راستىنلا خېلى ئايلاردىن بېرى پولوغا ئولتۇرمىغاندەك قىلاتتى. ئىشتەي بىلەن يېيىلگەن پولو، لېگەنلەرنىڭ پاك- پاكىزە سىرىپ سۈپۈرۈلىشىگىچە داۋام قىلدى. دوستلارنىڭ چىرايىغا خېلى ئوبدانلا رەڭ كىرىپ قالغانىدى. قايتىدىن چايلار تارتىلغاندىن كېيىن، ھەممىنىڭ ئاغزىغا تاماكىلار قىسىلدى. ئۆي ئىچى پاتلا قويۇق ئىس- تۈتەككە قاپلاندى.

'ساقى' نېرىقى ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ قويۇپ، قاسىمغا پىچىرلىغاندەك دېدى:

"يامان نېمە جۇمۇ سەن، تىرناقتا ئۈنىتقىدەك بىرسىنى تېپىۋاپسەندە!"

"گۈلدەك قىزكەن دەڭلا."

"نەق پەرىنىڭ ئۆزى دېگىنە."

"... ..."

"يېقىندا نىكا قىلىۋېلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن." _ دېدى قاسىم.

"ئاداش، ئەندى بۇ گالنى ھۆل قىلغىدەك بىرنىمەڭگۇ باردۇ؟!" _ 'ساقى' نىڭ تاقىتى قالمىغانىدى.

قاسىم بۇ گەپتىن كېيىن ئىتتىك بېرىپ ئىشكاپتىن ھاراق- رومكىلارنى چىقىرىپ ئۈستەلگە تىزدى. ئاشخانا ئۆيىدىن بىر تەخسە چىلىغان كۆك ئېلىپ چىقتى. تاقىتى قالمىغان 'ساقى'، ھاراقنى رومكىلارغا بېلىق كۆزى تولدۇرۇپ تارقاتتى:

"بەختىڭلار ئۈچۈن!" _ دەپ ھەممە رومكىلىرىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى پۈرلىشىپ بۇرۇنقىدەكلا چىپەرقۇتتىنمۇ بەتەر قورۇقلار بىلەن توشۇپ كەتتى. ھاراق ئۇلارنىڭ چىرايىغا پاتلا چىققانىدى. بۇ ئاغىنىلەر شۇ ھالىتىدە بىردەمدىلا بىر

شۇ يەرگە چېچىۋېتەتتىم!" _ ئەندى ئۇلار باش قاتۇرۇش ئورنىغا خامخىيالغا كىرىشىپ كېتىشتى.

"ھازىر بىراقلا نەچچە مىڭ ئادەمنى تەڭ ئۇخلىتىۋېتىدىغان بىرخىل دورىلارمۇ بار ئەمدۇ. ئۇنى چېچىۋېتىپ ئارقىدىنلا ھەممىسىنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋالاتتۇق دەڭلا!"

ئۇلتۇرۇشتىكىلەر ئەندى زامانىۋىي خۇراپاتلار ئىچىگە پېتىشقا باشلىغانىدى. خاتا چۈشۈنۈپ قالماڭ، خۇراپاتقا بىلمىسىزلارلا پېتىپ قالماي، بۇ تۈردىكى ئېنجېنېرلىرىمىزمۇ پېتىپ قالالايدىكەن. ئەنە شۇ سەۋەپتىن نۇرغۇن ئاقىللىرىمىز ھېلى خىتاي ئاق كۆڭۈللۈكلىرىگە، ھېلى كىشىلىك ھوقۇق قانۇنلىرىغا، ھېلى دېموكراتىك سايلاملارغا، ھېلى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ياردىمىگە، ... دېگەندەك خامخىياللارغا بېرىلىپ خەلقىمىزنى يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بويان پەپىلەپ كەلمىدىمۇ؟ مانا بۈگۈن خەلقىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسمى چەتئەللەردە جېنىنى ئاران بېقىپ يۈرگەن مۇھاجىرلىرىمىزدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ يۈرمەمدۇ؟ بۇ ئۇلتۇرۇشتىكى 'ۋەتەنپەرۋەر' لەرمۇ ئەنە شۇنداق خام خىياللار دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرمەكتە ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ خام خىياللىرىغا ياغاچئات ئەمدۇ، خاسىيەتلىك گىلەم ئەمدۇ، سېھىرلىك چىنەك ئەمدۇ، ئىشقىلىپ چۆچەكلەردىكى نەرسىلەرمۇ ئارىلىشىپ ئوتتۇرىغا تۆكۈلمەكتە ئىدى. ...

"ئاغىنىلەر، ئاغىنىلەر! _ 'تەشۋىقاتچى' دوستلىرىنىڭ گېپىنى ئاران توختاتتى. _ ئاغىنىلەر، ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قويۇپ بولىدىغانىراق گەپلەرنى قىلىڭلارچۇ!"

"دېگىنە ئەمسە، نېمىكەن ئۇ بولىدىغان ئىشلار؟"

"چەتئەللىك، شۇ چەتئەلدىكى تەشكىلاتلىرىمىز! ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈۋېتىشىپتۇ. مەن ئۆتكەن يىللاردا ئالمۇتىغا بارغىنىمدا بۇ توغرىسىدا قىلىنىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ خەۋەرلىرىنى گېزىتلىرىدىن ئوقۇغانىدىم. رەسىملىرى بىلەن بېسىلغان ئاجايىپ ئىشەنچلىك خەۋەرلەر دەڭلا! ھەتتا ئامېرىكىنىڭ پارلامېنت قۇرۇلتىيىغىمۇ كىرىپ لايىھىلىرىنى سۇنالىغانلار بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ تۈردىكى ھەرىكەتلىرى بۇ كۈنلەردىمۇ تازا ئەۋجىگە چىقىپ راۋاجلانماقتىكەن. تېخى يېقىندىلا بىر لايىھەنى ئۇلارنىڭ پارلامېنتىغا سۇنغانىكەن، ئاران بىر ئاۋاز كاملىق قىلىپ ئەستىقلالنىماي قاپتۇ دەڭلا، بولمىسا قالتىس ئىشلار بولۇپ كېتەركەندۇق. شۇ پىرېزدېنت سايلىمى بەكلا تاقىشىپ قالغان گەپ. مانا شۇلارنىڭ ئىشلىرى چوقۇم بىزنى ئازات قىلدۇرالايدۇ. ..."

"... ..."

بۇخىل تالاش- تارتىشلار توگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. قاسىم بىرچەتتە ئولتۇرۇپ،

يېقىنلىشىپ، يېڭىدىن كېلىدىغانلارنىڭ سانى يىلىغا بىرەر يۈز مىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنمىش. بۈگۈن شىنجاڭ دېسە، بىلىملىكلەرىلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ماڭلۇر-تىلەمچىلەرمۇ جان دەپ ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇراتتىكەن. مانا ئەندى ھەتتا قۇراللىق ھەربىلەرمۇ 'شىنجاڭغا بارسەن' دېسە قورقۇپ يېرىم يولدا قېچىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار خىتايدا ئادەتتىكى جىنايەتلەر ھالىغا چۈشۈپ قالغانمىش. نۇرغۇنلىغان خىتايلار بالا تۇغۇشنى باھانە قىلىپ بولسىمۇ يۇرتىغا قېچىپ كېتىشمەكتە ئىكەن. مۇشۇنداق بىرنەچچە يىل داۋام قىلىپ بەرسە، بۇ يەردىكى خىتايلار ئون مىليوندىن زادىلا ئاشالمايدىغاندەك كۆرۈندۇ. يېقىنقى كۈنلەردە مەخپى پارتىلىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىشكە باشلاپ ھۆكۈمەت كادىرلىرى، ساقچىلار، ھەربىلەرگە زەربە بېرىشكە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا دېيىشىدۇ. ئاغىنىلەر، شۇنداق ئويلايمەنكى، بۇ ئىشلارنى پىلانلىق، تەشكىللىك، ئومۇمىي يۈزلۈك قانات يايدۇرالىغاندا، ئۆزۈنىغا قالماي خىتايلارنىڭ سانى رەسمىي ئازىيىشقا قاراپ يۈزلىنىدىغاندەكلا قىلىدۇ. ھەرقانچە ۋەھشىلىك قىلىشتى دېگەن بىلەنمۇ، بۈگۈنكى بىگۇناھ نوپۇسىمۇ ئازىيىپ بۈگۈنقىسىنىڭ يېرىمىغا كېلىپ قالغانمىش. قارىغاندا بۇ ئىشلار بولىدىغان ئىشتەكمۇ قىلىدۇ. ھەي ئىست، شۇ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى دىگەننىڭ ئالدى- كەينىدە خىتايلار نېمە دېگەن ئاز ئىدى- ھە؟! ئەندى ئۇ دەۋرگە يېنىشىمىز خېلى مۈشكۈلگە توختايدىغان ئوخشايدۇ دەڭلا ئاغىنىلەر. ..."

"ھەربىلەر، ھەربىلەرنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس! _ 'ساقى' 'تەشۋىقاتچى' نىڭ سۆزىنى بۆلدى. _ خىتاينىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھەربى قىسىملىرى شىنجاڭدا دەڭلا، ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ تانكىسى، نەچچە مىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى، نەچچە مىڭ زەمبىرىكى، ..."

"بولدى قوي بىزنى تۇلا قورقۇتماي، ئۇنىڭغىمۇ ئامال قىلغىلى بولىدۇ. _ بۇ قېتىم 'موخوركىچى' 'ساقى' نىڭ گېپىنى بولىۋەتتى. _ ئەگەر 'سۇلايمان قالپاق' تىن بىرسى بولىدىغان بولسا، ئۇنى كېيىۋېلىپ خالىغان خىتاي قىسىملىرىنىڭ ئىچىگە كىرەلەيتتۇق، ئايروپىلان- تانكىلىرىنىڭ، ئىسكىلاتلىرىنىڭ تۇرغان يېرىگە مىنا كۆمۈپ چىقالايتتۇق. ھەركۈنى بىر پولىكنى پارتىلىتىپ يوقاتقىلى بولاتتى دەڭلا، بىر يىلغا قالماي ھېچ نېمىسى قالمىغان بولاتتى بۇ گۇيلارنىڭ. ..." _ ئۇ مەغرۇر ھالدا يېنىدىن گېزىت قەغىزىنى چىقىرىپ نەشە ئوراشقا كىرىشتى.

"مىكروپ دېگىنە مىكروپ. _ دېدى 'ساقى' مۇ رومكىسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، _ بىرىنچى نومۇرلۇق كېسەللىك مىكروپىدىن تېپىۋالسام نەدە خىتاي ئەسكىرى يىغىلسا

شۇندىن بىرقانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى، 'يېڭى ئاي قوشۇنى' نىڭ بارلىق ئەزالىرى يەنە گۈلباھارنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشتى.

"بۈگۈن بىز ئۆتۈشتىكى ھەرىكەت پىلانلىرىمىز ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشىمىز. _ دېدى گۈلباھار ئەتىراپىدىكىلەرگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكاپنىڭ تەكچىسىدىن بىر قاپ 'كامېل' ماركىلىق تاماكا ئېلىپ ئاغزىنى قوپاللىق بىلەن يىرتىپ ئاچتى. ئاۋال ئۆزىگە بىرتال چىقىرىپ، قاسىم بىلەن 'يانچۇقچى' غا بىرتالدىن چىقىرىپ ئۇزاتتى. گۈلباھارنىڭ نازۇك بۇرنىدىن قىزلارغا خاس بولمىغان بىر شەكىلدە ئاپپاق تاماكا ئىسى پۇرقىراپ چىقماقتا ئىدى. بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان قاسىم، قولىدىكى تاماكىسىنى تۈگىتىشتۇرمايلا ئاستا كۈلدانغا تىكلەپ قويدى. گۈلباھار قاسىمنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى سەزمىدى ئەتىمالىم، پەرۋاسىزلارچە ئۆز گېپىگە كىرىشىپ كەتتى. _ بىزنىڭ بۇ شورىكا ئۆتكەن ھەپتىدە كېچىلىك رازۋېتكىغا چىقىپ، خىتاي قوراللىق پاترۇللىرىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى كۆزىتىپ باققان. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بىرمۇنچە ئاجىز نوقتىلىرىنىمۇ سېزىپ كەپتۇ. قارىغاندا پىلانلىق ۋە سەگەكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىنىدىغان بولسا، خىتاي پاترۇللىرىغا كېچىلىك زەربە بېرىش پۇرسىتىنىمۇ يارىتىشقا بولىدىغاندەك. ھەتتا قاراڭغۇ كوچىلاردا ئىككى گۇرۇپ خىتاي پاترۇللىرىنى بىر- بىرسىگە سېلىپ قويۇپ قېچىپ كېتىشكىمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

_ گۈلباھار قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋالغاندىن كېيىن، تېخى يېرىمىغىمۇ كەلمىگەن تاماكىسىنى كۈلدانغا ئېزىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى. _ بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا سىلەر ئىككىڭلار زايا كېتىسىلەر. _ ئۇ خاسىيەت بىلەن قاسىمغا قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى. _ يەنى دېمەكچىمەنكى، سىلەر زىيالىلارنىڭ كالاڭپايلىغىڭلاردىن بۇنداق جىددى ئىشلارنى قاملاشتۇرالمايسىلەر، ئاسانلا بىلىنىدۇرۇپ قويۇپ، ھېچ نېمە قىلمايلا بىكاردىن- بىكارغا تۇتۇلۇپ ياكى ئۆلۈپ كېتىسىلەر. بۇ ئىشلارغا مۇۋاپىق ئەزا تولىشىمىزغا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ھازىرچە بۇ ئىشلارنى بىزنىڭ 'يانچۇقچى' شورىكىمىز ھۆددىگە ئېلىپ ئىختىيارىچە مىدىرلاپ تۇرسۇن. ياكى سىلەرنىڭ بۇنداق ئىشلارغا ئەسقاتقىدەك بىرەر ئەزالىرىڭلار بارمىدى؟!"

"قايسى كۈنىسى كېچىلىك رازۋېتكىغا چىققىنىمدا، _ دەپ سۆز ئالدى 'يانچۇقچى'، _ كېچە قاراڭغۇلۇغىدا بىرسىنىڭ يېنىمدىكى بىر بىنانىڭ بالكونىدىن سىرلىپ چۈشۈپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ قالدىم. كوچا بېشىدىن كېلىۋاتقان گۇڭگا يورۇغلۇقتا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرۈپ قالغانىدىم. _ قاسىمنىڭ ئىچىدىن 'كىمكەن ئۇ؟!' دەپ سورىغىسى كېلىپ ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. بۇمۇ بىر

مېيىغىدا كۈلگىنىچە ئۇلارنىڭ قۇرۇق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. پات- پاتلا 'ساقى' نىڭ ئالدىدىكى پوتولكىغا قاراپ قوياتتى. پوتولكىدىكى بۇ ھاراقمۇ قېرىشقاندەك زادىلا تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. تالادا ئوبدانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى. دوسلىرىنىڭ سۆھبەتلىرى ئاجايىپ ئاتوم بومبىسى، كائىناتتىن كەلگەن مەخسۇس ئۇيغۇرلارغىلا ياردەم قىلىدىغان خاسىيەتلىك ئادەم، بىر شەھەرنى بىرلا ۋاقىتتا ئوڭتەي- توڭتەي قىلىۋېتەلەيدىغان قالتىس بومبىلار، يولدىن تېپىۋالىدىغان بىر تاغار نەق پۇل، ئەڭ چىرايلىق قىزلار، ئامېرىكىنىڭ مىڭلىغان بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنىڭ خىتاي ھەربىي بازىلىرىغا بومبا ياغدۇرۇۋېتىشى، تەيۋەنلىكلەرنىڭ چوڭ قۇرۇغلۇقىغا ھۇجۇم قىلىشى، دېموكراتىك خىتايلارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى، موڭغۇللارنىڭ، مانجۇلارنىڭ مۇستەقىل بولۇپ خىتاينىڭ بۇ تەرەپلەرگە كېلىش يولىنى توساپ قويۇشى، ھىندىستاننىڭ تىبەت دۆلىتى قۇرۇپ بېرىمىز، مېكماخون سىزىقىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز دەپ خىتايلارنى جەلىپ قىلىۋېلىشى، ... ھەتتا دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى ئىسمى، دۆلەت بايرىقىمىزنىڭ يېڭى لايىھىسى، دۆلەت شېرىمىز، ھۆكۈمەت شەكلى، دۆلەت تۈزۈمىمىز، ... ئىش قىلىپ ئۇلار ھەممىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ھېلى ئازاتلىق كۈنلىرىمىزگە، ھېلى دۇنياغا، ھېلى جەڭ مەيدانلىرىغا، ھېلى پاھىشىخانىلارغا، ... دېگەندەك ئارىلاشتۇرۇپ ئايلىنىپ يۈرۈپ ۋەتىنىمىزنى ئەسلا ئازات قىلىۋېتىدىغاندەك ھالغا كەلتۈرۈشۈپ ئاندىن ئولتۇرۇشتىن تارقىلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن خۇشال، مەغرۇر قىياپەتتە ئۆيدىن چىقىشتى. ئەندى ئۇلارنى تالادا تۈگىمەس تەكشۈرۈشلەر كۈتۈپ تۇراتتى. "ئۇلار ئۆيلىرىگە ساق- سالامەت يېتىپ بارالارمۇ؟!" _ قاسىمنىڭ غېمى شۇنىڭدىلا قالغانىدى.

"ئۇھ خۇدايىم، بېشىم پارتىلاپ كېتىدىغاندەكلا بولۇپ كەتتى بۇ مەسىلەرنىڭ گېپىدىن. بۇ ئاغىنىلىرىڭىز نېمە دېگەن لاۋزا كىشىلەر بۇ؟!"

"جېنىم خاسىيەت، سىز تېخى بىلمەي يۈرمەتتىڭىز؟! مانا مۇشۇلار بىزنىڭ ئۇيغۇر يېڭى زىيالىيلىرىنىڭ تىپىك ئۈلگىلىرى. بىز ئەنە شۇنداق ئادەملىرىمىزنى قۇتقۇزالارمىزمىكىن دەپ جېنىمىزنى قولتۇقىمىزغا قىستۇرۇپ يۈرىمىز. جەمىيەتتە بۇنىڭدىنمۇ خاراپ ئادەملىرىمىز كۆرمىڭلارچە يېتىپتۇ! _ قاسىم كېلىپ خاسىيەتنى قۇچاقلىدى. _ جېنىم خاسىيەت، بۇلار بۈگۈن سىزنى بار دەپ خېلى تۈزۈلۈپ قالغىنى، مەنمۇ سىزلەر بىلەن تونۇشۇشتىن ئاۋۋال شۇلاردىن پەرقىم يوق بىرسى ئىدىم. سىزلەر بىلەن تونۇشقىنىمدىن كېيىنلا ئاندىن ھاياتىمنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم." _ ئۇلار ئىككىسى خېلى كۈنلەردىن بېرى بىر- بىرىنى كۆرمىگەچكە، چىڭ چاپلىشىپ ئورۇنغىچە ئولتۇرۇشتى. ...

تۇرۇپ چىقماڭ، كېلەر قېتىملىق يىغىلىشىمىزغا قالماي ماڭا بېرىڭ."

"مېنىڭچە، _ دەپ گەپ قىستۇردى خاسىيەت، _ بىز ھازىرچە مانا مۇشۇ خىلدىكى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىمىزنى كۆچا ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا چېنىقتۇرۇپ، ئاندىن كېيىنچىلىك ھەرىكەتلەرگە ئۆتسەكمىكىن دەيمەن. بولۇپمۇ كېچىلىك ھەرىكەتلەردە قۇراللىق بىۋاستە توقۇنۇشۇپ قېلىشلاردىنمۇ ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا، تىزىملىك چىقارغىنىمىزدا شۇ پاتىروللارنىڭ بىر قانچىسىنى تىزىملاپ چىقىشقا تىرىشسىڭىز قانداق قاسىم؟"

"بىزنىڭ خاسىيەتمۇ ياخشى پىكىرلەرنى قىلالايدىكەن- ھە! _ گۈلباھار خاسىيەتكە قاراپ بوم ھېجىيىپ قويدى. _ شۇنداق قىلىڭ ئەمىسە قاسىم، كۈچىمىز يەتمەيدىغان ياكى بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدىغان ئوبيېكتىپلارنى كېلەر قېتىملىق مۇزاكىرىدە تاللاپ چىقىپ خەلقىمىز ئارىسىغا تارقىتىۋېتەرمىز بولمىسا." _ دەپ يىغىننى خۇلاسىلاپ، بەزىلەرگە يەنە يېڭى ۋەزىپىلەرنى بېرىپ يىغىننىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

سورۇندىكىلەر بىرقۇر يەڭگىل نەپەس ئېلىشىۋېلىپ، چۇقۇرۇشۇپ يۈرۈپ تاماققا تۇتۇش قىلىپ كېتىشتى.

بۈگۈنكى سورۇندا ھاراق ئىچىلمىدى. ئەمما جوزىدا بىرقانچە شىشە ئىسىل ۋىسكى- تاتلىق ھاراقلار ئاغزى ئېچىلغان، رومكىلارغا ئاز-تولا قۇيۇلغان ھالدا تۇردى. ئۈستى بېشىلىرىغا ئەتىردەك سېپىپمۇ ئېلىشقاچقا، ئۆي ئىچى سېسىق ھاراق پۇرىقى بىلەن تولغانىدى. جوزىدىكى ھاراق پوتولكىلىرىغا گۈلباھاردىن باشقىلىرى زادىلا دىققەت قىلىشمىدى. پەقەت، بىچارە گۈلباھار ئۇياق- بۇياققا ئۆتكىنىدە باشقىلاردىن يوشۇرۇنۇقچە ھاراق پوتولكىلىرىغا مۇڭلۇق كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ تۇتۇپ قوياتتى. ...

مەلۇم بىر دەم ئېلىش كۈنى ئىدى. قاسىمنىڭ ئاغىنىلىرى خېلى ئايلاردىن بېرى ئۇنى يوقلاشمىغانىدى. ئۇ، يالغۇز ئولتۇرۇپ بۇ بىرقانچە ئايدىن بېرى توپلاپ يۈرگەن يېقىنلاشقىلى بولمايۋاتقان ياكى ئېنىق ئادرېسلىرىنى تاپالماي كېلىۋاتقان قانخور جاللاتلار ھەققىدە قولغا كەلتۈرگەن مەلۇماتلارنى خەلقى ئارىسىغا تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن تىزىملىكتىكىلەرنىڭ تەپسىلى ئادرېس ۋە قىسقىچە جىنايەتلىرىنى رەتلەپ يېزىپ ئولتۇراتتى.

كونا ئۆلپەتلىرى بىر بېسىپ، ئىككى دەسسەپ كىرىپ كېلىشتى. ئەڭ ئاۋال كىرگىنى پىشقەدەم 'ساقى' بولدى.

ئىللەتتە! 'يانچۇقچى' تاماكىسىنى كۆلدانغا قېقىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋام قىلدى. _ ئۇ بالىنى مەن خېلىلا ئوبدان تونۇيمەن. ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلارنى ئويلايدىغانلىقىنىمۇ خىيالىمغا كەلتۈرۈپ قويمىغانىكەنمەن. ئەتىسى ئاخشامدا، ھېلىقى بىنادا ئولتۇرۇشلۇق بىر خىتاي چوڭجاڭنى ئايالى ۋە يالغۇز ئوغلى بىلەن بىرلىكتە بوغۇزلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. يەنە كېلىپ ئۇ خىتايلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا قوللىرى كېسىۋېلىنغانمىش. ئۇ چوڭجاڭنىڭ ئىچى- باغرىنىمۇ بوشىتىۋەتكەنمىش. شۇڭا، بۇ ۋەقەنى بۇ يىلقى كۆرۈلگەن ئەڭ پاجىئەلىك قاتىللىق ۋەقەسى دېيىشىدىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ بالا بۇنداق ئىشلارغا تازا ماس كېلىدۇ دەپ ئويلايمەن. ئىلاھىم بىرەر يەرئاستى قوشۇنىغا ئەزا بولىۋالمىغاندۇ"

"مەيلى، ئىشەنچ قىلالىساڭ، شۇ بالىدىن باشلاپ ئۆرەۋگىنىڭ تۇغۇندا قوشۇنىڭنى قۇرۇپ ئىش باشلىۋەتمەرسەن." _ دېدى گۈلباھار.

"بۇگۈنگىچە بىز رەسمىي بىر شەكىلدە خىتاي ئەمەلدارلىرى تەۋەسىدىن گۆرۈگە ئادەم قاچۇرۇپ باقمىغانىدۇق. _ دېدى خاسىيەت، _ گۆرۈگە ئادەم بۇلاش شەكىللىرى بىلەن خىتاي ئەمەلدارلىرىدىن بەزى نەرسىلەرنى ئۈندۈرۈۋېلىشقا بولماسمۇدۇ؟!"

"راس دېگەندەك، بۇ يېقىندا بەزى خىتاي جاللاتلىرى بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ھەتتا بۇنداق ۋەھشىلىكلەرگە بىرقىسىم ئۇيغۇر قاتارىدىكى مىللىي مۇناپىقلارمۇ ئالاھىدە ياردەمچى بولىۋاتىدۇ. ئۇنداقلارنىڭمۇ نوخولىسىنى تارتىپ قويۇش ۋاقتى كەلدى دەپ ئويلايمەن. بۇ ئىشلارمۇ خۇددى خاسىيەت دېگىنىدەك ئادەم قاچۇرۇش، ۋاستىلىق زەربە بېرىش شەكىللىرىدە مەخسۇس قىلىشقا بولىدىغان ئىشلار. مەن بۇ ھەقتە بىرمۇنچە جاللات- مۇناپىقلارنىڭ تەپسىلىي ئادرېسلىرىنى تېپىپ قويغانىدىم." _ دېدى قاسىم يانچۇقىدىن بىر كىچىك قەغەز پارچىسىنى چىقىرىپ تۇرۇپ.

"توغرا دەيسىلەر، بىز بۇ جەھەتتىمۇ ۋەزىپە بەلگۈلەپ ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. _ گۈلباھار ئورنىدىن تۇرۇپ ئەزالىرىغا كۆز يۈگۈرتكەچ دېدى. _ بولۇپمۇ خەلقىمىزنى ناھەق جازالاش پىلانىنى تۈزۈشۈپ بېرىۋاتقانلار، ئۇنىڭغا قاتناشقانلارنى مىللىتى، جىنسى، ۋەزىپىسى، بىلىمى، يېشى، ئىختىسادىي ياكى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەرگىزمۇ رەھىم قىلماستىن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق چارىلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى، ئەتراپىدىكىلەرنى ياكى يېقىنلىرىنى قىساس ئېلىش ئوچۇن مۇتلەق تۈردە جازالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزغا توغرا كەلمەكتە. بۇنداقلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ يېقىنلىرىغا، ئۇلارنىڭ مال- مۈلكىگە تېنىم تاپماي ئېغىر زىيانلارنى سېلىشىمىز لازىم! قاسىم، سىز تېزلىكتە بۇ ھەقتە بىر تەپسىلىي تىزىملىك

چىرايى غەلىتىلا بولۇپ قالغان، كۆزلىرى چوڭقۇرلاپ ئوغرىنىڭكىدەكلا خۇنۇك پارىلدايتتى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئىچىشكە تەييارلاندى. بۇ ئارىدا 'موخوركىچى' يانچۇقىدىن كىچىك بىر تۈگۈكنى چىقىرىپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يېشىپ، يېشىل رەڭلىك ياڭاقتەك بىر كومۇلاچنى چىقىرىپ بۇغدايدەك- قۇناقتەك ئۈزۈپ ئالىقىنىدا ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. ئاندىن 'تارانچى' قىلىپ گېزىت قەغىزىدە ئورىۋالغان نەيچە ئىچىگە كۆك تاماكىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بىرقات تاماكا، بىرقات كومۇلاچ قىلىپ تىزىپ تۇشقازدى. ئاندىن نەچچە تال سەرەڭگە بىلەن لاپىلدىتىپ يالقۇن چىقىرىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىچىگە تارتىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ بەتەر ساغىرىپ قورقۇنۇشلۇق تۇسكە كىرىۋاتاتتى.

"نەدىنمۇ تاپتىڭ شۇ پاسكىنا نەرسىنى! _ دېدى 'ساقى' دوستىنىڭ ساماندەك ساغىرىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا قاراپ، _ ئۆزەڭگە هاي بەرمىسەڭ تۈگۈشۈپلا كېتىسەن ئاداش. هېلىمۇ چىرايلىرىڭ هەلىمە قورۇقنىڭكىدەك قورقۇنۇشلۇق تۇسكە كىرىپ قاپتۇ دوستۇم. بۇ نەرسە ساڭا ياراشمىدى."

"بۇ كۈنلەردە تۈگەشمىگەن يەنە كىم بار دەيسەن؟! _ 'موخوركىچى' پەلىگىنى قايتىدىن چوڭقۇر بىر نەچچىنى تارتىۋېلىپ، تۈتاشمايۋاتقان مەشنىڭ كانىيىدىن چىقىۋاتقان ئىستەك ئاپپاق ئىس چىقىرىپ تۇرۇپ، _ سەن ماڭا دېگىچە ئاۋۋال ئۆزەڭنىڭ چىرايىغا بىر قارىغىنە، خاڭدىن چىققاندەكلا قارىداپ كېتىپسەن. سەنمۇ رەسمىلا زابوي بولۇپ كېتىۋاتىسەن جۇمۇ! مۇشۇ مېڭىشىڭدا پات- يېقىندا بىز بويتاقلار قوشۇنىغا ئەزا بولىشىڭدا گەپ يوق."

"دېمىسەڭمۇ بىزنىڭ 'ساقى' بىرنەچچە هەپتىدىن بېرى ئۆيدە بويتاق يالغۇز تۇرىۋاتىدۇ. _ دېدى 'خەۋەرچى' ئاشخانا ئۆيدىن چەينەك- چىنىلارنى كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان قاسىمغا قاراپ، _ ئۇنىڭغا خوتۇن- بالىلىرىدىن مۇشۇ هاراقنىڭ تەمى بەكىرەك مۇهىم بولۇپ قالدى."

"سەن قالدىڭ ئەندى ماڭا تەربىيە قىلمىغان، _ دېدى 'ساقى' قولىدىكى هاراق رومكىسىنى ئايلاندۇرۇپ ئولتۇرۇپ، _ دېمىسەڭلارمۇ زېرىكىشتىن جېنىم چىقايلا دەپ تۇراتتى.. _ 'ساقى' دەرهال گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى. _ ئاغىنىلەر، ئەسلىدە شۇ تېررورچىلارنىڭ تۇتقان يولىمۇ خېلى تۈزۈكتەك قىلىدۇ. بۇ كۈنلەردە ئادەم يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ يۈرگىچە، بىرەر خىتاينىڭ مېڭىسىنى چېچىۋېتىپ بولسىمۇ راهەت ئۆلگەن ياخشىمىكىن دەيمەن!"

"نېمە دېگەن زېرىكىشلىك كۈنلەر بۇ! ئادەم ئەتىدىن كەشكىچىلا قورقۇپ يۈرگەن. يا بىر يەرگە ئەركىن بارالمىغان، بىرەرسىنىڭ ئۆيىدىمۇ ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ بىرەر رومكا ئىچەلمىگەن. _ 'ساقى' رەسمىلا غۇدۇڭشۇپ قالغانىدى. ئۇ، ئىشتان يانچۇقىدىن بىر پوتۇلكا ناچار بىر هاراقنى چىقىرىپ، دوسلىرى كەلگىچە بىرنەچچە رومكا قېقىۋېلىش نىيىتىدە ئىدى. ئۇ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن شىشىنىڭ ئاغزىنى مىڭ تەستە ئېچىپ رومكىغا سېسىق هاراقنى تولدۇرۇپ گۇيلا قىلىپ ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاچچىق هاراقنى يۇتقاندىكى بۇ تۇرقىنى قاسىم ئەمەس، ئالۋاستى كۆرسىمۇ قورقۇپ يەتتە قات ئاسمانغا قېچىپ كەتكەن بولاتتى! 'ساقى' نىڭ چىرايىدا ئادەم سىياقى قالمىغانىدى.

"ئۇ پوتۇلكاڭنى ماڭا تاشلاپ قوي ئاداش. _ قاسىم دوستىنىڭ چىرايىغا قاراپ چىدىمىغانىدى. _ بۇگۈن مەندە خېلى ياخشى بىر داچۇي بارىدەك قىلىۋاتاتتى. شۇنى ئېلىپ بېرەي ساڭا." _ دېگەچ بېرىپ ئىشكاپتىن ئالاھىدە ئىشلەنگەن بىر پوتۇلكىنى چىقىرىپ 'ساقى' نىڭ ئالدىغا تىكلەپ قويدى.

"پاھ، پاھ، پاھ! بۇ هاراقنى بىرەر يىلدىن بۇيان كۆرمىگەنىدىم دېگىنە! _ 'ساقى' تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئالدىراش شىشىنى ئېلىپ ئاغزىنى چىشلەپلا ئېچىۋەتتى. پوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئىتتىك بۇرنىغا تۇتۇپ چوڭقۇر بىر پۇرىۋالدى. _ جىڭ هاراق دېگەن مۇنداق بولىدۇ دېگىنە ئاداش. _ ئۇ رومكىسىنى توشقۇزۇپ گۇيلا قىلىپ بىرنى كۆتۈرىۋەتتى. ئۇنىڭ چىرايى بۇ 'ئەسلى هاراق' تىمۇ ئوخشاشلا بايىقىدەك پۈرلىشىپ كەتتى. _ تازىمۇ ياخشى كەلدى بۇ بىر رومكا. قارىمامسەن، تۈزۈلۈپلا قالدىم دېگىنە! _ قاسىم دوستىنىڭ بۇنداق تۈزۈلۈپ قالغىنىدىن ئۇنىڭ ئۆلگەن چىرايى تېخىمۇ ياخشىراقمىكىن دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. 'ساقى' تاماكىسىنى تۇتاشتۇرغاچ دېدى، _ ئاغىنىلىرىمىز هازىر كېلىدۇ ھەقىچان. تۈنۈگۈن سېنىڭكىگە يىغىلىشنى دېيىشىۋالغانىدۇق. قارىمامسەن ئاداش، بىزنىڭ 'موخوركىچى' دوستىمىز نەشە دېگەن شۇ تېزەكتىن تۈگۈشۈپلا كەتتى دېمەمسەن. يامان بولدى ئۇنىڭغا، قانداق قىلساق بولاركىن ئۇ ئاغىنىمىزنى؟!" _ 'ساقى' ئۆزىنىڭ هالىمۇ ئۇنچىلىك ۋاي دېگۈچىلىكى قالمىغانىدى. يۈز- كۆزى ئىشىپ، قارىداپ باشقىچىلا بولۇپ قالغانىدى. قاسىم بۇ ئاغىنىلىرىدىن پات يېقىندا ئايرىلىپ قېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. بۇ ئاردا، قالغان ئىككىسىمۇ يېتىپ كىرىشتى.

"دېمىدىممۇ، بۇ 'ساقى' دا ئاغىنىدارچىلىق دېگەن نەرسە تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ. بىزنى ساقلىمايلا ئىشنى باشلىۋاپتۇ ئەمەسمۇ!" _ 'تەشۋىقاتچى' سۆزلىگەچ كىرىپ پالىشوپكىسىنى چىقىرىپ بىر يانغا قويدى. راس دېگەندەك، 'نەشكەش' ئاغىنىسىنىڭ

"بولدى، بولدى. شۇنداق دەپ قويسام بىر دەسلاپلا قارىم بولىۋالماڭلار يەنە. بايا مەن سورىغانغا بىرنېمە دەپ باقماسلار قېنى. _ 'ساقى' شۇنداق دېگەندەك قىلسىمۇ يەنىلا ئالدىدىكى پوتولكىنى ئاستا جوزىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى. _ شۇ تەشۋىقات ۋارىقىدا چەتئەل كۈچلىرىنىڭ خىتايغا بېسىم ئىشلىتىپ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى ھەل قىلغۇزۇپ بېرىش دېگەندەك مەسىلىگە بەكلا ئۈمىدۋار قارىغاندەك قىلىشامدۇ نېمە؟ دېمىسىمۇ بۇ خىتايلارنى شۇنداق بىر كۈچ كېلىپ قوغلاپ بەرمىسە، بىز خەق بۇنى زادىلا كېلىشتۈرەلمەيمىز. شۇڭا، ئۇ ماقالىدە يېزىلغان سىياسىي جوغراپىيىنىڭ ئالاھىدە مۇھىم دېيىشنى ئېنىق بىلگىم كېلىدۇ. بۇ مەسىلە بىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىمىزنىڭ جان يېرى ئەمەسمۇ؟'"

'نەشكەش'، بېشىنى چۆكۈرۈپ ئۇراۋاتقان ئىككىنچى پەلەك موخوركىسىغا سالغان يېشىل دانچىلىرىنى تەكشىلەپ تىزىش بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى.

"مېنىڭچە بولغاندا، بۇ ۋاراقتا يېزىلغانلار چەتئەل كۈچلىرىدىن پايدىلىنىش ئىشىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. دېمىسىمۇ قايسى بىر يىللىرىدا نيۇ يوركتىكى 'قوشكېزەك بىنا پاجىئەسى' دىن ئۈچ ئالىمىز دەپ ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئافغانىستان بىلەن ئىراققا كىرىپ خىتايلارنى بەكلا ئالاقىزادە قىلىۋەتكەنىدى. بولۇپمۇ بىزنىڭ جەنۇبىي خوشنىمىز بولغان پاكىستاننى خىتاي تەسىرىدىن ئايرىۋېتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقى خىتايلارنى بەكلا ھولۇقتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇندىن كېيىن يەنە تۈركىيىنىڭ ئافغانىستانغا ئەسكەر كىرگۈزۈشى، ئورتا ئاسىياغا ئامېرىكىلىقلارنىڭ قوشۇن تۇرغۇزۇشىغا ئورۇنۇشلىرى خىتايلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەرپ ۋە جەنۇپ تەرەپلىرىدىكى ئىتتىپاقداشلىرىنى يولدىن چىقىرىپ قويۇش خەۋپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ۋەتىنىمىزگە جىددى شەكىلدە ھەربى يۆتكەشكە مەجبۇر بولۇشقانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۈركىيەدە، ياۋروپادا، ئامېرىكىدا تۇرىۋاتقان مۇھاجىر تەشكىلاتلىرىمىز قانات يايدۇرىۋاتقان خەلقارالىق تەشۋىقاتلىرىنىڭ نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن ئىكەن. دېمەكچىمەنكى، بىز بۇ يەردە بىكاردىن- بىكارغىلا ئۆلۈپ بېرىپ، بىرمۇنچە تونۇش- بىلىشلىرىمىزنىڭ بېشىغا بالا تېرىپ يۈرگىنىمىزدىن، مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ قىلىۋاتقىنىدەك چەتئەل كۈچلىرىنى كۈشكۈرتۈپ خىتايلارنى قورقۇتۇپ بۇ يەردىن قاچۇرۇش مەخسىدىگە يېتەلەيدىغاندەك قىلىمىز. شۇنداق بولغىنىدا بىزدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ، خىتايلار چەتئەللىك بىلەن ھەپىلىشىمەن دەپ بىزگە چولىسى تەگمەي قالىدۇ." _ 'تەشۋىقاتچى' مەغرۇر قىياپەتتە ئەتراپىدىكىلەرگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ

"نېمە بولدى ساڭا بۇ يېقىنلاردا؟! — قاسىم چاي قۇيغاچ دېدى. — پوشقاقتىن چىققاندەكلا ئۇ پاراكەندىچىلەرنى ماختىغىلى تۇردۇڭغۇ؟! بۇ ھالىڭ بىلەن بىرەر تۆكى يوق بالاغا قېلىپ يۈرمىگىن يەنە. ئۇلارنى زادىلا ياخشى كۆرمەيدىغان گەپلەرنى قىلاتتىڭ."

"بۈگۈنكى گەپلەر كىمنىڭمۇ ئىسىدە تۇرۇپتۇ دەيسەن، — 'ساقى' قولىدىكى رومكىسىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ئاغزىنى قولىنىڭ تەتۈرسى بىلەنلا سۈرتكەچ دېدى، — بۈگۈن، بۈگۈننىڭ گېپىنى قىلىسەن. ئوقۇمىدىڭمۇ ھېلىقى كىتاپلارنى؟! ھە، راس، ئۇ كىتاپلارنى ساڭا بېرەمەن دەپ بەرمىگەنمىدىم؟! ئۇ كىتاپتا بىزدەكلەرنى قورقۇنچاق خائىنلار دەپ كېسىپلا ھۆكۈم قىلىۋەتكىنىنى دېسەڭ، ئەسلىدە بۇ قالپاقمۇ بىزدەكلەرگە خېلى دۇرۇس كەيگۈزۈلگەن قالپاقتەك قىلىدۇ. دېمىسىمۇ بىز راستىنلا خىتايغا تەخسىكەشلىك قىلىپ قورسىقىمىزنى بېقىپ يۈرگەن مىللىي پارازىتلاردىن بولماي نېمە؟! راس، ئاخشام ئىدارىدىكى خىتايلارنىڭ بىر- بىرسىگە پىچىرلىشىپ تۇرۇپ دېيىشكەن گەپلىرىدىن قارىغاندا، خىتايلارنى بوغۇزلاپ، پارتىلىتىپ يۈرگەنلەر ئارىسىدا بىرمۇنچە ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭمۇ بارلىقىدىن گۇمان قىلىنىشىدىكەن. بىزدەك شۇنچە كۆپ ئەرلەر تۇرغان يەردە، بۇنچە خەتەرلىك ئىشلىرىمىزغا خوتۇن خەقلىرىمىزنىمۇ سېلىپ قويغان بولساق، بۇ جاننىڭ تازىمۇ قىممىتى قالمىدى دەڭلا. خىتايلارنىڭ دېگىنى راس بولغىنىدا، ئۇ قىزلارنىڭ يۈرىكى بىز ئەر خەقلەرنىڭكىدىن خېلىلا يوغان بولسا كېرەك؟! تۇۋۋا دېمەي بولمايدۇ بۇ ئىشلارغا."

"نېمىگە تۇۋۋا دېمەكچىسەن؟!"

"يا دەيمەندە، نېمە دېگەن قورقماس يۈرەكلىك قىزلاردۇ ئۇلار، زادىلا ئىشەنگىم كەلمەيدۇ."

"يەتتى قىزلىرىم، نۇرۇگۇلۇم، رىزۋانگۈل دېگەنلەرگىمۇ ئىشەنمەمتىڭىيا؟!" — 'موخوركىچى' ئۇنىڭغا قاراپ دېدى.

"ئاغىنىلەر، قۇرۇق گەپنى قويۇپ جىم تۇرۇڭلارچۇ بىردەم. مەن سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان بىرنەرسە تېپىپ كەلدىم." — دېگىنىچە، 'تەشۋىقاتچى' يېنىدىن بىرۋاراق نەرسىنى چىقىرىپ ئەندىلا ئوقۇشقا كىرىشۋىدى، 'ساقى' ئۇنى ئوقۇشتىن توختاتتى:

"قوي، بولدى ئوقۇما ئۇنى. ئالدىمىزغا ھاراقنى تىكلەپ قويۇپ دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدە تالاش- تارتىش قىلىشساق يامان بولىدۇ. بايا دېگىنىڭدەك چەتئەللىكلىرىمىز توغرىسىدىكى نەرسەڭ بولسا يەنە ئوقۇغىنە، شۇنى ئېنىق بىلگىم بار ئىدى."

"ئۇنچىلىك خۇدادىن قورقىدىغانلىقىڭنى بىلمەپتىكەنمەن. بولمىسا ئالدىڭدىكى پۇتولكىنى ئېلىۋېتەيمۇ- يا؟!"

ئۆلگەندە نامىزىمىزنى چۈشەرتىشى ئۈچۈنلا مۇسۇلمان بولىۋالىمىز ھەقىچان!"

"راس دەيسەن، _ دېدى 'تەشۋىقاتچى' ئورنىدىن تۇرۇپ، _ بىز پەقەت ئۆلۈم ئۈچۈنلا مۇسۇلمان بولىۋالىمىز. گويا مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۆلۈشلا بولىدىغاندەك گەپ قىلىشىمىز. ئەگەر مۇسۇلماندارچىلىق ئۆلگەندىن كېيىن ئاندىن ئەسقاتىدىغان بولسا، خۇدايىم بۇ دۇنيانى نېمىشكە شۇنچە مۇرەككەپ قىلىپ يارىتىپ بىزگە ئامانەت قىلدىم دەيدۇ؟ شۇنچە كۆپ پەيغەمبەرلەرنى نېمىشكە ئېۋەرتىپ تۇردى؟ قۇرئاننى نېمىشكە چۈشۈردى؟ ھېچ نېمە قىلماي جەينامازدا ئولتۇرۇپ بۇ دۇنيالىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىۋاتىمەن دەيدىغان مۇسۇلمانچىلىقنى خۇدايىممۇ ياخشى كۆرمىسە كېرەك؟ مېنىڭچە، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدا بىر مەسىلە باردەكلا قىلىدۇ."

"ئاغىنىلەر، سىلەر بۈگۈن ئىشنى بۇزدۇڭلار جۇمۇ! ئەندى بۇ رومكىلارنى يىغىشتۇرماي بولمىدى. ھېچنېمە قىلالمىساقمۇ، دىن ئۈستىدە پاراڭ بولغاندا بولسىمۇ ئالدىمىزدىن ھاراقنى ئېلىۋەتكىنىمىز تۈزۈك. _ 'ساقى' ئۆزىچە غۇدۇڭشۇپ يۈرۈپ پوتولكا-رومكىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئىشكاپقا تىقىشقا باشلىدى.

"دېگىنىڭنىڭ يولى بار. _ دېدى قاسىم 'تەشۋىقاتچى' ئاغىنىسىگە قاراپ، _ خۇدايىم بىزنى بۇ دۇنياغا نېمىشكە ئېۋەتتى؟ ..."

"ھە، ئەندى ئەقلىڭنى تاپتىڭ قاسىم. ئارىمىزدا ئىچمىگەن سەن بولغىنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە گەپ قىلىشقا توغرا كەلگىنىدىمۇ سەن قىلىشىڭ كېرەك. قېنى دېگىنە، بۇ ھەقتە سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلاپ باقايلى." _ 'ساقى' جىزىدىكى تاتلىق تۈرۈملاردىن يىگەچ قاسىمغا قارىدى.

"راس دېگەندەك، بۈگۈنكى ئىسلام قاراشلىرىدا قانداقتۇر بىر چاتاق بار دېگەننى مەنمۇ پات- پاتلا ئويلاپ قالىمەن. بۇرۇنقى ئىسلام قاراشلىرى ئىلمىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ مۇكەممەللىشىپ بارغانىكەن. ئەمما 10- 12- ئەسىرلەردىن باشلاپ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى يېڭى ئىزدىنىش باسقۇچىغا مۇھتاج بولىۋاتقىنىدا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى توختاپ قېلىش، ھەتتا چېكىنىش باسقۇچىغا كىرىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي كۆزقاراشلىرىمۇ بىرخىل قاتماللىققا كىرىپ قېلىپ، تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى سەزدىم. بايىقى سوئاللارنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى مانا مۇشۇ جەھەتتە تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. يەنى، بۇ دۇنياغا بىزنى نېمىشكە ياراتتى؟ بۇ مۇرەككەپ ئەمما تولۇق قانۇنىيەتلىك بىر دۇنيانى بىزگە نېمىشكە رىسق قىلىپ ئامانەت قىلىپ بەردى؟ بىزنىڭ بۇ مېڭىمىزنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە مۇرەككەپ ھۈجەيرىلەر بىلەن قۇراشتۇرۇپ بەرگەن؟ بۇ ئالەمدىكى ماددىلارنى

چىقىپ، 'ساقى' غا ئىشارەت قىلىپ بىر رومكا قۇيدۇرۇپ كۆتۈرۈشتى.

"ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ تۇرايلى دېگىنە! _ دېدى 'موخوركىچى' يەنە يىرتىق پۇشقاقتىن چىققاندەكلا گەپ قىلىپ، ئاندىن ئۇ قولىدىكى موخوركىسىنى قاتتىق بىر شورىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى، _ دېگەندەك، مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ قىلمىشلىرى توغرا بولغىنىدا، خىتايلار قورقۇپ قېچىش ئورنىغا يۇرتىمىزدىكى ئەسكەر سانىنى بۇرۇنقىسىنىڭ بىر ھەسسىسىگە يېقىن كۆپەيتىپ نېمە قىلاتتى؟! مانا بۈگۈن نەگىلا قارىساڭ قوراللىق خىتاي."

"توغرا دېيسەن. سېنىڭ مېڭىلىرىڭنى نەشىدىن بۇلغۇنۇپ پىكىر قىلالماس بولۇپ كەتتىمىكىن دېسەم، ئازىراق قالغاندەكمۇ- قانداق؟!"

"بولدى قىلىڭلار بۇ بولمىغۇر گەپلەرنى. _ قاسىم گەپكە ئارىلاشتى. _ بايىقى شۇ دىن توغرىسىدا يېزىلغانلىرىنىمۇ بىر ئوقۇپ باقمامسەن؟! ھەرقانچە دېگەن بىلەن، بىز ھەربىر مۇسۇلمان بالىلىرىغۇ."

قولىدىكى رومكىسىنى بوشىتىپ تۇرغان 'ساقى'، رومكىنى قويۇپ ئۈزىدىن نېرىسىغا ئېتتىرىپ قويدى:

"مۇسۇلمان بالىلىرىمىش تېخى! بىزنى قانداقمۇ مۇسۇلمان دېگىلى بولسۇن؟! ئىچىشىمىز ھاراق، چېكىشىمىز نەشە، قىلمىشلىرىمىز پاشىۋازلىق! مۇسۇلمان دېگەن بەش ۋاقىت نامىزىنى تاشلىمايدىغان تەقۋادار، يالغان سۆزلىمەيدىغان، مۇلايىم، رەھىمدىل، ھارامغا يېقىن يولىمايدىغان كىشىلەردىن بولىشى كېرەك. بىرچۇ؟! بىز دېگەن خىتايلاردىنمۇ بەتتەرلىشىپ كەتكەنلەرمىز! ھە، شۇ تېررورچىلارنى دېمەمسەن، بوغۇزلاۋاتقان، ئۇچەي باغىرلىرىنى چۇۋۇۋېتىپ بارغان، بۇنداق ئادەم قېلىپىدىن چىققان ئىشلار يەنە شۇ بىزدىن چىقمىدىمۇ؟! بىز خەقنى دېمەيلا قوي. دۇنيادىكى شۇنچە كۆپ مۇسۇلمانلارنىڭ قايسى بىرسى بىزدىن تۈزۈكمىدۇ؟! ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئامېرىكىنىڭ، ياۋروپالىقلارنىڭ، ھەتتا رۇس، ياپون، خىتايلارنىڭ قولىغا قارىشىپ يۈرمەمدۇ؟! سىلەردىن قايسى بىرىڭلار كۆردۈڭلار قېنى، 'ما دې ئىن مۇسۇلمان دۆلىتى' دەپ يېزىلغان بىرەر نەرسىنى سېتىۋالغىنىڭلار ياكى كۆرگىنىڭلار بارمۇ؟! ..."

"مەن كۆردۈم، _ دەپ 'ساقى' نىڭ گېپىنى بۆلدى 'تەشۇىقاتچى'، _ خورما، ..."

"مەنمۇ كۆردۈم، ما دې ئىن تۈركىيە دېگەن پىچىنە بار ئىكەن. ..."

"چاخچاقنى قويۇڭلار، _ 'ساقى' قايتا گېپىنى باشلىۋالدى. _ ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ بىرمۇنچىسىغا خۇدايىم قارامايىنى بەرگەنىكەن. بولمىسا نېمە قىلار بولغىيدىكىن. تېخىمۇ ۋەيران بولىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ! مۇسۇلمانلار، بىز خەق

سورىمايدۇ. مىڭەڭگە قاچىلىغان خۇدانىڭ ئۇلۇغلىغىنى ئىسپاتلايدىغان بىلىمگىنى، ئۇ بىلىمدىن پايدىلىنىپ باشقىلارغا خۇدانىڭ ئۇلۇغلىغىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ياخشىلىقلىرىڭىنىلا سورايدۇ. بۇنىسى ئېنىق!"

"ئۇنداق بولسا، ئاللاھ بىزدىن تاپشۇرغان بۇ ئالەمنى تونۇش، ئۇنى كەشىپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى ئىشلاردا پايدىلىنىشنى بىزگە ئىمتىھان قىلىپ بەرگەن بولسا، بىز بۇنداق بىلىم، بۇنداق تېخنىكىنى ئۆگۈنۈش، كەشىپ قىلىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق مۇھىتىنى يارىتىشىمىز، ئۆزىمىزگە بۇنداق مۇھىتنى يارىتالمىساقمۇ ئەۋلاتلىرىمىزغا يارىتىپ بېرىشنى بۈگۈنكى ۋەزىپىمىز دېسەك توغرا بولمامدۇ؟"

"سەن يەنە گەپنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ ۋەتەننى دۈشمىنىڭدىن تارتىپ ئېلىش ئىشى بىزنىڭ نۆۋەتتىكى بىرىنچى ئورۇندىكى ۋەزىپىمىز دېگەن يەرگە ئېلىپ كەلمەكچىمۇسەن؟!

_ 'ساقى' تاماكىسىنى چەككەش گەپ قىلدى، _ قارىغىنا شۇ ھالىمىزغا، بىزدىن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا لايىق بىرەر سۈپەت كۆرەلەمسەن؟"

"ھاراقنى، نەشىنى، تاماكىنى ۋەتەندىن ئۈستۈن كۆرسەك، نۇرغۇن كىشىلەردەك پۇل- مالنى، ھاۋايى ھەۋەسنى، ئابرۇينى، ئويۇن- تاماشىنى ۋەتەننىڭ ئالدىغا قويىۋالساق، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش لاياقىتىگە ھەرگىزمۇ ئىگە بولالمايمىز. بۇ دېگەنلىك ئويىنمايلى، پۇل- مال دېمەيلى، ئۆي، خوتۇن- بالا دېمەيلى، ئابرۇيىم دېمەيلى دېگەنلىكمۇ ئەمەس. بىز 'ئۆزەمنىڭ ۋەتىنىدە ئويناي‌مەن، باي بولىمەن، ئابرۇيلۇق بولىمەن' دەيدىغان غايىگە كېلەلىسەكمۇ ھازىرچە يېتەتتى. بۇ غايىلارنىڭ ھەممىسىلا ۋەتەننى ئالدىنقى شەرت قىلماقتا. _ قاسىم بىر يۇتۇم چاي ئىچىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدۇردى. _ بۇنداق بىر ۋەتەننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ۋەتەننى بىزدىن تارتىۋالغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئاۋال دۈشمەننىڭ ئەڭ ئاجىز نوقتىلىرىغا زەربە بېرىشتىن ئىش باشلاشقا مەجبۇر ھالغا كېلىپ قالدۇق، ..."

"گېپىڭنى ئۆزارتماي 'ئىزچى مەن' نىڭ تەرغىپ قىلىۋاتقان يولىنى تۇتايلى دېگىنە. _ 'ساقى' گەپنى بۆلدى، _ سېنىڭچە بولغاندا، بۈگۈنكى تېررورچىلىقنىڭ ..."

""تېررورچىلىق' ئەمەس، ۋەتەنپەرۋەر پىدائىلار ھەرىكىتى دېمەمسەن!"

"بىلىمەن! _ 'ساقى' لوقما قىلغان 'موخوركىچى' غا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ دېدى، _ بۇنداق ئىشلارنى 'ئىزچى مەن' دېگىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى دەيدۇ، خىتايلار بولسا تېررورچىلىق دەيدۇ."

ھەممە جىم بولۇپ قالدى.

'ساقى' قولىدىكى يېرىمى تۈگىمىگەن تاماكىسىنى كۈلدانغا پاتۇرۇپ ئەزدى. ئەندى

نېمە ئۈچۈن ئېنېرگىيەلەر ھالىتىدە، جىسىملار ھالىتىدە، مالېكۇلا، ئاتوم، يادرو زەررىچىلىرى، فوتون، ... لاردىن ياراتتى؟! خۇدا كائىناتقا بۇ ماتېرىياللارنى پەيدا قىلىپ، بىزنى ئۇلاردىن خالىغانچە پايدىلىنىشقا، ئۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلمىدىمۇ؟! شۇ ئارقىلىق خۇدانىڭ بىردىن- بىر ئەڭ مۇكەممەل بۇ كائىناتنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى تونۇشلىشىمىز، شۇ ئاساستا ئىرادىمىزنى، ئېتىقادىمىزنى سىناشقا بۇيرۇق قىلغىنى مۇقەررەر. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا بىزگە ئامانەت قىلغان بۇ بايلىقلارنى بىلىشىمىز، پايدىلىنىشىمىز ۋە ئىشلىتىش قانۇنلىرىنى، بىلىملىرىنى، تېخنىكىلىرىنى بوشاشماي، يېنىۋالماي، جاپاسىدىن قورقماي ئۆگىنىش، بىلىۋېلىش، كەشىپ قىلىش ۋە پايدىلىنىشلارنى ۋەزىپە قىلدى. بولمىسا خۇدايىم قىلىدىغانغا ئىشى يوق بوخىل ئېنېرگىيىلىرنى، سېكونتىغا ئۈچ يۈز مىڭ كىلومېتىردىن ئۈچۈپ قانۇنىيەتلىك ھەرىكەت قىلىدىغان ئاتوم يادروسى، ئېلېكترونلار، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئوربىتالىرى، فوتونلارنى ياراتمىغان بولمىغىيدى؟! ۋەياكى ئۇلارنى دىنسىزلار پايدىلىنىپ خۇداغا ئىشىنىدىغان بىز مۇسۇلمانلارنى بوزەك قىلىپ ئوينىسۇن دەپ بەرمىگەندۇ؟! بۇ دېگەنلىك ماددىي دۇنيانى، كائىناتنى ئۆگەن، كەشىپ قىل ۋە ئىشلەت دېگەن گەپ. ئېمىسىمۇ خۇدايىم بىزگە بۇ مىليونلىغان كىتاپلارغا يېزىلىدىغان بىلىملەرنى سىغدۇرۇپ كېتەلىگىدەك مۇكەممەل ئىشلەيدىغان مېڭىمىزنى بېشىمىزغا سېلىپ بىر ئۆمۈر كاۋدەك كۆتۈرۈپ يۈرۈشىمىزگە بەرمىگەندۇ؟! ياكى بۇ مېڭىمىزنى پۇل، مال، ئويۇن- كۈلكە، ... دېگەندەكلەر بىلەن تولدۇرۇپ كېلىڭلار دەپ بەرمىگەن بولغىيدى؟! ئۇنى قۇرۇق كۆتۈرۈپ بارساق، ئاخىرەتتە چوقۇم ئۇنىڭ سورىقىغا قالىمىز. ھەتتا ئەڭ چوڭ سورىغىدا قالىمىز! ئويلاپ كۆرۈڭلار، دۇنيانى ئاستىن- ئۈستۈن قىلىۋەتكىدەك بىلىملەرنى كەشىپ قىلغان ئەينىشتېيىننىڭ مېڭىسىمۇ ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئارانلا ئۈچ- بەش پىرسەنتى ئىشلىتىلىنگەنىكەن. ئەگەر ئۇنىڭدەك مېڭە ئىشلىتەلەيدىغان ئادەمدىن بىرلا ۋاقىتتا يەنە ئون كىشى بولغىنىدا يەنە قانچىلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلەمسىلەر؟! ھالبۇكى، بىز ئۇيغۇرلارنىڭلا ئون- يىگىرمە مىليوندىن شۇنداق زاپاس مېڭىمىز بار! بىز ئۇنچىلىك كەشپىيات تۇرماق، شۇ ئۆلۈمتۈك خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ئۈچۈنمۇ بۇ مېڭىنى ئىشلىتەلمەيۋاتىمىز. بۇنىڭ ئاخىرەتتىكى سورىغىنى ئەندى ھېساپلاپ بېقىڭلارچۇ؟!"

"دېگىنىڭىنىڭ خېلى جېنى بار گەپلەر ئاداش. ئەسلىدە سورۇلىدىغان ھېساپ شۇ بولسا كېرەك. _ دېدى 'ساقى' گەپ قىستۇرۇپ، _ خۇدايىم سەندىن پۇل- مېلىڭنى

"مەن نەدىن بىلەي، يېگىدىن ئادەم بولىشىمىزنى تەبرىكلەپ ئۆتكەن نامىزىم، شۇ. سىلەر ھازىر ھاراقتىن 'جۇنۇپ' بولغىنىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە تاھارەت تۇتمايدۇ، كېيىن تولۇقلىۋېتەرسىلەر."

قاسىم خۇشاللىقىدىن ھاياجانلىنىپ ئاغىنىلىرى ئۈچۈن قايتىدىن دەستىخان راسلىدى. خېلى بۇرۇنلا قازانغا سېلىپ قويغان گۆشى پىشىپ تازا مەي بولۇپ كەتكەنىكەن. لېگەنگە سېلىپ چىقتى. قاسىم يالغۇز دۇئا قىلدى. ھەممىسىگە ئاتاپ بىسمىللا دەپ دوسلىرىنى دەستىخانغا تەكلىپ قىلدى. ھەممىسىنىڭلا كاللىسى سەگەكلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار خۇشاللىقىدىن قىن- قىنىغا پېتىشمايتتى. خۇددى چوڭ ھېيت- بايرام كۈنلىرىدىكىدەك خۇشال ئىدى. ئۇلار تەكەللۇپلەر بىلەن، يېرىم چاخچاقلىشىپ گۆشكە قول ئۇزۇتۇشتى. ...

ئۇنىڭ قوللىرى تىترىمىگەندەك قىلاتتى. ئاندىن تەمكىنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئەتراپىدىكىلەرگە بىرمۇ- بىر تىكىلىپ قاراپ چىقتى. ئاستا بېرىپ ئىشكاپقا سېلىپ قويغان پوتولكىلارنى چىقاردى. ئۇلارنى ئېلىپ ھاجەتخانىغا كىردى. ئالدىرىماي تۇرۇپ پوتولكىدىكى ھاراقنى بۇلدۇقلىتىپ تۆكۈپ بوشاتتى. قايتىپ كىرىپ قۇرۇق پوتۇلكىلارنى جوزىغا تىكلەپ قويدى. ئۇ، دوستلىرىغا مەغرۇر قارىغىنىچە، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

'نەشىكەش' مۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىدىكى يېڭى ئورىغان پەلىگىنى كۈلدانغا يېمىرىپ باستۇردى. يانچۇقىدىن قاقتەك قىلىپ ئورىۋالغان يېشىل بىر نېمىنى چىقىرىپ كۈلدانغا ئۈزۈۋېتىپ ئەزدى. ئۇمۇ مەست قىلماي بۇ ھەرىكەتلەرنى قىلماقتا ئىدى.

'تەشۋىقاتچى' مۇ جىم تۇرماي، قولىدىكى تاماكىسىنىڭ تازا ئاتتىن چۈشكەن يېرىنى كۈلدانغا يېمىرىپ ئەزدى. ئەپچىللىك بىلەن يانچۇقىدىن تېخى يېڭىلا ئېچىلغان تاماكا پاشكىسىنى چىقىرىپ ئېزىپ- پۇرلاپ بۇلۇڭدىكى ئەخلەت خالتىسىغا تاشلىدى. ئۇنىڭمۇ ئاغزىنى تىنغ ئاچماس ئىدى.

ھەممىسلا چاقماقلىرىنى چىقىرىشىپ ئەخلەت خالتىسىغا تاشلاشتى.

'ساقى' سالماقلىق بىلەن ئورنىغا كېلىپ تۇردى:

"ئاغىنىلەر! _ ئۇنىڭ چىرايى رەسمىي جىددى تۈسكە كىرگەنىدى. ئاۋازىمۇ جاراڭلاپ تۇراتتى. _ ئاغىنىلەر، بۈگۈندىن باشلاپ ئولتۇرۇشىمىزدا ھاراق يوق. نەشە يوق. تاماكا يوق. ئائىلىمىزدىن يامانلاشلار يوق. مۇمكىن بولسا بۇرۇنقى ئاياللىڭلار بىلەن يارىشىۋېلىڭلار. بولمىسا ئۆيلىنىۋېلىڭلار. ... دىن ھەققىدە تالاش- تارتىشلار بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمەس. ئۇنىڭغا يەتكىدەك بىلىمىمىزمۇ يوق. ئەمما مەيلى توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن، بۇرۇندىن كېلىۋاتقان دىنىي ئىبادەت قائىدىلىرىنى مەخپىي ئىجرا قىلىشقا تىرىشىمىز! ... بۇلار بۇندىن كېيىن بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنىڭ، بۇنداق ئولتۇرۇشلىرىمىزنىڭ شەرتى بولىدۇ. بۇندىن كېيىنكى ئولتۇرۇشلىرىمىزدا چاي- تاماقتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. سۆھبەتلىرىمىزمۇ دىن، ۋەتەن، مىللەت ھەققىدە بولىدۇ. ئەمما مۇتلەق مەخپىي بولسۇن. سىلەر قانداق قارايسىلەر؟!"

ھەممە بىردەك ئۆرە تۇرۇشۇپ قوللىرىنى ئۇزارتىشتى. تۆت قول بىر- بىرسىنىڭ ئۈستىگە قاتلاندى. قاتلاردا قاسىم دەرھال مونچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ چىقىپ، ياتاق ئۆيىگە كىرىپ بىر ئاق خەسىنى جەينماز قىلىپ بىرنەچچە رەكەت ناماز ئوقۇپ چىقتى.

"ئاغىنە، ھازىر ئۆتىگىنىڭ قايسى ۋاقتىنىڭ نامىزىدى؟!" _ بايىتىدىن بېرىقى جىمجىتچىلىقنى 'خەۋەرچى' بۇزدى.

ئېلىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان ساقچى فېڭ لىن دېگەن بىلەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بەرگەن مۇناپىق ساقچى ئابدىرىيىم نىياز ئائىلىسىنى پارتلىتىۋېتىش پىلانىمىزنى ئىجرا قىلالمىدۇق. بۇنىڭغا مەن ئۆزۈم سەۋەبچى بولدۇم. ئەسلىدە بۇ مۇناپىقنىڭ ئايالى تېخى بىر ئاي ئاۋۋال تۇغۇتتىن قوپۇپ ئۆيگە يېنىپ كەلگەن بولغاچقا، بۇ ئىشقا ھەرقانچە غەيرەت قىلساممۇ قولۇم بارمىدى. بولمىسا، قولغا ئېلىنغان شۇ ياشلارنىڭ بىرنەچچىسى قىلچە كىرىمى بولمىغان بالا- چاقىلىرى ئۆيدە ئىگە- چاقىسىز قالغان ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ئۆيدە ئىشسىز ئايالى بىلەن ئىككى ئايلىق بۆشۈكتىكى ئاچ- يالىڭاچلىقتا قالغانىكەن. ... مەن بىر ئايال كىشى بولغىنىم ئۈچۈنمۇ بىلمىدىم. يەنىلا ئۇ مۇناپىقنىڭ ئائىلىسىنى پارتلىتىۋېتىشقا كۆڭلۈم چىدىماي تۇردۇ ... پەقەت بولمىغاندا، ... بولمىسا بۇ ۋەقەنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ خەلقىمىز ئارىسىغا تارقىتىۋەتەرمىز. ئۇنى قانداق قىلىش ئىشىنى باشقىلار قارار قىلىشسۇنمىكىن دەيمەن. ھازىرقى مەسىلە، مىللىي مۇناپىق ئادىل دېگەننىڭ ئۈچ ياشلىق قىزىنى تۇتۇپ تۇرغان ئۆيدە بۇ قىز زېرىكىپ يىغلاپ ئاۋارە قىلغىلى تۇردى. قارىغاندا ئادىل دېگەنمۇ جاسۇسلۇق بۆلۈمىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش غېمىدا يۈرگەن ئوخشايدۇ. ئىشەنچلىك بەزى يېقىنلىرىنىڭ دېيىشىچە، قىزىنى ساق- سالامەت قايتۇرۇپ ئېلىش ھېساۋىغا ئەنچۈەنتىڭنىڭ يېقىنقى ھەرىكەت پىلانلىرىدىن بىرقىسمىنى ئوغرىلاپ بېرىشنى ئويلىشىۋاتقانمىش. شۇنداقتىمۇ، بۇ تۇردىكى ئادەم قاچۇرۇش ئىشى بەكلا ئاۋارىچىلىق ۋە خەتەرلىك بىر ئىش ئىكەن. ... قارىغاندا بىز ھازىرچە بۇنداق ئىشلارغا تەييار ئەمەستەك قىلىمىز."

گۈلباھار يەنە بىرقانچە ناھىيەدە يۈز بەرگەن ۋەھىمە پەيدا قىلىش ۋەقەلىرىدىن بىرقانچىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. كوچىلاردا قازاقىستاندىن، خىتايدىن كەلگەن بىرقىسىم يېڭىچە ئاددى مىنا لايىھەلىرى بىلەن پارتلىتىش دورا رېتسېپلىرى مەخپىي تارقىلىپ يۈرەتتى. بۇلاردىن ئىككىسىنى 'يانچۇقچى' قولغا چۈشۈرۈپ كەلگەنىكەن. ئۇنى قاسىمغا ئۇزاتتى. خاسىيەتمۇ خىتايدا تونۇشۇپ قالغان بىر خىتاي كومپيۇتېر ئالىي ئېنجېنېرىدىن ئالغان مەخپىي بەتلەرگە كىرىش پروگرامما يۇمشاق دېسكىسىنى بەردى.

گۈلباھار بەزى قىيىن مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىش چارىلىرى ئۈستىدە بىرئاز مۇزاكىرە قىلىشقاندىن كېيىن، كانۋېرت ئىچىگە سېلىنغان بىر ئايلىق ۋەزىپىلەرنى بىردىن- بىردىن تارقىتىپ بەردى:

"ئوقۇپ بولۇپلا دەرھال مەشكە سېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىڭلار."

قاسىم كونۋېرتنى ئېچىپ قارىۋىدى، بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ئاق قەغەز چىققانىدى. _

# 16. يېڭى ئىشلار

"ۋەتەن سۆيۈش — ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر."

— ھەدىستىن

بۈگۈن 'يېڭى ئاي قوشۇنى' دېگەنلەر 'يانچۇقچى' نىڭ تەييارلىغان بىر مەخپى ئۆيىدە يىغىلىشتى.

"يىغىنىمىز ئۇچۇق، — دېدى گۈلباھار، ئالدىدىكى كۈلدانغا تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىپ تۇرۇپ، — بىز بۇ ئۈچ ھەپتىدىن بېرى يىغىلىشالمىدۇق. بۇ جەرياندا قوشۇنىمىز تۆت قېتىملىق مەخپى ۋەھىمە ھەرىكىتىنى پەيدا قىلدى. يەنى، ئېنىغىراق دېسەم ئۆتكەن ھەپتىدە سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قوغداش باشقارما خىتاي باشلىقى ئائىلىسىنىڭ ئۈچ نەپەر ئادىمى بىلەن بىرگە ئۆيىدە پارتىلاپ تىتما- تىتما بولۇپ ئۆلدى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۆتكەن يىلى بىرمۇنچە سودىگەرلىرىمىزنىڭ نەچچە مىليون سوم پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغان داڭلىق ئالدامچىلار شىركىتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ كوڭباۋ ياتقان ئۆيىدە ئىككى پاھىشە بىلەن بىرگە بوغۇزلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر ئالىي تېخنىكومدىكى ئوقۇغۇچىلىرىمىزدىن گۇمان قىلىپ پېيىغا چۈشكەن بىخەتەرلىك نازارىتىنىڭ جاسۇسلىرىدىن جاڭ خۇلۇنىڭ ئۆيى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولغان مىللىي مۇناپىق ئادىلىنىڭ ئۈچ ياشلىق قىزى قاچۇرۇلۇپ ھازىرغىچە مەخپى بىر يەردە گۆرۈدە تۇتۇلىۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە گېيولوگىيە نازارىتىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى ئائىلىسىگە خەت كىرگۈزۈپ يۈز تال ئاپتوماتنىڭ پىستان تەييارلاپ بېرىشى ۋە يېڭى پارتىلاتقۇچ دورىسى تەييارلاشنىڭ خامئەشيالىرىنى تېپىپ بېرىشى تەلەپ قىلىندى. بۇنىڭ تېخى جاۋابى يوق. يەنە بىرمەزگىل ساقلاپ باقىمىز. ئەگەر يەنىلا بىر جاۋاپ ئالالمىساق، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىمۇ ئۇچۇقتۇرۇۋېتىشىمىز كېرەك. خىتاي زىيالىلىرىغا بىر ئۆلگە بولسۇن بۇ ئۆلۈم. شۇنىڭدەك يەنە بەش پارچە تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىلدى. — گۈلباھار تاماكىسىنىڭ قالدۇغىنى ئالدىدىكى كۈلدانغا ئېزىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمما ئۆتكەن ئايدا بىكۇنا يىگىرمە نەپەر ياش ئىشچىمىزنى قولغا

'موخوركەشچى' نىڭ ئېغىزىدا لىق سېغىز، 'تەشۋىقاتچى' نىڭ بولسا ئاغزىدا كەمپۈت، ئۇلار ئەندى تاماكا ئورنىغا خۇمارىنى باشقا نەرسىلەردىن چىقىرىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ئالاھىدە تۈرۈلۈپ قالغان بولۇپ، ئۇپدانلا پارقىراپ تۇرۇشاتتى.

"ئاغىنىلەر، _ دېدى 'ساقى'، _ بىزنىڭ ئادەم بولمىغىمىز بەكلا تەسكە توختىدى جۇمۇ، قېنى قاسىم سەن نېمىدە تاماكا خۇمارىڭنى باستۇرۇپ يۈرىيسەن؟"

"چاي ئاداش چاي، ئاتىنىڭ قېنىدەك چاي بىلەن باستۇرۇپ يۈرىمەن دېگىنە، راسلا تەس ئىش ئىكەن بۇ." _ ئۇ كۈلۈپ قويدى.

ئاشخانىچە خاسىيەتمۇ ئۇخشىغان سۈتلۈك چاي دەملەپ ئېلىپ كىردى. ھەممە ئولتۇرۇپ بىرقۇر ناشتا قىلغاندەك ئىچىشتى. ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرى سىلىق سىپايە، ئەمما ھېلىغىچىلا بەكلا ياسالما قىياپەتتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنىدى. بىر- بىرىگە ماسلاشمايدىغان، قولاشمىغان سۆھبەتلەر خېلى ۋاقىتلارغىچە يولىغا كىرەلمەي، ھەممىنى قىيىنىماقتا ئىدى.

"ئاغىنىلەر، توختىساڭلارچۇ، ھەرقانچە بولسىمۇ بۇنچە قىيىنىلىپ كەتمەيلىلا. ھەي شۇ هاراق دېگەننى، ئەسلىدە ئۇ بىزنىڭ قوشقاچ تىللىرىمىزنىمۇ سۆزلەتكۈزۈۋېتەتتىكەن- دە! _ 'ساقى' نىڭ ئىچى سىقىلىپ چىدىمايلا قالغانىدى. _ ھەرقانچە بولسىمۇ ئەركىنىرەك بولمايلىمۇ، قىسىلىپ ئىچىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەكلا بولۇپ كەتتىم. گەپ- سۆزلەردە بولسىمۇ ئازادىرەك بولمايلىمۇ؟!"

ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

"ھېلىقى ئىچىۋالغان كۈنىڭدىكى قىياپىتىڭ ئېسىڭدىمۇ؟! خۇددى دوزاقتىن يېڭى چىققاندەكلا كۆرۈنگەنىدىڭ."

"مۇنۇنى دېمەمسەن تېخى، چېكىۋالغاندىن كېيىن چىنىدىكى چايغا قاراپ سۇغا چۆمۈلەيلى دەپ تۇرىۋېلىشىچۇ."

"... ..."

ئۇلار بۇرۇنقى چۈشكۈنلۈكتە قالغان كۈنلىرىدىكى كۈلكىلىك ھىكايىلىرىنى ئەسلىشىپ بىر- بىرىنى شاڭخو قىلىشقا كىرىشىشى بىلەن، سۆھبەتلىرىمۇ ئاستا- ئاستا جانلىنىشقا باشلىدى.

'خەۋەرچى' نىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، بۇ يېقىنلاردا بېلىگە پارتىلاتقۇچ بومبىسىنى تېڭىپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى زىچ يەرلەرگە كىرىپ بىرلىكتە پارتىلاپ شېھىد بولۇش ھادىسىلىرىنىڭ سانىمۇ كۆپەيمەكتە ئىدى. ئالدىنقى كۈنىسىلا بىر شەھەردە ئۇيغۇرلارنىڭ كىرىشى چەكلەنگەن بىر چوڭ ماگىزىننىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك

يەنى، ئۇنىڭغا بۇ ئايلىق ئۇچۇن يېڭى ۋەزىپە بېرىلمىگەنىدى.

بۇ ئارىدا، بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىدىن توكۇرلاشقان ئاياق تاۋۇشلىرى، ئىشىكلەرنى ئۇرۇپ خىتايچە ۋارقىراشقان ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. كەينى- كەينىدىن غىچىرلاپ ئېچىلىۋاتقان ئىشىكلەرنىڭ ئاۋازىمۇ كەلمەكتە ئىدى.

"بۇ يەردىمۇ بارىكەندە بۇ ئۆي ئاختۇرىدىغانلار! _ دېدى گۈلباھار ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، _ دەرھال يىرتىدىغاننى يىرتىپ مەشكە تاشلاڭلار! _ ھېلىمۇ ياخشى، 'يانچۇقچى' ئۆيدىكى پار ياخشى ئىسسىتالمىدى دەپ نېرىقى ئۆيگە بىر مەش قويۇپ ئەتىگەندىن بېرى ئوت يېقىقلىق تۇرغانىكەن. بايىتىدىن بېرى بۇ مەشتە ئوت گۈلدۈرلەپ يېنىپ تۇراتتى. مەشكە سېلىنغان قەغەز پارچىلىرى گۇرۇلدەپ كۆيۈپ بىردەمدىلا ئىزىنىمۇ قويمىدى. ھەممە بىردەك رومكىلارنى قولىغا ئېلىپ ھاراق بىلەن ئېغىزلىرىنى چايقاشتى. بۇ ئارىدا گۈلباھار ئاغزىدىكى ھاراقنى يەنە يۇتىۋالدى. _ ھەستا، بۇ ئىشنى زادىلا ئۇگۈنەلمىدىمغۇ تاڭ. قېنى ئەمىسە، ھەممىڭلار بىرمۇ رومكىدىن قويۇپ دەرھال ئۇچاڭلارغا چاندۇرماي يۈركشىلىڭلار، دەرھال، چاققان!"

ئاياق تاۋۇشلىرى بۇ ئىشىككىمۇ يېتىپ كەلدى. گۈلدۈرلەپ ئۇرۇلغان ئىشىكنى 'يانچۇقچى' بېرىپ ئاچتى. ئىشىك ئېچىلىشى ھامان ئۆيگە ئالتى- يەتتى خىتاي ۋە بىر ئۇيغۇر ساقچى- جاسۇسلار كىرىپ كېلىشتى. ...

قاسىم بىلەن خاسىيەت قاراڭغۇ چۈشكىچە بىرمۇنچە تەكشۈرۈش نوقتىلىرىدىن ئۆتۈپ مىڭبىر بالالاردا ئاران ئۆيگە كېلىۋېلىشتى. دېگەندەك، ئۇلار يېقىندا ئۆيى شەھەر سىرتىدىراق بىر يەردە تۇرىدىغان خاسىيەتنىڭ دادىسى بىلەن بىر تۈرمىدە ياتقان بىر ئىمامغا نىكا قىلدۇرىۋېلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇ يېقىندىن بېرى بىرگە تۇرىۋاتقانىدى. بىنادىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك ئۇلار ئىككىسىنى تونىغاچقا، ئۇلارغا بەك دىققەت قىلىپ كەتمەس بولۇپ قالغانىدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىپلا تامباللىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغان چېرتيوژ- رېتسىپلارنى چىقىرىشىپ ئوقۇشقا كىرىشتى:

%%%رېتسىپ ئورنى%%%

قاسىمنىڭ خىيالى بۇ رېتسىپتا يېزىلغان دورا ماتېرىياللىرىنى قانداق تېپىشتا قالغانىدى. ...

ئەتىسى چۈشكە يېقىن قاسىمنىڭ ئاغىنىلىرى بىرلەپ- ئىككىلەپ كىرىپ كېلىشتى.

'ساقى' پات- پاتلا يانچۇقىنى كولاپ بىرنېمىلەرنى ئاغزىغا ئېتىپ قوياتتى.

ئاستا بېرىپ ئۇنىڭ ھارۋىسىدىكى تاۋۇزدىن بىرنى تاللىدى. ئىمىن خېرىدارنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلمىغان ھالدا تاۋۇزنى بىر خالتىغا سېلىپ قاسىمغا ئۇزاتتى. قاسىممۇ چاندۇرماي يانچۇغىدىن يۈز سوملۇق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ئىمىنگە تۇتقۇزۇپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولىۋالدى.

"توختاپ تۇرۇڭ، مېنىڭدە بۇنچە چوڭ پۇلنى پارچىلىغىدەك پۇلۇم يوق. بىردەم ھارۋامغا قاراپ تۇرسىڭىز شۇ ئۇدۇلدىكى دۇكانغا كىرىپ پارچىلىتىپ ... _ ئۇ گېپىنىڭ قالغىنىنى يۇتىۋېتىپ ئورنىدا تۇرغىنىچە قېتىپلا قالدى. ئۇمۇ بالىلىق دەۋرىدىكى دوستىنى تونۇپ قالغانىدى.

ئۇلار ئىككىسى بىر- بىرسى بىلەن سىلىق سالاملىشىپ قىسقىچە ھال- ئەھۋال سوراشتى. قاسىم ئۇنى تاپالماي ئىستەپ يۈرگەنلىكىنى دېدى. شۇنداق قىلىپ ئىمىنمۇ دوستىنى زورلىنىپ بولسىمۇ ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى:

"ئەگەر بولمىسا، ... بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى ئارانلا بەش تال تاۋۇز ساتالىدىم. بەربىر ئىش يوق. ئەگەر ۋاقتىڭ بولسا ئۆيۈمگە كىرىپ بىردەم- يېرىمدەم ئولتۇرۇپ چىق. ئۆيۈم شۇ ئالدىمىزدىلا."

قاسىممۇ دەل بۇ گەپنى كۈتىۋاتقانىدى. شۇڭا ئۇمۇ قىلچە تەكەللۇپ قىلمايلا ئىمىنگە ئەگەشتى.

ئۇلار يولدىكى بىر دۇكانغا كىرىپ ئاز- تولا بىرنەرسىلەر ئېلىشتى.

ئىمىننىڭ ئۆيى بەكلا ناچار ئىدى. كىچىك ئىككى ئېغىزلىق بۇ ئۆيدە ئىككى تاختاي سۇپا، بىر تاماق جوزىسى، تۆت دانە غىچىرلاپ تۇرىدىغان تۆر ئورۇندۇق، بولۇڭدىكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدە بىر كونا ماركىلىق رەڭسىز تېلېۋىزوردىن باشقا 'ئۆي جابدۇق' لىرى كۆرۈنمەيتتى. يەنە بىر بۇلۇڭدا ئىككى قەغەز ساندۇقتا لىق كىتاپ تۇراتتى. ئەمما ئىمىننىڭ ئىككىلا بالىسى تېخى كىچىك بولۇپ، بۇنچە كۆپ قېلىن كىتاپلارنى ئوقۇيالىغىدەك ياشتا ئەمەس ئىدى. ئايالىمۇ رەسمىلا بىر يېزا ئايالى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. ئىمىننىڭ ساۋادىنى قاسىم ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ قىزىقىنىچە ئاستا بېرىپ يەشىكتىكى كىتاپلارنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ تېخىمۇ ھەيران قالدى. بۇ كىتاپلارنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك خىتايچە، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇرلىشىپ كەتكەن بۇ كىتاپلارنىڭ كۆپ قىسمى فرېئۇدنىڭ، ئادلېرنىڭ، جيۇڭنىڭ، فرومنىڭ، ماسلوۋنىڭ، نىتسىنىڭ، ئارۇيېتىنىڭ كىتاپلىرى ئىدى. بۇنداق كىتاپلارنى قاسىممۇ بەكلا تەستە چۈشىنەلەيتتى. بۇلارنى ئىمىننىڭ ئوقۇيالىشى، ھەرقانچە دوستى دېگىنىدىمۇ، بىر تاۋۇزچىنىڭ چۈشىنەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. "بەلكىم

بىر پارتىلاش يۈز بېرىپ، ئوتتۇز نەچچە خىتاي كۆچمەننى نەق مەيداندا تىتىلىپ قىيمىدەك توزۇپ كەتكەنىكەن، ياردار بولغان خىتايلارنىڭ سانىمۇ ئەللىكتىن كام ئەمەسمىش.

بۇ ئارىدا تەشۋىقاتچىنىڭ بەرگەن بىر خەۋىرى قاسىمنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە ئۆزىگە تارتتى: تەشۋىقاتچى يېقىنقى بىر ئاخشىمى ئۇيقۇسى قېچىپ دېرىزىسىدىن تالاغا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرغىنىدا، قاراڭغۇلۇقتا بىر كۆلەڭگە پەيدا بولۇپ بىر ئۇستولبىغا ھەم بىر بىنانىڭ تېمىغا بىرنېمىلەرنى چاپلاۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ سايە ياندىكى بىنالارنىڭ ئارىسىغا كېتىۋاتقىنىدا، ئۇ بىنالارنىڭ بىرسىدىكى ئۆيدىن تۇيۇقسىز يېنىپ ئۆچكەن چىراقنىڭ يورۇغىدا ئۇنىڭ چىرايىدىن تونۇپ قالغانىكەن. كېيىن تەشۋىقاتچى نامازغا تاھارەت ئېلىپ چىقىۋاتقىنىدا قاسىمنىڭ قۇلىغىغا پىچىرلاپ دېدى:

"ھېلىقى تەشۋىقات ۋارىغىنى چاپلاۋاتقاننىڭ كىملىگىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ، سېنىڭ كىچىك ۋاقتىڭدىكى يېقىن ئاغىنەڭ ئىمىن ئىدى."

قاسىمنىڭ يۈرىگى 'جىغ' قىلىپ ئويناپ كەتتى. ئۇ دەرھال تەشۋىقاتچىغا 'بۇنى ھېچكىمگە تىنغۇچى بولما' دەپ قاتتىق جېكىلەپ قويدى. قاسىم بۇ ئاغىنىسىنى سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەن يىللىرىدىن بۇيان تۇزۇك ئۇچراتمىغانىدى. ئۇنىڭ تۇنجى ھەرىكەت باشلىشى ئەنە شۇ ئاغىنىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىشتىن باشلانغانلىغى ئۈچۈن، ئۇ ئاغىنىسىغا قانداقتۇ بىر يېقىنلىق ھىس قىلاتتى.

بۈگۈنكى ئولتۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ ھاراق- تاماكىسىز ئۆتكەنىدى. ئاغىنىلىرىنىڭ ھەممىسىلا نامازنى تاشلاشمىدى. قارىغاندا 'موخوركىچى' دوستى دائىملىق بەش ۋاخ نامازلىق، قالغان ئىككىسى كامىدا كۈندە بىرەر ۋاق ناماز ئوقۇپ تۇرىدىغان بولغانىكەن. ئۇلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن ئاساسەن نامازنى مەسچىتكە بارماي ئۆيلىرىدىلا ئۆتىشىدىكەن. بۇ كۈنلەردە دوسلىرىنىڭ گەپ- سۆزلىرىمۇ خېلىلا تەرتىپكە چۈشۈپ، قىممىتىمۇ ئارتىپ قالغاندەك قىلاتتى. ...

شۇ ئولتۇرۇشتىن كېيىن، قاسىم چاندۇرماي سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ دوستى ئىمىننىڭ مەھەلىسىنى بىلىۋالدى. ئاندىن ئۇ، ئىشتىن بالدۇر چۈشكەنلىرىدە شۇ مەھەلىگە بېرىپ ئايلىنىدىغان بولىۋالدى. ئۇ، بىركۈنىسى نېرىقى كوچا دوخمۇشىدىن لىق تاۋۇز تىزىلغان قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ كېلىۋاتقان بىرسىنى كۆرۈپ قالدى. قاسىم ئۇنىڭ ئىمىن ئىكەنلىگىنى جەزىم قىلىپ چاندۇرماي يېنىغا باردى. بىچارە دوستىنىڭ چىرايلىرى قورۇق بېسىپ رەسمىلا قېرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. قاسىم

ئۇياقتىن- بۇياقتىن گەپ يورغىلىتىپ يۈرۈپ ئىمىننىڭ دادىسىنى ناكا قىلىنىۋېتكەن خىتاينىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا شۇنچە گەپ كوچىلىغان بولسىمۇ، ئىمىن بۇ گەپلەرگە زادىلا يېقىن يولىماي، ئىنتايىن نادان قىياپەتنى بۇزماي ئولتىرىۋەردى. ئەڭ ئاخىرىدا بولمىدى. ئىمىننىڭ ئاغزىدىن بىر ئېغىز گەپ چىقىپ كەتتى:

"كاشكى شۇ ئىشنى قىلالىغىدەك جاسارىتىم بولسىمىغۇ!"

قاسىم، بۇ گەپنى ئېلىۋالغىنىدىن كېيىن، قىلچە چاندۇرمىغان هالدا، بىرخىيالدا يوقتەك ئولتۇرۇپ يېنىدىن بىرۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ ئىچىدە ئوقۇغان بولىۋالدى. بىر ۋاقىتتا ئىمىن ئۇ قەغەزنى كۆرۈپ قېلىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

"بۇنى نەدىن ئالدىڭ؟! ئەسلىدە سەن نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن؟!" _ ئىمىن بۇ قەغەزنى تونۇپ قالغانىدى. بۇ تەشۋىقات ۋارىقى، قاسىمنىڭ 'تەشۋىقاتچى' لىقىمىلىك ئاغىنىسىنىڭ ھېلىقى كۈنى كېچىدە ئىمىننىڭ كەينىدىن چىقىپ تامدىن سۆكۈۋالغان قەغىزى ئىدى.

"نىمە بولدى، نىمانچىۋالا ھۈلۈقۈپ كېتىسەن؟! بايا يولدىن تېپىۋالغانىدىم. نېمىكىن دەپ مانا ھازىر ئوقۇپ بېقىۋاتىمەن، شۇ _ قاسىم مىيىغىدا كۈلۈپ ئىمىنگە مەنىلىك قاراپ قويدى. ئىمىن رەسمىلا چېچىلىغىلى تۇردى. _ ئولتۇر ئاغىنە ئولتۇر، ئۆزەڭنى بېسىۋال. _ دېدى قاسىم دوستىنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ، _ ئەندى مەن ساڭا سېنى نېمىشكە ئىستەپ كەلگەنلىكىم توغرىلىق ئۇچىغىنى ئېيتىمەن. _ ئۇ ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ سەمىمىي بىر شەكىلدە سۆزلىدى. _ قايسى كۈنى بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىپ، ئۆيقۇم كەلمەي كېچە قاراڭغۇلۇقىدا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرغىنىمدا، سەن بۇ قەغەزلەرنى تام- تۈۋرۈكلەرگە چاپلاپ يۈرگىنىڭنى كۆرۈپ قالدىم. كەينىڭدىن چىقىپ بۇنى سويۇپ ئېلىۋالغانىدىم. ئەسلىدە بىرەر يىلدىن بېرى مەنمۇ مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرەتتىم. يالغۇزلۇقتا بەكلا ئىچىم پۇشۇپ يۈرگىنىمدە سېنى كۆرۈپ قالدىم. ئەگەر ماڭا ئىشەنسەڭ، ئىككىمىز بىر قوشۇن بولۇپ ھەرىكەت قىلساق، دەپ سېنى ئىستەپ يۈرەتتىم. گەپنىڭ پوسكاللىسى شۇ ئاغىنە. ئەندىكى گەپ سەندە."

ئىمىننىڭ ھۈلۈقىشى سەل پەسەيگەندەك قىلسىمۇ، يەنىلا خاتىرجەم بولالمىغانىدى:

"ماڭا قارا قاسىم، سەن مېنى تونىمايسەن. مەن، كىچىكىمىزدە سەن بىلىدىغان ھېلىقى بالا ئىمىن ئەمەسمەن. مەن ھازىر بۇ ئىككى بالامنى سالامەت قاتارغا

ئارىلاپ ئەسكى- تۈسكى يىغىپ ساتىدىغان ئىشىمۇ بولسا كېرەك" دەپ ئويلىغاچ، كىتاپلار ئارىسىدىن قېلىن بىرسىنى ئېلىپ ۋاراغداپ باقتى: «ئىجادىيەتنىڭ سىرى». كىتاپنىڭ ئىچىدىكى بەزى بەتلىرىنىڭ يانلىرىغا يېزىلغان ئۇنىڭغا غىل- پال تونۇش پوچۇركىدىكى يېڭى يېزىق خەتلەر ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى! بۇ يېزىقلار ئىمىننىڭ قەلىمىدىن چىققان خەتلەر ئىدى! كىتاپ ئىنتايىن ئەستايىدىل ئوقۇلغانلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. يېزىلغان ئىزاھاتلار بۇنى ئوچۇق كۆرسەتمەكتە ئىدى. دېمەك، بۈگۈنكى ئىمىن، قاسىم تونۇيدىغان ھېلىقى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن كىچىك ۋاقىتىدىكى دوستى ئىمىن ئەمەس ئىدى. ھەتتا ئالدىدا ئولتۇرغان بۇ تاۋۇزچى، ئىمىن بولماستىن ئاللاھىدە سىرلىق بىرسى ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدى. ئەمما ئىمىننىڭ بايىتىدىن بېرى بالا- چاقىلىرىغا دېگەن سۆز- ھەرىكەتلىرىدىن رەسمى كېسەك قۇيۇپ، قوم تاسقاپ يۈرىدىغان مەدىكارلاردىن قىلچە پەرقى يوقتەكلا قىلاتتى.

ئۇلار ئىككىسى تاماق يىگەچ ۋە تاماقتىن كېيىن خېلى ئۇزۇن سۆزلەشتى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئاساسەن بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئېغىر- يېنىك ۋەقەلەر بىلەنلا چەكلىنىپ، رەسمى ماۋزۇغا كىرىشمىگەنىدى.

"سەن بىلىسەن، دادامنى ئىشتىن قوغلاپ چىقىرىپ يېزىغا سۈرگۈن قىلىۋەتكىنىدىن كېيىن، كامىنادا تېرىقچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن كۈنۈم ئۆتتى. دادامنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىمەن دەپ، زادىلا ئۆيلىنىش پۇرسىتىم بولمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر خىتايىنى ئۇرۇپ قويۇپ تۈرمىگە كىرىپ ئۇن يىلدەك يېتىپ چىقتىم. تۈرمىدىن چىقسام، دادام بىلەن ئانام شۇ يېزىدا تۈگەپ كېتىپتۇ. يېزىدىكىلەر مېنى بۇ ئايالىم بىلەن نىكالاپ قويۇپ شەھەرگە يولغا سېلىپ قويۇشتى. قېرىغاندا ئىككى باللىق بولۇپ قالدىم. دىسلىۋىدە ئۇ يەر- بۇ يەرلەردە مەدىكار بولۇپ ئىشلەپ يۈرەتتىم. كېيىن، ... — ئىمىن سەل تۇرۇۋېلىپ موخوركىسىدىن ئۇرىدى. ئاندىن تۇتاشتۇرۇپ چەككەش گېپىنى يەنە داۋام قىلدى. — ھېلىقى شۇ، ... شۇ دادامنى ئۇرۇپ ناكا قىلىۋەتكەن خىتاينىڭ مىڭىسىنى بىرسى چۇۋۇۋەتكەندىن كېيىن جاھان بارغانسىرى قالايماقانلىشىپ كەتتى. مىڭ تەستە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ قايتا سۈرگۈن بولۇشتىن قۇتۇلىۋالدىم. شۇنداق قىلىپ تاپالىسام مەدىكارچىلىق، تاپالمىسام باققالچىلىق قىلىپ يۈرۈپ كۈنۈمنى ئېلىپ يۈرمەن. كېيىن يەنە نېمىلەر بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي يۈردۈم." — ئىمىن رەسمىلا ئېغىربېسىق دېھقان تىلى بىلەن سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

قاسىمۇ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى قىسقىچىلا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن،

ئۆگۈنىۋالغانىدىم."

"مۇنداق دېگىنە، — دېدى قاسىم، — راستىنى دېسەم، مەن سېنى سۆرگۈن قىلىنغىنىڭلاردىن بېرى زادىلا ئىستىمىدىم. ئەسلىدە، قايسى كۈنىسى كېچىدە سېنى تونۇپ قالمىغان بولسام، بەلكىم سېنى بىر ئۆمۈر ئىستىمىگەن بولار ئىدىم. ئەمما مېنى ئۇنتۇپ قاپتۇ دەپ قالمىغىن يەنە. ئەگەر مەن سېنى ئۇنتۇپ قالغان بولسام ھەرگىزمۇ شۇ چولاق خىتاي ... شۇ چولاق خىتاي ۋەقەسىدىن ... قويغىنە بۇ گەپلەرنى، قارىغاندا سەن ماڭا ئاسانلىقچە ئىشىنىدىغاندەك قىلمايسەن. شۇنداقتىمۇ مەن ساڭا چاپلاشقىنىم چاپلاشقان. ئەسلىدە مەن سېنى شەخسى قىساسىڭنى ئېلىۋېلىشقا بىۋاستە قاتنىششىڭنى دەپ ساڭا بۇ تەكلىپنى قىلىشقا كەلگەنتىم. ئەندى سېنىڭ ئوقۇغان كىتاپلىرىڭغا قاراپ پىكرىمنى ئۆزگەرتتىم. ..."

"خىتايپەرەس بولۇپ كېتىپتۇ دەپ قالمىغانسەن ئەندى؟!"

"ياقەي، بۇنىڭ دەل تەتۈرسىچە بىر تەكلىپنى تەييارلىدىم. ئەندى مەن، ئۆزەڭ ئۈچۈن ئەمەس، مىللىتىمىزنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن بۇ ھەرىكەتكە قاتناشساڭ دېيىش ئۈچۈن كەلدىم."

"سەن بۇ خىياللارنى نەدىن يوقىتىۋالغانتىڭ؟!" — ئىمىن خېلىلا مۇلايىملىشىپ قالغانىدى.

"ۋەتەن، مىللەت سۆيگۈسى خېلى بۇرۇندىنلا بار دېسەم بولار. ئەمما ھەرىكەت يوق ئىدى. بىركۈنىسى كوچىدا بىر ھاجەتخانىغا كىرگىنىمدە 'ئىزچى مەن' دېگەن بىرسىنىڭ يازغان ئىككى كىتاۋىنى تېپىۋالغانىدىم. شۇ كىتاپلارنى تولا ئوقۇپ مۇشۇ خىيالغا كىرىپ قالدىم ھەقىچان. ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ تارتقان جاپالىرىڭلارمۇ بىر سەۋەپچىسى." — دېدى قاسىم كۈلۈپ قويۇپ.

ئىمىن تاماكىسىنى شورىغىنىچە خېلى ئۇزۇنغىچە جىمىپ كەتتى. ئۇ، تۇيۇقسىزلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاسىمغا قارىدى:

"ئىشەنمەيدىغان بولسام، پاكىت كەلتۈرسەڭمۇ نېمە پەرق قىلاتتى؟! تۇتۇپ بېرىدىغان بىرسى بولساڭ بەرىبىر تۇتۇپ بېرىسەن. ... سېنىڭ قوشۇنىڭ بارمۇ؟!"

قاسىم، تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن رەسمىلا تەمتىرەپ قالدى:

"مېنىڭچە، ... مېنىڭچە بۇنى سورۇشتۇرمەيلى. مېنىڭ سەندىن سورايدىغىنىم، ئەگەر سەنمۇ بىرەر قوشۇنغا كىرمىگەن بولساڭ ئىككىمىز بىرلىشىپ بىر قوشۇن قۇرۇپ چىقالماسمىزمۇ؟!" — ئۇلار ئىككىسى خېلى ئۇزۇنغىچە جىمىپ قېلىشتى.

"قېنى ئەمسە، دېدى ئىمىن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ئاۋال سەن ماڭا بىر ۋەزىپە

قوشۇشتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان ئادەممەن. دېگەنلىرىڭگە قارىسام سەنمۇ بىر ئۇبدانلا ئىشنىڭ بارەك قىلىدۇ. سەنمۇ بۇندلق خىياللارنى قىلىپ يۈرمەي چىرايلىق كۆڭۈلنى ئالغىنىڭ ياخشى. ئەگەر دېگەنلىرىڭ راس بولسا، بۇنداق بولمىغۇر خىياللىرىڭنى ئۇنتۇپ كەت!"

قاسىم ئىمىنگە شۇنچە تەۋەككۈل قىلىپ راس گېپىنى قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىشەندۈرەلمىگەندى. ئىمىن، ھەتتا بۇ باللىق دوستىنىڭ تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ بۇنداق خەتەرلىك گەپلەرنى قورقمايلا دېيىشىدىن بەكلا گۇمان قىلىۋاتسا كېرەك؟! شۇنداقتىمۇ يەنىلا نېمە ئۈچۈندۇ بۇ كونا دوستىنى دەرھال ساقچىلارغا تۇتۇپ بېرىپ بالادىن قۇتۇلۇش نىيىتىگە كەلمىگەندى. ئىمىن ئۇيغا پاتتى: "ئەگەر دېگەنلىرى راس بولۇپ قالسىچۇ؟! مېنى كۆرگىنىگىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىكەن. شۇ ۋاقىتقىچە تۇتۇپ بەرمىگىنىگە قارىغاندا راس گەپ قىلىۋاتقانمۇدۇ قانداق؟! _ ئېمىنىنىڭ كاللىسىدا ھەرخىل گۇمانلار ئايلىنىپ يۈرەتتى. دەرۋەقە، ئىمىنمۇ بۇ يېقىنلاردا بۇ ئىشلار بىلەن ئۆز ئالدىغا پىلانسىز پائالىيەت قىلىپ بەكلا ئىچى سىقىلىپ يۈرگەندى. راس دېگەندە، ئۇنىڭغا مۇشۇنداق بىر ھەمرا بەكلا لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ دوستىنىڭ چىرايىدىن قارىغاندىمۇ سەمىمىي گەپ قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئېھتىيات ئۈچۈن رەسمى بىر نادان قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ يېقىن يولاتماي ئولتۇرىۋالدى.

"ئىمىن، گېپىمنى ئاڭلا، مېنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ بۇ گەپلەرنى قىلىشىمدىن گۇمانلىنىشقا ھەققىڭ بار. ئەگەر بۇندلق گۇمان قىلمىغان بولسا ئىدىڭ، بەلكىم مەنمۇ ساڭا ئىشەنمىگەن بولاتتىم. قارىغاندا مەن سېنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن پاكىت كۆرسەتمىسەم بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. مەن يالغۇزلۇقتا، ساڭا ئىشىنىشكە مەجبۇرمەن. تەۋەككۈل قىلدىم ئەمىسە، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە شەھەرلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بىر ئادىمى ئۆجۈقتۇرىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، پات يېقىندا سەنمۇ تونۇيدىغان بىر مۇناپىقمۇ جايلىۋېتىلىدۇ. قالغان گەپلەرنى شۇ چاغدا دېيىشەرمىز بولمىسا. _ قاسىم بىر يۇتۇم چاي ئىچىۋېلىپ ئىمىندىن سورىدى. _ بۇ گەپلەرنى ھازىرچە ئۇنتۇپ كەت. راس، مەن سېنىڭ بىرەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىڭدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن. بۇنچە خىتايچىنى نەلەردە يۈرۈپ ئۆگىنىۋالغانسىڭ؟!"

"راس، مەن سېنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇغان شۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن باشقا بىرەر مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىم بولمىدى. _ ئىمىن سەل جىمىپ قالدى. _ ... يىگىرمە يىل ئاۋۋال بىر بەھۇدە ئىش بىلەن سولانغىنىمدا، تۈرمىدە بىر خىتاي مۇئەللىمى بىلەن بىر كامېردا ئۈچ يىل بىرگە ياتقانىدىم. خىتايچىنى شۇ خىتاي مۇئەللىمدىن

قولىنى تۇتۇپ ئۆيىگە كىردى. ئىمىن يەنە شۇ ھالىتىدە بىرخىيالدا يوق، غىچىرلاپ تۇرغان ئۈستەلگە ئۇنىڭغا دەستىخان راسلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ھاياجىنىنى باسالماي كېتىۋاتقان قاسىم ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى:

"بۇ ئىشنى بەكلا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدىڭ. بۇ پاچىنە، خىتاي جاللاتلىرىنى بەكلا ھولۇقتۇرۇپ قويىدى. نۇرغۇن جاللاتلار ئائىلىسىنى ئالدىراپ خىتايغا يولغا سېلىۋېتىش دولقۇنىنى قوزغاشماقتا ئىكەن. ئۇ خىتاينىڭ سانجىغا بارىدىغانلىقىنى نەدىن بىلىۋالغاندىڭ؟!"

"مەن نەدىن بىلەي، شۇنداق توغرا كېلىپ قاپتۇغۇ تاڭ؟!" _ ئىمىن نېرىقى ئۆينىڭ ئىشىگىنى چىڭ يېپىپ قويۇپ پېتىنى بۇزماي چېيىنى ئىچىپ ئولتىرىۋەردى.

"بۇگۈنگىچە سانجى تەۋەسىدە بۇنچىلىك ئېغىر ۋەھىمىلىك ھەرىكەت بولۇپ باقمىغانىدى. ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا، ئۇ خىتاي جاللاتنىڭ دادىسى شۇ بىناسىنى سالغىچە خوشنىسى بولغان بىر تۇڭگاننىڭ ئېغىلىنى زورمۇ- زور قوشىۋېلىپ بىناسىنى سېلىۋالغانىكەن. ھازىر بۇ تۇڭگاندىن گۇمان قىلىشىپ ئۇنى پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە قاماپ قېيىن- قىستاققا ئېلىۋاتقان ئوخشايدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان سانجىدىكى، ھەتتا ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلارمۇ ئەگەر قولغا ئېلىنغان قېرىنداشلىرىنى قويۇپ بەرمەيدىكەن، سانجىنى ئوتتەي- توتتەي قىلىۋېتىمىز دېيىشىپ، ھۆكۈمەتكە تەھدىت سېلىشىپ يۈرگىدەكمىش. بۇ تەھدىتتىن قورقۇپ كەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتىدىكىلەر بىلەن ئەنچۈەنتىڭدىكىلەر ئارىسىدا جىددىيچىلىك پەيدا بولماقتا ئىكەن. ئەمما يەنىلا ئېھتىيات ئۈچۈن سانجىغا ئىككى پولك ئەسكەر كۆپەيتىپ، كوچا- كوچىلارنى قوراللىق ھەربىلەر بىلەن توشقۇزۇپ يۈرگىدەكمىش."

ئىمىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ 'مىت' مۇ قىلىپ قويماي بىرخىيالدا يوق چېيىنى ئىچىپ ئولتىرىۋەردى. ئۇنىڭدا قىلچىلىكمۇ ھاياجان ياكى ھولۇقۇش دېگەن نەرسە كۆرۈنمەيتتى. "نەق بىر يەر ئاستى پارتىزانىغا لايىق يېتىشىپتۇ بۇ ئىمىن." _ قاسىم ئۇنىڭغا قارىغىنىچە قايىل بولغان قىياپەتتە ئىچىدە ئويلايتتى. چېيىنى ئىچىپ بولۇپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن، ئىمىن زوۋانىغا كىردى"

"يەنە نېمە ۋەزىپە ئېلىپ كەلدىڭ؟!"

قاسىم يەنە ھولۇقۇپ قالدى. ئۇ، ئىمىنگە قاراپ دېدى:

"مۇشۇنچىلىكى بۇ ئايغا يېتەر. ئەندى بىز ئىككىمىز بىرلىشىپ پىلان تۈزۈپ ھەرىكەت قىلىمىز. ئىككىمىزنى بىر قوشۇن دەپ ھىساپلىساق بولىدىغاندۇ؟!"

بىرىپ باققىن. مەنمۇ ئۆزىمنى بىر سىناپ باقاي. شۇ قاتاردا سەنمۇ مېنى سىنىغان بولارسەن. _ ئىمىن يېڭىدىن بىرتال موخوركا يۆگەپ چەكتى. _ مەنمۇ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سەن دېگەن شۇ كىتاپلارنى ئوقۇپ باققانىدىم. ئەسلىدە مەنمۇ شۇ خىياللاردا بولۇپ يۈرەتتىم."

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان قاسىم خۇشاللىقىدىن ئىمىننىڭ قوللىرىنى سىقىپ كەتتى:

"مەندە رەسمى ئاپتوماتنىڭ پىستاندىن بىرسى بار. ئۇنىڭغا ئازىراق پارتىلاتقۇچ دورىسى تاپساقلا ئاپتوماتنىڭ ۋاقىت تېزگىنلىيەلەيدىغان بىر مىناغا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پارتىلاتقۇچ دورىسى ..."

"دورىنىڭ غېمىنى قىلما، مەندىمۇ بىرقانچە تال ئاپتوماتنىڭ ۋاقىت تېزگىنلىيەلەيدىغان پىستان بارەدەك قىلىۋاتاتتى. دورىمۇ يەتكىدەك بار. سەن ئاۋال ئۇنى نەگە كۆمۈشۈمنىلا دېسەڭ يېتىدۇ"

"ئەنچۈەنتىڭنىڭ تېررورچىلارغا زەربە بېرىش ئىشخانىسى دەيدىغان مەخپى باشقارمىسىدىن بىرسى بارئىكەن. ئۇنىڭ باشلىقى بىكتۈەن ساڭچى قىسمىدا باشلىق بولۇپ چۆچەكتە تۇرغان چېكىدىن ئاشقان مىللەتچى، يەرلىك مىللەتلەرگە ئەشەددى ئۆچمەنلىكى بولغان، جاسۇسلۇق قىسقا كورۇس بىلىمى بار ۋەھشى، ھىلىگەر بىرسى ئىكەندۇق. ئۇ خىتاي جاللىتى ئۆزىنى ئالاھىدە پۇختا مۇھاپىزەت قىلىپ يۈرگىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىۋاستە يېقىنلىشىش يولىنى زادىلا تاپالمىدىم. ئاڭلىسام ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى، بۇ خىتاينىڭ بىر بالىسى بىلەن سانجىدىكى بىر كوچىدا ئۆزلىرى سېلىۋالغان ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنادا تۇرىدىكەن. ..."

"گەپنى ئۇزارتماي دېگىنە، شۇلارنى پارتىلىتىۋېتىش كېرەكمىدى؟! ماڭا ئۇ يەرنىڭ تەپسىلى ئادرىسىنى بەرگىن. ئاۋال بېرىپ كۆرۈپ باقاي." _ ئىمىن قاسىمغا قولىنى بەردى. ...

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ھېلىقى ئەنچۈەنتىڭ چوڭى، سانجىدىكى ئۆيىدە ئانىسى، بالىسى، ئايالى ۋە ئىككى نەپەر خىتاي خىزمەتچىسى بىلەن بىرگە پارتىلاپ تىتما- تىتما بولۇپ ئۆلگەنلىك خەۋىرى كەلدى. قاسىم بۇ خەۋەرنى گۈلباھارنىڭ ئايلىق ھەرىكەت دوكلاتىدىن ئاڭلاپ، ئەتىسىلا ئىمىننى ئىستەپ باردى.

ئىمىن، يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك پېتىنى بۇزماي قاپىغى تۈرۈك ھالدا، خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

"مۇبارەك بولسۇن ئىمىن دوستۇم، سېنى تەبرىكلەيمەن!" _ دەپ دوستىنىڭ

# 17. ئىمىن ھەرىكىتى

_ ئۇنىڭ قولىدىن قالتىس ئىش كېلىدىغان نېمە چوڭ ئىشلار ئۇنىڭغا يەنە
بىر شېھرى كېلىشتا بېسىلىپتۇ دېگىنە!

_ ئىككى ئاغىنىنىڭ سۆھبىتىدىن

ئىمىن، دادىسى كېسەل ۋە ناكار بولغىنى ئۈچۈن، كىچىكىدىن تارتىپلا بۇ ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. بولۇپمۇ بەكلا نامرات يىراق يېزىغا پالانغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يۈك تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ يېزىدىكى دېھقانلار قايتا نامراتلىشىش ئىمكانىمۇ قالمىغان ئەڭ چېكىگە يەتكەن كەمبەغەللىك چىگىرىسىدا ياشاۋاتقانلىقىغا قارىماي، بۇ شەھەرلىكلەرنى قولىدىن كېلىشىچە ھىمايە قىلىشقانىدى. ئىمىنمۇ بۇ يېزىغا كېلىپ ئۆزىنى ئۆتمەيلا ئەتىرەتنىڭ غوللۇق ئەمگەك كۈچلىرى قاتارىغا كىرگەنىدى. ئۇ، يېزىدا كۆپىرەك نومۇر بېرىدىغان ئېغىر ئىشلارنى تاللاپ قىلىشقا تىرىشاتتى. بىرقانچە يىل ئۆتمەيلا، ئىمىن بۇ يېزىنىڭ كونا ئەزالىرىدىن بىرىگە ئوخشاش رەسمى دېھقان قىياپىتىگە كىرگەنىدى. بۇ يېزا، خىتايلاردىن يىراق بىر يېزا بولغاچقىمىكىن، بۇ يەردە ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن سىياسەتلىرىمۇ دېگەندەك ئىجرا قىلىنىپ كەتمەيتتى. ئەسلىدە، بۇ يېزا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆلۈمگە تاشلىنىۋېتىلگەن بىر يەر بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھېچقانداق بىر ئەتىۋارلىشىغىمۇ ئېرىشەلمىگەنىدى. ئىمىنمۇ بۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى يېرىگە ئاز- تولا كۆكتات، مېۋە- چېۋە ياكى كۆك تاماكا قاتارىدىكى نەرسىلەرنى تېرىپ ئۆيىنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىنى ئازىراق بولسىمۇ ھەل قىلىشقا تىرىشاتتى.

بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يېزىدىمۇ كوممۇنا تارقىتىش دولقۇنىغا ئۇچراپ، يەرلەرنى ئۆزئالدىغا كۆتۈرە ئېلىپ تېرىيدىغان ھالغا كەلتۈرۈلدى. بۇنى پۇرسەت بىلگەن ئىمىن، نەچچە يىلدىن بېرى قاغجىراپ ياتقان بىرقانچە مو يەرنى چاغلاپ تۈزەشتۈرۈپ قوغۇن- تاۋۇز تېرىدى. ئۇستا قوغۇنچىلاردىن سوراپ يۈرۈپ تۈجۈپىلەپ

"شۇنچىلىكلا بىر ئىشمىدى بۇ 'قوشۇن' دېگىنىڭ، مېنى يەنە سىنىماسەن؟! _ ئىمىن سەل ھەيران بولغاندەك پارقىراپ تۇرغان بادام كۆزلىرى ئۈستىدىكى قېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. _ مانا قارا!"

"ئەندى ئىككىمىز قوشۇن رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ قويايلى، ئىككىمىز بىرلىكتە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ قوشۇنىمىزنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىشەيلى بولمىسا، قاندلق دېيسەن؟!"

ئۇلار قايتا تاھارەت ئېلىپ بىرنەچچە رەكەت ناماز ئۆتەشتى. ئاندىن قۇرئانى كېرىمنى جەينامازنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئىككىسى بىرلىكتە قۇرئاننى تۇتۇپ قەسەم قىلىشقا تەييار بولدى. ...

ئۇزۇن ئۆتمەيلا كوچىلاردا 'ت ن ت قوشۇنى' دېگەن نامدا بىر مەخپىي يەرئاستى خىتاي ۋەھىمىسى يارىتىش قوشۇنىنىڭ تەشۋىقات ۋاراقلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ...

كونا دوستىنىڭ ۋاستىسى بىلەن رەسمىي بىر مەخپىي قوشۇن جەڭچىسى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، قاسىمنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ بۇرۇنقى مەددىكارچىلىقتا تونۇشۇپ قالغان كىشىلەر ئارىسىدىن تاللاپ يۈرۈپ ئۈچ كىشىلىك مەخپىي قوشۇننىمۇ قۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ قوشۇنىدىكىلەر ئالاھىدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىدىغان تەلۋە پىدائىلار بولۇپ، خىتايىنى كۆرسە خام يەۋەتكىدەكلا كىشىلەردىن ئىدى. بىر- ئىككى يىلغا قالمايلا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تۈگۈندا قوشۇن ئەزالىرىنىڭ سانى ئوننەچچىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار ھېچ بولمىغاندا ئايدا بىرەر قېتىم ھەرىكەت پەيدا قىلماي كۆزىگە ئۇيقا كەلمەيدىغانلار ئىدى. ...

قاسىم ئۆتكەن يىلى 'يېڭى ئاي قوشۇنى' نىڭ باشلىقى بولغانىدى. بۇ بىرنەچچە يىل مابەينىدە، 'يېڭى ئاي قوشۇنى' ئاۋال گۇلباھاردىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا 'يانچۇقچى' دىنمۇ ئايرىلدى. كەينىدىنلا خاسىيەتمۇ قۇربان بولدى. بىر ھىساپتا، يېڭى ئاي قوشۇنىنىڭ ئەزالىرىدىن يالغۇز قاسىمدىن باشقا، تۆۋەندىكى تۈگۈندا قوشۇنلاردىن بىرنەچچە قېتىم ئەزا تولۇقلاشقا مەجبۇر بولغانىدى. بۇ كۈنلەردە قاسىم، قول ئاستىدىكى تۈگۈندا قوشۇنلاردا جەمئىي قانچە نەپەر ئەزا بارلىقىنىمۇ ئېنىق بىلەلمەيتتى. ئىش قىلىپ يۈزدىن كام بولمىسا كېرەك دەپ گۇمان قىلاتتى. بۇ ئارىدا نەچچە ئون ئادەمدىنمۇ ئايرىلدى. ئۇندىن ئارتۇق ئادىمى تۇتۇلۇپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە تۈگۈندا قوشۇندا ئىككى جاسۇس ۋە بىر خائىن چىقىپ قېلىپ، ئۇنى بەكلا ئاۋارە قىلىۋەتكەنىدى. بۇ ئىشنى باش قوشۇنغا مەجبۇرى چىقىرىۋالغان ئىمىن پاش قىلىپ تېپىپ چىقمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىشى تېخىمۇ قىيىن ئىدى. قاسىم ئويلىنىپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئىمىنگە كۆپ رەخمەت ئېيتىش كېرەكلىكىنى ئويلىدى. ئۇ بولمىسا ئىدى، بۇ قوشۇنلارنىڭ پىلانلىق ھەرىكەتلىرىنى بۇنچە ئوڭۇشلۇق قىياس قىلالمىغان بولاتتى.

قاسىم بۇلارنى كۆزئالدىغا كەلتۈرگەچ، ئىمىنگە ئاپىرىپ بېرىدىغان بىرقانچە تال ئاپتوماتنىڭ پىستانىنى يانچۇقىغا سېلىپ يولغا چىققانىدى. ئۇ، چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىپ، ئالدىدىكى كوچا دوقمۇشىدا كىشىلەرنى توختىتىپ يانلىرىنى ئاختۇرۇۋاتقان خىتاي پاترۇللىرىنى كۆرمەي قالغانىدى. ...

ئىشلىگەچكە، شۇ يىلىسى ياخشى ھوسۇل ئالدى. ئىمىن ئىشەك ھارۋىسىغا قوغۇن-تاۋۇزلىرىنى يۈكلەپ يېقىن ئەتىراپتىكى بىكىتۈن توز زاۋۇتىغا ئاپىرىپ ساتتى. كېيىن يەنە ئۇ يەردىن بىر- ئىككى ماشىنا باشلاپ كېلىپ ئېتىزىدىكى قالغان قوغۇن-تاۋۇزلىرىنى بىراقلا توپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئىمىن پۇلىنى ئالسا خېلىلا ئۆكشىلىپ قالىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ ئىچ- ئىچىدىن خوشال يۈرەتتى. ئەمما توز زاۋۇتىنىڭ كاسسىرى ئۇنى- بۇنى باھانە قىلىپ كۆرسىتىپ پۇلىنى بەرگىلى ئۇنىمىدى. قىش كىرىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ، قولىدا بارىنى يەپ تۈگىتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھېلىقى بىكىتۈنلىك كاسسىرنى ئىستەپ باردى. شۇنچە يالۋۇرۇپ دېگىنىگە قارىماي، پۇلىنى بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئىمىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، بېرىپ ھېلىقى خىتاينىڭ بوينىغا ئېسىلدى. ... ئاقىۋەتتە، بىكىتۈن سوتچىلىرى ئىمىننى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان دەپ، ئون بەش يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىۋەتتى. ئىمىن تۈرمىدە ئون يىلغا يېقىن ياتتى. كېيىن 'ئىپادىسى ياخشى، ئۆزگىرىش نىيىتى بار' دېگەن 'مۇكاپات' قا ئېرىشىپ تۈرمىدىن 'بالدۇر' چىقىرىلدى. ئۇ يېزىسىغا بارغىنىدا، ئۆيىدە ھېچكىمى يوق، بىر سامانلىقتا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردى. يېزىسىدىكىلەر ئىمىننى باشلاپ يېزا قەۋرىستانلىقىدىكى ئانا- ئانىسىنىڭ مازار بېشىغا ئاپىرىپ كۆرسەتتى. يېزىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشىپ، شۇ يەردىن بىر يېتىم قىزغا ئۆيلەندۈرۈپ شەھەرگە يولغا سېلىپ قويۇشتى. ...

ئىمىن، رەسمى بىر تاشيۈرەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭدا نە ھىسسيات، نە سۆيگۈ دېگەنلەر قالغانىدى. ئارتۇق گەپمۇ قىلمايتتى. بىرەر دوستىنىڭمۇ بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئېنىق دوستى، تۈرمىدە بىر خىتاي پسىخولوگىيە لېكتورىدىن ئۆگىنىۋالغان پسىخولوگىيىگە دائىر خىتايچە كىتاپلىرى ئىدى. ئۇ، بۇ بەش- ئون يىل ئىچىدە نۇرغۇن كىتاپ ئوقۇدى. بولۇپمۇ پىسخولوگىيە، سوتسيالوگىيە ۋە مىللىي تارىخىغا دائىر كىتاپلارغا بەكلا قىزىققانىدى. بۇ جەھەتتە ھېلىقى تۈرمىدىشى خىتاي مۇئەللىمى ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بىلمىگەن يەرلىرىنى بېرىپ ھېلىقى خىتايدىن سوراپ ئۆگىنەتتى. ئۇ خىتاي ھازىر بىر ئىنىستىتۇتتا دوتسېنت ئىدى. بىر ھىساپتا، ئىمىننىڭ قايتا سۈرگۈنگە ئۇچرىتىلىشىدىنمۇ شۇ خىتاي مۇئەللىم يول مېڭىپ يۈرۈپ توساپ قويغانىدى.

بىر كۈنىسى ئىمىن بىر ئۆينى ئاخلاۋاتقىنىدا بىر بۇلۇڭدا تۇرغان كىتاپلار ئارىسىدىن 'ئىزچى مەن' نىڭ كۆك تاشلىق كىتاۋىنى تېپىۋېلىپ يانچۇقىغا سېلىۋالدۇ. ئۇنى ئوقۇپ يۈرۈپ مەخپى تەشۋىقات ۋارىغى تارقىتىشقا كىرىشىپ قالغانىدى. مانا ئەندى

خىتاينى قالايمىقانلاشتۇرۇش، خىتاي ئەمەلدارلىرىغا زەربە بېرىش ۋە مەخپىي قورال رېتسىپلىرى تەييارلاپ تارقىتىش بىلەن بۈگۈنگىچە ھەپىلىشىپ كېلىمەكتىكەن.

**قاسىم:** بەزى كوچا خەۋەرلىرىدىن قارىغاندا، ھېلىقى قۇدۇق ئىچىگە مىللىي جىنايەتچىلەرنى تىرىك تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان بىر قازاق مالچى بىلەن بىر موڭغۇل قۇدۇق ئىچىگە قېلىن تور باغلىۋېتىپ، قۇدۇققا ئېتىلغانلاردىن يەتتە كىشىنى قۇتقۇزۇپ چىقىرىۋالغانمىش. ئۇلارنىڭ بىرسى قاسىم ئىكەنمىش. ئۇ قۇدۇقتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ تەڭرى تاغلىرى ئىچىدىكى ئورمانلاردا مەخپىي پارتىزانلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرىيدۇ دېگەن گەپلەر ئېقىپ يۈرمەكتە. يەنە بەزىلەر چېگرادىن ئوغرىلىقچە كىرىپ-چىقىپ يۈرۈپ مەخپىي قورال سودىسى قىلىپ يۈرىدۇ دەپ گۇمانمۇ قىلىشىدىكەن.

**ئىمىن:** چوڭ شەھەرلەر ئەتراپىدا زەنجىرسىمان مەخپىي پارتىزانلىق ئەترىتى تەشكىللەپ، بېنزىن- سەلەركە توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارغا زەربە بېرىپ پائالىيەت قىلىۋاتقانمىش.

**'ساقى'**: كېيىنكى كۈنلەردە بەش كىشىلىك مۇستەقىل بىر مەخپىي قوشۇن تەشكىللەپ، مەخسۇس مىللىي مۇناپىقلارغا يوشۇرۇن زەربە بېرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرىدۇ دېگەن گەپلەر بار.

**'تەشۋىقاتچى'**: ھازىرغىچە ئۆزى يالغۇز مەخپىي تەشۋىقات، رىتسىپ- چېرتيوژ ۋاراقلىرىنى كېڭەيتىپ تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرمىش.

**'موخوركىچى'**: قايسى بىر دىنىي تەرىقەتكە قول بېرىپ، مەخپىي شەكىلدە شۇ تەرىقەتكە ئەزا تەربىيەلەپ يۈرگىدەكمىش.

**دېموگراتچى خىتاي:** قاسىمنى سوراق قىلغاندىن ئۈچ ھەپتە كېيىن، تاماق توشۇپ بەرگەن گۈندىپايلاردىن بىرسىنىڭ چېقىپ قويۇشى بىلەن قولغا ئېلىنغان ۋە بىر يىلدىن كېيىن خىتاي ھەربىي سوتى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ دەرھال ئېتىپ تاشلانغان. قارىغا ئالغۇچى ئەسكەرلەر يېڭى بولغاچقا، نىشانغا دەل تەككۈزەلمەي ئالتە پاي ئوقتا ئاران جېنى چىققان دېگەن گەپلەر ئېقىپ يۈرمىش.

**خاسىيەتنىڭ دادىسى:** ئاغىنىلىرى بىلەن بىرلىشىپ يەرئاستى سېلىسارلىق ئۇستىخانىسىدا مەخپىي قورال ياساپ سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرمىش. بەزىلەر تۇتۇلۇپ تۈرمىدە ياتىدۇ دېيىشىدۇ. ئېنىق ئەمەس.

**تۈرمىدىكى ياشلار:** ئۇلارنىڭ ئۆلۈك- تىرىكلىكىدىن تا بۈگۈنگىچە ھېچكىم خەۋەر ئالالمىدى. ئۆتكەن ئايلاردا، بەزىلەر تۈرمىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىش تەييارلىقىنى قىلىۋېتىپتۇ، دېگەن گەپلەرمۇ تارقالغانىدى. ئاقىۋىتى مەلۇم ئەمەس.

# 18. مەخپىي ئارخىپ

— پالانچى ئادىمىمىز پوكونچىنى رەسمىي پاكىتلار بىلەن خائىن دەپ پاش قىلىۋەتسە بۇ قانداق گەپ؟

— ئۇنى دېمەك پوكونچىمۇ بىر ۋاقىتلاردا پالانچىنى جاسۇس دەپ ئىسپاتلىمىغۇ؟

— قويسائۇلار شۇ گەپلەرنى، ھەممە ئىشىمىزنى دۇنياغا ئاشكارە جاكالاپ قىلىشنى ئەڭ توغرا يول دېيىشكەن، مەخپىي ئىشىمىز يوق، ھەممىنى ئاشكارىلىۋېتىدىغان يەردە جاسۇس- خائىننىڭ نېمە ئىشى بار!

— ساۋاقداشلار ئارا سۆھبەتلەردىن

گۈلباھار: مېھمانخانا پارتلىتىشتا بىرلىكتە پارتلاپ ئۆلدى. ئۇنىڭ جەسىتىدىن ھېچ نېمە تېپىلمىدى. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى جەمئىيەتتىكىلەردىن ياكى خىتاي دائىرىلىرىدىن ھېچكىم سۈرۈشتە قىلىپ بېقىش خىيالىغا كەلمىدى. ئەمما ئۇ، قوشۇن ئىنتىزامىغا خىلاپ ھالدا ئۆزىنىڭ ئىككىنچى مەخپىي قوشۇنى 'شەپقەت ھەمشىرىسى' نى قۇرۇپ ساپلا يولدىن ئازغان قىزلاردىن ئۈچ ئەزا قوبۇل قىلغانىدى. ئۇلارمۇ زەنجىرسىمان كېڭىيىپ بىرقانچە تۈگۈندا قوشۇن ھالىغا كېلىپ تا ھازىرغىچە 'قىزلار روتىسى' قوماندانلىق شىتابى نامى بىلەن مەخپىي زەربە بېرىش پائالىيىتىنى داۋام قىلدۇرماقتا ئىكەن.

خاسىيەت: بومبىسىنىڭ ۋاقىت تەڭشىگۈچىنى خاتا تەڭشەپ قويۇپ، جايىغا بارماي تۈرۈپلا ئاپتوۋۇزدا پارتلاپ تىتىلىپ كەتتى. ئۇنىڭمۇ جەسىدى تېپىلمىدى. ئەمما ئۇنى تونىيدىغانلار چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ قۇرغان ئالىي مەكتەپلەر ئارا مەخپىي زەربە بېرىش قوشۇنلىرى 'بىلىم- كۈچ' شىتابى ئاستىدا زەنجىرسىمان كېڭىيىپ تا بۈگۈنگىچە ئاپتوماتىك تېزگىنلىنىدىغان بومبا ئۈچۈرى تەييارلاش پائالىيىتىنى داۋام قىلدۇرۇپ كەلمەكتە دېيىشىدۇ.

'يانچۇقچى': ئۇنىڭ ئىسمىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. بىر ۋاگون خىتاي ئەسكىرى بىلەن بىرگە پارتلاپ كۆيۈپ كەتتى. جەسىدىنىڭ كۈلىمۇ قالمىدى. كىشىلەر ئۇنى خىتايدا ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادا يانچۇقچىلىق قىلىپ ھازىرغىچە ياشاۋاتىدۇ دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرغان مەخپىي قوشۇنىنىڭ زەنجىرسىمان ئۇزانتىسى ساپلا ئىنتېرنەت بىلەن

بوغۇلغان بوۋاق

# مېنىڭ نىسۋەم قېنى؟

يېقىلغانتاش نەشرىياتى ــــ ئۈرۈمچى

## رومانىدىن تاللانمىلار

## 20. چوڭچىڭدىكى مەخپىي پىلان

... ...

پۈتۈن ئەتىراپىنى قويۇق تۇمان بېسىپ كەتكەن بولۇپ، بەش مېتىر نېرىسىنىمۇ پەرق قىلغىلى بولمايتتى. شۇنىڭغا قارىماي ھەممە كىشى ئالدىراش، بەزىلىرىنىڭ قولىدا خورۇمىدىن، يەنە بەزىلىرىنىڭ قولىدا چىغدىن ئىشلەنگەن چامادانلار، يەنە بەزىلىرىنىڭ قولىدا بولسا يوتقان ئەستىرىگە تۇگۈۋالغان بوپىلار، ئەمما بۇ كىشىلەرنىڭ ئورتاق بىر تەرىپى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بىر قولىدا قوموش كۆتۈلۈك تۇتىشىۋالغانىدى. كىشىلەر يوقۇرىدىن خۇددى بۇلۇت ئىچىدىن چىقىپ كېلىپ، يەنە تۆۋەندىكى بۇلۇت ئىچىگە كېتىشىۋاتقاندەك بىر كۆرۈنۈپ قويۇپلا يەنە غايىپ بولاتتى. مىغىلداپ ئالدىراش پەس تەرەپتىكى ئىتتىنىڭ ئۇچىيىدەك تاش پەلەمپەيلەر تەرەپكە قاراپ يەنە تۇمان ئىچىگە چۆكۈپ غايىپ بولىۋاتقان بۇ ئادەملەر، نېمىدىندۇر بىر نەرسىدىن قېچىشىۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى نەگىدۇر بىر يەرگە ئالدىرىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

دۆڭدىن پەسكە ساڭگىلاپ چۈشكەن تىك ۋە تار تاش پەلەمپەي ئاغزىنىڭ سەل يوقۇرىسىدىكى تۆرلۈكتە لىق چامادان، يوك- تاقىلار بىلەن تولغان، بەزىلىرىنىڭ ئىچىدە ئىسسىل كېيىنگەن خانىم- قىزلار ئولتۇرۇشقان پىكاپلار، قول ھارۋىلىرى، رىكشىكلار،

# 19. ئاخىرقى سۆز ئورنىدا

— قېنى دەپباقە، شۇ پوۋېستتا سىزنى ئەڭ بەك تەسىرلەندۈرگەن بىر جۈملە قايسى؟

— 'مېنىڭ نەسىۋەم قېنى؟!' دېگەن جۈملىسى.

— ئاپتورلار ئولتۇرۇشىدىن

"... دۈشمەن ئوفىتسېرى ماڭا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. مەنمۇ چىشلىرىمنى ئۇنىڭ بوغۇزىغا پاتۇرىۋالدىم. يۈز- كۆزلىرىمدىن ئۇنىڭ گېلىدىن چاچراپ چىقىۋاتقان قانلار ئېقىپ تۇرسىمۇ قويۇۋەتمىدىم. جېنىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىركىشىمەكتە ئىدىم. ئۇمۇ مەندىن ئاجراپ چىقىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغىناتتى. ئەمما مەن، گويا غانجىراپ قالغان قاۋان ئىتتەك چىشلىرىم بىلەن ئۇنىڭ كېكىرتىكىگە چىڭ چاپلىشىپ قالغانىدىم. ئاغزىمنىڭ ئىچى ئۇنىڭ بوغۇزىدىن چىققان قان بىلەن توشۇپ كەتتى. ئۇزۇن داۋام قىلغان بىر جان تالاشقان خىقىرىشىدىن كېيىن، قورقۇنۇشلۇق بىر تىترەك باسقانىدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى. ئۇنىڭ بوغۇزىنى چىشلەپ سۆكىۋالغانىكەنمەن. قۇرتتەك بىرلا دومىلاپ بېرىپ ئۇنىڭ قورالىنى قولۇمغا ئېلىۋالدىم. بۇ قورالنى ئېلىپ ئۇدۇلۇمدىن كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە تەڭلەپ تۇرۇپ تەپكىسىنى بېسىۋەتتىم. ئەمما قورالدا ئوق تۈگىگەنىكەن. بارلىق كۈچۈم بىلەن قورالنىڭ پەيىنىگى بىلەن ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنىنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئۇردۇم. كۈچلۈك بىر چىقىراش بىلەن تەڭ گويلا قىلىپ ئالدىمغا مۈكچىيىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ يۈز- كۆزى تىتىلىپ قانغا بويۇلۇپ ئىنتايىن قورقۇنۇشلۇق بولۇپ كەتكەنىدى. ... ياق، ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمىدى. جەڭ تېخى ئەمدىلا باشلىنىۋاتقانىدى. ... ___ سۈپەن ھاسسەل"

ئەمەس. سەن سالامەتلىكىڭنى ئاسىراشقا دىققەت قىل، سەن بىزنىڭ باش پانايىمىزسەن. سەن بولمىساڭ بۇ بۈيۈك خىتاي ئېلىمىز پارچىمۇ- پارچە بولۇپ، قىزىل ياكى قارا رەڭلىك باندىتلارنىڭ قولىدا قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. _ جاڭ جىرجوڭ بېشىدىن گېنېراللىق قاسقان شەپكىسىنى ئېلىپ، يەنە بىر قولىدا كۆزەينىكىنىنى تۈزەشتۈردى. ئاندىن ئىككىسى بېرىپ ئوتتۇلمۇ ئوتتۇل قويۇلغان كىرسلوغا ئولتۇرۇشتى. جاڭ كەيشىنىڭ چىرايى بەكلا پاراكەندە كۆرۈنەتتى. ھېلىدىن ھېلىغا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغاندەك ئالدىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى.

_ قېنى دېگىنە، تۇگىمەيدىغان يەنە نېمە ئىشلار بارئىدى؟ ماۋ زېدوڭنىڭ راسا جاجىسىنى بەرگەندەكلا قىلىشۇدىڭ، يەنە نېمە گەپ بولدى؟ _ جاڭ كەيشى تاقىر بېشىنى بارماقلىرى بىلەن سىلاپ قويۇپ گېنېرالىغا تەلمۈردى.

_ ھە، شۇنداق، ئەسلىدىغۇ تىلغا ئالغۇچىلىغى يوق كىچىككىنىلا بىر ئىش ئىدى. _ جاڭ جىرجوڭ كۆزئەينىكىنى قولىغا ئېلىپ قول ياغلىغىنى چىقىرىپ سۈرتۈشكە كىرىشتى. _ شۇ روس ئېيىقلىرى ئىشنى بۇزۇپ يۈرمىسۇن دەيمەندە. _ ئۇ كۆزئەينىكىنى قايتا تاقىۋېلىپ زوڭتۇڭىغا قارىدى.

_ ئىچىمنى پۇشۇرماي ئوچۇقلا دېگىنە، نېمىكەن ئۇ قېرى روس ياۋايىلىرى قول سېلىۋالغىدەك يەنە؟

جاڭ جىرجوڭ يەرگە قارىغىنىچە سەل جىم تۇرغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ جاڭ كەيشىگە قاراپ دېدى:

_ ئەسلىدە كىچىك ئىش، _ ئۇ سەل ھېجىيىشقا تىرىشقاندەك قىلسىمۇ، يۈزىگە تەبەسسۇم كەلتۈرەلمىدى. _ شۇ ھېلىقى، زو زوڭتاڭ ھەزرىتلىرىمىز بىزگە ئېلىپ بەرگەن غەربى دىيار يېڭى چىگرايىمىزدا يەرلىك ياۋايىلار توپىلاڭ چىقىرىشقانىكەن. شۇ ئىشلار، ...

_ دېمەكچىمۇ، شۇ يىسا (ئەيسا بەگنى دېمەكچى- ئا) لار، يەنە بىرسىنىڭ ئېتى نېمىدى؟ ھە، يىمىڭ (مەمتىمىن ھەزرىتنى دېمەكچى- ئا) دېگىنى، كۆزۈمگە بەكلا تۈرى يامان كۆرۈنگەنىدى. _ جاڭ كەيشى، گېنېرالىنىڭ گېپىنى كېسىپ غودۇرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدى- كەينىگە ماڭغىلى تۇردى.

_ ياق، ياق. بۇ قېتىمقىسى ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. _ جاڭ جىرجوڭ يەنە كۆزئەينىكىنى تۈزەشتۈرىۋالدى. _ بۇلارنىڭ ئىشى بولسىغۇ ئاسان گەپ ئىدى. بەزى گەپلەردىن قارىغاندا، بۇلارنى ئۇ يەردىكى باندىتلارنىڭ ھېچقايسى خالىمايدىغاندەك قىلىدۇ. بۇلارمۇ ئۇلارنى ياراتمىسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ ئۇلارغا ئىشەنگىم كەلمەيدۇ. بېرىپلا ئالسا بىرلىشىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئەسلىدىنلا ئۇلارنى بۇ ئەتراپلارغا قامال قىلىپ

ئەپكەشلىك ھامماللار، ئىگىز- پەس پىيادىلەر يولغا پېتىشماي كېلىشمەكتە ئىدى. ئادەملەر پەلەمپەينىڭ ئاغزىغا يۆك- تاقىلىرىنى چۈشۈرۈشۈپ يەنە ئالدىراش تاش پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ تۇمان ئىچىدە غايىپ بولىشاتتى. كېلىۋاتقانلارنىڭ كەينى ئۈزۈلمىگەندەك قىلمايتتى. بوشىغان ماشىنا- ھارۋىلار دۆڭدىكى مىغىلداپ ئادەم قايناپ تۇرغان قىستا- قىستاڭچىلىق ئىچىگە شۇڭغۇپ تۇمان ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولاتتى.

بۇ شەھەر گويا خىتاي رىۋايەتلىرىدىكى سوڭ ۋۇكۇڭنىڭ ئەرشكە چىققىنىدەك مەنزىرىنى ئەسلىتەتتى. ھەممە ئەتراپ قويۇق تۇمان ئىچىدە، بولۇت ئىچىدە كۆرۈنۈپ قويۇپلا يەنە يوقۇلۇپ كېتىۋاتقان مىغىلداپ تۇرغان ئادەم دېڭىزى، ئەجەبا بۇنچە نۇرغۇن ئادەم تار بىر پەلەمپەي ئاغزىغا قىستىلىشىپ نەگە قاراپ كېتىشىۋاتىدىغاندۇ؟! ئادەملەرنىڭ كېيىنىشلىرىمۇ ھەرخىل، شىۋىلىرىمۇ بىر- بىرسىدىن پەرقلىق، ... تۆۋەندە، چوڭقۇر بىر يەرلەردىن ئېغىر گۇدۇك ئاۋازلىرى سوزۇلۇپ ھۆكىرەشمەكتە، دېمەك بەزى پاراخوتلار يولغا چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. ياكى يېڭىدىن پورتقا قاراپ كىرىشىۋاتامدىغاندۇ؟! ھېچ نېمىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ خىتايلار چوڭچىڭنى بوشىتىپ، كۆن چىقىش تەرەپلەرگە قاراپ ئېقىن قىلىشماقتا. ...

مىغىلداپ تۇرغان بۇ ئاچ- يالىڭاچ ئادەملەر، ...

ئۇمانلىق ئىچىدىكى ئەگرى- توقاي يولدا كېتىۋاتقان بالادەك يۇغان پوق قوڭغۇزىغىلا ئوخشاپ كېتىدىغان قارا رەڭلىك مىرسەدەس بېنچ، تۇمانلىق يوللاردا ھېلى كۆرۈنۈپ، ھېلى غايىپ بولۇپ دېگەندەك غۇيۇلداپ مېڭىپ، ئەتراپىغا زىچ پوس قويۇلغان چىرايلىق بىر داچىنىڭ دەرۋازىسىغا بۇرۇلۇپ كىرىپ كەتتى. يول بويىدىكى تېرەكتەك قاتار تۇرغان پوسلار پىكاپىنى كۆرۈشى ھامان تىك تۇرۇپ چاس بەرگىنىچە قېتىپلا قالدى.

...

_ ھە، قېرىندىشىم جىڭ شيوڭ، ياخشى كەلدىڭ. سېنى تەبرىكلەيمەن، تەبرىكلەيمەن. ئاڭلىدىم، بۇگۈن يەنە باندىت ماۋنى تازا باپلاپسەن. شۇنداق قىلىش كېرەك بۇ باندىتلارنى، ئاغزىنىمۇ ئاچتۇرماسلىق كېرەك! _ يانىدىن تويچىلانغان ئۇششۇقىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان خىتايچە قارا يەكتەك كېيىمى كىيىۋالغان ئۇزۇق تاقىرباش جاڭ كەيشى ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن گېنىرال جاڭ جىڭجوڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئاتىلارچە سىلاپ قويدى. _ نېمە كۈنلەر بۇ بىزگە، ئەندى بىزنىڭ تېنچلىق دەپ سۆزلەشمىگەن شۇ كوممۇنىست باندىتلىرى قالغاندى!

_ چېچىلما جاڭزوڭ، قارىغاندا ئىشلىرىمىز بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگەيدىغاندەك

بەرگەچ دېدى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، دۆلەت ئاتىمىز، دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن!

تۇمانلىق پايتەخت رەسمىيلا بىكار قىلىنماقتا ئىدى. شەھەرنىڭ ئىگىز- پەس تاش پەلەمپەيلىك كوچىلىرى ئۇرۇش ۋەيران قىلىۋېتكەندىكىدىنمۇ بەتتەر خانىۋەيران بولۇپ كۆرۈنمەكتە.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ھېلىقى داچىدا، بۇ قېتىم ساراي ئىچىدە ئەمەس، ئورمانلىق تاغدىكى چىغىر يولدا جاڭ كەيشى بىلەن جاڭ جىژجوڭ، ھەر ئىككىسىلا سۇرلۇك گېنېراللار قىياپىتىنى كېيىشكەن ھالدا بىرى ئالدىدا، بىرى كەينىدە يوقۇرى ئۆرلىگەچ سۆزلىشىۋاتاتتى. جاڭ كەيشىنىڭ كۆرۈنىشى بەكلا خاپا ئىدى. ئۇلار ئىككىسى پاكار ئورمان بىلەن پۈركەلگەن تار چىغىر يولدا بىر تۇرۇپ، بىر ئۆرلەپ دېگەندەك خېلى سۆزلەشتى.

— جاڭ زوڭ، شىنجاڭدىكى ۋەزىيەت راستىنلا مەن ئويلىغىنىمدەك ئۇنداق سەل قاراشقا بولىدىغان كىچىك ئىشلاردىن ئەمەس ئىكەن. بىر ھېساپتا ئۇ يەرنى قولدىن بېرىپ قويۇپتىمىز دېسەكمۇ بولغىدەك. قىلچىمۇ چارە قىلغىدەك يېرى قالماپتىكەن. شۇڭا روسلارنى ئارىغا سېلىشقا مەجبۇرلاندىم. مېنىڭچە، نەنجىڭگە بارا- بارمايلا بىزمۇ روسلار بىلەن بۇ ئىش ئۈستىدە خېلى جىددى سۆزلىشىپ باقمىساق بولماسمىكىن دەيمەن. يالتا قارارلىرىنى باھانا قىلىپ بولسىمۇ چىڭراق تۇرۇپ تەلەپ قىلايلى دەيمەن. بولمىغاندا، موڭغۇل مەسىلىسىنى، ھەتتا يەنئەن بىلەن بولغان سۆھبەت مەسىلىلىرىنىمۇ سۆرەپ چىقىپ روسلارغا بېسىم قىلىپ باقساقمىكىن. ھازىرچىغۇ غەيرى- رەسمىي يوللار بىلەن دىخۇا روس كونسۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇرۇشنى توختىتىپ تۇرۇشقا ۋەدە ئالغاندەك قىلدىم. ھېلىمۇ ياخشى تەلىيىمىزگە يامغۇر پەسلىگە توغرا كېلىپ قېلىپ، باندىتلارنىڭ يولىنى سەل تاشقىنى توسىۋالغانىكەن. ئەمما بۇ سەلنىڭ يەنە قانچە كۈن داۋام قىلىپ بېرەلىشىنى كىم بىلىدۇ. ئۇ يەرلەر بەكلا قۇرغاق يەرلەركەن. روس كونسۇلىمۇ دۇدۇقلاپ كېسىپ بىرنېمە دېگىلى ئۇنىماي تۇرىۋاتىدۇ. قارىغاندا، بۇ روسلار بۇ مالىمانچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ باشقا ئارزۇلىرى ئۈچۈن كوزۇر قىلىپ ئىشلىتىپ بىزگە بېسىم قىلىشنى ئويلىشىۋاتقاندەكلا بىلىندى ماڭا. ئەگەر تېز قارار قىلمىساق، جۇڭخۇامىنگونىڭ شىنجاڭ دەيدىغان بىر يېرى قالمىغىدەك! — جاڭ جىژجوڭ، ئۇرنىدا سەل تۇرۇۋېلىپ ئاۋازىنى كۈچەيتىپ قوشۇپ قويدى، — شىنجاڭ دېگەن بەكلا كەڭرى

يۇرتلىرىغا زادىلا قايتۇرۇشقا رۇخسەت قىلماي كېلىۋاتىمىز. ئەمما ئۇ يەردىكى ئىشلار باشقا بىر ئىشتەكمۇ قىلىدۇ. شىنجاڭغا يېقىندىن ئېتىبار بېرىۋاتقان گېنېرال ۋاڭنىڭ تېلېگراممىسىدىن قارىغاندا، ئۇ تەرەپلەرگە ئۆزەم بىر بېرىپ كەلمىسەم زو ھەزرىتىمىزنىڭ روھى ئالدىدا يۈزىمىز يەرگە قاراپ قالمىسۇن دەپ قورقىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەر سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن مۇداپىيە كۆرۈشىمىزدە زادىلا كام بولسا بولمايدىغان بەكلا مۇھىم بىر يەر. يەنە كېلىپ ئىشلىرىمىز تەييار بولۇپ قالغىنىدا، ج ك پ باندىتلىرىنىڭ ئۇ تەرەپلەرگە قېچىپ بېرىۋېلىپ روسلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىۋېلىپ، خوددى جىڭگاڭسەنگە قېچىپ بېرىۋالغىنىدەك باشقىلاتىن كۈچلىنىۋېلىشىنىمۇ ئالدىنى ئېلىشنى ئويلاشمىساق بولماسمىكىن دېيمەن.

_ سەن كەتسەڭ بولمايدۇ، بۇ يەردە سەن بولمىساڭ ماۋ ئوغرىلىرى بىلەن كىم تەڭ كېلەلەيدۇ؟ ياق، ياق. باشقا بىرسىنى ئەۋەتەيلى. تېخى ھېلىقى جۇ ئىنلەي دېگىنىچۇ تېخى، تۈلكىنىڭ نەق ئۆزى! مەن ئۇنى تا خۋاڭپۇدىكى ۋاقتىدىن تارتىپلا ياخشى بىلىمەن.

_ مېنىڭچە بولغاندا، بىز بۈگۈن يەنئەن باندىتلىرىغا بەرگەن تەكلىپلەرنى ئۇلار قايتىپ كېتىپ بىرمەزگىل غاجىلاشماي قويمايدۇ. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا بىر بېرىپ كەلسەم دەيمەن. شۇ باھانىدا، ئۇ يەرنىڭ كەلگۈسىدە بىزگە قانچىلىك ئەسقاتىدىغانلىقى، پالاكەت ئاستىدىكى ئۆلكىلىرىمىزدىن ئۇيەرگە بەش- ئون مىليون بولسىمۇ كۆچمەن يۆتكىگىلى بولامدۇ- يوق، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلگىمىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ بەك ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن. مەن بارمىسام، ئۇ يەردىكى بىرنەچچە تەرسا گېنېراللىرىمىز ئىشنى بۇزۇپ روسلارغا يەم بولۇشقا تەييارلاپ قويمىسۇن دەپ ئەنسىرەيمەن.

_ بۇ ...، بۇ ...، ئۇ يەردىكى ئەھۋاللار شۇنچىلىك ئېغىرمىكەن؟! _ جاڭ كەيشى تورۇپ كېتىپ تاقىر بېشىنى قاشلىغانەك سىلاشتۇرۇپ قويدى. _ مەيلى جىرجوڭ قېرىندىشىم، بۇ كۈنلەردە سەنمۇ تازا چارچاپ كەتتىڭ. بولمىسا بۇ سەپەر ئىشىڭ ساڭا بىر دەم ئېلىپ ساياھەت قىلىپ زېھنىڭنى ئېچىپ كېلىدىغان پۇرسەت بولۇپ قالار. بۇنىڭغا ئاللىمۇقاچان ۋاقىت كەلگەنىدى. بېرىپ دەم ئېلىپ كەلگىنىڭدىن كېيىن ماۋچىلارغا تېخىمۇ كۈچلۈك زەربە بېرەلىگىدەك كۈچلىنىپ كېلەرسەن. _ ئۇ كېلىپ جاڭ جىرجوڭنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ قويدى. _ ھە، ئىشنى سىلىغلاشتۇرىمەن دەپ ياۋايى باندىتلارغا تولىمۇ رەھىمدىللىق قىلىپ كەتمە! ئىشنى تېز تۈگەت، ۋە تېز قايتىپ كەل!

قاسقان شەپكىسىنى كېيىپ ئۆلگۈرگەن جاڭ جىرجوڭ، تىك تۇرۇپ سالام

# 21. 7995- مىللىي قىسىمدا

... ...

ئىشىككە تاقاشقىدەكلا ئىگىز بويلۇق پولك كوماندىرى ئەرشىدىن تۇرۇپ، توخسۇن ۋە پىچان تەرەپلەرگە تارقىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى بىريەرگە يىغىپ بولالماي، ئىچى تىت- تىت بولۇپلا يۈرەتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك، پولكنىڭ مەجبۇرى كۆچۈرتىۋېتىلگەن كونا ئورنى بولغان ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي تاغ ئېتىكىدىكى ئورنىدىمۇ بىرمۇنچە پولك ماللىرى چىرىپ ياتاتتى. بۇ يەردىكى ئەخۋالمۇ ئۇنىڭدىن پەرقى يوق بولۇپ، پولك بىنالىرى تېخى تولۇق سىۋۇلمىغان، نەرسە- كېرەكلەر ھەر تەرەپتە چېچىلىپ ياتقان، بۇ بەش يىلدىن بۇيان ئەسكەرلىرىگە تۈزۈكرەك ھەربى تەلىم- تەربىيە بېرىش پۇرسىتىمۇ بولمايۋاتاتتى.

"نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇ ئىشلارغا، يا شۇ سەيپىدىن ئەزىزىمۇ بۇ ئىشلار بىلەن چاتىغى يوقلا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بولمىسا بۇلارنىڭ باشقىچە غەرەزلىرى بارمۇ- يا؟!"

پولك كوماندىرى دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ ئويغا پېتىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ كۈنلەردە ئايالى شاھادەتخانىنىڭمۇ زادىلا خوشلۇقى يوق ئىدى. ئۆزىچىلا چېچىلىپ قالىدىغان، بىر بۇلۇڭغا تىكىلىپ ئۇزۇنغىچە جىمىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولىۋالغانىدى.

"شۇ بىچارىغىمۇ نېمە كۈنلەر بۇ. مېنىڭ كەينىمدىن پالاخشىپ تاغمۇ- تاغ ئايلىنىپ يۈرگىنى يۈرگەن، بىرەر تۇرمۇشىنىڭ خولىغىنى كۆرمەي مۇشۇ ياشقا كەلدى- دە، ئىسىت بىچارىغا!"

شۇنچە يەرلەرنى ئايلىنىپ مىڭ تەستە ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي تاغ ئېتىكىدىن يەر ئېلىپ جايلىشىپ، كۆرمىگەن مۇشكۈلاتلارنى تارتىپ، دۆلەتتىن تۈزۈكرەكمۇ پۇل ئالالماي جەڭچىلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپلا دېگەندەك مىڭ تەستە قۇرۇلۇش سېلىۋاتقىنىدا، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى دېگەن ئىشنى چىقىرىشىپ، بىر تال خىشنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان قىلىنىۋەتتى. ئاخىرى بولماي جەڭچىلەر ئۆزلىرى خۇمدان سېلىپ خىش قۇيۇپ پۇشۇرۇپ يۈرۈپ دېگەندەك پولكنى تېخى ئەندىلا بىر چىرايلىق ھالغا كەلتۈرگىنىدى. بىچارە جەڭچىلەر كۆكتاتتىن تارتىپ ئاشلىقىچە ئۆزلىرى تېرىپ يېتىشتۈرىۋاتقان، ھەتتا گۆشىنىمۇ ئۆزى قوي بېقىپ تەييارلاۋاتقان، ئۇنداق قىلمىسا قەھەتچىلىك

بىر زېمىن ئىكەن. ئۇ يەرنى يالغۇز ھەربىي ستراتېگىيىلىك ئورۇن دەپلا قالماسلىقىمىزنى ھېس قىلدىم. ئەگەر ئۇ يەرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرساق، سېپىل ئىچىدىكى پېتىشماي كېتىۋاتقان بىرەر يۈز مىليون ئىشلەمچىمىزنى ئۇ يەرگە ئاپارساق ئەركىن سىغدۇرغىلى بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. دەرھال ئامالىنى قىلمىساق زىيان بەكلا چوڭ، بەكلا ئېغىر بولغىدەك. — ئاخىرى ئۇ دۆڭگە چىقىشتىن توختاپ، جاڭ كەيشىدىن بىرقانچە قەدەم تۆۋەن بىر يەردە تۇرۇپ قولىدىكى پەلىيىنى چىقىرىشقا كىرىشتى.

دۆڭنىڭ ئۈستىگە يېتىپ بارغان جاڭ كەيشى، بۇلۇت بىلەن قاپلانغان بۇ قاچقۇن پايتەختنىڭ ئاخىرقى قېتىم بىر كۆز يۈگۈرتىۋېتىپ تۇرۇپ دېدى:

— شۇنچە جاپالىق كۈنلىرىمىزمۇ ئۆتۈپ كەتتى- ھە! — ئاندىن ئۆزىدىن سەل پەس تەرەپتە تۇرغان جاڭ جىڭجوڭغا مەغرۇر قىياپەت بىلەن قارىدى، — مەيلى، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن ئەمىسە!

ئەسلىدە جاڭ كەيشىنىڭ بۇ گېپىنى نېمىگە قارىتىپ دېگەنلىكىنىمۇ تازا ئېنىق بىلگىلى بولمايتتى. ...

... ...

دېگىنى بويىچە قارار چىقىرىلغانلىقى، بۇندىن كېيىن بۇ تۈردىكى ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ بولمايدىغانلىقىغا كاپالەتلەر بېرىشىپ ھىلىگەرلىك بىلەن ھىجىيىشىپ كېتىشتى.

"ياق، بۇ ئاي- بۇ كۈنلەردە سەيپىدىندە ئۈنچىلىك جاسارەت قالمىغانىدى." _ دېپ ئويلىغان ئەرشىدىن، قولىغا شىتاپنىڭ مەخسۇس تېلېپونىنى ئالدى. قولىدىكى قەغەزگە يەنە بىر كۆز يۈگۈرۈپ چىقتى: پۈتۈن جەڭچىلەر چوڭ زالغا يىغىلسۇن، قىلىدىغان مۇھىم گېپىم بار. س. ئەزىزى دېگەندەكلەر يېزىلغانىدى. ئەرشىدىن ھەيرانلىق ئىچىدە قولىدىكى بۇ ئىككى ئىلىك قەغەزگە قارايتتى. يەنە كېلىپ بۇ يېقىنلاردا سەيپىدىننىڭ تۆمۈر داۋامەت بىلەن بولغان جىددىلىمۇ ئۇنى ئەنسىرەتمەي قويمايتتى. ھەرقانچە ياراتمىغىنى بىلەن، بەرىبىر ئەرشىدىنمۇ تۆمۈرنىڭ بىر يۇرتلىقى- دە!

كۈتۈۋېلىش يىغىنى بولغاچقا، جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسىلا زالغا قوراللىق يىغىلىشقانىدى. پەقەت زالنىڭ كىرىش ئىشىكىدىلا رەسمىيەت ئۈچۈن ئىككى نەپەر قوراللىق پوس قويۇلغان بولۇپ، سەيپىدىننىڭ ئېلىپ كەلگەن خىتاي مۇھاپىزەتچىلىرى بۇ ئىككىسىنى ئاز كۆردى ئەتىمالىم، دەرھال ئاپتوماتلىق سەككىز خىتاي ئەسكىرىمۇ قاتارغا كىرىپ پوسقا تۇردى. مانا ئەندىلا بىر ھەربىي قىسىم يېرىگە ئوخشىغانىدى. ھەممە مىللىي جەڭچىلەر يىغىن زالىغا كىرىپ بولۇپ، زال ئىچى جىمجىت بولغىنىدىن كېيىن، ئىشىك تۈۋىدىكى ھېلىقى سەككىز نەپەر خىتاي ئەسكىرىدىن ئىككىسى بېرىپ زالنىڭ ئىشىكىنى سىرتتىن تاقىۋەتتى. قالغان ئالتە خىتاي ئەسكىرى دەرھال تۆت قەدەم كەينىگە چېكىنىپ تۇرۇپ ئالدىدىكى ئىككى ئۇيغۇر جەڭچىسىگە قوراللىرىنى بەتلەپ ۋارقىراشتى:

"بۇيرۇق! سىلەر ئىككىڭلار دەرھال قوراللىڭلارنى تاپشۇرۇڭلار!"

نېمە ۋەقە بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرالماي خىرامان تۇرۇشقان ئىككى ئۇيغۇر جەڭچىسى، ئەتراپىدىكى بىنالاردىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان پىلىموت، مىناميوت، تانكائاتارلارنىڭ قاتار ئۈچىنى كۆرۈشتى. ئاستا ئاستا قوراللىرىنىڭ تاسمىلىرىنى بوينىلىرىدىن چىقىرىپ ئەسلىدىنلا ئوقى يوق قوراللىرىنى ئالدىغا تاشلاشتى. بۇ ئارىدا يان كوچىلاردىن نەچچە يۈزلىگەن تولۇق قوراللانغان خىتاي ئەسكەرلىرى زالنىڭ سىرتىنى قورشاشقا باشلىدى. يەنە بىرمۇنچىلىرى ئىسكىلات، ئاشخانا، ياتاق بىنالىرى ئەتراپىغا چېپىپ كېتىشتى. يىغىن زالىنىڭ ئەتراپى رەسمىي ھەربىي ھالەت تۈسىنى ئالغان بولۇپ، مىدىر قىلغاننى ئېتىشقا تەييار ھالغا كەلگەنىدى. ...

يىغىن زالىنىڭ ئىچى سىرتتا بولۇۋاتقانلاردىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر، جەڭچىلەر ئۆز جايلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ جىم- جىت بولۇپ ساقلاۋاتقان، مۇنبەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان

يىللىرىدىكىدەك ئايلارغىچە ئاشلىق بەرمەيدىغان ئەھۋال كۆرۈلىۋاتقان، ... بۇنداق بىر ھەربىي قىسىمنى ئەڭ ياخشىسى دېھقانچىلىق- قۇرۇلۇش ئەترىتى دېگەنلا دۇرۇس! مانا ئەندى ھەممە نەرسىنى تەل قىلىپ، جەڭچىلەرنى يېڭى پولك بىنالىرىدا تۇرغۇزۇش، باشقا خىتاي قىسىملىرىدىكىدەك يېڭى قۇراللار بىلەن قوراللاندۇرۇپ مەشىق قىلدۇرۇش ۋاقتى كەلگىنىدە، يەنە نەدىن پەيدا قىلدى شۇ 'ئارمىيە سولچىلارنى قوللاش خىزمىتى' دېگەننى! بۇ ھەربىلەرگە ئوڭ- سول سىياسەتنىڭ نېمە ئىشىدىكى'؟ ئۇلار تەشۋىق قىلىش دېگەن باھانا بىلەن يېزىلارغا تارقىلىپ كەتكىنىدە، تويۇقسىزلا پولك شتاۋىنى پوكاڭغا يۆتكەڭلار دېگەن بۇيرۇق كەلدى. ئۇ يەرگە خىتايدىن كەلتۈرگەن قىسىملارنى جايلاشتۇرغىلى تۇردى. بۇ بىزنىڭ قانچىنچى قېتىملىق يۆتكىلىشىمىز ئىدى'؟ تۆرتىنچىسىمۇ ياكى بەشىنچىسىدى'؟ جەڭچىلەر مانا يەنە قاقاسلىقتا قۇرۇلۇش قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى يېزىلاردىكى تەشۋىقات ۋەزىپىسىدىن قايتۇرۇلۇپ كېلىنمىگەن، يوك- تاقىلارنى توشۇش، يېڭى قۇرۇلۇش باشلاش دېگەنلەرگە ئادەم كېرەك- تە. مانا ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپىمۇ بۇ يەردىكى قۇرۇلۇشنىمۇ پۈتتۈرىۋالغىدەك قىلغىنىمىزدا، دۆلەتتىن زادىلا پۇل كەلمەس بولۇپ كەتتى. بولۇپمۇ شۇ لوڭ شۇجېن دېگىنىنىڭ بەكلا پەيلى بۇزۇق كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ مىللىي پولكىمىزنىڭ پوكاڭدا تۇرالىشىمۇ ئۇزۇنغا بارمىسا كېرەك'؟

"ھەرنېمە دېگەن بىلەن جەڭچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يىغىلىپ بولدى. ئەندى قىش كىرگىچە شۇ تاشقى سۇۋاقلارنى بولسىمۇ پۈتتۈرىۋالىغان بولساق، ..." — ئەرشىدىن پولك كوماندىرى تازا خىيالغا پېتىپ تۇرغىنىدا، ئىشىككە بىر خەۋەرچى يۈگۈرۈپ كەلدى. ئەرشىدىن ئۇنىڭ قولىدىن قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇپ چۆچۈپ كەتتى:

— شاھادەت، چاققان بول، كېيىملىرىمنى تەييارلا، كونا قوماندانىم كېلىپ قالدى! — ئۇ سەل ھەيران بولغاندەك قىلدى 'نېمىشكە بۇنداق، ئالدىن خەۋەر بەرمەيلا كەلگەندۇ'؟ ياكى شۇ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدىدىكىدەك بىرەر ئىش بولغانمىدۇ- يا؟'"

مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدىدا، سەيپىدىن ئەزىز پارتكوم ياكى ھۆكۈمەت تەۋەسىدە بىرەر تۇسالغۇغا ئۇچرىغان ياكى بىرەر قارار ئېلىشقا مەجبۇرلىنىپ قالغىنىدا دەرھال ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ غىپلا قىلىپ مىللىي پولكقا كېلىپ يېتىۋالاتتى. ئەرشىدىنمۇ بۇنى باھانا قىلىپ پۈتۈن قىسىمنى ئىچكى جەھەتتە ئىككىنچى دەرىجىلىك، سىرتقا قارىتا بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكۈزۈپ تۇتىۋالاتتى- دە، بۇ مىللىي پولكقا ھېچكىم يېقىن يولىيالمايتتى. بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت- پارتكوملاردىن ئەلچىلەر كېلىپ كەچۈرۈم سورۇشۇپ، سەيپىدىننىڭ

ئېچىپ 'مېنى ئېتىۋېتىڭلار! پولكىم قالسۇن! مېنى ئات، مېنى! پولكىم ساقلىنىپ قالسۇن!' دېگەن سادالار، ...

يىغىن زالىنىڭ ئۈستىدىكى پەنجىرىلەرنى ئاللىمۇقاچان ئىگەللەپ بولغان خىتاي ھەربىلىرى بۇ مىللەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قوراللىق قورچاق پولكىنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىق مەنزىرىسىنى كۆرۈشۈپ ھىڭگاڭ چىشلىرىنى چىقىرىشىپ يىرگىنىشلىك كۈلۈشەتتى، ئەمما بۇ قوشۇننىڭ قاچاندىن بېرى ئۆزلىرىگە دوس بولۇپ ھېساپلىنىدىغانلىقىنىمۇ زادىلا ئەسلىرىگە ئالالمىدى- دە، دەرھال قوللىرىدىكى پىلىموتلىرىغا چىڭ چاپلىشىشتى.

بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، سەيپىدىن بۇ بۇيرۇقنى ئوقۇۋېتىپ تۇرۇپ، كۆزىدىن بىر تامچە ياش تۆككەنمىش! ھەر نىمە بولسا، شۇنچە زور تارىخىي خاتىمە ئۈچۈن بىرەر تامچە ياش تۆكۈدىغان ۋىجدانى بولسىمۇ قالغانىكەن!

ئەرشىدىننىڭ ئايالى بۇ پاجىئەلىك خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەرداشلىق بېرەلمەي دەرھال ھوشىدىن كېتىپ قالدۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ، بۇ ئايال، مىللىي پولكىنىڭ پۈتۈن قارارلىق ئەسكەرلىرىگە ئىنتايىن مېھرىبانلىق بىلەن ئانىلىق قىلىپ يېتىشىپ كەلگەن بۇ ئايال، بىر ئۆمۈرنى مىللىي ئەسكەرلەرگە كۆيۈنۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ 'شەپقەتلىك پولك ئانىسى'، ئەڭ ئاخىرقى مىللىي ئارمىيەسىنىڭ يوقۇتۇلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بىر مەزگىل شۇنداق جىمغۇرلىشىپ كەتتىكى، كۆندىن كۈنگە روھى يىمىرىلىپ، ئاخىرى ئەقلىنى ئۆزىنىڭ ئېتىكاپىغا قاماپ، قالغان ئۆمۈرنى ئۆزىنىڭ يارىلانغان روھىي دۇنياسىغا بېغىشلىدى _ بۇ ھەقىقى ئەسكەر ئانا ئەقلىنى زادىلا قايتۇرۇپ كېلەلمىدى ياكى قايتۇرۇپ كېلىشنى زادىلا خالىمىسا كېرەك؟!

بۇ مىللىي پولكىنىڭ سابىق پولك كوماندىرى قۇمۇل، كورلا ۋە سانجى قاتارلىق جايلاردىكى تارماق ھەربى رايونلاردا بەش- ئون يىل سۆرۈلۈپ يۈرگىنىدىن كېيىن، ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىنى قايسى بىر ھەربى رايوننىڭ ئاتاقتىكى مۇئاۋىن باش قوماندانى بولۇپ تاماملىغان بولدى. ...

ئىسست بىزنىڭ ئەرلىرىمىزگە! قېنى، شۇ ئايالچىلىكمۇ بولسا بولالىدۇقمۇ؟!

بىزنىڭ قورچاق بولسىمۇ قالغان ئەڭ ئاخىرقى مىللىي پولكىمىز _ يەتتىمىڭ توققۇزيۈز توقسەنبەشىنچى قىسىم تارقىتىۋېتىلىپ يېرىم يىل ئۆتكەندى.

پولكتا جەنۇپىنىڭ يىراق بىر ناھىيىسىدىن كەلگەن، ئىنتايىن نامىرات بىر يېزىدا ئاتمىشىنچى يىللاردا ئاتا- ئانىسى سۇنئى ئاچارچىلىق يىللىرىدا بالىسىغا ئەڭ ئاخىرقى

سەيپىدىن ئەزىز تېخىچىلا ئورنىغا ئەپلىشىپ جايلىشىۋېلىش، ئاندىن چىچىنى ھەۋەس بىلەن ئالدىرىماي تارىۋېلىش، ئالدىدىكى چېيىدىن بىر- ئىككىنى ئوتلىۋېلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئاندىن ئاستا يانغا ئېگىلىپ پولك كوماندىرى ئەرشىدىنگە قىسقىلا قىلىپ بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. ئەرشىدىن سەل تۇرۇپ قالدى. ئەتراپىغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، مىكرافوننى قولىغىلا ئالدى:

_ كوماندىر- جەڭچىلەر دىققەت! رەھبىرىمىز سەيپىدىن بۈگۈن سىلەرگە ئىنتايىن مۇھىم بىر بۇيرۇقنى ئېلان قىلىدۇ. _ دەپلا مىكرافوننى سەيپىدىن ئەزىزنىڭ ئالدىغا سەل ھۆرمەتسىزلىك بىلەن دىققىدە قىلىپ قويۇپ ئورنىغا ئولتۇرىۋالدى.

ئەندى مىكرافون، ئىككىنچى قېتىملىق مىللىي جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ دىۋىزىيە- دىۋىزىيە قوشۇنلىرىدىن ئەڭ ئاخىرىدا ساقلىنىپ قالغان بۇ بىردىن- بىر مىللىي ئارمىيە پولكىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان سەيپىدىن ئەزىزىينىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى.

ئۆزىنى ئالاھىدە ياخشى كۆتۈشنى بىلىدىغانلىقى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئولتۇرغان ئاق يۈزلۈك، ئىنچىكە قاڭشارلىق ئادەم، ئالدىدىكى مىللىي قوشۇننىڭ قىممىتىنى ھەممىدىن بەك ياخشى بىلىدىغان سابىق ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز مىنىستىرلىرىدىن بىرسى، ھەتتا ئەخمەتجان جاسىم قاتارىدىكى مۇھىم رەھبەرلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان كۈنىمىزدىن ئېتىۋارەن، بۇ جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ باش مىراسچىسى، ئەينى ۋاقتىدا بىزنىڭ قان بىلەن كەلگەن جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ پۈتۈن ھوقۇقلىرىنى قىلچە تەمتىرىمەي خىتاي كوممۇنىست تاجاۋۇزچىلار قوشۇنىغا ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بەرگەن باش جىنايەتچى، ئالدىدىكى قارا سومكىسىدىن بىرۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ ئوقۇشقا كىرىشتى:

_ يولداشلار! مەن سىلەرگە مەرگىزى ھەربى كومىتېتنىڭ باش قوماندانى يولداش لىن بياۋ تەستىقلاپ تارقاتقان بۇيرۇقنى ئېلان قىلىمەن. _ زال ئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى. _ بۇيرۇق، بۈگۈندىن ئېتىۋارەن ... يەتتىمىڭ توققۇزيۈز توقسەن بەشىنچى قىسىم ئەمدىن ئۆچۈرۈلۈپ تارقىتىۋېتىلدى. ... ئەگەر ...

زال ئىچىدە سېكونتلۇق بىر تىگىرقاش بولغاندىن كېيىن، بىر يەرلەردىن ھۆكىرەپ يىغلىغان يىغا ئاۋازى باشلىنىشى بىلەن تەڭ، پۈتۈن زالدىكى مىڭدەك مىللىي ئەسكەر زالنى كۆتۈرۈشتەكىدەك قاتتىق گۈرۈلدەپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

_ ياق! ياق! ئۇنداق ئىش يوق! ...

بۇيرۇقنىڭ ئاخىرىنى ھېچكىم ئاڭلىيالمىدى. تۇۋۇندە غەزەپتىن چاشلىرىنى يۇلىۋاتقانلار، غۇلاشلاپ مەيدىسىگە مۇشلاۋاتقانلار، چاپانلىرىنى يىرتىپ مەيدىسىنى

تەپكە يىپلىرىنى ئىشىككە تەڭشەپ چىڭ باغلايدۇ ...

ۋەزىيەت بەكلا ۋەھىملىك ئىدى: يولدىن قاراڭغۇدا كېلىۋاتقانلار يىپلارغا پۇتلىشىپ ئىككى تەرەپتىكى مىنالارنى پارتىلىتىپ تىتما- تىتما بولۇپ كېتىشى، يول بويىدىكى ھاجەتخانىغا كىرگەنلەرمۇ ئىشىكنى ئاچار- ئاچمايلا پىلىموت ئوقىدا تىتىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. قىسقىسى، بۇ كېچە ئەڭ كامىدا بىرەر روتا خىتاي ئەسكىرى جەھەننەمگە يوللىنىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

بىر ۋاقىتلاردا كىنو تۈگەپ كلۇب ئالدىغا ئەسكەرلەر يىغىلىشقا باشلىدى. ئوتتۇرىدا بىر باتالىيون كوماندىرى چىقىپ ئەسكەرلەرنى يوقلىما قىلدۇرمايلا ئىختىيارى تارقىتىۋېتىدۇ. ئەسلىدە، بۈگۈن قىسىم ئەمەلدارلىرى باش قوماندانلىق شىتابىغا يىغىنغا كەتكەنىكەن. ئەسكەرلەر ياتاقلىرىغا چوڭ يولدىن ئايلىنىپ مېڭىش ئورنىغا، ئۇدۇل ئېتىزلىقتىن يۈگۈرۈشۈپ ياتاقلىرىغا تارقىلىشقان. ھەتتا ھاجەتخانىغىمۇ كىرىشمەي، يول بويىغا قويىۋېتىپلا كېتىشكەن.

ئىجۇرنىلىك قىلىدىغان بىر ئەسكەر قورال تىزىلغان يەردىكى قوراللارنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقىشى بىلەن، جىددى سىگنال چېلىنىپ تەكشۈرۈشكە كىرىشكەن. ...

بۇ ئارىدا ياتاق تەرەپتىن بوغۇق بىر دېسكا ئاپتومات ئوقىنىڭ ئاۋازى كەلگەن. دەرھال تەكشۈرگۈچىلەر يېتىپ بېرىپ قارىسا، ياتقان ئىچىدە بىر ئۇيغۇر ئەسكىرى قارنىغا بىر دېسكا ئوقنى سىرىۋېلىپ قان ئىچىدە ياتقىدەك.

كېيىن مەلۇم بولىشىچە، بىچارە بالا پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىغىنى سېزىپ دەرھال ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانىكەن.

بۇ ۋەقە، ھەممىنى ھەيران قالدۇرغان ھالدا، ئەڭ ئاخىرقى مىللىي پولكىنىڭ تارقىتىۋېتىلىشىگە بىر نارازىلىق ساداسى بولۇپ شۇ يەردىلا تىنجىپ قالدى. ...

... ...

نان ئۇۋاقلىرىنىمۇ يىدۇرۇپ بولۇپ ئۇرۇلىرى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىپ، يېتىم قالغان بىر بالا مىللىي پولكقا ئەسكەر بولۇپ كەلگىنىگە تېخى ئەندىلا بىرەر يىل بولغىنىدا سۇيۇملۇك پولكىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، شىخودىكى بىر خىتاي دىۋىزىيىسىنىڭ مەلۇم قىسمىغا تارقىتىۋېتىلگەن بىر ئۇيغۇر ئەسكەر بار ئىدى. ئۇ، مىللىي پولكقا كەلگەندىن كېيىن، بۇلۇڭ- پۇچقاقلاردا بولىدىغان شىۋىلىڭ- شىۋىلىڭ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرۈپ، ئاز-تولا كۆرى ئېچىلىشقا باشلىغان، قىسمىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ۋىجىك تۇرقىدىن ئىچ ئاغرىتىشىپ، ئۇنى پولك ئاشخانىسىغا تەقسىم قىلىپ قويغانىكەن. كېيىن خىتاي دىۋىزىيىسىگە تارقىتىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا مىللىي ۋۇرنۇوت ھالىدا ساقلىنىپ قالغان پولكنىڭ مىللىي ئاشخانىسىدا كونا ئىشىنى داۋام قىلدۇرىۋەرگەنىكەن. بۇ يىگىت، بەكلا جىمغۇر، ھېچكىمگە بىر تېنىق گەپمۇ قىلمايتتى. ئىشنى بەكلا ساداقەت بىلەن ئىشلەيتتى. ئۇ، ھەقىقەتەنمۇ 'لى فېڭچە جەڭچى' ئىدى.

بۇ يېڭى قىسىمدا ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا چوڭ زالدا كىنو قويۇپ بېرەتتى. ئادەتتە ئەسكەرلەر كىنوغا رەتلىك تىزىلىپ كىرىپ، كىنو تۈگىگەندە زال ئالدىدا تىزىلىپ قىسىم كوماندىرلىرىنىڭ يوقلىمىسىدىن ئۆتۈپ بولۇپ ئاندىن پەيلەر بويىچە رەتلىك تىزىلىپ چوڭ يول بويلاپ ياتاققا ئايلىنىپ كىرىپ كېتىشەتتى. بۇ ئارىدا ياتاق يېنىدىكى ھاجەتخانىغا كىرىپ چىقىدىغانلارمۇ كۆپ بولاتتى.

ئۇ كۈنىسى ئۇيغۇر جەڭچىلەر توي مۇناسىۋىتى بىلەن شىخوغا كىرىپ كەتكەن بولۇپ، قىسىمدا ئۇيغۇر ئەسكەرلەردىن يالغۇز ھېلىقى بالىلا قالغانىدى. ئۇ يىگىت شۇ كۈنىسى 'قىزىل چىراق' دېگەن ياڭبەنشى قويۇلىدىغانلىقىنى باھانا قىلىپ، ئاشخانىنى تازىلايمەن دەپ كىنوغا كىرمەي ياتاقتا يالغۇز قالىدۇ.

ھەممە خىتاي جەڭچىلەر كىنوغا كىرىپ كەتكىنىدىن كېيىن، بۇ ئۇيغۇر جەڭچى قويۇندەك يۈگۈرگىنىچە روتىسىنىڭ قورال تىزىلغان زالىغا قاراپ چاپىدۇ. ئۇ يەردىن بىر تاغارغا گىرانات- مىنالاردىن بىرمۇنچە قاچىلايدۇ. قولتۇقىغىمۇ بىرقانچە يەڭگىل پۇتلۇق پىلىموت ۋە ئاپتوماتلارنى قىستۇرۇپ ھەسىرەپ- ھۆمۈدىگىنىچە كلوبنىڭ ئۇدۇلىدىكى چوڭ يول بويىغا كېلىدۇ. ئۇ، يانچۇقىدىن ئىنچىكە تارىدەك يىپلارنى چىقىرىپ مىنا- بومبىلارنىڭ پىلىكلىرىگە باغلاشقا باشلايدۇ. ئاندىن بومبا- مىنالارنى يول بويىدىكى قورۇق ئوتلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ چىقىپ، قالغان بىرنەچچە بومبا بىلەن قوراللارنى ئېلىپ ھاجەتخانىغا كېلىدۇ. ئۇ يەردە بىرمۇنچە ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، پىلىموتلارنىڭ تەپكىلىرىنى يىپ بىلەن باغلاپ ئىشىككە چېتىپ چىقىدۇ. ئاۋايلاپ ئىشىكنى يېپىپ

يولىڭىزغا قاراپ مېڭىۋېرىڭ!"

ئەخمەتجان قاسىم شۇ چاغدىلا ھۇشىنى يىغىۋېلىپ مەخسۇمغا قاراپ زورلىنىۋاتقان بولسىمۇ كۈلۈمسىرىدى ۋە تەمتىرىمەستىن ئۇدۇل ئالدىغا كېلىۋېردى.

"ئۇستازىم، بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزنىڭ تېمىسىنى ناھايىتى ياخشى تالLاپ، ئەڭ جانلىق جاۋابىنى تەييارلىغانىكەنسىز. ئەندى بىزنىڭ سىياسى سۆھبىتىمىزنى تاماملىدۇق دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەڭ ياخشى شەكىلدە سۆزلەشتۇق دېگىنىمىزدىمۇ ئارانلا مۇشۇنچىلىك ئۇختۇرالىغان بولار ئىدۇق. مەن ئەندى سىزدىن باشقا تېمىلار ئۈستىدە دەرس ئالماقچىمەن." ...

ياق، ئەخمەتجان قاسىم شۇنچە كوممۇنىستپەرەس بولغىنىدا ئىدى، سەيپىدىن ئەزىزدەك كوممۇنىستلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ياشاشنى بىلەلمىگەندەك بىر ئادەممىدى؟! ئۇ، ئەنە شۇ پەلسەپەلىك مەنتىقە قائىدىسى بويىچە دۈشمەننى تەھلىل قىلىش يولىنى مەخسۇمدەك كىشىلەردىن ئۆگەنگەن ئايدىڭ كۆز قاراش ئىگىسى ئىدى. ئۇ، مەيلى گومىنداڭ خىتايلىرى بولسۇن، مەيلى كوممۇنىست خىتايلىرى بولسۇن، ياكى رۇس كوممۇنىستلىرى بولسۇن ۋەتىنى ئۈچۈن دۈشمەنلىك نىيىتىدە، كۈزۈر قىلىۋېلىش نىيىتىدە بولغانلارنى ياخشى بىلەلىگەن بىرسى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى ئاللىمۇقاچان سېزىپ بولغان كوممۇنىستلار ئۇنى ئەڭ زامانىۋى ۋە ئەڭ پاجىئەلىك تېررورلۇق چارىسىنى ئىشقا سېلىپ مەخسۇس ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكەنىدى. — زومىگەر دۆلەتلەر بىزگە ئاللىمۇقاچان مەخپى ئۆلتۈرۈش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، يەنى بۈگۈن بىزگە تۆھمەت قىلىپ تېڭىشقا ئۇرۇنىۋاتقان تېررورچىلىق ئۇسۇلىنى، بۇندىن يېرىم ئەسىر ئاۋاللا ئۆزلىرى بىزگە ئىشلىتىپ بىزنىڭ ئەڭ ئالى دۆلەت رەھبەرلىرىمىزنى ئايروپىلانغا بومبا قويۇپ پارتىلىتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ۋەتىنىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولىنى ئاچقانىدى! ئەندى بىز نېمە ئۈچۈن مەخپى قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇللىرىدىن ۋەتىنىمىز ئىچىگە كىرىۋالغان دۈشمەنلەرگە قوللىنىشتىن خۇددى ئۇجۇيدىن قورققانەدەك قورقۇپ كېتىمىز؟! بىزگە باشقىلار تېررورلۇق ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ۋەتىنىمىزنى قولغا كىرگۈزۈشكە باشلىغان ۋە ھازىرمۇ داۋاملاشتۇرۇۋاتقان تۇرسا، ئۇلار نىڭ قىلغىنى يوللۇق، ئەمما بىز ئۆز ئانا ۋەتىنىمىزدە بۇنىڭغا قارشى قولىمىزدىن كېلىدىغان قارشىلىق كۆرسىتىش چارىلىرىدىن پايدىلىنىمىز دېسەك بىز نېمىشكە يولسىزچىلاردىن بولۇپ قالىدىكەنمىز؟! ياكى بولمىسا بىز راستىنلا قورقىۋاتامدۇق ياكى بىرسىلىرىنىڭ ئارزۇلىرىغا بويى سۇنۇشنى تەرغىپ قىلىۋاتىمىزمۇ؟!

"ئەقىللىق بالا" دەپ ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى مەخسۇم. ئۇ، تېخىچىلا ئۆزىنى يوقلاپ

# 22. ئابلىز مەخسۇم ئۆز ئالدىغا

... ...

مەخسۇم، ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق تۈرمىدىن چىققىنىدىن بۇيان، زادىلا ئۆزىنىڭ زېھنىگە ئىگە بولالماي كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىياللىرى پات- پاتلا بۇرۇنقى كۈنلىرىگە كېتىپ قالاتتى. ئەنە شۇنداق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ خىيالىغا ئەخمەتجان قاسىمنى تۇنجى قېتىم سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ئۆيىگە چاقىرغان ۋاقتى كېلىپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى:

مەخسۇم، بۇ يىگىتنىڭ ئەقلى- ھوشى جايىدا زېرەك بىر ياش ئىكەنلىكىدىن خېلى بۇرۇنلا خەۋەر تېپىپ بولغاچقا، بۇ قېتىمقى سۆھبەتنى بەكلا غەلىتە بىر 'ئىلخو چاخچىغى' بىلەن باشلىماقچى بولۇپ، ئۇزۇن كەتكەن قوراسىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى ئىچىگە ئارىلىقلىرىنى تەڭشەپ تۇرۇپ ئىككى تەرەپكە ئىككى قاۋان ئىتنى زەنجىرلەپ باغلايدۇ. ئىككى كۈندىن بېرى تۈزۈك بىرنېمە يېمىگەچكە، بۇ ئىتلار قويۇۋېتىلسە ئادەم تۇرماق دېۋىنى كۆرسىمۇ تالاپ يەۋەتكىدەك ئېچىقاپ كېتىشكەنىدى.

ئەپەندىممۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن، خىتاي تۈرمىلىرىنى ئۆمۈرلۈك ماكان قىلىۋالغان بۇ ۋەتەنپەرۋەرنىڭ ئۆيىگە ئۆزىلا تېپىپ كەلگەنىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئىشىكنى قاقمايلا ئۆزى ئېچىپ كىرىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، ئىشىكنىڭ ئىككى قاسنىقىدىن قوشقاردەك كېلىدىغان بىرى سېرىق، يەنە بىرسى قارا ئىككى قاۋان ئىت ۋەھشىلەرچە ئېتىلىپ كېلىپ ئەپەندىمنىڭ ئۈستىگە تاشلانماقچى بولدى! ھەرقانچە دېگەن بىلەنمۇ، بۇنچە يوغان قاۋانلارنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئەپەندىممۇ نېمە كۆرگەنلىكىنى پەرق قىلىپ بولغىچە، يۈز- كۆزى تاتىرىپ ساغرىپ بولغانىدى. يۈرىكىمۇ پارتىلداپ كېتىدىغاندەك راسا دۈپۈلدەپ كەتتى. تۇرۇپ قالغان يېرىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئۇدۇلىغا قارىغانىدى، تار ۋە ئۇزۇن قورانىڭ تا ئۇ بېشىغا بېرىپ تۇرىۋالغان مەخسۇم، ئەپەندىمگە قاراپ كۈلۈپ قول ئىشارىتى قىلدى:

"ئەخمەت ئەپەندىم، سېرىق ئىتقىمۇ قارىماي، قارا ئىتتىنىمۇ قورقماي ئۇدۇل ئۆز

نۇرغۇن كىشىلىرىمىز بۇنداق تۈرمىگە كىرىپ قېلىشسا، ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئالا قويماي دۈشمىنى ئالدىدا ئېچىۋېتىپ، 'مانا مەن تۈرمىدىن ساق-سالامەت چىقالىدىم' دەپ مەغرۇرلىنىپ كېتىشىدىكەن. شۇمىدى ئۇنداقلارنىڭ روھىي ساقلىغى'؟!

مۇھەببەت سۆيگۈسى دېگەن نەرسە ئۇنداق سۆيگۈ دۈشمەنلىرى بىلەن خالىغان ۋاقتىدا خالىغانچە كوپىراتسىيە قۇرالايدىغان ماركسىنىڭ چۈپرەندە ئەخلىتى ئەمەس- تە! سۆيگۈ تىكلىيەلىگەن ئادەم، بۇ سۆيگۈسى ئۈچۈن ھەممىنى پىدا قىلالايدۇ. ئۇنداق ئادەم، بۇ سۆيگۈسى ئۈچۈن بارلىق ماددىي نەرسىلىرىنىلا پىدا قىلىپ قالماي، ھەتتا ئەقلىنى، زېھنىنى ۋە تېنىنىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەي پىدا قىلالايدۇ. يېتەركى بۇ كىشىدە ئەنە شۇنداق ھەقىقىي بىر سۆيگۈ بولسۇن! بۇ ھەقتە بۈيۈك ئالىمىمىز ئەلىشىر ناۋايى بۇندىن بەش ئەسىر ئاۋۋال شۇنداق دانا بىر سۆزنى قىلغان: "سۆيگۈ، ئۇنداق خالىغان بىرىلىرى ئېرىشەلەيدىغان ئاددى نەرسە ئەمەس. سۆيگۈ _ بەكلا ئاز كىشىلەرگە نېسىپ بولىدىغان بىر گۆھەر." خۇددى شۇنىڭدەك، سۆيگۈ _ ئەڭ مۇكەممەل ئادەم بولۇشنىڭ كام بولسا بولمايدىغان ئالدىنقى شەرتلىرىنىڭ بىرى، يەنى كىشىلىك ھوقۇق ئاساسلىرىدىن بېرى. كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا تۇپراق، ئەنە شۇنداق پىداكارلىقلارغا ئەرزىيدىغان بىر سۆيگۈ مەنبەلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقىلىرىدىن بىرسىدۇر! ئۇنىڭ ئۈچۈن تارىختىن بۇيان نى- نى بايلار پۈتۈن مال- دۇنياسىنى ئايىمىغان، نى- نى ئالىملار زېھنىلىرىنى پىدا قىلىشقان، نى- نى باتۇرلىرىمىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا- ئانا ۋە سۆيگەن خوتۇن- بالىلىرىدىنمۇ ۋاز كېچەلىگەن، نى- نى ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز قىممەتلىك جېنىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن! شۇڭا، بۇ تۇپراقلار بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا ۋەتەن بولالىغان! ھەتتا بۇ ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن بارلىقىنى پىدا قىلىۋاتقانلار ھازىرمۇ كۆرۈلمەكتە: نۇرغۇن تىجارەتچىلەر بىر تىيىن- بىر تىيىندىن يىغىپ توپلىغان بايلىقلىرىنى قىلچە ئىككىلەنمەي ۋەتەن يولىدا جېنىنى پىدا قىلىۋاتىمەن دېگەنلەرگە ئاتاشماقتا. ئۇلار ساراڭ بولۇپ قالغانلارمىدى'؟ شۇنچە نۇرغۇن باتۇرلىرىمىز بۇ ۋەتەن سۆيگۈسى ئۈچۈن جېنىنى تىكىشمەكتە. ئۇلار ئەقلىدىن ئېزىپ قالغانلارمىدى'؟ يەنە نۇرغۇن ئوغلانلار زېھنىنى پىدا قىلماقتا. ئۇلارنىمۇ ساراڭ دېيىش كېرەكمىدى'؟!

بۇندىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇنقى بىر ئاخشىمى، دوستلۇق يولى بويىدىكى ئاپتوۋۇز بېكىتىگە كۆزلىرى غەلىتىلا پارقىراپ تۇرىدىغان بىرسى ئاپتوۋۇزغا قىستىلىپمۇ بۇ خىتايلارنىڭ دەردىدە چىقالماي بىر چەتتە تۇرغان بىر يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى نوقۇدى: "سىز مىكروسكوپتا كۆرۈپ باققانمىدىڭىز'؟" _ دەپ غەيرىلا سورىدى. يولدا تۇرغان

كەلگەن مېھمانلىرىغا دىققەت قىلماي، بايىقىدەك خىياللار ئىچىگە پېتىپ قالغانىدى.

— توغرىسى، مەخسۇم يوخلاپ كېلىپ ئالدىدا ئولتۇرغانلارنى تېخى كۆرمىگەنىدى. — ئۇنى يوخلاپ كەلگەنلەر، مەخسۇمنىڭ ھازىرچە ئىچىدىن چىققىلى بولمايدىغان تارىخىي خىياللار ئىچىگە پېتىپ كەتكەنلىكىدىن بىخەۋەر، ئۇنىڭ ئىت ۋەقەسىدىن ۋىلىقلاپ كۆلۈپ كېتىشلىرىگە قاراپ، 'توۋۋا' دېيىشكىنىچە ياقىلىرىنى چىشلىشىپ چىقىپ كېتىشەتتى. مەخسۇم، ئەخمەتجان قاسىم قاتارىدىكى بۇ ياش ئەزىمەتلەرنىڭ قاپقانغا چۈشۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئېچىنىپ ئىچى ئۆرتىنەتتى. بەزىدە چىدىماي يىغلاپ كەتسە، يەنە بەزىدە دۈشمىنىگە غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ- جارقىراپ كېتەتتى. بۇمۇ ئۇنى كۆرگىلى كەلگەنلەرگە غەلىتى بولۇپ كۆرۈنۈپ كېتىشكە سەۋەپ بولۇپ قالاتتى.

مەخسۇم، بىر ئۆمۈر خىتاي تۈرمىسىدە جەھەتتىن قامىلىپ ياتقانىدى. شۇڭا كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداق رىۋايەتلەرمۇ چىققانىدى: ئابلىز مەخسۇم، جىلىڭ شۆرىنىنىڭ تۈرمىسىدىن چىقىپ قارىسا يەنىلا ئوخشاش شېڭ دېگەن خىتاي بۇ يۇرتنى سوراۋاتقىدەك، 'ياق، مەن يەنە كىرىپ كەتكىنىم تۈزۈككەن' دەپ شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە قامىلىپ يېتىپتۇ. كېيىن يەنە تۈرمىدىن چىقىپ قارىسا، گومىنداڭ دېگەن خىتايلارنىڭ بۇ يۇرتنى سوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. 'ياق، مەن يەنە كىرىپ كەتسەم بولغىدەك' دەپ قايتا تۈرمىگە كىرىپ يېتىپتۇ. ئاخىرىدا يەنە تۈرمىدىن چىققىنىدا قارىسا كوممۇنىست دېگەن ئوخشاشلا بىر خىتاي بۇ يۇرتنى سوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە 'كىرىپ كېتىمەن' دەپ تۈرمىگە كىرىپ يېتىۋالغان. ئەگەر بۇ قېتىم ئۆز زېھنىگە ئىگە بولالىسا ئىدى، بۇ قېتىممۇ يەنە قايتا تۈرمىگە كىرىپ يېتىۋالاركەندۇق.

بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدىن قالغان ئاددى دېھقان تەسۋىرى شۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، مەخسۇم بىر ئۆمۈر ھەرقانداق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئىزچىل ۋە كەسكىن پىكرىنى سۆزلەپ قامىلىپ كەلگەن. نېمىشكىدۇ، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى تېنچلىق يولى بىلەن ۋەتەننى ئازات قىلىشقا بولىدۇ دەپ ئېتىقات قىلىدىغان كىشىلىرىمىزنىڭ داھى سۈپەت ئادەملىرى مەخسۇمنى قوراللىق كۈرەشنى تەشەببۇس قىلىدىغان كىشىلىرىمىز قاتارىدا ھەر ۋاقىت كەمسىتىشكە تەييار تۇرىشىدىكەن. مانا ئەندى ئۇ، روھىي جەھەتتىمۇ دۈشمەن تۈرمىسىدە قامىلىپ ياتماقتا ئىدى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى قاماق ئىچىدە دۈشمىنى بىلەن، مىللىيى، ۋەتىنىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن سىرتقا ئاشكارىلىنىشى چەكلەنگەن روھى تۈرمىسى ئىچىدىمۇ يەنىلا تىنىم تاپماي خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جەڭ قىلىشنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماي كەلمەكتە ئىدى. پەقەتلا بىزدەك دۆتلەر ئۇنى سەزمەي، 'ساراڭ' دەپ كەلمەكتىمىز!

ئېغىزى ئىكەنلىكىنى قاچانلاردىن بېرى كېلىپ بىلىپ بولغان؟! ئۇ رەھمەتلىك بوۋاي خەلقىگە ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپىنى ــ ۋەتەن ئازاتلىقىنىڭ بىردىن بىر باشلىنىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ھاياتىنى پىدا قىلىشقا قارار قىلىپ بولغانىدى! سەھەرلىك سالقىن ھاۋادىن باشلاپ تومۇز ئىسسىق باشلانغىچە كۆپ ساقلىدى. سەكسەن ياشلىق بىر سۇنماس ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەرىمىز ئۆزىنى بىلىندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ھېلى ئالدىغا، ھېلى كەينىگە مېڭىپ يۈرۈپ، يىمەي، ئىچمەي ساقلىدى. نېمىنى ساقلىدى؟!

ئۇ، خىتايدىن ۋەتىنىمىزنى يۇتىۋېلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان يولوۋچىلار پويىزىنى ساقلىماقتا ئىدى. ئۇ بوۋاي، بۇ يېڭى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى پايتەختى بولغان ئۈرۈمچىگە كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۆز گەۋدىسى بىلەن بولسىمۇ پويىزنىڭ يولىنى توساپ، خەلقىگە يول كۆرسىتىش قارارىغا كەلگەنىدى! چۈنكى بۇ پىشقەدەم ۋەتەنپەرۋەرىمىزگە مەلۇم ئىدىكى، ئۇنىڭ ئەندى بۇ كىمنىدىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتىنىگە ئاتىيالىغىدەك شۇ زەئىپلىشىپ كەتكەن سەكسەن يىللىق جىسمانىيىتىدىن باشقا قۇرالى قالمىغانىدى! ...

هەي خالايىق! جاۋاپ بېرىڭلارچۇ، بۇمۇ ساراڭلىقمۇ؟!

بۇ، ئۆمۈرىنى ۋەتەن ئازاتلىقىغا بېغىشلىغان بىر روھنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىش ئىرادىسىنى تەشۋىق قىلىشى، دۈشمەننىڭ ئەڭ خەتەرلىك سۈنئىي كۆپىيىش ئاپىتىنى خەلقىغە تونۇتىشى، بۇنىڭغا قارشى بۈندىن يىگىرمە يىل ئاۋاللا ئۆز ھاياتىنى پىدا قىلىپ ھەرىكەت ئۈلگىسى يارىتىپ بېرىشى ئىدىغۇ!!!

ماقۇلە، بۇنداقلارنىمۇ ساراڭ، ئەقلىدىن ئازغان دەپ تورايلى. ئەمما بۇنداق بەكلا كۆپ ئۇچرايدىغان ئەقلىدىن ئازغان مىساللاردىن شۇنى خۇلاسىلاشقا قەتئىي ھەققىمىز باركى، ئانا ۋەتەن ئىشقى، ئىنسانغا ھەممىنى پىدا قىلدۇرغۇزغىدەك سۆيگۈ ۋەسىلىسى بولالىغانىكەن، دېمەك ئۇ بىر ئىنساننىڭ ئەڭ تىپىك ۋە ئەڭ تۈپكى ئادىمىي ھەقلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنداق بىر كىشىلىك ھوقۇقنىڭ سىرتتىن كەلگەن يات تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنىشى، شۇ ۋەتەننىڭ ھەربىر پەرزەنتىنى بۇ ھوقۇقنى قايتۇرىۋېلىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان بارلىق چارىلاردىن پايدىلىنىپ، چوقۇم قايتۇرۇپ ئالغىچە، بىرى يېقىلسا يەنە بىرسى ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ جان تىكىپ كۆرەش قىلىشنى مەجبورى ۋە ھەققانى ۋەزىپە قىلىدۇ. ئۇنداق قىلمىغىنىدا يا ساراڭ بولۇپ تېرىك ۋىدالىشىدۇ، يا بولمىسا مەنىسىز ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. چۈنكى ۋەتەن ئىشقى ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى ھاۋا، يېمەك- ئىچمەك، تۇرالغۇ ئۆي، جىنسى تەلىۋى، بىخەتەرلىكى،

بۇ ياش يىگىت، بۇ تۇيۇقسىز سورالغان سوئالدىن دەسلىۋىدە ھودۇقۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەتىراپىغا بىر قارىۋېلىپ زورۇقمىۋاراق دەيدۇ: "ھە، كۆرۈپ باققانمەن." غەلىتە كۆزلۈك يەنە دەيدۇ: "قاراڭ، بۇ ئاپتوۋۇزغا ئېسىلىۋالغانلارنى، مىغ- مىغ- مىغ، نەق مىكروپنىڭ ئۇۋىسى!" — دەپلا بۇرۇلۇپ يولىغا راۋان بولىدۇ. بۇنداق مۇكەممەل ئوخشىتىش قايسى ساق قالغانلارنىڭ ئەقلىگە كەلگەن بولغىيدى؟!

بۇ ۋەقەمۇ شۇ يىللىرىغا توغرا كەلسە كېرەك: قوشخانىنىڭ مال يۆتكەش پونكىتىنىڭ بىر بۇغالتىرى 'ئەقلىدىن ئېزىپ' قالىدۇ. ئۇ كىشى تاغ بويىدىكى كونا بىر ئېغىزلىق يالغۇز ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئاسانلىقچە چىقىپمۇ قويمايتتى. ئەمما سەھەر سائەت يەتتىدىن سەككىزگىچە ، چۈش ۋاقتى سائەت ئون ئىككىدىن بىرگىچە ۋە ئاخشىمى سائەت بەشتىن ئالتىغىچە بىر مىنۇتمۇ ۋاقىتنى نېرى- بېرى قىلىۋەتمەي دەل ۋاقتىدا ھەركۈنىسى ئۆيىدىن چىقىپ، زىرىكمەي شوتىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆگزىگە تىرەپ ئۈستىگە چىقىدۇ. ئوڭ قولىغا ئىنچىكە بىر تىۋىلغا تايىقىنى ئېلىۋېلىپ يولدا ئىشقا بېرىپ كېلىۋاتقانلارغا تىنىماي نۇتۇق سۆزلەپ چىقىدۇ: "خالايىق، قاراڭلار شۇ پەستىكى شەھىرىمىزنىڭ ھالىغا، بۇ كاپىرلار ھەممىلا يەرنى بۇلغاپ پاسكىنا قىلىپ بولدى! بۇلاپ- تالاپ بولدى! ... ئاچ كۆزلۈكنى ھەي خالايىق! ..."

ئۇنى نۇرغۇن قېتىم قامىدى. ئۇرۇپ قىيناشتى؛ ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا — تۆتىنچى دوختۇرخانىغا — ئاپىرىپ سولاپ كارىۋاتقا باغلىۋېتىشتى. يېنىپ چىقىپلا قىلىدىغىنى يەنە شۇ ھېلىقى نۇتۇق سۆزلەش ئىشى! ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئەنە شۇنداق 'قانۇنسىز ئەكسىيەتچى نۇتۇق سۆزلەش' بىلەنلا ئۆتكۈزدى. قاراڭ ئۇنىڭ ۋاقىتقا دىققەت قىلىشىنى. ئۇ ۋاقىتلار كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئىشقا بېرىپ- كېلىشىگە توغرا كەلتۈرۈلگەن. بۇ كىشىنى قانداقمۇ ساراڭلاردىن دېيەلەيمىز؟!

ئابلىز مەخسۇم، ئۇمۇ ئەنە شۇ يىگىرمە يىللار ئاۋال ئەنە شۇنداق روھىي تۈرمە ئىچىدە ياشاۋاتقان ۋاقىتلىرى ئىدى. بولمىدى، بۇنداق تەدبىر قوللانماي جىم يېتىۋېرىش ئۇنىڭ خاراكتېرىگە زادىلا توغرا كەلمەيتتى. ئەتىكاپتا قامالغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ۋىجدانى بۇنداق جىم يېتىشقا زادىلا يول قويمىدى. بۇ خەلق، ۋەتىنىدە مىغىلداپ كۆپىيىپ كېتىۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى زادىلا بىرەر ھەرىكەت باشلايدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ، ھامىنى بىر ئۆلۈم دېگەن قارارغا كەلدى. — سەھەر ئۆيىدىن ئوغرىلىقچە چىقىپ، سەندۇڭبىدىن سەنپەڭكودىكى كونا سىنئەت مەكتىپى، ھازىرقى ئون ئىككىنچى خىتاي ئوتتۇرا مەكتىپى ئالدىدىكى تۆمۈريول كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ، بۇ يەرنىڭ خىتايدىن كېلىدىغان يولۇچىلار پويىزىنىڭ ئۆتىدىغان بىردىن- بىر يول

مانا قاراڭلار بىزنىڭ بۇ 'ئەقلىدىن ئازمىغان' ئەقىللىقلىرىمىزنىڭ ھالىغا!

بىز بۇنداق بىكارتەلەتلەرنىڭ ئالدىدا، ئۇستازلىرىمىزغا ۋەدە بېرىمىزكى، "ھەي ئۇستازىمىز ئابلىز مەخسۇم ئەپەندىمىز، سىزدەكلەرنىڭ چاچقان ئۇرۇغلىرىڭىز چوقۇم كۆكلەپ ياشنايدۇ، ئۈسۈپ يېتىلىدۇ، ئاخىرى چوقۇم مېۋىسىنى بېرىدۇ! ئۇستازلار، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار! ..."

بۇ يەردە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ مەشھۇر شېئىرى «ئىز» نى قايتىدىن ئوقۇپ چىقىشلا كۇپايە. ...

... ...

ئىجتىمائىي تەلەپلىرى، بىلىم ئېلىش ئىشقى، ئەركىنلىك ئىشقى، ... قاتارىدىكى ئادەم بولۇشنىڭ ئەقەللىي ئېھتىياجلىرىدۇر. بېلىقنى سۇدىن ئاجرىتىپ دەرختە ياشىتىشقا ئۇرۇنۇش قانچىلىك مەنتىقسىز بولسا، ئادەمنىمۇ يۇقىرىدىكى تۆپكى ئېھتىياجلىرىدىن ئايرىپ ئادەم بولۇشقا مەجبۇرلاشمۇ شۇنداق مەنتىقسىزلىكتۇر. بۇنداق ئادەم بولۇشنىڭ تۆپكى ئېھتىياجلىرىدىن ئايرىۋېتىشقا ئۇرۇنۇشلارنى ئەقەللى ئادەم بولۇپ ياشاشقا يول قويمىغانلىق دېمەكتۇر. ئادەم بولۇش ئۈچۈن ياشاتقۇزمايمەن دېگەنلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟! ياكى سۇدىن چىقىرىلىپ دەرەخقە ئېلىپ قويۇلغان بېلىقتەك تېپىرلاپ- تېپىرلاپ جىمىپ قېلىش كېرەكمۇ؟! بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، ئادەم بولۇپ ياشاتقۇزماسلىق ھەرىكىتى دېگەنلىك، بولۇپمۇ بىر ئىنسانلىق جەمىيەتنى ياشاتقۇزماسلىق ھەرىكىتى ـ بۈگۈنكى تېررورىزىمچىلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ مۇكەممەل ئېنىقلىما بولىشى كېرەك. شۇنداق ئىكەن، خەلقىمىزنىڭ ئادەم بولۇپ ياشىشىغا يول قويمايۋاتقان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى مۇتلەق تۈردە سېپى ئۆزىدىن تېررورچىلارسىندۇر! بۇنداق بىر تېررورچىلارغا سۈكۈت قىلىش، ئۇلار بىلەن يارىشىۋېلىش ياكى ئۇلاردىن مەنپەتدار بولۇشنى تەرغىپ قىلىش دېگەنلىك، تېررورچىلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەنە كېلىپ دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنلىرىنى دەپسەندە قىلغانلىق، ئۇنى ئىنكار قىلىش، ھەتتا ئىنسانىيەتكە قارشى چىقىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئەجەبا بىز ئۇيغۇرلاردا ئىنسانلارنى قوغدايمەن دەيدىغان بىر غورۇر يوقمىدۇ؟! قېنى جاۋاپ بېرىپ باقايلى، ئالدىمىزدا تۇرغان بۇ تېررورچىلار بىلەن كېلىشىپ بىرگە ياشايمەن دېيىشنى تاللايمىزمۇ ياكى ئۇلارغا ئۇزۇل- كېسىل زەربە بېرىپ ئۇلارنى ئەل قىلدۇرۇش يولىنى تاللايمىزمۇ؟! بۇنىڭ جاۋابىنى بىزنىڭ ئابلىز مەخسۇمدەك ئەجداتلىرىمىز تارىختىن بېرى ئەمىلى مىساللار بىلەن بېرىپ كەلمەكتە. قېنى شۇ ئەجداتلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بۈگۈن بارمۇ؟! بار دېيەلىگەنلەر قېنى شۇ ئابلىز مەخسۇمدەك، ئاخۇنۇپتەك، زىمىندىن يۈسۈپتەك، بارىن قەھرىمانلىرىدەك، مەخپى پىدائىلىرىمىزدەك، ... ئەمما بۈگۈنكى دۈشمەن كۈچلىرىگە ئەڭ مۇۋاپىق زەربە يارىتالايدىغان ئۇسۇل- تاكتىكىلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقالامسىلەر؟! ئابلىز مەخسۇمدەك شېھىتلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قانلىرى بۇنى تەلەپ قىلىدۇ!

ھالبۇكى، نۇرغۇن 'مۇيسىپەت- بىلەرمەن' لىرىمىز، بۇ تۈردىكى قەھرىمانلىرىمىزنىڭ تىللاردا داستان بولغىدەك بۇ تۈردىكى پىداكارلىقلىرىنى نومۇس قىلىشماستىن 'ئەقلىدىن ئېزىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى، پۈتلىكاشاڭلىق قىلدى، خەلققە زىيان سالدى، ئارامخۇدا ياشىشىمىزغا توسالغۇلۇق قىلدى، ...' دېيىشىپ چالۋاقاشماقتا!

پىلانلىشىپ قوزغاپ يۈرگەندەكلا بىلىنىدى ماڭا. ئۇنى قىلدۇق، مەغلۇپ بولدۇق، بۇنى قىلغاندۇق، تۇتۇلۇپ قالدۇق، بۇنى پىلانلىشىۋاتاتتۇق، ئىچىمىزدىن خائىن چىقىپ قالدى، ... يائاللا، بۇ دۇنيادىكى ھەممىلا پىشكەللىكلەر شۇلارنىڭلا ئۈستىدە ئەگىپ يۈرگەنمۇ قانداق، ساپلا شۇنداق گەپلەر. _ بوۋاي گېپىنى توختۇتۇپ يېنىدىكىنى نوقۇدى، _ قېنى چىقارسىنا ھېلىقى تاماكاڭدىن، خېلىلا تېتىغاندەك قىلدىغۇ. _ ئۇ، تاماكىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ قاتتىق بىر نەچچىنى شورىۋالدى. _ شۇنداق، ... ھە، ... شۇنداق قىلىپ، ... ھوي، بىرنېمە دېسەڭلارچۇ، بايا نېمە دەۋاتاتتىم؟ ھە راس، شۇنداق قىلىپ بەكلا قېيىپ كېتىپتۇق دەڭلا، گەپ مەيەردە ئىدى، شۇنداق قىلىپ ئالتايدا چېگرا قوغداش مىللىي پولكىدا ئەسكەر بولۇپ تۇرۇۋاتقانىدىم. بىزنىڭ پولكتا يېرىمىمىزدىن جىقىراقى ئۇيغۇردۇق. قالغانلىرى قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تۇڭگان، يەنە ئازىراق شىۋە- داغۇر دېگەنلەرمۇ بارىدى قانداق، پەرق قىلالمىدىم. مەن تۇرغان روتىنىڭ كوماندىرى بىر قازاقتى. مېنى ئۇ، 'بەكلا كىچىككىنتايىكەنسەن' دەپ، يېنىغا يۈگۈر- يېتىمچىلىككە ئېلىۋالغانىدى. ئۇ قازاق مېنى ئىسمىم بىلەن چاقىرماي، 'ھەي سارت' دەپلا چاقىراتتى. مەيلى ئەمەسمۇ، نېمىلا دېسە دېمەمدۇ، ئۇ بەكلا بولىدىغان قازاقتى. بىچارە، ئاڭلىسام كېيىن دۆربىلجىن دەمدۇ، چۆچەك دەمدۇ ئەيتەۋۇر بىر يەرلەردە رىسمىلا زابوي بولۇپ، كوچىلاردا يېقىلىپ- دومىلاپ يۈرگىدەك دەپ ئاڭلىدىم. ئىسىت، ئىسىت! رەسمىلا قوماندان بولغىدەك بىرنېمە ئىدى- دە! ... ھە، يەنە قېيىپ كېتىۋاتامدىم؟ ئالدىرىماي تۇر تېخى، ئۇزۇنغا قالماي مەندىنمۇ بەتتەر بىرنېمە بولىسەن سەنمۇ! .. شۇنداق قىلىپ، بىزنى بىركۈنىسى يىغىشتۇرۇپلا ئېلىپ ماڭغىلى تۇردى. نەگە دەمسىلەر؟ ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇيان ئايلاندۇرۇپ، بۇيان چۆگۈلىتىپ يۈرۈپ ئاخىرى بۇرۇنقى پولكىمىزمۇ ئۆزىچىلا يوقاپ كەتتى. ... مەن نەدىن بىلەي؟ شۇنداق، يوقاپ كېتىدىكەنغۇ- تاڭ؟ ... يەنە بىرمۇنچە يەرلەردىن مىللىي ئەسكەرلەرنى يىغىپ كېلىشتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تازا سوغۇق كۈنلەردە بىزنى ئالتىنشەھەرگە ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇ يەردە يەنە كېيىن قۇرۇلغان پولكىمىزمۇ يوقۇلۇپ كېتىپ، يەنە بىرمۇنچە ئەسكەرلەر قوشۇلۇپ بىرنېمە قىسىم بولۇپ ئۆزگەرتىلدۇق. بۇ ئارىدا بىزنىڭ قازاق كوماندىرىمىزمۇ بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ياقىسىغا بىر توشكا جىقايتىۋالدى. ئۆزىمۇ باتالىيون كوماندىرى بولۇپ قالدى. بىر كۈنلىرى كېچىدىلا يولغا چىقتۇق. تۇرماي مېڭىپ قاغىلىقتىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپتىمىز. خوتەنلىك بالىلار بىلىشىدىكەن، بىز ھىندىستانغا قاراپ مېڭىپتىمىز. _ ئۇ سۆزىنى توختۇتۇپ بىر چاي ئۇتلىۋالدى. قولىدىكى تاماكىنىڭ تازا ئاتتىن چۈشكەن يېرىنى راسا بېرىلىپ تارتىۋالغاندىن كېيىن، قالدۇقىنى يەرگە دەسسەپ ئەزدى. _ ھاي

# 23. مىللىي قوشۇنىمىزنىڭ پاجىئەلىرى

... ...

بۇ گەپلەر ئېچىلغانىكەن، سورۇندىكى بوۋايمۇ شۇ ھىندىستان چېگرا ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىغى توغرىسىدىكى ۋەقەلىكلەرنى سۆزلەشكە كىرىشتى.

_ كېيىنچە ئاڭلىسام، ھە، شۇ ھېلىقى بىزنىڭ مەلىدىكى تۇرسۇن دەيدىغان بىر ئەقىللىق بالا بولغانىدى. ئۇ تۇرسۇن، تولۇق ئورتا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا يەرئاستى خەلق پارتىيىسى دېگەننىڭ ياشلار تەشكىلاتىغا قاتناشقانىكەن. ئۇنىڭ دادىسى ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغاچقا، دادىسىنىڭ كۆزىگە تۇپا چېچىپ يۈرۈپ بىر مەھەلىدىن بىر قورانى ئىشلىتىشكە ئېلىۋاپتۇ. ئۇ ئۆيلەرنى نېمە قىلدى دېمەيسىلەر، ئۇلار بۇ ئۆيلەرگە ئونبەش تونىنا كۆزلۈك ئورۇم، ئەللىك خالتا ئاق ئۇن، بىرمۇنچە كىيىم-كېچەك ۋە دورا- دارمانلارنى يىغىپ يوشۇرۇن ساقلاپتۇ. نېمە قىلىشقا دەمسىلەر؟ ئۇ ئاخماقلار "خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى" نىڭ خامخىيال قىلىشىغا ئاساسەن ھىندىستانلىقلار بىزنى ئازات قىلىشقا كېلىۋاتىدۇ دەپ ئىشىنىپ، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىپ كەلگىنىدە ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋېلىش تەييارلىقىنى قىلىشىۋاتقانمىش، ۋاي دۆتلەرەي! شۇنچە ئەقىللىق بىرنېمىدەك كۆرۈنگەن بۇ بالا قانداقلارچىسىغا بۇنداق گەپلەرگە ئىشىنىپ قالغانىكىن تاڭ؟! مەن ئەسكەرلىكتىن بوشاپ كەلگىنىمدە ئۇ بالا تۇيۇقسىزلا يوقاپ كېتىپتۇ. نەق ئۇن بەش يىلدىن كېيىن پەيدا بولدى. قارىسام ئۇ بىچارە ساراڭقېتىش بولۇپ قاپتۇ! شۇنداق ئىسىل باللارنى ئاخماق قىلىپ تايىنى يوق گەپلەرگە قىزىقتۇرۇپ يۈرگەن ھېلىقى "خەلق پارتىيىسى" دېگەنلەر نۇرغۇن ۋەيرانچىلىققا سەۋەپ بولدى دەڭلا. ئۇلارنىڭغۇ بىرەر ئىشنىڭ ئوقۇشلۇق چىققانلىغىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. كېيىن قەيەردىدۇ بىر يەرلەردە يۈرگەن بىرسىلىرى بۇ پارتىيىنىڭ كۈرەش شەجەرىلىرى دېگەندەك بىر كىتاپ يازغانىكەن. بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە كۆرۈپ قېلىپ ھېلىقى كىتاپنى ئوغۇرلۇقچە باشتىن- بويى بىرقۇر كۆرۈپ چىققانىدىم. راسلا شۇنداق ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ! ئۇ پارتىيە دېگىنى مېنىڭچە ھەر قىلىدىغان ئىشىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرەيلى دەپ ئەمەس، مەخسۇسلا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە سەۋەپ بولايلى دەپلا

تەرەپ- تەرەپتىن پىلىموتلار تاراخشىپ قوناق قورىغاندەك قايناپ كەتتى. ئوقلار قولىغىمىزنىڭ تۈۋلىرىدىنلا ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ تۇراتتى. بۇ ھىندىلارنىڭ ئوقلىرى بىكارغا كېلەمدۇ- قانداق، قورۇق تاغلارغا قارىتىپ ئېتىۋېرىشىدىكەن. ئارىلاپ مىنامىيوتلارمۇ كېلىپ پارتىلاشقا باشلىدى. رەسمىلا بىر ئاپەتنىڭ ئىچىدە قالدۇق دېدىم. مانا ئۇرۇش دېگەن، تېخى بىرەر ھىندىنى بولسىمۇ كۆرمىدۇق. ئىككى ئادىمىمىز ئالدىمىزدىلا تولغۇنۇپ جان تالىشىپ ياتىدۇ، ھېچنېمە قىلالمىغان ئادەم. بىرچاغدا ئۇدۇلۇمدىكى بىر قىيا تاشنىڭ يامزىلىغا كىرىۋېلىپ ئۇدۇلدىكى تاغنى دۇربۇندا كۆزىتىپ تۇرغان كوماندىرىم، دۇربۇندىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپلا ماڭا ۋارقىرىدى: 'ھەي سارت، بېرى كەل!' — مەنمۇ ئالدىراپ كېتىپ تاشنىڭ كەينىدىن شۇنداقلا چىقاي دېۋىدىم، ماڭا قاراپ ئۇدۇلدىن ئوق يېغىشقا باشلىماسمۇ، دەرھال ئۆزەمنى يەرگە ئاتتىم. يۇڭگۇرلانغاندەك بىرنېمىلەر پۇرىغاندەكلا قىلاتتى. چاندۇرمىغان بولۇپ بەدىنىمنىڭ ئۇيەر- بۇيەرلىرىنى سىلاپ باقتىم. ھەممە يېرىم پۈتۈندەك قىلاتتى. سەل تۈۋشلەپ تۇرۇپ ئۆمىلىگىنىمچە كوماندىرىمنىڭ يېنىغا بېرىۋالدىم. 'ھەي سارت، ئىلىك ئۇۋلاشقا چىققان بولساڭمۇ ئېگىلىپ مېڭىشنى بىلمەمتىڭ!'- دەپ قولاقچامنى بېشىمدىن ئېلىپ ئىس چىقىۋاتقان يەرلىرىنى ئېزىپ ئۆچۈرۈشكە كىرىشتى. راس دېگەندەك، قولاقچامنىڭ ئوڭ قولىغى تۈۋىدىنلا پىلىموت ئوقىدا تىتىلىپ كەتكىنىكەن ئەمەسمۇ! قىل قاپتىكەنمەن دەڭلا كېتىپ قالغىلى. كوماندىرىم قولىغىمغا ۋارقىراپ تۇرۇپ بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىپ، بىر قولىغى يوق قولاقچامنى بېشىمغا چۆكۈرۈپ قويدى. مەنمۇ 'خوپ، كوماندىرىم!' دەپ تىك تۇرۇپ چاس بېرىشكە تەمشىلىۋىدىم، 'سارت، ئېڭىش، قولاقسىز چاس يوق!' دەپ چېكەمگە كۆتىرۈلگەن قولۇمنى تارتىپ چۈشۈرۈپ، بىر كۆزىنى قىسىپ قويدى. مەنمۇ دەرھال پەسكە چۈشۈپ، كوماندىرىمنىڭ كۆزىنى قىسىشىنى دورىغىنىمچە تاشتىن- تاشقا سەكرەپ يۈگۈرۈپ ئاۋال يېنىمىزدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان ئۈچۈنچى روتا كوماندىرىغا بۇيرۇقنى يەتكۈزدۈم. ئاندىن تۈۋەندىن تاغ ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ شتاپقا بېرىپ شتاپ كومىسسارىغا كوماندىرىمنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزدۈم. شتاپ كومىسسارى ماڭا بىرخەرىتىنى يۆگەپ تۇتقۇزدى. مەنمۇ بايىقىدەك قولۇمنى قولىغى يوق قولاقچامنىڭ چېكىسىگە تىرەپ تۇرۇپ چاس بېرىۋىدىم، كومىسسارىمىز مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. بېشىمدىن قولاقچامنى ئېلىپ ئۆرۈپ- چۆرۈپ قارىغاندىن كېيىن، سىرتتا تۇرغان ئۈچ بالداقلىق بىرسىنى چاقىردى. ئۇنىڭ قولاقچىسىنى بېشىدىن ئېلىپ ماڭا كەيگۈزۈپ قويۇپ دېدى: 'ماڭ بېرىپ كوماندىرىڭغا دېگىن، دېگىنىدەك قىلسۇن. ھە، ئۇنىڭغا دېگىن، ساڭا يەنە ئىككى بالداق قوشۇپ بەرسۇن.' مەنمۇ خۇشاللىقىمدا قايتىدىن تىك

بالىلار، چېچەكلەر مۇزلاپ كېتىپتۇ. گەپنىڭ تازا مۇزلايدىغان يېرىگە كەلگەندە، چاينى
بولسىمۇ ئىسسىق- ئىسسىق ئىچمەيلىمۇ. ... ھە شۇنداق قىلىپ، قېلىن ھەربى
جۇۋىلارغا پۈركۈنۈپ قارا ماشىنىلاردا ئولتۇرىمىز، كېتىۋاتىمىز، زادىلا ئويمانغا
ماڭغىنىمىزنى ئەسلىيەلمەيمەن. ساپلا دۆڭگە قاراپ ياماشقاندەكلا قىلاتتۇق. ساپلا ئېگىز
تاغلار، ئەسلىدە تاغ دېگەن مۇشۇ يەردىكەن دەڭلا باللا، ئالتايدىكى تاغلارنى بۇلارنىڭ
ئالدىدا تاغ دېگىلى بولامدۇ؟! ئۇلارنى ئەسلىدە بىر دۆڭ دېيىشلا توغرىكەن. يەيدىغىنىمىز
ساپلا ھەربى پېچىنىسى، كونسىرۋا. ئاخىرى بىر كۈنلىرى ئۇرۇش قىلىدىغان يەرگىمۇ
كېلىپ قالدۇق. ساپلا تاغ، جىم- جىتچىلىق. نە دۈشمەن بار، نە ئادەم كۆرۈنىدۇ. ئەندىلا
ئۇخلاۋاتساق تۇرۇڭلار دەيدۇ. بىر يەرلەرگە قاراپ مېڭىپ كېتىمىز. قارا تاغلىقتا ئايلىنىپ
يۈرۈۋەردۇق. شۇنداق ئايلارنىڭ بىرىدە بىزنى بىر يەرگە ئېلىپ كېلىشتى. ئۇف ف!
ھەرنېمە دېگەن بىلەن ئارىلاپ توپ- زەمبىرەكلەرنىڭ بولسىمۇ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىغىدەك
بولدۇق دەڭلا، ئۇرۇش بار يەرنى كۆرمەيلا كېتىپ قالارمىزمۇ دەپ بەكلا غەمدە قالغاندۇق.
تۇۋۋا دەيمەن، ئادەم دېگەن راستىنلا قىزىق نېمىكەنغۇ تاڭ. ئۇرۇشنى خۇددى
كىنولاردىكىدەك قىزىق ئويۇن دەپ بىلسەك كېرەك'؟! ھەممە ئەسكەرلەر خوشال، ساراڭلار،
كىنوغا كېتىۋاتىمىز دەمدىكىن تاڭ'؟! بىر ۋاقىتتا بىزنىڭ قازاق روتا كوماندىرىمىز، ياقەي،
توغرا، ئۇ ھازىر بىزنىڭ باتالىيون كوماندىرىمىز بولۇپ قالغاندى. بىر ۋاقىتلاردا ئۇ
شتاپتىن ئالدىراپ يېنىپ كەلدى. 'ئاتلىنىڭلار!' دەپ بۇيرۇق قىلىشى بىلەن تەڭ
ھەممىمىز يولغا چىقتۇق. بىرەر سائەتتىن كېيىن بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق. ھە،
دېگەندەك ئۇ يەردە ھەرقانچە ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق دېسەڭمۇ يەنىلا باشقا ئېگىز
تاغلارنىڭ تۆۋىدە قالىدىكەنسەن. ئارىلاپ يېقىنلاردا توپ- زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلىگەن
ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. بىزدىمۇ ئىككى دانە ئېغىر پىلىموت باردى. بىر تاش
قىيانىڭ كەينىگە تىكلەشتى. بىرنەچچە ئەسكىرىمىز، ئۇلارنى مەن تونۇيتتىم، ئۇ
تاشنىڭ ئارقىسىدىن بۇ تاشنىڭ كەينىگە مېڭىپ كېتىۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىزلا نېرىقى
تاغنىڭ يامىزلىدىن بىر يەردىن پىلىموت تارقىشىپ قويۇشتىمەسمۇ ئەيىھەنناس! ئىككى
بالىمىز ۋايجان دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي شۇ يەرگىلا تىك- موللاق چۈشتى، مانا ساڭا
ئۇرۇش! ئالدىغىراق چۈشكىنىگە ھېلىغىچىلا پىلىموت ئوقى يېغىپ تۇراتتى. ئۇلار قان
ئىچىدە تولغۇنۇپ ياتاتتى. ئىككى ئەسكىرىمىز ئۇلارغا چىدىماي يېنىغا ئۆمىلەپ بارماقچى
بولۇشىدى، بىزنىڭ قازاق باتالىيون كوماندىرىمىز ۋارقىراپ تىللىغىنىچە توختىتىۋالدى:
ئەكېڭنىڭ ... سارتىنىڭ بالىسى! ... دەپ بەكلا خاپا بولدى. ئۇ ئىككى ئەسكىرىمىز شۇ
تۆت قەدەم نېرىسىدىلا تولغۇنۇپ جان جان تالىشىۋاتاتتى. ھېچكىم يېنىغا بارالمايتتى.

قىلمايدۇ. مانا ئەندى ئويلىسام، ئەسلىدە ئۇ جىپلارنىڭ قول تورمۇزلىرى تارتىلغانىكەندە. ئامال يوق، ھە- ھۇ دېيىشىپ ئون- يىگىرمىدىن ئەسكەرلەر بىرلىشىپ بۇ جىپلارنى ئورنىدىن مىڭ تەستە كۆتەرگىنىمىزچە بىرپەرگە قاتار قىلىپ تىزىپ، ئولجىلىرىمىزنى مانىۋىر قىلىپ كۆرسىتىشكىمۇ بولسا تەييارلىغان بولدۇق. نېمە دېگەن شەرمەندىچىلىك! كېيىن يەنە بىر يەردە جەڭگە تەييارلاندۇق. ئەمما بۇ قېتىم دۈشمەن ئايروپىلانلىرى بېشىمىزدا ئايلىنىپ ئوق ئېتىپ بومبا تاشلاپ ۋەتتۆرگىمىزنى چىقىرىۋەتتى دەڭلا، قازاق كوماندىرىمىز دەرھال ئېغىر پىلىموتلارنى تىكلىتىپ ئاسمانغا ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ئاندىن ۋارقىرىغىلى تۇردى: 'ئايروپىلان ئېتىش ئوقى، ئايروپىلان ئېتىش ئوقىنى كەلتۈر!' پىلىموتچىلار يەنە بىر يەشىكنى ئېچىپ ئوق سالدى. 'كوماندىر، بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئايروپىلان ئېتىش ئوقى دەپ يېزىپتۇ!' نەدىكىنى، ئوق ئېتىلغانسېرى ئايروپىلانلار تېخىمۇ ۋەھشىلەشكىلى تۇردى. ئۇ قازاقنىڭ كۆزى بەكلا ئۆتكۈر نېمە دەڭلا، 'بىرسىگە ئوق تەگدى!' دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئەمما نەدىكىنى، ئايروپىلانلار ئوخشاشلا ئەگىپ كېلىپ بىزنى ئوققا تۇتقىنى تۇتقان. كوماندىرىمىز ئۆزى كېلىپ يەشىكتىكى ئوقلارنى يەرگە تۆكۈشكە باشلىدى. يەنە ئىككى يەشىكنىمۇ ئاچتۇرۇپ تۆكۈپ بولۇپ يەرگە تۈكۈرگىلى تۇردى: 'ياپتۇۋايىمات قىتايلار! ئايروپىلان ئېتىش ئوقى دەپ بىزگە ساپلا ئادەتتىكى ئوقنى قاچىلاپ بەرگەنىكەن ئەمەسمۇ، بۇ ئالدامچى كاپىر قىتايلار!' كوماندىرىمىز تازا جىلى بولۇپ تۇرغىنىدا يەنە بىر ئەسكەر يېڭى ئېچىلغان بىر ساندۇق ئوقنى كۆرسىتىپ كوماندىرىمىزغا ۋارقىرىدى: 'كوماندىرىم، بۇ ئوقلارنىڭ ئۇچى يوق تۇرىدۇ، ھەممىسىلا مەشىق ئوقلىرىكەن!' ... شۇ ھېلىقى مەمتىمدى ئۇنىڭ ئېتى؟ يەنە بىر خىتاي شىتابىغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە كېتىۋېتىپ تۇمانلىقتا يولدىن ئېزىپ دۈشمەن تەرەپكىمۇ ئۆتۈپ ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ ماڭغىدەكمۇ ماجالى قالماي، ئاخىرى ئۆمىلەپ يۈرۈپ بولسىمۇ مېڭىپ، يول بويى ئۇ يەرگە بىر موخوركا قەغىزىنى، بۇ يەرگە بىر مىشەكنى، يەنە بىر يەرگە تاماكا قۇتىسىنى بەلگە قىلىپ دېگەندەك كەينىدىن ئىستەپ كېلىدىغانلارغا ئىز قالدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئاخىرى بولالماي بىرپەرلەرگە كەلگەندە ھوشىدىن كېتىپ يىتىپ قالىدۇ. چارلاشقا چىققان خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇنى ھوشسىز ياتقان يېرىدىن تېپىۋېلىپ، ھىندىستانغا قېچىش نىيىتى بولغان بىر ئۇيغۇر ئەسكەرنى تېپىۋالدۇق، بۇ ئەسكەر يول بويى ھىندىلارغا بەلگە قويۇپ مېڭىپتۇ دەپ، ئۇرۇپ دۇمبالىغىنىچە ئىتنى سۆرىگەندەك سۆرىشىپ شىتابقا تاپشۇرىشىدۇ. شىتابتىكىلەرمۇ ئۇنى قايتا قىيىن- قىستاققا ئېلىپ سوراق قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان خىتاي نەدە! ۋاي بىزنىڭ ئاخماق

تۇرۇپ چاس بېرىپ شتاپتىن يېنىپ چىقتىم. راس دېگەندەك، ئۇ ۋاقىتلاردا بىزنىڭ مىللىي پولكنىڭ روتا- باتالىيونلىرىدا نېمىشكە تېلېپون يوقلىغىنى بىلەلمىدىم. مەيلى، شۇنداق قىلىپ بىزمۇ ئۈچ سىزىقلىق بولۇپ قالدۇق دەڭلا، خوشاللىغىمدا ئويناقشىپ يۈگۈرۈپ كوماندىرىمنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ، يانلىرىغا بىرمۇنچە ئويغۇرچە يېزىقلار يېزىلغان خەرىتىنى تاپشۇردۇم: 'شتاپ كومىسسارى سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن دېدى كوماندىرىم!' _ ئەمما ئۇنىۋانىم توغرىسىدا بىرنېمە دېگىم كەلمىدى. كوماندىرىم قولۇمدىن خەرىتىنى ئېلىۋېتىپ بېشىمدىكى يېڭى پەيجاڭلارغا تەۋ قۇلاقچامغا قاراپ دېدى: 'هوي سارت، مەن بەش يىلدا ئاران كەيگەن بۇ قۇلاقچىنى سەن قاندىق قىلىپ بىردەمدىلا كىيىۋالدىڭ'؟' دەپ قۇلاقچامغا ئۇرۇپ قويدى. خەرىتىگە بىردەم قارىغاندىن كېيىن، يېنىدىكى باشقا روتىلارنىڭ خەۋەرچىلىرىگە بۇيرۇقلارنى بېرىپ يولغا سالدى. ئاندىن بۇ دۆڭگە بىر ۋۇزۋۇتچە ئەسكەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ، كەينىدىن ئايلىنىپ يۈرۈپ يەنە بىر تاغنىڭ ئاستىغا يېتىپ كەلدۇق. ئاندىن سائەتىگە قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئىككى روتا ئەسكەرنى تاغنىڭ ئېرىقى يېنىدىن، يەنە بىر روتا ئەسكەرنى بۇ تەرىپىدىن تىك تاغقا يامىششقا بۇيرۇق قىلدى: 'ئاۋاز چىقارماي ئالغا!' دېيىشى بىلەن تەڭ، ھەممىمىز ياماشقىلى تۇردۇق. ھىسرەپ ھۆمۈدەپ تاغ چوققىسىغا ئارانلا يېتىپ چىقتۇق: ئاللاھ- خۇدايىم! بايىتىدىن بىزگە ئۇق ئېتىۋاتقان دۈشمەننىڭ كەينىدىنلا بىر يەردىن چىقىپ قالغانىكەنمىز دەڭلا، ئۇلار كەينىگە قارىماي ھە- دەپ بايىتىدىن بىز كەلگەن دۆڭگە قارىتىپ ئۇق ئېتىشنى داۋام قىلماقتا ئىدى. پىلىموت- مىلتىقلىرىمىزدىن تەڭلا ئۇق ياغدۇرۇپ دۈشمەن دېگەننى خامانىدەك سورىۋەتتۇق! بىر ۋاقىتتا 'تا- تىرى!' قىلىپ ئۈدۈلىمىزدىن بىر يەردىن بىزنىڭكىلەرنىڭ ھۇجۇم كانىيى چېلىنىشى بىلەن تەڭ، ھەممىمىز ئالدىغا قاراپ ئېتىلدۇق. ۋاڭ- ۋۇڭ، تاڭ- تۇڭ ئېتىشىشلار بىلەن بىردەمدىلا بىرەر يۈزدەك قاپقارا ھىندىلارنى ئەسىرگە ئېلىۋالدۇق. تووۋا، ئەل بولۇپ تۇرغانلاردىن بىر نەچچىسى تىترەپ تۇرۇپ بىرنېمىلەر دېگىلى تۇردى. قۇلاق سالسام، 'ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان' دېگەندەك بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانىكەن ئەمەسمۇ! يېنىدىكى بىرسىنى كۆرسىتىپ 'ھىندى، ھىندى' دەپ كەتتى. سەل ئۆتكەندە نېرى تەرەپتىكى پەسلىكتە ئېغىر پىلىموتلار، مىنامىيوتلار بىلەن قۇراشتۇرۇلغان ئونچە ھەربى جىپلار ئۇيەر- بۇيەردە چېچىلىپ تۇرغانىكەن. ئولجىمىز خېلىلا جىق ئىدى. ئەممازە، بۇ شەرمەندىچىلىكنى دېمەمدىغان! بىرەر مىڭدەك مىللىي ئەسكەر ئىچىدىن بۇ ئولجا ئېلىنغان پىكاپلارنى ھەيدىيەلەيدىغانغا بىرسىمۇ چىقمىدى! ئەسىرلەرنى بۇرۇنلا يالاپ كېتىشكەندى خىتاي چارلىغۇچىلار. بۇ جىپلار يەرگە چاپلىشىۋېتىلگەندەكلا قىمىرمۇ

تولا تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغىنىمدىن كېيىن، بىر ناھىيىگە 'تۈتۈنى ئېنىقلاش' كادىرى قىلىپ يەرلىك خىزمەتلەرگە ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتىلدىم. ئۇ يەردە نەق ئىككى يىل قالدىم. قارىسام يېڭى ھەربىي كېيىملەر چىققىلى تۇردى. مەنمۇ بېرىپ يۆتكىتىۋالاي دەپ ۋىلايەتتىكى ھەربىي قوراللىق باشقارمىسىغا كىرسەم، يېرىم كۈنگىچە ئارخىپ ئاختۇرۇپ مېنىڭ تىزىمىمنى تاپالمايدۇ بۇ خىتايلار. دېمەك شۇنچە يىلدىن بېرى ھەربىي كىيىمنى كىيىپ يۈرگىنىم بىلەن ئىگىچاقسىز، ئۆزەمچە پەيجاڭمەن دەپ يۈرۈۋەرگەنىكەنمەن دەڭلا! بۇ ئىش بولمىدى. ئۆرۈمچىگە كېلىپ ھەربىي رايونغا كىردىم. ئۇ يەردىمۇ تىزىمىم چىقمىدى. قانداق ئىش بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇ دەيمەن. خىتايلار مازاق قىلىشقاندەك كۈلۈشەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، بىر يەرلەردىن ھەربىيلىككە تىزىملاتقان ئېتىم چىقىپ قالدى دەڭلا، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ مېنى ئاغزىمدىن چىققىنى بويىچە مۇئاۋىن روتا كوماندىرى دەرىجىسىدىكى كادىر ھېساۋىدا يەرلىككە بېرىۋېتىدىغان بولۇشتى. ئىسىت دەيمەن، مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى دەپ باققان بولسامۇغۇ. مەيلى ئۆتكەنگىمۇ ماقۇل دەپ، ھۆكۈمەت كادىرلار بۆلۈمىگە باردىم. نېمە ئىش قىلىسەن دەپ سورىدى. شۇ پىكاپلارنى مىدىرلىتالمىغىنىمىز ئېسىمگە كېلىپ ماشىنا بار يەرگە ئەۋەتىڭلار دېدىم. شۇنداق قىلىپ بىر ماشىنا رېمونت زاۋۇتىغا كۆرۈپ كېلىشكە باردىم. ئۇ يەرگە قىزىقىپ قېلىپ، ماتور سېخىغا كىرىپلا ئىشلەپ كېتىپتىمەن. رەسمىيەتلىرىڭنى كەينىڭدىن ئەۋەتىپ بېرىمىز دېگەن شەھەرلىك كادىرلار بۆلۈمىدىكىلەر، رەسمىيەتلىرىمنى مانا ئۆتەيمىز، ئەنە ئەۋەتىمىز دەپ يۈرۈپىمۇ بىرەر يىلنى ئۆتكۈزۈۋېتىشتى. ھېلىمۇ ياخشى ھەربىي رايوندىن خېلىلا ئوبدان چېكىنىش پۇلى ئېلىۋالغانىكەنمەن. بۇ زاۋۇتتىمۇ دەرىجەڭ نېمە دەپ سورىغىنىدا پارچىلاپ ئولتۇرمايلا روتا كوماندىرى دەپ قويغانىدىم. ئۇ يەردىمۇ كوجاڭلىق مائاشىنى بېرىۋەردى. غىڭ قىلماي ئىشلەپ يۈرۈۋەردىم. بىر ۋاقىتلارغا كېلىپ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى دېگەن نېمە بولۇپ كەتتى. ئاڭغىچە ئوبدانلا ماتور ئۇستىسى بولۇپ قېلىۋاتقانىدىم. مائاشىم كادىر، ئىشىم ئىشچى، كېيىن بىر گەپ بولار دەپ يۈرۈۋەردىم. بىر يىللىرىغا كېلىپ ئىنقىلاۋى كومىتېتلار قۇرۇلۇپ، ئۆزىچىلا مېنىمۇ قاتارغا كىرگۈزۈپ، سېخ مۇدىرى دەپ ئىككى يۈز ئىشچىنىڭ بېشىمۇ قىلىپ قويۇشتى. بىركۈنى زاۋۇتنىڭ باشلىقى چاقىرىدۇ، 'سەن بۇ كوجاڭلىق مائاشىڭنى نەدىن تەستىقلىتىپ ئالدىڭ'؟ دەپ سورىغىلى تۇردى. 'ۋاھ' دېدىم ئىچىمدە. 'يەنە يوقاپ كەتكەن ئوخشىمامدىم' دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدىم. تەخىر قىلمايلا ھۆكۈمەت كادىرلار بۆلۈمىگە بېرىپ ئىشخانىمۇ ئىشخانا سۈرۈشتە قىلىپ يەنىلا كىم ئىكەنلىكىمنى تاپتۇرالماي كەلدىم. ئاجايىپ ئىشلاردە بۇ، ھەتتا مەن قاتناشقان قىسىملارنىڭمۇ تىزىملىكىنى

ئۆيغۇلىرىمىز، نەدىلا بولساق بىز بوزەك دەڭلا! شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرىدا بىز مىللىي قىسىملارنى تاشلىۋەتكەندەكلا قىلىشتى دەڭلا. شۇ بىر ئۇرۇش غەلىبىسىدىن كېيىن خىتايلار بىزلەردىن ئۈركىدىمۇ قانداق، بىلمىدىم. بىر تاغنىڭ يامىزلىغا ئاپىرىۋەتتى. بىز ئۇ يەردە ھېچنىمىدىن- ھېچنىمە يوق تۇرۇپ كەتتۇق. ھاۋا سوغوق، ياقىدىغانغا ئازىراق بېنزىنىمىزدىن باشقا بىرنېمە يوق. قومغا بېنزىن تۆكۈپ يېقىپ، قىزىق قومغا پۇتىمىزنى سېپىپ ئورىنىۋالىمىز. بۇمۇ بىردەملىك ئىش دەڭلا. مۇز بولۇپ قېتىپ قالىمىز. بىچارە بالىلارنىڭ پۇت- قوللىرى ئۈشۈپ، نۇرغۇنلىرىنىڭ بارماق- ئاياقلىرى چۈشۈپ قالدى. يەيدىغانغىمۇ بىرنېمە قالمىدى. ئامال يوق، ياۋا ئېشەك ئوۋلاپ يېيىشكە باشلىدۇق. ئۇ تاغلاردا، قازان ھەرقانچە قايىنىغاندەك قىلسىمۇ، توخۇمۇ پىشمايدىغان گەپكەندە، ئېشەك گۆشىنىڭ قېنىمۇ كەتمەيدىكەن. ئامال قانچە، قېپقىزىل قان گۆشلەرنى تارتىپ سوزۇپ، پىچاق- شىتىكلىرىمىز بىلەن كېسىپ پارچىلاپ غورتلا قىلىپ يۇتىدىغان گەپ. چايناش دېگەن نەدە! ... ئۇ كۈنلەرنىمۇ ساق ئۆتكۈزىۋالدۇق. ئۇرۇشمۇ تۈگىدى قارىغاندا. ئاخىرى قايتۇرۇلدۇق. يەكەن- قەشقەر كوچىلىرىغا ئەكىلىپ بىزنى تۆكىۋەتتى. دەسلىۋىدە جېنىمىز ساق قالغاندىن خوشال بولۇشۇپ تازا ئوينىۋالغانىكەنمىز. قارىساق بۇنداق كۈنلەر تۈگىمەيدىغاندەك، بىزنىڭ باتالىيون كوماندىرىمىزمۇ ھە نېمە دېگەن بىلەن بىر ئۇرۇش مىدالىغا ئىگە بولدى دەپ يۈرگەنتۇق، قانداق قىلىشتى بىلمەيلا قالدۇق، بىرمۇنچە خىتاي تەكشۈرۈش ئۆمۈگىدىكىلەر كېلىپ كېتىشكەندىن كېيىن، قەشقەردە بىر كۈنىسى غەرق مەس، تىللايدۇ، ۋارقىرايدۇ. قارىسام پاگوندىكى توچكىلىرى كامىيىپ قالغاندەكلا. ئەسلىدە ئۈنى يەنە بۇرۇنقى ئۈنىۋانىغا چۈشۈرۈپ قويۇشقانىكەن. ئەمىلىنىمۇ بۇرۇنقى روتا كوماندىرلىقىغا چۈشۈرۈپ قويۇشۇپتۇ. كېتىمەنلا دەيدۇ. تاغدا قوي باقسامۇ بۇنىڭدىن جاخسى دەپ بىرىسلىرىنى تىللايدۇ. شۇنداق ئايلىنىپ بىكارچىلىقتا بىرىمىز زابوي، بىرىمىز نەشىكەش، يەنە بىرىمىز قىمارۋاز- پاشىۋاز بولۇپ دېگەندەك يېرىم يىلنى ئۆتكۈزىۋەتتۇق. قارىساق بىزگە ھېچكىم ئىگە بولىدىغاندەك ئەمەس. ئاخىرى بەزىلەر ئۆيۈمگە يېقىن كېلىپ قاپتىمەن، بېرىپ كۆرۈپ كېلەي دېيىشىپ يولغا چىقىسىمۇ غىڭ قىلىدىغان بىرسى يوق. گازارمىدىن چىقىپ ھەپتىلەپ يوقاپ كەتسەكمۇ سۈرۈشتە قىلىدىغان بىرسى يوق. ئاخىرى گازارمىلار بىر- بىرلەپ ئۆزلىگىدىنلا بوشىغىلى تۇردى. ئۈچ مىللىي پولكتىن يىغىلغان بۇ قىسىم توزۇپ كېتىۋاتاتتى. كېيىن بىركۈنلىرى 'خالىساڭلار ئۆيۈڭلەرگە قايتىپ يېڭى تەخسىماتنى كۈتۈڭلار، خالىساڭلار ساقلاپ تۇرۇڭلار' دېگەن خەۋەر كەلدى. گۇرۇلدىشىپ بەكلا كۆپ ئەسكەر كېتىشتى. مەن ئۇ ۋاقىتلاردا پەيجاڭ بولىۋالغىنىم ئۈچۈن، ساقلاپ تۇراي دېدىم.

تېپىشالمىدى. ھەممىلا يەردە ئۇنداق بىر قىسىم بولۇپ باقمىغان، ئارخىپلاردا كۆرۈنمەيدۇ لا دېيىشىدۇ بۇ خىتايلار. ..."

مانا قاراڭ! بىزنىڭ مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ ئاخىرقى تەغدىرى نېمە دېگەن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىردۇرىدۇ ھە! ئەسلىدىنلا بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللىي قىسىملاردىن قوتۇلۇشنىڭ ئاجايىپ غەلىتە ھىلىگەرلىكلىرى ئىدى. مىللىي قۇراللىق قوشۇنىمىزنىڭ مۇھىملىكىنى خىتايلار بىزنىڭ دۆت ئەمەلدارلىرىمىزدىن بەكىرەك ياخشى بىلەتتى. يەنى ئۇنىڭدىن بەكلا قورقۇشاتتى! ...

... ...

ئىخ، بىز ئۇيغۇرلار! مانا بۇلار بىزنىڭ يېقىن ئۆتمۈشىمىزدىكى 'تېنچ كۆرەش قىلىش' يولىنى تۇتۇشقان 'چوڭ' لىرىمىزنىڭ ۋەتەنگە قوشقان ئەللىك يىللىق چوڭ تۆھپىلىرى! مانا شۇ 'چوڭ' لىرىمىزنىڭ تەربىيىسىدە بىزنىڭ خەلقىمىز قۇرالنى كۆرسە فاشىزىم خىيالىغا كېلىدىغان، مىللىي قىسىمنىڭ گېپى چىقسىلا تېررورلۇق دەپ قورقۇپ كېتىشىدىغان غەيرى نورمال ھالغا كەلتۈرۈلدۇق! ...

... ...

# 24. ئابدۇرېھىمغا سۆزلەش نۆۋىتى كەلگەندە

... ...

"ئاغىنىلار، مېنىڭمۇ بىر گېپىمگە قۇلاق سېلىپ باقامسىلەر. ئاندىن نېمە دېسەڭلار دەڭلار. — ئۇ قولىدىكى چىنىسىدىن بىر يۇتۇم چاي ئوتلىۋېلىپ ئەتراپىدىكىلەرگە بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ سۆزگە كىرىشتى. — ھەربىي كۈچىمىزدىن مۇتلەق ئېغىز ئېچىشقا بولمايدىغان بۇ شارائىتىمىزدا، ۋەتىنىمىز خەلقىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ھەركىتىگە يېتەكلەيمەن دەيدىكەنمىز، مېنىڭ دېگەنلىرىمنىمۇ چوقۇم ئويلانمىساڭلار بولمايدۇ. ھەتتا مەندىن سورىساڭلار، بۇنى تەشكىلاتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى تۈپكى ھەرىكەت ستىراتېگىيىسى قىلىشىمىز شەرت دەپ قارايمەن. يەنى، بىزنىڭ بىرىنچى قەدەمدىكى ۋەزىپىمىز ۋەتىنىمىز تەۋەسىدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نوپۇس سانىنىڭ كۆپىيىشتىن چەكلىيەلەيدىغان ھەرىكەتلەرنى پىلانلاشتا ئورتاق پىكىرگە كەلگەن بولالىساق، مۇتلەق تۈردە تۆۋەندىكىچە تاكتىكا بەلگىلىشىمىز شەرت بولىدۇ:

بۇ تاكتىكىلارنى بەلگىلەشتىن ئاۋال شۇلارنى بىر ئىزاھلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلار:

بىز بۇ يەردە مىللىي مۇستەقىللىق جېڭى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقانىكەنمىز، جەڭ دېگەننىمۇ ئېنىق بىلىشىمىز لازىم. بۇرۇنلاردا ئۇرۇشلار بىۋاستە دۈشمەن بىلەن سەپتە ئۇچۇرۇشۇش ئارقىلىق مەيدانغا كېلەتتى. بولۇپمۇ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ئۇرۇشلار ئاساسەن شۇخىل شەكىلدىكى ئۇرۇشلار بىلەن دېگەندەكلا يىگىرمىنچى ئەسىرگە كىرىپ كەلگەندى. بۈگۈنكى ئۇرۇشلارنىڭ ئۇچۇرۇشۇش ئارىلىغى شۇنچىلىك يىراقلىشىپ كەتتىكى، نۇرغۇن ئۇرۇشلار توپ- زەمبىرەك، ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى بىلەنلا پۈتۈپ كېتىپ، ئەسكەرلەر دۈشمەننى زادىلا كۆرمەي تۇرۇپ يا ئۆلۈپ بولىدۇ، يا غەلىبە قىلىشىدۇ. بۇ يەردە يەنە شۇنداق بىر مەسىلىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: ئۇرۇشتا دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ تۈگۈتۈش غايە قىلىنامدۇ ياكى دۈشمەننى بوي سۇندۇرۇش غايە قىلىنامدۇ؟! روشەنكى، ئەسلىدە بويسۇندۇرۇش، كۈچسىزلەشتۈرۈش، تەسلىم قىلدۇرۇش، ئاگاھلاندۇرۇش، چېكىندۈرۈش،

قورقۇتۇش، پاراكەندە قىلىش، ناماقۇل قىلىش، چېقىمىنى تۆلىتىۋېلىش دېگەندەكلەردىن بىر ياكى بىرقانچىسىنى مەخسەت قىلىدىغانلىقى مۇقەررەر. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۈشمەننى ۋەتىنىمىز تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئەڭ ئاخىرقى مەخسىدىمىز بولىشى، بۇ نوقتىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاۋال قورقۇتۇش، پاراكەندە قىلىش، ئاندىن كۈچىنى خورىتىش، شۇ جەرياندا بىز ئۆزىمىزمۇ كۈچىمىزنى ئاسىراش، كۈچلىنىش ۋە بىرقەدەر مۇقىم ئازات رايونلارغا ئېرىشىۋېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش بولىشى لازىم. ئۇنداقتا بىز قورقۇتۇپ پاراكەندە قىلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش ئىمكانىغا ئىگىمىز؟ تۆۋەندە مېنىڭ ئاساسلىق توختىلىدىغىنىم ئەنە شۇ مەسىلىلەردۇر.

بىز ئاۋال ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ئورتاق قورقۇتۇش ۋەزىيىتىنى يارىتىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. يەنى مۇنداق ئېيتقاندا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم يەرلىرىدە خىتايلار ئارىسىدا ئورتاق قورقۇتۇش ۋەزىيىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك. ئەمما، بۇنداق ئورتاق خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى قورقۇشنى يارىتالايدىغان ئوبيېكتىپلاردىن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىنتايىن پۇختا قوغدىنىپ تۇرىۋاتقان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، پارتىيە، ئارمىيە ۋە قانۇن ئورگانلىرىدىكى مۇھىم كىشىلەرگە تەھدىت يارىتىش شارائىتىغا ئىگە ئەمەسمىز. بۇنداق شارائىتقا ئىگىمىز دېيىلگەن تەغدىردىمۇ، پەقەتلا ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغان قىسقا ۋاقىتلىق چوڭ قورقۇتۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىمىز. بەلكىم، ئىككىنچى قېتىملىق بۇنداق شارائىتقا زادىلا ئېرىشەلمەي ئۆتۈپ كېتىشىمىزمۇ مۇمكىن. ئۇندىن قالسا زەربە بېرىپ قورقۇتۇش پەيدا قىلغىلى بولىدىغان ئىككىنچى ئورۇندىكى ئوبيېكتىپلىرىمىزدىن نازىر- ۋالى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە قانۇن ئورگانلىرىدىكى ئوبيېكتىپلارنى تاللىۋېلىشىمىزمۇ ئەڭ كۆپ بولغاندا يىلىغا بىرەر قېتىملىق بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشى، ھەتتا ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەڭگۈ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قېلىشىمۇ تۇرغانلا گەپ. ئۇندىن كېيىنكى ھاكىم- باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك يۇقۇرىقىدەك تۆت خىل تەركىپتىكى ئوبيېكتىۋلارغا بېرىلىدىغان زەربىلەر ئاساسەن ئالغاندا مەملىكىتىمىز خاراكتېرىدىكى قورقۇش يارىتالايدىغان ئوبيېكتىۋلاردىن ئەمەس. خۇددى شۇنىڭدەك، بۇ تۈردىكى ئوبيېكتىۋلارمۇ كۆپۈنچە ساھەلەردە يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان مۇداپىيىلىنىش ھالىتىگە ئۆتىۋالىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ھەربى، قانۇن ۋە ناھىيە ھاكىملىرى يەنىلا ئاسان يېقىنلاشقىلى بولىدىغان ئوبيېكتىۋلاردىن ئەمەس. ئاخىرقى بىر ئوبيېكتىۋ بولغان بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بولۇپ، بۇ تۈردىكىلەرنىڭ يىمىرىلمەس مۇداپىيىگە ئۆتىۋۋالىشى بەكلا تەسكە توختايدۇ. بولۇپمۇ چوڭراق شەھەرلىرىمىزدىكى

بۇتۇردىكى ئوبيېكتىۋلارنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەس. پەقەتلا ھەربىي ۋە قانۇن ئورۇنلىرىدىكى بۇتۇرگە مەنسۇپ ئوبيېكتىۋلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇشى ئېھتىمال. ئەمما ئەڭ مۇھىم مەسىلە، بۇنداق ئوبيېكتىۋلارغا زەربە بېرىش ئارقىلىق ئومۇمىي يۈزلۈك خىتاي قورقۇش ۋەزىيىتىنى يارىتالىشىمىز ئىنتايىن كام كۆرۈلۈشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئوبيېكتىۋلارغا بىۋاستە تەھدىت قىلىش سانىنى ئالاھىدە ئۇستۇن تۇتۇشقا مەجبۇرلىنىمىز. بۇمۇ ئۇنداقلارنىڭ مۇداپىيىگە ئۆتىۋېلىش ئېھتىماللىنى ئاشۇرىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ. ھەرنېمە دېگىنىمىز بىلەن، يۇقۇرىقىدەك تۆت تۈرلۈك ئوبيېكىتلارنىڭ بىرىنچىلىرىگە تەلەيگە قاراپ زەربە بېرىش شارائىتىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىككىنچى تۈردىكىلەرگە ھەردائىم پايلاپ يۈرۈپ، ئالاھىدە پىلان تۈزۈپ ئالدىن تەييارلىق قىلىپ زەربە بېرىش پۇرسەتلىرى قولغا كەلگەن ھامان ھەرگىزمۇ قولدىن بەرمەسلىك، ئۈچۈنچى تۈردىكى ئوبيېكتىۋلارنى تاللاپ پېيىگە چۈشۈپ زەربە بېرىشنى ھەر ۋاقىت ئۇنۇتماي، پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈش، تۆتىنچى تۈردىكىلەرگە مەخسۇس قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىشكە ئىرىشىش پۇرسىتىگە ئىگىمىز. شۇنداقتىمۇ، بۇ تۈردىكى زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىنى يەنىلا ئالاھىدە تەجرىبىلىك، پىشقان مەخسۇس پىدائىيلىرىمىزغا تايىنىپلا ئاندىن قانات يايدۇرالىشىمىز مۇمكىن. بۇ نوقتىدىن ئالغاندىمۇ، ھەرىكەتنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلىشىدا بۇ تۈردىكى ئوبيېكتىۋلارغا زەربە بېرىشتىن ئىشنى باشلاش يەنىلا نۇرغۇن چەكلىمىلەرگە سەۋەپ بولىشى، ھەرىكىتىمىزنىڭ ئىزچىللىغى بەكلا دولقۇنسىمانلىققا ئىگە بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمما بۇ يەردە شۇنداقمۇ بىر ئېھتىماللىق بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك: بىز دۈشمەننىڭ قورقۇش دائىرىسىنىڭ ئىمكانىقەدەر كەڭرەك يېيىلىشىنى قولغا كەلتۈرەيلى دەيدىكەنمىز، زەربە بېرىلىدىغان ئوبيېكتىۋلىرىمىز ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ئوبيېكتىۋلارغا بىۋاستە چېتىلىدىغان ئىككىنچى، ئۈچۈنچى ۋە تۆتىنچى ئوبيېكتىۋلار ئارىسىدىن تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە بولىدۇ. ئەڭ بولمىغاندا، باشتىكى ئوبيېكتىۋلارنىڭ بالا- چاقىلىرى، ئاتا- ئانىلىرى، نەۋرە- چەۋرىلىرى، كېلىن- كۈيئوغۇللىرى، يېقىن تۇغقانلىرى، يېقىن دوس- يارەنلىرى، يېقىن يۇرتلۇق ۋە ساۋاغداشلىرى قاتارلىقلار ئارىسىغا ئېغىر ۋەھىمە يارىتىش ئارقىلىقمۇ ۋاستىلىق ئومۇمىي يۈزلۈك ۋەھىمە يارىتىش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلالىشىمىز مۇمكىن. بۇنداق مەخپىي زەربە بېرىش پائالىيىتىنى كېيىنكى ئوبيېكتىپلار ئۈچۈن، تىپىك جاللاتلىرى ئۈچۈن، تىپىك رازۋېتچىكلىرى ئۈچۈن، تىپىك مۇناپىق، جاسۇس ۋە خائىنلار ئۈچۈنمۇ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق زەربە بېرىشلەرگىچە كېڭەيتىش ئارقىلىق شەھەر- ناھىيە دەرىجىدىكى ئالاھىدە جىددىي ۋەزىيەت يارىتالىشىمىز تېبىئىي. بىز شۇنىمۇ

ھەرگىز ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، دۈشمەننى كۆرمەي تۇرۇپ جەڭگە ئاتلىنىش، مۇتلەق تۇردە بۇ ئۇچۇقچىلىقتا تۇرغانلارنىڭ ئىرادىسىنى ئېغىر دەرىجىدە سۇندۇرىدىغان بىر پسىخولوگىيىلىك قانۇنىيەت. بۇ نوقتىدىن ئالغاندا، بىز ئۇلارغا قارىغاندا سەل تەلەيلىكرەك دېيىشىمىز مۇمكىن. ئەمما جەڭ قىلىش دېمەك، يوقۇرىدا دېگىنىمدەك، دۈشمەننى بىۋاستە تونۇپ، ھەتتا بىۋاستە كۆرۈپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈش دېمەكتۇر. بىۋاستە تونىمىغان، ياكى بىۋاستە كۆرمىگەن دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىش، ھەرقانداق بىر ئىنساننى ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغان بىر پسىخولوگىيىلىك زۇلۇمغا پاتۇرىۋېتىدۇ. بۇنداق زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلار بەكلا ئاز كۆرۈلىدۇ. بەرداشلىق بېرەلىدى دېگەنلىرىمۇ، پۈتۈنلەي تەلۋە ھالىغا چۈشۈپ، ئەقلىي كۈچىدىن ئاساسەن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. بۇنداقلار ئەڭ ۋەھشى تېررورچىلارغا ئايلىنىپ، خەلقنى ۋەھشىلەرچە قاراقۇيۇقلا زورلاش، تەھدىت سېلىش، قىيىن- قىستاقلارغا ئېلىش، بىگۇنا ئۆلتۈرۈش قاتارىدىكى قارامىلىق بىلەن قورقۇتۇش ۋاستىلىرىغا تايىنىپ، ۋاستىلىق يوللار بىلەن بىۋاستە تونىمايدىغان ئوبېكتىۋلارنى تونۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇشىدۇ. بۇنداق تاجاۋۇزچىلار پۈتۈنلەي ئادىمىلىكىنى يوقاتقان ۋەھشى ھايۋانلار بولۇپ، بۇنداق ھايۋانلار پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمەنلىرى، ئۇلارنى قىلچە رەھىم قىلماي، ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندا بىرلىكتە بىرگە قۇربان بولۇش چارىسىنى ئىشقا سېلىپ بولسىمۇ قەتئىي تازىلىۋېتىشقا غەيرەت قىلىنىشى شەرت. مانا بۇ تۈردىكى قاۋانلارنىمۇ بىۋاستە يوقۇتۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگىنىمىزدە يوقۇرىقىدەك ۋاستىلىق چارىلار بىلەن زەربە بېرىشنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. بىزگە شۇ نەرسىمۇ مەلۇم بولىشى كېرەككى، ھەرقانداق بىر ئەسكەر، ئۇلار ئۆزلىرىنى مەيلى نېمە دەپ ئاتىۋالسۇن، ئۇلار بەرىبىر ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈنلا يېتىشتۈرۈلگەنلىكى مۇتلەق بىر ئەمىلىيەت. خۇددى شۇنىڭدەك، ھەرقانداق بىر ئۇرۇش قۇراللىرىدىن پايدىلىنىشنى ئۆگەنگۈچىمۇ مۇتلەق تۇردە ئادەم ئۆلتۈرۈشنى بىردىن- بىر مەخسەت قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر ئاتىش مەيدانىدا، ئۇدۇلىغا قانداقتۇر بىر تاشنى، قوينى، ياكى باشقا بىر مەخلۇقنى تىكلەپ ياكى رەسىمىنى چاپلاپ قارىغا ئېتىش مەشىقى قىلمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ھەرقانداق بىر ئاتىش مەشقىدە نىشان تاختىسى مۇتلەق تۇردە ئادەمنىڭ نەق ئۆلىدىغان جان يېرىنىڭ سىمۋولىنى مۇتلەق ئوبېكتىۋ قىلىپ تەييارلانغان بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئىدى، بىرەر ئىشتىنىڭ، بىرەر قوينىڭ ياكى بىرەر ئادەم پۇت- قولىنىڭ رەسىمىگىلا قارا ئېلىپ مەشىق قىلغان بولار ئىدى. ياردار قىلىش ئۈچۈن ياكى ناكار قىلىش ئۈچۈن دەپ قۇرال تۇتتۇم دېگۈچىلەرنىڭ ھەرقانداقىغى راس گەپ قىلىدىغانلاردىن ئەمەس. ئەسلىدىنلا بۇنداق گەپلەرنى ئاسانلىقچە

ئائىلىغىلى بولمايدۇ ۋە ئۇنداق گەپلەرمۇ ئاخماقلىق دەپ قارىلىدۇ. بىز يەنە شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قولىدا ئەنە شۇنداق ئادەم ئۆلتۈرۈشنىلا توپىكى مەخسەت قىلىپ كۆتۈرۈپ يۈرگەن ھەرخىل ئۇرۇش قوراللىرىدىن نەچچە مىليون تېپلى بار. ئۇلار مەيلى ئۆزلىرىنى دۆلەت مۇداپىيە ئارمىيىسى دەۋالسۇن، ياكى قوراللىق ساقچى- ئەسكەر دەۋالسۇن، ۋەياكى بىڭتۈەن، مىنبىڭ، قاتناش ساقچىسى، ئامانلىقنى ساقلىغۇچى، ... دېيىشكەن بولسۇن، بۇنداقلارنىڭ قولىدىكى قوراللىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۇچىنى ھەرخىل باھەنىلەرنى توقۇپ چىقىشىپ بولسىمۇ بىز قورالسىز يەرلىكلەرگە ئەڭ كۆپ قارىتىشماقتا ياكى بىز خەقتىن ئەڭ كۆپ ئۆلتۈرۈشمەكتە! مانا بۇ ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قولىدىكى ھەرخىل ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ توپىكى ئىشلىتىش مەخسىدى. دەرۋەقە، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بىزخەقنى تولۇق قىرىپ تۈگىتىۋېتىشنى مەڭگۈ ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. ئەمما، بىزنى قورقۇتالايدۇ، مەجبۇرلىيالايدۇ، باش ئەگدۈرەلەيدۇ ۋە ۋاقتى- ۋاقتىدا باستۇرۇپ تۇرالايدۇ. بۇمۇ ئۇلارغا يېتىپ ئاشماقتا. ھالبۇكى، ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ يوقاتقان نەرسىلىرىمۇ ئەنە شۇ تۆردىكى ئانا ۋەتىنىدە تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن قورقۇتۇلۇشى، مەجبۇرلىنىشى، باش ئەگدۈرۈلىشى ۋە قانلىق باستۇرۇلىشىدۇر! ئاغىنىلار، بەزى تۇيغۇلار باركى، ئۇ تۇيغۇلار ئۈچۈن جان بېرىشكە ئەرزىيدۇ. چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىدىن قۇتۇلۇش، قورقاتقۇچىدىن قۇتۇلۇش، مەجبۇرلىغۇچىدىن قۇتۇلۇش، باش ئەگدۈرۈشى ۋە قانلىق باستۇرۇشلىرىدىن قۇتۇلۇش، ۋەتەن قەھرىمانلىرىنى جازالىغۇچىلاردىن قۇتۇلۇش ئارزۇلىرى
_ ئەنە شۇنداق جان بېرىشكە ئەرزىيدىغان تۇيغۇلاردىندۇر!"

ھەممە دوسلار ئۇنى تەبرىكلىشىپ چاۋاك چېلىۋېتىشتى. بۇ سۆزنىڭ ئاساسى ئېقىمى بولۇپ كېلىۋاتقان 'تېنچ پائالىيەت پىرىنسىپى' غا داغ چۈشۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

... ...

ئەسكەرتىش::

«مېنىڭ نىسۋەم قېنى؟!» دېگەن بۇ رومانىنىڭ باشقا بۆلۈملىرى نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىمىز بىلەن مۇناسىۋەتتى بولمىغاچقا، قىسقارتىۋېتىلدى.

تامام

# مۇندەرىجە


1. "ئۇيغۇر ئايغا چىقتى"
2. تۈرمىدە
3. يېڭى ھەرىكەت پىلانى
4. ھەربى ھالەتتىكى شەھەردە
5. بىر خىتاي چوجاڭنىڭ 'پاجىئەسى' نى پىلانلاش
6. قايتا تۈزۈلگەن پىلان
7. كامېردىكى سۆھبەتلەر
8. دېموگراتچى خىتاينىڭ ئەسلى غەرىزى
9. "يېڭى كېلىن"
10. "يېڭى ئاي" قوشۇنى
11. گۈلباھار
12. خاسىيەت
13. "يانچۇقچى"
14. ئەلۋىدا
15. ئۆزگىرىش
16. يېڭى ئىشلار
17. ئىمىن ھەرىكەتتە
18. مەخپى ئارخىپ
19. ئاخىرقى سۆز ئورنىدا

رومانددىن پارچىلار

20. چوڭچىڭدىكى مەخپى پىلان
21. 7995- مىللىي قىسمدا
22. ئابلىز مەخسۇم ئۆز ئالدىغا ھەرىكەتتە
23. مىللىي قوشۇنىمىزنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى
24. ئابدۇرېھىمغا سۆزلەش نۆۋىتى كەلگەندە